
جالالىددىن بەھرام
تەكلىماكان ئوغلى
1
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى



جالالددین بەهرام

ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئۆتۈپتۇ! ئەمما بىپايان دەشتى قومۇلۇق باغ-
دىدا يېشىل زۇمرەتتەك چاقناپ تۇرغان ئەترىشىپ يېزا يەكتىلىرى، قىپقىزىل
يولغۇنلار، يانتۇ قومۇلۇش قاپلىغان قومچ بارخانلىرى، ئەچچىق ھەك يىلتىق
قەدىمىي توغراقلار... ئاۋادانلىق دېھقان ئۆيلىرى، ئىتتىپاق چىتلانغان
قارا قاغا باغلار. شاخ - شۇمبىلار جەبايە تارغا قىلىپ يولۇپ كەتكەن
سۆگەتلار، قومۇلۇقنىڭ ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللىرى... جۇغۇر
ئېرىقلاردا تۆكۈلۈپ سۇلارنى يېپىرلىشىپ ئاقىدىغان مولدىم سۇلار...
ھەممىسى ئەسلىمەمدە تۇرۇپتۇ! مەن بۇ دوستانىمنى ئەكىلىپ باغلىرىدا
ياشاۋاتقان ئەۋلاد - ئەۋلادت قومچ - بولانلىرىمنى ئېلىشىپ، ئۆز
ماكانىنى قوغداۋاتقان دېگىمىش دېھقانلارغا بېغىشلايمەن! ...

— جالالىددىن بەھرام —

جالالىددىن بەھرام

# تەكلىماكان ئوغلى

1

( رومان )



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

塔克拉玛干的儿子：维吾尔文/加拉力丁著.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.12

ISBN 978—7—5469—0603—4

Ⅰ.①塔… Ⅱ.①加… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 000024 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 塔克拉玛干的儿子（1） |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 加拉力丁·拜克拉木 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 16.75 |
| 版　　次 | 2009 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 12 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—10000 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—5469—0603—4 |
| 定　　价 | 95.00 元（上,下） |

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم قۇملۇقتىكى ئاتەش


مۇقەددىمە ........................................ 3

بىرىنچى باب قۇملۇقتىكى ئۇزۇن يوللار ........................ 6

ئىككىنچى باب ئاق كۆكۈل بالا ........................ 27

ئۈچىنچى باب قۇمتاملىقنىڭ ئۇمىدى ........................ 68

تۆتىنچى باب پاتقاقتا مىلەنگەن مارجان ........................ 95

بەشىنچى باب يېتىم قىزنىڭ دەردى ........................ 129

ئالتىنچى باب زەپ ئەپچىل پىلان ........................ 161

يەتتىنچى باب ئەنسىزلىك ئىچىدىكى سۆيگۈ ........................ 197

سەككىزىنچى باب سىرلىق خەۋەر ........................ 223

توققۇزىنچى باب «خەتەرلىك ئادەم» ........................ 257

ئونىنچى باب دەسلەپكى ئۇششۇك سوغۇقى ........................ 283

ئون بىرىنچى باب ئېغىر ۋەزىپە ........................ 313

ئون ئىككىنچى باب ئۇمىدلەر چېچەكلىگەندە ........................ 343

ئون ئۈچىنچى باب ئەنسىز ئۆتكەن بىر كېچە ........................ 372

ئون تۆتىنچى باب تەشۋىشلىك مۇھەببەت ........................ 405

ئون بەشىنچى باب قۇملۇقتەك بىپايان كۆكۈل ........................ 437

ئون ئالتىنچى باب تۈندىكى سىرلىق ھۇۋقۇشلار ........................ 473

ئون يەتتىنچى باب لەيلىنىڭ كۈشەندىلىرى ........................ 502

## بىرىنچى قىسىم

# قوّملوّقتىكى ئاتەش

# مۇقەددىمە

ئايدىڭ كېچە. شايىدەك تارالغان بۇلۇتلار ئارىسىغا گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ جامالىنى نامايان قىلىغان تولۇن ئاي بىپايان قۇملۇقنى گىرىمسەن يورۇتۇپ سەيلانە ئۈزمەكتە ئىدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزنا، شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرسىمۇ لېكىن يوقالمىغان قۇم بارخانلىرى، قۇم دۆڭلۈكلىرى، قۇملۇق ئېدىرلىقلار كېچە جىملىقىدا ئېغىر تىنىغاندەك قىلاتتى. قەدىمي توغراق، قىزارغان يۇلغۇن، قاقشال بەقەملەر تون ئەركىسىنىڭ سىرلىق كۆكۈچ نۇرىدا ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. تىنىمسىز چۆل شامىلى قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ئۇلاغ ئىزلىرى، تېزەك ۋە ھايۋان باش سۆڭەكلىرىنى ئاستا - ئاستا كۆمەتتى··· ئاچاتتى ··· ئۇچۇراتتى ··· گاھىدا شالدىرلاپ تۇرغان ياۋا قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈركۈپ قاچقان ياۋا توشقان ياكى چۆل كىرپىلىرى غىل - پاللا ئۆتۈپ كېتەتتى ··· چاتقاللىشىپ كەتكەن يۇلغۇن تۈپلىرى ئارىسىدىن قانداقتۇر چۆل قۇشلىرىنىڭ ئۇيقۇلۇق چۇرقۇلىشىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى ··· قىپقىزىل تىللىق كېلەر، قامچا قۇيرۇقلۇق كەسلەنچۈك، ياپىلاقباش پاتمىچۇقلار ۋە يەنە ئاللىقانداق قۇملۇق قارا قوڭغۇزلىرى ئۆز ئۇۋىلىرىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندى ··· يول بەلگىلىرى ئۇچۇن قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە تىكلەنگەن ئېگىز خادا تاياقلار ··· تاياقلار ئۇچىغا ئېسىپ قويۇلغان قوتاز قۇيرۇقى، ئىچىگە سامان تىقىلغان ئۆچكە تېرىسى تۇلۇملىرى ··· ئاپتاپتا ئۆڭگەن ئۇزۇن - قىسقا لاتىلار شامالدا قارسىلداپ كۆڭۈللەرگە ئەنسىزلىك

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

سالاتتى ··· ئۇيۇق ئاسمان گۈمبىزىدە غايىب بولغان پايانسىز قۇملۇق ھەم سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ھۇقۇيتقان، زەئىپ ئىڭرىغان، يىغانلىق يىغا ياكى ھۇۋقۇشلارنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك شەپىلەر كېلەتتى ··· قىسقىسى بۇ دەشتى قۇملۇق كېچىدىكى تۈندە روشەن بولمىغان، مەۋھۇم ئاۋازلارغا ھەمراھ ئىدى···

ئەجەب ــ ھە؟! مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق كېچە، تەنلەر شۈركۈنگەندەك دەشتى قۇملۇقلار ئارا جېبدەللەپ كېلىۋاتقان ئاق ئاتلىق ئادەم كىمدۇ؟ ئەزرائىلدىن قاچقان شورپېشانىمۇ بۇنداق ئەجەل پۇراپ تۇرغان قۇم دېڭىزىغا تەۋەككۈل قىلماس! ئۇ قۇملۇق مۇئەككىلى ياكى چۆل پالۋىنىمۇ ــ يا؟!

ئاق ئاتلىق يىراقتىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئېگىز قۇم تۆپىلىكىدە تىزگىنىنى سىيرىدى. ئاق ئات ئىككى پۇتىنى تىك كۆتۈرۈپ تىك بولۇپ، قاتتىق كىشنىۋەتتى. ئاندىن قۇملارنى تىلغاپ بىر پىرقىرىدى ــ دە، خارتىلداپ توختىدى. ئاتلىقنىڭ بېشىدىكى توزۇپ تۇرغان رومىلىدىن سەرۋى ــ سىيما بويىدىن ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قۇم بارخانلار ئارا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان خادا تاياقتىكى قاپقارا قوتاز قۇيرۇقىغا نەزەر تاشلاپ: «يولدىن ئازماپتىمەن··· » دېگەندەك بېشىنى سۇسقىنا لىڭشىتتى ــ دە، قارا بۇلۇتلار توپلىنىۋاتقان چۆل ئاسمىنىغا تىكىلدى. ئاندىن ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، شامال بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان چۆلگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قۇم بارخانلىرى ئارا غايىب بولغان مۇشۇ قاراڭغۇ تۈندە، ئەتراپى بەك ھەيۋەت قۇم تاغلىرى بىلەن قورشالغان چوڭقۇر جىلغا تۈزلەڭلىكىدە 26 ياشلار چامىسىدىكى ئاق كۆڭلەكلىك ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان بىر يىگىت چالغىدا غۇلاچ تاشلاپ پىچان ئورۇۋاتاتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن ناگان ــ ناگاندا سوزۇلۇپ چىققان ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ دۆۋە ــ دۆۋە پىچانلار ئوتتۇرىسىدا

تـۇرغان قاۋۇل، بەردەم سـىيماسـى لەپپـىدە يورۇيتـتـى. يىگـىـت تۇرۇپلا چـالغىســنى تۇتـقان ھالدا يـىراق تامانـلارغا تەلـمـۇرۇپ قارايتتى. ۋاھ ! قىسمەت ئۇنىڭغا شۇ دەقىقىدە كەڭ قۇچاق ئاچتى بولغاي، ئۇ قۇملۇقلار ئارا چىپـىپ كېلىۋاتقـان ئاق ئاتلىقنـى خىرە ـ شىرە كـۆردى ··· ھەم ھاياجـانلانغان ھـالدا: «لەيلـى··· » دەپ پىچـىرلىدى ··· قـىز پىچـان ئېگىـزلىقىغا كېلـىش بىلـەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە بار ئاۋازىدا ۋاقىرىدى:

— كا ··· مال ··· ل!

يىگىتمۇ چالغىسنى تاشلاپ قىز تەرەپكە شامالدەك ئۇچتى!

— لەيلى ··· !

كامال ۋە لەيلىنىڭ ۋىسالىدىن شادلانغان بۇلۇتلۇق ئاسمانمۇ لەرزىگە كەلدى. قۇم تاغلىرى ئارقىسىدىن قـاراسلاپ چاقمـاق چېقىلدى!

— كا ··· مال ··· !

— لەيلى ··· !

بىر ـ بىرىگە قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قىز ـ يىگىت تۇن باغرىنى تىغدەك يېرىپ ئۆتكەن كۆكۈچ نۇر ئىلكىدە دەممۇ دەم يورۇپ تۇردى ! ئۇلار پايانى يوق قۇم دەشتى ئىچىدىكى بىر جۈپ زۇمرەت يېزىلار — «قۇمچاقار» ۋە «ئەلئاباد» تا قـارار تاپقان ئاجايىپ ۋاقىئە ۋە پاجىئەلەرنىڭ شاھىتلىرى كامال ھـەم لەيلىلەر ئىدى! ···گۈلدۈرماما يېنىش ـ يېنىشلاپ نەرە تارتتى! ···چاقماق دەھشەتلىك چېقىلدى ··· بىرگەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار نۇر زىيا ئىلكىدە مەرمەر ھەيكەلدەك تاۋلاندى!···

يېقىنقى ئوقۇرمەنلىرىنى باشلاپ 1961 ـ يىللارغا قايتتى. ئۇ ئەمدى تەكلىماكان قەدىمىي قۇملۇقلىرى ئىچىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق توغراقلارغا، قان يەڭلىغ يۇلغۇنلارغا، سانسىزلىغان قـۇم بارخانلىرىغا، دىلكەش دېھقانلارغا ھەمراھ بولغۇسى ! ! ···

## بىرىنچى باب

# قۇملۇقتىكى ئۇزۇن يوللار

تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىپايان قۇملۇق دەشتىگە تىنىپ قالغاندەك، ئەتراپ تىغ ئۆتمىگۈدەك قاراڭغۇ بولۇپ سانسىزلىغان قۇم بارخانلىرىنىڭ چوققىلىرىلا قىزىرىپ كېلىۋاتقان ئاسمان سەھنىسىدە ئېگىز - پەس قەبرىلەردەك ئىزنالىرىنى قالدۇرغانىدى. قۇملۇقلار ئارا ئۆيەر - بۇيەرلەردە چوقچىيىپ تۇرغان توغراق، چاتقاللىشىپ كەتكەن يۇلغۇن، ياۋا قومۇشلار ئارا يىلان باغرى يولدا تۆت ئات قېتىلغان بىر رېزىنكا چاقلىق ھارۋا تولىمۇ ئاستا كېتىۋاتاتتى. يەرگە چۈشۈۋېلىپ ھەدەپ ۋارقىراۋاتقان ھارۋىكەش بالا قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرەتتىيۇ، لېكىن ئۇرمايتتى. ئالدىدا تىرەجەپ مېڭىۋاتقان ئۈچ يانداق ئات چاقلىرى يېرىمىغىچە قۇمغا پېتىپ كەتكەن ھارۋىنى كۆچەپ سۆرەيتتى. شوتا ئىچىگە قېتىلغان ئىچ ئات بېشىنى تىك تۇتۇپ ئالدىدىكى يولنىڭ «ئەركەك - چىشىسى» گە زەن سالاتتى. ئۇلار تىك چوقچايغان قۇم دۆڭلۈكلىرى، بارخانلار ئاستىدىكى چوڭقۇر يولدا بولغاچقا، ھارۋىكەش بالىنىڭ ئاتلىرىغا مەدەت بېرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئىچ ئاتنىڭ بويىنىدىكى تۇچ قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشىلا يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قىبلە تەرەپكە قىڭغايغان ئاخىرقى يۇلتۇزنىڭ سۇسلىشىشى، كۈنچىقىش ئاسمىنىنىڭ ئوتقاشتەك قىزىرىپ كېتىشى، ئاي ئورغىقىنىڭ شامدەك ئېرىپ يوقىلىشى بىلەن ھارۋىنىڭ قاپقارا

سايىسى «قىر» دەرياسىنىڭ قۇملۇق ساھىللىرىغا چىقتى. بۇ سۇسىز دەريا كۆز يەتكۈسىز كەڭ بولۇپ، ئىككى قاسىنقىدىكى «قۇمچاقار» بىلەن «ئەلئاباد» يېزىلىرى خۇددى قۇملۇققا يېيىپ قويغان شايى رومالدەك ياپيېشىل چاقناپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ قۇملۇق تارامىلىرىغا چۈشكەن ئات ـ ئۇلاغ، ئادەم ئىزلىرى ھاسىل قىلغان چىغىر يوللار ئۆمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ ئىككى يېزىنىڭ كەنت ـ مەھەللىلىرىگە ئېلىپ بارىدۇ. بىراق كەلكۈن پەسلى يىرتقۇچ ھايۋاندەك نەرە تارتىپ كەلگەن قىيان سۇ ئۇن نەچچە كۈنگىچە قۇمچاقار بىلەن ئەلئابادنى ئايرىۋېتىپ، بىپايان قۇم دېڭىزىغا سىڭىپ، يوقاپ كېتىدۇ.

پەس دەريا ساھىلىدا خۇددى باللار ئويۇنچۇقلىرىدەك كۆرۈنگەن ھارۋا ۋە ئاتلارنىڭ قاپقارا سايىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئاچال يولغا يېتىپ كەلدى. ئوڭ تەرەپتىكى يول سۇسىز دەريا ئىچى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان قۇمچاقارغا ئېلىپ باراتتى. بۇ يوللار ئۆزلىرىگە تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، ئاتلار ئىختىيارسىزلا سول تەرەپتىكى يولغا توپۇر ـ توپۇر قىلىپ قايرىلىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئەلئاباد يېزىسى «قۇمتام» كەنتىدىكى ئوقۇرىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك قىلاتتى. ھارۋىكەشمۇ ھارۋا شوتىسىغا ئولتۇرغىنىچە قولىقىنى تۇتۇپ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭۈللەرنى ئويغا سالغۇدەك ھەسرەتلىك نىدالىرى قىر دەريا ساھىللىرىنى مۇڭغا تولدۇرۇپ، قۇمچاقار ھەم ئەلئابادنىڭ قاراڭغۇ باغلىرىنى سۆكۈتكە چۆمدۈردى!...

كۆز ئېچىپ مەن دۇنياغا تۆرەلگەندە،
كىندىك قېنىم ئاقتى تەكتى ماكانغا.
ئاققىنى قان ئەمەس سىڭگەچكە مېھرىم،
بىپايان قۇملۇق ئوخشار ئانامغا...

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

جان ئانا، جىنىم ئانا، قۇملۇق دىيار،
قانمىدىم، قانمايمەن باغاشلاپ سىنى!
مىڭ يىللاپ ياشناتقان توغراقلار كەبى،
قەددىمنى چىنار دەك ياراتتىڭ مىنى!...
ئاھ ... قۇملۇق ئوغلىمەن قۇملۇقتا ئۆسكەن...
يۇلغۇنمەن، توغراقمەن تەكتى ماكانىم...

قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۈنچىقىش تەرەپ ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، چۆل ئاسمىنى سۇزۇك سارغۇچ ۋە بىنەپشىرەڭ تاۋلىنىشقا باشلىدى. يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ ئاجىز جىرىڭلىشى، مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازىنىڭ بارا ـ بارا سۇسلىشىشى بىلەن تەڭ ھاردۇق يەتكەن ئاتلار ۋە غىچىرلىغان ھارۋىنىڭ قارىسى كەنتنىڭ قۇملۇق يوللىرىدا غايىب بولدى. تاڭ يورۇپ كېلىۋاتاتتى. نەرسىلەرنىڭ روشەن بولمىغان ئىزنالىرى ئەمدىلىكتە ئايدىلەڭ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئەلئاباد يېزا قۇمستام كەنتى گويا پايانسىز كۆل رەڭ قۇم دېڭىزىدا لەيلەپ كېلىۋاتقان يېشىل گىلەمدەك ئايان بولماقتا ئىدى. جىگدە، سۆگەت، توغراق، تېرەكلەر قاپلىغان قۇم تۇپىلىق كوچىلار، شورتاملاردىن يوللارغا ئېگىشىپ تۆرغان ئالا بۆرەك ئۆرۈكلەر، تال بوستانلىق قورۇلار، ياڭاقلىقلار، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئاھادا قىلىنغان باغلار، پاخال سامىلار، تەتۈر سۆگەتلەر تېگىدىكى پىنھان تۈگمەنلەر ... قاراڭغۇ قازناقلاردىكى جۇۋازخانىلار ... ئۆگزىلەرگە تىكلەنگەن كەپتەر پەغەزلىرى ... باراڭلارغا يامىشىپ كەتكەن كاۋا، قاپاق پىلەكلىرى، چىرىگەن پاسار، قوي قىغلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۆرغان تاختا ـ تاختا قوناقلىق، كېۋەزلىك، بۇغداي ئېتىزلىرى ... مەھەللىگە ئېلىپ بارىدىغان پاكار كۆمىلاچ تاملار ... ھەتتا ئۆگزە قىرلىرىغا قونۇۋېلىپ سۆيۈشۈۋاتقان كەپتەرلەر، جۇپ تالىشىپ

جاۋىلدىشىۋاتقان قۇشقاچلار ··· سەھەر قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا تېخىمۇ جانلىنىپ، ھاياتلىقنىڭ غوۋغاغا تولغان يەنە بىر كۈنىنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى! كەنت ئىچىدىن ئىستالارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قېرى مەزىنىنىڭ خىرقىراق ئەمما مۇڭلۇق تۇۋلىغان ئەزىنى قۇمتام كەنتىنىڭ قۇملۇق مەھەللىلىرى، قاراڭغۇ باغلىرى، ۋادەكلىك ئۆيلىرى ئۈستىدىن زەئىپ ئاڭلىنىپ مىسكىن كۆڭۈللەرنى ئويغا سالاتتى···

ئەلئابادلىقلار: «ئەلئاباد ئالتۇن ئۈزۈكلەر، ئۇنىڭ زۇمرەت كۆزى قۇمتام كەنتىدۇر» دېگەن قوشاقلارنى بىكارغا ئوقۇمىغان. دەرۋەقە قۇمتام تەكلىماكان ئىچىدىكى چوڭ كەنت بولۇپ، يەرلىرى قۇرۇق قوزۇقنى قېقىپ قويسا، كۆكلەپ كەتكۈدەك مۇنبەت ئىدى! ···تەقدىرى ئەزەلنىڭ كارامەتلىرىگە ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدىكەن. باھاردىكى مۇز تاغلار ئەگىزلىرىنىڭ يامراپ كېلىشى ۋە كەلكۈن پەسلىدىكى لاي ـ لاتقا سۇلارنىڭ ساخاۋىتى بىلەن قۇمتام كەنتىنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم ئۇسسۇزلۇقىغا قانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا! ئېتىز ـ ئېرىقلىرى سۇ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولۇشاتتى. تېخى قۇم دەشتىنىڭ تونۇردەك قىزىپ كېتىشى زىرائەت، يەل ـ يېمىش، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى سولاشتۇرۇپ، ئەجەل گىردابىغا ئېلىپ كېلەتتى. بىراق كېچىسى بىردىنلا پەسلەپ كەتكەن سوغۇق، سالقىندا قىزىق قۇمدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئىسسىق شەبنەمگە ئايلىنىپ ھەممە مەۋجۇداتنى «زەمزەم» سۈيى بىلەن قاندۇراتتى. شۇڭا ھەر سەھەر ھەممە ـ ھەممە جانلىقلار جانلىنىپ، ھاياتلىققا ئۈمىد بىلەن باقاتتى···

قۇمتام كەنتى باھار، ياز، كۈز — ئۈچ پەسىل ئاپتاپنىڭ نەشتەردەك قادالغان ھارارەت قۇۋۋىتىگە تويۇنغاچقىمۇ يەل ـ يېمىشلىرى شېرىلىق، قىز ـ چوكانلىرى ئۈز ھەم شۇللۇق،

# تەكلىماكان ئۆزلى (1)

ئادەملىرى بەستلىك ۋە كۆچتۆڭگۆر ئىدى. قۇم تاغلىرى، قۇم دۆڭلۈكلىرى، قۇم بارخانلىرى، ئۆركەش - ئۆركەش غوللار، قاپتاللار تېرىلغۇ يەرلەرنى قورشاپ تۇراتتى. قۇمتاملىقلار قۇم ئېقىنلىرىغا يۇلغۇن قاشار، پاخال، قومۇش چىتەنلىرى، شاخ - شۇمبىلاردا توسمىلارنى قۇرۇپ تېرىلغۇ يەرلىرىنى قۇم ئاپىتىدىن قوغدايتتى. ھەتتا يېكەن، ياۋا قومۇشلارنى ئورۇپ كېلىپ، قۇملۇق يانباغىرلارغا چاقماق شەكلىدە پاتۇرۇپ چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ قۇم چۆللۈكنىڭ تىنىمسىز شاملى، رەھىمسىز بورانلىرى ئېتىز، ئورمان، باغلارنى قۇملارغا كۆمۈۋېتەتتى. بۇنداق مەزگىلسىز ئاپەتلەرگە كۆنۈك دېھقانلار بىرنەچچە كۈنلەرگىچە قۇم يۆتكەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى.

سۇسىز «قىر» دەرياسى ئايرىپ تۇرغان قۇمچاقار ۋە ئەلئاباد يېزىلىرى قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن ھۆكۈمەت نەزىرىدىن خېلىلا چەتتە ياشايتتى. يېزا ئىسكىلىكى، قوشۇمچە كىرىم، چارۋىچىلىق، ھەر خىل باج، سۇ قۇرۇلۇشى ··· دېگەندەك پىلانلارنى سۆيلەپ كېلىدىغان تەكشۈرگۈچىلەرمۇ يوق ئىدى. شۇڭا تۇرلۇك ۋەزىپە، بېسىملاردىن خالىي بولغان يەرلىك كادىرلار ئۆز بەگ، ئۆز خان بولۇۋېلىپ، بىلگىنىنى قىلىشاتتى. يۇقىرىدىن تېلېفون ئارقىلىق قىلىنغان بۇيرۇق، يوليورۇقلارنىڭ بەزىلىرى قىسمەن ئىجرا قىلىنىپ «باراڭ» كۆرسەتسىمۇ، كۆپلىرى «ماقۇل» بىلەن چەكلىنىپ قالاتتى.

تەكىماكان باغرىدىكى قۇمچاقار ۋە ئەلئابادتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ مەرۋايىت بۇغداي، قوناق، ئارپا، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل - يېمىشنىڭ ماكانى بولۇپلا قالماي، ئاپتاپ ھارارىتىدە تاۋلانغان قۇمساڭغۇ يەرلەردە كېۋەز دېھقانلىرىنىڭ كۆڭلى تىنغۇدەك ھوسۇل بېرەتتى. تۇغۇلۇپلا شور يالىغان كەتمەن قويرۇق قويلىرىنىڭ گۆشى ئۆزگىچە لەززەتلىك بولۇپ قالماي،

ئۇنىڭ يۇڭى گىلەمنىڭ سەرخىل ماتېرىيالى ھېسابلىناتتى. بۇ يەرلەردىكى جاڭگال، چاتقاللىق، توغراق ئورمانلىقلىرى، يۇلغۇنلۇقلاردا قىممەت باھالىق تىۋىتلىق ئۆچكىلەر بېقىلاتتى. بولۇپمۇ ئاق قاشتېشىدەك نان جىگدىسى، سارغۇچ يېمىش جىگدىسى، توخۇ، كەپتەرلەرگە دان، ماللارغا يەم، ئادەملەرگە شەربەت بولىدىغان قىپقىزىل قاغا جىگدىلىرى ھەم ھىدى دىماغلارنى يارىدىغان تونۇر كاۋسىلىرى قومۇلۇقنىڭ ئۆزگىچە خاسىيەتلىك نېمىتى ئىدى! قىسقىسى قۇمچاقار ۋە ئەلئابادنى ياراتقان ئىگىسى كۆز تەگمىسۇن ئۇچۇنلا، تىلسىم قۇم دەشتى ئىچىگە ئاپىرىدە قىلغاندەك قىلاتتى! ... ئەجەبا تەڭرى رىزقىنى كەڭ ياراتقان، ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇشۇنداق مۇبارەك يۇرتنىڭ دېھقانلىرى نېمە ئۇچۇن بىر نېنى ئىككى بولماي، چاپىنى تىزىدىن ئاشماي نامراتلىق ئىچىدە ئۆتىدىغاندۇ؟ بىراق يېزا، كەنت كادىرلىرى بودىغان مالدەك ئەتلىك، يۈزلىرى مايلىق ناندەك پاقىراپ تۇرغان، ھويلا - ئارامى ئازادە، ئات - ھارۋىلىرى تاراق - تۇرۇق، توخۇ - تۇمانلىرى قا - قاقلىشىپ، ئېغىللىرىدا ماللىرى بەخىرامان كۆشەپ، ئوت يالماۋاتقان! ... ئەلھەزەر، مۇشۇ ئىنساپسىزلارنىڭ ھۆكۈمەت نەزىرىدىن ساقىت ھالدا، دېھقانلارنىڭ ئەجىر - ئېھسانلىرىغا قارا كۆڭۈللۈك قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ!...

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە تۆت ئات قېتىلغان رېزىنكا چاقلىق ھارۋا جىگدە، سۆگەت، توغراقلار قاپلاپ كەتكەن بۈك - باراقسانلىق قۇمتام كەنتى ئىچىگە كىرىپ كەلدى. قومۇلۇقتا ئۆسكەن توغراقتەك سىن - سىپاتى قاملاشقان، ئېگىز بوي، تەمبەل، كۆكرەكلىرى كەڭ، قىزىل يۈزلۈك، ئاق ماتا يەكتەكنى ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان ھارۋىكەش كامال قۇمتام كەنتى تەشكىلى ئورۇنلاشقان ئۈزۈن، توپىلىق كوچىغا قايرىلىشى بىلەن ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈۋالدى. كەنت تەشكىلىنىڭ سىرلانمىغان

# ئەكىلىماكان ئوغلى (1)

چوڭ ئاق دەرۋازىسى يىراقتىنلا ھەۋەتلىك قەد كېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن 40 قەدەم ئارىلىقىدا يەنە بىر دەرۋازا بولۇپ ئۇ كەنت تەشكىلىنىڭ يان قورۇسى ئىدى، بۇ قورۇدا ئاشلىق ئامبىرى، يۇڭ، تىۋىت، پاختا، گىلەم، تاغار، خۇرجۇن قاتارلىق قوشۇمچە كىرىم ماللىرى ساقلىنىدىغان مەتقۇلات ئامبىرى، كەنت ئامانلىقىنى ساقلايدىغان مىنبېگ ① لارنىڭ ياتاقلىرى جايلاشقان ئىدى ھەم تاغار، خۇرجۇن، پالاس، گىلەم توقۇيدىغان خالۋاپخانىمۇ مۇشۇ قورۇدا تۇراتتى.

ھارۋىكەش كامال ياندىق ئاتلارنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ كەنت تەشكىلىنىڭ چوڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. چىلە، كۆكۆن پۇراپ تۇرغان بۇ ھويلىنىڭ ئۆيەر - بۇيەرلىرىدە ئەبجەق ھارۋا شوتىسى، كونا شامال ساندۇقى، تۇلۇق ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ۋال، چىشلىرى سۇنغان تىرنا، چاق قازنى دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇدۇلدىكى توپا چىراي تال شۇڭلىرى، سولاشقان كاۋا پىلەكلىرى ساڭگىلىشىپ تۇرغان تال بوستان بارىڭى ئاستىدىن ئاقارتىلمىغان ئاددىي، پاكار ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىڭغىر - قىيسىق دېرىزىلىرى ھويلىغا قاراپ تۇرغان بۇ كۆرۈمسىز بىر يۇرۇش ئۆيلەر ئىشخانا، مەجلىسخانا، مىنبېگ باشقۇرۇش بۆلۈمى قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي خىزمەت ئىشخانىلىرى ئورۇنلاشقان كەنت ئىش باشقۇرۇش بىناسى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇستىگە پىچان، زىغىر پالىكى بېسىلغان لاپاسلىق مال ئېغىلى بولۇپ، بىرنەچچە ئات - كالىلار ئېگىز ئوقۇرلارغا بويۇنداپ ئوت يەۋاتاتتى. سول تەرەپتە بولسا قورۇدىكى ئاشلىق ئامبار ئارقىسىغا يانداپ سېلىنغان كاتەكتەك كىچىك ئۆيلەردە، مال باققۇچى ئەخمەت گاچا، مىنبېگلار يېتىپ قوپاتتى. بەزىلىرىدە يەم - خەشەك ۋە بۇزۇلغان، سۇنغان

① مىنبېگ — خەلق ئەسكىرى، ئەينى يىللاردا، بۇ ئاتالغۇ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەينەن قوللاندۇق.

دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار ئىدى. ئۆگزىلىرىدە قارىداپ كەتكەن كونا پاسار، قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبىلار دۆۋىلىنىپ تۇرغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قوش قاناتلىق كىچىك ئەگۇندىن يان قورۇغا چىققىلى بولاتتى.

ھارۋىكەش كامال ھارۋىسىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ ئەتراپىغا بويۇنداپ قارىدى. يان قورۇنىڭ ئۆگزىسىدە ئىككى مىنبەك ئۇزۇن كالتىكىنى تۇتقان ھالدا قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. بۇ ئەسنادا قازناق ئۆيلەرنىڭ بىرىسىدىن غەلۋىردە قوناق، ئارپا كۆتۈرۈپ چىققان ئەخمەت گاچا ئىشىككە قارا قۇلۇپنى سالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان كامالنى كۆرۈپ، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، ئەخمەت قىرىق ياشلارنىڭ چامىسىنى ئالغان تىلسىز مال باقار ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، جۇغى چىرايلىق ئادەم بولۇپ، ئاندا ـ مۇندا ئاق ئارىلاشقان قاپقارا قىرقىم بۇرۇتى ئىككى جاۋغىيىدىن ساقىغان ئىككى تامچە سىياھتەك، تۆۋەن كالپۇكى ئاستىدىكى ئىنچىكە داققىلىمۇ خۇددى تاڭشىرچىنىڭ چويلىسىدىن تامغان شىرنىدەك ئېقىپ چۈشۈپ، پەس ئەمما بۇجغۇر كەكە ساقىلىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. دىمىسىمۇ ئەخمەتنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى ئۆزىگە شۇنچىلىك سىڭىشىپ ياراشقانكى، خۇددى ئاق خەسە ئۇستىگە قارا رەڭ تۆكۈلگەندەك ئۇنىڭ ساددا، سەمىمىي چىرايىنى ئاپئاپتەك ئېچىپ تۇراتتى. ئەخمەت تىلسىز بولغىنى بىلەن قۇلىقى ئاڭلايتتى. شۇڭا باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى، ئاۋازىدىن، ئېغىز ھەرىكىتىدىن ۋە ئىما ـ ئىشارىلىرىدىن دەرھاللا بىلىۋالاتتى.

— ئەخمەت ئاكا، ئاتلارنى سەن چىقىرىۋەتكىنە، — دېدى كامال گەپ بىلەن تەڭ ئىشارە قىلىپ، — بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيگە بېرىپ بىردەم ئۇخلىۋالاي.

— ھە ... ھە ... ئەھ ـ ئەھ ... بە ... بە ... ئۇقا... —

ئەخمەت «مەن قىلىۋاتىمەن، سەن بېرىپ ئۇخلا» دېگەننى ئۆز تىلى بويىچە نېمىلەرنىدۇ دېگەچ، كامالنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

— ئەخمەت ئاكا، ئاتلار ھېرىپ، تەرلەپ كەتتى. بىرەر ئاش پىشىم قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن سۇغىرىپ، بوغۇز بەرگىن. بولمىسا ئالدى پۇتىغا چاشقان ① چۈشۈپ قالىدۇ. ھە، راست ھارۋىدىكى ئىككى تاغاردا كونا ـ يېڭى باللار كىيىملىرى بار، ياتىقىڭغا ئەكىرىپ قوي، بۈگۈن كەچتە تارقىتىپ بېرىمىز.

ئەخمەت «بىلىمەن» دېگەننى ئىشارە بىلەن ئۇقتۇردى. لېكىن كامالنىڭ ئېسىدىن يەنە بىر ئىش كەچتى بولغاي ئارقىسىغا قايرىلدى.

— ئەخمەتكا، ئۆگۈنلۈككە شەھەرگە يەنە ئۆچكە تىۋىتى ئەكىرىمەن، — دېدى ئۇ ئېغىر نەزەردە قاراپ، — شۇڭا ئەتە ئىچ ئات ۋە ياندىقلارنىڭ توشۇڭ، بوجا، تاتقۇلىرىنى بىر قۇر رەتلىشىپ بەرگەن بولساڭ.

— ئا ··· ۋېۋا ··· بۇبى ··· بۇ، ··· مى ··· مامۇ··· — ئەخمەت نېمىلەرنىدۇ گۇڭراپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ ھىجايدى. ئۇنىڭ زۇۋانىنى چۈشەنگەن كامال خىجىللىق بىلەن ئۆزرە ئېيتتى:

— راست دەيسەن، داۋاملىق ھاجىتىمدىن چىقىپ كېلىۋاتىسەن، بىراق ئەتە كەنت رەھبەرلىرى سېنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. بولدى، مەن كەتتىم.

ئەخمەت گاچا كامال دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ تۇردى ـ دە، بېشىنى چايقىغىنىچە ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ قولىدىكى غەلۋىرنى يەرگە قويۇپ، ھارۋىدىن ئاتلارنى

① ئاتلار ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ، تەرلەپ كەلگەندە سۇغىرىپ، ئوتقا قويسا، ئالدى پۇتىغا سۇ چۈشۈپ ئاقساپ قالىدۇ. ھارۋىكەشلەر كىچىك باللارنى ئاتنىڭ پۇتىغا سىيدۇرۇپ ساقايتىدۇ. بۇنى كونىلار «چاشقان چۈشتى» دېيىشىدۇ.

چىقىرىشقا باشلىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كامال بىلەن ئەخمەت گاچا مال ئېغىلى ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ھارۋىنىڭ ئىچ ئات ۋە يانداق ئاتلارنىڭ تۆشباغ، قۇشقۇن ۋە توشۇڭلىرىنى يەرگە رەتلىك تارتىپ، بەزلىرىنى پىچاقتا كېسىپ، بەزلىرىنى سىم بىلەن بوغۇپ، ئامبۇردا چىڭىتىپ ئەتە ئەتىگەن شەھەرگە مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا ئىدى. بوغا ـ جاۋاڭ، تاسما بوجا، تۆشباغ، قۇشقۇن، بەل تاتقۇ، يۇگەن قاتارلىق ھارۋا، ئاتلارنىڭ جابدۇق، سايمانلىرىنى ياساش، تۈزەش، ئۆزگەرتىشتە ئەخمەتنىڭ قولى ئەپلىك ئىدى. ئۇنىڭ قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى كامالنى يوللاردا ئاۋارە قىلمايتتى. ئۇلار ئىككىسى راسا بېرىلىپ ئىشلەۋاتقاندا كەنت دەرۋازىسىدىن نېمىلەرنىدۇر كۆتۈرگەن، قولتۇقلىغان ئەر ـ ئايال، قېرى، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار بىر ـ بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ھارۋا ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقاندا، كەنت ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان ئۈچ ئادەم قاپقاقلىرى چوڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن كامال، ئەخمەت ۋە دېھقانلارغا قاراپ ئاستا كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. ئۇلار كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى، ئامبارچى چاۋار، بوغالتىر مەتسىدىقلار بولۇپ، قۇمتام كەنتىنى ئېتىكىدىكى ياڭاقتەك ئوينىۋاتقان كەنت كادىرلىرى ئىدى.

خام خەسە كۆڭلەك ئۇستىدىن گۈللۈك چىت پوتا باغلىغان، چەت ـ چۆرىسى مايلاشقان شاپاق دوپپىلىق، تەتۈر ئۇستىخان، سارغۇچ چاڭگا ساقال 48 ياشلاردىكى تەمبەل ئادەم «تېكە» لەقەملىك كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى قاپقارا، بەستلىك ئادەم ئامبارچى چاۋار ئىدى. ئۇنىڭ ئىششىپ قالغاندەك پارقىراق، سېمىز يۇزلىرىدىن، قىياق كۆزلىرىدىن، ھەتتا بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭقۇر قورۇقلىرىدىن بىر خىل سۇر، مەنسىتمەسلىك ۋە ئاچچىق ئىستېھزا ئۇچقۇنلىرى

چاچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنى «چايان » دەپ ئاتىشاتتى. چاۋار چايان كامالنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان دېھقانلارغا ھومايغىنىچە، چار ـ تۆكلەر قاپلاپ كەتكەن مەيدىسىنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يىل 49 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قىران يىگىتلەردەك كۆچلۈك، قاۋۇل كۆرۈنەتتى. ئىگەمبەردى تېكە بىلەن چاۋار چايانىنىڭ ئالدىدا ئۇستەلگە جەينەكلەپ ئولتۇرغان، ناۋاينىڭ يايغۇسىدەك دىقماق، 36 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، دۇپدۇگىلەك خاپانباش يىگىت بوغالتىر مەتسىدىق ئىدى. ئۇ ئاش چامغۇرغا ئوخشاش ئىككى بېشىغا يوغىناپ، بارغانسېرى يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەچكە دېھقانلار «قوزۇق بېشى»، «پاپا» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. بوغالتىر مەتسىدىق پاپا گويا ھەممىلا نەرسىگە ھەيران قېلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنىڭ قارىسى ھەر تەرەپكە پىلدىرلاپلا تۇراتتى.

ــ ئەگەر كامال بولمىغان بولسا، ــ دېدى مەتسىدىق، كامالنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ كەتكەن دېھقانلارنى ئىما قىلىپ، ــ بۇ دىۋانىلار بىر قولىدا ئالدىنى، بىر قولىدا كەينىنى تۇتقانچە دەشتى قۇملۇقتا كىرىپ كېتەمدىكىن.

ــ كامال بۇ خەقنىڭ، ــ چاۋار قارا قوغۇندەك تاقىر بېشىنى قاشلىغاچ سۆز باشلىدى، ــ كاۋا، گۈلىقاق، جىگدە، ياڭاق، بېھى، شاپتۇل قېقى، مونەك، تۇخۇم، قوناق، ئارپا دېگەندەك يېمەكلىكلىرىنى شەھەردىكى كادىر ئائىلىلىرىنىڭ كونا ـ يېڭى كىيىملىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئەكىلىدىكەن. بەزىلىرىگە تاختا گۇگۇت، چاي ـ تۇز، سەكسەنخالتىلاردىن دورا ـ دەرمەكلەرنى ئالغاچ كېلىدىكەن.

ــ ھازىر قورساق تويغۇزماق بىر گەپ بولۇپ قالدى، ــ دېدى مەتسىدىق كۆزلىرىنى چۈمچۈكلىتىپ، ــ بىز ھېچنېمىدىن غېمىمىز يوق، خام كېكىرىپ يۈرگىنىمىز بىلەن شەھەرلىكلەر

قوشۇمچە يېمەكلىك ئىزلەپ كىرمىگەن چۆقۇ، چىقمىغان دۆڭ قالمايدىكەن.

— «غېمىمىز يوق، خام كېكىرىپ··· » دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ — چاۋار بىردىنلا ئۆكتىدى، — دېھقانلار دوزاختا، بىز جەننەتتە ياشاۋېتىپتۇقما؟ ئۇلار نېمە يېسە بىزمۇ شۇنى يەۋاتىمىز، ھۆكۈمەت ھەممىمىزگە ئوخشاش نورما بەلگىلەپ بەردى. قارا كەمپۈتتىن تارتىپ سوپۇن، رەخت، چاي، داس، مەش ··· قىسقىسى ئاتام ـ ئانامغىچە ھەممىسى بېلەتلىك ياكى بىزگە بېلەتسىز بىرەمدىكەن؟ ئەگەر مۇشۇ گېپىڭ يۇقىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا···

— ئەمدى چاۋاركا، — مەتسىدىق گەدىنىنى قاشلىدى، — مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ.

— ھازىر، ھۆكۈمەت جاھانگىرلارغا قەرز تۆلەۋېتىپتۇدەك، — ئىگەمبەردى ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار پەدىسىدىن سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويدى، — ماگىزىنلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، بازارلارنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى، نەرسە ـ كېرەك، يېمەك ـ ئىچمەك تاپماقنىڭ تەس بولۇشى شۇ ۋەجىدىن ئوخشايدۇ.

— ئۆتكەندە نۇرسېيىت مۇئەللىم خوتۇنىنىڭ نورمىسىنى ئالغىلى كەلگەندە، — دېدى چاۋار بايىقى ئاچچىقى يانمىغان ھالدا، — گېزىتتىكى بىر خەۋەردە، ئورۇس ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يۈزسىزلىك قىلغانلىقى ھەققىدە يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئىگەمبەردىنىڭ دېگىنى توغرا، ھازىر شەھەرلىكلەرنىڭ كۈنى تەس.

— كامالىنىڭ ئاشلىق ساڭ، پاختا زاۋۇتى، سودا ئىدارىسى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرىدا باشلىق تونۇش ـ بىلىشلىرى تولىكەن، — ئىگەمبەردى گارتىدا كېكىرىپ قويدى، — ئۇلار ماي، ئاشلىق، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، كاۋا، چامغۇر، ياڭيۇ بولسىمۇ ئالغاچ كەلسەڭ، نورما ئاشلىقىمىز يەتمەي، باللار

تويمايۋاتىدۇ، دەپ يىلىنىدىكەن.

— شۇڭا، — مەتسىدىق دەرھاللا گەپنى تارتىۋالدى، — ئۇلارمۇ بار تاۋنقىم، يان تاۋنقىم دەپ نامرات دېھقانلارغا كونا، يېڭى كىيىملىرىنى ئىلتىپات قىلىدىكەن.

— راست، — ئىگەمبەردى باش چايقىدى، — بىچارە دېھقانلارنىڭ كۈنى تەس.

— قالتىسقۇ سىلەر، ئەجەب باغرىڭلار يىلىكتەك يۇمشاق كېتىپتا! ئۇلارغا خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ. ئاللا كىمنىڭ رىزقىنى كىچىك، كىمنىڭكىنى چوڭ ئۆزگەن بولسا، ئۇلار ئۆزىگە تۇشلۇق نېسىۋىسىگە ئىگە بولىدۇ. نېمىدېگەن تولا گەپ بۇ، — چاۋار ئاچچىقى بىلەن مەتسىدىققا قارىدى، — ھە، بۇ قېتىم ھارۋىغا نېمە بېسىپ بەرمەكچى؟

— ئۆچكە تېۋىتى، — مەتسىدىق تىلىقىپقىنا ئىگەمبەردىگە قاراپ قويدى، — ئەترەتلەر يازلىق تېۋىت ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ئامباردا يۇت قويغۇدەك يەر قالمىدى.

— ئىگەمبەرداخۇن، — چاۋار ئېغىر پۇشۇلدىدى، — بۇ قېتىم سىلىنىڭ ھاجەتلىرى بارغۇ دەيمەن، كامال بىلەمدۇ؟

— شۇنداق، — ئىگەمبەردى «نۆۋەت مېنىڭكى» دېگەندەك گىدەيدى، — ھازىر دەپ قويسام بولىدۇ.

ئىگەمبەردى چاۋارنىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمەنگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھويلىدا لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ كېتىۋاتقان سىياقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان چاۋار بىلەن مەتسىدىق ئۇنىڭغا ھومايغىنىچە قاراپ تۇردى. ئىگەمبەردى ھارۋىنىڭ توشۇك، تاتقۇ، بوجىلىرىنى رەتلەپ ياساۋاتقان كامال بىلەن ئەخمەتنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان دېھقانلار بىردىنلا جىمىقتى. ئىگەمبەردى كامالنى چەتكە تارتىپ، قىسقىغىلا كۇسۇرلىغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر

ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان كامال ئاستا غۇدۇرىغاچ يەرگە تۆكۈردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەيرىي ئىپادىنى سېزىپ قالغان ئاپئاق ساقاللىق بىر دوڭغاق بوۋاي قولتۇقىدىكى يوغان تونۇر كاۋىسىنى يەرگە قويۇپ، كامالنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بالام كامىلاخۇن، تېكە ھويلىغا كىرگىچە، پۈرىقى تۆرگە چىقتى، دەپ بۇ تېكە كۆڭلۈڭگە تەگكۈدەك بىر نېمە دېگەن ئوخشىمامدا، چىرايىڭ كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇلۇپ كەتتى.

— ۋاي ھوشۇركا، بۇ كاتتىلىرىم نېمە دەيتتى، يېنىنى تومىلاشنىڭ كويىدا.

— بۇ ئۈچ يالماۋۇز قۇمتامنى شوراپ، يېرىلىپ ئۆلمىدى ياكى دېھقانلار يىقىلىپ قالمىدى.

— ھوشۇركا، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم بېرىدۇ، — دېدى كامال يەردىكى كاۋىغا قاراپ، — بۇ كاۋىنى، مېنى تونۇرغا كۆمۈپ يېسۇن، دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟

— كاۋا سېنىڭدىن ئايلانسۇن، قارىغىنا بالام، — بوۋاي ئاتىنىڭ چۇلغۇرىدەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان يىرتىق خام تامبىلىغا قاراپ قويدى، تامبىلىم ئىت تالىغاندەك بولۇپ كەتتىيا، كىيىلگەن، يامالغان بولسىمۇ بولىۋېرەتتى.

— كامىلاخۇن بالام، ئەتە سەھەر شەھەرگە ماڭىدىغان ئوخشايسەن، — بوۋايغا سوڭدىشىپلا كەلگەن ۋىجىككىنە موماي قولىدىكى خالتىنى ئەخمەتكە تۇتقازدى، — بۇ ئىچى سۇرۇپ، شاتىراقلاپ توختىمىغان بالىلارغا پايدا قىلىدىغان نان جىگدىسى، ئىلىشىغا سېتىپ، كېلىشىگە چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت ئالغاچ كېلەرسەن.

— چوڭ ئانا خاتىرجەم بولسىلا، يەتمىگەن يېرىگە ئۆزۈم سەپلەپ قويىمەن.

— ۋاي جېنىم بالام، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بىرەر، سەن خۇددى ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك تۇتىيا بالا بولدۇڭ، بىراۋنىڭ

سوندۇكتەك نەرسىسىگە كۆز قىرىڭنى سالمايسەن. قومتاملىقنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇۋاتىسەن. سەن بولمىغان بولساڭ قانداقمۇ قىلاربدۇق.

موماينىڭ گېپى تۈگىمەيلا، چىت كۆڭلىكىنىڭ مۇرە، ئېتەكلىرىگە قوپال ياماق سېلىنغان قىرىق ياشلاردىكى بىر ئايال باغلىق سېۋەتتىكى تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كامالغا تەزىم قىلدى:

— كاملاخۇن ئۇكام، ھۆددەس ئاۋى قىلمايمەن، ئىككى قىز، بىر ئوغلۇم بار، ئۇلارنىڭ ئەڭنىنىڭ ھېچ ساپاسى قالمىدى. مەكتەپكىمۇ بارالمايۋاتىدۇ. شۇڭا كونا - يېڭى بولسىمۇ نېمە قوق. چوڭراق بولسىمۇ مەيلى، ئۆزۈم تىكىپ - سۆكۈپ ئەپلەپ بېرىمەن.

كۈن قۇم دېڭىزىغا قىڭغىيىش بىلەن ئۇلار دېھقانلارنىڭ ئامانەتلىرىنى ئەخمەتنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ قويۇپ، قايتىپ چىقىشتى.

— ئەخمەتكا، ئەتە تاڭ سەھەر خوراز ئىككىنچى چىللىغاندا ئارقا ھويلىدا ھارۋىغا تىۋىت باسىمىز، — دېدى كامال ھارغىن قىياپەتتە، — ياردەملىشىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ، جۇمۇ.

ئەخمەت «خاتىرجەم بول» دېگەندەك كۆزىنى چۈمچۈكلىتىپ كامالنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ قويدى. ئاندى ئۇ ئاتلارغا بوغۇز تەييارلاش ئۈچۈن ئەڭ چەتتىكى قازناق ئۆيگە تاغىرىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا تىۋىت بېسىلغان ھارۋا كەنت دەرۋازىسىدىن چىقىشى، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرغان ئىگەمبەردى دەرھاللا يېتىپ كېلىپ ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئولتۇردى. ئاتلار جىگدىلىك مەھەللىسىگە قايرىلىپ كىرگەندە، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا بىر سايە ئۇلارغا ساقلاپ تۇراتتى. بۇ، ئورۇق ئەمما سايىدا قالغان قومۇشتەك ئېگىز، كۆكچە

قوغۇندەك سوزۇنچاق ئاق يۈزىدە ئازغىنا قوڭۇررەڭ سەپكۈنى بار ئايال ئىگەمبەردىنىڭ خوتۇنى نىساخان ئىدى.

— مەزلۇم بۇ يەردە تۇرۇۋېرسىلەرغۇ، — ئىگەمبەردى ھارۋا شوتىسىدىن لىككىدە سەكرەپ چۈشتى، — ھېلىقىنى قانداق قىلدىڭلار؟

— ھەممىسىنى ھويلىغا ئەچىقىپ قويدۇم. ھارۋىغا باسساقلا بولىدۇ.

ئىگەمبەردى ئاتلارنىڭ تۆشباغ، لىڭگىرچاق، بوجىلىرىنى تارتىشتۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقان كامالغا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، گەپ قىلالمىدى. ئۈنىڭسىزمۇ كامالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ خوتۇنىغا ۋارقىرىدى.

— ھەي نىسا، كەلمەمسەن، ئارقانلارنى بوشىتىپ، تاغارلارنى چۈشۈرۈشكە ھە - ھۇ دېيىشمەمسەن؟

ئىگەمبەردى بىلەن نىساخان ئارقانلارنى بوشىتىپ، تىۋىت قاچىلانغان تاغارلارنى يەرگە چۈشۈرگىچە كوچىنىڭ تۆت ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارايتتى. نەپەسلىرى تېزلىشىپ ئېغىر ھاسىرايتتى. قورقىنىدىن سۈس تىترەيتتى. ھارۋا ئۈستى بىكارلانغاندىن كېيىن ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا ئېغىر ئاق خالتىلارنى مۈرىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئاندىن ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىغىنىچە ھارۋىغا تاشلىدى.

— ئەمدى مەن ئىزاي، — دېدى ئىگەمبەردى ھارۋىغا چىقىپ، — سەن ئەپچىق، تېز بول.

نىساخان ھەر قېتىمدا بىر خالتىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، يەتتە قېتىم قاتناپ بولغىچە ھاسىراپ، تەرلەپ كەتتى. شۇندىقتىمۇ كامال ئاتلىرىنىڭ پېشانىلىرىنى سىلاپ، يالىسىنى تاراپ ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى.

— تۈگىدى، — دېدى نىساخان بىر ھازا نەپەس

يېتىشتۈرەلمەي، ـــ ئاق ئوغۇت دېگەن زەپمۇ ئېغىر بولىدىكىنا!

ـــ ساندىڭمۇ؟

ـــ ساندىم، ئون خالتىكەن.

ئىگەمبەردى بىلەن نىساخان تىۋىت تاغارلىرىنى ئىنجىقلاپ هارۋىغا ئېلىپ، ئاق ئوغۇت خالتىلىرى ئۈستىگە قايتا بېسىشقا باشلىغاندا، كامال ئاچچىقى بىلەن هومىيىپ قاراپ تۇردى. چۈنكى تاغارلارنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ئەپ بىلەن باسمىغاندا قۇملۇق يوللاردا ئۆزۈلۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇ ئىچىدە زەردە بىلەن تىللىدى:

«كەنت باشلىقىمىش تېخى، ئوغرى، پاھىشىۋاز ··· چاۋار، مەتسىدىقلار بىلەن قۇمتامنى پىلە قۇرتىدەك يەپ، دېھقانلارنى دىۋانە قىلىۋېتىدىغان بولۇشتۇڭ نىجىسلار!»

ـــ كامال، ـــ ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازىدىن جىددىيلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ـــ كېلىپ ئارغامچىلارنى تارتىشقا ياردەملەشسەڭچۇ، خوتۇن كۈچەپ تارتالمايۋاتىدۇ.

ـــ مەن هېچ تېگىگە يېتەلمىدىم، ـــ كامالنىڭ گەجگىسىدىن قورۇغان ئىدى، ـــ هۆكۈمەت شەخسلەرگە ئاق ئوغۇت ساتمىسا، سىلەرگە نەدىن كەلگەن ئاق ئوغۇت بۇ؟! باشقا نەرسىلەرگە باهانەڭلار تەييار، لېكىن بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

ـــ بۇ ··· بۇ··· بۇ···

ئىگەمبەردى راستتىنلا نېمە دېيەرىنى بىلەلمىدى. ئۇ، هارۋىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كامالغا داڭقېتىپ، مىختەك قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. كەنت رەھبەرلىرىگە بۇنداق گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاش كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بۇ هارۋىكەشكە نېمە بولدى؟ ئەسكى ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك پولۇڭگىدە دەۋاتقان گېپىگە قارا! ئۇنىڭ يۈرىكى ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئەجەب يوغىناپ كېتىپتا! ياۋاش ـ يۇمشاق، نېمە دېسە «خوش» دەپ تۇرىدىغان غىڭ ـ پىڭ قىلماي، بۇيرۇغان

يەرگە ماڭىدىغان كامالغا ئوخشمايلا قالدىغۇ! ···خەپ، باشقا ۋاخ بولغان بولسا ھامىنا بىلەن كاچىتىڭغا يەيتتىڭ. لېكىننزە سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالدىڭ···

— ھەي، سېنىڭ تىلىڭ كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك نېمانداق ئۆزىراپ كەتتى، شەھەردە بىر كىم ئارقاڭدىن دۈرۈت ئوقۇۋاتامدۇ - قانداق؟

— بولدىلا ئىگەمبەردىكا، — دېگەن گېپىدىن بىردىنلا قورقۇپ قالغان كامال، ئانىسىدىن ئەنسىرەپ قالدى، — ھازىر قاراڭغۇ بازارنى باشقۇرۇشنىڭ قانچىلىك چىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا. بىرەر تال تۇخۇم چاغلىق نەرسىنى ساتقىچىلىك جۇسادۇي [1]، بازار باشقۇرۇش، مىنبىڭلارنىڭ كالتەكلىرى يېغىپ كېتىدۇ، تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ تاياق، قامچىلار بىلەن ئۇرغىنى تۇرسا ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىۋېتىدۇ ··· پايدىنى سىلەر ئالىسىلەر.

— مۇنداق دېگىن، ھەي بۇ چاققىچە چاۋار، مەتسىدىق ياكى مەن بولاي تاپان ھەققىڭنى كەم قىلغان يېرىمىز بارمۇ؟ ئەمىسە ھازىرلا بىر خالتا ئەچىقىپ بېرەي، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۇچۇن سېتىۋال.

— بولدى، — كامال سەل ئويلىنىپ قالدى، — ئەمدى ئارغامچىلارنى يېشىپ، تىۋىت تاغارلىرىنى چۈشۈرۈپ بولغىچە ئالەم يورۇپ قالغۇدەك، سىلىدە تۇرغاچ تۇرسۇن.

— ئەمىسە شەھەردىن قايتىپ كېلىپ ئېلىۋال.

— تېزراق بولسىلا، تاغارلارنى باغلايلى، مەن تېخى ئانامغا خوش دەپ قويمىدىم. مەندىن ئەنسىرەپ ئولتۇرىدىغاندۇ.

كامال ئانىسىنى ياد ئېتىپ تۇرغان، مۇشۇ تاڭ قاراڭغۇلۇقى كەتمىگەن چاغدا ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان بىر

[1] رايون، ئاھالە كومىتېت ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەر ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان يەرلىك (كالتەكلىك) ساقچىلار.

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

تۇپ ئۆرۈكنىڭ پۇتىقىغا ئېسىپ قويغان قارا چىراغ كۆرۈمسىز پاكار ئۆيلەرنى، قوي ئېغىلىنى، ئۆرۈك ئاستىدىكى كىگىز سېلىنغان سۇپىنى ۋە جەينىمازدا ئولتۇرۇپ خۇدادىن ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەۋاتقان نېۋىخان ئانىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بەش ۋاخ نامازنىڭ خاسىيىتىمۇ نېمە، نېۋىخان ئانا گەرچە 65 ياشقا ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدىكى ئۇششاق قورۇقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ يومىلاق ئاپئاق يۇمىلاق يۈزى قورۇقسىز، پارقىراپ تۇراتتى. بىراق مېڭىش - تۇرۇشى سەل ئېغىر بولۇپ، پارچە كېسەللەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى گۈزەللىكلىرىنى ئەسكە سالىدىغان قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرى ئەمدىلىكتە غۇۋالىشىپ، ھەممىلا نەرسىگە مۇلايىم باقاتتى. ئۇ گەرچە ئوتتۇرا بويلۇق بولسىمۇ، بەدىنى تولغان پۇرچاقتەك مىققىدە بولغاچقا پاكارراق كۆرۈنەتتى. قىسقىسى نېۋىخان ئانا مەھەللىدىن ئايرىلىپ تۇرغان، ئاھادا تاملىرى، يۇلغۇن قوشاملىرى، ئەدناسى شاخ - شۇمبىلاردا تورالغان قاشارلىرىمۇ يوق بوشۇجۇم ھويلىغا ھاياتىي زوق بېغىشلايدىغان رايىش ئانا ئىدى! ئۇ يالغۇز ئوغلى كامالنى ئېيتقۇسىز ياخشى كۆرەتتى. راست، ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيا گۆر - زىندانغا ئايلىنىپ قالمامدۇ! ... شۇڭا كامال ھەر قېتىم شەھەرگە ماڭغىنىدا ئۇ جەينىمازدا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، مادارىدىن كەتسىمۇ ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيتتى:

— قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم، ئاشۇ بىر تاللا يالغۇز ئوغلۇم كامالنى شەھەرنىڭ كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس بالا - قازالىرىدىن ساقلىغايسەن. قۇم - جەزىرە، شورلۇق چۆللەردە ئاسايىشلىقىنى بەرگەيسەن، ئىش - ۋەجىنى راۋان، قىيىنىنى ئاسان، ئېغىرىنى يېنىك قىلغايسەن ...ئۇنىڭغا خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەمراھ بولسۇن، ئۇلۇغ چارىيالار مەدەت

بولسۇن...

نېۋىخان ئانا ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقاندا ھويلىغا كىرىپ كەلگەن كامال ئانىسىنىڭ ئىبادىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قول قوشتۇرۇپ، سۈكۈت بىلەن جىم تۇردى.

— جانابىي ئاللاھ، ئوغلۇم 26 ياشقا كىرىپ قالدى، — نېۋىخان ئانا ئىچىچىدە يىغلىدى، — يوقسۇزلۇق، نامراتچىلىق ۋەجىدىن پەرز - سۈننەتلىرىڭنى ئادا قىلالمىدىم. ئۇنىڭ بەخت، ئامەت يۇلتۇزىنى ئۆزىگە يار قىلغايسەن ... سەن ھەممىگە غوپۇرۇ رەھىمدۇرسەن ... ئى ھەممىگە قادىر ئاللا، مەندەك بىناۋا، بىقۇۋۋەل، بىنەزەر قۇلۇڭنىڭ ئەرزىمەس تىلەكلىرىنى مەقبۇل ئەتكەيسەن ... ئامىن!...

نېۋىخان ئانا ئوغلىغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىلەك تىلىگەندىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن جەينىمازنى تۆت قاتلاپ سۆيدى، پېشانىسىگە ياقتى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن شەپە بەرگەن كامال بوشقىنا يۆتىلىپ قويدى.

— ئانا، مەن ماڭىدىغان بولدۇم، — كامال ئانىسىغا تەركىي ھۆرمەت بولمىسۇن ئۈچۈنمىكىن، سەل ئېڭىشىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى، — ھارۋىنى ھويلا ئالدىغا توختىتىپ قويدۇم.

— ماڭغىن بالام، بىسمىللا دەپ ھارۋاڭغا چىق، — موماي ئوغلى بىلەن پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى، — خۇدايىم سېنى ھەرخىل پېشكەل، ئاۋارىچىلىق، يامان كۆز، يامان سۆزلەردىن ساقلىغاي، كۆڭلى قارا ئىمانسىزلارنىڭ ھارام مەئىشەتلىرىنى ساتساڭ، سۇنۇق پۇلغىمۇ چېقىلما.

— ئۇقتۇم ئانا، ھە، راست قوشنىمىز ھەۋزىنىسازخان ئانام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ پاخپاق قېرى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى كاتىپ ئوغلى ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆيىگە كەتتى. كېلىن - نەۋرىلىرى قويۇپ

بەرمىگەن چېغى، ئون نەچچە كۈن بولدى كەلمەيدىغۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئەخمەت گاچا بوپقاپتىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتىم؟ سەن شەھەرگە كەتكەنلىرىڭدە ئۇ پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ، ئىش - كۈشلىرىمنى قىلىشىپ بېرىدۇ.

— ئەخمەتتىكام بولغاچقىلا مەنمۇ خاتىرجەم، بولۇپمۇ ھەۋزىنىسازخان ئانام بولمىغان چاغلىرىدا سىلى تىكەندەك يالغۇز قالىدىلا ئەمەسمۇ.

ھەۋزىنىسازخان بىلەن نېۋىخاننىڭ بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن قەدىناسلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بوۋاقلىقتا گىرەلىشىپ كەتكەن باغلىرى، ھويلىلىرى كىچىك بالا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك شور تاملار بىلەن ئاھادا قىلىنغان بولۇپ، دەرۋازا ئورنىدا بىرەر غارالمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئىككى ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئۇستى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر ئېرىقتىن سۇنىڭ شىرقىراپ ئاققىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەۋزىنىسازخان بىلەن نېۋىخان باغلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭكىگە ئۆتۈپ مۇڭدىشاتتى. كۆپ ھاللاردا ئىككىسى بىرگە تاماق ئېتىشىپ يەيتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى «قېرى»، «قېرى پاخپاق»، «ئالجىغان قېرى» دېيىشىپ ھەزىل - چاقچاقلار ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىشاتتى.

— خوش ئانا، مەن ماڭدىم، — دېدى كامال ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، — ھويلا - ئارامنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ كەتمىسىلە، ئۆزۈلۈپ قالىدىلا.

— ۋاي ... جېنىم بالام، كۆنلەرنى كارى قىلىپ ئۆتكۈزمىسەم، سەن كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىدىكەنسەن ئەمەسمۇ، بوپتۇ ماڭغىن.

نېۋىخان ئېڭىشىپ بەرگەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ، كۆزىگە ياش ئالدى...

## ئىككىنچى باب

# ئاق كۆڭۈل بالا

تىك كۆتۈرۈلگەن قوياش ئۇپۇق تامان مانانلاشقان بىپايان قۇملۇقنى ئاتەشتەك قىزىتماقتا ئىدى. قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇن چاتقاللىقلىرى، پاكار ـ پاكار ياۋا قومۇشلۇق جىلغىلار، قۇرۇپ قاغجىرىغان توغراقلار ... سۈرلۈك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. زومچەك ـ زومچەك قۇم دۆڭلۈكلىرى، يانپاش غوللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى هارۋا يولى تونۇردەك قىزىغان قۇم دەشتى ئارا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن داۋاملىشىپ پات ـ پاتلا ئانچە ئېگىز بولمىغان قۇم داۋانلىرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. تۆۋەت قاچىلانغان تاغارلار چوقچايتىپ بېسىلغان هارۋىنى تۆت ئات كۈچەپ سۆرىمەكتە ئىدى. كامال هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ۋارقىرايتتى، يانغا ئۆتۈپ قامچىسىنى هاۋادا قارسىلدىتىپ ئوينىتىپ ئاتلىرىغا هەيۋە قىلاتتى ... مەدەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋە قامچىنىڭ قارسىلدىشىدىن چۆچۈگەن پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك، هەتتا كېلەرلەر قىپقىزىل ئاغزىنى ئاچقىنىچە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرەپ ئۆتۈپ، گۈلدار ئىزلارنى قالدۇراتتى. بەزىدە رېزىنكا چاقلار ئاقما قۇم دۆۋىسىگە پېتىپ ئاتلار تارتالماي قالغانلىرىدا كامال هارۋىدىن كونا تاغار، ياغاچ كالتەك، هەتتا يەكتەكلىرىنى سېلىپ، چاق ئالدىغا تاشلايتتى. ئۆزى هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرگەچ: «قېنى جانىۋارلار!...» دەپ ۋارقىرايتتى

ياكى «جەدە!»، «تورۇق!»، «ئاق قاشقا!» دەپ يانداقلارنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى. ئۇلارمۇ ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىدىن غەيرەتكە كېلىپ خېلى ـ خېلى ئېگىز قۇم داۋانلىرىدىن، ئۆلۈك قۇم دۆۋىلىرىدىن، يول ئىزنالىرى كۆمۈلۈپ كەتكەن غوللاردىن تىرەجەپ، سۆرەپ چىقىپ كېتەتتى. شەھەرگە بېرىشتا ياكى قايتىشتا كامالنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى «قۇم قاينام» داۋىنى، «قۇم قايغان» غولى ۋە «ئۆلۈك قۇم» جىلغىلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەردىن يۈك ئارتىلغان ئېشەك، هارۋىغا قېتىلغان ئات ئەمەس، بەلكى ياۋىداق ئۇلاغلارمۇ تەستە ئۆتەلەيدىغان سىرات كۆۋرۈكى ئىدى.

كامال «سىرات كۆۋرۈكى» ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئاز مېڭىپ «قاغا شورلۇقى» غا يېتىپ كەلدى. كۆز يەتكۈسىز بۇ تۈزلەڭلىك ئاپئاق شور بىلەن قاپلانغاچقا، بەجايىكى چەكسىز قارلىق دالاغا ئوخشايتتى. شورلۇق يوللار قاتتىق ۋە تۈز بولغاچقىمۇ ئاتلار هەرقانچە ئېغىر يۈك بېسىلغان هارۋىنى پەيدەك سۆرەپ كېتەتتى. كامال هارۋا شوتىسىغا تىرەكنى قويۇپ، ئىچ ئاتنىڭ بېلىنى راهەتلەندۈرگەن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزدۇرۇق ـ يۈگەنلىرىنى ئېلىۋەتتى. ئاندىن ياندا ئاتلارنىڭمۇ بوغا، جاۋاڭ، تاسما تاتقۇلىرىنى بوشاتتى. ئۇ هارۋا ئارقىسىغا باغلانغان تاغاردىن ئارپا، قوناق، سۇلۇ ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇزدىن ئالىقانداپ ئېلىپ، تۇۋرىلارغا قۇيغاندىن كېيىن ئاتلارنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى.

ــ رەهمەت ئاغىنىلەر، ــ دېدى كامال ئاتلارنىڭ پېشانىلىرىنى سىلاپ، ساغرىلىرىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ــ ئالامەت باتۇرلۇق كۆرسەتتىڭلار، بۇ سىلەرگە نورمىدىن سىرت بەرگەن مۇكاپاتىم!

ئاتلار ئارىمىنى ئېلىپ، بوغۇزنى يەۋالغىچە، كامال يول چېتىدىكى قېرى دوڭغاق جىگدىنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپئاق شورلۇق يەر يۇمشاق ۋە پورپاق ئىدى. 1950 ـ

يىللاردا كوپېراتسىيە قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتتىلىرى تۆھپە يارىتىپ، خىزمەت كۆرسىتىش كويىدا بۇ «ئاقدالا» نى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرماقچى بولۇشۇپ، يۇرت خەلقىنى كۆچۈرۈپ دېگۈدەك ئەپكېلىپ ھاشار ئەمگىكىگە سالدى. «شورنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى جىگدە تىكىش» دېيىشىپ بۇ شورلۇققا نەچچە يۈز مىڭ تۈپ جىگدە كۆچىتى تىكىپ، ئارقىدىن تاتلىق سۇ باشلىمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا كۆچەتلەر قۇرۇپ، قاقشال شاخلارغا ئايلاندى. ئارقىدىن زەيدان كولاپ، ئاچچىق تۇز سۈيىنى قۇملۇققا باشلىدى. ئەمما ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان چۆل شامىلى ئىككى ئايغا قالماي كولانغان زەيدانلارنى قۇم بىلەن تىندۇرۇپ، تۈپتۈز قىلىۋەتتى. شۆھرەت كەمىرىگە باغلىنىپ قالغان كاتتىلار ئەقىل بىلەن ئەمەس، بىردەملىك ھاياجانغا بېرىلىپ، ئۆستەڭ قېزىپ، شور ئېقىتماقچىمۇ بولۇشتى. بىراق ئەمگەك كۈچىدىن سىرت نۇرغۇن مەبلەغ كېتىدىغانلىقى ئۇلارنى ئارمانى بار، دەرمانى يوق پىداكارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى.

كامال ياقىسىز، ياسمانە ئاق خەسە كۆڭلىكىنىڭ يان تۈپچىلىرىنى يېشىۋېتىشى خۇددى كەتمەن يۈزىدەك چىڭ، پىشقان كەڭ كۆكرەكلىرىدە تارام ـ تارام ئېقىۋاتقان تەر ئېرىقچىلىرى يالتىراپ كۆرۈندى. ئۈنىڭ تولغان قىزىل يۈزى ئىسسىقتىن ھۆپپىدە ئىسسىلىپ كەتكەن بولۇپ، قاغا پېيىدەك قاپقارا تۇم قاشلىرى ئۈستىدىمۇ تەر تامچىلىرى سىمابتەك تىترەپ تۇراتتى. قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى توختىغان ۋە تەقۋادار مويسىپىتلارنىڭ چېھرىدەك مۇلايىم ئەمما ئادەم ئەيمەنگۈدەك بىر سېھرىي كۈچ بىلەن چاقنايتتى. كامال يىراقتا قالغان قۇملۇق باياۋانغا، ئاپئاق لىباس يېپىنغان دالاغا، بىر چاغلاردىكى ھاشارنىڭ يالدامىلىرى بولغان ئۆيەر ـ بۇيەردە چوقچىيىپ تۇرغان قاقشال جىگدىلەرگە، يۇلغۇن ۋە تىكەنلىك قىياقلارغا

ئېغىر نەزەر تاشلىدى. راست! بۇ يەرلەر، ھەتتا پادىچىلار ئوت يېقىپ قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلانغان بەقەم، توغراق غولىلىرىغىچە، ئەدناسى تومۇز يەيدىغان كېلەر، قۇرت ـ قوڭغۇز ئوۋلايدىغان پاتمىچۇق، كەسلەنچۈكلەرگىچە شۇنچە تونۇش! گويا ئائىنسىنىڭ تىلەكلىرىدەكلا كۆڭلىگە شۇنچە يېقىن، شۇنچە سېھىرلىك! دېمىسىمۇ ئۇ، بۇ باياۋاندىكى ئۇزاق يولدا 7 ـ 8 يېشىدىن باشلاپلا مېڭىپ، ھەر بىر ئوچۇم قۇم، چاڭقىغان گىياھلىرىغىچە كۆز گۆھەرلىرىگە سىڭىپ، كۆڭۈل پىنھانلىرىغا تىنىپ كەتكەن!

كامالىنىڭ دادىسى نەمتۇللا تېبابەت دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دورىپۇرۇش سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ 11 تۆگە، ئالتە قېچىرى بولۇپ، سىيادان، جىنكېۋىزى ئۇرۇقى، ھوماما، قەردىمانە، رۇم بەدىيان، شاقاقۇل، گاۋزىبان، ئازاراقى، بىدمىشكى، ئاسارۇن قاتارلىق يۈز خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، قۇرۇتۇلغان گۇل، يىلتىز، يوپۇرماق، شۇنداقلا زەھەرلىك چار يىلان، توقماق قۇيرۇقلۇق ئوق يىلان، چايان، قىزىل قولتۇق پاقا قاتارلىقلارنىڭ تالقان دورىلىرىنى خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچارلارغا ئاپىرىپ تېۋىپلارغا ھەم سەكسەنخالتا دورىگەرلىرىگە ئۆتكۈزەتتى. بۇ يۇرتلاردىن پىستە، بادام، ئەينۇلا، خورما، ياڭاق، گۇلىقاق، جىگدە، مېغىز، كۆك كىشمىش دېگەندەك قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەرنى ئېلىپ ئىلىغا يۆتكەيتتى. نەمتۇللا جەنۇبنىڭ بۇ شېرىن ـ شەربەت نېمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ رابىتى بار ھەقەمسايە، دوست ـ يارانلىرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئىلى ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىدىن شىگىرىن، بۇلغار، شاۋرۇن، كۆن قاتارلىقلارنى ئېلىپ، جەنۇبتىكى يۇرتلارغا ھەتتا پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىرلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. جاھان كېزىپ يۈرۈپ ھەربىر ئۆتەڭ، قاراۋۇلخانا ۋە بەندەر ـ بەندەرلەردىكى تۇسۇقلاردا تىل قىسىنچىلىقىنىڭ دەردىنى، زىيىنىنى بولدى دېگۈچە تارتقان





نەمتۇللا ئوغلى كامالنى شەھەردىكى «شۆتاڭ» ① مەكتىپىنىڭ ياتاقلىق سىنىپىغا بەردى. ئەمدىلا سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان كامالنىڭ بوي ـ بەستى، زېھنىياتى ئون ياشلىق باللاردىن قېلىشمايتتى. لېكىن ئۇ شۆتاڭدا ئاران بىر يىللا ئوقۇيالىدى. دوتەي يامۇلىنىڭ خوجىلىق ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق مۇشتلىشىش ئۇنىڭ مەكتەپتىن ھەيدىلىشىگە سەۋەب بولدى. نەمتۇللا خوجىلىق ئەمەلدارىغا خېلى كۆپ كۆڭۈل قويۇپ، ئادىمەتچىلىك قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرىغىچە تاش چىشلەپ تۇرىۋالدى. ئامالسىز قالغان نەمتۇللا كامالنى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنى يېقىن بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

بالىلىقىنىڭ تۇنجى خاتىرىلىرى ۋە دادىسى ئېسىدىن كەچكەن كامال چوڭقۇر تىنغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، بوغۇزنى لەززەتلىنىپ يەۋالغان ئاتلىرىنى ھارۋىغا قېتىپ يولغا راۋان بولدى. بەزلىشىپ كەتكەن شورلۇق يولدا ھارۋىدىكى يۈكلەر ھېچقانچە بىلىنمىگەچكە، ئاتلار كۆچمەيلا كېتىۋاتاتتى. بايىقى شېرىن خىياللار ھېلىھەم كۆڭلىگە لەززەت بېرىۋاتقان كامال ھارۋىنىڭ شوتىسىدا ئولتۇرۇپ يەنە خىيالغا پاتتى...

كامال باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە بۇ يوللارنىڭ «ئەركەك»، «چىشى» سى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان بولۇپ كەتتى. ئۇ بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئېشەكچىلەرگە ئۇلاغ ھەققى بېرىپ، بەزىدە پىيادە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئانىسىنى كۆرگىلى ئەلئابادنىڭ قۇمتام كەنتىگە كېلەتتى. بۇ چاغلاردا «ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كوممۇنىستلار گومىنداڭنىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپتۇدەك ...»، «ئىلى پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپتۇدەك...» دېگەندەك قۇلاق ياقتى كۇسۇر ـ كۇسۇر،

① شۆتاڭ — خەنزۇچە مەكتەپ.

مىش ـ مىش گەپلەر كوچا ـ كويلاردا تارىلىپ يۈرگەن مالىمان زامانلار ئىدى. شۇڭا نەمتۇللا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن كامالدىن ئەنسىرەپ قالدى بولغاي ئۇنى «سودىدا پىشسۇن» دېگەن باھانە بىلەن خوتۇنى نېۋىخاننى ئەمىن تاپتۇرۇپ، تۆگىگە مىندۈردى! كامال شۇ مىنگەنچە تۆت يىلدىن ئارتۇق كارۋان ئارقىسىدىن مېڭىپ قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئىلىلارغىچە تۆت قېتىملىق سەپەرنى بېشىدىن كەچۈردى. قەدىمكى يىپەك يولى، تەكلىماكان ئىچىدىكى سۇسىز قۇملۇقلار، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق بارسا كەلمەس تىلسىملىق يوللار، چۆل كىرپىسى، ياۋا توشقان، كېلەر، پاتمىچۇق، لەگىمەنتاقتاق، ھۆۋقۇش، كۆكنەك، قاراتاز، مۆگۈزلۈك چار يىلان، قوزغۇن ۋە ھەر خىل قۇرت ـ قوڭغۇزلار ماكان تۇتقان يۇلغۇنلۇقلار، ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقلىرى، جاڭگال، چاتقاللىقلار، ھەتتا «قۇمسىرات» تېغىنىڭ «ئانامتاش» داۋانلىرى، ـــ قىسقىسى ھەربىر قۇم بارخان، قۇملۇق جىلغىلار، شاماللار ھەر كۈنى تولىمۇ نەپىس كەشتىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدىغان يۇمشاق قۇملۇق يانباغىر ··· غوللار ··· ئات ـ ئېشەك، تۆگە سۆڭەكلىرىگىچە كامالنىڭ باللىق يۇمران قەلبىگە تاش مۆھۈردەك بېسىلغان ئىدى!···

كامال ھېلىھەم مەرھۇم ئاتىسىنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى تۆتىنچى قېتىملىق سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى. نەمتۇللانىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك خېلى كۈنلەرگىچە تېگىرقاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ يولغا چىقمىسا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئاقسۇدىكى بۇرادەرلىرىگە ئەھدە قىلغانىدى. بۇ چاغلار ئازادلىق ھارپىلىرى بولۇپ گومىنداڭنىڭ قاچاق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى بارغانلا يېرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتاتتى. قۇملۇق جىلغا يولىدا كېتىۋاتقان نەمتۇللا پات ـ پاتلا قېچىردىن چۈشۈپ قۇملۇق يولغا قۇلاق

ياقاتتى. ياقىقانسىرى چىرايى ئۆمسۈرۈن بولۇپ، ئوغلىغا قارىيالمايتتى. ئۇ تۆگىلەرنى سالقىن يېتىلەپ يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، يولغا قۇلاق يېقىپ تىڭشىدى ـ دە، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا قارىدى:

— ئوغلۇم ئاخشام تۈنىگەن يەردە تېرە ھەميانىم قاپتۇ، سەن ئاشۇ كۆرۈنگەن تۆت ئېگىز قۇم دۆڭلۈكىدىن ئۆتسەڭ يېتىپ بارىسەن.

— ماقۇل دادا، مەن بەك يامان يۈگۈرەيمەن.

— ئەمما قوراللىق بۇلاڭچى، باندىت ياكى گومىنداڭنىڭ قاچقۇن ئەسكەرلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالساڭ، دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، ئۇلار كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، ئات ماڭالمايدىغان يەرلەرگە قاچ، — دېدى نەمتۇللا كامالنىڭ بوينىغا كىچىك قاپاق بىلەن توۋرىنى ئېسىۋېتىپ، — بالام توۋرىدىكى ناننى بولۇپمۇ قاپاقتىكى سۇنى ئاۋايلاپ ئىشلەت، بىز ئاقسۇغا بارالمايدىغاندەك تۇرىمىز ··· تېز بول!

شۇ چاغدىكى قانلىق ۋەقە كامالنىڭ خۇددى تۈنۈگۈندەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئېگىز قۇم دۆڭلۈكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى قۇم دۆڭلۈككە يامىشىپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئارقا تەرەپتىن قالايمىقان ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قارتتىدا قىلىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ پەس جىلغىغا سىيرىلىپ، يۇمىلىنىپ، ئوقتەك چۈشۈپ كەتتى. تەرگە چىلىشىپ، يۈزلىرى قۇم ۋە لايغا مىلىنىپ يېتىپ كەلگەن كامال كۆرگەنلىرىگە ئىشىنەلمەي كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە دەھشەتلىك ۋارقىرىۋەتتى:

— دادا!!!···

نەمتۇللا ئاستىغا بېسىۋالغان بىر گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ كارنىيىنى بوغقان ھالدا قانغا چىلىشىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى. يەنە ئۇن

قەدەم ئارىلىقتا بوغۇزلانغان بىر قاچاق ئەسكەر پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ، باقىيغا سەپەر قىلغانىدى. نەمتۇللانىڭ دۈمبىسى ئوق ئىزىدىن ساق يېرى قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. بادامدوپپا، شايى پوتا، چەكمەن يەكتەكلەرنىڭ قالايمىقان چېچىلىپ تۇرۇشى، ئادەم ۋە ئاتلار تىلغىۋەتكەن قانلىق مەيدان نەمتۇللانىڭ گومىنداڭ قاچاق ئەسكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقىنىڭ شاھىتى ئىدى!

··· يانداق ئاتلار باشلىرىدا بىزەڭ چىۋىنلەرنى قورۇپ، ئىچ ئات پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ، تارشىلىق لەنگەرنىڭ تاقىر يوللىرىدا كېتىۋاتاتتى. تاغارلارغا يۆلىنىپ ھارۋىسىدا ئولتۇرغان كامال كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتمەي نەلەرگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى ··· توغرا، دادىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلىغانلىرى··· يىغلاپ تۇرۇپ يۇلغۇن تۈۋىنى كولىغانلىرى ··· يېڭى كۆتۈرۈلگەن قەبرە بېشىدا بىلىدىغان سۈرىلىرىنى ئوقۇغانلىقى ··· شۇ ئۇزۇن يوللاردا خېمىر چايناپ ئەجەل بىلەن ئېلىشقانلىقى ··· «قۇمسىرات» تېغىنىڭ «ئانامتاش» داۋانلىرىدا ئۆمىلەپ، يىقىلىپ، سىيرىلىپ كېتىۋاتقانلىرى كامالنىڭ كۆز چاناقلىرىدا قايتا ئايان بولغانىدى···

گۇگۇم پەردىلىرى ئەتراپنى كېپەنلىگەندە ئاتلار چۆلئىرىق دەڭ قونالغۇسىغا كىرىپ كەلدى. دەڭچى شانىياز كامالنىڭ خامۇش چىرايىغا قاراپ «كىرىپ يېتىپ قال، ھارۋاڭنى مەن ئورۇنلاشتۇراي» دېدى. ئەتىسى خېلىلا ۋاخچە تۇرغان كامال ئاتلىرىنى قېتىپ يولغا چىقتى. بىراق ئۇنى تۈنۈگۈنكى خىياللار تورى يەنە چىرمىۋالدى ··· نەمتۇللا قازا قىلىپ ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپلا، دۆلەت ئازاد بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلدى. يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرى قۇمتامغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ يۇڭ





ئىسمىلىك 40 ياشلاردىكى ئىللىق چىراي بىر خەنزۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن تېزەك تېرىيدىغان سېۋەتتى بار ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر قۇمتاملىق ئىگەمبەردى، ھاشىم قاتارلىق نامرات دېھقانلاردىن بىر قانچىنى كەنت رەھبەرلىكىگە بېكىتىپ ئۇلار بىلەن يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. نەمتۇللانىڭ ئايالى نېۋىخان سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، تۆگە، قېچىر، ئېشەك ۋە باشقا ماللارنى باقىدىغان لاپاسلىق چوڭ ئېغىلىنى، ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ يېڭى ھۆكۈمەتكە بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇندىن بېرى بۇ چوڭ ئېغىل ئىككى قوروغا بۆلۈنۈپ، قۇمتام كەنتىنىڭ تەشكىلى بولۇپ قالدى. بىر كۈنى نېۋىخان ئوغلى كامالنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سېنى بالام شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەكىرىپ بېرىمەن. بۇ داداڭنىڭ ئۆزۈندىن بېرى دەپ كەلگەن نەسىھەتى ۋە ئارزۇسى، — دېدى.

كامال شەھەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە خاتىرجەم ئوقۇغان بولسىمۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا چىقىش بىلەن كۆڭلى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئوقۇدى. تەنھا ئانىسى بىرنەچچە قېتىم كېسەل بولۇپ، بەزىدە يېنىك، بەزىدە خېلىلا ئېغىر يېتىپ قالدى. ھەۋزىنىيازخان ئانا قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتقان ئوغلى ئوبۇلھەسەننىڭ تۇنجى بالىسىنى بېقىپ بېرىۋاتقاچقا، قۇمتامغا ۋاقتى - قاراردا كېلەلمىدى. شۇڭا سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتكۈزۈپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن كامال تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە بارمىدى. بىر كۈنى ئوبۇلھەسەن قۇمتام كەنتى كوپىراتسىيە مۇدىرى ھاشىم، مۇئاۋىن مۇدىرى ئىگەمبەردىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى چىقاردى. ئۇنىڭدا كامالنى ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىگەنلىكى

يېزىلغان ئىدى. كامال ئانىسىنىڭ يالغۇزلىقىنى ئېيتىپ قەتئىي ئۇنىمىدى. بىراق كوپېراتسىيە مۇدىرلىرى ھاشىم، ئىگەمبەردىلەر نېۋىخانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقى، ھازىر ئوقۇمۇشلۇقلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى يازالىغان چالا ساۋاتلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مۇئەللىم بولۇۋاتقانلىقلىرىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرى كامالنى قايىل قىلىشتى. دەرۋەقە 19 ياشلىق كامال قۇمچاقار باشلانغۇچ باش مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ بۇ مەكتەپتە ئىككى يىل ئىشلەپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كەتتى. چۈنكى مەكتەپ مۇدىرى نەسرۇللا قىزى نۇسرەتنى كامالغا زورلاپ تاڭدى. نۇسرەت كامالدىن ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، كىچىكىدە قىزىق تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپ يۈزلىرىنى كۆيۈك تاتۇقلىرى قاپلاپ كەتكەچكە ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك سەت ئىدى. سول كۆزىنىڭ جىيەكلىرى قىپقىزىل سىرتقا ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. كامال ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى نەسرۇللا ئۇنىڭ مائاشىنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇۋېلىپ تولۇق بەرمىدى. كامال كېيىنكى كۈنلەرگە ئۇلاشقانسېرى ئۇنى مەكتەپتە ئېغىر ئىشلارغا سالدى. «كىچىكتىڭ»، «دەرس قالدۇردىڭ»، «بالىلارغا ۋارقىرىدىڭ» دېگەندەك تۈتۈرۈقسىز بېسىملاردىن بىزار بولغان كامال ئاخىرى مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى.

كامال قۇمتامغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاشىم ۋە ئىگەمبەردىلەرگە ئۆزىنىڭ مال ئېغىلىدا ئىشلىگۈسى بارلىقىنى دېدى. ئۇلارمۇ ئىككىلەنمەيلا قوشۇلدى. ئەلۋەتتە نەمتۇللانىڭ ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىدە بولغان بۇ لاپاسلىق ئېغىلدا ئىشلىسە، دادىسىنىڭ روھى خۇش بولىدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ ئويلاپ يەتكەنىدى. كامال ئەخمەت گاچا بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك چىقىشىپ كەتتى ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئېيتقۇسىز خۇش بولدى. چۈنكى دادىسىنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى كۆرگەندەك، مۇبارەك ھىدلىرى




دىماغلىرىغا پۇرىغاندەك، نەمتۇللا ئۇنىڭغا «چىرىغىمنى ئۆچۈرمىدىڭ··· » دەپ كولۇپ قاراۋاتقاندەك شىرىن ھېسسىياتلارغا چۆمۈلەتتى.

ئالىي كوپىراتسىيە تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. ھاشىم قۇمتام كەنتىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى، ئىگەمبەردى كەنت باشلىقى ئەمىلىنى، مەتسىدىق بوغالتىرلىق، كامال ئامبار ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىش باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەستىقلاپ بېكىتكەن بۇ قارار يېزىلىق ھۆكۈمەت پارتكوم شۇجىسى كېرىمگە ئانچە ياقمىدى. ئۇ بىر كۈنى قۇمتامغا كېلىپ كەنت رەھبەرلىرىگە يىغىن ئېچىپ خېلىلا قايناپ قالدى:

— ئىگەمبەردى، — كېرىم شۇجىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — مەن ساڭا ئەكېلىپ بەرگەن چاۋار نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئەجەب بۇ يەردە كۆرۈنمەيدا؟

— ئۇ ··· ئۇ··· — ئىگەمبەردى كېرىمنىڭ چىرايىدىن ئەندىكىپ قالدى، — ئۇ كەنتنىڭ سۇ ئىشلىرى كادىرى، شالتۇغراق مەھەللىسىدىكى باستۇرۇلغان شايمقۇل بەگنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرىدۇ.

— مۇنداق دېگىن، كۆزۈمدىن يىراق، كۆڭلۈمدىن يىراق دېگەندەك، بىر پومېشچىك زومىگەرنىڭ قورۇسىغا ئاپىرىپ قويۇپسەندە، — كېرىمنىڭ سىدام قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — چاۋار ئوقۇغان، بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن ئادەم، ئېسىل شەمشەرنى پاشا ئۆلتۈرۈشكە سالغاندەك ئۇنى سۇ كادىرى قىلىپ قويغىنىڭلار نېمىسى ـ ھە؟

— ئۇنىڭ نوپۇسى بولمىسىمۇ، كەنت ئامبىرىدىن نورما ئاشلىق بەلگىلەپ بەردۇق، — دېدى ھاشىم سەل خاپا بولغان ئەلپازدا، — قالدى ئىشلار ئاستا ـ ئاستا بولمامدۇ.

— يېزا نوپۇسىغا ئېلىش ئۈچۈن ئانكېت توشتۇرۇپ

قويدۇق، — ئىگەمبەردى چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەت تەستىقلاپ ئەنگە ئالسا، نوپۇسلۇق بولۇپ قالىدۇ.

— مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — كېرىم شوجى ھورىدىن چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — دېھقان باج، غەللە - پاراق ھەم ناھىيىنىڭ گۆش، ماي، قورۇق يەل - يېمىش ۋەزىپىلىرىنى توشۇشقا ئەخمەت گاچىنى بەلگىلەپ قويۇپسىلەر، ئۇ خەنزۇچە سۆزلەش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئۆزىنىڭ تىلىنىمۇ سۆزلەلمىسە، ماڭا ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى.

يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ بىردىنلا ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. قوملۇق يولى ئېغىر، جاپالىق مۇساپە ئىدى. ئۇ يەرلەردە پەقەت ئەخمەت گاچىلا ئات - ھارۋىلارنى باشقۇرۇپ، ئامان - ئېسەن شەھەرگە كىرەلەيتتى.

— يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ۋەزىپە يېمەكلىكلەرنى ئۆتكۈزىدىغان، ھېسابلىشىدىغان، سوپەت تالىشىپ زاكونلىشىدىغان مالىيە خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ، — دېدى كېرىم ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — ئاڭلىسام كامال دېگەن مال باقار خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن.

— توغرا، — ئىگەمبەردىنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — بۇ تەرىپىنى ئويلاشماپتىمىز. بىراقزە، كامال تۆت ئات قېتىلغان ھارۋىنى باشقۇرۇپ كېتەلەمۇ؟

— مېنىڭچە بولىدۇ، — ھاشىم دەرھاللا قوشۇلدى، — ئەخمەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم بىللە قاتنىسا، ئۆگىنىپ كېتىدۇ، كامال زېھنىياتلىق بالا.

— مانا بولمىدىمۇ، — كېرىم قوللىرىنى يايدى، — چاۋارنى كامالنىڭ ئورنىغا دەرھال ئامبارچىلىققا قويۇڭلار.

...بىر كۈن كەچكىچە يەر - زېمىننى قىزدۇرغان قۇياش ھاردۇق يەتكەندەك كەچكە يېقىن توغراق ئورمانلىقى تەرەپكە ئاستا - ئاستا قىڭغايدى. شەھەر ئىزنالىرى يىراقتىن

كۆرۈنگەنسېرى ئاتلارمۇ ئالدىرىغاندەك قەدەملىرى تېزلىشىشقا باشلىدى. لېكىن مەۋھۇم خىياللار يىپىغا چىرمىلىپ قالغان كامال پەس ئاۋازدا شىۋىرلىماقتا ئىدى:

— كېرىم شۇجى چاۋارغا نېمانچە چاپان ياپىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ قارا كۆڭۈل، بەتنىيەت، تاشيۈرەك ئادەملىكىنى بىلمەمدىكىنە؟ ئۇ ئامبارچى بولغان تۆت يىلدىن بېرى قۇمتام خۇددى ئەتىسىز مونەككە ئوخشاپ قالدى. بولۇپمۇ ھاشىم شۇجى «كالا ئوغرىسى» دېگەن بەتنامغا قالغان ئۈچ يىل ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ھال ـ كۈنى كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلەشتى...

دەرۋەقە ھاشىم شۇجىلىقتىن قېلىپ، چاۋار پۈتلىكاشاڭسىز ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يىللاردىن بېرى كامال ۋىجدانى ئۆرتەنگۈدەك، ئەقلى لال بولغىدەك ئىشلارغا دۇچ كەلدى. چاۋار گەرچە بۇغداي، قوناق، ئارپا، ماش، ياغلىق دان بېسىلغان تاختايلىق ئامبارلارنىڭ ئامبارچىسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قۇمتام كەنتىنى ئالقىنىدا ياڭاقتەك ئوينىۋاتقان سېھىرگەر ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىگەمبەردى ۋە مەتسىدىقلار بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى. راست گەپنى قىلغاندا ھاشىمنى ئادەم ئەقلى يەتمىگۈدەك ھىيلە ـ مىكىر بىلەن كالا ئوغرىسى قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، يۈرىكى تىترەيدىغان، قاپقارا تەلەتىدىكى زەھەردەك ئىستىھزادىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلارمۇ چاۋارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي بارغانسېرى پاتقاققا پاتماقتا ئىدى. شەھەردىكى زاۋۇت، شىركەت، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ساڭ، ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرىغا ئۆتكۈزگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇلى مۇشۇ ئۈچ يالماۋۇزنىڭ داخۇر كالۋاسىغا كىرىپ كېتەتتى. ھەتتا ئامباردىكى بۇغداي، قوناق، ئارپا، ياغلىق دان، ئۆچكە تىۋىتى، خالۋاپخانىدا توقۇلۇۋاتقان تاغار، خۇرجۇن، گىلەم، قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر، يۇقىرىدىن كەنتكە سېتىپ بەرگەن ئاق ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك دورىلىرى

ھەتتا نامرات دېھقانلارغا يىلدا بىر بىلىدىغان قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىغىچە كامالنىڭ ھارۋىسىغا بىسىپ بىرىپ، قاراڭغۇ بازاردا ساتقۇزاتتى. شۇڭا كامال ھەر قېتىم شەھەرگە ۋەزىپە بىلەن يولغا چىققاندا ئۇلار «نۆۋەت مېنىڭ»، «بۇ قېتىم مېنىڭكىنى باسىدۇ»، «ئەمدىغۇ ماڭا كەلگەندۇ» دېيىشىپ، قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ بەدىنىدىن شىلىۋالغان ھارام ماللىرى ئۈچۈن «نۆۋەت» تالىشاتتى. گەرچە كېرىم شۇجى چاۋارنى دېھقانلارنىڭ بەدىنىگە چىققان مەرەزدەك قۇمتامغا ئۈندۈرۈپ، ئۆزى شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكىنى بىلەن، بەزىدە قۇمتامغا ئاتايىتەن كېلىپ، كۆپ ھاللاردا تېلېفون ئارقىلىق ھال سوراپ مەدەت بېرىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن كەنت رەھبەرلىرى، قۇمتاملىقلار، ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىمۇ تېگىرقاپ قېلىشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت پارتكوم شۇجىلىقىغا يۆتكىلىپ كەلگەن بارنىيازنىڭ كېرەم ئالدىدا تىل تۇتۇقى بارمۇ ياكى شۇجىلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەمدۇ، ئىشقىلىپ قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىماسقا، كۆرمەسكە، بىلمەسكە سالاتتى.

···ئاتلار شەھەرگە كىرىپ كېلىش بىلەن ئۆزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن دەڭنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك، باشقىدىنلا جانلىنىپ كېتىشتى. كەچلىك ئىشتىن چۈشكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋېلىسىپىتلىك ۋە پىيادە ئۆيلىرىگە قايتىشماقتا ئىدى. ئىدارە - جەمئىيەت، زاۋۇت، كارخانا دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھەم ئىككى يېنىدىكى سېمونت تۈۋرۈكلەرگە: «يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنەيلى!»، «سانائەتتە داچىڭغا يېتىۋالايلى!»، «يىگىرمە يىل كۈرەش قىلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن ئېشىپ كېتەيلى!» دېگەن شوئارلار يېزىلغانىدى. بۇنداق ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان دەبدەبىلىك، ھاياجانلىق شوئارلار يوللارغا تارتىلغان قىزىل پلاكاتلاردا، ئاقارتىلغان تاملاردىمۇ كۆپ ئۇچرايتتى. كامال

ئاتلىرىنى ئالدىرىتىپ شەھەر سىرتىدىكى ساۋۇر مەھەللىسىنىڭ دېڭىغا يۈرۈپ كەتتى. بۇ دەڭ باشقا دەڭلەرگە قارىغاندا هويلا، ياتاق ئۆيلىرى ئازادە، پاسىل تاملىرى ئېگىز بولغاچقا خېلىلا بىخەتەر ئىدى. ساۋۇر دەڭچامۇ سەگەك ئادەم بولۇپ، تىرىق قىلغان ئاۋازدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتى.

ئاتلار تاپۇر - تۇپۇر قىلىشىپ دەڭگە قايرىلىشى خۇددى ماراپ تۇرغاندەكلا ئەللىك ياشلاردىكى ساۋۇر مەڭلىك ياندىكى كىچىك ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ تۆگە يۇڭىدىن قوپال توقۇلغان مەللە رەڭ يەكتەكى كىندىكىگىچە ئوچۇق تۇرغاچقا قاپقارا چاڭگا ساقىلى، مەيدىسىدىكى بۇجغۇرلىشىپ كەتكەن چۇپۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، يۇڭلۇق قۇرتقىلا ئوخشاتتى. ئۇ دەڭ دەرۋازىسىنى غارىلدىتىپ ئاچقاچ ئاغزى تەڭلا ئېچىلدى:

— هارما چۆل ئوغلى، — ساۋۇر تۇكلۇك مەيدىسىنى كارت - كارت تاتىلىدى، — يوللاردا هارماي - ئاچماي كەلدىڭما؟

— يائاللا ساۋۇركا، — كامال هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — خۇددى پالچىنىڭ ئۆزىدە سەن، مەن دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بولغىچە، ئالدىمغا چىقىپ بولىسەن.

— ئىچ ئېتىڭنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراق ئۇكا، قۇلىقىمغا ياد بولۇپ كەتكەن جۇمۇ، — ساۋۇر دەرۋازىنى چوڭ ئېچىۋەتتى، — هېچقانداق هارۋىكەش ياكى كارۋاننىڭ كولدۇرما، قوڭغۇراقلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئاۋازى قىز بالىنىڭ نازىدەك ساز دېگىنە.

— ساۋۇركا، هېلىقى مېنىڭ هۇجرام، — كامال پاكار بىر يۈرۈش ئۆيلەرگە قارىدى، — باشقىلارغا بېرىۋەتمىگەنسەن - هە؟

— سېنىڭ قاچان كېلىشىڭ ماڭا تازنىڭ بېشىدەك ئايدىڭ تۇرسا، — ساۋۇر هىجىيىۋىدى ئۇنىڭ شالاڭقا قاققان قوزۇقتەك ئۇزۇن ساپسېرىق چىشلىرى كۆرۈندى، — ناهىيە، يېزىلارنىڭ سودا سارايى، سودا ئىدارىسى، گىلەم كارخانىلىرىنىڭ يۇڭ شانۇ،

ئـارقاق، گۆرۆچ ماتـېرىيالـلىرى، گـىلەم، تاغارلـىرى بار ئـىدى. سىـنىـڭ «هۆجراڭ» نى ئەڭ بالدۇر بىكارلاپ، تازىلاپ قويدۇم.

كامال هەر قېتىم كەلسە يۇك ـ تاق، مالـلىرىنـى ئەكـىرىـپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تـاقاپ ياتـىدىغان ياتىقى ئالـدىغا ئاتـلىرىنـى ئارقىچە «سا» قىلىپ ئەپكەلدى.

ـــ سـاۋۇركا، تاغارلارنـى چۈشۈرۈپ، يـاتـاقـقا ئـەكـىرىشـىپ بەرگىن، ـــ دېدى كامال ئارغامچىلارنى بوشىتـىۋېتىپ، ـــ بەك هېرىپ كەتتىم. يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا گۇپـلا چۈشسەم، بۇخاراغا كېتىمەن جۇمۇ.

ـــ بۇ چاقىقچە هە ـ هۇ دېمىگەندەك گەپ قىلىسىنا، ئۇكـا، ـــ دېدى سـاۋۇر تاغارلارنـى چۈشۈرۈۋېتـىـپ، ـــ قارا، قـۇمـلـۇق پالۋىنى، مېنىڭ ئۈچ بالام پىشىمغان «خۇندەك»① نى يەلـۇېرىـپ ئىچى سۈرۈپ توختىمايۋاتىدۇ. ئۇملاقمان شاتىراقلاپ قـوگـىنىـڭ پۇرىكى قىزىرىپ شەلۋەرەپ كېتىپتۇ. نان جىگدىسى ياكى يېمىش جىگدىسى بولسا تۈز تامىتتى. ئۆتكەندە دەپ قويسام بوپتىكەن.

ـــ ئاۋۋال تاغارلارنى ياتاققا ئەكىرىشىپ بەر، ئاندىن بىر گەپ بوپقالا.

ـــ ئۇنداقتا ئالغاچ كەپسەندە، ـــ ساۋۇرنىڭ كىچىك كۆزلىرى خۇشلۇقتـىن يۇمۇلـدى، ـــ مەن سېنـى چۆل پالۋىـنى، قۇمـلـۇق ئوغلى، توغراق بالىسى، دەپ بىكار ماختىمايمەن جۇمۇ.

ئـۇلار تـاغارلارنى يـاتـاقـقا تـوشـۇپ ئۇسـتـى ـ ئۇسـتـىلـەپ تىزىۋەتكەندىن كېيىـن ئۇن خالتـا ئاق ئـوغۇت هەم دېهـقانلارنىـڭ كـيىـم ـ كېچەككە ئالـماشتۇرىدىغان يېمەكلىكـلىرىنـى ئېلىـپ كىرىشتى. كامال خەسە خالتىدىكى نان جىگدىسىنىڭ يېرىمىنـى ساۋۇرنىڭ ئېتىكىگە قويۇپ بەردى.

ـــ بۇ ئۆزۈمنىڭ جۇمۇ، بۇنى سېتىپ ئانامغا چاي ـ تـۇز ئالـماقچىدىم. لېكىن بالىلىرىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

① خۇندەك ـــ بەشىنچى ئايدا ئۇجمە بىلەن تەڭ ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈك.

— ۋۇي ئۇنداقتا پۇلۇڭنى بېرەي.

— ۋاي بولدى قىلە، قالغىنىنى ساتسامىمۇ بىرەر ھەپتە يەتكۈدەك چاي - تۇز بوپقالىدۇ.

— ھەي كامال، — ساۋۇر ئاق ئوغۇتلارغا قاراپ قويدى، — بۇ بالا - قازانى يەنە ئەكەپسەنغۇ، زادى بۇرنۇڭغا سۇ كىرمىدى سېنىڭ، بىر كۈنى كۆتۈڭنى ئاق توپىدا قويىدىغۇ بۇ دەردىسەرلەر.

— قانداق قىلىمەن ئاكا، بۇنى قىلمىسام ئۇ ئاچ كۆز گۇيلار ئانامنى ئاشلىق نورمىدىن، باغ ئېتىزغا بېرىدىغان سۇدىن قىيناپ، ھەر خىل سېلىقلارنى سېلىشى تۇرغانلا گەپ، تېخى قالدۇرۇق يەرنى تارتىۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

— دېگىنىڭمۇ توغرا، لېكىنزە، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ھارام ماللىرىنى قاراڭغۇ بازاردا ساتقىنىڭدا تۇتۇلۇپ قالارمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ، تەلىيىڭگە ۋاڭ جۇيجاڭ بوپقالغىنى، بولمىسا قانداقمۇ قىلاردىڭ؟ ھە، قورسىقىڭ قانداق؟

— ھازىر بازارغا بېرىپ يەيمەن.

— ياتىقىمدا زاغرا بار، جىگدە شەۋىتى بىلەن يەمسەن؟

— نورماڭ يېتىشمەي، توپا يېگۈدەك بولۇۋاتقىنىڭنى بىلمىسەم كاشكى.

— ئۆتكەندە ئەكېلىپ بەرگەن ئىككى چارەك قونىقىڭ خېلى ئارام بولدى جۇمۇ.

— كېلەر قېتىم بىرنەچچە چارەك ئارپا ئالغاچ كېلەي.

— راستىما؟ ئۇنداقتا دەڭ ھەققى، ياتاق ھەققى، تېخى ئاتلىرىڭغا سېلىپ بەرگەن پىچان ھەققىنىمۇ ئالمايمەن.

ساۋۇر مەڭلىك خۇشال چىقىپ كەتتى. كامال ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ئوقۇر ئالدىدا بېشىنى ئېگىز قىلىپ باغلاپ قاڭتۇرۇپ قويدى. ئاندىن كەچلىك قاراڭغۇ بازارغا قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن دەڭدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، «توخۇ سۈتىدىن

باشقىسى تېپىلىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان داڭلىق «ئۈچ بۇرجەك» بازارغا بېرىپ، چېلەك، داسلاردا كۆتۈرۈپ سېتىۋاتقان سۇيۇقئاشتىن چوڭ ھېجىمدا بىرنى ئالدى. ئۇ پوتىسىغا تۇگۈۋالغان زاغرىسىنىڭ يېرىمىنى چىلاپ يەپ قورسىقى تويمىدى. قالغان يېرىمىنى يەنە چىلىۋىدى سۇيۇقئاشنىڭ سۈيى يەتمىدى.

— ئاچا، — دېدى كامال سۇيۇقئاشچى ئايالغا، — سۈيىدىن بىر چۆمۈچ قويۇپ بەرسىلە، زاغرام چىلاشمىدى.

— مۇنۇي، زاغىرنى پوتەيدەك چىلاپ يەپمۇ، قورسىقىڭ تويمىدىما؟ — ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاڭلىمىغانما؟ «سۇيۇقئاشنىڭ قۇۋۋىتى سۈيىدە» دېگەن گەپنى، مۇتقا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ جۇمۇ.

— ۋاي جېنىم ئاچا، جان ئالماي، پۇل ئالىدىغانلا، — كامال سۇيۇقئاشنىڭ يۇزىدىكى مايىنى پۇۋلەۋاتقان ئايالغا ئالايدى، — ئاۋۇ پىلىلداپ تۇرغان يۇزىدىن ئالسىلا، ئاسمان كۆرۈنگىدەك كۆپكۆك سۈيىنى ئالماي.

— يائاللا، ئالغىنىڭ بىر قاچا سۇيۇقئاش، جېدىلىڭ نېمانچە تولا، — ئايال بىر چۆمۈچ سۇيۇقئاش سۈيىنى قويۇپ بەردى، — مانا ئەمدى ئاقسۇ كۆرۈنگىدەك چىلىساڭمۇ يېتىدۇ.

كامال سۇيۇقئاشچى خوتۇن بىلەن دەتالاش قىلىغاچ قورسىقىنى تويغازدى. ئاندىن ئۇ داستىخانغا ئوراپ، يوشۇرۇن سېتىپ يۈرگەن بالىدىن تۆت سامسىنى ئېلىپ، پوتىسىغا تۇگكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېغىلغا كىرىشى بىلەن قاڭتۇرۇلغان ئاتلار خۇشاللىقىدا قىسقا ـ قىسقا كىشنىشىپ، يەر چاپچىپ، خۇشامەت قىلىشىپ كېتىشتى. دەڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غالتەكلىك قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا توغراق غولىدىن ئويۇلغان ناھايىتى چوڭ غۇلاق بار ئىدى. ساۋۇر مەڭلىك ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم غۇلاقنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ

قوياتتى. ئىشەكچىلەر، ھارۋىكەشلەر، كارۋان ئىگىلىرى ئۇلاغلىرىنى ئاشۇ غولاقتىن سۇغىراتتى. كامال ئاتلىرىنى سۇغىرىپ، بوغۇز تولدۇرۇلغان تۇۋرىلارنى ئاتلارنىڭ باشلىرىغا كىيگۈزۈپ بولغىچە قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇ، ياتسىقىغا كىرىپ قارا چىراغنى ياندۇردى. ئاندىن ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. بورا سېلىنغان سۇپىدا كۆرپە ئورنىدا بىر پارچە كىگىز ۋە مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن سامان تەكىيىدىن بىرسى بار ئىدى. ھەرقانداق يولۇچى، مۇساپىرلار ئۆزلىرىنىڭ يەكتەك، چاپانلىرىنى يېپىنچا قىلاتتى. كامال قارا چىراغنى ئۆچۈرۈشى ياتاقىغا بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. لېكىن تۆگىلۈكتىن چۈشكەن ئاي يورۇقىدا ئاستا ـ ئاستا نەرسىلەرنىڭ ئىزنالىرى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقان كامال سۇس ئاقىرىپ تۇرغان ئوغۇت خالتىلىرىغا قاراپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى. چۈنكى ساۋۇر مەڭلىكنىڭ: «بۇ بالا ـ قازانى يەنە ئەكەپسەندە»، «بۇ ئاپەتلەر كۆتۈكنى ئاق توپىدا قويدىغۇ»، «تۇتۇلۇپ قالارمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ...» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلىرى تەرەپبال ئېسىگە كەلگەن ئىدى. توغرا، ساۋۇر مەڭلىك بىھۇدە ۋايىم يەۋاتقىنى يوق، كامال بۇ چاققىچىمۇ بازار باشقۇرۇش، جۇسادۇي، مىنبىگلار تەرىپىدىن ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ قاراڭغۇ يەرلىك تۈرمىلەرگە سولاندى. لېكىن سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈلۈڭ ئارىغا كىرىپ ھوقۇق، ئىمتىياز، يۈزى ئارقىلىق كامالنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ بەردى. كامال ئاشلىق ساڭغا بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، ماش ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە باشلىقلار بىلەن «بارمۇسەن ـ يوقمىسەن» دېگۈدەك تونۇش بۇرادەرلەردىن بولۇپ كەتتى. ئۆزئارا نەرسە ـ كېرەك

ئالماشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ دەردى ـ ھالىغا يەتتى. ماي زاۋۇتىغا زىغىر، زاغۇن، قىچا، زاراڭزا، چىگىت توشۇش ئارقىلىق ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەنمۇ «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم» قىلىشىپ، ئۆزئارا ھەمقان بولۇشتى. ئۆچكە تىۋىتى، خۇرجۇن، گىلەم، گۈللۈك پالاس، پاختا، قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىق قوشۇمچە كىرىم ئەشيالىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش جەريانىدا سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈڭ بىلەن خۇددى ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ كېتىشتى. كامال قۇمتامنىڭ ئەھۋالى، نامرات، دېھقانلارنىڭ دەردى، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى دېگەندەك ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ يۈڭ 1950 ـ يىللىرى قۇمتامدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغاچقا قۇمتام ۋە قۇمتام دېھقانلىرىغا مۇھەببىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ كامالنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن قۇمتامنىڭ ئەھۋالى ۋە كونا كادىرلار ھەققىدە زىغىرلاپ سورايتتى. ۋاڭ يۈڭ ھاشىمنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەنى ئاڭلاپ زادىلا ئىشەنمىدى. بۇنىڭدا چوقۇم بىرەر سۈيىقەستنىڭ بارلىقىنى جەزملىدى. شۇڭا ئۇ بىر قېتىم: «چاۋار دېگەن كىم ئۇ؟ قۇمتامغا قاچان پەيدا بولدى؟» دەپ سورىغان ئىدى، كامال:

— خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇشتىن بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇن بولسا كېرەك، كېرىم شۇجى ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، — دەپ جاۋاب بەردى.

···چارچاپ كەتكەن كامال چىگىش خىياللار يىپىنىڭ قاچانلاردا ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتىسى يەنىلا سەھەر تۇردى. سودا ئىدارىسىغا ئۆچكە تىۋىتلىرىنى ئۆتكۈزۈش، قۇمتامدىن ئېلىپ كەلگەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ھاجەتمەنلەرگە تارقىتىش، ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى قوبۇل قىلىش، ياتاقتىكى ئون خالتا

ئوغۇتنى بىر تەرەپ قىلىشتەك ئىشلار ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ساۋۇر مەڭلىكنىڭ «ھە ـ ھۇ» دېيىشى بىلەن تۇخۇمدىن باشقا كاۋا، قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى هارۋىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۈستىگە تىۋىت تاغارلىرىنى باستى. ئاندىن ئۇ تۇخۇم سېۋەتلىرىنى يۈك ئۈستىگە ئېلىپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىغا يۇرۇپ كەتتى. ئىدارىنىڭ تەتۈر سۆگەت ۋە سېدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان قورۇسى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ھەر خىل كەسىپىي ئىشخانىلاردىن باشقا ئائىلىلىكلەر بىنالىرىمۇ بار ئىدى. كامال هارۋىسىنى ئەڭ چەتتىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا توختاتتى. بۇ ئىشخانىنى «پىرىيوم» بۆلۈمى، كەسپىي خادىملىرىنى «پىريومچىك» دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئۇلار گىلەم، خۇرجۇن، تاغار، گۈللۈك پالاس، تېكىمەت كىگىزلەرنىڭ ئىشلەنگەن ماتېرىيالى، بولۇپمۇ يۇڭ، تىۋىت، كەندىر يىپلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى سورتقا ئايرىش، باھا قويۇشتەك كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى قىلاتتى.

ئىشخانىنىڭ كەڭ دېرىزىلىرىدىن ئالدىن كۆرۈپ بولغان ئۈچ كەسپىي خادىم ئالدىراپ چىقىپ، كامال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇلار هارۋىنى ھەيدەپ ياندىكى ئامبار بار كىچىك هويلىغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇ يەردە ئۇلار ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن تىۋىتنىڭ ساپلىقىغا قاراپ «بىرىنچى··· »، «ئىككىنچى··· »، «ئۈچىنچى··· »، «ناچار··· » دېگەندەك دەرىجىلەرگە ئايرىپ، سورتىغا قاراپ باھا قويۇلاتتى. ئۇلار تاغارلارنى چۇشۇرۇپ ئامبارغا توشۇغىلى تۇرغاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ئاياللىرى ھەرخىل بوپا، سومكىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا چوڭ قورۇغا توپلانماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كامالنى يالغان ئېيتىپ ئالداشنى بىلمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، دۇرۇس بالا دەپ ماختايتتى. قايسىدۇر بىرلىرى ئۇ ئەكېلىۋاتقان يېمەكلىكلەرنىڭ نورما ئاشلىققا ئارام

بولۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولاتتى. ھەتتا خەنزۇ ئاياللارمۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنى ماختايتتى. ئۇلار كامالنى تەرىپلىشىپ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ نىمىلەرنى ئەكەلگەنلىكى، قانداق نەرسىلەرگە ھاجەتمەن ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭ راسا قىزىۋاتقاندا، كامال ئاتلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ھويلا ئوتتۇرىسىدا توختىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خىرەلىكتىن تىۋىتنىڭ ياخشى باھاغا ئېرىشەلمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاياللارنى كۆرۈپ، دەرھاللا كۈلۈپ ھارۋىغا چىقتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانىلار، ئاچىلار، ھەممىڭلار ياخشى تۇرغانسىلە؟

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ بالام؟ — ئاياللارمۇ چۇرقىرىشىپ، ۋارقىراشتى. ئاندىن ئۇلار ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، قوللىرىدىكى بوپا، سومكىلىرىنى تەڭلىگەچ: «ماڭا گۈلىقاق ئالغاچ كەلمەكچىدىڭغۇ» دېسە، يەنە بىرسى: «بالام مەن دېگەن نان جىگدىسىنى ئەكەلدىڭمۇ؟» دەپ سورايتتى. كامالمۇ كىچىككىنە خاتىرىسىگە قارىغاچ تۇخۇم، قاپاقتا ماي، كاۋا، خالتىلاردىكى قوناق، بۇغداي، تېرىقلارنى «بۇ سىلىنىڭ، بۇ ئۆزلىرىگە، مانا سىلى دېگەن نەرسە...» دەپ تەڭلەيتتى. ئاياللار كىيىم - كېچەك سېلىنغان بوپىلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىۋاتقان، كامالمۇ يېمەكلىكلەرنى سۇنۇۋاتقان جىددىي پەيتتە، چوقا چاچلىرى شالاڭلاشقان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي بىر خەنزۇ ئىشخانىسىدىن چىقتى. ئۇ كامالغا بىر نىمە دېمەكچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن ھارۋا ئەتراپىدىكى ۋاڭ - چۇڭنى كۆرۈپ، بېشىنى چايقىغىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر - خەنزۇ ئاياللار نىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ۋارقىراشماقتا ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ ئايال ئاپئاق ئەرەنچە كۆڭلەك بىلەن ئىشتاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ خەنزۇ

تىلىدا ۋارقىرىدى:

— ھەي كامىلى، بۇ كىيىملەر پاكىز ھەم يىرتىلمىغان، ئۆزۈڭ چاغلاپ قوناقمۇ، ئارپىمۇ، تېرىقمۇ ئىش قىلىپ يېگۈدەك بىر نېمە ئالغاچ كەلسەڭ.

— سۆڭ ئايى، — كامال خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى، — بۇ ئىدارىدا سىزنىڭ پاكىزلىقىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، دېگەن نەرسىلىرىڭىزنى ئەكېلىپ بېرىمەن.

— كامىلى بۇ پۇلنىمۇ يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوي.

— سۆڭ ئايى، — كامال پۇلغا قارىدى، — جىق بېرىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟

— ئۆتكەندە سەل ئاز بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى.

سۆڭ ئايىغا سۆڭدىشىپلا ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان ئۇيغۇر ئايال تور رومالغا ئورالغان بوپىنى كامالغا سۇندى:

— كامال بالام، بۇنىڭ ئىچىدە غىلتاڭ بالىلار كىيىملىرى بار، يۇيۇپ، دەزماللاپ ئەكەلدىم. يىرتىلمىغان، بەكمۇ كونا ئەمەس، بالىلار كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقاندىن كېيىن كىچىك كېلىپ قالغان ئەيىبى بار.

— ھەنىپىخان ئاچا، ئۆزرە ئېيتمىسىلىمۇ بولىدۇ. ئۆتكەندە بەرگەن كىيىملىرى ماگىزىندىن چىققاندەك يېڭىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنى كىيگەن دېھقانلار سىلىگە ئاتاپ دۇئا قىلدى.

— ۋاي رەھمەت ساڭا، رەھمەت، — ھاياجانلانغان ھەنىپىخاننىڭ كۆزلىرىگە ياش يۈگۈردى، — ئاناڭ سېنى بىز شەلىك ئۇچۇنلا تۇغۇپ قويۇپتىكەن.

— ھەنىپىخان ئاچا، بۇ مۇنەك ۋە شاپتۇل قېقى بىلەن قاپاق ماي سىلىنىڭ، — ئۇ قولىدىكىنى بېرىۋېتىپ، ياشانغان بىر ئايالغا قارىدى، — رابىخان چوڭ ئانا بۇ كاۋا ھەم بىر خالتا ئارپا ئۇنىنى سىلىگە ئالغاچ كەلدىم.

كامال ئايالالارنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قۇمتامىلىق

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىنى تارقىتىپ تۇرۇشى بايىقى توختالغان خەنزۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي كامال شوخۇزا، ئىشىڭ تۈگىگەندە ئىشخانامغا كىر — ھە؟ — ئۇ ئۇيغۇرچىنى تولۇق ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلدى، — ساڭا بېرىدىغان نەرسە بار.

— بولىدۇ، ۋاڭ جۇيجاڭ.

سودا ئىدارىسىدىكى ئاياللارنىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى تارقىتىپ، كېيىنكى قېتىمدا ئالغاچ كېلىدىغان يېمەكلىكلەر ئۈچۈن ئىشتان، كۆڭلەك، ئاياغ، ئىچ كىيىم، يوتقان تېشى ۋە ئەستەرلەرنى تىزىملاۋاتقان كامال سودىلىق ئۈچۈن ئەكەلگەن بىر خالتا گۈلقاق بىلەن يېرىم خالتا جىگدىنى بىر ئايالغا باھا تالاشمايلا ساتتى. ئايال «قانچە پۇل بېرەي؟» دېۋىدى ئۇ تاختا گۇگۇت، تاشتۇز، دورا چايغا تۇشلۇق بىر نېمە بەرسىلە، دەپ قىزىرىپ كەتتى.

ئەپكەلگەن يېمەكلىكلەرنى تارقىتىپ، بىر مۇنچە «دۇنيا» يىغىۋالغان كامال ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئىشخانا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى - دە، ئىچ ئاتنىڭ بېشىغا توۋرا كىيگۈزۈپ، ياندىق ئاتلارنىڭ ئالدىغا ئازغىنا پىچان تاشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇ بىر سېۋەت تۇخۇمنى ئېلىپ ۋاڭ جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ۋاڭ جۇيجاڭ ئەسلىدە 1950 - يىللىرى قومتامدا يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاڭ يۇڭ بولۇپ، كامال شەھەرگە كىرسىلا ئۇنىڭ بىلەن قومتامدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، كەنت رەھبەرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، بەزىدە تېخى ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدىمۇ سۆزلىشەتتى. شۇڭا كامال ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقىنىدا كۆز ئالدى يورۇپ، زېھنى ئېچىلغاندەك تۇيغۇلارغا كېلەتتى.

— قېنى ئولتار، — ۋاڭ يۇڭ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى، —

تىۋىتىڭنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇڭ، بالىلىرىڭغا كىيىم ـ كېچەكمۇ يىغدىڭ شۇنداقمۇ؟

— بالىلىرىڭغا؟! — كامالىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چۈمچۈكلىدى.

— قۇمتاملىق دېھقانلار سېنىڭ بالىلىرىڭ، ئۇلارنى كىيىم بىلەن يۆگىيسەن، شەھەرلىكلەرنىڭ تويمىغان يېرىنى تولدۇرىسەن، سېنى ساخاۋەتلىك ھارۋىكەش، شاپائەتلىك ئاتا دېسە ئارتۇق كەتمىگۇدەك، — ۋاڭ يۈڭ كۆزەينىكىنى ئۈستەلگە ئېلىپ قويدى.

— تولا مىتەۋە[①] قىلماڭلا ۋاڭ جۈيجاڭ، ھازىر تۇرمۇش بەك قىيىن، كۈن ئالماق تەس، سىز ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغاندىن كېيىن ھاكىم، شۇجىدەك كاتتىلارغا دېسىڭىز بولىدۇ.

— مەن دېسەم ھەل بولىدىغان ئىش بولسا، بۇ يەردىكىلەرگە ئەمەس، مەركەزدىكىلەرگە دەيتتىم ئۇقتۇڭما؟ — ۋاڭ يۈڭ كۈلۈۋەتتى، — بىلەمسەن بۇ دېگەن دۆلەتكە كېلىۋاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك ئىش.

— نېمە؟! — كامالىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — دۆلەتكە كېلىۋاتقان ئاپەت دەمسىز؟

— بەزى زوراۋان دۆلەتلەر دۆلىتىمىز بىلەن تۈزگەن توختامنى يىرتىپ تاشلاپ، ئالىم، ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئېغىر سانائەت، ئېلېكتر، توك ئېنېرگىيە، پولات زاۋۇتى، نېفىت خىمىيە، كان بايلىقىنى قېزىش قاتارلىق زامانىۋى قۇرۇلۇشلىرىمىز يېرىم يولدا توختاپ قالدى. ھەتتا ئۇلار نېفىت قۇدۇقلىرىنى بېتون قۇيۇپ قاتۇرۇۋەتتى. يەنە تېخى قەرەللىك بەرگەن قەرزلىرىنى «تۆلەيسەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا خەلقىمىز يېمەي ـ ئىچمەي،

① مىتەۋە — چاقچاق، ھەزىل.

كىيمەي قەرز تۆلەۋاتىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — كامال ئويغا پاتتى، — ئەجەب چىدىماس گۈيلاركىنا ئۇ!

— يېقىندا بىر ئىش يۈز بەردى. دۆلىتىمىز قەرز ئۈچۈن نەچچە پويىز قىممەت باھالىق يۇڭ رەختلەر ھەم بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئۇلار قەستەن ئېيۋەن تېپىپ، ماللىرىمىزنى كەم سىندۇردى. قايتۇرۇپ كېتىمىز دېسە «چېگرىدىن ئۆتۈش ھەم سودا بىجى تۆلەيسەن» دەپ ئاپارغان ماللارنىڭ باھاسىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى پۇل تەلەپ قىلدى. شۇڭا مەركەزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نەچچە يۈز تۈمەنلىك مالغا بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى.

چىرايىنى ئاچچىق ئەلەم زەردابلىرى ئىلكىگە ئالغان ۋاڭ يۇڭ ئېغىر قەدەملەر بىلەن گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغان دېرىزە ئالدىغا كەلدى ـ دە، چوڭقۇر تىندى.

— نەچچە مىڭ تونىنا، — دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغان ۋاڭ يۇڭ ئاستا پىچىرلىدى، — بۇغداي، قوناق، گۈرۈچنى دەرياغا تۆكۈۋەتتۇق.

كامالنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز چۆلنى قاپلىغان قىپقىزىل ئوت، قۇياش يۈزىنى توسۇۋالغان قارا تۈتەك، ئېگىز ياردىن دەرياغا تۆكۈلۈۋاتقان ئاشلىق، ئۇنى ئەجدىھادەك يۇتۇۋاتقان چەت ئەل دەرياسى ··· چىرايىدا ئېچىنىش ۋە غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان جۇڭگو سودا خادىملىرى بىر ـ بىرلەپ ئايان بولدى. پۇتلىرىغا تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋاڭ يۇڭ سەل ئېڭىشكەن ھالدا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— پاھ، ئۇ گۈيلارنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرغاندەك مەردلىك قىلىپتۇ ـ دە، — كامال ئاچچىقىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى ئېچىشتى، — ئەمما نېمىدېگەن كۆپ زىيان بۇ.





— دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈلپەت كېلىپ، بۇنى تارتالماي تۇرغاندا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كەلكۈن ئاپىتى، قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. بولۇپمۇ ئەنخۇي ئۆلكىسىدە دەھشەتلىك قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ نۇرغۇنلىغان دېھقانلار، بالىلار ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئون نەچچە ياشلىق ئوغۇل - قىزلار تىلەمچىلىك قىلىپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. قىسقىسى ۋەتەن، خەلق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى.

— ئەسلىي مۇنداق ئىشكەندە، — دېدى كامال خىيالغا پاتقان ھالدا، — مېنىڭ زادىلا ئەقلىم يەتمەي ھەيران بولاتتىم.

— كامال، — ۋاڭ يۇڭ ئۈستەل ئاستىدىن لاتا سومكىنى ئالدى، — بۇنىڭ ئىچىدە يەڭگەڭ تەييارلىغان بالىلار كىيىملىرى ھەم دەپتەر، قەلەملەر بار. بۇنى قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بالىلارغا تارقىتىپ بەر. ھە، راست بىر پاشكا قەنت سېلىپ قويدۇم ئاناڭغا بەرگىن. يولدا شۈمەپ ماڭىدىغانغا ئازراق قارا كەمپۈتمۇ بار.

— بەك كايىپ كېتىپسىز، ئۆتكەندە، بەرگەن باجىڭگىزنى بېرىدىغانغا بەرسەم قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەمدى مەن قايتاي، ساتىدىغان ھارام مال بار، شۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەم، ماڭا كۈن يوق.

— كامال ئېھتىيات قىل، ئۆتكەنكىدەك جۇسادۇيگە تۇتۇلۇپ قالما، — دېدى ۋاڭ يۇڭ ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ، — بۇ قېتىم ئىگە بولمايمەن جۇمۇ.

— قېنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز، يامىنى كەلسە «بۇ مال ۋاڭ جۇيجاڭنىڭ مېلى» دەپ تۇرۇۋالىمەن، — كامال كۈلگەنچە كېتىپ قالدى، — خوش ئەمىسە.

— ھەي، — ۋاڭ يۇڭ بېشىنى چايقىدى، — بۇ بالىغىمۇ ئامال يوق.

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

كامال ۋاڭ يوڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئىچ ئاتىنىڭ بېشىدىكى تىزگىنىنى، ياندىقى ئاتلارغا پىچان تاشلاپ بەرگەن پالاسنى يىغىشتۇرۇپ هارۋىسىغا چىقتى. ئۇ سودا ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋاڭ يوڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى ـ دە، هارۋىسىنى تاراقلىتىپ يۈرۈپ كەتتى. كامال هارۋىسىنى دەڭگە ئېلىپ كىرگەندە ساۋۇ مەڭلىكنىڭ ياردەمچىسى هېبىل ـــ سونجاق هويلىدىكى ئات، ئېشەك، كالا تېزەكلىرىنى، چېچىلغان سامان، پىچانلارنى ئادالاپ هويلا تازىلاۋاتاتتى، ئۇ ئوڭ پۇتىنىڭ پەنجىسىدە دەسسەپ، تاپىنىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاچقا ئۇنى «سونجاق» دەپ ئاتىشاتتى.

ـــ هېبىل ئۇكا، ساۋۇركام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـــ ئۇ بالىلىرىغا سىز بەرگەن جىگدىنى ئاپىرىپ بەرگىلى ئۆيىگە كەتتى.

ـــ ئەمىسە ئۇكا ئاتلارنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا ئەكىرىۋەتكىن، ـــ دېدى كامال ئۇنىڭغا بىر سوم تەڭلەپ، ـــ توغرالغان، هەم تاسقالغان پىچان سېلىشنى ئۇنتۇما. مېنىڭ يېزا ئىگىلىك بازىرىدا ئازراق ئىشىم بار.

ـــ بولىدۇ ئاكا، خاتىرجەم بول، ـــ هېبىل دىڭكۇس ـ دىڭكۇس دەسسەپ كەلدى، ـــ ئاتلىرىڭنى سۇغىرىپمۇ قويىمەن تېخى.

ـــ هارۋا جابدۇقلىرىغا هېزى بول. ئېشەكچىلەر تاسمىلارنى كېسىپ ئېلىپ كەتمىسۇن.

ـــ ۋاي ئەنسىرىمىگىنە، ئېگىز ـ پەس دەسسىگىنىم بىلەن چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايمەن. هە، راست ئىچ ئاتىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ چىقىرىمەنغۇ دەيمەن.

ـــ هەي دېۋەڭ، چەپىلقۇش، ئۆتكەندە دېدىمغۇ، شۇنداق قىلمىساڭ سېنى يېنىغا يولاتمايدۇ، ئۇ بەك شاش.

كامال كۈنگە كۆزىنى قىسىپ قارىغاچ دەڭ دەرۋازىسىدىن

ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ 10 خالتا ئوغۇتقا يېزا ئىگىلىك بازىرىدىن خېرىدار تاپمىسا بولمايتتى. يېزا ئىگىلىك بازىرىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىلكىدە سېتىلىدىغان گىلەم، كىگىز، خۇرجۇن، تاغار يەنە رەخت دۇكىنى، ئاشخانا، لەڭپۇڭخانا، دۇغاپچىلارغىچە بار ئىدى. لېكىن ئۇلاردىن كۆپرەكىنى شەخسلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، نەرسە ـ كېرەكلىرى ئىگىلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار قېچىپ يۈرۈپ ئوقەت قىلاتتى. چۈنكى بىلىكىگە قىزىل پەتتە باغلاپ، ئۈچ قىرلىق قىزىل كالتەك كۆتۈرۈۋالغان جۇسادۇي ۋە بازار باشقۇرۇشنىڭ ئالا قانات لۈكچەكلىرى تەرەپ ـ تەرەپنى قىدىرىپ ھەرخىل ئاشلىق، ئاق ئوغۇت، نان، رەخت بېلىتى، ۋېلسىپىت بېلىتى، ئاشلىق بېلىتى، قارا كەمپۇت، شېكەر بېلىتى، قىسقىسى داس، چېلەك بېلەتلىرىگىچە، ھەتتا ياڭاق، تۇخۇم، سامسا ساتقانلارغىچە «خۇسۇسىيلىق بىلەن شۇغۇللاندىڭ» دەپ سۈرۈ ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ، تۇتقان يەردە ئۇرۇپ ـ دەسسەپ ئەدىپىنى بېرەتتى. ئايرىپ سولايتتى، نەرسە ـ كېرەك، پۇللىرىنى مۇسادىرە قىلاتتى.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كامال بىر تۈپ سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپىغا قاراپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سەپسالاتتى. بۇ ئەسنادا 15 ~ 16 ياشلاردىكى بالا داستىخانغا ئورالغان بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئالدى ـ ئارقىسىغا ئالاق ـ جالاق قارىغىنىچە كامالغا يېقىنلاشتى:

ــ ئاكا غىلتاڭ قوينىڭ قۇيرۇقىدا قىلغان گۆشگىردە، بىرنى كومىدا يەۋالامسەن؟ بىر جام شورپىسى بار دېگىنە.

ئۇلار ئىككىسى ئاستا پىچىرلىشىپ باھادا كېلىشكەندىن كېيىن كامال ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ، بىر گۆشگىردىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشى قاياقتىندۇر ئۇنگەن جۇسادۇينىڭ ئىككى چاپارمىنى قىزىل كالتەكنى چېنەپ يۇگۇرۇپ يېتىپ

كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغان يوغان تۇۋرىدەك خالتىسى كىشىلەردىن يىغىۋالغان يېمەكلىكلەردىن خۇددى كۆنجۈر يېگەن ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك تىرىسىدە بولۇپ كەتكەندى. بالا داستىخاننى قولتۇقلاپ قېچىشى بىرنەچچە گۆشگىردىسى دومىلاپ يەرگە چۈشتى. قىزىل پەتتىلىك تازچاق ئاۋاق يەردىكى گۆشگىردىلەرنى ئالمان ـ تالمان تېرىپ خالتىسىغا سالغىچە بالا قېچىپ كەتتى. ئاڭغىچە بۇرنىنىڭ ئېگىرى يوق پۈچۈق جۇسادۇي «جەڭچىسى» ئۇچقاندەك كېلىپ كامالنىڭ قولىدىكى گۆشگىردىنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى:

— ھە، سەن كاپىتالىزمنىڭ گۆشگىردىسىنى يەيدىغان قانداق ئەكسىيەتچى نېمىسەن؟

— سەن دەپباقە، — قورسىقى كوركىراپ تۇرغان كامال قورقۇپ قالمىدى، — سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ گۆشگىردىسى قانداق بولىدۇ؟ نەنىڭلا بولسا قورساق تويسا بولمىدىمۇ.

— ھەي نېمانداق سىنىپىي كۆرەش كۆزقارىشىڭ تۆۋەن نېمىسەن؟ — ۋارقىرىدى پۈچۈق تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — قاراڭغۇ بازارچىنىڭ بىر نېمىسىنى يېسەڭ ئەكسىيەتچى بولۇپ قېلىشتىن قورقماسەن؟

— ئەمىسە چۈشۈپ قالغان ھەم مېنىڭ گۆشگىردەمنى ئاۋۇ تويماس خالتاڭغا سالدىڭغۇ؟

— بىز ··· بىز ··· ئۇ ··· ئۇنى، ھە، ھە، — پۈچۈق دۇ ـ دۇقلاپ كەتتى، — ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز.

— كاپىتالىزمنىڭ گۆشگىردىسى تېتىپ كېتىپ، ئىتىڭ ساڭا قاۋاپ سالسا، يامىنى پاچىقىڭدىن ئالسا قانداق قىلىسەن؟

— ۋۇي ماۋۇ دوزاخ شوتىسىنى، — ھۆرپەيدى تاز چىراي ئاۋاق، — گەپ قىلمىسا، كولدۇرلىتىۋاتىدا بىزنى. مەشەدە تۇرغىنىڭغا ئىككى ئاش پىشىم ۋاقتى بولدى. چوقۇم بىر ئىش

بار، ماڭا جۇسادۇيگە.

— مەندە نېمە ئىش باركەن، گۆشگىردەمنىڭ ئېلىۋېلىشتىڭ، يەنە ئالىدىغان نېمەڭ بار؟

— بۇ تۇغراق كۆتىكى ئاشلىق، رەخت بېلىتى ساتىدۇ ياكى ۋېلىسىپىت بېلىتى، قارا كەمپۇت بېلىتى ساتىدىغانلىقى تەرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

پۇچۇق بىلەن ئاۋاق كامالنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ، يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋەتكەن بولسىمۇ ھېچنېمە تاپالماي يولىغا مېڭىشتى. ئەمما ئۇلار ئون نەچچە قەدەم ماڭمايلا گۆشگىردىنى تالىشىپ ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ كېتىشتى.

كامال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. ئاچچىقى يانماي يەرگە تۈكۈردى. ئاندىن ئۇ قاراڭغۇ بازارچىلار يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان ئاشلىق بازىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئاشلىق بازىرى ئۇزۇن بىر رەستە ئىدى. ئىككى تەرەپتە ئورۇن ئىگىلەپ تۇرغان رەۋەندىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالدىدا يېرىم تاغار كۆكىرىپ كەتكەن قوناق يارمىسى ياكى توپا ئارىلاشقان ھەر خىل دانلار بولۇپ، ئۇلار «توخۇ ـ تۇمان، كەپتەر ـ كەكلىك يېيىملىكى، ئەرزان بېرىمەن» دەپ ۋارقىرىسا، پارچە نانلارنى دۆۋىلىۋالغانلار «كالا ـ قوينىڭ ناۋاتتەك نېمىتى، بوداقچىلار كۆزۈڭ بولسا قاراپ ئال» دېيىشىپ، دېۋانىلاردىن سېتىۋالغان خىلمۇخىل پارچە نانلارنى جەننەت نېمەتلىرىگە ئوخشىتىپ ماختايتتى. ئەكسىچە بۇ نانلار پاختىلىشىپ، قارىداپ كەتكەن بولۇپ، گۇپۇلدەپ ئېچىغ پۇرايتتى. تېخى بەزى خوتۇنلار ئۇششاق قاغا جىگدىلىرىنى داملاپ: «شەرۋىتى يۈرەككە داۋا، پېسىپى مېلىڭغا شىپا… » دەپ ئۇنىنىڭ بارىچە چىرقىرايتتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى «بارالڭ كۆرسىتىش» بولۇپ، ئاشۇ پارچە نان، قوناق يارمىسى، قاغا جىگدىلەر ئاستىدا بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپىلار بار ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق جەندە ـ

## ئەكلىماكان ئۇغلى (1)

كۇلاھ ئىچىگە شاھى تون كىيىۋالغان ھايانكەشلەر بولغاچقا ئۆپكە كۆرسىتىپ، قۇيرۇق ساتاتتى.

رەستىنى ئايلىنىپ يۇرۇپ قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى ئىلىنىپ كەتكەن كامال ھەدەپ ئەسنەيتتى. بەزىلەر چاندۇرماي «ئاشلىق، رەخت بېلىتى، بارمۇ؟» دەپ غىپپىدە ئۆتۈپ كەتسە، يەنە بەزىلەر: «ھەي مەكتىنىڭ ساپ نەشىسى بار...» دېگىنىچە ئادەمنىڭ چىرايىغا قارىماي كېتىپ قالاتتى. كۆك شاپاق دوپپا كىيگەن، چىرايىدىن مۇغەمبەرلىكى چىقىپ تۇرغان، سول كۆزى ئەتراپى كۆكىرىپ كەتكەن بىر ئادەم كامالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ساتىدىغان بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟

— ئاق ئوغۇت بار، — دېدى كامال پەس ئاۋازدا.

— قانچىدىن بېرىسەن؟

— 95 سومدىن.

— 95 دىن بەرسەڭ ماڭا نېمە قالىدۇ، بىزمۇ نان تېپىپ يەيلى، سەكسەندىن بولسۇن.

— بولمايدۇ، ئۇ خەقنىڭ ئامانىتى، بازاردا 90 ~ 95 دىن بولۇۋاتسا...

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىماي، ئارىلىق قالدۇرغان ھالدا نەلەرگىدۇر تىكىلىپ پىچىرلىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بازارنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان جۇسادۇينىڭ ئىككى «جەڭچىسى» نىڭ نەزىرى ئۇلاردا ئىدى:

— بوپتۇ 85 دىن ئالاي، — دېدى ھايانكەش تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — نەچچە خالتا بار.

— ئون خالتا.

— تولا گىرىلىك قىلما، بىزمۇ ساتالىساق خالتىسىدا 4 ~ 5 سومدىن قالىدۇ. ئەگەر جۇسادۇي، بازار باشقۇرۇش، مىنبىگلار تۇتۇۋالسا، ھەممىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

— جۇر ئەمەسسە، دەڭگە بارايلى.

كامال بىلەن هايانكەش خۇددى ئىت قوغلىغاندەك مېڭىپ، بىر دەمدىلا دەڭگە يېتىپ كەلدى. ئەمدىلا پەيدا بولغان ساۋۇر مەڭلىك «خېرىدار ئەپكەلدىڭما؟» دېگەندەك كۆزىنى قىسىپ قويدى. كامال دەرۋازا تەرەپكە قارىغانچە قارا قۇلۇپنى ئېچىپ هايانكەشنى باشلىدى. ئۇلار ياتاققا كىرىپ كېتىپ، هايال ئۆتمەيلا دەڭ دەرۋازىسى ئالدىغا پەس كوزۇپلۇق چاققانغىنا يۈك ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. كەينىدىن، كۆزۈپتىن سەكرەپ چۈشكەن قىزىل كالتەكلىك جۇسادۇينىڭ ئالتە ئادىمى بوراندەك ھەيۋە قىلىپ دەڭ ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئۇلار كامال ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋېتىپ ھېچ گەپ - سۆز يوقلا كامال بىلەن هايانكەشنىڭ قوللىرىنى گەجگىسىگە قايرىپ باغلىدى. ئاندىن ئۇلار خالتىلىق ئوغۇتلارنى توشۇپ ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا تاشلىدى. قىزىل كالتەكلىكلەر ئىككى «تۇتقۇن» نى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ، كوزۇپتا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ساۋۇر مەڭلىك كامالغا كۆز، ئېغىز، قوللىرىدا نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل سودا ئىدارىسىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

جۇسادۇينىڭ ماشىنىسى يېزا ئىگىلىك بازىرى ئىچىدە تۇرۇشلۇق تەشكىل قورۇسىغا كىردى. كەينىدىن پاكار، دىقماق، قىرىق ياشلاردىكى قارىمۇتۇق بىر ئادەم چۈشتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئالغاي بولغاچقا نەلەرگىدۇر قاراپ گەپ قىلاتتى. ئۇ ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كەلگىنىچە كوزۇپتىن چۈشكەن كالتەكلىكلەرگە قولىنى شىلتىدى:

— ماۋۇ ئىككى مەككار هايانكەشنى ئەكىرىپ سولىۋېتىڭلار.

— قادىر دۇيجاڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يېشىۋېتەمدۇق، — دېدى ۋىجىككىنە جۇسادۇي ساقچىسى ...

— ياق، ھېلىقى دېرىزىسى، تۈڭلۈكى يوق خىشلىق ئۆيگە

سولاشلار.

— دۈيجاڭ، — كامال مۇلايىملىق بىلەن بىلىندى، — ئۇ ئوغۇتلار كەنتكە ئېلىپ كېتىدىغان ئوغۇتلار ئىدى.

— ماۋۇ يېڭىدىكى ھايانكەش، — قادىر دۈيجاڭ شاپاق دوپپىلىق ئېگىز، ئورۇقتا قولىنى شىلتىدى، — يۈزىگە بىر قەۋەت قارا پاتقاق سۇۋۇنۇۋالسىمۇ تونۇۋالىمەن، ئۇقتۇڭما؟

— ئۇ ... ئۇ ... دېگەن، — كامال دەمال بىر نېمە دېيەلمىدى، — بىزنىڭ يۇرتلۇق، شەھەردە قۇرۇلۇشتا ئىشلەيمەن دېگەچكە...

— تولا گەپ ئوينىتىپ مېنى كولدۇرلىتىمەن دېمە، — قادىر ئۆرۈلۈپلا ماڭدى، — سولىۋېتىڭلار بۇ گۇيلارنى...

قادىر دۈيجاڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بىر سائەتمۇ ئۆتمىدى بولغاي ۋاڭ يۈك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپىقىدىن ئەندىككەن قادىر ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ بۆلەكچىلا كۈچۈكلىنىپ كەتتى:

— كېلىڭ، كېلىڭ ۋاڭ جۈيجاڭ، ئەجەب پايى قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ، — قادىر ئورۇندۇقنىڭ يۈزىنى يېڭىدە سۈرتكەچ ئېلىپ كەلدى، — قېنى ئولتۇرۇڭ، قىزىققىنا چاي پولاي.

— قادىر، مەن ئالدىرايمەن، — دېدى ۋاڭ يۈك كۆزەينىكىنى سۈرتكەچ، — سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز ساۋۇرنىڭ دېگىدىن 10 خالتا ئاق ئوغۇتنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئوغۇتلار ياغلىق دان ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان قۇمتام كەنتىگە مۇكاپاتقا بېرىلگەن تۇرسا، بۇنى قاراڭغۇ بازاردا سېتىلىدىغان ئوغۇتلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلساڭلار قاملاشماس.

— ئەمدى ... گەندى ... بۇ ... جۈيجاڭ، — قادىر كۈلۈپ، قورۇلۇپ، ئالقانلىرىنى ئىشقىلىدى، — ئۆزىڭىز كېلىپ يۈرگىچە تېلېفون بەرسىڭىزچۇ، ئەمما ... لېكىن ... بىراق...

— قانداق بىرەر پىستان چاقىدىغان يېرى بارما؟

— ئەمدى ... ئەمدى شۇ... — قادىر ھايانكەشكە قاراپ

قويدى، — شەھىرىمىزدە ئۇچىغا چىققان، قاغدالما مەككار زارىپ كىرپە بىلەن نەق مەيداندا تۇتۇۋالدۇق ئەمەسمۇ.

— قېنى ئۇ ھارۋىكەش بالا؟

— ئۇ... — قادىر ۋاڭ يۈكىنىڭ تورۇلگەن قوشۇمىلىرىدىن چۆچۈپ، سىرتقا قاراپ ۋاقىرىدى، — ھاي قېنى سىلەر، تېز كېلىڭلار.

قىزىل كالتەك تۇتقان ئىككى جۇسادۇي ساقچىسى دەرھاللا بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇلار بىز كەلدۇق، دېگەن شەپىنى بېرىش ئۈچۈن، ئادىتى بويىچە كالتەكلىرىنى «تاققىدە» قىلىپ خىش پېيىستىلغان يەرگە ئۇرۇپ قويدى.

— سىلەر، — قادىر قولىنى جوڭىدى، — ھېلىقى سولاپ قويغان ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كېلىڭلار.

قادىر چايداندىن ئىستاكانغا قايناق سۇ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چىمدىم پەمىل چاي سېلىپ بولۇشى قاتتىق باغلانغان كامال بىلەن زارىپ كىرپە ئىشخانىدا ھازىر بولدى. ۋاڭ يۈكىنىڭ ئالىيىپ قارىشىدىن بەكلا ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغان قادىر ئىككى كالتەكلىككە ۋارقىراپلا كەتتى:

— ۋوي زوۋانغا پوق يەيدىغان ئىستارىلار، ئۇلارنى نېمىشقا باغلاشتىڭلا، يەنە نېمىگە پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ تۇرۇشىسەن، يەشمەمسەن؟

ئىككى كالتەكلىك كەلگەنچە شاپۇر - شۇپۇر ئارغامچىلارنى يەشكەن ئىدى، بىلەكلىرى كۆكىرىپ ئىششىغان كامال بىلەن زارىپ كىرپىنىڭ مەيدە، دۈمبىلىرىدە ئارقان پېتىپ قىزارتقۇەتكەن ئىزلار كۆرۈندى.

— ھەي ھارۋىكەش، — دېدى ۋاڭ يۈك ئاچچىقى بىلەن، — ماي زاۋۇتى قۇمتامغا مۇكاپاتقا بەرگەن ئوغۇتلارنى راستىنلا قاراڭغۇ بازاردا ساتماقچى بولدۇڭما؟

— بوقسىنۇ جۇيجاڭ، بېشىم ئون ئەمەس، — كامال ۋاڭ يۈكىنىڭ كۆزىدىن ھەممىنى چۈشەندى، — ئەگەر ئۇنى ساتسام

كەتتىكى رەھبەرلەرگە قانداق جاۋاب قىلىمەن؟

— ئەمىسە، — ۋاڭ يوڭ زارىپ كىرىپكە قارىدى، — بۇ ھايانكەشنى ياتىقىڭغا نېمىشقا ئەكىردىڭ؟

— بۇ ئادەم بىزنىڭ كەتتىن، ئانىسى بىر خالتا گۆلىقاق ئەۋەتكەن شۇنى بېرىۋېتەي دەپ، ياتاقتا ئاپارغان ئىدىم.

ۋاڭ يوڭنىڭ ئۆزىگە غەزىپى كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالغان قادىر ئىشنىڭ چىڭىغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي دەرھاللا ئىككى كالتەكلىككە «يوقىلىش، نان قېپى ھەزىلەكلەر!» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ھىجايغان پېتى ۋاڭ يوڭنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ۋاڭ جويجاڭ ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ··· تېگىل كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بولسىلىرى، مەن ھازىرلا ئوغۇتلارنى دەڭگە يەتكۈزۈپ بېرەي.

ۋاڭ يوڭ كامالنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچكەندەك زارىپ كىرىپمۇ غىپپىدە قىلىپ بىر كوچىغا كىرىپ غايىب بولدى. ئەتىگەن سەھەر تۆت دانە سوغۇق سامسا بىلەن ناشتا قىلىۋالغان كامالنىڭ قورسىقى ئېچىپ كۆڭلى ئېلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ۋاڭ يوڭنىڭ يولدا كېتىۋېتىپ دەۋاتقان گەپلىرى، نەسىھەتلىرىنىڭ بەزىلىرى قۇلىقىغا كىرسىمۇ، بەزىلىرى كىرمەيتتى.

— ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرى خىيانەت، ئوغرىلىق، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالساڭ دېھقانلارغا يۈز كېلەلەمسەن؟

— ۋاڭ جويجاڭ، سىز خۇددى تۆۋەنگە چۈشمىگەندەك، يەرلىك سىياسەتلەرنىڭ قانچىلىك رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىز.

— سەن ئۇلارنىڭ هارام نەرسىلىرىنى سېتىپ بېرىپ، سۈكۈت قىلىۋەرسەڭ، ئۇ ھاراماتاماقلارنىڭ نەپسى تېخىمۇ

يوغىناپ، قۇمتامنى پۈتۈنلا يۇتمامدۇ؟ — ۋاڭ يۇڭ سائىتىگە قاراپ ئارقىدىن كۆڭگە قاراپ قويدى، — نېمىشقا ئۇنداق قورسىقىم ئېچىپ كەتتىكىن دېسەم، چۈشتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، جۈر بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورساق توملايلى.

— مەندە ئاشلىق بېلىتى يوق جۇمۇڭ.

— مەن ئاشلىق بېلىتى، سەن پۇل چىقارساڭ بولمامدۇ، — ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

ئۇلار يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ «ئويناڭ پاتەم» ئاشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. شەھەردە ئۇنىڭدىن باشقا «سەتەڭ پاتەم»، «كىچىك پاتەم» دېگەن ئاشخانىلارمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرەر كارخانا، يېزا ياكى سودا سارايلارنىڭ قارمىقىدا ئىدى. بۇ ئۈچ پاتەم بازار تالاشقانسېرى تاماقلىرى ئېغىزدا قالغۇدەك سەرخىللىشىپ، رەڭگارەڭ قورۇملىرى تاماقتا قالاتتى. ۋاڭ يۇڭ بىلەن كامال ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەخسىدىن لەگمەن بۇيرۇشتى. تاماق چىققىچە سۆھبەتنىڭ قۇيرۇقى يەنە ئۇلاندى.

— مېنىڭمۇ سىزدىن بەتتەر ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئامال قانچە، — دېدى كامال سەل قىزىشىپ، — ئاشۇ قارا قورساق، ئاچ كۆز، مەنمەنچى، يوغانپۇق يەرلىك كادىرلارنىڭ ياۋۇزلىقى ھەممىگە ئايان تۇرسا.

— تولا ھاياجانلانما، سەل ئاشۇرۇۋېتتىڭ، خۇددى مەن يېزىلاردا ئىشلەپ باقمىغاندەك گەپ قىلىسىنا.

— ۋاڭ جۇيجاڭ سىز 50 ـ يىللاردىكى ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، پومېشچىك ـ زومىگەرلەرنى باستۇرۇشتا قۇمتام كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپتىكەنسىز، ئۇ چاغدىكى دېھقان كادىرلار ھازىر نەدە قالدى؟

— ئون نەچچە يىلدىن بېرى يېزىلارغا چۈشمىگىنىم بىلەن سەنمۇ ئاڭلاپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ قۇمچاقار، ئەلئاباد يېزىلىرى قاتناش قولايسىز، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلىرى

ۋاقىتىدا يېتىپ بارالمايدۇ. يەرلىك كادىرلارنىڭ ئۆزخان، ئۆز بەگ بولۇپ كەتكىنى راست، دېھقانلارمۇ ئۇلارنىڭ سىلىقۋاتقان زۇلمىدىن بىزار.

— مانا بىلىدىكەنسىزغۇ، مەن ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويسام مېنى تىرىكلا يەۋەتمەمدۇ.

— بۇ دېگىنىڭمۇ يولۇق، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ھەر بالا كەلگۈدەك، ھاشىمنىڭ تەقدىرىنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن.

— مېنىڭ قېرى ئانام تۇرسا قورقمادىم، ھاشىم شۇجىمۇ ئۇلارنىڭ يولىدا توغرا تۇرغان ئىدى. بىر تۆھمەت بىلەنلا موللاق ئاتتىدىمۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئارا تۇرمىغان بولسىڭىز، ھاشىمكام تۈرمىدە ياتاتتى.

مۇلازىم چوكان چولڭ لېگەندە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىككى تەخسە لەڭمەننى جوزىغا قويۇپ، ئارقىدىنلا بىر ئاپقۇر ئاش سۈيى ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ يۈڭ ئاچچىقسۇنىڭ ئارقىسىدىن قىزىلمۇچ قىيامىنى بولدى دېگىچە سېلىپ لەڭمەننى قىپقىزىل بويىۋەتتى. كامال ئېشىنى يېمەي تۇرۇپ ئاغزى ئېچىشقاندەك تامشىپ قويدى.

— ۋاي - ۋۇي مۇچ قىيامىنى نېمانچە سالىسىز؟ — كامالنىڭ تەرى تۇرۇلدى، — تەرەتخانىغا بىر كىرىۋالغانچە كۈن ئۆلتۈرۈپ كەتسە، يەڭگىمىزنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالامسىز؟

— تاپقان گېپىڭنى قارا، — ۋاڭ يۈڭ كۈلدى، — مۇچ دېگەن قارا، ئاشقازاننى قىزىتىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئۇقتۇڭما؟

— ئاشلىق نورمىڭىز يەتمەي شاتىراق گۈلىقاق، ئەتىسىز مونەك، خام كاۋىلارنى يەۋېتىپ تۇرۇپمۇ، تېخى ئىشتىھادىن گەپ ئاچىسىزغۇ.

— ھا ... ھا ... ھا... — ۋاڭ يۈڭ تورۇسقا قاراپ كۈلۈۋەتتى، — بۇنداق دېيىشىڭنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ئادەمگە ئىشتىھا دۈشمەن بولۇۋاتقاندا دېگەن گېپىمنى قارا! خوتۇنۇممۇ ئاشۇنداق پەلىپەتىش گەپلىرىمنى تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىمنى بېرىپلا

تۇرىدۇ.

— ھازىر ئاتلىرىمنى قېتىپ قۇمتامغا قايتىمەن، — دېدى كامال تەخسىسىگە ئاش سۇيى قويۇۋېتىپ، — ئاخشام ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئوغۇتلارنى قانداق قىلىسەن؟

— ساۋۇركامغا تاشلاپ قويسام، مەن يەنە بىر كەلگىچە سېتىپ قويىدۇ. ھازىر ماڭسام چۈلئېرىق كەنتىگە بېرىۋالىمەن. ئەتە قۇمتامغا بالدۇرراق يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ. ھاشىمكامغا دەيدىغان گەپلىرىڭىز بارمۇ؟

— ئۇنىڭغا دەپ قوي، بەردەمرەك بولسۇن. ھامىنى ئاقلىنىدۇ. ئۇ ئەللىكىنچى يىللىرى قۇمتامدا بىرىنچى بولۇپ پارتىيىگە كىرگەن ئاق كۆڭۈل، غۇرۇرلۇق ئادەم ئىدى، — ۋاڭ يۇڭ ئېغىر خورسىندى، — ئۇنى ئۆزۈم تەربىيىلەپ پارتىيىگە ئېلىپ كىرگەن. لېكىن ئىگەمبەردى شۇ چاغلاردىلا خۇتۇنپەرەس ئىمىتى.

— ھاشىم شۇجىنى بىر كېچىدىلا كالا ئوغرىسى قىلىپ قويغان ئىشتا ئىگەمبەردىنىڭمۇ شېپىگەرچىلىكى بار.

— مېنىڭچە ھەممە ئەسكىلىكنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالغان ئادەم چاۋاركەن.

— توغرا پەرەز قىپسىز، ئۇ بۇقىنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان، زەنجىرنى سىلكىمەي ئۈزىدىغان سېھىرگەر، — كامالنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — ئەگەر مەن ئۆلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىسام مېنىمۇ بىر كېچىدىلا قاتىل، ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ.

— بۇندىن كېيىن قاراڭغۇ بازاردا سېتىلغان ھەرقانداق نەرسىنى يېزىپ ماڭغىن، — كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچكەن ۋاڭ يۇڭ نەگىدۇر تىكىلىپ قالدى، — يەنە كەنتتىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزگەن مەھسۇلاتلارنىڭ مال تۈرى، سانى، پۇلى،

تالون نومۇرى، ۋاقىت، ئورۇنلىرىغىچە يېزىۋېلىپ، ئاندىن مەتىسىدىققا ئۆتكۈزۈپ بەر.

— نەچچە يىلدىن بېرى يېزىپ كېلىۋاتىمەن، چۈنكى مەن ئوغرىنىڭ قازناقچىسىدەك ئىش قىلىۋاتىمەندە.

— ئەڭ ياخشىسى مەتىسىدىق ساڭا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق تالونى بېرىشى كېرەك.

— ماڭا تالون بەرسە، ئۈچ يالماۋۇز پۇلنى قانداق بۆلۈشۈۋالىدۇ.

ئۇلار تامىقىنى يەپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشى ۋاڭ يۈك ئاشلىق بېلىتى بىلەن تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. كامال يېنىنى كولىغان ئىدى، ئۇ «بولدى قىل» دېگەندەك ئالىيىپ قويدى.

— كامال، ناھىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتمىز دېگىلى بىر يىل بولدى. لېكىن ئۇلار بەك ئالدىراش. بۇ قېتىم ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا قۇمتامنىڭ ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ قۇمتاملىق دېھقانلارنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتىڭىز.

— بىر گەپنى ئېسىمگە كەلگەندە سوراۋالاي، مېنىڭ ۋاڭ يۈك ئىكەنلىكىمنى ئىگەمبەردىگە دېدىڭمۇ؟

— ياق.

— ئوبدان قىپسەن، ھازىرچە ئۇ خوتۇنپۇرۇش ئۇقمىسۇن. بۇندىن كېيىن شەھەرگە كىرسەڭ بەك ئېھتىيات قىل، ئالدىنقى قېتىملاردا بازار باشقۇرۇش، ئامانلىق قوغداش مىنىبىڭلارغا تۇتۇلغىنىڭنى بىلمىگەچكە قادىر دۇيجاڭ بۇ قېتىم غىڭ قىلالمىدى. ئۇقتۇڭما؟

— ئۇقتۇم، خوش ئەمىسە.

كامال ۋاڭ يۈك بىلەن خوشلىشىپ دەڭگە كەلگەندە ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا ھايانكەش زارىپ كىرىپە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ جۇسادۇي ئىشخانىسىدا قادىرنىڭ «ئوغۇتلارنى دەڭگە يەتكۈزۈپ

بىرىمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدى. چۈنكى ئوغۇتقا خېرىدار تەييار بولغاچقا، ئۇياقتىن ئېلىپ، بۇياقتىن ئۆتكۈزۈپ بولغىچە خېلىلا نەپكە ئېرىشەتتى. زارىپ كىرىپ چەمبەرچاس باغلىنىپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولانغاندا «قانچە يىل كېسىلىپ كېتەرمەن، ئەمدى ھەرگىز بۇ يولدا ماڭماسمەن» دەپ نەچچە مىڭنى توۋا قىلغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ۋاڭ جۈيجاڭنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئۇنى باشقىدىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ: «توۋا ما ھارۋىكەشنىڭ يامانلىقىنى، بىر خەنزۇ باشلىقنى قانداق قىلىپ ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدىكىنە!» دەپ ھەيران بولاتتى.

— ئۇكا، مەن سېنى ساقلىغىلى نىۋاخ، — دېدى زارىپ كۈچۈكلۈنۈپ، — پۇلنى بىرىپ ئوغۇتلارنى ئېلىپ كېتەي دېسەم دەڭجا زادىلا ئۇنىمىدى. مانا ساقمۇساق 850 سوم.

ئۆزىنى ئوتقا ئىتتىرىپ بەرگىنى تاس قالغان ئاپەتكە دەرھاللا خېرىدار چىققىنىغا خۇش بولۇپ كەتكەن كامال ئەللىك سومنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ زارىپ كىرىپكە تۇتقازدى.

— بۇ پۇلغا بالىلىرىڭغا كىيىم ئېلىپ بەر... ئەمدى ئوغۇتنى دەرھال كۆزدىن يوقات!

— پوھوي، — زارىپنىڭ كۆزلىرى بىر تەڭنە سۈتنى كۆرگەن مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ كەتتى، — مۇنداق مەرد ھاتەملەر بارىكىنا ... توختا ئۇكا، مەن سېنىڭ بىلەن باشقىدىن كۆرۈشۈپ، مەزمۇتراق تونۇشۇۋالاي.

كامال ئۇنىڭ قۇرۇق، ھاياجانلىق گەپلىرىگە قولاق سالمايلا دەڭ ئىچىگە كىردى ـ دە، ۋاقىرىدى:

— ساۋۇركا ئوغۇتلارنى مۇنۇ بۇرادەرگە بېرىۋەت. مەن ئالدىرايمەن.

كامال ئاتلارنى ئېلىپ چىققىلى ئالدىراپ ئېغىلغا كىرىپ كەتتى...

# ئۈچىنچى باب

## قۇمتاملىقنىڭ ئۈمىدى

كۆجۈم مەھەللىلەر، ياپيېشىل شاللىقلار، كۆكۈمتۈل بۇغدايزارلار، بولۇق قوناقلىقلار، سارغىيىشقا ئۈلگۈرگەن ئارپىلىقلار، ئالا ھازەل ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن ئېتىزلار، ئەترابى يۇلغۇن قوشاملىرى ۋە شاخ ـ تىكەنلەردە چىتلانغان بېھىشتەك باغلار، توغراقلىق قاراڭغۇ ئورمانلار ··· پاخال ئۆگزىلىرىگە قارىداپ كەتكەن پاخال، سامانلار دۆۋىلەنگەن پاكار دېھقان ئۆيلىرى، ئەگرى ـ بۈگرى مەھەللىلەر ئارقىدا قالماقتا ئىدى. ئەمدىلىكتە تاپۇر ـ تۇپۇر قىلىشقان ئاتلار، مايسىرىغان ھارۋا غىچىلدىغىنىچە ئاپئاق شورلۇق، چاتقاللىقلار ئارىسىدىكى تاقىر يوللاردا كېتىۋاتاتتى. قۇياش غېرىبانە كەنت باغلىرى ئىزنالىرىغا باش قويغان بولۇپ، كۈنپېتىش تەرەپ ئوتقاشتەك قىپقىزىل تاۋلىنىپ كەتكەنىدى. پايانسىز قۇملۇقنىڭ سېھرىي خاسىيىتىمۇ نېمە، قۇياش چىقىش ۋە ئولتۇرۇش مەزگىلىدە چۆل ئاسمىنى شۇنچىلىك جازىبىدار چاقناپ كېتىدۇكى، قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، سۇس مايسىرەڭ ۋە بىنەپشە نۇرلار مۇجەسسەم بولۇپ، جەنۇب قىزلىرىنىڭ گۈل ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئەتلەس كۆڭلەك، شايى روماللارنىڭ ئەندىزىسىنى ئەھيا قىلاتتى. كامال سەھەر ۋە ئاخشامنىڭ بۇنداق سۈزۈك، پاكىز، رەڭدار رۇخسارىغا قاراپ تويمايتتى. تىكىلگەنسېرى كۆزلىرى لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلارغا تولاتتى ···

ئاسمان سەتھىسىنىڭ ئوتتاشتەك قىزىرىپ كېتىشى ئۇنىڭ بالىلىق كەچمىشلىرىنى، قىپقىزىل قانغا بويالغان مەرھۇم ئاتىسىنى، قۇملاردىكى تۇگۇر - تۇگۇر قان ئۇيۇتمىلىرىنى ئەسكە سالاتتى ··· بىراق ئۇنىڭ ئەلەمزېدە بولغان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان نەرسىلەر ھارۋىدىكى بوپا، سومكا، خالتىلار ئىدى. ئۇ بۇلارغا قارىغىنىدا، ئۆزىگە مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قاراۋاتقان دېھقانلارنى، خۇشاللىقتىن سەكرىشىۋاتقان نارەسىدە كۆزلەرنى، تىلەك تىلەۋاتقان بوۋاي - مومايلارنى كۆرگەندەك بولاتتى - دە، تارتقان جاپا - مۇشەققەتنى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى.

— قېنى جانىۋارلار ئالغا! — كامال قامچىسىنى قارسىلدىتىپ ھاۋىدا ئوينىتاتتى، — مانا قاراڭلار چۆلئېرىققا كېلىپ قالدۇق.

گۇگۇم بىلەن تەڭ ھارۋا «چۆلئېرىق» كەنتىگە كىرىپ كەلدى. قاناتلىرى سارغۇچ قاغجىراپ كەتكەن يوغان دەرۋازا ئۈستىدىكى كېلەڭسىز تاختايغا قوپال ۋە سەت يېزىلغان «چۆلئېرىق دەڭ» دېگەن خەت يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كامال ئاتلىرىنى دەڭ قورۇسىغا ئەكىرگەندىن كېيىن، ھارۋىدىكى سومكا، خالتا، بوپا ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەرگە چۈشۈردى. ئاندىن ئاتلىرىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ تۇرۇشى كۆرەك ساقال، يۈزىنى ئىششىك قىسىۋالغاندەك سوزۇنچاق، تۆش سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىققان، قىزغۇچ مەيدىسىدە شالاڭ تۈكلەر تولغىشىپ تۇرغان، ئورۇق، ئېگىز، 48 ياشلاردىن ئاشقان دەڭچى شانىياز يىراقتىنلا ۋارقىراپ يېتىپ كەلدى.

— كامال بۈگۈن خېلىلا بۇرۇن كەپسەنغۇ، غىلىتاڭ ئوتتۇرا كېچىدە دەرۋازا قاقاتتىڭ؟

— شەھەردىكى ئىشىم بالدۇر تۈگىدى، — دېدى كامال ياندىكى ئاتلارنىڭ تانقۇلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، — شانىيازكا پىت، بۈرگە يوق بىرەر ياتىقىڭ بارمۇ؟ ئۆتكەندە بىر كېچە بۈرگە تالاپ

ئۇخلالمىدىم.

— پىت، بۈرگىدىن قورقىدىغان ئادەم ئۇدۇللا ئەلئابادقا كېتىۋەرسەڭ بولماستى.

— ھازىرمۇ ئۆلتۈرۈپ مەن چىدىمايمەن، ئاتلار قانداق چىدايدۇ. «قوم قاينام» داۋىنى «ئۆلۈك قوم» جىلغىلىرىدىن چىقالماي، چۆلدە قالارمەن.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بەگزادىدەك تەلەپ قويماي يېتىۋەرمەمسەن، — شانىياز ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى، — كامال، ئاتلىرىڭنى ئۇچىنچى ئوقۇرغا باغلا، توغرالغان پىچان سېلىپ قويدۇم. لاقا - لۇقاڭ كۆپكەن، ئاۋۇ چەتتىكى ئايرىم ئۆيدە يات. ئىچىنى تاقىۋالارسەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ دەگدە ئۆزى يوق، ھېلى قويغان ھېلى يوق.

— رەھمەت شانىيازكا.

— ئۆتكەندە بەكمۇ خامۇش ئىدىڭ. بۇگۈن خېلى شاش كۆرۈنىسەنغۇ، شەھەرلىكلەردىن ئاشنا تۇتۇۋالدىڭمۇ - يە؟

— مەن ئۇنداق كوچىلاردا يوق جۇمۇ، شانىيازكا، ھازىرغىچە ساق ساقلىغان خۇدا، بۇندىن كېيىنمۇ ئىلتىپاتىنى ئايىماس.

ئەتىسى سەھەر چۆلئېرىق دېگەندىن ئايرىلغان كامال كۈن ئېگىلگەندە قۇمتام كەنت تەشكىلىگە كىرىپ كەلدى. باللار «كامالكام كەلدى» دەپ چۇرقىرىشىپ مەھەللىنى بېشىغا كىيىشتى. كامال بىلەن ئەخمەت ئاتلارنى چىقىرىپ، ئېغىلنىڭ تۆۋرۈكلىرىگە قاڭتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ھارۋىنىڭ توشۇلۇق، تۆشباغ، قۇشقۇن، بوجا، بوغا - جاۋاڭلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە ئەكىرگىچە ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېھقانلار، ئۇششاق بالىلار ئالدىرىشىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ تەقەززاسىدا، ھارۋا ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانىدى. باللارنىڭ خۇش خەۋىرىدىن مەگدەپ قالغان نېۋىخان ئانىمۇ توزۇپ تۇرغان چار چاچلىرىنى ياغاچ تارغاقتا

تاراپ، ئاپئاق داكا رومىلىنىڭ ئىچىگە تىقتى. ئاندىن ئىرغاڭلاپ كەنت تەشكىلى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئىچىدە: ھارۋىكەش جاپاكەش، دەپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىكار ئېيتماپتىكەن. بۇ بالا ئەجەب بىر جاپاكەش بولۇپ قالدىغۇ... دەپ ئويلىدى.

نىيۇخان ئانا كەنت تەشكىلى ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ھارۋا ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەم باللار قوللىرىدىكى ئىشتان، چاپان، كۆڭلەك، پوپايكا، ئاياغلارنى ئۆزلىرىگە ئۆلچەپ كۆرۈپ خۇشلۇقىغا سىغمايتتى. چايلارنى پۇراپ بېقىپ: «ئەجەب پۇراقلىق قارا چايكەن» دەپ داڭلىشاتتى. ئاپئاق چاچلىق بىر موماي پورەڭ تور رومالنى بېشىغا ئارتىپ بېقىپ ئۆزىگە ئۆزى «خويمارا، بىر چاغلاردىكى چوكانلىقىمغا ياندىغاندەكلا قىلىمەنا... » دەپ خىرقىراپ كۈلەتتى. ئەخمەت گاچا قولىدىكى ئاپئاق كۆڭلەكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ قانداقتۇر ئىشارىلەرنى قىلاتتى. تېخى ئۇ، قارا كەمپۈتنىڭ قەغىزىنى ئېچىپ، تىلىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ چىراپى مەغەز گۈلىدەك ئېچىلىپ كەتتى. لېكىن پايلىمىغاندەك كەمپۈتنى يەنە قەغىزىگە ئاۋايلاپ ئوراپ قويدى. نىيۇخان ئانا ئوغلىنىڭ بەكمۇ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشتىن يالتايدى. ھارۋا ئۈستىگە چىقىۋالغان كامال ئۇششاق باللارغا خەت، نومۇر چۈشۈرۈلگەن مايكا، كالتە ئىشتان، رېزىنكا ئاياغ، دەپتەر، قېرىنداش، ئۆچۈرگۈچلەرنى تارقىتىۋاتاتتى. باللار خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشاتتى. ئىشتان - مايكىلىرىدىكى نومۇر ۋە سۈرەتلەرنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشەتتى. بۇ ئەسنادا نىيۇخان، چاۋارنىڭ خوتۇنى ئوغۇلخان، مەتسىدىقنىڭ خوتۇنى سائادەتلەرنىڭ كالپۇكلىرىنى ئۆرۈشۈپ، دىماغلىرىنى قېقىپ گەپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ئاشلىق ئامبارغا ئايلىق نورمىسىنى ئالغىلى كەلگەن بولسا كېرەك. قوللىرىدا مايلىق قاپاق، خالتىلار بار ئىدى.

## ئەكىلىماكان ئۆزلى (1)

— بۇ دىۋانىلارغا ھەيۋەت بولىدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئوغۇلخان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — خەقنىڭ ئاشقان - تاشقان ئاداسقىلىرىغا خۇش بولۇپ كەتكىنىنى كۆرەيمۇ.

— تېخى ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئۇۋاقلىرىچۇ، — سائادەتنىڭ كالپۇكلىرى ئۆرۈلدى، — كامالنىڭ تاپىنىنى يالىغۇدەك بوپتۇ.

نېۋىخان ئانا ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. چۈنكى ئىككى بىشەم خوتۇننىڭ سېسىق گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىغدەك سانجىلغانىدى.

باللارنىڭ رىزقى - نېسىۋىلىرىنى تارقىتىپ بولغان كامال ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ بىر - بىرىگە كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىنى دېيىشىپ، كۆلۈشۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان شۈكۈر - قانائەتلىك دېھقانلارغا، چۇرقىرىشىپ، قوغلىشىپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشكەن باللارغا قاراپ جېنى سۆيۈندى، كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلدى. دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقىنى، باللارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى، شادىمان چىرايلىرىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش كامال ئۈچۈن ئېيتقۇسىز بەخت تۇيغۇسىنى ئاتا قىلاتتى. بۇنداق ساۋاپلىق ئىشلاردىن ئۇنىڭ بەھرى ئېچىلىپ، يۈرىكى شادلىققا تولاتتى. ئىچىدە: ئەگەر كەنتتىكى ئۈچ غالجىر ئىت بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، ئەمىنلىكى، غەمسىز - پاراغىتى مەڭگۈلۈك بولماسمىدى، دەپ ئويلايتتى. بىچارە، مۆمىن، ساددا، سەممىي، تۈز كۆڭۈل دېھقانلارنىڭ رىزقىغا چاڭگال سېلىۋاتقان چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرگە تەگرىدىن جازا تىلەيتتى. ئەگەر قۇدرىتى يەتسە، ئۇلارنى بىر كېچىدىلا قۇملۇققا تىرىك كۆمۈۋەتكىسى كېلەتتى.

— ئاھ ··· ۋا - ۋا، ئي ··· ئە··· — خىيال بىلەن بولۇپ قالغان كامال ئەخمەتنىڭ غەلىتە ئاۋازىدىن چۆچۈپ قارىدى:

— ئەخمەتكا، ھازىر ئىگەمبەردىكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىپ، ئاندىن ئۆيگە بارىمەن.

— با، بى، با ... ئا ... تى، مې ... مە... ، ... ھام ... ھام...

— بوپتۇ ئەخمەتكا، ئاتلارنى يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئوتقا قويي، ھازىرچە قاڭتۇرۇۋەت، مەن كەتتىم.

كامال ئەخمەتنىڭ ھەرخىل ئاۋازى بىلەن قول، كۆز ئىشارىلىرىنى باغلاپ، ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ «ئۆيۈڭگە بار، ئاناڭ ساقلاپ قالمىسۇن، ئاتلارغا ھازىر يەم بېرەيمۇ؟» دېگەندەك گەپلىرىنى ئاسانلا بىلىۋالدى. قىسقىسى ئۇ، ئەخمەتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالايتتى. كىچىك چاغلىرىدا ئەخمەتنىڭ پاجىئەسىنى كۆپ ئاڭلىغان كامال ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئويلاپ كېلىۋېتىپ دىمىغى زىڭڭىدە ئېچىشتى - دە، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش يامرىدى. سۆيگۈ، مۇھەببەت، ۋاپا يولىدا تىلىدىن ئايرىلغان بۇ ناتىۋان تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي، ئىمانى پاك يىگىت ئىدى. توۋا، دۇنيادا ئادەمدەك غەلىتە نەرسە يوقكەن، زومىگەر ۋاسلىبەگ ئېتىلغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىغا بارالمىدى ھەم بېرىشنىمۇ خالىمايتتى. قۇملۇق جىلغا قىزىغانسېرى قانلىق جەسەت ئۈستىدە كۆپكۆك چىۋىنلەر گاژىلدىشىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. بىر كەمدە تىلسىز ئەخمەت توپ ئارىسىدىن چىقىپ، ئاستا - ئاستا پەس جىلغىغا چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا پۇراشقا ئۈلگۈرگەن جەسەتنى يۆدۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئەخمەت ۋاسىلنى يۇيۇپ، تاراپ، ئىگىنىنى چېتىپ، كېپەنلىككە ئالغاندىن كېيىن تۈن نىسپىدە ئۆزى يالغۇز يەرلىككە قويدى. قەبرە بېشىدا سەھەر شەپقى تارالغىچە نېملەرنىدۇر گۈڭگىراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ «ۋاپادارلىقى» قۇمتاملىقنىڭ ئېغىزىدا خېلى چاغلارغىچە سۆز - چۆچەك بولۇپ، ھەر كىم ھەر نېملەرنى دېيىشتى. تېخى بەزىلەر: «ساراڭ، ۋاسىل زومىگەر تىلىڭنى كەسمەي، بېشىڭنى كېسىۋەتسە بوپتىكەن... » دەپ تىللاشتى. لېكىن ئۇ: «با ... با... ، نۇ ... نۇ ... نۇ، داد ...

داد··· » نى ئاران دەپ بولۇپ ئاندىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ: «مېي ··· مە، داد ... داد ... مە ... ھە ...» دېگەنىدى. ئۇنىڭ نۇربانۇمنىڭ دادىسى مېنىڭمۇ دېگىنى ئوچۇقلا تۇرمامدۇ! ھەي··· چەرخىي پەلەك ئادەملىرىڭدىن ئۆرگىلەي ··· ئۇلارنىڭ دەريا كەبى كۆڭۈللىرىگە ئاپىرىن!···

مۇڭلۇق ناخشىدەك، غېرىب خىياللاردا ئىگەمبەردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان كامال دەرۋازا ھالقىسىنى بىرنەچچە قېتىم شاراقلاتقاندىلا، ھويلا ئىچىدىن كەنت باشلىقىنىڭ «ھە، مانا كەلدىم» دېگەن غۇدۇ ـ دۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دەرۋازا ئېچىلدى.

ــ ۋۇي كامالغۇ بۇ، شەھەردىن ھازىرلا كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ قېنى كىر.

ئىگەمبەردى كامالنى باشلاپ دالان ئۆيدىكى سۇپىدىلا ئولتۇردى. ئۇ چاي قىلاي دېۋىدى، كامال ئۇزرە ئېيتىپ زادىلا ئۇنىمىدى. نىساخان باللىرىنى ئېلىپ قۇماقتى كەنتىدىكى جەددى ـ جەمەتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كەتكەن بولسا كېرەك، ھويلا ـ ئارام، ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. «خوتۇنۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئىشىكىڭنىڭ ئىلگۈچىسىگە ئىشەن» دېگەن تەمسىلگە بەكمۇ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىگەمبەردى بۇنداق «ئېلىم ـ بېرىم» ئىشلىرىنى خوتۇنىدىن خۇپىيە تۇتاتتى. شۇڭا ئۇ قورقمايلا: «ھە، ئاق ئوغۇتلارنى سۇ قىلالىدىڭمۇ؟» دەپ يالىتتىدە قاراپ قويدى. كامالمۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ بېرىشى ئۇ باش بارمىقىغا تۈكۈرۈپ سانىدى. بارماقلىرىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قايتىدىن يەنە بىر قېتىم ساناپ چىقتى:

ــ خالتىسىنى سەكسەن سومدىن سېتىپسەنده، ھە بوپتۇ.

ــ «ھە، بوپتۇ» دەيدىلىغۇ، ھۆكۈمەتتىن 26 سومدىن بەرگەن ئوغۇتنى 80 سومغا ساتسام يەنە بولماپتىما؟ كۆرگەن خورلۇق ـ جاپالىرىمنىغۇ دېمەيلا قوياي.

— يا، ياق، دېمەكچى بولغىنىم، — ئىگەمبەردى قىزاردى، — ئالدىنقى قېتىملاردا 85 ~ 90 سوملاردىن ساتقىنىڭنى چاۋار، مەتسىدىقلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم.

— ئۇنداقتا ھەر خالتىسىدا 10 سومدىن قايرىۋالدىم، ئەمدى ئۇققانلا؟

— سەن ئۇنداق قىلمايسەن، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— ئەمىسە نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟

— بولدى، بولدى، خاپا بولما، — ئىگەمبەردى بىردىنلا ھورىدىن چۈشتى، — مۇنداقلا دەپ قويسام كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتتىڭما؟ بۈگۈنكى بازار ئەتىكى بازارغا ئوخشىمايدۇ - دە، ھە، راست ساڭا بىر خالتا ئوغۇت بەرمەكچى ئىدىم، ھازىر ئېلىپ كېتەمسەن؟

— سىلىدە تۇرغاچ تۇرسۇن، كېيىنچە بىر گەپ بولا.

— كامال ئىنى، — ئىگەمبەردى سەتلا ھىجايدى، — بۇدا قاتنىشىڭغا ئازراق نەرسە تەييارلاپ قويدۇم. جۇرۇ كۆرۈپ باق.

ئىگەمبەردىنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا كىرگەن كامال سۇپا ئۇستىدىكى ھەر خىل چىتلاردىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپىلەرنى، رەڭسىز سىدام كىگىزلەرنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. ئۇ دەرھاللا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، ئىگەمبەردىگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاچچىق ئىنتىزار ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىدىن: «بۇ نەرسىلەرنى ھۆكۈمەت نامراتلارغا قۇتقۇزۇش ئۇچۇن بەرگەن تۇرسا، ئەمدى بۇلارنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلساڭلار سىلەردە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەن ئىگەمبەردى قىزىرىپ تاتىرىپ، دۇدۇقلىدى.

— ئورنىغا يوتقان - كۆرپە، كىگىز بەرگەن تۇرساق، — ئىگەمبەردى ئاستا غودۇڭشىدى، — بەربىر ئوخشاش ئەمەسمۇ.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەندە! — كامال ئېڭىكىنى

قاماللىدى، ــ مەن تېخى دېھقانلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەي يۈرۈپتىمەن. سىلەر، بالىلىرىڭلارنىڭ يوق ـ سۈيدۈككە پىشلىپ كەتكەن يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى، يۈلتۈز كۆرۈنگۈدەك يىرتىق كىگىزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئاپسىلەردە!

ــ ئەجەب زىغىرلاپ كەتتىڭا، ساڭا نەپ تەگمىگەندەك، نېمىلا ساتساڭ نېسىۋەڭنى بېرىۋاتىمىزغۇ، ئۇلار سېنىڭ مەيدەڭگە تەپمىگەندۇ؟

ــ مەيدەمگە تېپىش ئەمەس، كارنىيىمنى بوغۇۋاتىدۇ...

ــ كامال ئىنى، تۇرمۇشۇڭ ئۆزۈڭگە ئايان، ــ ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملاشتى، ــ ئاناڭ كېسەلچان، 26 ياشلارغا كىرىپ قالدىڭ، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارغۇڭ يوقما؟

ــ بۇ نەرسىلەرنى، ــ ئامالسىز قالغان كامال دۆۋىلەنگەن نەرسىلەرگە قارىدى، ــ چەللە باراڭدەك بېسىپ ماڭسام، ئۇنى دېھقانلار كۆرسە، سېلىنىڭ يۈزلىرىگە ياخشىما؟

ــ كېچىسى بېسىپ بېرىمەن. ئىنس ـ جىن بىلمەي قالىدۇ. مانا مۇنۇلار ساڭا قالسۇن.

ئىگەمبەردى گۈللۈك چىت كۆرپىنى بىر چەتكە تاشلىدى. ئۇ كامالنىڭ ھومىيىپ تۇرۇشىدىن «ئاز كۆردى» دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي يەنە بىر رەڭسىز ئاق كىگىزنىمۇ قولىغا ئالدى:

ــ ئەمدى بولغاندۇ؟

ــ ماڭا لازىمى يوق، ئانام كۆرسە قۇلىقىمنى يۇلۇپ قولۇمغا بېرىدۇ.

ــ ئەقلى يوق دېۋەڭ، توي قىلساڭ لازىم بولىدۇ.

ــ كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە، دەپ ئانامنى ئاران بېقىۋاتسام ماڭا خوتۇن تېگەمدا؟ تېگەي دېسىمۇ ئالماسمىنا.

ــ ھىم ماقۇل، ــ ئىگەمبەردىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ساقىلىنى تاتىلايدىغان ئادىتى بار ئىدى، ــ چاۋار، مەتسىدىقلار

بەرسە ئالىسەن، مېنىڭكىنى ئالامسەن؟

— ئۇ ··· ئۇلار··· — كامال دەمال گەپ تېپىپ بېرەلمىدى، — بىرسى «ئاشلىق ئامبارغا نورما ئالغىنى كېلەرسەن؟» دەپ قورقۇتسا، يەنە بىرسى «ئاناڭ ئاغرىپ قالسا پۇل دەپ كېلىشىڭنى ئۇنتۇپ قالما»دەپ تەھدىت سالسا.

— بىر كىم بىر نېمە بېرەي دېسىمۇ قورقاق، تەھدىت سالغان بولامدا؟ خېلىلا ھوشيار يېتىمتىڭ، نېمە بولدى ساڭا···

— سىلى شۇنداق دېگەن بىلەن 10 خالتا ئوغۇتلىرىنى ساتىمەن دەپ تاس قالدىم گۇندىخانىدا پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولغىنى.

— نېمە، نېمە دەۋاتىسەن؟

كامال قاراڭغۇ بازاردا ئاچ قورساق ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەستە بىر ھايانكەش بىلەن كېلىشىپ دەڭگە كەلگەنلىكى، ئۇندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى زەر - زىۋىرگىچە سۆزلەپ بېرىشى ئىنگەمبەردىنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى.

— تاس قاپتۇ - دە، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — ۋاڭ جۈيجاڭ دېگەن باشلىق بولمىغان بولسا 10 خالتا ئوغۇت پۈرردە ئۇچۇپ كېتىدىكەندە ··· ھېلىقى ساۋۇر دېگەن دەڭجا مۇ زەپ ئوبدان ۋاقتىتا ئەسقىتىپتا!

— سىلى ئوغۇتنىڭ غېمىدە قاپتىلا، مەن ئۇ چاغدا نېمە بولاتتىم؟

— بولدى، بولدى، مانا ئامان - ئېسەن تۇرۇپسەنغۇ، — ئىنگەمبەردى كۆرپە بىلەن كىگىزگە قاراپ قويدى، — توختا ئۇكا ھېلىقى بىر خالتا ئوغۇتۇڭنىمۇ ئەچىقىپ بېرەي، بىر يولدىلا ئېلىپ كەت.

ئىنگەمبەردى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ كامالنى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزدى. بىر خالتا ئوغۇتنى كىگىز بىلەن كۆرپىگە

## ئەكىلماكان ئۆغلى (1)

ئورۇۋالغان كامال ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئاي ئەمدىلا تۇغقاندا ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ غەزەپلەنسە، تۇرۇپلا ۋاڭ يۇڭنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلىغىنىدا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلى يورۇغاندەك بولۇپ قالاتتى. دېمىسىمۇ چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار تەپ تارتماي ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن بۇيۇملىرىغىمۇ چاڭگال سېلىۋاتاتتى. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، كامالمۇ ئاشۇلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەلمىسىلا بولاتتىغۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى «سۈتتىن ئاقمەن»، «دەزى يوق تۇخۇمدەك ساقمەن··· » دېگىنى بىلەن، قۇمتاملىق ئۇنى «ئوغرىلارنىڭ قازناقچىسى» دېسە دەۋىرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلمىۋاتقىنى قايسىبىر قاراقچىدىن كەم؟

كامال يول بويى كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە ئۆي ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ يىراقتىنلا ئانىسىنىڭ ئېرىق بويىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرغان سىيماسىنى كۆرۈپ قالدى. نېۋىخان ئانا كۆپ ھاللاردا مۇشۇ كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ يولىغا قارايتتى. ئۇ بىر نەرسە قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان كامالنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇردى.

— ئانا تەنلىرى ساق، ئوبدان تۇرغانلا؟ سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— بالىلار «كامالكام كەلدى» دەپ چۇرقىراشقىنى نىۋاخ، — نېۋىخان تەشكىلگە بارغىنىنى دېگۈسى كەلمىدى، — ئەجەب كېچىكىپ كەتتىڭا؟

— ئۆزلىرى دائىم «ھارام نەرسىنى ئۆيگە ئەكىرگۈچى بولما» دېگەچكە ئىگەمبەردىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ كەلدىم.

— قولتۇقلاۋالغىنىڭ نېمە، بالام؟ خېلىلا ئېغىر بىر نەرسىدەك قىلىدىغۇ؟

كامال ھودۇققان ئەلپازدا نىمىلەرنىدۇر ئىزىپ ـ ئىچۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلىغان ئىدى. نېۋىخانىنىڭ بىردىنلا سەپرايى ئۆرلەپ، قوللىرىنى شىلتىگىنىچە ۋارقىراپ كەتتى.

— ماڭ، نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىۋەت. مەن ساڭا «ھارام نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرگۈچى بولما» دەپ قاقشاپلا كېلىۋاتىمەن.

— جېنىم ئانا، بۇ چاققىچىمۇ ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى دېھقانلارغا، ئەترەتلەرگە تارقىتىپ بەردۇمغۇ، ھېچ قايىسىنى سېتىپ خەجلىگىنىم يوق. بۇنىمۇ ئەتىلەتىن بېرىۋەتسەم بولمىدىمۇ.

— بۇنداق ھارام نەرسە ئۆيدە تۇرسا، ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ. ئوقۇغان نامازلىرىم، تۇتقان روزىلىرىم بىكار بولىدۇ.

ئانىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ئويلىنىپ قالغان كامال بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇردى ـ دە، «بولىدۇ ئانا» دەپ ئارقىغا قايرىلىپلا كېتىپ قالدى. ئەلۋەتتە تەقۋادار، ئىمانى كامىل ئانىنىڭ پاك ئېتىقادىغا تەركىي ھۆرمەت قىلمىسا بولمايدۇ ـ دە ... شۇڭا ئۇ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى زۇلالنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. زۇلال بەشىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، نىيىتى خالىس يىگىت ئىدى. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار ھەر قېتىم «تاپان ھەققى» بەرگەندە كامال ئۇ نەرسىلەرنى زۇلال ئارقىلىق دېھقانلارغا ياكى ئەترەتلەرگە بېرىۋېتەتتى. زۇلال كامالنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن بەرگەن بۇنداق نەرسىلەرگە «ئىمىزگۈ» دە ئىسىم قويۇۋالغان ئىدى.

نىل رەڭلىك ئاسماندا، تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي كەنت ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىككى تەرىپى جىگدىلەر بىلەن قاپلانغان قۇم توپىلىق يوللار، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىۋاتقان قاراڭغۇ باغلار ... ئېرىقتىكى نوردىن بوغۇق كوركىراپ چۈشۈۋاتقان سۇلار ... قەيەردىدۇر زىل

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئاۋازدا قاۋاۋاتقان كۈچۈك ··· كىچىككى تۈنگە ھاياتىي زوق بېغىشلايتتى ··· كامال كۆرپە ۋە كىگىزگە ئورالغان بىر خالتا ئاق ئوغۇتنى قولتۇقلىغان ھالدا، توغراقلىق كوچىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس سىرلانمىغان ئاق دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شىرىقلاتقاچ، بوشقىنا ۋارقىرىدى:

— زۇلال، ھەي زۇلال!

ھويلا ئىچىدىن ئالدىراپ ماڭغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «ئو··· » دېگەن جاۋاب ئاڭلىنىپ دەرۋازا قانىتى غارىلداپ ئېچىلدى. بوسۇغىدا بوي - تۇرقى كامال بىلەن تەڭلا، سىن - سىپاتى قاملاشقان، ئېگىز بوي يىگىت زۇلال پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنى، چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقى ئايدىڭدا روشەن يالتىرىدى.

— جۆر، ئۆيگە كىرەيلى، — زۇلال كامالنىڭ قولتۇقىدىكى نەرسىگە قاراپ قويدى، — يەنە «ئېمىزگۇ» ئەكەلگەن ئوخشىمامسەن؟ سەن كىچىدە چاقىرساڭلا «ئېمىزگۇ» ئەكىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

— ئۆيۈڭگە كىرمەيلى، — دېدى كامال ھويلا ئالدىدىكى دەرەخ كۆتىكىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۆيدىكىلىرىڭنى بىسەرەمجان قىلمايلى، مەشەدىلا پاراڭلىشايلى.

— ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئەكەلگەن ئۈچ خالتا ئاق ئوغۇتۇڭنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى ئەترەت باشلىقلىرىغا بېرىۋىدىم، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇغدايلارغا دان سۈيى بېرىلگەندە چاچقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— ئۇلار نەدىن كەلگەن ئوغۇت بۇ، دەپ سورىمىدىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي بۇ تونۇگۇنكى ئىش بولمىسا، بۇنداق ئېمىزگۇلەرنى سورىغىنى بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ بىلىپ كەتتى، — زۇلال يەرگە تاشلاپ قويغان نەرسىگە قارىدى، — ئەمدى بۇ قانداق ئېمىزگۇ؟

— قانداق قىلىمەنكىنتاڭ ئاداش، بۇ ھارامخورلار بىر كۈنى مېنىمۇ پوقىغا تېپىلدۇرۇۋېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

كامال كۆرپە، كىگىز، ئاق ئوغۇتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەرگەندى، زۇلالنىڭ چاسىغا مايىل بۇغداي ئوڭ يۈزى غەزەپتىن قارىداپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ زاڭاق مۇسكۇللىرى لىپىلداپ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەترىتىدىكى «بەش كېپىل» دەپ ئاتالغان قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىگە يۇقىرىدىن بەرگەن يوتقان، كۆرپە، كىگىزلەرنى تەقسىم قىلىۋېتىپ: نېمانداق كونا، يىرتىق، بەتبۇي پۇرايدىغان پاسكىنا نېمىلەر بۇ؟ دەپ ئويلىغاندى. ئەسلىدە بۇ ئۈچ ئەبلەخنىڭ ئويۇنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن زۇلال غەزەپ بىلەن يەرگە تۈكۈردى.

— مەن تېخى شەھەرلىكلەر ئىئانە قىلغان كونا نەرسىلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئاناڭنى، — زۇلال ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، — قارا، بۇ مۇناپىقلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىلىقىنى.

— بۇ شۇمبۇيلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىدىغان بىرەر چارە تاپساق بولاتتى.

— بىر مەخپىيەتلىك بار، ساڭا دەي، — زۇلال ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — بىرىنچى ئەترەت باشلىقى ئايشەم، بوغالتىر يار بەختى، ئىككىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى كېرىم موللا، بوغالتىر مېھرىگۇل، ئۈچىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى مەتنىياز، بەشىنچى ئەترەتنىڭ مەن قاتارلىقلار يوشۇرۇن يىغىن ئاچتۇق، لېكىن ئۇلارنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئەپلىك چارىسىنى تاپالمىدۇق.

— ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلايلى، — كامالمۇ ئەتراپىغا زەڭ سالدى، — ھاشىمكامدەك پېشقەدەم سېكرېتارنى بىر كېچىدىلا ئوغرى قىلىپ قويدى. چاۋارنىڭ لەقىمى چايان. ئۇ بىلىپلا قالسا سىلەرگىمۇ نەشتىرىنى سانجىيدۇ.

— ئەمىسە ئۇلارنىڭ بولاپ ـ تالىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ

تۇرامدۇق؟

— توغرا دەيسەن، ئۇلار ھەددىدىن ئاشتى، ئويلاپ باق، ھۆكۈمەت ھەر يىلى قۇمتام كەنتىگە ئاق ئوغۇت تەقسىم قىلىدۇ، — دېدى كامال ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنى مەن قول قويۇپ ئەكىلىمەن. بۇ يىل بىزگە 83 خالتا ئوغۇت بەردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىماتىدا بىر ئەترەتكە 15 خالتىدىن بەش ئەترەتكە 75 خالتا، كەنت ئىگىلىكىدىكى باغ، ئورمان، پىچانلىقلارغا 8 خالتا بەلگىلىگەن. مەن قاراڭغۇ بازاردا ساتقان، ئەترەتلەرگە تارقاتقان ئوغۇتلارنى ھېسابلاپ كۆرسەم، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار 48 خالتىنى ئۆزلىرى بۆلۈشۈپ ئاپتۇ.

— پاھ، نەپسى نېمىدېگەن يامان، ئۆزلىرى 16 خالتىدىن ئېلىپ بەش ئەترەتكە 35 خالتا بېرىپتۇ. قاتناش قۇلايسىز، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدىن يىراق دەپ بۇ خەقنىڭ يۈرىكى نېمانچە قارىداپ، يوغىناپ كەتكەن.

— تېخى ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە جەدۋەل يوللاشتا «كوللېكتىپ باغقا چېچىلدى… »، «كەنت ئورمانلىقى ئەي قىلىندى… »، «نەچچە يۈز مولۇق پىچانلىق ئوغۇتلاندى… » دېگەندەك زۇۋانى يوق باغ، ئورمان، پىچانلىققا ئارتىپ قويۇشۇپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ھىيلىگەرلىك.

— كامال، ھېلىقى ۋاڭ جۈيجاڭ دېگەن ئادەم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش ئىشىنى راست دېگەنمىدۇ ياكى كۆڭلۈڭنى ياساپ قويدىمۇ؟

— ئۇ، ئۇنداق ياسالما ئادەم ئەمەس، ھازىر ناھىيىلىك كومىتېتتىكىلەر ئالدىراش ئوخشايدۇ، — كامال چوڭقۇر ئەسنەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، — بەك ھېرىپ كەتتىم، مەن كېتەي …

— مەن ھازىرلا ھاشىمكامنى تېپىپ سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ، — زۇلالمۇ ئورنىدىن تۇردى، — سەنمۇ ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ۋاقتى كەلگەندە چاۋار، مەتسىدىقلار ھەممە توقۇناق بالانى

ساڭا ئارتىپ قويۇشتىن يانمايدۇ.

زۇلال ھەقىقەتەن چوڭقۇر پىكىرلىك يىگىت ئىدى. گەرچە كامال چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرنىڭ كۆلىگە سۇ باشلاپ، كەتمىنىنى چىپىۋاتقان بولسىمۇ، بىرەر پىشكەللىككە دۇچ كەلسىلا ئۇلار كامالنى ئوتقا ئىتتىرىۋېتىشتىن يانمايتتى.

زۇلال كامالنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئېگىز، گەۋدىلىك، خام سېمىز، قاپقارا چاۋار بىلەن 40 ياشلاردىكى خوتۇنى ئوغۇلخان ماموق ياستۇقلارغا چۆككەن ھالدا كامال توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى.

— كامال شەھەردىن قايتىپ كەپتىكەن، دېھقانلار بىلەن ئۇششاق باللارغا ھېيتلا بولۇپ كەتتى دېسە، قېرىلار: «خۇدايىم بىر جېنىمغا مىڭ جان بېرەر، توپا ئالساڭ ئالتۇن، ئاش ئالساڭ يامبۇ بولار» دەپ دۇئا قىلىشىپ كەتتى.

— قۇرۇق دۇئاغا ھۆپۈپۈپمۇ ئوسۇرۇپ بەرمەيدۇ، — چاۋار قوپاللا تەگدى، — ئۇ ئەبگارلارنىڭ دۇئاسى خۇداغا يېتىش تۇرماق، بوسۇغىسىدىكى ئىتىغا يەتسە چوڭ گەپ.

— كامال دېگەن زاغرا مونىكى ئۇدۇللاپ جىگدىلىك مەھەللىسىگە ماڭدى، ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە بارامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

— شۇ يەرگە بارماي نەگە باراتتى، — چاۋار قانداقتۇر خىيالغا بەند ئىدى، — ئىت يالىقىنى يوقلىغاندەك بازاردا سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ چوتورىنى ئېلىشقا ئالدىرايدۇ ـ دە.

— سىلىمۇ كامالنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىرىغا سالسىلا بولىدۇ.

— بازاردا ئاشلىقنىڭ باھاسى سەل تۆۋەن ئوخشايدۇ، شۇڭا كامالنى ۋاقتىنچە ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىققا تاشلاپ بەردىم.

— سىلى تاشلاپ بەردىم دەپ پىسەنتلىرىگە ئالمىغان بىلەن، جېنىم، — ئوغۇلخان يېرىم يالىڭاچ مىقىقىدە مەيدىسىنى چاۋارنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىگە ياقتى، — مەتسىدىقنىڭ خوتۇنى

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

سائادەت تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. ئۇ جۇۋاينىمەك خان ئەتلەستە كۆڭلەك تىكتۇرۇپتىكەن، ئەزەم سوپىنىڭ قىزىنىڭ تويىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قىلمىغىنى قالمىدى.

— سەنمۇ شىپىلىڭ دۇخاۋىدا تىكتۇردۇڭغۇ، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — ئىككىڭلار تۇغقان تۇرۇقلۇق نېمانچە مەنمەنلىك تالىشىسىلەر؟

بۇ ئىككى مەنمەنچى خوتۇنلار راستلا بىر ـ بىرىگە تۇغقان كېلەتتى. سائادەت ئوغۇلخاننىڭ كىچىك ئانىسىنىڭ قىزى بولۇپ، ۋاسلىبەگ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار بىر مەزگىل بېرىش ـ كېلىش قىلىشمىغان ئىدى. شۇڭا ئوغۇلخان ئىچىدە ئۇنىڭغا غۇم ساقلاپ يۈرەتتى.

— سەت ئاۋاق، ۋاسىل بېگىم ئېتىلغاندىن كېيىن «ئۇنداقچى زومىگەر، مۇنداقچى ئەزگۈچى» دەپ سۆزلەپ يۈرمىدىمۇ؟

— ھەي پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل. سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭمۇ تۇغقانچىلىقنى قايرىپ قويۇپ، كۈرەش يىغىنلىرىدا شىكايەت قىلغاچقا ۋاسىل بەگنىڭ قورۇسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي تەگكەندۇ؟ ئۆزۈڭلارنىڭ كۆرۈنمەي سادەتنىڭ كۆرۈنۈپ كەتتىما؟

— سىلىغۇ سائادەت مايماقنىڭ يامان گېپىنى قىلمايلا، — ئوغۇلخان تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ غوتۇلدىدى، — ئاشۇ لالمىنىڭ يالىقىغا دۇم چۈشكەندىن كېيىن…

— ئۇخلا ئالۋاستى، — چاۋارنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى يالتىراپ كەتتى، — تاياق يېمىگىنىڭگە بىر نەچچە كۈن بولىۋىدى، ئەتىيانلىرىڭ قىمىشىپ كەتتىما؟ كونا خامانىنى سورۇپ ئادەمنى بىئارام قىلمىساڭ، ئۆلۈكۈڭ تالادا قالامتى يۈراق…

تاۋار يوتقان، ئەتلەس كۆرپىلەردە مەلەختەك ياتقان يېرىم يالىڭاچ چاۋار بىلەن ئوغۇلخان بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كورسۇك ئىتلاردەك غار ـ غۇر تالىشىپ قېلىشتى. ئوغۇلخاننىڭ بىر ئېغىز سۆزى كونا ئىشلارنى ئەسكە سېلىپ، چاۋارنىڭ

جاراھەتنى تاتىلاپ قويغانىدى. بىر چاغلاردىكى قىپىيالىڭاچ بەدەن، نازۇك بەل، زىلۋا قامەت، ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن بىر جۈپ كەپتەردەك ئاپئاق كۆكسىلەر … سىلىق، يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق يوتىلار، تولا شوراپ قىزىرىپ كەتكەن لەۋلەر … چاۋارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان مۇشۇ دەقىقىدە سائادەتمۇ يېنىدا ياتقان ئېرى مەتسىدىققا نېمىلەرنىدۇر ئېزىپ ئېچۈرمەكتە ئىدى:

— كامال دېگەن دوزاخ شوتىسى شەھەردىن كېلىپ ئۇششاق باللارغا كىيىم، دەپتەر، قەلەم تارقىتىپتۇ. لېكىن قىزىمىزغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ دېسە، بېشىڭنى يەيدىغان شوۋەك.

— ئۇ دېگەن شەلىكىنىڭ ئاشقان ـ تاشقان لاتا ـ پۇتىلىرى، شۇنىڭغىمۇ قارىنىڭلار كۆپۈپ كەتتىما مەزلۇم.

— دەپتەر، قەلەم بولسىمۇ بېرىپ قويسا نېمە بوپتۇ، بەرمىگەننى ئاز دەپ، باللار: «ھەي خانپاشىشا خېنىم، ساڭا كاللەك داداڭ بىلەن ياچۇۋەگ ئاناڭ بەرسۇن… » دەپ خاۋۇس گەپ قىپتۇ.

— مېنى كاللەك، سېنى ياچۇۋەگ دەپتىما؟ — بۇنداق گەپلەرگە ئانچە كۆپۈپ كەتمەيدىغان مەتسىدىق پاكار خىرقىراپ كۈلدى، — قارا، شۇملارنىڭ يامانلىقىنى، نەق گەپنى قىپتا.

— ھەي دادىسى، — ئېرىنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى بىلدىغان سائادەت غىلجىڭلاپ سۇۋاندى، — ئوغۇلخان ئاچام شىپىڭ دۇخاۋىدىن كۆڭلەك تىكتۈرۈپتۇ، مەنمۇ تىكتۈرىمەن. بۇ قېتىم ئۆيدىكى ئوغۇتنىڭ ھەممىسىنى هارۋىغا بېسىپ بېرەيلى.

— بولمايدۇ، هازىر ئاق ئوغۇتنىڭ باھاسى چۈشۈپتۇ. شۇڭا 5 ~ 6 خالتا بېسىپ بېرەيلى.

— ئىگەمبەردى، چاۋاركاملار لوقلا پۇل قىلىۋالدى، — سائادەت ئەركىلىدى، — بىزمۇ شۇنداق قىلايلىلا؟

— ھەي، ئۇز خوتۇن، — مەتسىدىق سائادەتنى ئەركىلىتىپ

ئۆگىتىپ قويغانىدى، ــ بۇ نۆۋەت چاۋاركامنىڭمۇ ھاجىتى بار ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇقىمىزنى قىسىمىساق بولماس.

ــ ياﺋاللا، بۇ ئادەم نەچچە ئامبارنىڭ ئاق ئاش، قارا ئاش، ياغلىق دانلىرىنى سىتىپ يەپ يىبىرىلىپمۇ كەتمىدى، ھەي ئادەم، ــ سائادەت ئىرىنىڭ تۇكلۇك مەيدىسىنى سىلىغاچ چىكىپ باقتى، ــ ئەتە چاۋاركامغا يىلىنىپ باقايمۇ ـ يە؟

ــ ئا ... بولدى. ئۇنىڭغا دىمىسەڭلارمۇ، ئەتە ئەتىگەن تىۋىت باسقاندا ئۆزۈم ئىپىنى قىلىمەن.

چاۋار، مەتسىدىقلار تاۋار يوتقان ـ كۆرپىلەردە ھۇزۇرلىنىپ، ئىغىناپ ياتقان مۇشۇ ئايدىڭ كىچىدە ئۈچ گەۋدە قۇم بارخانلىرى ئىچىدىكى بىر دۆڭدە ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا پاراڭلاشماقتا ئىدى.

ــ ھاشىمكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ كىچىدە سىزنى ئىزلەپ كىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئۇققانسەن، ــ دىدى زۇلال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋىتىپ، ــ زادى ۋاڭ جۇيجاڭ دىگەن بۇرادىرىڭنىڭ گىپى ئىشەنچىلىكمۇ، ئەمەسمۇ؟

ــ ئۇ يالغان ئىيتىدىغان ئادەم ئەمەس، ــ كامالنىڭ تەلەپپۇزى جىددىي ئىدى، ــ ھە راست ۋاڭ جۇيجاڭ ھاشىمكامنى تونۇيدىكەن، سىلەر يەر ئىسلاھاتىدا بىللە ئىشلەپسىلەركەنغۇ؟

ــ ئىمە، ــ ھاشىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ سىنىڭ ۋاڭ جۇيجاڭ دىگىنىڭ، ۋاڭ يۇڭ ئوخشىمامدۇ؟

ــ توغرا شۇ، ئۇنىڭچە بولسا ئەتىلا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكۇسى بار. لىكىن ناھىيىلىك كومىتىت رەھبەرلىرى قارار قىلىدىغان ئىشكەن ئەمەسمۇ.

ــ ۋاي يۇڭ كەسكىن ئادەم، ــ دىدى ھاشىم ئىگىزلىشىپ قالغان چار ساقاللىرىنى تاتىلاپ، ــ ئۇنىڭ قۇمتامغا مىھرى بار.

ــ ۋاڭ جۇيجاڭغا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بىرىۋىدىم، ــ

كامال قاراڭغۇلۇق تىقىلغان چۆلگە قاراپ سۆزلەۋاتتى، — ئۇ: «ھاشىم ئۇنداق ئادەم ئەمەس، بۇ بىر سۇيىقەست، گېپىڭنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا ھەممە ئەسكىلىكنىڭ تىزگىنى چاۋار دېگەن ئادەمدىكەن» ··· دەپ ۋارقىراپلا كەتتى. ئۇ يەنە «ھاشىم بەردەم بولسۇن، ھەرگىز يېنىكلىك قىلمىسۇن، ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ···» دەيدۇ···

— رەھمەت ··· رەھمەت، — ھاشىمنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى، — ۋاڭ يوڭ مېنى چۈشىنىدۇ ··· ئۇ مېنى بەش قولدەك بىلىدۇ.

— ھاشىمكا، بۇ قېتىم سىزنىڭ سالىمىڭىزنى يەتكۈزگەچ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەققىدە ئەستايىدىل گەپلىشىمەن.

— ھەببەللى، كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدىڭ، — دېدى زۇلال ھاياجانلىنىپ، — ئاندىن قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەر. پوق يوتقان، سۇيدۇك كۆرپە، يىرتىق كىگىزلەرمۇ قالمىسۇن. شۇنىدىلا ناھىيىدىكى كاتتىلار چۆچۈيدۇ.

— سېنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىڭنى ئاڭلىغىلى كەلگەن، — ھاشىم ئورنىدىن تۇرۇشى باشقىلارمۇ تۇرۇشتى، — ئەتە سەھەر يولغا چىقىدىكەنسەن، بالدۇرراق ئارام ئال.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىكى شەپەق قىزىللىقى بىلەن يولغا چىققان ھارۋا كەچكە يېقىن چۆلئېرىق كەنتىگە يېتىپ كەلدى. قۇم چۆللۈكىدىكى پورپاڭ توپىلىق ئۇزۇن يوللار، ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز ـ پەس ئايلانمىلار، قۇم قاينام داۋىنى، قۇمقايغان غولى، ئۆلۈك قۇم جىلغىلىرىدەك سىرات كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكىچە پۇتۇن تېنىدە ماغدۇر كەتكەن ئاتلار قارا تەرگە چىلىشىپ، چۆلئېرىق دېگەن ئارانلا قەدەم ئالدى. شانىياز دەڭجا ئازغىنا ياڭاق، گۇلىقاق، جىگدىنىڭ خۇشامىتىدە كۆرەك ساقىلىنى تىترىتىپ، سوزۇنچاق يۈزىدىن يۈزۈلداپ تەر ئاققۇزۇپ

ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى ياتاقتا توشۇدى. ئاندىن ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ كامال ۋە ئاتلار تولۇق بىر كېچە ئارام ئالماي يەنىلا تاڭ سۈزۈلمەستە يولغا چىقىشتى. چۈشكە يېقىن شەھەرگە كىرىپ كەلگەن كامال ئاتلارنى سودا ئىدارىسى تەرەپكە قايرىدى. ئىشتىن چۈشۈشكە تەرەددۇتلەنگەن بوغالتىر، كاسسىر، سوپەت تەكشۈرگۈچىلەر ئۆچكە تىۋىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن يان قورۇدىكى ئامبارغا كىرىشتى. ئۇلار تاغارلاردىكى تىۋىتنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈچىنچى دەرىجىگە ئايرىغان بولسىمۇ، كامالنىڭ جاپاسىنى كۆزدە تۇتتى بولغاي تالون يازغاندا ئىككىنچى دەرىجە قىلىپ پۇل بەردى، ئاڭغىچە بىر قانچىلىغان ھاجەتمەن خەنزۇ ـ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كەلگەن قارا ئاشلىق، گۈلىقاق، ياڭاق، جىگدە دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى «رەھمەت، ھەشقاللا» ئېيتىپ ھارۋىغا سالدى. كامال بىر سېۋەت تۇخۇمنى ۋاڭ يۈگەننىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئۇزىتىپ چىققان ۋاڭ يۈگەنغا: «سىزنى ئەتە ئىزدەيمەن، ھازىر بەك ئالدىراشمەن» دېگىنىچە ھارۋىسىنى گۈلدۈرلىتىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئاتلار تونۇش ئوقۇرنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك تاپىۇر ـ تۇپۇر قىلىشىپ بىردەمدىلا دەڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ساۋۇر مەڭلىك كۆتۈپ تۇرغاندەكلا دەرۋازا قاناتلىرىنى چوڭ ئاچتى.

— ياﺋاللا ساۋۇركا، دەللىكىڭ قالتىس جۇمۇ سىېنىڭ، — كامال ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — ئەگەر ئىچ ئاتىنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقنى ئېلىۋەتسەم قانداق قىلارسەن؟

— ئاتلىرىڭنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن تونۇيمەن، — ساۋۇر قاپقارا يۈگلۈق مەيدىسىنى تاتىلىدى، — ھارۋاڭنىڭ ئوقىمۇ ئۆزگىچە غىچىرلايدۇ، دېگىنە.

كامال بىلەن ساۋۇر ھارۋىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ياتاققا

توشۇپ، رەتلىك تىزىۋەتكەندىن كېيىن ساۋۇر قۇم چۆگۈن بىلەن ئىككى دانە ھېجىر ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئۇلار ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن بورا ئۈستىگە سېلىنغان پالاستىلا ئولتۇرۇشتى.

— بۇ نەرسىلەر ھېلىقى تويماس گۇيلارنىڭما، — ساۋۇر تىكلەنگەن تاغار، ئوغۇتلارنى ئىشارە قىلدى، — ئۆتكەندىكىدەك تۇتۇلۇپ قالمىساڭلار بولاتتىغۇ.

— ھەر قېتىم كەلگىنىمدە ئاشۇ غەم، — كامال چوڭقۇر تىندى، — ئامال قانچە، بىر ئېپىنى قىلارمەن.

— ھەي بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. بىر بۇرادىرىم دېڭىزگە ئاشلىق، ياغلىق دان، ئوغۇت، گىلەم، قۇرۇق يەل - يېمىش دېگەندەك نەرسىلەر كېلىپ قالسا خەۋەر قىلىۋەت دېگەن ئىدى.

— ياخشىغۇ، نەدە تۇرىدۇ؟

— ۋاي، مۇشۇ دەڭنىڭ ئارقىسىدىكى خالتا كوچىدا ئولتۇرىدۇ. مەن ھازىرلا بېرىپ چاقىرىپ كېلەيمۇ؟

— بولىدۇ، بۇنداق ئاسان قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا، ئەرزەنرەك بېرىمەن، — كامالنىڭ ئېسىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، ساۋۇرغا قارىدى، — ساۋۇركا مۇشۇ ئەتراپتىن تورۇز① تېپىلارمۇ؟

— نېمە قىلاتتىڭ؟

ئۈچ تاغار ئاشلىقنى بېسىپ بەرگەن چاۋار ئۆزىدىن - ئۆزى خۇدۇكسىنىپ، كامالنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماسلىق ئۈچۈن ھەر تاغاردىن بىر چارەكتىن بۇغداي، قوناق، ئارپىنى تاپان ھەققى دەپ بەردى. ئۆتكەندە شەھەرگە كەلگەندە ساۋۇرنىڭ باللىرى بىلەن

① تورۇز: — يەرلىك تارازا، ئەلگەككىلا ئوخشايدۇ، 18 جىڭ (بىر چارەك) كۆتۈرىدۇ. قاراڭغۇ بازارلاردا مەخسۇس تورۇزچىلار ساتارمەنلەرنىڭ نەرسىلىرىنى تارتىپ بېرىپ، تورۇز تېگىدە «تورۇز ھەققى» ئېلىپ قالىدۇ.

# تەكلىماكان ئۆتلى (1)

ئاش ـ ئوزۇقتىن قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان كامال قارشىلىق قىلمايلا چاۋارنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئاش ـ ئوزۇق ئەنقانىڭ سۇتىدەك تۇتىيا بولۇۋاتقان بۇ ئاچارچىلىق يىللاردا ئۈچ چارەك ئاشلىق دېگەن تېپىلغۇسىز گۆھەر ئىدى. شۇڭا ساۋۇرنىڭ كۆزلىرىگە ياش يامرىدى:

— مانا قارا سېنى، — ساۋۇر مىننەتدارچىلىقتىن ئېرىپلا كەتتى، — ئۆتكەندە بىرنەچچە چارەك ئارپا ئالغاچ كېلەي دېۋىدىڭ، مەن تېخى كۆڭلۈمنى ياساپ قويغان چېغى دەپتىمەن.

— ھەي، ساۋۇركا مەن قاچانمىتەم باشقىلارنى ئالداپ باققان ياكى ئومۇلدۇرغان، بۇ چاقچاق قىلىدىغان، كۆڭۈل ياسايدىغان گەپمۇ؟ — كامال چىكىلداپ قويدى، — كۆزۈم يەتمىگەن ئىشقا ھەرگىز ۋەدە قىلمايمەن.

— بولدى ئۇكا، تورۇز دېگەن مېنىڭ ياتىقىمدىلا بار، دەڭدە سودا قىلىدىغانلار ئاشۇنى ئىشلىتىدۇ.

— دەڭجالىقىنى تاشلاپ، پوتاڭغا خۇرجۇن ئۆتكۈزۈپ تورۇزچىلىق قىلاي دەپسەندە.

— ھەممىنى قىلدۇرىدىغىنى گال ئۇكا، — دېگىنىچە خۇشال چىقىپ كەتكەن ساۋۇر بىردەمدىلا تورۇز بىلەن ئىككى خالتا كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇلار بۇغداي، قوناق تاغارلىرىدىن بىر چارەكتىن جىڭلاپ خالتىلارغا ئالغاندىن كېيىن، ساۋۇر بىر چارەك ئارپىنى تورۇز خاپىنى بىلەنلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كىرىپ ئېڭىشكىنىچە: «ئۇكا يېنىمدا بارى شۇكەن» دەپ 20 سوم تەڭلىدى. بۇ ئەلۋەتتە بىر چارەك بۇغدايىنىڭ پۇلى بولۇپ، ئادەتتىكى كادىرنىڭ يېرىم ئايلىق مائاشى ئىدى. كامال ئۇنىڭ تەڭلەپ تۇرغان پۇلىغا بىر هازا قاراپ تۇرۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— ساۋۇركا بۇ ئۈچ چارەك ئاشلىقنى ساڭا ساتسام، كەنتتىكى ھېلىقى تۈزكورلاردىن نېمە پەرقىم، — دېدى كامال خاپا بولغان

ھالدا، — ئەگەر ساڭا بەرمىگەن تەقدىردىمۇ بىرەر نامراتقا بېرىۋېتەتتىم. ئادەمنى تولا خىجىل قىلما.

شۇ كۈنى كەچتىلا ساۋۇر باشلاپ كەلگەن ھايانكەش ئۈچ تاغار ئاشلىق بىلەن ئالتە خالتا ئوغۇتنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قاراڭغۇ بازاردا يوشۇرۇن سېتىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئايدىڭ بولغاچقا، ئۇلار تالىشىپ — تارتىشىپ ئولتۇرمىدى. بىر دەردىسەردىن قۇتۇلغان كامال شۇ كېچە خاتىرجەم ئۇخلاپ، ئۇيقۇغا راسا بىر قېنىۋالدى. ئۇ ئەتىسى ۋاقچىراق تۇرۇپ، ئاتلارنى سۇغاردى. تۆمۈر تارغاقتا ئۇچىلىرىنى تاتىلاپ تارىدى. پاشا، كۆك چىۋىن، كۇمۇتا، كۆكۈيۈكلەر چىقىپ ئۇستىۋېشى قىچىشىپ تۇرغان ئاتلار ھۇزۇرلانغىنىدىن «ئوغۇل بالا…» دەپ ماختىغاندەك باشلىرىنى توختىماي گىلدىڭلاتتى. كامال ئاتلارغا بوغۇز بەرگەندىن كېيىن قاراڭغۇ بازاردىن ئۈچ دانە گۆشگىردە ئەكىرىپ، سوغۇق سۇ بىلەنلا قورسىقىنى پومىلاپ سودا ئىدارىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىدارىنىڭ ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ھويلىسىغا كىرگەندە ئۇچرىغان ئەر — ئايال ئىشچى — خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ھەم ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى تەييارلاپ قويغانلىقى، نېمىلەرگە ھاجىتى بارلىقىنى دېيىشتى. كامال جۇجاڭ ئىشخانىسىنى چېكىپ كىرىشى بىلەن ۋاڭ يۈڭ ئۇنى ئادىتى بويىچە «كەل قۇملۇق ئوغلى» دەپ قارشى ئالدى. ئۇلار ئىستاكانغا پولانغان چاينى ئىچكەچ تاغدىن — باغدىن سۆزلىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىشتى. سودا ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول بويلاپ يۇقىرىغا ماڭغانسېرى بوك — باراقسان دەرەخلىك بولۇپ، تامباغ ئورمانلىقىغا تۇتىشىپ كېتەتتى.

— كامال گەپ قىلمايسەنغۇ، — ۋاڭ يۈڭ گەپ ئاچتى، — قاپىقىڭنىڭ ئېچىلماي قېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا دېيەلمەيۋاتقان

گېپىڭ بارغۇ دەيمەن.

— ۋاڭ جۇيجاڭ، — كامال بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى، — قۇمچاقار، ئەلئابادلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش زادى راست گەپمۇ ياكى ئاغزىمىزغا سېلىۋاتقان قۇرۇق مەمەقمۇ؟

— قۇرۇق مەمەق؟! — ۋاڭ يۇڭ كۇلۇۋەتتى، — مەن لى شۇجى، ئابلىز ھاكىم بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارمۇ قۇمچاقار، ئەلئابادلارنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ. لېكىن ھازىر يازلىق يىغىم - تېرىمنىڭ جىددىي ۋاقتى. ناھىيە رەھبەرلىرى يېزا، مەيدان، باشقۇرۇش رايونى، كەنتلەرگىچە يۇرۇپ كەتتى. بۇ جىددىيچىلىك تۈگىمىگىچە خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— بىرنەچچە ئاي كېچىكسىمۇ كارايىتى چاغلىق، پەقەت خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كىرىش - كىرمەسلىكىنى بىلىۋالساقلا بولدى.

— شۇنچە يىللاردىن بېرى چىداپ كەلدىڭلار، — دېدى ۋاڭ يۇڭ ئېغىر بېسىق بىلەن، — ئەمدى نېمانچە جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىسلەر.

— پىچاق سۆڭەككە يەتتى ۋاڭ جۇيجاڭ، — كامال ۋارقىرىۋەتتى، — قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

كامال بۇ قېتىمقى نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن يۇقىرىدىن بېرىلگەن يوتقان - كۆرپە، كىگىز قاتارلىقلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇپ تارقىتىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق جەھەتتە ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىدىن قىلچە تەپ تارتمىغانلىقى، كۆڭلى قارىيىپ، خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، دېھقانلارنى ئۆزلىرى خالىغانچە خورلاپ، دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى. ئۇ قايناپ تېشىپ

سۆزلىگەنسېرى كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ۋاڭ يۈك تامباغ ئورمانلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىرىغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئاڭلىغانلىرىغا چىدالمايۋاتقانلىقلىرى ئېنىقلا ئىدى.

— بولدى، ئۆزۈڭنى بېسۋال، — ۋاڭ يۈك كامالنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — ئۇلار چوقۇم ئەدىپىنى يەيدۇ، قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

— مەن ··· مەن، — كامال كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، — سەل قورقۇپ قالدىم.

— نېمىشقا؟ — ۋاڭ يۈك شارتلا قايرىلدى، — بىرەر ئىشنى سېزىپ قالدىڭما؟ يوشۇرماي دېگىنە قېنى؟

— يېزا ياشلىرى كېچىلىرى مەخپىي يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بىرەر چوڭ جېدەل چىقىپ قالارمىكى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ھەرگىز تەۋەككۈلچىلىك قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار سېزىپ قالسا، مىنبىڭلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئاشلىق، ئىقتىساد، ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا ئىكەن، بىر قىسىم نادان دېھقانلار خۇشامەت قىلىپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ، — ۋاڭ يۈكمۇ ئەندىكىپ قالدى، — ئىككى تەرەپ كالتەكلىشىپ كەتسە قانلىق ۋەقە تۇغۇلىدۇ. ئۇ چاغدا قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، ئۇلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۈتۈشنى ئېيتسام، كېيىنچە، تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالماس - ھە؟

— ساڭا ۋەدە بېرەي، ھەرگىز يالغانچى بولۇپ قالمايسەن، — ۋاڭ يۈك جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، — بۇ يىل كۈزگىچە، بەلكىم كۈزگىمۇ قالماسلىقى مۇمكىن. خىزمەت گۇرۇپپىسى

# تەكلىماكان تۈزلەڭلىكى (1)

چوقۇم كىرىدۇ. مەن ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىككە كېلىپ بولغان.

— ئەمىسە قۇمتاملىقنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى سىزدە!

— مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۆزى مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدىغان قوڭغۇراق.

كامال «مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۇنۇتما» دېگەندەك ۋالىي يۈگىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

## تۆتىنچى باب

# پاتقاقتا ملەنگەن مارجان

كۆرمىگىلىغان تۆگە لوكىلىرىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى، دۆڭلۈكلىرى، قۇم تاغلىرى ··· تىنىمسىز شامالىلار كەشتىلەر باسقان چىرايلىق غوللار ··· قۇرت - قوڭغۇزلار، يىلان، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، كېلەرلەر تولىمۇ ئۇز گۈلدار ئىزلارنى قالدۇرغان يۇمشاق قۇملۇقلار ··· ئولتۇرۇۋاتقان قىپقىزىل قۇياش نۇرىدا بەجايىكى چەك - چېگراسى كۆرۈنمەس سۆسۈنرەڭ گىلەم دالاسىدەك تاۋلانغان ئىدى. پاكار، شالاڭ ئۆسكەن ياۋا قومۇشلۇقلار قاپلىغان چەكسىز شورلۇقتىكى ئەگرى - بۈگرى ئۇلاغ يولىدا، شەھەردىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ قايتىۋاتقان كامال ئاتلىرىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ناخشىسىنى باشلىۋەتكەن ئىدى:

ئانامغا نىمدەپ يىغلاي،
ئاتامغا نىمدەپ يىغلاي.
ئېتىڭنىڭ ئالدىدىن يانغان، دادەي···
سامانىدەك سارغىيىپ يىغلاي···
ئەھ، ئادارگۈل!
لاچىن سوققان توشقانىنىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ، دادەي···
بۇ يۇرتتا نىمەسى بار؟
ئەھ ··· ئادارگۈل!···

# ئەكىلىماكان ئۆزلى (٦)

— قېنى تورۇق، جەدە، ئاق قاشقا غەيرەت قىلىڭلار، — كامال قامچىسىنى باش ئۈستىدە ئويناتتى، — چۆلئىبرىق قونالغۇسىغا ئاز قالدۇق. ئۇ يەردە سىلەرنى قوناق بىلەن راسا بىر مېھمان قىلاي.

«ئاقتاش» ئىسىملىك ئىچ ئات ئەزەلدىنلا شاش ۋە سەگەك بولغاچقا كىچىككىنە شەپىدىنمۇ ئۈركۈيتتى. ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، خارتىلدىغىنىچە هارۋىنى يول چېتىگە ئەپقاچتى.

— تىرىر ··· هاي ـ هاي، ئاقتاش بۇرادەر هېچ ئىش يوق، — كامال ئاقتاشنى بەزلىگەچ بوجىنى تارتتى، — نېمانچە چۆچۈيسەن، ناهايىتى شۇ كىچىك بالىكەنغۇ···

«ئاقتاش» بىكارغىلا ئۈركۈمىگەن ئىدى. ئۇ يول چېتىدىكى قومۇشلۇقتىن شالدىرلاپ تۇيۇقسىزلا چىقىپ كەلگەن تىلەمچى بالىدىن قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى:

— ئاكا، ماڭا رەھىم قىلىڭ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى···

تىلەمچى بالا خەنزۇ بولۇپ، «ئاكا ماڭا رەھىم قىلىڭ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى··· » دېگەن سۆزنى سەل بۇزۇپراق ئۇيغۇر تىلىدا دېگەن ئىدى. ئۇ تولۇمدەك ئېسىلىپ تۇرغان قېلىن كېلەڭسىز ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىدىكى پاختىلىق چاپىنىمۇ كۆلگە پۇچىلىغاندەك كىر، شۇنداقلا قولتۇق، مۈرە، يەڭلىرىدىن قاپقارا ئىسلىنىشىپ كەتكەن مازلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. چېكىلىكى سۆكۈلگەن مەينەت قۇلاقچىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاچقا تاز چىراي كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ قارا ـ قۇرىلار سۇۋالغان يۈزىدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى ئالا ـ پاساق قىلىۋەتكەنىدى.

— ئاكا رەھىم قىلىڭ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى···

بالىنىڭ تۇرقىدىن كامالنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. يازنىڭ مۇشۇنداق ئىسسىق كۈنلىرىدە كىيىۋالغان تاغاردەك ئېغىر ۋە

قاتموۇقات پاسكىنا كىيىملىرىدىن ئېچى سىقىلدى. ئۇ پوتىغا تۇگۇۋالغان زاغرىسىنىڭ يېرىمىنى ئۇشتۇپ تەڭلىشى بىلەن بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ قوش قوللاپ ئالدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان يېيىشكە باشلىدى. كامال ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆنگە قاراپ ئاتلىرىنى ئالدىرىتىپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمما هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان تىلەمچى بالىنى كۆرۈپ، ئاتلىرىنى ئاستىلىتىپ، خەنزۇ تىلىدا سورىدى:

— نەگە بارىسەن؟ هارۋىغا چىقىۋال.

تىلەمچى بالا هارۋىغا چىقىپ، ئوتتۇرىدىكى بوشلۇققا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىچە كامالغا ئىللىقىنا كۈلۈپ قويۇشى ئاق قوناقنىڭ دانىسىدەك چىشلىرى ئۇنىڭ مەينەت چىرايىنى ۋىللىدە يورۇتقاندەك بولدى. كامال يېنىدىكى يېرىم زاغرىنى ئېلىپ ئۇنىمۇ بەردى.

— رەھمەت ئاكا... — خەنزۇ بالا ئۆز تىلىدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

— ئىتىڭ نىمە؟ — كامالمۇ خەنزۇ تىلىدا سورىدى. لېكىن بالا دەمال جاۋاب بېرەلمەي، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاستاغىنا «شياۋما...» دەپ قويدى.

— شياۋما؟ — كامال خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى، — ئۇنداقتا بىزچە «تايچاق» دېگەن گەپ، ئىسمىڭ «تاي» كەندە.

— «تاي» دېگەن نىمە ئۇ؟ — شياۋمانىڭ قاپقارا، دوپدۈگىلەك كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چۈمچۈكلىدى.

— ئات دېگەن ... شياۋما، دېگەن گەپ، — ئىككىلىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى، — قېنى شياۋما دېگىنە، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— 17 ياشقا ئەمدى كىردىم.

— 17 ياشقا كىرگەندەك قىلمايسەن، — كامال سىنچىلاپ قارىدى، — سەن نېمانداق ئورۇق؟ بوينۇڭ ساپاقتەك، يۈزۈڭ

قوياماقتەك تۇرىدۇ. ئاڭۋاقسا بۇ كىيىملەردە سەن خۇددى قاتمۇقات پاسار ئىچىدىكى دان تۇتمىغان مەدەككىلا ئوخشايسەن. قېنى دېگىنە نەگە بارىسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟

— ھەممىسى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، — شىياۋما ئۇمچىيىپ يىغلىغان ئىدى، ئۇششاق ياش تامچىلىرى مەينەت يۇزلىرىدىن دومىلاپ چۈشتى، — ئاكا سىز ئەنخۇيدىكى قەھەتچىلىكنى ئاڭلىغانمۇ؟

كامالىنىڭ قۇلاقلىرىدا شۇ ھامان ۋاڭ يۇڭنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى:

«ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كەلكۈن ئاپىتى، قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. بولۇپمۇ ئەنخۇي ئۆلكىسىدە دەھشەتلىك قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ نۇرغۇنلىغان دېھقانلار، باللار ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئون نەچچە ياشلىق ئوغۇل ـ قىزلار تىلەمچىلىك قىلىپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. قىسقىسى ۋەتەن، خەلق ئېغىر سىناقا دۇچ كەلدى… »

— ئاڭلىغان! ئاڭلىغان، — كامالىنىڭ ئىچىدە بىر يېرى چوغ چۈشكەندەك ئېچىشتى، — بولدى، بولدى يىغلىما، ئوغۇل بالا يىغلىسا سەت تۇرىدۇ.

شىياۋما زىل، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى تۆككەنسېرى كۆزلىرىدىكى ياشلار يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇردى. ئۇ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلغان ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردىن بىرى بۇنچىلىك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ باقمىغان ئىدى. كامالمۇ ئۇنىڭ قەھەتچىلىك، ئاپەتلىك يىللارنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇكىلىرىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى كۆرگەندەك

بولدى. شىياۋمامۇ ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ، تېلىقىپ ـ بوغۇلۇپ ئىچىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈپ كۆكسى ـ قارنى بوشىغاندەك بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ قىزىل توپىلىق سەھرالىرىدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ساپسېرىق لاتقىلىق ۋادىلىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ تەلەيسىز بالىغا ــ تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا، قەدىمكى توغراقلىق ئۇزاق يوللاردا پىشقان، يېتىلگەن قۇملۇق ئوغلىغا دەرد تۆكۈش نېسىپ بولغانمۇ نېمە، ئۇ ھەممىنى قويماي سۆزلىدى ۋە قانغۇچە يىغلىۋالدى. ئەزەلدىنلا باغرى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل قۇملۇق ئوغلى كامال شىياۋمانىڭ ئىنتايىن مەيۈس، ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئۇ تەسەللى ئورنىدا بالىنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ، ئاستا ئۇرۇپ قويدى.

ئىچى ـ قارنى بوشاپ يېپيېنىكلا بولۇپ قالغان بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، كامالغا ئىللىقىنا كۈلۈپ قويدى. كامال بۇ چاققىچە بۇنداق تاتلىق كۈلۈمسىرەشلەرگە كۆپ نائىل بولمىغان يىگىت ئىدى. ئۇ مەيىنەتچىلىك ئىچىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا چىرايلىق كۆزلەرگە، كىچىككىنە تومپىلاق لەۋلەرگە، قومۇش قەلەمچە تارتقاندەك ئىنچىكە تۈز قاشلارغا، نازۇك بويۇن، چۈجىدەك يۇمران ئېڭەكلەرگە ··· قارىغانسېرى ئىچىدە: ئەسلىدە چىرايلىق بالىكەن··· دەپ ئويلىدى. ئۇ گۈزەللىكنىڭ بەزى ھاللاردا كۆرۈمسىز، پاسكىنا نەرسىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

ــ ئاكا، مەن كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىپ سىزنى بىئارام قىلىپ قويدۇم ـ ھە؟ ــ دېدى بالا يەنە ئۇمچىيىپ، ــ خاپا بولماڭ.

ــ نەدىكىنى، ئۇنداق دېمە، سەن مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا كۆپ جاپالارغا ئۇچراپسەن.

ــ سىز بىزچە سۆزلەشنى بىلىدىكەنسىز، تېخى شۇنداق

ياخشى دەڭا.

— مەن كىچىكىمدە بىر يىل خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، سەنمۇ ئۇيغۇرچىنى بىلىدىكەنسەنغۇ.

— مەن ئانا، ئاچا، ئاكا، تاغا دېگەن گەپلەرنىڭ ئاخىرىغا «رەھىم قىلىڭ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېيىشنىلا بىلىمەن. بۇنىمۇ ئۇيغۇر تىلەمچى باللار ئۆگىتىپ قويغان.

— شياۋما سەن ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق ئورۇقمۇ؟ — كامال بالىنىڭ كىيىملىرىگە قارىدى، — بۇ لاقا - لۇقىلارنى سېلىۋەتسەڭ چوكىدەكلا بولۇپ قالغۇدەكسەن.

— نەدىكىنى، مەن بۇ يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن سەمرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بولمىسا، «پۇۋ» دېسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك ئىدىم، — بالا بىردىنلا قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — سىز ... سىز ... بەك قامەتلىك ئىكەنسىز...

— ۋۇي نېمانداق قىز بالىدەك قىزىرىپ كېتىسەن؟ بىزنىڭ قۇملۇق يۇرتىمىزدا مېنىڭدىنمۇ قامەتلىكلەر جىق.

— سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟

— مېنىڭ ئىسمىم كامال.

شياۋما «كامانى»، «كاماڭ»، «كامىڭ» دەپ خېلى ھىجىلاپ باققان بولسىمۇ توغرا دېيەلمەي يەنە قىزىرىپ كەتتى.

— دېمەك بەك تەسكەن.

— «كامىلى» دەپ باقە.

— كامىلى.

— ھە مانا دېيەلىدىڭغۇ، شەھەردىكى خەنزۇ تونۇشلىرىم مېنى «كامىلى» دەپ چاقىرىشىدۇ.

— سىزنىڭ خەنزۇ تونۇشلىرىڭىزمۇ باركەندە كامىلى ئاكا، — شياۋما خىجىل بولغاندەك ئاستاغىنا سورىدى، — سىزنىڭ بالىڭىز بارمۇ؟

— مەن تېخى ئۆيلەنمىسەم بالا نېمىش قىلىدۇ. مەن ساڭا شۇنچە قېرى كۆرۈنۈپ كەتتىمما؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىزدەك قاملاشقان، قامەتلىك يىگىتنىڭ چوقۇم خوتۇنى باردۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ھەي شىياۋما، شىياۋما ئۇقمايسەن ئۇكا، نامراتچىلىق، بىر تاللا قېرى ئانام بار، باقمىسام بولمايدۇ. شۇڭا 26 ياشقا كىرىپ قالغان بولساممۇ بىر ئۆيلۈك بولالمىدىم. چۆھ جانىۋارلار!

كامال قامچىسىنى ئوينىتىقىنىچە چۆلئىرىق كەنتىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ قونالغۇ دەڭنىڭ چوڭ ئىچىۋېتىلگەن دەرۋازىسىدىن ئاتلارنى ئەپچىللىك بىلەن كىرگۈزۈپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدا توختىدى. داۋاملىق ئالدىغا ۋارقىراپ - جارقىراپ ياسىما ئاچچىقلاپ چىقىدىغان شانىياز دەڭچى دەڭ ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئەسنادا دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيدىن يىگىرمە نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى تولغان پۇرچاقتەك، بەدىنى - ھۆسنى يېتىلگەن قارا قۇمچاققىنا بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كامالغا لەپپىدە كۆز تاشلاپ، خۇددى چىت كۆڭلىكىدەك قىزاردى.

— ئۆزلىرى كامال بولىدىلىغۇ دەيمەن، دادام سىلىنى بۈگۈن كېلىپ قالىدۇ، چەتتىكى ياتاقنى بىكارلاپ قوي، ئۈچىنچى ئوقۇرغا توغرالغان پىچان تەييارلا دېگەن ئىدى. ھەممىنى تەق قىلىپ قويدۇم.

— شانىيازكام ئۆزىچۇ؟ — كامال قىزغا تىكىلىپ قارىمىدى، — بىر يەرگە كەتتىمما؟

— قىزىل قۇم كەنتىدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ قىزىنىڭ تويىغا كەتكەن.

— رەھمەت سىزگە سىڭلىم، ئىسمىڭىز نېمە؟

— ھوشۇرخان.

— بىر چىرايلىق قىزغا قويۇپ قويغان ئىسمىنى

## ئەكلىماكان ئۆتلى (1)

كۆرمەمدىغان، ـــ كامال هارۋا شوتىسىغا تىرەكنى قويۇۋېتىپ غۇدۇڭشىپ قويدى، ـــ شياۋما هارۋىدىكى نەرسىلەرنى ماڭغا سۇنۇپ بەر.

ـــ ئاكا بۇ كىمنىڭ قورۇسى؟ ـــ شياۋما بوپىنى سۇنۇۋېتىپ ئەتراپقا ئەنسىزگىنە قاراپ قويدى.

ـــ بۇ دېگەن دەك.

ـــ دەك دېگەن نېمە ئۇ؟

ـــ دەك دېگەن، ـــ نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلمىگەن كامال گەدىنىنى قاشلىدى، ـــ ئۇ، ئۇ، ئات، ئېشەك، كالا، تۆگە، هارۋا، ئادەملەر قونىدىغان جياۋدەيسۇ.

ـــ جياۋدەيسۇ؟

شياۋما ئېغىل، قوتانلارغا، قالايمىقان قويۇلغان هارۋىلارغا، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۆشەۋاتقان تۆگىلەرگە، پاكار ئىسلاشقان ئۆيلەرگە هەم تېزەكلەر چېچىلىپ ياتقان چوڭ هويلىغا ياتسىراپ قارىدى. ئۇلار هارۋىدىكى نەرسىلەرنى، ئات ۋە هارۋىنىڭ جابدۇقلىرىغىچە ياتاققا توشۇپ بولغاندىن كېيىن، كامال هارۋىدىن بوشانغان ئاتلارنى يېتىلەپ كەلدى.

ـــ مەن ئاتلارنى سۇغىرىپ كېلەي، سەن ياتاقتا ئارام ئالغاچ تۇرغىن.

ئەتراپنى كۆكۈم قاراڭغۇلۇقى باسماقتا ئىدى. ئاسماننىڭ پەس روجەكلىرى قىزىرىپ ئاي تۇغۇشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چۆلئېرىق سۇ ئامبىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئۆگزىدىكى قۇرۇق پاسار، پىچانلارنى گاه شالدىرلاتسا، تۇرۇپلا سىبىق سامانلارنى نەگىدۇر ئېلىپ قاچاتتى. ئاتلارنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كامال ئاق خەسە كۆڭلەكنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىۋېتىپ: «كۈندۈزلىرى تونۇردەك قىزىپ، كېچىلىرى جان قاقشاتقۇدەك سوغۇق بولىدىغان يەردە بۇ... » دەپ ئاستا غۇدۇڭشىپ قويدى. بىردىنلا كامالنىڭ يۈزلىرىگە سوغۇق

نەملىك كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇلار ئەتراپنى يۇلغۇن تۇپلىرى، تەتۈر سۆگەت قاپلاپ كەتكەن ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قالغانىدى. سۇنىڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ئېقىنىغا كېلىش بىلەن ئاتلار بىر ـ بىرىدىن قىزغانغاندەك ئۆستەڭ ئىچىگە شالاپلاپ كىرىشتى ـ دە، تۇمشۇقلىرىنى تىقىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن غورتۇلداپ ئىچىشكە باشلىدى.

كامال يىراق تاماندىكى ئۇپۇق ئاسمان ئىزنالىرىغا ئېغىر نەزەردە تىكىلدى. بۇلغانغان قاندەك قويۇق قوڭۇر بۇلۇتلارنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتكەن سۇزۇك قىزىل نۇر ئارا ئاي ئورغىقى شام ئېرىتمىسىدەك يالتىراپ كۆرۈندى. شياۋمانىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەر كۆز ئالدىغا كەلگەن كامال چوڭقۇر خورسىندى. بىر كۈندىلا كۆز يۇمغان ئىككى ئۇكىسى، خۇاڭخې دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاۋاتقان دادىسى، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا تورۇسقا ئېسىلىپ قالغان ئانىسى، پويىز ئىستانسىسىدىكى مىڭلىغان ئالمان ئارىسىدا يوقاپ كەتكەن چوڭ ئىنىسى، قىسقىسى بىر ئائىلىنىڭ توزغاقتەك توزۇپ كېتىشى ئاشۇ كىچىككىنە ۋۇجۇدنى تاغدەك باسقان پاجىئەلەر ئىدى.

سۇغا قانغان ئاتلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشى كامال ئۇلارنى يېتىلەپ دۆڭگە قايتىپ كەلدى. شياۋما ھارۋا چاقىغا يۆلىنىپ، بېشىنى تىزىغا قويغان پېتى قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ يەردىلا ئولتۇراتتى.

— شياۋما، ھەي شياۋما، — كامال ئۇنىڭغا ئېگىلىشتى، — ئۇخلاپ قالدىڭما؟

— يا، ياق، — ئۇ چۆچۈپ قارىدى، — ماڭىمىزما؟

— مەن ئاتلارنى ئېغىلغا ئەكىرىۋېتەي، ئاندىن ياتاقتا بىللە ئۇخلايمىز.

— نېمە، مۇشۇ يەردە قونىمىزما؟

— شۇنداق، ئاتلار بىر كېچە ئارام ئالمىسا، ئەتە كەچكىچە

كەنتكە يېتىپ بارالمايدۇ.

كامال ئاتلىرىنى ئۇچىنچى ئوقۇرغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىنى تۆمۈر تارغاقتا بىر قۇر تارىغاندىن كېيىن ئېغىلدا يېنىپ چىقتى. لېكىن شياۋما ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى ياتاقتىنمۇ تاپالمىغان كامال كوچىغا چىقتى.

— شياۋما، ھەي شياۋما؟ — كامال كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا يۈگۈرۈپ باردى، — ئەستەغپۇرۇللا ما بالىنى، نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ بۇ كېچىدە تىلەمچىلىك قىلغىنى بولمىسا يە.

شياۋمانى ھېچ يەردىن تاپالمىغان كامالنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا: بۇرۇن تىلەمچىلىك قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ باققان ئىكەندە، بولمىسا كېچىسى تېنەپ كېتىشتىن قورقمامدۇ، دېگەن ئوي كېلىشى بىلەن ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئوتتۇرا كېچە بىلەن قۇم چۆللۈكى ۋە چۆلئېرىق سۇ ئامبىرىدىن ئۇرغان سوغۇق شامال دەڭ ئۆگزىلىرىدە ھۇشقىتىپ چىقماقتا ئىدى. ئۇزۇك ـ ئۇزۇك بۇلۇتلار ئارىسىدىن دەممۇدەم سوزۇلۇپ چىققان يېرىم ئاي دەڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. رەتسىز قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ تىكلەنگەن شوتىلىرى خۇددى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى پايلاپ تۇرغان زەمبىرەكلەرگە ئوخشايتتى. ئېغىلدىكى ماللارنىڭ كىشنەشلىرى، پۇشقۇرۇشلىرى، قايسىدۇر ياتاقتىن ئاڭلىنىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ قاتتىق خورەكلىرى دەڭنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. چوقچايغان ھارۋىنىڭ ئاستىدا بېشىغا سامان تاغىرىنى قويۇپ، تۈگۈلۈپلا ياتقان شياۋما ئۇزمەي يۆتەلمەكتە ئىدى. كېچىنىڭ سوغۇق شامىلىدا تىترىگەنسېرى ئۇنىڭ يۆتىلى تېخىمۇ كۈچىيۋاتاتتى. كېچىچىلا يۆتىلىپ، زەئىپ ئىڭراپ چىققان شياۋما تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

خورازلار ئارقا ـ ئارقىدىن چىللاپ، ئىتلار قاۋشىپ، چۆلئېرىق دېڭىدىكى ئاتلار كىشنەپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ يېڭى

بىر سەھەردىن خەۋەر بېرىۋاتقاندا، كامال ئېغىلدىن ئاتلارنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ ھارۋىسىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى شىياۋما ھارۋا ئاستىدا قىسماقتەك يۆكۈلۈپ ياتاتتى.

— ما بالىنىڭ زەي يەردىلا ئۇخلاپ قالغىنىنى قارا، شىياۋما، ھەي شىياۋما، تۇرە ئورنۇڭدىن.

شىياۋما قولتۇقىغا تىقىۋالغان قوللىرىنى بوشىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى ـ دە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە كامالغا قارىدى. ئۇ توختىماي يۆتىلەتتى. كامال ئۇنىڭ ئىششىپ قالغاندەك ھۆپپىيىدە ئېسىلىپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ كۆڭلى تۇيدى. ئۇ شىياۋمانىڭ پېشانىسىغا ئالقىنىنى قويۇپلا چۆچۈپ كەتتى.

— ما ئىشنى كۆرۈڭ، — كامال ئەنسىزلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ قالدى، — ئۇ ··· ئۇ قىزىپ قاپتىغۇ، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ ھارۋىغا سېلىۋالغانغا توبە ئەمدى.

كامال، ھارۋا ئاستىدىن چىقىپ يەردىلا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان شىياۋماغا قاراپ بېشىنى چايقىدى. ئۇنى: قانداق قىلسام بولا؟ دېگەن خىيال ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. كەنتكە ئېلىپ كەتسە ئانىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالىدۇ. تېخى كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى: «قارا نوپۇس، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان بىر دىۋانىنى كەنتىمىزگە باشلاپ كەلدىڭمۇ؟» دەپ سىياسەتكە تاقايدۇ. ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرسە قانداق بولا؟ ياق بۇمۇ بولمىغىدەك، سىنىپىي كۈرەشنىڭ جىددىي ۋاقتىدا ئۇلارمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. ۋاي توۋا، بۇ بىر دەردىسە، بولدىغۇ ··· بولدىلا ئۇ تىلەمچى بولغاندىن كېيىن ھەممىلا يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىرغۇ ··· مۇشۇ كەنتتە تىلەمچىلىكىنى قىلىۋەرسە، كېيىنچە بىر گەپ بولمامدۇ، مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي.

ھارۋىسىغا ئاتلارنى قېتىپ بولغىچە، ھەممە ئېھتىماللىقلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن كامال دەڭ دەرۋازىسىنى چوڭ ئاچتى ـ دە، ئاتلىرىنى كۆۋرۈكتىن ئاۋايلاپ ئۆتكۈزدى.

— خەير - خوش ئۇكا، — دېدى ئۇ شياۋماغا قايرىلىپ، — مەن كەتتىم.

— مەن ··· مەن قالىمەنما؟ — شياۋمانىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى، — ئاكا!···

— ئامال يوق، شەھەرگە ماڭغان هارۋىغا چىقىۋالساڭ، ئاپىرىپ قويىدۇ.

كامال يولغا چىقىپلا هارۋا شوتىسىغا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان شياۋما يول ئوتتۇرىسىدا قاتتىق يۆتەلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. كامال گەرچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشىپ، ئارقىسىغا قارىغۇسى كېلەتتى. قىزىپ قالغان بۇ بالا قارىغۇچىسىز، ئاش - تاماقسىز قانداقمۇ قىلار؟ دېگەن ئەنسىز ئوي ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ۋىجدان سورىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كامال ئاخىرى تېز كېتىۋاتقان ئاتلىرىنى «تىرررر···» دەپ توختاتتى - دە، هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ شياۋمانى دەست كۆتۈرۈپ ماڭغىنىدا پاختىدەك يېنىك بالا ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىگە باش قويۇپ، قاتتىق ۋە كۈچلۈك بويىنىغا گىرە سالدى. كامال هارۋا ئوتتۇرىسىغا ئىككى تاغارنى سېلىپ بالىسنى ياتقۇزدى، ئاندىن يەكتىكىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى.

— رەھمەت ئاكا ··· رەھمەت سىزگە··· — شياۋما يىغلىدى، — سىز بولمىسىڭىز مەن قانداقمۇ قىلاتتىم.

— بولدى، يىغلاۋەرمىگىنە، قارىغىنا تۇرقۇڭدىن روھسىزلىق، چىرايىڭدىن بىچارىلىك يېغىپ تۇرىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن هەرقانچە ئەلەم تارتسىمۇ بەردەم بولۇشى كېرەك.

ئاتلار كۆجۈم مەھەللىلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار خۇددى هاك چېچىۋەتكەندەك كۆز يەتكۈسىز ئاپئاق «قاغا شورلۇقى» دا كېتىۋاتاتتى. ئۇلكە يېڭى

ئازاد بولغان يىللىرى بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئاگرونوم، تېخنىكلارنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىغا ئىشەنمەي، ئۆز بېشىمچىلىك بىلەن بۇ شورلۇق دالانى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار يۈز مىڭلىغان ئەمگەكچىلەرنى نەچچە يىللار ھاشار ئەمگىكىگە سېلىپ، ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولغان ئىدى. مانا شۇ چاغدىكى شال تىگەنلىرى، جىگدە كۆچەتلىرى تىكىلگەن قىرلار، چۆنەكلەردىن قېپقالغان بىلىنەر - بىلىنمەس ئىزنالار كۆزگە چېلىقاتتى.

ئاتلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن كامال خۇرجۇندىن ياڭاق، گىردە نان ئالدى. ئۇ شىياۋماغا ناننى ئوشتۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئالىقىنىدا سىقىپ چاققان ياڭاق مېغىزىنى شاكىلىدىن ئايرىپ بالىغا يېگۈزدى ھەم قاپاقتىكى سۇنى بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچۈردى.

— شىياۋما، — كامال ئۇنىڭ پېشانىسىغا ئالىقىنىنى قويدى، — بىز يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر قومۇشلۇقتىكى بۇلاققا بارىمىز. سەن قانغۇچە سۇ ئىچىۋالىسەن ھەم بېشىڭنىڭ قىزىقىنى ياندۇرىمىز.

— سىز كېسەل داۋالاشنى بىلەمسىز؟

— باش، چىش، قورساق ئاغرىقلىرىنى يەرلىك ئۇسۇللاردا داۋالاشنى ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان. ھازىر ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

— سۇ ئىچىپ ھەم نان بىلەن ياڭاق يەپتىمەن، ئۆزۈمنى خېلىلا يېنىك ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن ··· لېكىن ئىسسىتمام يانمايۋاتىدۇ.

— ئالغا يىگىتلەر! — كامال ئاتلىرىغا مەدەت بېرىپ ۋارقىرىدى ھەم ئاستاغىنا پىچىرلىدى، — چاۋاركامغا دەپ ئاشلىق نورما ئاجرىتىپ بەرسەم، ئەخمەتكامغا ياردەملىشىپ مالغا قارىسىمۇ كۈنى ئۆتمەمدۇ. چاۋاركام ماڭا ھەرگىز قىر كۆرسەتمەيدۇ. كۆتى ئېشەك پوق تۇرسا ئۇ يوغان قورساقنىڭ.

# ئەكىلىماكان تۈنلى (1)

قۇياش ئاستا ـ ئاستا چەكسىز قۇم باياۋانغا باش قويدى. بارغانسېرى كائىناتنى كېپەنلەۋاتقان گۇگۇم پەردىلىرى بارخانلار تەسكەيلىرىگە سۆسۇنرەڭ سايىلارنى يايدى. ئەتراپ تىمتاس، پەقەت هاۋادا قىزىپ ياتقان شياۋمانىڭ زەئىپ ئىڭراشلىرى ئىچ ئات بوينىدىكى قوڭغۇراقتا جور بولۇپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامال پەسلىكتىكى پارقىراپ تۇرغان ئېقىننى كۆرۈپ هارۋىنى توختاتتى. ئۇ هارۋا شوتىسىغا تىرەكنى قويغاندىن كېيىن ئاتلارنى چىقىرىپ، سۇ قاپىقىنى ئالدى.

— بىردەم چىدا، مەن ئاتلارنى سۇغارغاچ، ساڭا سۇ ئەپكىلەي، هېلىتىنلا كالپۇكلىرىڭ گەز باغلاپ كېتىپتۇ.

كامال ئاتلىرىنى يېتىلەپ، قومۇش، يېكەن هەم يۇمشاق مىسىل ئۆسۈپ كەتكەن سازلىق بويىغا كەلدى. بۇ يەردە خېلىلا چوڭ بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن سۈپسۈزۈك سۇ ئەتراپىغا چەشمە زىلال ئۇنچىلىرىنى چاچرىتىپ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتاتتى. كامال ئاتلارنى بۇلاق ئېقىنىغا قويۇۋېتىپ قاپاقتا سۇ ئالدى. ئاندىن بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ سۇغا قايتا ـ قايتا چىلاپ سىقىۋەتكەندىن كېيىن ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئاتلارنىڭ بېشىغا بوغۇزلۇق تۇۋرىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ هارۋا قېشىغا كەلدى. ئىسسىتمىسى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان شياۋما بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئېتىپ «سۇ، سۇ...» دەپ ئىڭرايتتى. كامال ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاپاقتىن سۇ ئىچكۈزدى. ئاچ كۆزلۈك بىلەن گۈپۈلدەپ سۇ ئىچىۋاتقان بالا ئورۇق، نىمجان بارماقلىرىدا قاپاقنىڭ قورسىقىنى چىڭ قاماللاۋالغان ئىدى.

— پاه، نېمىدېگەن سوغۇق.

— بۇ دېگەن بۇلاق سۈيى، — دېدى كامال قاپاقنى تۇتۇپ بېرىۋېتىپ، — ئادەمنىڭ تېنىگە داۋا بولىدۇ.

كامال هۆل پوتىنى بىرنەچچە قاتلاپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ

«قانداق؟» دېگەندەك ئىشارە قىلىشى ئۇ «بەك ھۇزۇر··· » دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

سۇغا، بوغۇزغا تويۇنغان ئاتلار قۇرۇق ھارۋىنى تاراقلىتىپ «قوم قاينام»، «قوم قايغان»، «ئۆلۈك قوم» جىلغىلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن كەنتكە كىرىپ كەلدى. كامال خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان شياۋمانى ھارۋىدىن دەست كۆتۈرۈپ ئالدى - دە، بىر تۈپ ئازغان تۈۋىگە ئولتۇرغۇزدى.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر، — دېدى كامال ئۇنىڭغا يەكتىكىنى ئوراپ قويۇپ، — ئات - ھارۋىنى ئىگىسىگە ئاپىرىۋېتىپ، سېنى ئالغىلى كېلىمەن.

— ئاكا، بالدۇرراق كېلىڭ، قورقىمەن.

— ئوغۇل بالىمۇ قورقامدۇ، ئاۋاق.

كامال شياۋمانىڭ بۇرنىنى بوشقىنا چىمدىپ قويۇپ، ئاتلىرىنى گۈلدۈرلىتىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ كەنت تەشكىلى ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشى ئەخمەت گاچا قاياقتىندۇر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى قولىغا ئالدى.

— ئەخمەتكا، ساڭا بىر ئىشتان بىلەن رېزىنكا ئاياغ ئالغاچ كەلدىم. ئەتە ئەتىگەن ئېلىۋال. ئەمىسە مەن كەتتىم.

ئەخمەت نېمىلەرنىدۇر گۈڭگىراپ «سەن كېتىۋەر» دېگەننى ئىشارەت قىلدى. كامال ئالدىراپ دەرۋازىدىن چىقتى - دە، تېز - تېز قەدەم ئېلىپ، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى بىر تۈپ ئازغان تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. ئەنسىز خىياللار ئىچىدە قورقۇپ ئولتۇرغان شياۋما خۇشاللىقىدا «ئاكا··· » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كامال ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ باراقسان كەنت ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— قورقتۇڭمۇ؟

— ئازىراق.

— يالغان ئېيتما، «مېنى كېچىدە تاشلىۋەتتى» دەپ راسا قورققانسەن؟

— سىز نەدىن بىلىسىز؟

— سەن يىغلاڭغۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپلا تۇرامدۇ.

بىز دەسلەپتىلا سۈرەتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك نېۋىخان بىلەن ھەۋزىنىيازخان مومايىنىڭ ھويلىلىرى بۇككىدە دەل ـ دەرەخ، باغ ئىچىدە بولۇپ، مەھەللىدىن خېلىلا ئايرىلىپ تۇرغاچ، خۇددى يەرگە قونغان يامغۇر بۇلۇتىغا ئوخشايتتى. ئىككىلا ھويلا ئالدىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ھويلىلار ئېگىزدە، يول پەستە بولغاچقا، ھويلا ئالدىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكلەرمۇ قىيپاش كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ ھويلىلارنىڭ ئەتراپىدا ئاھادا قىلىنغان دەرۋازا تام، چىتلاق، ئەدناسى شاخ ـ شۇمبىلارمۇ يوق ئىدى.

كامالنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تۈپ ئۆرۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا نېۋىخان ئانا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ناگان ـ ناگاندا ئەتراپىغا بوغۇق ئاۋازدا «بوككىدا» قىلىپ چۇشۇۋاتقان ئۆرۈكلەرنىڭ تىۋىشىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. شياۋمانى باشلاپ كەلگەن كامال ئانىسىنىڭ بېشىغا قويغان سامان تەكيىگە، سۇپىغا سېلىنغان كونا كىگىزگە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ ئەيمىنىپكىنە چاقىردى:

— ئانا ··· ئانا كۆزلىرىنى ئاچسىلا، مەن كەلدىم.

— ھە، كىم؟ — مەڭدەپ تۇرغان موماي دەمال ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. لېكىن بىردىنلا كامالنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ شاپىلداپ سۆيدى، — ۋاي غوجىكام بالام، ئانا بالىكام، خوندەك بالىكام، ھېلىلا چۈشۈمگە ئايان بولغانىدىڭ، ئەجەب تېزلا قايتىپ كەپسىيا.

— بۇ قېتىم ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ، دەرھاللا قايتتىم ئانا.

ھويلا قاراڭغۇ ئىدى. شياۋمامۇ يېتىرقاپ كامالنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغاچقا نېۋىخان ئۇنى تەرەپبا كۆرۈلمىدى.

— ئوچ هارامخورنىڭ نەرسىلىرىنى ساتالماي جوسادۇي، مىنبىڭلارغا توتۇلۇپ قالغانمىدۇ؟ دەپ يۇرىكىم ئىغىپلا ئۆتتى.
— ياق ئانا، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى دەڭدىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم.
— ئۆتكەندىغۇ ۋاڭ دەيدىغان كاتتام قۇتقۇزۇپ قاپتىكەن، شۇڭا كۆنلىرىم ئەنسىرەش ئىچىدىلا ئۆتىدۇ. توختا بالام، سىنىڭ تەرى - ۋەستىڭنى بىر كۆرەي.
نىۋىخان ئۆرۈك پۇتىقىدىكى قارا چىراغنى يىقىپ، ئارقىسىغا قايرىلىشى كامالنىڭ كەينىدە شۇمشەرەپ تۇرغان شياۋمانى كۆرۈپ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى:
— ۋاي خۇدايىم، بۇ كىم بالام؟
— ئانا بۇ، ئاتا - ئانىسى يوق خەنزۇ بالىكەن، ماڭا ئەگىشىپ كەلدى. ئۇ ... ئۇنىڭ مىجەزى يوق.
— چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا، قۇيرۇقىغا غەلۋىر ئىسىۋاپتۇ دەپ، كۈنىمىزنى ئاران ئىلىپ كىتىۋاتساق ئۇنى باشلاپ كەلگىنىڭ نىمىسى؟ نەچچە كۈننىڭ ياقى ئوڭ قاپىقىمنىڭ تارتقىنى بىكار ئەمەسكەندە.
— ئانا، گىپىمگە قۇلاق سالسىلىچۇ، ئۇ كەنت تەشكىلىدە ئەخمەت بىلەن ماللارغا قارىسىمۇ بولىدۇغۇ ياكى يىزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بەرسەم يۇگۇر - يىتىم ئىشلارغا سالامدۇ.
— رىزقىنىغۇ خۇدايىم بىرەر، لىكىن كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى بىلىپ قالسا، — نىۋىخان بىشىنى چايقىدى، — «تىگى - تەكتى نا ئىنىق، قارا نوپۇسنى دەرھال يوقات، بولمىسا ئۆزۈڭنى تەختى - پەرىگە ئەچىقىپ كۆرەش قىلىمىز» دىيىشتىن يانمايدۇ.
— ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كىتىپ، ئۆزى قارا يىتىم بولۇپ قاپتۇ. ئۆزلىرىمۇ ساۋابلىق ئىشنىڭ چىكى يوق دەيتتىلىغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، مۇسۇلمان بولمىسىمۇ خۇدايىمنىڭ بەندىسى، — نىيۇىخان چوڭقۇرغىنە ئۇھسىدىسىندى، — مەنغۇ سىنى ماموقىنىڭ ئۇستىگە تۇغمىغان، سىنىڭ باغرىڭ نىمانچە يۇمشاقتۇ!

نىيۇىخان ئانا شىياۋمانىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە، بىچارە، مىسكىن ھالىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، ئوغلىغا لەپپىدە قارىدى:

— ماقۇل بالام، قازناقتا بىر پارچە كىگىز تاشلاپ بەر. شۇ يەردە ياتسۇن، قىزىپ قالغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا كاشكاپ قاينىتىپ بېرەي، ئىچۈرۈپ قوي.

ئەينى يىللاردا ئىبرى نەسرۇللادىن ئۇششاق كېسەللىكلەرنى داۋالاش چارىلىرىنى ئۆگىنىۋالغان نىيۇىخان ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقى، غولى، يىلتىزى، چېچەكلىرىنى ساقلايتتى. ئۇنىڭ كاشكاپ دېگىنىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ئىدى. گەرچە بۇ دورا قىرتاق، ئاچچىق بولسىمۇ پارچە - پۇرات كېسەللىكلەرگە داۋا بولاتتى. نىيۇىخان ئانىنىڭ قاينىتىپ بەرگەن كاشكىپىنى كامال شىياۋماغا ئىچۈرۈپ ئۇنى پۈركەپ ياتقۇزۇپ قويغاچقا، ئۇ سەھەرلىكتە خېلىلا يېنىك ئويغاندى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى چۈشۈپ، يۆتىلىمۇ توختىغان ئىدى. شىياۋما مومايىنىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى، كامالنىڭ ئاق كۆڭۈل، نىيىتى دۇرۇس يىگىتلىكىنى ئويلاپ يېتىشى، ھويلىدا مومايىنىڭ ئاجىز يۆتەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قەغەز چاپلانمىغان پەنجىرە شادىلىرى ئارىلىقىدىن ھويلىغا قارىدى. موماي ھويلىغا تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى ئېتىكىگە تېرىپ، ئۆرۈك شېخىغا ئېسىلغان سېۋەتكە تۆكتى. ئاندىن ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتىن چېلەكتە سۇ ئەكىلىپ، چۆمۈچتە ھويلىغا چاچتى. نىيۇىخان ھويلىنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى كونا داسقا ئالغاندىن

كېيىن قوي قوتىنىغا چاچتى. شىياۋما موماينىڭ ھەر قېتىم ئېغىشكىنىدە «ئۇھ» دېيىشلىرىنى، پات ـ پات بېلىگە ئۇرۇپ قويۇشلىرىنى، ئىرغاڭلاپ يۇرۇپ باغقا كىرىپ كەتكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ ئۆز ئانىسىنى ئەسلىدى:

لى ئانا تولىمۇ رايىش ئايال ئىدى. سەھەر قوپۇپ ھويلا ـ ئاراملارنى تازىلايتتى. باللىرىنىڭ كىيىملىرىنى ۋاقتى ـ قاراردا يۇيۇپ، ھويلىدىكى سىملارغا ئېسىۋېتەتتى. سەي ـ كۆكتاتلارنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇپ، تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. قىسقىسى ئۇ بىر كۈن كەچكىچە پوسۇرلاپ يۈرۈپ، كېچىلىرى بەل ـ پۇتلىرى ئاغرىپ ئىڭراپ چىقاتتى. شىياۋمانىڭ دىمىغى زىڭگىدە ئېچىشىپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ: توۋا، دۇنيادىكى ھەممە ئانىلار ئوخشاشلىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ مەڭزىگە دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇشى، تېۋىخان ئانا باغدىن بىر قۇچاق ئوت ئېلىپ چىقىپ قوتاندىكى قوزىلىق قويغا تاشلاپ بەردى. ئۇ قوتاننىڭ ئەتراپىدىكى چېچىلغان ئوت ـ چۆپلەرنى تېرىپ تۇرۇشى، كامال ئۆيدىن كېرىلىپ ـ ئەسنەپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپلا قاپاقلىرىنى تۈردى:

— ئانا ھويلا ـ ئاراملىڭ ئىشىنى مەن تۇرۇۋقلۇق، سىلى قىلىسىلا، بۇ مېنى ھۆل تاياقتا دۇمبالىغانلىقلىرى ئەمەسمۇ، — دېدى كامال خىجىللىق بىلەن، — مەن يوق چاغدا قىلغانلىرىمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

— بالام ئەتىگەندىلا تۇرۇۋاپسەنغۇ، يەنە شۇ تەشكىلگىما؟

— شۇنداق، يەنە قانداق ۋەزىپىلەر بار ئۇقۇپ كېلەي.

— ناشتا قىلمايلا بارامسەن؟

— سوغۇق سۇ بىلەن بىر پارچە نان يەۋالدىم. ئانا، ئاۋۇ بالىغا، — كامال قازناقنى ئىشارە قىلدى، — قىزىققىنا بىر تېمە قىلىپ بېرەلا.

كامال ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە

بېرىپ قايتىپ كەلگەندە ھەرقايسى مەھەللىدىكى دېھقانلار، ئۇششاق باللار ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى ياكى بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپ ماڭاتتى. كامالمۇ ئۇلار بىلەن ئەسرا بولغىنىدا ئۆزىنى يېنىك ۋە خۇشال ھېس قىلاتتى. ئۇ كەنت تەشكىلى ئالدىغا كېلىشى خالتىلاردا ئۇن كۆتۈرۈشكەن 50 ~ 55 ياشلاردىكى ئىككى دېھقان ھويلىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلار قوغۇنچى مەھەللىسىدىكى جۇمىراخۇن بىلەن پەتقۇللا ئىدى. ئۇ ئىككىسى كامالنى كۆرۈپلا يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى كامال قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — نورمىغا كېلىشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— كامىلاخۇن بالام، قانداقمۇ قىلارمىز؟ — جۇمىراخۇن كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ تەشكىل ئىچىگە قاراپ قويدى، — نورما ئاشلىقتا تاماق ئەتسەكمۇ، نان ياقساقمۇ، يېسەك غىرىچلايدۇ. ساپلا قۇم.

— بۇرۇنلاردا تۈگمەنچى تاشنى چوقۇغان چېغى دەپتىكەنمىز، — دېدى پەتقۇللا خالتىسىنى يەرگە قويۇۋېتىپ، — تاسقاپ كۆرسەك، ئامباردىكى ئاشلىققا قۇم - توپا ئارىلاشتۇرغاندەك قىلىدۇ.

— ئانامۇ شۇنداق دەيدۇ، — كامالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — چاۋاركامنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟

— بۇ ئاشلىق ئوغرىلاشنىڭ ئەپلىك چارىسى، — جۇمىراخۇن بوشقىنا كۇسۇرلىدى، — چاۋارنى بىكارغا چايان دېمىگەندە.

— تورۇس بىلەن تەڭ دۆۋىلەنگەن بۇغداي، قوناق، ئارپا ئۈنلىرىغا قانچە تاغار قۇم، توپا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، — پەتقۇللا ئارقىسىغا قاراپ قويدى، — بىر قازان ئاشقا بىر چىمدىم تۇز سالغاندەكمۇ بولماس.

— بولدىلا چاۋار چايان توغرۇلۇق گەپ چىقسىلا، — جۇمىراخۇن قول سىلكىدى، — ئادەمنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ

قالىدىكەن. ھە، كامال بالام، شەھەردىن قاچان كەلدىڭ؟

— ئاخشام كېلىشىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ نەۋرىلىرىگە ئاز ـ تولىدىن كىيىم، ئاندىن دەپتەر، قېرىنداش ئەكەلگەن، ئەخمەتكامدىن ئېلىۋالارلا.

— رەھمەت، رەھمەت···

— جىنىمىزغا جان قوشۇۋاتىسەنغۇ، بالام.

جۇمىراخۇن بىلەن پەتقۇللا كامالغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەچ ئۇزاپ ماڭدى. بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىگەن كامال كىمنىدۇر «ئىنساپسىز مەخلۇق» دەپ تىللىغاچ كەنت تەشكىلىگە قەدەم ئالدى. ئۇ كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق يان قورۇغا ئۆتۈپ بوغالتىر ئىشخانىسىغا كىرگەندە مەتسىدىق چوتنى شاراقلىتىپ ھەم نېمىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى.

— ھە، كامال كەلدىڭما؟ — مەتسىدىق مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى، — بۇ قېتىم ئەكىرگەن تىۋىتنىڭ بىرىنچى سورتقا ئۆتكەندۇ؟

— نەدىكىنى، بۇ قېتىمقى تىۋىتمۇ ئۆتكەندە ئەكىرگەنگە ئوخشاش تۇرسا، — كامال ئۈستەلگە پاققىدا ئۇرغان ئىدى، مەتسىدىق چۆچۈپ كەتتى، — سودا ئىدارىسىدىكى تېخنىكلار: «تىۋىتقا قىلىلىق يۇڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ ئۈچىنچى سورتقا ئالغان. مەن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئىككىنچى سورتقا ئاران ئالدۇردۇم. ئۆزلىرىنىڭ ئەسكى ـ تۇسكى يۇڭلىرىنى ئارىلاشتۇرمىسىلىمۇ، باشقا نەرسىلەردىن پۇل تېپىۋاتىدىلىغۇ، سىلىنىڭ كاساپەتلىرىدىن كەنتنىڭ ساپ تىۋىتىنىڭمۇ باھاسى چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ـ ھە؟

— ئاغزىمنى تولا ئاچمىسىلا، بىكار ئۇنىڭدىنمۇ سېسىقىنى چىقىرىمەن. ئالسىلا بۇنى.

كامال تالون بىلەن پۇلنى ئۈستەلگە پاققىدە ئۇردى. مەتسىدىق

# تەكلىماكان يولى (1)

تالونغا بىر ھازا قاراپ پۇلنى تاتمىغا سالغان بولسىمۇ، كاللىسىدا قويۇن پىرقىراۋاتاتتى: بۇ يونۇمىغان توغراقتا، كېلەڭسىز دارايغا نېمە بولغاندۇ؟ بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىمدا ··· راسا بىر بىسىغا قېقىش كېرەكمۇ؟ ياق بۇنىڭغا ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك، دەپ مۇئامىلە قىلغىنى بولمايدۇ. بۇ ··· بۇ ··· ئەبلەخ ئۆپكە ـ ئىشكامبۇل، ئاچچىق ئۇچەيلىرىمگىچە بىلىپ كەتتى. ئەگەر توقۇمنى قارنىغا ئالسىلا ئىش چاتاق! قىشتىمۇ «مانا، ياڭاقلىق، ئۆرۈكلۈك باغلىرىدىن چىققان ياڭاق، گۇلىقاق، جىگدە، مونەكىنىڭ پۇلىسى!» دەپ يۈزۈمگە ئاتمىسىدىمۇ··· بۇ ··· بۇ ··· بارغانسېرى قاپ يۈرەك، تىلى ئاچچىق، گېپى سېسىق بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ ··· بۇنىڭ ئارقىسىدىن دۈرۈت ئوقۇۋاتقان بىرسى بارمۇ ـ قانداق؟!

— ھە، جىمىپ كەتتىلىغۇ؟ — كامالنىڭ ئاۋازى بايىقىدىنمۇ قاتتىق چىقتى، — پۇلنى ئالغانلىق ھەققىدە تالون يېزىپ بەرمەملا؟

— تالون تۈگەپ كېتىپتىكەن، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن ـ ھە؟

— ھەر قېتىمدا ئاشۇنداق دەپ ئىسپات بەرمەيلا، كېيىنچە تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالسا مەن ئىگە ئەمەس.

— خاتىرجەم بول، «كامالدىن پۇل ئالمىدىم» دەپ ساڭا ئۇسمىسەم بولمىدىمۇ.

— مانا ماۋۇ، — كامال يەنە بىر سىقىم پۇلنى جوزىغا تاشلىدى، — ئوغۇت زاۋۇتلىرىدىن چىققان ئوغۇتنىڭ پۇلى···

— نېمانداق زەھەرىڭنى چاچىسەن، — مەتسىدىق غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى، — كەنتتە پۇل بولمىغاچقا، قۇمتامغا تەقسىم قىلىنغان ئوغۇتلارنىڭ پۇلىنى بىز ئۇچىمىز تۆلەپ ئالدۇق. شۇنداقتىمۇ ئەترەتلەرگە تېگىشلىكىنى بەردۇقۇ، ئەگەر بۇ گېپىڭنى چاۋاركام بىلەن ئىگەمبەردىكام ئاڭلىسا، ئاناڭ بىلەن




ئىككىڭگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتەر؟!

كامالنىڭ بىردىنلا يۈرىكى سىيلىپ كەتتى. ئۇ چاۋارنىڭ نورما ئاشلىقتا قوم توپا ئارىلاشتۇرغانلىقى، بوغالتىر ئىشخانىسىدا مەتسىدىقنىڭ يوغانلىق قىلىشى، ئىگەمبەردىنىڭ نامراتلارغا قوتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىلەرنى «سېتىپ بەر» دەپ يۈزسىزلىك قىلغانلىرى بىردىنلا ئېسىگە كېلىۋېلىپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان هالدا ئوشۇق گەپلەرنى قىلىۋەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ يەتكىنىدە راستىلا ئۆزىدىن، ئانىسىدىن، تېخى شياۋمادىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا ئۇ بىردىنلا هوردىن چۈشۈپ بوشاپلا كەتتى. ئەلۋەتتە شياۋمانى مال ئېغىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىگەمبەردى، چاۋارلارغا يېلىنماي بولمايتتى.

— مەتسىدىقكا، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمىگەچكە، — دېدى كامال دۇدۇقلاپ، — قالايمىقان سۆزلەپ قويۇپتىمەن.

— مۇنداق دېمەمسەن، — مەتسىدىق كۆرەڭلىك بىلەن گىدەيدى، — چاۋاركامنىڭ دېيىشىچە بۇ قېتىم شەھەرگە چىكىت ئەكىرىدىكەنسەن. مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 6 خالتا ئاق ئوغۇتۇم بارئىدى.

— ۋاي - ۋۇي مەتسىدىقكا، پايدىنى سىلەر كۆرگىنىڭلار بىلەن ئۆتكەن قېتىم تۇتۇلۇپ قىلىپ كۆرمىگەننى كۆردۇم.

— بولدى، تولا قاقشىما، ۋاڭ جۈيجاڭ دېگەن بىر تونۇشۇڭ باركەن. ئۇنىڭ قولى خېلى - خېلى يەرلەرگە يېتىدىكەننغۇ. يەنە نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ تاپان ھەققى بەرمەمدىكىن دەپ قالما، بىر خالتىسى ساڭا تەئەللۇق.

— رەھمەت···

كامال بوغالتىر ئىشخانىسىدىن چىقىشى ئاشلىق ئامبار ئالدىدا قورسىقىنى سىلاپ تۇرغان چاۋار ئۇنى چاقىردى. كامال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈندىمەي جىم تۇردى.

— ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟

— ئىگەمبەردىكامىنىڭ ئۆيىگە.
— يائاللا ئىگەمبەردىنىڭ ئىسمى چىقسا، بېشىڭ بىلەن ماڭىسەنغۇ.
— ماڭماي ئىلاجىم قانچە، ئۇ ئەملىنى پەش قىلىپ قورقاق سالسا، سىلى «ئاشلىق نورماڭ ئۈچۈن ئالدىمغا كېلىسەن» دەپ دوق قىلىسىلا، مەتسىدىق «چوتنى بىرلا شاراقلاتسام، قەرزىڭ مانا مەن دەپ چىقىدۇ··· » دەپ تەھدىت سالسا···
— بولدى، بولدى قايناپلا كەتتىڭا، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — بۇ قېتىم ناھىيىلىك ماي زاۋۇتىغا چىگىت ئەكىرىسەن. چىگىت ئاستىغا يىگىرمە نەچچە چارەك بۇغداي، قوناق بېسىپ بېرەي.
«نېمانداق تۈگمەيدىغان بۇغداي، قوناق ئۇ؟ تەكلىماكان ئىچىدىن بوز يەر ئاچتىلىمۇ؟» دېگەن سۆز كامالنىڭ بوغۇزىغا كېلىپ، يەنە يۇتۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قورساق كۆپۈكىنى چاقچاققا يۆلەپ تۇرۇپ چىقىرىۋالدى:
— يائاللا چاۋاركا، بىرنەچچە فۇڭ قالدۇق يەرلىرى ئەجەب مۇنبەت جۇمۇ، بۇغداي، قوناق چىقىۋېرىدىغان «ئېچىل داستىخىنىم» نىڭ ئۆزىلا.
— بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىڭ، هازىر نېمانداق بىر گېپىڭ زىخ، بىر گېپىڭ مىخ بولۇپ قالدى، — چاۋار كامالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — شەهەردە بىرەرسى ئارقاڭدىن ئەپسۇن ئوقۇۋاتامدۇ، قانداق؟
چاۋارنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ، قارىداپ كەتكەندەك بولدى. كۆز قارىچۇقلىرىدىن زەهەردەك ئۇچقۇنلار چاچرىدى. ئۆزىنى يەنىلا تۇتالماي قالغان كامال دەرهال ئېسىنى يىغىپ قەستەن كۈلدى.
— چاۋاركا چاقچاق - هە! — كامال چاۋارنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى، — مەتسىدىقكام يەنە ئوغۇتنى تەڭلىدى. ئىگەمبەردىكام

ئۆتكەندە يوتقان ـ كۆرپە، كىگىزلىرىنىڭ قىپقالغىنىغا ھازىرغىچە باتناپ يۈرىدۇ. ھارۋىغا چىگىت باسمەنمۇ، زادى نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— مەتسىدىقنىڭ ئوغۇتىنى سېتىپ چىققانسەن؟

— سېتىپ چىقتىم، لېكىن يەنە بار دەۋاتامدۇ.

— ئەمىسە چىگىتنى ئازىراق بېسىپ بېرەي، ئاتلارغىمۇ ئېغىر كەلمەس.

كامالنىڭ ئاچچىقى غۇژژىدە كېلىپ، يەنە شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن: «كەنت دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئىتى ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا نېمىتى؟» دېگەن سۆز چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— شەھەردىكى مىنىڭ، بازار باشقۇرۇش جۇسادۇيلەرنىڭ كالتىكىنىڭ تەمىنى مەن تېتىيمەن. پايدىنى سىلەر ئالىسىلەر، — كامال يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ چاۋارغا بېرىشى ئۇ سانىمايلا يانچۇقىغا سالدى، — بۇ قېتىم سېتىپ چىققان ئاشلىقنىڭ پۇلى، سانىۋاسىلا.

— بولدى، ساڭا ئىشىنىمەن، قارا كامال، بۇ چاققىچە سېنى قۇرۇق قويمىدۇققۇ دەيمەن. بۇ قېتىممۇ بىر چارەك بۇغداي، ئىككى چارەك قوناق جاپا ھەققىڭ بولسۇن.

— رەھمەت چاۋاركا، — كامال قەستەن مىننەتدارلىق تونىنى كىيدى، — ئەمىسە ئىگەمبەردىكامىنىڭ ياتقان ـ كۆرپىلىرىنى يەنە قالدۇرۇپ قويمىزما؟

— ئۇ ئىشنى مەن توغرىلايمەن، ئۆيىگە بارمىساڭمۇ بولىدۇ. ھەي توختا، — چاۋار قولىنى كۆتۈردى، — شەھەرگە ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرى ماڭساڭ قانداق؟ ئەتە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يىغىنغا بىزنى ئاپىرىپ قوي.

— چاۋاركا، سىلىنىڭ قاشقا تورۇقنىڭ قەدىمى چوڭ، ئايغى تېز، يورغىسى سىلىق تۇرسا، شۇنى مىنىپ، بەگدەك بارماي.

## ئەكلىساكان ئوغلى (1)

— مەن ئۇنىڭدا بارسام ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىقچۇ؟ ئۇلار سىنىڭ ئاتلىرىڭنى بەك شاش، كامالدىن باشقىسىنى يېنىغا يولاتمايدۇ، دەپ قورقسا.

— بولىدۇ چاۋاركا، مەن ئەته ئەتىگەن كېلىپ هارۋىنى قاتاي.

كامال ئۇزاپ كېتىشى چاۋار بوغالتىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئالدىدىكى تىۋىت ساتقان تالونغا قادىلىپ قالغان مەتسىدىق قارىمايلا «هازىرلا چىقىپ كېتىپ، يەنە نېمىگە كىردىڭ؟» دەپ ۋارقىرىشى چاۋارمۇ: «سەرەمجىنىڭ چاترىقىڭغا پاتماي قالدىما؟» دەپ ئۇنىڭغا ئېگىشتى، مەگدەپ كەتكەن مەتسىدىق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزى سەزمەي قالدى.

— ۋۇي چا ··· چاۋاركامغۇ بۇ، مەن تېخى···

— هە، كامال بولسا، كارنىيىڭ يىرتىلىپ كەتكۇدەك ۋارقىراپ هەيۋەڭنى كۆرسىتەمتىڭ؟

— كا ··· كامال قارىسىلا، «تىۋىتكە يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپسەن، قوشۇمچە تېپىۋاتقان پۇللىرىڭلارمۇ ئازمۇ؟» دەپ بىزگە تەهدىت سېلىۋاتىدۇ.

— هەق گەپ تىتاڭ تومۇرلىرىڭنى سىرقىرتىۋەتتىما؟ — چاۋار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېگىشتى، — هەي خام كاللا، بىرەر تاغار پاسكىنا يۇڭلىرىنى ئارىلاشتۇرمىساڭ ئاچتىن ئۆلەمتىڭ؟ ئەگەر تىۋىت ساپ بولسا، نەچچە هەسسە ئارتۇق پۇل ئالىقىنىڭغا كىرىدىغانلىقىنى مۇسەللىيەلمىدىڭما؟

— ئۇ ··· ئۇ ··· يەنە، — مەتسىدىق خورتتىدا يۇتۇندى، — ئوغۇت زاۋۇتلىرىدىن چىققان ئوغۇتنىڭ پۇلى دەپ جوزىغا ئورۇۋاتىدۇ.

— هۆم··· — چاۋار ئىشخانىدا ئالدى ـ كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى، — بىز بەك بىخۇدلۇق قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا مەن: «ئوغۇتقا چېقىلمايلى، بۇنىڭ سانى چەكلىك، كېيىنچە يېزىلىق هۆكۇمەتتىن سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، هۆددىسىدىن چىقماق

تەس» دېسەم، «بۇنداق لوق گۆشنى يېمىگەن ئادەم ساراڭ» دېگەن سەن!

— چا ··· چاۋاركا، ئوغۇتنى تەڭ ئۇلىشىپ، ئەمدى شالدىر - شاپىلاقنى ماڭا ئارتىپ قويامىلا؟ — مەتسىدىق بوينىنى تولغىدى، — سىلىنىڭغۇ ئۆلگىچە يونۇپ يېسىلىمۇ نەچچە ئامبارلىرى بار، بىزنىڭچۇ؟

— ھەي تالون يىرتىپ، ئۆزگەرتىپ يەۋاتقان نەق پۇلۇڭ ئازما؟

— يېسەكمۇ، بۆلۈشسەكمۇ مەسلىھەت بىلەن تەڭ قىلغاندىمىز···

چاۋارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، بىرنەچچە دەقىقە مەتسىدىققا مىختەك قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاچچىقى كەلگەندە، يانپىشىدىكى غىلاپلىق پىچىقىنىڭ دەستىسىنى چىڭ قامالاپ ئالاتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇنىڭ پىچاق دەستىسىنى تۇتۇۋالغان قوللىرى سۇس تىترەۋاتاتتى.

— بولدى قىل، — چاۋار ئىشخانىنىڭ سىرتىغا قارىۋېتىپ جايىغا كەلدى، — ئۆزىمىزنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۆزىمىز تالاشمايلى، ئەڭ مۇھىمى كامالنىڭ ئاغزىنى ئېتىش كېرەك، ئۇ كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كەتتى. ماڭىمۇ بىر مۇنچە سېسىق گەپلەرنى قىلدى.

— تېخى ئۇ سېتىپ چىققان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئىسپات تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭغا شەھەردە بىر كىم گەپ ئۆگىتىۋاتامدىكىن دەيمەن.

— مەنچە ئۇ بىزنىڭ بېرىۋاتقان تاپان ھەققىلىرىمىزنى ئاز كۆرۈپ قورسىقى كۆپكەن گەپ، — دېدى مەتسىدىق ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا— «پايدىنى سىلەر ئالسىلەر، زىياننى مەن تارتىمەن» دېگەن گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن شۇ چىقىۋاتىدۇ.

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

— توغرا، ماڭىمۇ شۇنداق دېدى، — چاۋار سەل دېدىللەشتى، — مۇددىئاسى شۇ بولسا بۇندىن كېيىن جىقراق بېرەيلى، ئۇ تىلىنى يىغىۋالسا خاتىرجەم بولساق بولىدۇ.

— ئۇ دىۋانە هارۋىكەشكە جىق بەرسەك، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئالىۋېرىدۇ، شۇ.

— ئالغىنى ياخشى، ئالمىسا ئەڭ خەتەرلىك. بۇنى ئىگەمبەردىگىمۇ يەتكۈزۈپ قويايلى.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق كامال ھەققىدە راسا دە تالاش قىلىشىۋاتقاندا، كامال ئانىسى بىلەن ھويلا ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتا ئىدى. نېۋىخان چىرايى تۇتۇلغان، ئۆزى خامۇش ھالدا يەر باققىنىچە ئاستا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن بىر ئاياق يوبدان بىلەن يۇمشاق ئارپا كۆمىچىنى كۆتۈرۈپ قازناق ئىچىگە كىرىشى قاڭسىق تەر ھىدى دىماغلىرىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. نېۋىخان كىگىز ئۈستىگە داستىخاننى يېيىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ بولغىچە ئاران چىدىدى. شىياۋمانىڭ يۈز، بويۇن، قوللىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىبېشىدا پىتلار ئۆمىلەپ يۈرەتتى. بىردىنلا «ھۆ» تۇتۇپ كەتكەن نېۋىخان ئانا دەرھاللا قازناقتىن قايتىپ چىقتى.

— ئانا، قانداق قىلساق بولا، — كامال ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارىدى، — بىرەر ئامال كۆرسەتسىلىچۇ.

— ئوچاق ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ قويۇپ قويدۇم، ئىسسىپمۇ قالغاندۇ، — نېۋىخان ئوغلىنىڭ چىرايىغا قارىمىدى، — داس، سوپۇن، سۇنى ئەكىرىپ بەر، يۇيۇنۇۋالسۇن، سېنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ كاجۇ ساندۇقتا سېلىپ قويغان، ئۇنىمۇ ئاچىقىپ بەر. توختا، ئۇنىڭ ئەسكى - تۈسكى كىيىملىرىنى باغلاپ باغقا چوڭقۇر كۆمۈۋەت.

— ماقۇل ئانا…

— توختىغىنا بالام، ئاخشام سېلىپ بەرگەن كىگىزنى

ئاپتاپقا يېيىۋەت، قازناقنى پاكىزلىۋەت. ماڭ بارغىن.

كامال چېلەكتە ئىسسىق سۇ، چوڭ داس، ئۆزىنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە قازناق تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان شىياۋما ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— قانداقراق ئەھۋالىڭ؟

— ئاخشام ئانىڭىز قايىنىتىپ بەرگەن ئاچچىق دورا پايدا قىلغان ئوخشايدۇ. بۈگۈنلا خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپتىمەن.

— كىيىملىرىڭنى سال، يۇيۇنۇۋالغىن.

— مەن ··· مەن··· — شىياۋما قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

— ۋاي، نېمىگە تارتىنىسەن، — كامال ئۇنىڭ قۇلاقچىسىنى ئېلىۋېتىشى پاخپايغان چاچ لەپلا قىلىپ گەدىنىگە چۈشتى، — پوھۇي شۇنچىۋالامۇ ئۆسۈپ كەتكەن بارمۇ، چۈشۈرۈۋەتسەم بولغۇدەك.

شىياۋما چاپىنىنى سېلىشقا ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، كامال بىر قۇر كىيىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، چاپاننى بىرلا تارتىپ سالدۇرۇۋەتتى. بىراق شىياۋما دەرھاللا ئارقىسىنى قىلىۋالدى.

— ۋاي ساڭا نېمە بولدى؟ قىز بالىدەك ناز قىلىپ، — كامال خاپا بولغان ئەلپازدا ۋارقىرىدى، — مۇشۇ پېژغىرىم ئىسسىقتا، قاتمۇقات ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدە قانداقمۇ چىدىغانسەن؟ ماۋۇ ئاتىنىڭ چۇلغۇرىدەك بولۇپ كەتكەن ئىشتانىنىمۇ سېلىۋەت.

كامال شىياۋمانىڭ مۈرىسىدىن بىرلا تارتىپ ئۆزىگە قارىتىشى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى توسۇۋالغان ئالىقانلىرى ئارىلىقىدىن يۇپيۇمىلاق كۆكسىنى كۆرۈپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كامال ئۆزىنىڭ ئېلىپ كىرگەن كىيىملىرىنى ئالمان - تالمان ئېلىپلا قازناقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— شۇڭا ئۇ دەڭدە بىللە ياتماپتىكەندە.

— بالام، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، — باغدىن ئېتىكىگە ئۆرۈك تېرىپ چىققان نېۋىخان ئىرغاڭلاپ يېتىپ كەلدى، — كىيىملەرنى نېمىگە قايتۇرۇپ چىقتىڭ؟

— ئانا ئۇ ··· ئۇ ··· ئەستەغپۇرۇللا.

— ھە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ ··· ئۇ دېگەن قىز بالىكەن!

— قىز بالىكەن؟ — موماي سۆپىغا كېلىپ ئولتۇردى، — گۇمانىم توغرىكەن، مەن ئۇنى كۆرگەندىلا، ئۇنىڭ مەينەتچىلىك يوشۇرۇپ تۇرغان مەسۇم چىرايىغا، ئىنچىكە بويۇن، يۇمران ئېڭەكلىرىگە، نازۇك يۈزىگە قاراپ ئەجەب قىز بالىغا ئوخشايدىكەن، دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم.

نېۋىخان ئېغىر خورسىندى. ئۇ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە بىر ھازا جىمىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇن ـ تىنسىز ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا قاتلانغان كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ كۆك گۈللۈك چىت كۆڭلەك ئاستىدا يېشىل دەمبىزە ئىشتانمۇ بار ئىدى.

— ئانا، بۇ كۆڭلەكنى سىلىگە ھېيتتا تىكتۈرۈپ بەرگەن تۇرسام.

— يۇيسام كىرىشىپ، ماڭا كىچىك كېلىپ قالدى. يۇيۇپ قاتلاپ ئېلىپ قويغان ئىدىم. ئاشۇ قىزنىڭ رىزقى ـ نېسۋىسى ئوخشايدۇ.

نېۋىخاننىڭ ئىشارىسى بىلەن كامال قازناق ئىشىكىنى چېكىشى قىز ئىشىكنى قىيا ئاچتىيۇ، لېكىن يەرگە قارىۋالدى. كامالمۇ ئۇنىڭغا قارىمايلا كىيىملەرنى سۇنۇپ بەردى. ئاندىن كەينىگە ياندى ـ دە، سۆپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئانىسىغا قاراشقا پېتىنالمىدى. تووۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ! ـ دەيتتى ئۇ تەڭلىك ئىچىدە، — راست ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، قىز بالىنى قانداقمۇ

مال ئېغىلىدا ئىشلەتكىلى بولسۇن. بىر يات قىزنى يېزا ـ كەنتلەردە سۆرەپ يۈرسە كىشىلەر نېمە سۆز ـ چۆچەك، ئىغۋالارنى تارقىتار؟ ئىسست، نېمە پوق يەپ ھارۋىغا سېلىۋالغان بولغىيتتىم! ئەمدى قانداق قىلسا بولار؟!»

تىزگىنسىز غەم، تۈۋسىز خىيالغا چىرمىلىپ قالغان كامال ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قاراشقا پېتىنالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك يەر باققىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئانا، ئۇ، مال ئېغىلىدا ئىشلىسە بولمىغىدەك.

— ھۆددەس بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىگەمبەردى دېگەن بىر ئاچ بۆرە، ئەركەك ھايۋان، — نېۋىخان ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئۇنىڭ كەنت ـ ئايماقلاردا قىلغان بۇزۇقچىلىقى ئازما؟ ئەڭ ياخشىسى شەھەرگە ئاپىرىۋەت.

— شۇنداق قىلاي ئانا، — كامال ئورنىدىن تۇردى، — مەن مەتسىدىق بىلەن چاۋارغا ئۆتكۈزگەن پۇل، تالونلارنى پۈتۈپ قوياي.

كامال ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كاجۇ ساندۇقنىڭ تېگىدىكى دەپتەرنى سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ تەستە ئالدى. ئاندىن ئۇ نېمىلەرنىدۇر يېزىپ بولۇپ، ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن دەپتەرنى لاتىغا ئوراپ، ساندۇقنىڭ تېگىگە تىقىپ قويدى. كامال ئۆيدىن چىققاندا ئانىسى ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەرگە چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىپ، پوتىسىدا سۈرتكەندىن كېيىن، سۈپىدا ئولتۇرۇپ يېدى. «مىزەخمەت ياغلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۆرۈك بەكمۇ شىرىنلىق بولۇپ، ئاغزىغا سالغان ھامان تامىقىدا ئېرىپ كېتەتتى. دادىسى مەرھۇم نەسرۇللا ياش چاغلىرىدا ئۆز قولى بىلەن تىكىپ، ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئۇ ئۆرۈك، كامال بولۇپمۇ نېۋىخان ئانا ئۈچۈن بەكمۇ قەدىرلىك ھەم تۇتىيا كۆرۈنەتتى.

## تەكلىماكان ئۆتلى (1)

قازناق ئۆينىڭ كىلىتى تاراق قىلىش بىلەن، قىزنىڭ يۇيۇنۇپ بولغانلىقىنى بىلگەن كامال ئىشىكنى بوشراق چەككەن ئىدى، ئىچىدىن «كىرىۋېرىڭ» دېگەن زىل ئاۋاز كەلدى. ئۇ قازناق ئۆيگە كىرىپلا، چېچىنى تاراۋاتقان «شياۋما» ئىسىملىك بۇ قىزنى تونۇمايلا قالدى. ئۇ ھۆپپىدە قىزارغان بولۇپ، قىياقتەك قاش، قويۇق كىرپىكلىك كۆزلەر خۇددى ئاق رومال ئۈستىگە قارا يىپەك تالالىرىدىن كەشتە بېسىلغاندەك، سۇزۇك يۇزلەرگە يارقىن جۇلا بېرىپ تۇراتتى. قىزنىڭ نازۇك بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇرغان قاپقارا چاچلار، ھالرەڭ تومپىلاق لەۋلەر ··· ئېقىپ چۈشكەندەك كىچىككىنە بۇرۇن، يۇمران ئېگەكلەر شۇنچىلىك ئومىاق، شۇنچىلىك بەرنا ئىدى! كامال ئىختىيار ئۇياتچىلىق بىلەن يەر بېقىپ تۇرغان مەسۇم سەنەمگە كۆز قارىچۇقلىرى ئېقىپ چۈشكىدەك تىكىلىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ زىلۋا بويىغا ئانچە خوپ كەلمىگەن چىت كۆڭلەككە، ئوشۇقلىرىنى يېپىپ تۇرغان يېشىل دەمبىزە تامبالغا، بولۇپمۇ رەتلىك سۇزۇپ، تاراۋاتقان چېچىغا زەن سېلىپ، نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقىنىنى دەمال ئاڭقىرالمىدى.

— ئانىڭىز كىرگۈزگەن كىيىمنىڭ ئىچىدە باركەن، — دېدى قىز قولىدىكى ياغاچ تارغاق بىلەن ئويۇقتىكى سۇزگۇچنى ئىما قىلىپ، — ۋاي خۇدايىم، قانات ياساپ ئۇچقۇدەك يېپيېڭىلىك بولۇپ قالدىم ـ دېسە، قانداق بوپتىمۇ؟

قىز تاتلىققىنا كۈلدى. ئۇ كۈلگەندە ئۈنچىدەك چىشلىرىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە «ئوغرى چىشى» ۋىلىلدە چاقنىدى. كامالنىڭ كۆڭلىدىن: توۋا، ئوغرى چىشمۇ قىزلارنى زەپ ئۈز كۆرسىتىدىكىنا، دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى. لېكىن، بىردىنلا ئەسلىگە كېلىپ، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن كامال ھاپىلا ـ شاپىلا يۇندى دېسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «ياتقاقتا مىلىنگەن مارجان» دەپ شىۋىرلىدى. كامال قايتا كىرىپ يەردە ياتقان كىيىملەرنى كىگىزگە ئورىدى. ئاندىن

قىزغا كۇلۇپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقتى.

غەيرىي، ئەنسىز، ئەمما ئازابلىق شېرىن بىر خىيال كالللىسىغا كىرىۋالغان كامال ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت باشلىقلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ قويۇپ كەلگەندە قىز باغدا ئانىسى بىلەن چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ قوي قوتىنى يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئالدى بىلەن قىز بىر سېۋەت ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ شوتىغا ياماشتى ـ دە، ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن نېۋىخان ئانا شوتىدا تۇرۇپ يەنە بىر سېۋەتنى سۇنۇپ بەردى. قىز ئۆرۈكلەرنى بورىغا تۆكۈپ يېيىشقا باشلىدى.

— ئەتىگەن بامدات نامىزىمنى ئۆتەپ چىقسام، — دېدى نېۋىخان ئۆگزىدىكى قىزغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى بىر كىم تېرىپ سېۋەتكە ئېلىپ قويۇپتۇ. ھويلىغا سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپتۇ. ئەخلەتمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ھەيران بولۇپ قارىسام بۇ قىز ئەپلىك قويلارغا ئوت سېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەي ... دەريخا، كەمبەغەلنىڭ بالىلىرى كۆزى ئېلگەن ئىشنىڭ ھەممىنى يامىداپ باقىدىكەندە.

— ئەتىگەندە ھېرىپ ھالىلىرىدىن كېتەتتىلا، بۈگۈن ئۆزلىرىگە ئاراملىق بوپتۇ ـ دە، ئانا.

— ئۇنى بىر دېمە، بالام.

كامال قىزنى «يەرگە چۈشۈڭ» دەپ خەنزۇ تىلىدا چاقىرغاچ قولى بىلەنمۇ ئىشارەت قىلدى. قىز شوتىنىڭ بالداقلىرىنى تۇتۇپ پەسكە چۈشتى. ئۇ ھېلىھەم كامالنىڭ چىرايىغا قارىيالماي كۆزلىرىنى يالت ـ يۇلت ئېلىپ قاچاتتى، قىزىرىپ نەلەرگىدۇر قارىۋالاتتى.

— ئانا، بىز قازناقتىكى نەرسىلەرنى رەتلەپ قويمىساق بولمىغۇدەك، بەك قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ.

كامال قىزغا خەنزۇچىلاپ نېمىلەرنىدۇر دېدى ـ دە، ئۇنى

باشلاپ قازناق ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئىككىسى چېچىلىپ ياتقان بوغا، جاۋاك، لىڭگىرچاق ھەم تاسما بوجىلارنى، تامغا يۆلەكلىك تاختايلارنى بىر بۇلۇڭغا ئىخچام تىزىپ قازناقنى تازىلىدى. بورا ئۈستىگە كىگىز سېلىپ، ئۆيدىن ئېلىپ چىققان پاكىز يوتقان - كۆرپىنى رەتلىك تىزىپ قويدى.

— بولدىمۇ، — كامال قىزاردى، — ئەمدى بىر ياستۇق ئەپچىقىپ بەرسەم بولغىدەك.

— رەھمەت، — قىز لاپپلا قارىدى - دە، دەرھاللا تەتۈر قارىۋالدى، — سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— ياق ··· ياقەي، — كامال ھودۇقۇپ تۇراتتى، — سىز ··· سىزنى ئەمدى ··· يەنە···

— ئوغۇل بالىدەك «شياۋما» دەپ چاقىرىمەنمۇ دېمەكچىمۇسىز؟

— بەك زېرەككەنسىز···

— جەمئىيەتتە ھەر خىل ئادەملەر بولىدىكەن. شۇڭا ئەنخۇي پويىز ئىستانسىسىدا يىتىپ كەتكەن ئۇكامنىڭ ئىسمىنى قويىۋالغان ئىدىم. ئەسلىي ئىسمىم لى لەيخۇا، يۇرتۇمدىكىلەر مېنى «لەيخۇا» دەپ چاقىرىشىدۇ. سىزنى ئالدىغانلىقىمدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— ھېچقىسى يوق، سىزمۇ ئامالسىزلىقتىن ئوغۇل بالا قىياپىتىگە كىرىۋالدىڭىز دە.

كامال بىلەن لەيخۇا تۈنجى قېتىم بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىدىيۇ، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىلەرنىدۇر ئىزلىدى. كامالنىڭ كۆزلىرى ئۆز تىللىرى ئارقىلىق ھەسرەتلىك شۇئۇرلىغان ئىدى، ئىككى يۈرەك تەڭلا غەزەپلىك ۋارقىرىدى.

— ئىشقى سەۋدا ھەممە - ھەممىنى تەرك ئېتىدۇ!···

## بەشىنچى باب

# يېتىم قىزنىڭ دەردى

تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئەلۋەتتە غەمسىزلەر ئۈچۈن كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدىغان تاڭدىكى تۇماندەك ئازغىنا پۇرسەت! بىراق، كۆڭۈللىرى غەم - ئەندىشە خورلۇق، ئۈمىدسىزلىك زەرداپلىرى چىرمىۋالغان، ئەتىكى ھاياتى مانانىلىق، غېرىب - غۇرۋا، مىسكىن يوقسۇللار ئۈچۈن بەكمۇ يىراق، كۆز يەتكۈسىز بىر مۇساپە··· يەتمەك تەس بولغان غۇۋا بىر مەنزىل! ··· ئەنە شۇنداق تۇرمۇشنىڭ قاتتىق دوقاللىرىدىن بىر يولدىلا ھۆر بولۇپ يورۇقلۇققا، ئازادلىققا، قىسقىسى ئۈمىدكە نائىل بولغانلىرىدا ئۇلارغا تۆت كۈن ئەمەس، تۆت قېتىم «ئۇھ» دېگۈدەك ئاراملىققا، خاتىرجەملىككە ئېرىشكىنىدە كۆزلىرىدە يالقۇن، مەڭزىلىرىدە قىزىللىق، چېھرىدە كۈلكە ئايان بولىدۇ! ··· قاراڭ، لەيخۇا تۆت كۈن ئىچىدىلا بولدۇرۇق مانتىدەك ھۆپپىدە ئاقىرىپ، چۆككەن قوۋۇزلىرى تولۇپ، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى نۇرلىنىپ، غۇنچە بويلىرىدىن چەبدەسلىك، لەۋلىرىدىن كۈلكە يېلىنجاپ تۇرغىنىنى كۆرۈڭ! ··· تېخى زەن سېلىپ قارىسىڭىز ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىغا بىر تاتلىق، شېرىن خىيال ئۇيۇپ قالغاندەك قىلىدۇ!!···

قۇياش كۈلۈپ باققان بىر ئەتىگەنلىكى ئىدى. لەيخۇا ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ، قارىداپ كەتكەن قۇم چۆگۈننى قۇم بىلەن ئاقارتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات -

# ئەكىلساكان ئۆزلى (1)

پاتلا ھويلا ئىچىگە بويۇنداپ قارايتتى ھەم ئۆزىچىلا «پىسىكگىمدە» كۈلۈپ قوياتتى. دەرۋەقە ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولدى. كامالنىڭ قامەتلىك بەستى ھويلىدا پەيدا بولدى. ئۇ كەڭ، ئاپئاق خەسە كۆڭلەك ئىتەكلىرىنى ئىشتان ئىچىگە تىققان، پوتا ئورنىدا پىستانلىق تاسما بەلۋاغ باغلىغان، قاپقارا ئىگىزلاشقان بىشىغا بادامدوپپا كىيگەن، ساقاللىرىنى پاكىز قىرغان ھالدا ھويلىدىن پەسلەپ چۈشۈشى لەيخۇا ئورنىدىن تۇردى. كامال قىزغا «تالا ـ تۈزلەرگە چىقماڭ» دېمەكچى بولدىيۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئىغىز ئاچالمىدى.

— كەنت تەشكىلىگە بارامسىز؟ — قىز كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ سورىدى، — چۈشكە ئانام ئىككىمىز قوناق چۆچۈرىسى ئەتمەكچى ئىدۇق.

— ئانامنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالىدىڭىزمۇ؟

— ئانام، — لەيخۇا ئىزا تارتىپقىنا كۈلدى، — كۆپىنچە ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. ئۇقالمىسام سورىدىم شۇ.

— شۇنداقمۇ، — كامال كۈلدى، ئەمما بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلىدى، — مەن ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىسەم، تاماقنى ئىلىپ قويۇڭلار.

كامال كېتىپ قالدى. قىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ كۆرۈنمەي قالغاندىن كېيىنلا چوڭقۇر تىنىغان ئىدى. چىرايلىق كۆكسى ئىگىز كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى.

كامال كەنت تەشكىلىگە بارىدىغان يولدىن قايرىلىپ، ئىككى تەرىپىنى پاختا يۇلغۇن قاپلاپ كەتكەن پورپاڭ قۇملۇق يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ يولدىن ئۇدۇل 4 ـ ئەترەتكە بارغىلى بولاتتى. چوڭلار بۇ ئەترەتنى «قوغۇنچى مەھەللە»، «قوغۇنچى ئەترەت» دەيمۇ ئاتايتتى. تونۇگۇن زۇلال، ھاشىملارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر قانچە ئەترەتنىڭ كادىرلىرى تۆتىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى




مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە يىغىلماقچى بولغان ئىدى. كامال دەرۋازا ئورنىغا بېكىتىلگەن چاققانغىنا قورۇغا كىرىپ كەلگەندە، مەتنىيازنىڭ كىگىز ۋە پالاس سېلىنغان مېھمانخانىسى تاماكا ئىسى بىلەن تولغان بولۇپ، بىرىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى ئايشەم، بوغالتىرى ياربەختى، ئىككىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى كېرىمۇللا، بوغالتىرى كامالەت، بەشىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى زۇلال، شۇنداقلا سابىق پېشقەدەم شۇجى ھاشىملار كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار كامالنى كۆرۈپ «قېنى تۆرگە چىق» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئىككى ياندىكى دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ئاندىن ھاشىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاغىنىلەر، بۇ يەردە ئاياللارنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — دېدى كامال تورۇستا لەيلەپ يۈرگەن ئىسقا قاراپ، — ئۆزۈڭلارنى ئىسلىغاننى ئاز دەپ، ئۇلارنىمۇ زەھەرلەمسىلەر؟

— ئۇلارغا كۆز تەگمەيدۇ، — چاقچاقنى باشلىدى دۇغلاققىنا يىگىت ياربەختى، — بولۇپمۇ كامالەتنى ئىسلاپ تۇرمىساق ئاسانلا كۆز تېگىدۇ.

— بولسىغۇ كۆزمونچاق ئېسىپ قويغان بولساق، — دېدى ئېگەكلىرىنى كۆپكۆك ساقال بېسىۋالغان 35 ياشلاردىكى كېرىمۇللا، — تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— بولدىلا كېرىمۇللاكا، — دۇمسايدى كامالەت، — سىزمۇ ياربەختكامغا گۇپپاڭچى بولۇپ بەرمەي، ئىززىتىڭىزنىڭ ساقلاڭ.

ئولتۇرغانلار پاراقىسىدە كۈلۈشتى. دېمىسىمۇ كامالەت كۆز مونچاق ئېسىپ قويغۇدەك چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ بۇ يىل 21 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. بادام يۈزلۈك چېھرى سۇتتەك ئاق بولۇپ، ئەگمە قاشلىرى قاپقارا، قايرىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئۇزۇن ھەم قويۇق بولغاچقا، شەھلا كۆزلىرى دائىم خۇمارلىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كۈلگەندە ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان چوڭقۇر زىنىخلاردىن ئۇ تېخىمۇ ئوماق بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ

ئەڭ سۆيۈملۈك يېرى، ساددا، سەمىمىي ئىدى.

— يولداشلار ئۈششاق پاراڭلارنى توختىتايلى، — مەتنىياز قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — مەنكى تۆتىنچى ئەترەتنىڭ بايلىق ئىلاھى مەتنىياز بولىمەن.

ھەممە بىردەك كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بايلىق ئىلاھى دېسە، كەنت بوغالتىرى مەتسىدىقنى دېسە بولىدۇ، — دېدى زۇلال دەرھاللا، — ساڭا، ماڭا ئوخشاش كىچىك ئەترەت بوغالتىرلىرى ئېتى مارجانبۇۋى قوڭىدا ئىشتان يوقلار.

كۈلۈشمەك يەنە باشلىنىپ كەتتى.

— تولا سەت گەپ قىلىشماي، مەتنىيازكامنى گەپ قىلغىلى قويىلى.

كامالەتنىڭ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ۋارقىرىشى، ھاشىمنىڭ قول كۆتۈرۈپ تەرتىپكە چاقىرىشىدىن ھەممە بىردىنلا جىمىشتى.

— يولداشلار بۇندىن ئىلگىرى «بىز قاچانغىچە ئۈچ بۆرىگە يەم بولىمىز» دېگەن قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا بەش قېتىم يىغىلغان بولساق، — مەتنىيازنىڭ سۆزىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، — بۇ ئالتىنچى قېتىملىقى كامالدىن خۇش خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن بولىدۇ.

— بىز ئۆتكەن ھەپتە ھەممىڭلارنىڭ تەلىپى بويىچە زۇلال ئىككىمىز كامالغا «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ھەققىدە ھەقىقىي راست خەۋەر ئۇقۇپ كېلىشنى تاپىلىغان ئىدۇق. شۇڭا كامالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقساق.

ھاشىم ئاكىنىڭ سۆزىدىن سورۇن تېزلا جىمىدى. كامال گېلىنى قىرىپ، كارنىيىنى رۇسلاۋالغاندىن كېيىن، ۋاڭ يۈك بىلەن بولغان «مۇھىم» سۆھبەتنى ئۈزنى توختاتقان ھالدا بايان قىلدى. ناھىيىلىك كومىتېتتىكى رەھبەرلەرنىڭ يازلىق يىغىم -

تېرىم مەزگىلىدە تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئۇ ۋاقىتتا تۇرۇۋاتقانلىقى، ۋاقىتىنچە باشقا ئىشلارنى ئويلاشمايدىغانلىقى، لېكىن كۈزگىچە خىزمەت گۇرۇپپىسى چوقۇم كېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بولۇنغان سۆھبەتنى كامال ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئاخىرىدا ۋاڭ يۈڭنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسىلىسىدە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن، ئابلىز ھاكىملار بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئولتۇرغانلار «كۈزگىچە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدا بولۇپ، بىر - بىرىگە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراشتى. ھاشىم ئۇلارنىڭ بىردىنلا سولتىيىپ، چىرايلىرىنىڭ تۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەل قايناپ قالدى.

— كۆپچىلىك «كۈزگىچە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئىشتىنىڭلار سىيرىلىپ چۈشتىمۇ نېمە؟ — ھاشىم قولىنى شىلتىدى، — بىز بۇ پۇرسەتنى كۈتمەي ئىلاجىمىز يوق. چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرنىڭ قولىدا ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، سىياسىي ھوقۇق بار، دېھقانلىرىمىز ئۇلاردىن قورقىدۇ، خۇشامەت قىلىدۇ. قورساقنى دەپ بولسىمۇ ئۇلارغا مايىل بولىدىغانلار جىق. مىنبىلىكى ئەترىتىمۇ شۇلارنىڭ ئالىقىنىدا. شۇڭا ۋاڭ يۈڭنىڭ ئەنسىرىگىنىمۇ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قانلىق ۋەقە چىقىش مەسىلىسى.

— ئۇنداقتا كۈزگىچە ساقلايمىزكەندە، — دېدى بىرىنچى ئەترەت باشلىقى ئايشەم، — شۇ چاغقىچە قۇمتام دېھقانلىرى بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

— ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا، قورقماي يەيدىغان بولۇپ كەتتى، — ئىككىنچى ئەترەت باشلىقى كېرىمۇللا بېشىنى چايقىدى، — ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دېھقانلىرىمىز پۇچۇق پۇلغىمۇ ئەرزىمەس نەرسە.

— توختاڭلار، — دېدى كامال جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىر

گەپنى ئۇنتۇپتىمەن. ۋاقى يوق يازلىق يىغىم ـ تېرىمدىن كېيىنلا رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىمەن، بەلكىم كۆزگىچە قالمايدۇ. بۇنى ھاشىمغا يەتكۈزۈپ قوي دېگەنىدى.

ھەممىنىڭ يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە باشلىرىنى لىڭشىتىپ بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشتى.

ــ يەنە ئۇ، ــ كامال قوشۇپ قويدى، ــ قۇمتاملىقلار غۇلاچقا چىددى، ئەمدى غېرىچ قالغاندا مەسىلە چىقىرىپ قويمىسىمۇن دەپ تاپىلىدى.

ــ مۇنداق دېمەمسەن، ــ زۇلال ھاياجانلاندى ــ دەسلەپتىلا ھەممىنىڭ كەيپىنى ئۇچارغىچە.

سورۇندىكىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەققىدە مۇنازىرىغا چۈشۈپ، ھەركىم ئۆز كۆزقارىشىنى قويۇپ ۋارقىراشماقتا ئىدى. بەزىلەر: «چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى پۇل بىلەن ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزۈۋالامدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئون يىلدا بىر قېتىم ئەۋەتكەن كادىرلارنىڭ نوچىسىنى ئەۋەتەر··· » دېيىشەتتى. ھەتتا، ئېگىز، ئورۇق ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق، ياڭاق سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ، چىققان مەتنىياز ئاۋاق بويىنى نامايان قىلغاندەك ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، «خەپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەن كۈنى مەتسىدىق دېگەن كاللەكنى سۆرەپ چىقىپ، تەشكىل قورۇسىدا دۇمبالىمىسام، قەرز سورىسام بەرمەي كىچىك قىزىم قىزىل چىقىپ ناھەق ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ۋارقىرىدى.

ــ ھەي كامال، ــ دەپ قولىنى شىلتىدى ياربەختى، ــ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن قورقما، بىر نەرسىلىرىنى سېتىپ بەرمە، قېنى قانداق قىلالايدىكىن؟

ــ ئۇ ئوغرىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىغانلىقىنى دەپ

قويغىن، — دېدى كېرىمولىلا، — قورقىنىدىن ئىشتانىغا چىقىرىۋەتسۇن!

— بۇنداق قىلىشقا مەن قارشى، — كامالەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قولۇپ ياسىغان، ئاچقۇچمۇ ياسايدۇ. ئەگەر كامالكامىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى كۆرسە ئۇلار ھابىلدەك ئادەملىرى ئارقىلىق يېزا بازارلىرىدا، ھەتتا ھايانكەشلەرنى ئۆيلىرىگە ئەكېلىپ، يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرىنى ئىشقا سېلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۇرۇشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا كامالكام بۇندىن كېيىن ياۋاش بولۇپ، قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى قىلماي ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش كېرەك. ھەتتا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىتىش كېرەك.

— شەھەردە ئونىنچى سىنىپنى پۈتكۈزگەن ئەقىل باشقىچە بولىدىكەندە، — دېدى ھاشىم مەمنۇن بولغان ھالدا، — ئۆزىڭىزغۇ سۈرەتتەك چىرايلىق، پىكىر قىلىشىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، رەھمەت كامالەت.

— بەزى چاغلاردا راستىنىلا كامالەتنىڭ غېمىنى يەپ قالىمەن، — زۇلال ھەممىگە تەكشى قارىدى، — ئۇ مەن - مەن دېگەن شەھەرلىك قىزلارنى يولدا قويغۇدەك چىرايلىق، لاتاپەتلىك. ئۇنىڭ دېمەتلىك يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇمىغان، ساپاسى تۆۋەن لايغەزەللەر...

— گېپىڭنىڭ ئۇرانىدىن كامالەت قۇمتامدا جورىسىز قالىدىغان بولدى، دېمەكچىما؟ — ئالىقانلىرىغا ئۇردى ئايشەم، — خاتىرەڭلىنى جەم قىلىڭلار، ئۇنىڭغىمۇ خۇدايىمنىڭ ئاتىغىنى بار.

— بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭلار چىقىپ كېتىمەن، — كامالەت ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توستى، — ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ.

— ھاي، ھاي كامالەتنىڭ غېمىنى قىلماڭلار — ھاشىم قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر غۇلمان يىگىت چۈشۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئەكىلماكان ئۆزلى (1)

ئۇلار كامالەتنى قەستەن تېرىكتۇرۇپ بىردەم چاقچاق ھەزىللەر قىلىشقاندىن كېيىن تارقاشتى. ھازىر كامال ئۆزىگە ئوخشمايلا قالغانىدى. ئۇ يولدا قايتقۇچە خۇددى يەردىن يامبۇ تېپىۋالىدىغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. بايا مەتنىيازنىڭ ئۆيىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر خىيالغا پېتىپ ئولتۇردى. سۆزلىرىدىن ئازدى. كۆپلىرىنى ئۇنتۇپ، كېيىن قوشۇمچە قىلدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ كۆڭۈل سارايلىرىغا بىراۋلار ئوغرىلىقچە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. لەيخۇانىڭ ئۆيدىكى ئىشچانلىقى، مۇلايىملىقى، ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى، كامالنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى ··· ئۇنىڭ زەپمۇ لەزىز، شېرىن ـ سۈپەت سۆزلىرى ··· ئوماق رۇخسارى ··· دەممۇ دەم ئايان بولۇپ، يۈرىكىنى تاتلىق ئازاب ئىسكەنجىلىرىدەك قىسىپ ئاغرىتاتتى ··· پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. قۇمتامنىڭ دىنىي تۈس ئالغان مۆرەككەپ مۇھىتى، كونا ئەقىدە، تۇزۇم ـ قائىدىلەرگە چىرمالغان دېھقانلار ··· ئانىسىنىڭ تەقۋادارلىقى، كەنتتىكى ئۈچ زومىگەرنىڭ زۇلمى قاتارلىقلار ئۆتكىلى بولمايدىغان ئېگىز ھەم قېلىن سېپىللار ئىدى! ئۇنىڭدىن كامالنىڭ ھالقىپ ئۆتۈشى خۇددى كالىنىڭ مۈڭگۈزىدە قىزىلگۈل ئۈندۈرمەكچى بولغاندەك ئەخمىقانىلىق ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئۇ لەيخۇانى كەتكۈزۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۇنتالمايدىغانلىقى ئېنىق، بولۇپمۇ قىزنى ئەجەبمۇ ئوماق، ئۆز كۆرسىتىدىغان ھېلىقى كىچىككىنە «ئوغرى چىش» نى قانداقمۇ ئەستىن چىقىرالىسۇن! بىراق ئۇ باغرىغا تاش قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ تەقدىرگە ئۆزىمۇ ئىقرار ئىدى!···

كامال خىيال بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ئانىسى نېۋىخان سۇپىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. چىرايىنى غەمكىنلىك تۇمانلىرى ئورىۋالغان بىچارە ئوغۇل ئۇن ـ

تىنىسىز سۈپا قىرىدا ئولتۇرۇشى قوللىرى كۆپكۆك ئوت يۇقى بولۇپ كەتكەن لەيخۇا باغدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، كامالغا ئىللىقلىقىنا تەبەسسۇم قىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقىپ سۈپىغا داستىخاننى يايدى ھەم بىر ئاياق قوناق چۆچۈرىسىنى ئەكىلىپ قويدى. لەيخۇا قوشۇقنى ئاياق قىرىغا يۆلەپ قويغاندىن كېيىن، مومايغا قارىدى. ئۇ «ئانا مەن···» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزنى ئارانلا دەپ، «ئۇتياشلىقتا ئوت ئوتايمەن» دېگەن مەقسىتىنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇردى. نېۋىخانمۇ «باسىلا بالام» دېگەچ قولىنى كۆتۈرۈشى قىز باغقا كىرىپ كەتتى. كامال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قېلىشى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زەن سېلىپ ئولتۇرغان موماي قەستەن گېلىنى قىرىپ قويۇشى، كامال دەرھاللا تاماققا تۇتۇش قىلدى.

— بالام، — سۆز باشلىدى نېۋىخان، — بۇ قىزنىڭ نەچچە كۈندىن بېرىقى قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن جانلىرىم سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم غەش.

— بىلىمەن ئانا، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي مىزانلار سىلىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، بۇ ناتىۋان، بىچارە قىز پىسەنتلىرىگە سىغمايۋاتىدۇ.

— بالام ساڭا ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆيۈنسەممۇ، ئەمما، ئەجدادلىرىمىزدىن سىڭىپ كەتكەن ئېتىقاد، ئەقىدە، ئىخلاس، ئۆرپ ـ ئادەت، مۇسۇلمان مىزانلىرىغا توغرا تۇرالمايمەن.

— خاۋاتىرلەنمىسىلە ئانا، — كامال تۈيدۈرماي چوڭقۇر تىندى، — ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئېتىقادلىرى يولىدا مەن ھەممىنى قۇربان قىلالايمەن.

— رەھمەت بالام، — نېۋىخان ئانىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش دۇمىلاپ چۈشتى، — رەھمەت ساڭا، جانابىي ئاللا ساڭا سەۋر ـ قانائەت ئاتا قىلغاي!

بۇ سۆھبەت ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىمۇ يەنە تەكرارلاندى.

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

سۇپىغا سېلىنغان داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان نېۋىخان، كامال، لەيخۇالار چايلىرىنى ئىچىپ بولۇشى نېۋىخان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كامال بىلەن لەيخۇامۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈز سىيپاشتى. ئاندى لەيخۇا داستىخاننى قاتلاپ، قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. كامال ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى. موماي، «ئولتا» دەپ قويىدى. ئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى ئايان بولغاچقىمۇ ئىتائەتمەن ئوغۇل بېشىنى سىلىپ جىم بولدى.

— بالام، بۇ قىزنى شەھەرگە قاچان ئاپىرىۋېتىسەن؟ خەق بىلىپ قالسا سۆز - چۆچەك قىلىدۇ.

— ماقۇل ئانا، — كامال ئېغىر تىندى، — هازىر يېزىلىق هۆكۈمەتكە يىغىنغا كەتكەن كەنت كادىرلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگىنى قۇمچاقارغا بارىمەن. شەھەرگە بەلكىم ئەتە ياكى ئۆگۈن مېڭىشىم مۇمكىن.

— بۇ قىزغۇ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك قىزكەن، — نېۋىخانمۇ بېشىنى چايقاپ قويىدى، — ئىشچانلىقى، قولىنىڭ ئەپلىكلىكى، سەھەردە تۇرۇپ هويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈۋاتقان، بىردەم تىنىم تاپمىغان. ئوتياشلىقنى كۆردۈڭمىكىن، بۆلەكچىلا ئىشلەۋېتىپتۇ.

— هەئە، كۆردۈم ئانا.

— قېرىغان چېغىمدا مېنى ئازادلا قىلىپ قويغانىدى ··· شۇنداقتىمۇ ئاپىرىۋەتمىسەڭ بولماس.

ئۇلار پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقاندا، ئېرىقتا چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ كەلگەن لەيخۇا ئۇدۇللا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدىن سېۋەت كۆتۈرگەن هالدا چىقىپ، كامالغا لەپپىدە قاراپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن باغقا ماڭدى. بىر كېچىدىلا يەر بېتى كۆرۈنمىگىدەك تۆكۈلۈپ كەتكەن هەرخىل ئۆرۈكلەر كۆپكۆك چىملىق ئۈستىدە مەرۋايىتلەردەك سايپىرىق پارقىرايتتى.

قومساقغۇ نەم ئېرىقلاردىمۇ بىر كىم تۆكۈپ قويغاندەك دۆۋىلىنىپ كەتكەندى. لەيخۇا سېۋەت تولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆگزىگە ئەچىقىپ يېيىۋەتتى. ئاندىن ئۇ قۇرۇق سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يەنە باغقا كىرىپ كەتتى.

لەيخۇانىڭ مەسۇم چىرايىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك، خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ «ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ھالال كىشىلەرگە يولۇققىنىم مېنىڭ بەختىم، ئۆمۈر بويى مومايىنى كۈتۈپ، كامالنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتسەم مەندە نېمە ئارمان! ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى، بېشىمنى سىلىغان شاپائىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇلمايمەن… » دەپ ئىچىدە زىكرى قىلاتتى. تۇۋا، تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئۇ ئېرىق بويىدا قاچىلارنى يۇيۇۋاتقىنىدا ئاق كۆڭلەك، قاراشىم، بادامدوپپا كىيىپ، پاكىز ياسانغان كامال ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ: «ئانامنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇقالىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى ـ دە، كۆزلىرىگە مېھرى بىلەن قاراپ كۈلدى. كېيىن بىردىنلا غەمكىنلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ قالغان لەيخۇا: ئۇ نېمىدېگەن قامەتلىك، قاملاشقان بالا ـ ھە! ئۇنىڭ قاغا پېيىدەك قاپقارا قاشلىرى، كۈلۈپلا تۇرىدىغان چوڭ كۆزلىرى … قاڭشارلىق بۇرنى ئەجەب چىرايلىق ـ ھە؟! دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگىنىدە ئۇنىڭ زىلۋا بويىنى قانداقتۇر ھارارەت كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى جىمىرلاپ يۈرىكى تەرتىپسىز سېلىپ كەتتى. ئۇ كەچكىچىلا كامال كەتكەن يېزا يوللىرىغا تەلمۈردى!

— ئۇھ، — ئۆزىچىلا يۈزلىرى ئوت بولۇپ يانغان لەيخۇا كىچىك، نازۇك ئالىقانلىرىنى چىرايلىق كۆكسى ئۈستىگە قويدى، — ئاھ، تەڭرىم مۇشۇ كۈنلەردە ئانام بولسىچۇ كاشكى!

لەيخۇانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. توغرا، ئانىسى ئۆلۈۋېلىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قىزىنىڭ

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

بېشىنى سىلىغاچ يىغلاپ تۇرۇپ: «قىزىم سەن بەك ياۋاش، ساددا، ئاق كۆڭۈلسەن، تەگرىم ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىرەر ئىنساپلىق يىگىتنى ساڭا جورا قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن» دەپ تىلەك تىلىگەنىدى. ئانىسىنىڭ تىلەكلىرىنى تەگرى مەقبۇل ئەتتىمۇ نېمە، تەكلىماكانىڭ ئەجەب سىرلىق، ئەجەب سۆرلۈك قۇملۇقلىرىدا شەرم ـ هايالىق، ئەدەپ ـ ئىكراملىق خۇشناۋا بىر هارۋىكەش يىگىتكە ئۇنى سىرى ـ ئەسرا قىلدى:

··· ئەنە، كامال چۆل ئارا هارۋىسىنى هەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، ئازابلىق كەچمىشلەردىن كۆڭلى بۇزۇلغان لەيخۇا سۆزلەۋاتىدۇ، ئېسەدەپ يىغلاۋاتىدۇ ··· كامال ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، پەپىلەپ تەسەللى بېرىۋاتىدۇ ··· قامەتلىك كامال لەيخۇانى دەس كۆتۈرۈپ هارۋىغا سالدى. ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بۇلاق سۈيى ئىچۈرۈۋاتىدۇ ··· گويا ئۇ ۋاپادار جۈپتى هەمراھىدەك: «هەي يىغلاڭغۇ··· » دەپ بۇرنىنى چىمدىپ ئەركىلىتىۋاتىدۇ ··· پاھ، قازناق ئۆيدىكى كىيىم تەگلەۋاتقان كىمدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە مېھرى بىلەن قارىشىدىغاندۇ؟···

يۇرەكنى سەگىتىدىغان، لېكىن شېرىن ئازابلىق خىياللار ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان لەيخۇا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئەتراپىغا قارىدى. چىملىق، ئوتياشلىق ۋە ئېرىقلاردىكى ئۆرۈكلەر تېرىلىپ بولغانىدى. ئۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ، مەغەز ئالما، شاپتۇل، ئانار تۈپلىرى ئارىلىقلىرىدىن ئېگىشىپ مېڭىپ هويلىغا چىقتى ـ دە، شوتىغا ياماشتى. لەيخۇا ئۆرۈكلەرنى ئاپتاپقا يېيىۋەتكەندىن كېيىن ئوتىغۇچنى ئېلىپ ئوتياشلىق ئىچىگە كىردى. ئۇ جاڭدۇ، پۇرچاقلارنىڭ پېلەكلىرىنى، گىرە قىلىپ تىكلەنگەن شاخلارغا ياماشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. لەيخۇا بىكار تۇرغىسى كەلمەيدىغان قىز بولۇپ، يۇرتىدا چېغىدىمۇ تاڭ سەهەردىن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالغانغا قەدەر شاللىقتا سۇ كېچىپ، پاتقاق دەسسەپ، ياۋا ئوتلارنى يۇلاتتى. بۇزۇلغان شال

تىگەنلىرىنى ياسايتتى. ئانىسى ئېلىپ كەلگەن قەغەزدەك نېپىز پىشلاقنى غولپىياز بىلەن قوشۇپ كورۇسلىتىپ يەيتتى ياكى گۆرۈچنىڭ تايىنى يوق يۇندىدەك شوۋىگۇرۇچنى غورتۇلدىتىپ ئىچەتتى. بۇ قۇۋۋەتسىز غورىگىل تاماقلار بىردەمدىلا نەلەرگىدۇر سىڭىپ، مەيدىلىرى تارتىشىپ ئاغرىيتتى، لەيخۇا قىسماقتەك ئېگىلىپ ئىشلەۋاتقان دادىسىغا، ئىشتان پۇچقاقلىرى تۇرۇلگەن، چاچلىرى پاخپايغان ئانىسىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن، سارغايغان چىرايلىرىدىن، ئىسلەك - سىلەك مېڭىشلىرىدىن تېنىدە مىسقالچە ماغدۇر قالمىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

— توۋا، بۇ تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن يەرلەرمىدۇ؟ — ئوت ئوتاۋاتقان لەيخۇا قولىدىكى ساپسېرىق ئۆرۈككە قارىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى، — يۇرتۇمدىكى ئاچارچىلىقتا يېمىگەن كۆكتات شادىلىرى، يىلتىزلىرى، پۆرە - پوستەكلەر، ھەتتا پاتقاقلىقتىكى بىجىقلار قالمىغان ئىدى...

لەيخۇانىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئارا يۇرتىدىكى ئاچارچىلىق يىللار، بىر بۇردا نانغا زار بولغان قورقۇنچلۇق چاغلار، قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈملىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

... ئەسكى - تۈسكىلىرىنى يۇدۇشۇپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىۋاتقان جۇلدۇر كېپەن ئادەملەر، يىغلىشىۋاتقان باللار... ئاجىز تىلەمچىلەرنىڭ سۇنغان قاقشال قوللىرى ... ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان پويىز ئىستانسىلىرى ... ئاتا - ئانىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ... پويىز ئىستانسىسىدا يېتىپ كەتكەن ئۇكىسى شياۋما ... تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ، يىغلاپ، ۋارقىراۋاتقان لەيخۇا ... ئاشخانىلاردا مۇلازىم، ئاشپەزلەرنىڭ سۈپۈرگە، مايلىق دەسماللاردا ئۇرۇپ - دۈشكەلەشلىرى ... قايسىدۇر باينىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىققان ئىت ... بىر قولىدا

## تەكلىماكان ئوغلى (1)

سېۋەت، يەنە بىر قولىدا ئىنسىنى قولتۇقلىغان تىلەمچى ئاچا ــ ئىنىلەر ··· ماڭغان ئىزلىرىنى قان بىلەن بوياپ كېلىۋاتقان كىچىك شىياۋما ··· نىيىتى ياماشلارنىڭ تىلەمچى لەيخۇغا پۇل تەڭلەپ سەت ھىجىيىشلىرى ··· ئۇ يەر ـ بۇيەرگە قول ئۇزىتىۋاتقان لوكچەكلەر ··· قاتارلىقلار ئەسكە چۈشۈش بىلەن، تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتكەن لەيخۇا ئالىقانلىرىدا يۈزىنى قامالاپ يىغلىۋەتتى···

ـــ نېمىشقا يىغلايسەن، ـــ ئوتمغۇچ كۆتۈرۈپ كەلگەن نېۋىخان قىزنىڭ كۆزلىرىنى ئىما قىلدى، ـــ كامال بىر نېمە دېدىمۇ ـ يە؟

ـــ ياق، ياق، ياق، ـــ گەپنىڭ ئۇرانىغا يەتكەن لەيخۇا بېشىنى چايقاپ، ئالمان ـ تالمان كۆزلىرىنى سۈرتتى.

نېۋىخان بىلەن لەيخۇا ئادەتتە كۆكتاتلارنى ئادالاش، خېمىر يۇغۇرۇش، تاماق ئېتىشتەك ئىشلاردا شەرەتلەر ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇراتتى. باشقا چاغلاردا ئۈندىمەي ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇلار كۆكتاتلىقتىكى ئوتلارنى ئوتاۋېتىپ ناگان ـ ناگاندا بىر ـ بىرىگە قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قوياتتى ياكى كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق ھال سورىشاتتى. تېخى لەيخۇا بەزىدە مومايىنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانىلىرىنى ئۆزىنىڭ رومىلىدا سۈرتۈپ كېتەتتى. نېۋىخان «رەھمەت، ھەشقاللا» دەپ قويسا ئۇ «رەھمەت، ئاشكا···» دەپ بىرقانچە قېتىم تەكرارلايتتى.

لەيخۇا تۇيۇقسىزلا «ئەييا» دېگىنىچە بارمىقىنى دەرھاللا ئېغىزىغا ئاپاردى. ئۇنىڭ بارمىقىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن ئىدى. نېۋىخان قىزنىڭ بارمىقىنى ھۆللەپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدە سۈرتتى. ئاندىن داكا رومىلىغا سانجىپ قويغان يىڭنىسىنى ئېلىپ تىكەننى ئاۋايلاپ ئالدى. ئۇ يىڭنىسىنى ھەر سانجىغاندا ئاغرىدىمۇ دەپ سوراپ قوياتتى. قىزمۇ چۈشەنمىگەندەك باش

چاقايتتى. نېۋىخان ئانا تىكەننى ئېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى سىلاپ تامىقىنى چىكىلداتتى.

— قىز بالىنىڭمۇ ئالىقىنى مۇشۇنداق يىرىك بولامدۇ؟ كەچتە ماي سۇۋاپ قويسام بولغىدەك.

لەيخۇا تىل بىلمىگەچكىمۇ، موماي بىلەن گەپلەشكەندە زېھنىنى قويۇپ، چىراي ئۆزگىرىشىگە بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. شۇ ئارقىلىق بىرەر ئىشنى مەسلىھەت سېلىۋاتقانلىقى، خاپا بولغانلىقى ياكى خەيرخاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەيتتى. ھەتتا ئۇ جاۋاب تەلەپ قىلمايدىغان ئىچ ئاغرىتىش مەنىلىرىنىمۇ بىلىۋېلىپ «ماقۇل، ھەئە، بولىدۇ··· » دېگەندەك بېشىنى گىلدىڭلىتاتتى ياكى چايقايتتى. تېخى بولۇنۇۋاتقان گەپلەر ئارىسىدا ئۆگىنىۋالغان، كامالدىن سورىۋالغان سۆز بولۇپ قالسا، نېمە توغرىلىق گەپ بولۇنۇۋاتقانلىقى قىسمەن چۈشىنەلەيتتى. بولۇپمۇ نېۋىخاننىڭ قول، يۈز ئىشارىلىرىنى ئاسانلا ئۇقۇۋالاتتى.

كەچتە لەيخۇا قارا چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ، ئورنىنى سالاي دەپ تۇرۇشى نېۋىخان ياغاچقا سانجىلغان ئۇرۇقچىدەك قۇيرۇق ماينى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. لەيخۇا كۆرپىنى سېلىپ «ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. نېۋىخان ئويۇقتىكى قارا چىراغنى ئېلىپ ماينى ئوتقا تۇتقان ئىدى، ماي چاراسلاپ ئېرىپ ئېقىشقا باشلىدى. موماي لەيخۇانىڭ ئالىقانلىرىغا سۈۋىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىككى ئالىقىنىنى بىر قانچە قېتىم مايلىغاندىن كېيىن، بارماقلىرىنى يۇمدۇرۇپ، يۇمشاق ماتادا يۆگەپ تېڭىۋەتتى. ئاندىن ئۆزى ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كاللەك ئورالغان ئىككى مۇشتۇمىنى باغرىغا تاڭغىنىچە، تاتلىق خىياللار قايىنىمىغا شۇڭغۇغان لەيخۇا كامالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ خېلى بىر چاغلارغىچە ئويغاق ياتتى. ئۇ: «يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇنداق يىراقمىكىنە، كەنت كادىرلىرىنى

ئېلىپ كەلگىنى ئەتىگەن كەتكەن تۇرسا… » دەپ پىچىرلىغاچ، ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا كۆزىنىڭ ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى تۇيماي قالدى. لېكىن ئۇ سەھەردە هويلىسىدىكى يۆتەل ئاۋازىدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لەيخۇا ئىشىكنى قىيا ئېچىپ هويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كامالغا ئىككى مۇشتۇمىنى كۆرسەتتى. كامالمۇ ئۇنىڭ يۆگەلگەن قولىدىن ئەندىكىپ قازناققا كىردى.

— قولىڭىزغا نېمە بولدى؟

— ئاخشام ئانام، — دېدى لەيخۇا پەخىرلەنگەن هالدا، — ماي سۇۋاپ قويدى.

— ئالىقانلىرىڭىز يېرىلىپ كېتىپتىكەندە، ئەكېلىڭ، يېشىۋېتەي.

كامال ئىككىلا قولغا ئورالغان ماتانى يېشىپ ئېلىۋېتىشى لەيخۇا ئالىقانلىرىنى سىلاپ بېقىپ، خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كەتتى.

— قاراڭ، ئالىقانلىرىم يۇمشاق بوپتىمۇ، — لەيخۇا ئالىقىنىنى كامالنىڭ يۈزىگە سۈۈدى، — ۋاي جېنىم، قىزىرىپ كەتكىنىنى.

— بەك يۇمشاق بولۇپ كېتىپتۇ…

— ئەتىگەندە نەگە بارىسىز؟

— پاشىلىققا پىچان ئەكەلگىنى بارىمەن، ماللارنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپتۇ.

— قاچان كېلىسىز؟

— كېچىچە قايتىپ كېلىمەن.

— ئۇ يەر شۇنداق يىراقما؟

— تەكلىماكان ئىچكىرىسىدە.

— ماقۇل مېڭىڭ، مەن … مەن … ساقلايمەن.

— قاچان كېلىشىمنى بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ساقلىماي ئۇخلاڭ.

كامال قازناقتىن چىقىپ ھويلىدا كېتىۋاتقىنىدا بايا لەيخۇا سىلىغان مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ ئارقىسىغا قايرىلىشى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مېھرىلىك كۆزلەرنى، ياق شېرىن - شەربەت بۇلاقلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

لەيخۇا كامالنى ئۇزىتىپ قويۇپ، تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى تەردى، ھويلىلارغا سۇ سېپىپ سۇپۇردى. ئاندىن قويلارغا ئوت سېلىپ بەرگەندىن كېيىن ياڭاق چېقىپ، مېغىزىنى ئاشتاختا ئۈستىگە تۆكتى - دە، كىچىك يايغۇدا ئېزىپ تالقان قىلدى. ئۇنىڭغا ئازغىنا تۇز سۇيى تېمىتقاندىن كېيىن يەنە ئېزىپ خېمىردەك قىلىۋەتتى. ئۇ ئوچاقتا چاي دەملەپ تەييار قىلىۋېلىپ سۇپىغا داستىخاننى سالدى. ئاڭغىچە نېۋىخان ئانا ئىرغاڭلاپ كېلىپ سۇپىدىكى كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى. لەيخۇا ياڭاق خېمىرىنى ئىككى قاچىغا بولدى، ئاندىن ئۈستىگە قايناق چاينى قۇيۇپ قوشۇقتا ئىلەشتۇرۇۋىدى، ئاپئاق، مايلىق «ياڭاق چېيى» بولدى. نېۋىخان قوشۇقتا ئېتىپ بېقىپ:

— ھىم، تۇزى ئېتىپتۇ. تۇنۇگۇن سەل ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، — دەپ مەمنۇن بولدى.

ئۇلار چايلىرىنى ئىچىپ بولۇشى، لەيخۇا داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئېرىق بويىدا قاقتى. قاچىلارنى يۇيۇپ، تاختىيېشىغا سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن قوي قوتىنىغا ماڭدى. ئۇ قوي سېغىشنى ئۆگىنەمەكچى ئىدى. نېۋىخان ئانا ساغلىقنىڭ ئىككى پۇتىنى كېرىپ قويۇپ، ئارقا تەرىپىدىن سېغىۋاتاتتى. لەيخۇا قوتاننىڭ غارىلىقىغا يۆلىنىپ قاراپ تۇردى. ئۇ نېۋىخان ئانىنىڭ، كورىنىڭ قىرىغا چاپلاپ قويغان قوي مېيىنى ساغلىقنىڭ ئەمچەك توپچىسىغا سۇۋاپ سىلىق بولغاندىن كېيىن، شارت - شارت سىيرىپ ساغقانلىقىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

تۇرمۇش ھەم ھاياتلىق دەپ ئاتالغان سىرلىق ۋە سۇرلۇك

# تەكلىماكان ئۇۋلى (1)

جاڭگاللاردا ياشاش ئۈچۈن ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي يول ئىزدىگەن، قېقىلىپ سوقۇلۇپ ھالىدىن كەتكەن بۇ قىز بۇندىن كېيىنكى تەقدىر ـ ئىقبالىنى نامرات ئەمما كۆڭۈللۈك مۇشۇ دېھقان ئائىلىسىگە ئاتىغاندەك قىلاتتى. ئۇ نېۋىخاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ھەممە يۈكنى ئۆز يەلكىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈشنى بۇرچۇم دەپ بىلەتتى. كامالنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشنى ئۆمۈرلۈك بەختىم دەپ سۆيۈنەتتى. شۇڭا ئائىلىدىكى تاماق ئېتىشتىن تارتىپ، ھويلا ـ ئاراملارنى تازىلاش، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇش، ماللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئەدناسى مومايىنىڭ يەلكىلىرىنى تۇتۇپ قويۇشلارغىچە ياشلىق كۈچىنى ئايىمايتتى. بىراق ئۇنىڭ ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان كۆڭۈل رىشتىلىرىنىڭ بۇنچىلا تېز بەرباد بولۇشىنى، قەلب بوستانلىرىدا يېتىلىۋاتقان غۇنچە ـ چېچەكلەرنىڭ بىر كېچىدىلا ئۈششۈككە ئۇچرىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

شۇ كۈنى بەكمۇ تەستە كەچ كىردى. تەكلىماكاننىڭ بىپايان كۆك ئاسمىنى سۈرتۈلگەن چىنىدەك پاكىز ۋە سۈزۈك ئىدى. تىنىك كۆتۈرۈلگەن ئاي قۇملۇق دىيارىدىكى باغۇ بوستان، ئېتىز ـ مەھەللىلەرنى، ئېپتىدائىي توغراقلارنى، سۈكۈتكە چۆمگەن يۇلغۇنلۇقلارنى سىرلىق كۆكۈچ نۇرىدا يورۇتۇپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى يېگانە ھويلىمۇ سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ بولۇپ، سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرغان لەيخۇا مومايىنىڭ غوللىرىنى ئۇۋلاپ تۇتۇۋاتاتتى.

— بولدى بالام، ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۇخلا، — دېدى نېۋىخان قازناقنى ئىشارەت قىلىپ، — ياشلىق ئاسان يول ئەمەس، جاپاكەش بالام كامال پات كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

لەيخۇا مومايغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نېۋىخانمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ، ئۆز

ئۆيىگە ماڭدى. ئەمما لەيخۇا شادلىق پەنجىرىدىن ھويلىغا پات ـ پات قاراپ، كامالنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سېلىقلىق ئورۇن ئۈستىگە كىيىملىرى بىلەنلا يېتىپ باقاتتى. لېكىن ئۇخلاپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يەنە تۇرۇپ كېتەتتى. قاچاندۇر بىر چاغدا قۇلىقىغا ئاياغ شەپىسى ئاڭلانغان لەيخۇا دەرھاللا شادلىق پەنجىرە ئالدىغا كەلدى. ھويلىغا كىرىپ كەلگەن كامال قولىدىكى خامۇتنى سۇپىغا «گۆپپىدە» تاشلىدى. ئۇنىڭ ئېگىز قامىتى ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىردەم تىككىدە تۇردى. ئۇ لەيخۇا سىلىغان مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ قازناققا قارىدى. ئەمما ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە قەدەم ئالدى. ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان لەيخۇا ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بوشقىنا يۆتىلىپ شەپە بەردى ـ دە، قازناق ئىشىكىنى قىيا ئاچتى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرغان كامالمۇ قايرىلىپ قارىدى.

— كامىلى ئاكا... — ئۇ ئاستا پىچىرلىدى.

— تېخى ئۇخلىمىدىڭىزما؟ — كامالمۇ يېقىن كەلدى.

— سىزنى ساقلاپ...

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — كامال يېقىندىن قىزنىڭ رۇخسارىنى كۆردى.

— ھەئە ... ياق...

كامال سېھرىي كۆچكە تولغان بۇ ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە، ئوماق قىزنىڭ قارا شولىلار يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىگە، سۇس ھاۋارەڭ نۇر، ئەڭلىك بولۇپ ئەكس ئەتكەن يۇمران ئېڭەكلىرىگە، سەل تىترەۋاتقان يۇمىلاق مۇرىلىرىگە تىكىلىپ قالدى...

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا چىقاي.

كامال ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. لەيخۇا چىراغنى ياندۇرۇپ، ئويۇقتىكى ئەينەك سۇنۇقى ئالدىدا چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

بارماقلىرىنى ھۆللەپ قاپقارا قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى. ئەينەكنى يېقىن ئەپكېلىپ كۆلۈمسىرىدى ··· ئاندىن ئىزا تارتىپقىنا ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇدى. ئۇ يەنە نېمە ئىش كەم قالدى دېگەندەك سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاياقتىكى ئۆرۈكلەرنىڭ سەرخىللىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاڭغىچە ئىشىك بوش چېكىلىپ كامال ھېيىقىپقىنا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم ئۆرە تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى لەيخۇا يەرگە سېلىنغان ئورۇننى ئىشارەت قىلىپ، — پاشىلىقتىن كەلگىچە ھېرىپ كەتكەنسىز.

— بولدى ئولتۇرماي، ئانام ئويغىنىپ قالمىسۇن.

— قېنى يەڭ، — ئۇ ئاياقتىكى ئۆرۈكنى ئىككى قوللاپ تۇتتى، — باغدىن تېرىپ چىقتىم.

كامالنىڭ يۈزىدىكى خىجىللىق، ئوڭايسىزلىنىش، ھەرىكىتىدىكى سۇسلۇق، شۇنداقلا قاياقلارغىدۇر قارىتىلىشىدەك غەيرىي ئىپادىلىرىنى سېزىپ قالغان قىز قولىدىكى ئۆرۈكنى ئويۇققا قويۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— كاملى ئاكا، سىزگە نېمە بولدى؟

— لەيخۇا ئۆگۈنلۈككە شەھەرگە بارىمەن. سىزنى···

— مېنىمۇ بىللە ئاپىرامسىز؟

— سىزنى ··· سىزنى ئاپىرىپ قوياي دەيمەن···

لەيخۇا گەپنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ گويا كامالنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىگە، ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنىغا، خىجالەتچىلىك ئورىۋالغان چىرايىغا تىكىلگىنىچە كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قىسىلىۋاتقان كامال قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان ياشلارنى كۆرۈپ، يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— لەيخۇا كەچۈرۈڭ ··· مەن سىزنى ئاپىرىپ قويمىسام بولمايدۇ···

— كامىلى ئاكا!··· — لەيخۇا تىزلانغىنىچە كامالنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاۋالدى،— مەن ئانىڭىزنى ئۆز ئانامدەك كۆتەي ··· سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي ··· لېكىن مېنى شەھەرگە ئاپىرىۋەتمەڭ ··· مەن ئۇنداق ئىزا - نومۇسلۇق تۇرمۇشنى خالىمايمەن ··· مېنىڭ يەنە نەلەردە تەمتىرەپ، قايسى كوچىلاردا سەرسان بولۇپ، كىملەرنىڭدۇر ئاچچىق تىللىرىنى ئىشىتكۈم يوق! مېنىڭ يەنە لالما ئىتلاردەك ياشىشىمنى خالامسىز؟

— لەيخۇا يىغلىماڭ، ئانام ئاڭلاپ قالمىسۇن، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق! سىز بۇ يەردىكى ئۆرپ - ئادەت، دىنىي قائىدىلەرنى بىلمەيسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر سىنىپىي كۆرەش جىددىي ۋاقىت.

ئەتىسى چۈشكىچە ئاتلارنىڭ خامۇتىنى تىككەن كامال كەنت تەشكىلگە كېتىپ كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قولتۇقتىكى كونا چاپانغا ئورالغان ئىغىر بىر نەرسىنى يەرگە گۈپپىدە تاشلىدى - دە، هويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ تەرلىرىنى سۈرتتى. تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان نېۋىخان ئانا قازناق ئۆيگە قاراپ ئىغىر خورسىنىپ قويدى.

— ئاھ، خۇدا مۇشۇ يېتىم قىزنىڭ يىغىسىنىڭ ئۇۋالىغا قالارمەنمۇ، — نېۋىخان كۆزلىرىنى سۈرتتى، — كېچىدىن تارتىپ هازىرغىچە يىغلاۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا ئانا، — كامال نېۋىخاننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئېپقالامدۇق؟

— ئىگەمبەردى، چاۋارلارنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى دېھقانلارنىڭ، موللىلارنىڭ قان چىقارماي جان ئالىدىغان پەتىۋالىرى.

— ئۇنداقتا، مەن ئەتە يولغا چىقىمەن.

— بولىدۇ بالام، ھارۋىنى سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا ھويلا ئالدىدا توختىتات، بۇ قىزغا ئاز - تولا يېمەكلىك، كىيىم تەييارلاپ قويدۇم، — نېۋىخان «ئۇھ» دەپ يۈزلىرىنى سىيپىدى، — ئاھ پەرۋاردىگار، بۈگۈن بۇ بىچارە قىزنىڭ كۆزى ياشتىن قۇرۇمىدى. ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى.

— ئانا يەنە بىر گەپ، بۇ قىبىتىم ئىگەمبەردى، چاۋار ئىككىسى شەھەرگە بىللە كىرمەكچى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بىلمىدىم، ئۇلار بۈگۈن ھارۋىنى تالىشىپ مۇشتىلاشقىنى تاسلا قالدى، — كامالنىڭ قوشۇمىلىرى بىردىنلا تۈرۈلدى، — ئەسلىدە ماي زاۋۇتىغا چىگىت ئەكىرمەكچى ئىدىم. ئەمدى ھارۋا ئاستىغا چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى، يەنە تېخى مەتسىدىقنىڭمۇ نەرسىلىرىنى باسىدىغان بولدۇق.

— ۋۇي بېشىنى يەيدىغان ھارامخور توڭگۇزلار، — نېۋىخاننىڭ غەزىپىنىڭ تاشقانلىقى قىزىرىپ كېتىشىدىن بىلىندى، — بوپتۇ، بۇ قىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ قالغاچ تۇرسۇن، ھە، راست «تاپان ھەققى» دەپ ساڭىمۇ بىر نېمە بەردىمۇ؟

— مانا، — كامال يەردىكى چاپانغا ئورالغان نەرسىگە قارىدى، — بىر خالتا ئاق ئوغۇت بەردى، بۇنى ھازىرلا ئەترەت باشلىقلىرىغا بېرىۋېتىمەن. ھە راست ئىككىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى كامالەت تەشكىلگە بېرىپتىكەن، ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتىم.

— ئۇ قىز نېمە دەيدۇ؟

— ئۆز ئادەملىرىمىزنى يىغىپ يەتكۈزىمەن، دەيدۇ. بەلكىم ھازىر يىغىلىپ بولغاندۇ. ئۇلار ئۇچ ئەبلەخنى يوقىتىش ئۈچۈن، جېنىنى تىكىپ قويغان باللار!

— خۇدايىم ئاشۇ ياشلارغا نۇسرەت ئاتا قىلسا، بىزمۇ بۇنچىلىك ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قالماسدۇق.

— ئانا، مەن ماۋۇ دەردىسەرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتاي.

— شۇنداق قىل، بالام، كۆپنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك، ئۆز پەرزەنتىنىڭ گۆشىنى يېگەنلىك بىلەن باراۋەر.

كامال كەچلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، يەردىكى نەرسىنى مۇرىسىگە ئالدى ـ دە، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. كىملەرنىڭدۇر قارغاپ پىچىرلاۋاتقان نېۋىخان ئانا سۇپىدىن ئىنجىقلاپ چۈشۈپ قازناق ئۆيگە كىردى. تىزلىرىنى قۇچاقلىنىغىچە بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرغان لەيخۇاننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياشتىن شالتاق بولۇپ كەتكەن يۈزىنى قاماللاپ، توختىماي ئېسەدەيتتى. نېۋىخان ئانا قولىدا يىراقنى ئىشارەت قىلىپ «سېنى ئېلىپ كەتمەيدىغان بولدى» دېگەننى ئۇقتۇرۇشى لەيخۇا تىزلىنىپ كەلگىنىچە موماينى قۇچاقلاپ قايتىدىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ پەقەت تىلىغا ئۆزلەشىپ قالغان «ئانا!» دېگەن بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى. نېۋىخان ئانا ئايىغىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ نالە قىلىۋاتقان لەيخۇاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قۇمتامنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيگەن ئاشۇ جىگەرلىك باللارنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن··· — دەپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىۋاتقاندا، بەشىنچى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى زۇلالنىڭ ئۆيى ئوت يۈرەك دېھقانلار بىلەن تولغانىدى. بۈگۈن ئەتىگەن كامالدىن ئاڭلاپ كەلگەنلىرىنى ئايشەم بىلەن كېرىمولىلاغا يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا ئۆيمۇئۆي، ئېتىزمۇ ئېتىز يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەممىسىگە يەتكۈزدى.

ئالدىنقى كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بىرنەچچە كۈنلۈك يىغىنىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا ئەترەت كادىرلىرىنى يىغىپ يىغىن روھىنى يەتكۈزگەن ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بولغاچقا شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ئۇلار يىغىندا سۆزلەنگەن نۇتۇق، ئوقۇلغان ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ

# ئاقساقال ئوغلى (1)

ئىچىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان، دېھقانلار ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىلاجى بار ئېغىزغا ئالمىدى ياكى مەزمۇنلىرىنى قىسقارتىپ، ئۆزگەرتىپ پۈچەكلەشتۈردى. لېكىن يۇقىرىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش مەسىلىسىدە ئۈچ باشلىقنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىدى. ئىگەمبەردى «خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ناھىيە بېكىتىپ بوپتۇ» دېسە، چاۋار «يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بارنىيازنىڭ دېيىشىچە، خىزمەت گۇرۇپپىسى، ناھىيىدە ئېچىلىدىغان تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىن كېلىش ئېھتىماللى باردەك قىلىدۇ» دەپ مۇجمەل خەۋەرنى يەتكۈزدى. كالىلىسى چوتنىڭ ئۇرۇقلىرى، قاقتى - سوقتى قىلىش پىلانلىرى بىلەن گاراڭ بولۇپ قالغان مەتسىدىق: «قىسقىسى رەھبەرلەرنىڭ مىكى - مىكى» گەپلىرىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى نۆلگە تەڭ بولدى دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. بىراق ئۇلارنىڭ تەرەپپىيا كامالنىڭ ھارۋىسىنى تالىشىپ قېلىشى، ھەتتا چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى شەھەرگە بىللە كىرىپ، مەتسىدىقنىڭمۇ ئوغۇتىنى سېتىپ چىقماقچى بولغانلىقى قاتارلىقلار ئەترەت كادىرلىرىنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇلار زۇلالنىڭ تال بوستانلىق ھويلىسىغا تۈپلىنىش بىلەن ھەركىم ھەر نېمىدەپ، بىردەك غەزەپكە كېلىشتى. ھەتتا بەزىلەر: «كامالمۇ ياخشى نېمە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىگە شېرىك» دەپ ۋارقىراشتى.

— ئاغىنىلەر، — مەتنىيازنىڭ ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسى تىككىدە كۆتۈرۈلدى، — چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ ماللىرىنى پۇل قىلىش ئۈچۈن ھارۋا بىلەن كامالنى تالىشىپ تاس قاپتۇ ياقىلاشقىنى، تاڭ سەھەردە چىقىپ تۇسۇمىزمۇ؟

— مەتنىيازكا، سىز ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆرگەنمۇ، پاكىتىڭىز بارمۇ؟

— كامالەت سىز نېمە دېمەكچى؟ بۇ ئاياقتىكى قېتىقتەك

ئاشكارا ئىشقۇ.

— بۇ گېپىڭىزنى قانۇن ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارغا پاكىت بولۇشى كېرەك. ئوغۇت ـ ئوغۇتقا، ئاشلىق ـ ئاشلىققا، تىۋىت ـ تىۋىتكە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆزۈمنىڭ، تۇغقىنىمنىڭ، يېقىن بۇرادىرىمىزنىڭ دەپ تۇرۇۋالسا سىز «ئۇنداق ئەمەستى» دېيەلەمسىز؟

— كامالەت توغرا ئېيتىدۇ، — ھاشىم دەرھاللا سۆزگە قېتىلدى، — قارىسىغا، قاراملىق بىلەن قىلغان ئىش ئىگىسىنى رەسۋا قىلىش بىلەن خولاسىلىنىدۇ.

— مەتنىيازنىڭمۇ ئاساسى بار، — ياربەختى سەكرەپ قوپتى، — بۇ ئۈچ مۇناپىق زادى نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا قۇتراپ قالدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يىغىننى ئاڭلاپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۇچقىقىغا پىت چۈشتى.

— توغرا، ئۇلار زاڭ ماللىرىنى، خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىشتىن بۇرۇن يىغىشتۇرۇۋېتىمىسە بولمايدۇ ـ دە، — ۋارقىرىدى كېرىموللا. — بىراق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى ئىككىتايىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ جىددىيلىشىپ قىلىشى زادى نېمە ئىش؟

— قىش ـ ياز دىمەي بىز ئىشلىگەن، — ئەترەت باشلىقى ئايشەم ئالىقانلىرى ئۇردى، — ئۇلار كوسكا چاشقاندەك سىرتقا چېچىۋاتقان.

سورۇندىكىلەر بىردەمدىلا قىزىشىپ، بىر ـ بىرىگە قوۋناق بەرمىگەن ھالدا ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشتى. بەزىلەر: «ئۈچ يىلدىن بېرى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت كەمپۈتنى چىشلىتىپ قويغىنىمۇ يېتەر… » دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئاشۇ تۆڭگۈزلارنى سەمەرتىۋەتكىنى كامال» دەپ ۋارقىرايتتى. تېخى: «كامالىنىڭمۇ ئاغزى يوق» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ھاشىم بىلەن زۇلال ھەم مەتنىيازلار قانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئۇلار غەزىپىدىن يانمىغاندەك

ئەمەس ئىدى.

— نېمانداق بىغەرەزلىك قىلىسىلەر، — كامالەت چاچراپ تۇردى، — كامالنى «شۇلارنىڭ قېتىغا كىر، بولمىسا كەنتنىڭ بايلىقى بىز بىلمىگەن ئۇسۇللاردا سىرتقا ئېقىپ كېتىدۇ...» دېگەن تۇرساق، ئەمدى توقۇمىنى قارىنىڭلارغا ئالغىنىڭلار نېمىسى؟

— كامالنى قارىلايدىغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلەرگە مەن قېتىلمايمەن، — دېدى زۇلال قاتتىق تەلەپپۇزدا، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقلىرى، بوغالتىرلارغا بۇ چاققىچە بىرەر ـ ئىككى خالتا ئوغۇت، يوتقان ـ كۆرپە ۋە ئاشلىق تارقىتىپ كەلدۇق. بۇلار زادى نەدىن كەلدى؟ بۇنى سىلەرگە ئاشكارىلىمىدۇق.

— بۇ ئىشنى سىرتلاردا، — كامالەت زۇلالغا ئالىيىپ قويدى، — دەپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. كىمكى تىلىنى چايناپ يۈرسە، ئۇ كامالغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىنى يازلىق يىغىم ـ تېرىمدىن كېيىن كېلىدۇ، دەپ ئېڭەكلىرىمىز چۇشۇپ قالغۇدەك بولدى، — ئايشەمنىڭ كەيپىياتى ئۆرلەپ قالغانىدى، — مانا ئەمدى «تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» چىقتى. كىم بىلىدۇ بۇنىڭ ئارقىسىدىن «بەش دەرىجىلىك»، «ئالتە دەرىجىلىك» يىغىنلار چىقامدۇ تېخى.

— ئەرز يېزىش كېرەك، — مەتنىياز قولىنى شىلتىدى، — ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك ھەتتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، پارتكوملىرىغا يوللاش كېرەك.

— ئاغىنىلەر بىردەم ئۆپكەڭلەرنى بېسىۋالامسىلەر، — دېدى زۇلال ئاچچىقى بىلەن، — مېنىڭچە ئۇلارنىڭ شەھەرگە ئاشلىق، ئوغۇت يەنە باشقا نەرسىلەرنى يۆتكىشى ھەم ئۆزلىرىنىڭ بىللە كىرىشى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلار زاڭ ماللارنى سېتىپ،

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىكى كىرىسىم مۇدىرنى يوقلىماقچى. كېلىش ئېھتىمالى بولغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلماقچى!

ئۆينىڭ ئىچىنى بىردىنلا گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى. زۇلال گەرچە ئۆزىنىڭ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ ھەممىنى قايىل قىلغۇدەك ھەقىقەت ئىدى. ئالىي كوپىراتسىيە ۋاقتىدىن باشلاپ چاۋارنى قومتامغا شۇمبۇيىدەك ئوندۇرگەن، بىسىم بىلەن ئاشلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ بەرگەن، ئۆي، ئاشىيان، خوتۇن، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن كىرىم ئۇلارنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ، تا ھازىرغىچە چاۋارغا چاپان يېپىپ، يول كۆرسىتىپ، سوغۇق ـ جۇدۇنلاردىن ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە بۇ قېتىمقى ئۆزى كۆرۈنمەي شەپىسى كەلگەن قىرو ئۇششۇكدەك خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئاپەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا كۆپچىلىك زۇلالنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ «تېگى بار»، «يىلتىزى چوڭقۇر...»، «ئەينەكتە كۆرۈپ تۇرغاندەك» دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھاشىمكا، — دېدى مەتنىياز پەسكارىغا چۈشۈپ، — سەن كۆپنى كۆرگەن، بۇ ئىشلارغا بىر نېمە دېمەمسەن؟

باياتىن بېرى كۆپچىلىكنىڭ ھارارىتىنى ئۆلچەپ ئولتۇرغان ھاشىم ئېغىزىنى قاماللاپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۈيىقەست بىلەن شۇجىلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئوغرى قالپىقىنى كىيىپ يۈرگىنىگە ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىمىدى دېسە ھەرگىز ئەقلىگە سىغمايدۇ. دۇنيادا ئۆزىنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان، زامان بورانلىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان، ئىقبال تارازىسىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇشىغا پىسەنت قىلمايدىغان ئادەممۇ بولامدۇ؟ ئۇ قارا قىسمىتىگە ئېچىندى، پۇچىلاندى. زەربىگە ئۇچرىغان يىلاندەك تولغاندى. بىراق ئۇنىڭغا «ساڭا ئۇۋال بوپتۇ» دېگۈچىلەر

چىقمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ جاھاننىڭ رەپتارى شۇ ئوخشايدۇ. بەزىلەر توقلۇقتىن شوخلۇق قىلسا، يەنە بەزىلەر ھەسرەتتىن ئاھ ئۇرۇپ، كۆز ياش تۆككەن ··· يەنە كىملەردۇر ئامەتتىن شادلىنىپ كۈلسە، قايسىدۇر يوقسۇل بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ، ئىس چىققان موربىلارغا تەلمۈرگەن ··· قانداقتۇر باي خېنىملار ئۇپا ـ ئەڭلىك غېمىدە يۈرسە، بىچارە ناتىۋان بىر كۈن تاياق يېمىگىنىگە خۇش ··· ھەي، دەرىخا، چوڭ ـ كىچىك ئۇزگەن زۇۋۇلىلىرىڭدىن ئۆرگىلەي ··· نامۇ نىشانى ئېگىز ـ پەس زەردار ـ گاداھلىرىڭگە نىمىسمۇ دەي؟ ··· ئەزەلدىن پېشانىغا يېزىلغان پەتىۋا ـ ھۆكۈملىرىڭگە تەسەننا! ياخشىنى يامان، يامانىنى پەرىشتە قىلغان تەقدىر ـ تارازىلىرىڭچۇ تېخى!···

هاشىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. لېكىن ئۇ چاندۇرماي كۈلۈمسىرىدى. لېكىن ئالدىدىكىلەرگە راۋرۇس قارىيالمىدى. چۈنكى بۇ ھالال دېھقانلارنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ قايناپ ـ تاشقانلىرىنى ئەيىب كۆرگىلى بولامدۇ؟ قاقرام ئىسسىقتا دولىسىدىكى شور قۇرۇماي تۇرۇپلا ساپانغا يۈگۈرسە، ساپاندىن چىقىپ، كەتمەننى قولىغا ئالسا ··· ئىشلىسە ··· ئىشلىسە ··· يەنە ئىشلىسە ··· يەردىن چىققان نېمەتنى قانداقتۇر ھارام تاماقلار پېشانىسىنى تەرلەتمەيلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ··· بۇ قانداق ئادالەت، نېمە زورلۇق! شۇڭا ھاشىم ئۆز بېشىغا قونغان نادامەت توزاڭلىرىنى قېقىۋېتىپ، يەنىلا ھەقەمسايىلىرىغا، قۇمتامدىكى يارانلىرىغا ھەمقان بولدى ··· ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى بىللە تارتتى. شۇ ئارقىلىق مىسكىن كۆڭلىگە تەسكىنلىك، ئەمىنلىك، خۇشاللىق چىللاپ كەلدى.

—— سىلەر ئاساسىي قاتلامنىڭ كادىرلىرى، كەنتىمىزدىكى ئۈچ ئاپەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، —— دېدى ھاشىم ئېغىر تەلەپپۇزدا، —— ئۇيلاشماي يېنىكلىك قىلمايلى، بولمىسا ئۇلار بىرەر باھانە بىلەن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ھابىل قارا مەدەك،

ئىمىن ئالا گەدەندەك يۇندىكەشلىرىنى قويۇشى ئېنىقلا، ئەمدى ئەرز قىلىش ئىشىغا كەلسەك، ئەرزىمىز ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنى چۆرگىلەپ كېلىپ كىمنىڭ قولىغا چۈشىدۇ؟

— ئەلۋەتتە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكى كېرىم مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، — دېدى زۇلال گەپنى كېسىپلا.

— كېرىم مۇدىر «ھەل قىلىڭلار» دەپ كىمگە يوللاپ بېرەر؟

— بۇ ئېنىقلىغۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى قولچومىقى، — مەتنىياز دەرھاللا جاۋاب بەردى، — ئالاھىدە خادىم نەسرۇللاغا سۇنىدۇ - دە.

— ھەببەللى، — ھاشىم ئاچچىقىدىنە كۈلدى، — نەسرۇللا ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەممىمىزنى مەسچىتكە چىچقان قارا ئىت قىلىپ قويىسچۇ؟

— ئەمىسە قۇمتاملىقنىڭ كۈنى، — ئايشەم زەردە بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئۈچ بۆرىنى سەمرىتىش بىلەن ئۆتىدىكەندە.

— ھاشىمكا، — يارىبەختى غۇدۇڭشىپ قويدى، — سېنى چوڭ بىلىپ چاقىرىتساق ئادەمنى غىلتاڭ ۋەھىمىگە سالىدىغان گەپنى قىلىپ ئولتۇرىسىنا.

— ئاغىنىلەر، — زۇلال تېرىكتى، — ھاشىمكامنى گەپ قىلغىنى قويساڭلارچۇ؟ قېنى ھاشىمكا گېپىڭنى داۋاملاشتۇر.

— بىز ۋاڭ يۈگىنىڭ لەۋزىگە ئىشىنەيلى، مەن سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەن. ئەگەر خىزمەت گۇرۇپپىسى راستىنلا كۆزگە قالغۇدەك بولسا ئۆزۈم شەھەرگە كىرىپ ۋاڭ يۈڭ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن، ئابلىز ھاكىملار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

ئولتۇرغانلار بىردىنلا چاۋاك چېلىۋەتتى. بۇ ئەسنادا بىر خالتا ئوغۇتنى كۆتۈرگەن كامال ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۈپىدىن ئورۇن ئېلىشى، زۇلال

باشقىلارغا قەستەن بىلدۈرمەكچى بولغاندەك يەردىكى ئوغۇتقا قارىدى:

— بۇمۇ ئاغزىڭغا سالغان ئېمىزگۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئۇلار ساڭا بېرىدۇ. سەن ئۇدۇل بىزگە ئەكېلىپ بېرىسەن.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئانام بۇنداق هارامدىن كەلگەن نەرسىلەرنى بوسۇغىدىن ئاتلاتمايدۇ.

— كامال، — هاشىم ئۇنىڭغا قايرىلدى، — كىچىكىپ قالدىڭمۇ؟

— يولدا كېلىۋېتىپ مىنبىلىڭ ئەترىتىدىكى هېبىبۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— هېلىقى هېبۇك قۇشقاچما؟ — سورىدى يار بەختى، — ئۇ مىنبىڭلار ئىچىدىكى خېلى تۈزۈك بالا.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — مەتنىياز كامالغا ئېگىشتى، — بىرەر شۇم خەۋەر كۆتۈرۈپ كەلمىگەندۇ؟

— ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار سىرتقا قاراۋۇل قويۇپ ئىشخانىدا سۆزلىشىۋاتقانىغا خېلى بوپتۇ.

ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىك كۆرۈندى. بىراق هاشىمنىڭ سۆزى ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىپ، يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

— ئەنسىرىمەڭلا، بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت، يېزىلىق هۆكۈمەتتە ئېچىلغان يىغىندا بىزگە دېيەلمىگەن، ئۆزلىرىگە زىيانلىق، بىزگە پايدىلىق گەپلەر بار. هازىر ئۇلار ئۆزلىرىنى تىڭشاپ قالدى.

هاشىم گەرچە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان بولسىمۇ بىراق «زادى ئۇلار قانداق پىلانلارنى تۈزۈۋاتقاندۇ؟…» دېگەن سوئال ئىچىدە دۈغ سۈدەك تىنىپ قالدى، هاشىمنى قىيىن سوراق ئىلكىگە ئېلىۋالغان شۇ پەيتتە قارا چىراغ پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان يوپيورۇق كەنت ئىشخانىسىدا ئىگەمبەردى، چاۋار،

مەتسىدىقلارنىڭ باشلىرى بىر يەرگە يىغىلغان ھالدا جىددىي كۆسۈرلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ۋەھىمە، ئەندىشە تومانلىرى ئەلەڭلەيتتى.

— ئەمدى دېيىشىدىغاننى دەپ بولدۇق، — دېدى ئىگەمبەردى چىرايى ئۆمسۈرۈن ھالدا، — ناھىيىدىن كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئېنىق بولدى، ئەمدى گەپ بىز بىرلىككە كەلگەن ئىشلارنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىساق بولىدۇ.

— مەن زادىلا ئىشىنەلمەي تۇرىمەن، — مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى چۈمچۈكلاپ كەتتى، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گېپى بولغىنى ئۈچ يىل بولدى. بۇمۇ قۇرۇق داۋراڭمىكى دەيمەن.

— بارنىياز شۇجىنىڭ، — ئىگەمبەردى ئۇلارغا تېخىمۇ ئېگىشتى، — «بەزى كادىرلار قۇيرۇقۇڭنى يىغىشتۇرۇپ، ئەسكىلىكتىن قولۇڭنى تارت» دېگىنى بىزگە بېشارەت، ئوقتۇڭما؟

— راست ئۇ، — مەتسىدىق گەدىنىنى قاشلىدى، — «قاتناش قۇلايسىز، ھۆكۈمەت نەزىرىدىن يىراق بىز» دەپ بەزىلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ···دەۋاتامدا.

— خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلسۇن ياكى قۇرۇق داۋراڭ بولسۇن، سەل قارىمايلى، — دېدى چاۋار قىياق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — كېيىنچە بېشىمىزنى چىشلىسەك قاتتىق، كۆتىمىزنى چىشلىسەك سېسىق بولۇپ قالمىسۇن.

— ۋاي خۇدايىم قانداقمۇ قىلارمىز، — مەتسىدىقنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، — بۇ قۇملۇق چۆلگە ھۆكۈمەت تۇرماق، جىن ـ ئالۋاستىلارمۇ كىرەلمەيدۇ، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن.

— ھەي لامزەللە، — چاۋار ئالايدى، — بار نىيازنىڭ گېپىدىن خوتۇن كىشىدەك ئىشتانىبېغىڭ يانغا ئۆتۈپ قالدىما. بۇ قېتىم شەھەرگە ئىگەمبەردى ئىككىمىز بىكارغا كىرمەيمىز، كىرىم مۇدىرىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ

## تەكلىماكان ئۆزلى (1)

يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلساق بىزنى ھېچكىم تەۋرىتەلمەيدۇ.

تۇيۇقسىزلا سىرتتىن ئاڭلانغان قوش يۆتەل ئاۋازى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. قاراۋۇللۇقتا زېرىكىپ، پۇتلىرى تېپىلىپ ئاغرىپ كەتكەن ھابىل قارا مەدەك بىلەن ئىمىن ئالاگەدەن ئاخىر بولالماي ئىككىسى تەڭلا يۆتىلىپ شەپە بەرگەندى. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار دېرىزە يوچۇقىدىن قاراپ ئىككىسىنىڭ ئايدىڭدىكى قارا سايىسىنى كۆردى. ئۇلار ئۈچ قىرلىق قىزىل كالتەكلىرىگە تايانغان ھالدا پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىۋاتاتتى:

— ھەي ھابىل قارامەدەك، — دېدى ئىمىن ئالاگەدەن، ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — بۇلارنىڭ يىغىنى بۈگۈن كېچە تۈگەمدۇ - يوق؟

— «قانداق قىلغاندا مال - دۇنيانى ساقلاپ قالىمىز» دەپ تېخىچە بىرلىككە كېلەلمىگەن چاغۋا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— شۇنىمۇ ئۇقالمىدىڭما، قاسماق تاز، ناھىيىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىمىش.

— كەلسە نېمە بوپتۇ؟ — ئىمىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئىدى، — ھەي ھابىل، سەن چاۋاركامنىڭ خىزمىتىنى قىلغىنى نەچچە يىل بولدى، راستىلا، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى شۇنچە كۆپما؟

— ھەي ئالاگەدەن قاپاقباش تاز.

— تولا تاز، تاز دەۋەرمىگىن، ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ، مەن سېنى قارا مەدەك دېمىگەندىكىن.

— قارا تا··· — ھابىل ھىجايدى، — قارا ئىمىن، ئۇنىڭ ھەرقانچە دۇنياسى بولسا ماڭا دەمدا؟ نەشە پۇلى بەرگەنگە خۇش بولۇپ يۈرىيدىغان گەپ. سەنمۇ ئىگەمبەردىنىڭ يۈندىكەشلىكىنى قىلىۋاتىسەن، بايلىقنىڭ سىڭا بۇرجىكىنى كۆرسەتتىما؟

— ھابىل، ئۇلار چىقتى! — ھەر ئىككىسى كالتەكلىرى بىلەن تەڭ تىك تۇرۇپ، سادىقلىقنى بىلدۈرۈشتى···

ئالتىنچى باب

# زەپ ئەپچىل پىلان

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەيسايوپ كۆرۈۋاتقان ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەل ئاستىدىكى يوغان قارا سومكىنى ئېلىپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلدى. ئۇ سومكىنى دەرھاللا پەسكە ئېلىپ «كىرىڭ» دېيىشى ئىشخانىغا ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، بۇدۇر چاچلىرى شەپكىسىنىڭ ئەتراپىدىن تولغىشىپ چىقىپ تۇرغان، ئىككى يانچۇقلۇق گىمناستۇركا ئۈستىدىن كۆپ پىستانلىق تاسما بەلۋاغ باغلىغان 25 ياشلار ئەتراپىدىكى قاشلىرى قاپقارا بىر يىگىت كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدا تارتىنىش ياكى قورۇنۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سىز مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەيسايوف بولىسىزغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، قېنى ئولتۇرۇڭ.

— ياھ، ئۆزۈمنى قاراقاش دەپ يۈرسەم، مېنىڭ قېشىم سىزنىڭ قېشىڭىزنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمىگۈدەك، — يىگىت بەكمۇ ئەركىندەك قىلاتتى، — قوشۇمىڭىزدا قوشۇلۇپ كەتكەن قاشلىرىڭىز يۈزىڭىزنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپتۇ. خۇددى بىر چاپانغا ياقا بولغىدەك.

— شۇنداقتۇ؟ قېنى ئولتۇرۇپ گەپ قىلىڭ.

كاللىسىدا بىر تاسقان بارمۇ - نېمە؟ ئىشخانىغا كىرە -

كىرمەيلا تامدىن تاراش چۈشكەندەك سۆزلەپ، مېنىڭ قېشىم بىلەن قالدا بۇ ئاداش، گەپلىرىنىڭ چۇرۇكلۇكىگە قارىغاندا، بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەجەب تۇرگۇن نېمىكىنا... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەيسايۇف تەئەججۈپلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى. يىگىتمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك دەرهاللا كەچۈرۈم سورىدى.

— كەچۈرۈڭ باشلىق، مېنى «ساراڭمۇ نېمە» دەپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — ئەمدىلىكتە يىگىت ئۆزىنى تونۇتۇۋالغان ئىدى، — مەن شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن جەۋلان ئەلى بولىمەن.

— بىلىمەن، بىلىمەن، تېخى ئالدىڭىزدىلا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن تېلېفون كەلدى.

— بۇ مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم، — جەۋلان تامغا بېسىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۈستەلگە قويدى. ئەيسايۇف تونۇشتۇرۇشقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— قالتىس، قالتىسكەنسىز، — ئەيسايۇف بېشىنى كۆتۈردى، — سىياسىي - قانۇن سىنىپى بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىكەنسىز. ئابلىز هاكىم «ناهىيىلىك سوت مەهكىمىسىدە پراكتىكا قىلسۇن، تەقسىماتتا شۇ يەرگە ئەپقالىمىز» دېسە نېمىشقا ئۇنىمىدىڭىز؟

— ئۈچ يىل ئىچىدە «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «هەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى» قاتارلىق سىياسىي - قانۇننىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىنى ئىچىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى جەۋلان تەمەننالىق قىياپەتتە، — بىراق مەن مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق نەزەرىيە ئاساسىنى تولۇقلاپ، نوتۇق قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— ئۇنداقتا شەهەر ئىچىدىكى تولۇق ياكى تولۇقسىز

مەكتەپلەرنىڭ بىرەرسىدە پراكتىكا قىلامسىز؟

— ئەيسايوف، بۇ ئۈچ ئايلىق پراكتىكا دەڭا. شۇڭا سەل جاپالىق يەر بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئەمىسە ئارزۇيىڭىز بويىچە «بەگئېرىق» يېزىسىدىكى ناھىيىنىڭ ئۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى «بەگئېرىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى»گە بېرىڭ.

ئەيسايوف تاتمىدىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىش قەغىزىنى ئېلىپ، جەۋلاننى ئەستايىدىل تونۇشتۇرۇپ يازغاندىن كېيىن تامغىنى بېسىپ جەۋلانغا تۇتقۇزدى.

— رەھمەت باشلىق، سىز ھەر ھالدا بوپقالمىدىكەنسىز.

— تەلەپپۇزىڭىزغا قارىغاندا، شىماللىق ئوخشىمامسىز؟

— توغرا پەرەز قىلدىڭىز، مەن شىماللىق.

جەۋلان 42 ياشلاردىكى ئەيسايوفنىڭ تەمبەل، لېكىن پاكارراق بەستىگە، بۇغداي ئۆڭلۈك گۆشلۈك يۈزىگە، قاتمۇقات جىيەكلىك كۆزلىرىگە، بولۇپمۇ قوشۇمىسىدىن ئىككى چېكىسىگە قانات يايغان توم قاشلىرىغا بىر پەس تىكىلىپ قالدى.

— ئەيسايوفكا، قاشلىرىڭىز ھەقىقەتەن ئالامەتكەن.

جەۋلان چىقىپ كەتتى. ئەجەب غەلىتە بالىكىنا، لېكىن ئوچۇق - يورۇق يىگىتمىكەن، دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن ئەيسايوف سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئەيسايوفنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، ئۆيدىكى ئالتە جان ئادەم ئاشلىق پونكىتتىن بېرىدىغان ئازغىنا نورما ئاشلىققا قاراشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ يىگرمە - يىگرمە ئىككى كۈنلەردە ئاش - ئوزۇقى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قاراڭغۇ بازاردىن قىممىتىگە قوناق، ئارپا، قۇرۇق يەل - يېمىش سېتىۋېلىپ قوشۇمچە قىلاتتى. چوڭلار يېرىم ئاچ - يېرىم توق يۈرسىمۇ چىدىغان بىلەن ئوقۇۋاتقان بالىلار بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەخلەتخانىلاردىن بىر نەرسىلەرنى تېرىپ يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتى. قاراڭغۇ بازاردىن قىممەت ئاشلىقنى

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئېلىشىۋېرىشكە كىچىككىنە مائاش يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلۇشكۇن سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈك بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ، هال ئېيتقان ئىدى. ئۇ «ۋاقتىڭىز چىققاندا بېرىڭ، مەن ياڭاق، گۈلىقاق، جىگدىلەرگە خەت قىلىپ بېرەي» دېگەنىدى.

ئەيسايۇف قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە ۋاڭ يۈك بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يىگىتنىڭ كىيىنىشى، تەقى ـ تۇرقىدىن سەھرالىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ـــ هە، ئەيسايۇف كەلدىڭىزمۇ؟ ـــ ۋاڭ يۈك ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى، ـــ بۇ قۇملۇق ئوغلى بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ، ئىسمى كامال.

ـــ راستلا قۇملۇق ئوغلىدەك قىلىپ تۇرىدۇ، ـــ ئەيسايۇف، كامالنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قىزىل يۈزىگە قارىدى، ـــ ئۆزىمۇ توغراقتەك قامەتلىككەن.

ـــ ئەلئابادتىن داۋاملىق ئاشلىق، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، تىۋىت، زاراڭزا، چىگىت، گىلەم ـ خۇرجۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يۆتكەيدۇ، ـــ دېدى ۋاڭ يۈك پەخىرلەنگەن هالدا، ـــ بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى ئائىلىلىرىنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن مۇشۇ بالا تەمىنلەيدۇ.

ـــ ۋۇي ياخشىكەنغۇ، ـــ ئەيسايۇف خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى، ـــ تونۇشۇپ قالساق بولغىدەك.

ـــ بولىدۇ، مېنى ئىزدىسىڭىز، بۇ بالىنى تاپالايسىز.

ۋاڭ يۈك ئىدارىسىنىڭ ئىش قەغىزىنى ئېلىپ بىرنەچچە قۇر خەنزۇچە خەت يازدى. ئاندىن خەتنىڭ ئاستىغا ئىمزاسىنى قويۇپ ئەيسايۇفقا بەردى.

ـــ ياڭاق، گۈلىقاق، قارا بېيىزدىن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ بەردىم. كاسسىرغا پۇل تۆلەپ، تالوننى ئامبارچىغا بەرسىڭىز

بولىدۇ، — ۋاڭ يۇك ئۆزرە ئېيتتى، — كۆپرەك يېزىپ بېرەي دېسەم، بىزمۇ ۋىلايەتنىڭ قورۇق يەل - يېمىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمىساق بولمايدۇ.

— ھېلىمۇ ئوبدان يېزىپ بەردىڭىز، خوش، مەن چىقاي.

ئەپسايۇفنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن ۋاڭ يۇك ئورۇندۇقىنى سۈرۈپ، كامالنىڭ ئۇدۇلىغا ئېلىپ كەلدى. بۈگۈن چۈش پېشىنلەر بىلەن شەھەرگە كىرگەن ھارۋا مىرزا زاغۇننىڭ دېڭگە چۈشۈپ، چاۋار، ئىگەمبەردى بىر ياتاقتا، كامال ئايرىم بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ھارۋىدىكى ھەر خىل ئاشلىق، ياغلىق دان، ئوغۇت، ئۆچكە تېۋىتى، گىلەم قاتارلىقلارنى چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ياتىقىغا توشۇدى. چاۋار ئىشىك ھالقىسىغا قوش قۇلۇپنى سالغاندىن كېيىن ئۇلار «تاماق يەپ كېلەيلى، سەن تايلىغىن ئارام ئالىسەن» دېيىشىپ، كامالنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى. دەڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆزىتىپ تۇرغان كامال چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا سودا ئىدارىسىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ ۋاڭ يۇڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن ئىدى.

— ھەي، ساۋۇر مەڭلىكنىڭ دېڭگە چۈشمەي، — ۋاي يۇڭنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — نېمىدەپ مىرزا زاغۇننىڭ دېڭگە باشلاپ باردىڭ. ئۇ يەر نەشىكەشلەرنىڭ، قىمارۋازلارنىڭ، ئوغرىلارنىڭ، جاالپلارنىڭ ئۇۋىسى تۇرسا.

— ئۇلار مېنىڭ ساۋۇر مەڭلىك بىلەن بۇرادەرلىكىمنى بىلگەچكە، ئەتەي ئۇ يەرگە چۈشكىلى ئۇنىمىدى، — دېدى كامال جىددىيلىشىپ، — بۇ ئۈچ ئوغرى ھازىر مەندىن گۇمانلىنىپ قالدى. شۇڭا: «بىز مالالارنى ئالدىرىماي ساتىمىز، بىر ھەپتە كەتسىمۇ مەيلى، سەن يېقىن - يۇرۇقلىرىڭنى بەخىرامان يوقلا...» دەۋاتامدۇ.

— توغرا، ئۇلارنىڭ مىرزا زاغۇننىڭ دېڭگە نېمە ئۈچۈن

چۈشكەنلىكى ئەمدى ئايدىڭ بولدى، ــ ۋاڭ يۈڭنىڭ كۆزلىرى بىر چېكىتكە قالدى، ــ ئۇلار ماللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى كېچىلىرى يۆتكەشتە ساۋۇر مەڭلىكنىڭ ساگا خەۋەر قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن گەپ.

ــ توغرا «بىر ھەپتە كەتسىمۇ مەيلى»، «يېقىنلىرىڭنى يوقلاۋە» دېگەنلىرى مېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، سودىسى ئۈستىدە تۇرغۇزماسلىق ئىكەندە.

ــ ئۇلار مىرزا زاغۇننى يانچۇقىغا سېلىپ بولدى، ــ ۋاڭ يۈڭ ئۈستەلگە پاققىدە ئۇردى، ــ بۈگۈن كېچە سېنى ئۇخلىتىۋېتىپ ماللىرىنى ھايانكەشلەرگە ساتىدۇ ياكى يۆتكەيدۇ.

ــ نېمە؟ ــ كامال بىردىنلا چۆچۈدى، ــ ئەسلىدە بۇ قېتىم ماي زاۋۇتىغا چىگىت ئەكىرمەكچى ئىدىم. لېكىن بۇ ئۈچ ئاچ كۆز ھارۋىنى تالىشىپ قالغاچقا، كەنتنىڭ نەرسىسىنى قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ زاڭ ماللىرىنى باسقان.

كامال يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئېچىلغان ئۈچ كۈنلۈك يىغىندىن كېيىن، ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى، ئەترەت كادىرلىرىنى يىغىپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنى ئۆزى خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىشىنىڭ مۇجمەللىكى، خام خىياللاردا بولماي كەنت رەھبەرلىكىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشمىسا بولمايدىغانلىقى، ئۆسەك گەپلەرنى تارقىتىش، غەيۋەت، شىكايەت قىلىش ··· لارنىڭ ھەممىسى ماۋجۇشى ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغانلىق دېگەندەك قورقاق، تەھدىت سالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئىشخانا ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇپ مەخپىي يېقىن ئاچقانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

ــ ئۇلار خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن، ــ ۋاڭ يۈڭ خىيالغا پاتتى، ــ ئىگەمبەردى بىلەن چاۋارنىڭ شەھەرگە كىرىشىمۇ زاڭ

ماللارنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىدىن تىلىڭ تىڭلاش.

— ۋاڭ جۇيجاڭ ئېسىڭىزدىمۇ، سىز بىر چاغدا «چاۋار دېگەن كىم؟ قۇمتامغا قاچان پەيدا بولغان؟» دەپ سورىغاندا، بىر ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇمتامغا ئۇنگەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ ئادەم ھازىر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى.

— كېرىم جۇرىنما؟

كامال بېشىنى لىڭشىتتى. ۋاڭ يۈك تېڭىرقاپ قالغان پېتى ئاستا مېڭىپ، دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ سىرتقا قاراپ ئۆزىچىلا: «ئۇلار زادى قانداق بۇرادەرلەردىن؟...» دەپ پىچىرلىدى. كېرىم ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىدىلا ئەمەس، ناھىيە تەۋەسىدىمۇ، بارلىق چوڭ - كىچىك باشلىقلار، كادىرلار ھەزەر ئەيلەيدىغان، ئىسمىنى ئاڭلىسا يۈرىكى سىرقىرايدىغان قارا كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ بىرەر رەھبەرنىڭ ياكى كادىرنىڭ خىزمەتتىكى سەۋەنلىك ياكى ئادەتتىكى خاتالىقىنى تۇتۇپ ئالسا، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش، تارتىۋېلىش، ياردەم بېرىش ئەمەس بەلكى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇش، خىزمىتىدىن، پارتىيە ئەزالىقىدىن مەھرۇم قىلىشتەك قورقۇنچلۇق ئەنزە بېكىتىپ، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا سۇناتتى. ئۆزى قول شىلتىپ سۆزلەپ، كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلىپ مەزكۇر كادىرنى يەر چىشلەتمىگىچە كۆڭلى تىنمايتتى. شۇڭا ئۇنى ھەممە ئادەم «ئوتقۇيرۇقى»، «چېتىلدۇرغۇچ» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەيتتى. مۇشۇنداق ئادەمنىڭ چاۋارغا يار - يۆلەك بولۇشى، ئۇنى قوللىشى، چاپان يېپىشى زادى نېمە ۋەجىدىن؟ دېگەن گۇمان ۋاڭ يۈڭنى خىيال تورلىرىغا چىرماپ قويدى. لېكىن كامالنىڭ سۆزى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى:

— ۋاڭ جۇيجاڭ، ھاشىمكام، — كامالنىڭ ئاۋازى بىردىنلا

# ئەكىلساكىل ئۇغلى (1)

پەسلىدى، — «بۇ قېتىم شەھەرگە ئېلىپ كىرگەن زاك ماللار كەنتنىڭ قان - تەرى، جازانىخورلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، ياكى مۇسادىرە قىلىنسا، قۇمتاملىقنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغان بىلەن باراۋەر… » دەپ تاپىلىغان ئىدى.

— شۇنداقمۇ، — ۋاڭ يۇڭ سىرلىق شەپىنىڭ تېگىگە يەتتى، — ئۇنداق بولسا بۇگۈن كېچە سەگەك بول. كۆز جىيەكلىرىڭگە سەرەڭگە ياغىچى قىستۇرساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۇخلاپ قالما.

— نېمىشقا؟

— سېنى «ئويۇنۇڭنى ئوينا» دېگىنىڭگە قارىغاندا، ئۇلار بۈگۈن كېچە، سەن ئۇخلاپ قالغاندا زاك ماللارنى جازانىخور، مەككار ھايانكەشلەرگە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار تۈيدۈرماي دەڭ دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا مەن قانداق قىلىمەن؟

— ئارىلىق يىراق بولمىغاندىن كېيىن ساۋۇر مەڭلىكنى ئەۋەت، مەن دەرھاللا جۇسادۈينىڭ باشلىقى قادىر ئالغايغا تېلېفون بېرىۋېتىمەن. ئۇلار سودىلىشىپ، ماللارنى يۆتكەپ بولغىچە بىر ماشىنا ئادەم بېرىپ بولىدۇ.

— ماللار جۇسادۈينىڭ قولىغا چۈشسە، مۇسادىرە قىلىنىۋەتمەس.

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە، كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن.

كامال ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ۋاڭ يۇڭنىڭ كەچلىك تاماقنى بىللە يەيلى، دېگىنىگىمۇ قارىماي «ئۈچ بۇرجەك» بازارغا بېرىپ، قاراڭغۇ بازاردىن ئىككى نانني قىممىتىگە سېتىۋالدى. ئۇ «قىزىق دەرۋازا» دەپ تەرىپلىنىدىغان قايناق بازاردىكى بىر چايخانىغا كىرىپ، چوڭ چاينەك چايدىن بىرنى بۇيرۇتتى. ئۇ جىددىيلەشكەنسېرى، چاۋار، ئىگەمبەردىلەر جازانىخورلار بىلەن قول قېقىشىپ سودىلىشىۋاتقاندەك، ئاشلىق، ياغلىق دان،

ئوغۇت، گىلەم، تىۋىت تاغارلىرىنى هارۋىغا بېسىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى.

— هاي، خان، — كامال مۇلازىم قىزغا ۋارقىرىدى، — چېيىڭىز كېلەمدۇ ياكى ئورۇن ـ يوتقاننى ئەپكېلىمەنمۇ؟

— تە بولمىسىلا ئاكا، — ئوچاق ئالدىدىكى قىز قايرىلىپ ۋارقىرىدى، — چاي ئوبدان چۆشمەپتىكەن ئەينا، قارا چاي سېلىپ ئوتقا قوياپ قويدۇم، بىر ئۆرلىسۇن ماقۇما، كۆزنىڭ يېشىدەك چاينى ئاپارسام، بېشىمغا ئاتالا.

كامال بىر چەينەك چاي كېلىشى ئۈنى گېلىغا تۆكتىمۇ ياكى يەرگىمۇ ئىشقىلىپ بىر ناننى چايغا مىلاپ يۇرۇپ قاچانلاردا ئىچىۋەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئاشقان ناننى تۆت قاتلاپ، يوتىسىغا تۇگكەندىن كېيىن مىرزا زاغۇنىنىڭ دېگىنگە يۇرۇپ كەتتى. بۇ دەڭ ۋاڭ يۇڭنىڭ دېگىنىدەك قالايمىقانچىلىق ۋە جەڭگى ـ جېدەلنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. قىمارۋازلار چىدىماسلىق قىلىپ ۋالاق ـ ۋۇلۇق مۇشتلاشقىنىچە دەڭنىڭ تېزەك، چىلە پۇراپ تۇرغان هويلىسىغا چىقىپ قالاتتى. دەرۋازا يېنىدا ئۆچكە تېرىسىنى ئاستىغا سېلىپ خۇددى بىر كىم چاپلاپ قويغاندەك ئولتۇرىدىغان ھىمىدىخان باداڭ كەچكىچە گازىر چېقىپ، پايپاق توقۇپ دەرۋازا باقاتتى. خەقلەرمۇ يامانكەن، لەقەمنى پىچىپ تىككەن توندەك كىيگۈزۈپلا قويىدىكەن. ھىمىدىخان راستتىنلا ئاشلىق قاچىلايدىغان باداڭدەك يوغان خوتۇن بولۇپ، ئەرلەر ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ئۇ خۇددى پىشقان لۆكچەكلەردەك مۇشت ئاتاتتى. پەشۋا قوياتتى. ئەمما ئۇ جۇسادۇي «جەڭچى» لىرى ياكى بازار باشقۇرۇش مىنبىڭلىرى، ئىشقىلىپ ساقچىغا تەئەللۇقلار كېلىپ قالدىمۇ: «هاي! ھېقىدىغان پاخپاق بېشىم قېچىشىپ كەتتى بېقىپ قويمامسەن!» دەپ ۋارقىرايتتى ياكى «هوي دىكى ـ دىككاڭ سارىخان تامبىلىم پىت بولاپ

كېتىپتۇ، ئۆگزىگە يېپىۋەت!» دەپ كارنىيى يىرتىلغۇدەك كاركىرايتتى. ئۇنىڭ دەز كەتكەن تەشتەكتەك بوغۇق خىرقىراق ئاۋازى ھەممىگە تونۇش بولغاچقا، قىمار ئويناۋاتقانلار دەرھاللا ئوشۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇخلىغان بولۇۋالاتتى. نازۇ كەرەش بىلەن ئىگراۋاتقان ئايال ھاپىلا ـ شاپىلا تامبىلنى كىيىپ، تاردا كۆكتات ئادالىغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. ئوغرىلار زاڭ ماللىرىنى تىقىشتۇرۇۋېتىپ ناماز ئۆتەۋگەن بولۇپ، رۇكۇدا ئولتۇرۇۋالاتتى.

كامال دەڭ دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ ھەممىدىخان باداڭغا سۇسقىنا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. كېچىنىڭ شامالسىز تىنچىقى باشلىنىش بىلەن دەڭدىن كۆتۈرۈلگەن تېزەك، چىلە، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ قاڭسىق تەر ھىدلىرى دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. ياتىقى ئالدىدىكى كۆتەكتە ئاسما مايكىسى بىلەنلا ئولتۇرغان كامالنىڭ پېشانىلىرى ئۇششاق تەرلەپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بىردەم ـ يېرىمدەم بىكار بولۇپ قالدىمۇ لەيخۇا كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. «قوللىرىم يۇمشاق بوپتىمۇ؟» دەپ ئالىقانلىرىنى سۇۋايتتى. گەپ قىلىشنى بىلمىدىغان كۆزلىرى كامالنى تەمتىرىتىۋېتەتتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى قولىنى نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى. بىردەمدىلا تاماقلىرى قۇرۇپ تەشنالىق قىينايتتى. تىزلىرى تىترەپ، يۈزى ئوت ئالاتتى. ئۇ ئىچىدە: «توۋا، سۇندۇكتەك بىر كىچىك قىز ئالدىدا شۇنچە بەردەم ئەر مۇمدەك يۇمشاپ كېتىدىكىنا··· » دەپ ھەيران بولاتتى.

ــ كامال ئولتۇرۇپسەنغۇ؟

كامال قايرىلىپ قاراپ ئالدىدا ئىگەمبەردى تۇرغانلىقىنى كۆردى. كېچە ئايدىڭدا ئۇنىڭ ساپسېرىق چىگىش ساقال قاپلاپ كەتكەن يۈزى، قىپقىزىل بۇرنى، قاش ـ كىرپىكنىڭ تايىنى يوق بوز كۆزلىرى سۇۋارى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك غۇۋا

كۆرۈندى.

— ئۈيقۇم كەلمەي ئولتۇردۇم، — كامال بەكمۇ تەمكىن ئىدى، — چاۋاركام كۆرۈنمەيدىغۇ.

— ياتاقتا خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەۋاتىدۇ. چۈشتىن كېيىن يوقاپ كەتتىڭ، نەلەرگە باردىڭ؟

— نەچچە يىللاردىن بېرى سىلەرنىڭ ھەم كەنتنىڭ نەرسىلىرىنى ساتىمەن، ئۆتكۈزىمەن، دەپ پالاقلاپلا يۈرۈپتىمەن، — دېدى كامال كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈن شەھەردىكى ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىگەمچى باغچىسىغا باردۇق. قانغۇچە ئوينىدۇق. ئەتىدىن باشلاپ «سەھۋالىم»، «كۆكمارىم» لارغا بېرىپ ئوينىماقچى.

— پاھ، ئويۇنۇڭلار كاتتىغۇ، — ئىگەمبەردى قەستەن قىزىققاندەك بولدى، — مېنىڭمۇ بېرىپ ئويناپ كەلگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەرلەرنى بەكمۇ چىرايلىق دېيىشىدۇ.

— سىلەرمۇ يوقاپ كەتتىڭلارغۇ.

— بازار چۆرگىلىدۇق، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپتىمىز.

— ماقۇل، ئىگەمبەردىكا، مەن كىرىپ ئۇخلاي، سىلەر يولدا كەلگىچە ھارۋا ئۈستىدە ئۇخلاپ كەلدىڭلار، مېنىڭ ھازىر راسا ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

كامال ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ كەيپىياتىغا، چىرايىدىكى ئەمىنلىككە قاراپ ئۇلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى «تاۋاپ» قىلىپ كەلگەنلىكىنى، كېرەم مۇدىرمۇ ئۇلارغا «ئەپسۇن» سۈيى ئىچكۈزگەنلىكىنى بىلىپ بولدى. شۇڭا بۈگۈن چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ زاڭ ماللارنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ بىگىز بارمىقىنى ھۆللەپ دېرىزە قەغىزىگە تەگكۈزۈشى سامان قەغەزدىن دۈپدۈگىلەك تۆشۈك ئېچىلدى. كېچە ئاپئاق ئايدىڭ بولغاچقىمۇ ھويلىدىكى ھارۋا، تراكتور، ئېغىل،

ئوقۇرلار، ھەتتا ئۇلاغلار سۇ ئىچىدىغان غۇلاقچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ۋاقىت خۇددى ئۈيۈپ قالغان شام ئېرىتمىسىدەك بەكمۇ تەستە ئۆتۈۋاتاتتى. ھويلىدىكى كىچىككىنە شەپە ئاڭلانسىمۇ كامال دەرھال دېرىزە قەغىزىدىكى تۆشۈكتىن سىرتقا قارايتتى. ئالاھەزەل تۇن نىسپىدىن ئۆتكەندە، ھەمىدىخان باداڭ دەرۋازىنى تىۋىش چىقارماي ئېچىشى ھويلىغا ئىككى كالا قېتىلغان رېزىنكا چاقلىق چوڭ ھارۋا كىرىپ كەلدى. ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقىنى ئېگىز، تەتۇر ئۇستىخان ئىگەمبەردى ئىدى. ھارۋىكەش كالا ھارۋىسىنى چاۋارلارنىڭ ياتىقى ئالدىدا توختاتتى. ئىگەمبەردى ھارۋىكەشنى ئالدىغا سېلىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. دېرىزە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سىرتنى كۆزىتىۋاتقان كامالنىڭ پۇتلىرى ئۈيۈشۈپ، كۆزلىرى ئىلىشىپ چىدالمايلا قالغانىدى. ئۇلار ھارۋىكەش بىلەن كىرا ھەققىدە كېلىشەلمىگەنمۇ، ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندىلا ئۇدۇلدىكى ياتاقتىن چىققان ئىككى قارا كۆلەڭگە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كامالنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشتى. كامال دەرھاللا ئورنىدا يېتىپ يالغان خورەكنى باشلىۋەتتى. دېرىزە ئالدىدا بىردەم تۇرغان ئىككى كۆلەڭگە بىر ـ بىرىگە باش ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئاياغ شەپىسى يىراقلاشقاندىن كېيىنلا، كامال ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە قەغىزىدىكى تۆشۈكتىن ئۇلارنى ئەمدىلا كۆزىتىپ تۇرۇشى ياتاقتىن ئۇچ ئادەم ئاشلىق قاچىلانغان چوڭ تاغارنى ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئاران ئېلىپ چىقتى ـ دە، ھارۋىغا تاشلىدى. ئۇلار بەش ـ ئالتە قېتىم قاتناپ ئېغىر ئاشلىق تاغارلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، تىۋىت قاچىلانغان تاغارلارنى، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىزلەر پۇرلاپ تىقىلغان چوڭ خەسە خالتىلارنى، ئاق ئوغۇت ۋە بىر قانچە گىلەمنى ھارۋىغا بېسىپ دەڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. كامال دەرھاللا

ئۇچىسىغا قارا يەكتەكنى ئالماشتۇرۇپ كىيىپ ياتاقنى تاقىدى، ئۇ كالا ھارۋىسىنىڭ قارىسىنى يوقاتماي دەرەخ، ئىستولبا، تاملارنى دالدا قىلىپ كېلىشۋاتاتتى.

— كېرىم مۇدىر بىلەن كۆرۈشكىنىمىز ئوبدان بولدى، — بۇ چاۋارنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ماللارنى مىرزا زاغۇننىڭ دېگىنىدە بىر تەرەپ قىلغان بولساق، كامال ھامان بىلىپ قالاتتى.

— چوڭ ئورۇندا رەھبەر بولغان ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ تېرەن بولىدىكەن، — ئىگەمبەردىنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — ھازىر بارىدىغان دېگىنىمىز ئىشەنچلىكمىدۇ؟

— تاجىخان لەگمەننىڭ دېگى شەھەر سىرتىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان دەڭ، باشقا دەڭلەر ئىشەنچسىز.

— كامال ئەتە ئەتىگەن بىزنىڭ يوقلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، گۇمانلىنىپ يۈرمەس.

— بىزنى ئەتىگەندىلا بازارغا خېرىدار ئۇقۇشقىلى كېتىپتۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، — چاۋار ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى، — بىر كىم ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ، دېسە.

— بۇ ئالا كېچىدە كىممۇ ئارقىمىزغا چۈشە؟ ھەممىسى يەر تىڭشاپ ئۇخلاۋاتسا، — ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى، — خۇپىيانە ئىش قىلساڭ، خۇدۇكۇڭ ئاشار دېگەن شۇدە.

ئۇلار دەڭگە بىلەن ئالدىن كېلىشىپ بولغاندەك قىلاتتى. كالا ھارۋىسى غىچىرلاپ كېلىشى تاجىخان لەگمەن دەرۋازىنى چوڭ ئېچىپ: «تېز - تېز ھەي ھارۋىكەش، نېمانداق مىسىلدايسەن، ئۇرمامسەن ماۋۇ رودۇپايلىرىڭنىڭ پىشمايدىغان يېرىگە...» دەپ زەردە بىلەن كۇسۇرلىدى. ئاندىن ئۇ چاۋارغا بىر تال ئاچقۇچنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى دەرۋازا دالدىسىغا ئېلىپ كەلدى. دەرۋازا ئارقىسىدا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان كامالنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، نەپەسمۇ ئالماي جىمىدە تامغا چاپلىشىپ قالدى.

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

— خېرىدارىڭلار قاچان كېلىدۇ، دەيمەن، — تاجىخان لەڭمەننىڭ كۆز ياختىلىرى يالتىرىدى، — دەڭدە مىزەممىتى بار مالنى كۆپ ساقلاشقا بولمايدۇ جۇما.

— خېرىدارلار بىلەن كېلىشىپ بولغان، ئەمما ئۇلار بىز خەۋەر قىلغاندىن كېيىن كەممەكچى.

— ئۇنداق بولسا ئەتە چۈشتە، نەق تاماق ۋاقتىدا كەلسۇن.

— قانداق بولا، كۈپكۈندۈزدە.

— پالتا چۈشكىچە كۆتەك دەم ئاپتۇ. دېگەننى ئاڭلىغانما؟ جۇسادۇي، مىنبىڭ، بازار باشقۇرۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قورساق تويغۇزۇش بىلەن قالىدۇ. بۇ ئەپلىك پۇرسەت جۇما···

— يائاللا، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان خوتۇندە سىلى.

— ياتاقنى ئوبدان كۆرۈۋالغانسىلە، چەتتىكى ئېغىلغا يانداش ياتاق.

تاجىخان لەڭمەن دەرۋازىنى غارىلدىتىپ ياپتى. كامال دەرۋازا يوچۇقىدىن چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى ياتاققا توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا دەڭگە قايتتى.

بۈگۈن كېچە كۆرگەنلىرىنى ئويلاپ يېتىپ، خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇيقۇسى قاچقان كامال تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پەنجىرىدىن چۈشكەن يورۇقتىن ئويغىنىپ، دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى. ياتاق ئالدىدىكى ئېۋىرىقتا يۈزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، يولۇچىلار تاشلاپ كەتكەن تاش ئوچاق ئۈستىگە قومچۇگۇننى قويۇپ چاي قايناتتى. ئۇ تۈنۈگۈن قاراڭغۇ بازاردىن ئەكېلىپ قويغان بىر نان بىلەن ناشتا قىلىپ، سودا ئىدارىسىغا ئالدىراپ ماڭدى. كوچىدا ئىشقا ماڭغان پىيادىلەر، ۋېلىسىپىت مىنگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. سەھرادىن كېلىۋاتقان كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى، تاشتۇز ئارتىلغان ئۇلاغلار، خام مال بېسىلغان تراكتورلار، توخۇ قولتۇقلىغان، قوي — ئۆچكىلىرىنى يېتىلگەن دېھقانلار گويا ئامەت يۇلتۇزىنى

بالدۇرراق ئېلىۋالماقچى بولغاندەك شەھەر بازار، رەستىلىرىگە ئالدىرىشاتتى. كامال سۇدا ئىدارىسىنىڭ تەتۇر سۆگەت، سېدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان ھويلىسىغا قەدەم ئالا - ئالمايلا بەزىلەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ، بەزىلىرىگە باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىرىغانسېرى سالاملىشىدىغانلارمۇ ئۇچراپ تۇردى.

كامان ئىشىكنىمۇ چەكمەي ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرگەندە، كۆزەينىكىنى بۇرنىغا قوندۇرۇۋېلىپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان ۋاڭ يۇڭ چۆچۈپ قارىدىم. كامال تەكەللۇپسىزلا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمانچە ئالاقزادە بولىسەن؟ بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — ۋاڭ يۇڭ ئەنسىرىگەن ئەلپازدا سورىدى، — قارا سېنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىڭنى.

— ۋاڭ جۇيجاڭ راست دەپتىكەنسىز، كېچىدىن ئۇلار ماللىرىنى تاجىخان لەخمەننىڭ دېڭىگە يۆتكىدى.

كامال كېچىدىن كۆرگەنلىرىنى، چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ نېمە دېيىشكەنلىرىنى، ھەتتا ماللىرىغا بۈگۈن چۈشتە خېرىدار كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئەندىككەن ھالدا بايان قىلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كېرىم مۇدىر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنىمۇ دېدى.

— ۋاڭ جۇيجاڭ، — كامالنىڭ چىرايى ئۆمسۈرۈن ئىدى، — ئەگەر ماللار ھايانكەشلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، ھاشىمكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ قۇمتاملىق مېنى پوقىدا كۆمىدۇ.

— بولدى، كاللامنى ئىلەشتۈرمەي، بىردەم جىم تۇرغىنا، — ۋاڭ يۇڭ ئويغا پاتتى، — جۇسادۇينىڭ باشلىقى قادىر ئالغاي تەمەخور نېمە، ئۇ بىرەر گىلەم ياكى ئاشلىقتىن قاقتى - سوقتى قىلىدۇ. مېنىڭ مۇسادىرە قىلغىنىم شۇ، قالغىنىنى كۆرمىدىم، دېيىشتىن يانمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— بازار باشقۇرۇشنىڭ باشلىقى ھامۇت نىياز قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار. تۈرگۈن ئادەم. شۇنىڭغا تېلېفون بېرەيلى.

ۋاڭ يۇڭ تېلېفوننىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ بولۇپ توختاپ قالدى. كامال ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قاراپ تېخىمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشتى.

— بۇ، تېلېفوندا سۆزلىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ۋاڭ يۇڭ تەرەببالا، — باش ئاپپاراتتىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ئۆزۈملا باراي.

— ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ساتىمەن، دەپ نەچچە قېتىم تۇتۇلدۇم، قوللىرىم باغلىنىپ، دۇمبا ـ تېپكىنى راسا يېدىم، ئەمدى نۆۋەت بۇ ئوغرىلارغا كەلدى. تەننىڭ يۇمشاق، تاياقنىڭ قاتتىقلىقىنى ئۇلارمۇ تېتىپ باقسۇن.

— سەن ئۆچ ئالماقچى ئىكەنسەندە؟

— ياقەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز، — كامال قىزاردى، — ئەمدى شۇ ··· بۇرنىغا سۇ كىرسە، ئەسكىلىكتىن قولىنى تارتامدىكىن دەيمەن.

— ئۇلار تۇتۇلغان ئىكەن، چوقۇم سولىنىدۇ. بازار باشقۇرۇشنىڭ ئون نەچچە مىنىبىگلىرى بار، خۇددى دوزاخنىڭ جاللاتلىرى! ھامۇتمۇ كۆپ ئىشلارنى كۆرمەسكە سالىدۇ، ھەي، — ۋاڭ يۇڭ كامالنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — ئۇلار سولانغاندىن كېيىن ئىزدىگۈچى بولما، بولمىسا گۇمان پەيدا قىلىپ قويىسەن.

— ئەمىسە قۇمتامغا كېتىۋېرەيمۇ؟

— ئۇنىڭدىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار ئاش ـ تاماقتىن قىينالغان ھامان ساڭا ئەۋەتىدۇ. شۇ چاغدىلا بېرىپ ھەيرانلىق نىقابىنى كىيىۋال، قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەت دېسە مېنى ئارىلاشتۇرما، ئۇدۇل كېرىم مۇدىرنى ئىزلە.

— نېمىشقا؟

— قېنى ئۇ قانداق قىلىدىكەن؟

— ئۇنداقتا، داڭ ئۇرۇپ، مايمۇننى قورقۇتىدىكەنمىزدە.

— ۋۈي قاقدالما.

كامال ئالدىدا، ۋاڭ يۇڭ ئارقىدىن ئىشخانىدىن چىقىشتى. شۇ كۈنى كامال ھارۋىسىنى ئېلىپ ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىغا بېرىپ ھەر خىل يۇڭ يىپ، ئارقاق، گۈرۈچ قاتارلىق ئېكسپورت گىلەملىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ھارۋىسىغا باستى. كارخانا باشلىقى بىلەن تېخنىك نازارەتچىسى ئېكسپورت گىلىمىنىڭ يېڭى نۇسخىلىرىدىن بەش خىل خەرىتە چېرتيوژىنى بەردى. ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ يېزا، كەنتلەردىكى تارماق كارخانىلار بىلەن توختامى بولۇپ، ئېكسپورت گىلەملىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. يەرلىك كارخانىلار گىلەملىرىنى ئۆتكۈزگەندە ماتېرىيال پۇلى تۇتۇپ قېلىناتتى. شۇڭا كامال بىرەر ئايدا بىر قېتىم ماتېرىيال ئالغىلى كېلەتتى.

بىر ھەپتە ئۆتتى. چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىدىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى. كامال چايخانىغا بېرىپ بىر چاينەك چاي بىلەن بەزىدە زاغرا، بەزىدە گىردە يەپ قورسىقىنى پومىلاپ يۈردى. تاماق يېمەي، بەك ئورۇقداپ كەتسە، قاراڭغۇ بازارنىڭ ئاشلىق بېلىتى ئالمايدىغان قىممەت سۇيۇقئېشىدىن سېتىۋېلىپ نان چىلاپ يەيتتى. چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ قاچانلاردا يوقاپ كەتكىنىنى بىلمىگەن مىرزا زاغۇن ئۇ ئىككىسىنىڭ ياتاق ھەققىنى سوراپ كەلدى. كامال ئۆزى ياتقان ياتاقنىڭ پۇلىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى، ئۇ چالۋاقاپ ۋارقىراپلا كەتتى. ھەپتىدىن بېرى قۇمتامغا كېتەلمەي، ئانىسىدىن ئەنسىرەپ پۇخ بولۇپ يۈرگەن كامالمۇ بۆرە جۇۋىسىنى كىيدى:

— ھەي، ھارۋامنى كىرا قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ پۇلىنى بېرىدىغانغا مېنى سۇپۇرگە زىيانكەش چاغلاپ قالدىڭما؟ — كامال شالاقىدە يەرگە تۈكۈردى، — قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا

قول سۇنىدىغان ئادەم ئوخشىماملا؟ بۇنداق يولسىزلىقنى كىچىك بالىغا دېسىلىمۇ، ئاغزىدا ئەمەس، قوڭىدا كۈلىدۇ.

كامالنىڭ بەستىدىن، جۇۋازا ئوقىدەك ئۇزۇن، تۇم بىلەكلىرىدىن، بوراندەك تۇتۇلغان چىرايىدىن ئەندىكىپ قالغان مىرزا زاغۇن بىردىنلا پەيلىدىن يېنىپ، ئاستىلا كېتىپ قالدى. كامال مىرزا زاغۇن بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان شۇ كۈنى كېچىسى ئايرىم سوراقخانىدا چاۋار مىنبېگىلارنىڭ دەھشەتلىك قىيناقلىرى، پاسكىنا تىل ـ ھاقارەتلىرى ئاستىدا سوراق قىلىنىۋاتاتتى. كۈنىگە ئېشەك تۆيىقىدەك ئىككى زاغرىنى غاجاپ كۈن ئۆتكۈزگەن چاۋارنىڭ يۈز تېرىلىرى خالتىلىشىپ كۆز قارىچۇقلىرى گوداڭغا چۆشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك غۇۋا پىلدىرلاپ، پۇت ـ قولىدا مىسقالچە ماغدۇر قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈز، پېشانىلىرى كۆكىرىپ، ئىششىغان بولۇپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىڭراپ ئولتۇراتتى.

قوللىرىدا قامچا، تاياق، تاسما بەلۋاغ تۇتقان تۆت مىنبېگ ھەر قېتىم گەپ سورىغاندا ئۇراتتى ياكى تېپەتتى.

— ھەي، قارا توڭگۇز، گەپ قىلمىساق نەچچە كۈندىن بېرى بىزنى پۇچۇق قاپاققا سېلىپ كولدۇرلىتىۋاتىسىنا، — ۋارقىرىدى بىر كۆزى قارىغۇ يەكچەشمە، — سېنىڭ تۆت فۇڭ قالدۇرۇق يېرىڭدىن ئەللىك چارەك ئاشلىق چىقامدا؟ كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن؟

يەكچەشمە قولىدىكى تاسما بەلۋاغ بىلەن ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇپلا كەتتى. ئاڭغىچە بېشىدىن تارتىپ كىندىكلىرىگىچە قاپقارا چۇپۇر بېسىپ كەتكەن بىر «يۇڭلۇق قۇرت» كەلگەنچە چاۋارنىڭ بىقىنىغا بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى.

— ئىقرار قىلامسەن ياكى «توزغاق تەكىيە دىمىقتى» سىنى ھىدلامسەن؟ بېسىڭلار بالىلار!

تەر ئاقىقۇزماي يېگەن ئاش، نان، گۆشلەردىن قاۋاندەك

غالجىرلىشىپ كەتكەن تۆت مىنبىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلگەنچە چاۋارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى ـ دە، يەكچەشمە بىلەن يۇڭلۇق قۇرت قورساق، يوتىلىرىغا مىندى، قالغان ئىككىسى يوغان مايلىشىپ كەتكەن تۇزغاق تەكىيىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قويۇپ، ئىككى ياقتىن باسقان ئىدى، تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتقان چاۋار نەپەس ئالالماي ياكى ۋارقىرالماي، ئىككى پۇتى شۇنچىلىك تېپىرلاپ كەتتىكى، ئاخىرى جان ئاچچىقىدا «تارت··· » تىدا قويۇۋەتتى···

— ۋۇي قوڭىنىڭ پەچمى يوق ھەزىلەك، ھالىڭ شۇنچىلىكلا ئىكەنغۇ، — دېدى يەكچەشمە چاۋارنىڭ بىقىنىغا مۇشت سېلىپ.

— ئىقرار قىلامسەن، يوق؟

ئىككى مىنبىنىڭ تەكىيىنى سەللا كۆتۈرۈشى چاۋار : «ۋاي مەن ئىقرار قىلاي، كەنت ئامبىرىدىن ئوغرىلىغان ئىدىم··· » دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

مىنبىكلار چاۋارنى سۆرەپ، ئۆي بۇلۇڭىدىكى ئۇستەل ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، قەغەز ـ قەلەمنى ئالدىغا قويدى. چاۋار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىقرار نامىنى يېزىپ بولۇپ سۇرۇخقا پاتۇرۇلغان چوڭ بارمىقىنى، ئىقرار نامىدىكى «چاۋار» دېگەن ئىسىم ئۈستىگە باستى. تايىقىدىن قان تامىدىغان تۆت مىنبىنىڭ توڭگۈز تاپىدەك مىلىق ـ سىلىق بولۇپ قالغان چاۋارنىڭ قولتۇقلىرىدىن سۆرەپ ياندىكى ياتاققا ئېلىپ كىرىشى چىرايىدىن خۇن كەتكەن ئىگەمبەردى تامغا چاپلىشىپلا قالغانىدى. ئۇ باياتىن بېرى چاۋارنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەش، يىغلاش، يېلىنىشلىرىنى ئاڭلاپلا تىرىك مۇردىدەك تاتىرىپ، ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. مىنبىكلار چاۋارنى ئورنىغا گۈپپىدە تاشلىغاندىن كېيىن، ئىگەمبەردىگە يېقىنلاپ كەلدى.

— سېنىڭمۇ «سىرتماق بەلۋاغ» تەممىنى تېتىغۇڭ بارما؟ — يۇڭلۇق قۇرت تاسما بەلۋاغنى پۇلاڭلاتتى، — ئېيتە قېنى،

گىلەملەر، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز، ئاق ئوغوت، ئۆچكە تىۋىتلىرى زادى نەدىن كەلگەن؟

— ئۇ ··· ئۇ ··· ئۇلار··· — ئىگەمبەردىنىڭ ئىڭەكلىرى كاسىلدىدى، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ··· مېنىڭ ئە ··· ئەمەس···

ئىگەمبەردىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا قاق بوسۇغىدىلا ئىش باشلىنىپ كەتتى. يەكچەشمىنىڭ شەرتى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن تۆت مىنبېك ئىگەمبەردىنى كۆتۈرۈپ باسقىنىچە دوم قىلىپ ئۇستىگە مىنىشتى. يوغلۇق قورت سىرتماقلانغان تاسما بەلۋاغنى ئۇنىڭ بوينىغا سېلىپ، بەلۋاغ توقىسىنى پەسكە سىيرىغان ئىدى، ئىگەمبەردىنىڭ سېرىق يۈزى ھالرەڭ، ئارقىدىن داتلاشقان مىستەك قارىداپ كەتتى. يوغلۇق قورت بەلۋاغ توقىسىنى كۈچەپ سىيرىغانسېرى، نەپەس ئالالماي قالغان ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك پۇلتىيىپ، ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك قايناپ چىقتى. ئۇ ھەرقانچە تىپىرلىغان بولسىمۇ ئۇستىگە مىنىۋالغان مىنبېگلار بېسىپ تۇرغاچقا، خۇددى چاۋارغا ئوخشاشلا يەل قويۇۋەتتى.

— ۋاي مەن دەي ··· دەي دېدىمغۇ ··· ۋاي ··· جېنىم چىقىپ ··· كەتتى···

نەپەس ئالالماي خىرقىراپ قالغان ئىگەمبەردى قاتتىق يىغلىۋەتتى. ئۇ يوتقان، كۆرپە، كىگىزلەرنىڭ نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىن بېرىلگەنلىكى، ئەمما ئۇلارنى ئەسكى ـ تۈسكىلەرگە ئالماشتۇرۇپ ئالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

— ئەمىسە تۆت پارچە گىلەم، بەش خالتا ئوغوت، ئۈچ تاغار تىۋىتچۇ؟ — ۋارقىرىدى يوغلۇق قورت تاسما بەلۋاغ سىيرىتمىقىنى بوشاتماي، — يەنە جاھىللىق قىلساڭ بوغۇپلا جېنىڭنى ئالىمەن. ئاندىن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولۇپ، تورۇسقا ئېسىلىپ قالىسەن.

— مەن دەي، ھەممىنى دەي ··· — نەپەس ئالالماي ئېغىر ھاسىراۋاتقان ئىنگەمبەردىنىڭ ئاغزى - بۇرنى لاي بولۇپ كەتكەندى، — تۆت پارچە گىلەمنىڭ ئىككى پارچىسىنى مەن ئوغرىلىدىم، قالغانلىرىنى مەتسىدىق بوغالتىر ئىگىلىۋالغان كەنت كوللېكتىپىنىڭ مۈلكى، ئىشەنمىسەڭلار چاۋاردىن سوراڭلار.

ئىنگەمبەردى ئۆزى مەتسىدىق ئۈچۈن ئىقرار نامە يېزىپ قول باسقاندىن كېيىن، مىنبەڭلار چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار سىرتقا چىقىپلا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتى. بىرسى: «ئوساغاق ئوغرىلار» دېسە، يەنە بىرسى: «ئۆزى يوغان جېنى بوش لامزەللىلەر···» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. لېكىن يەكچەشىملەر قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، بىر كۆزى يالتىرىغان، قاپقارا لەۋلىرىنى ھىم يۇمغان ھالدا، سۈرلۈك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— ھەرقايسىڭ ئاغزىڭدا «شە» ئالغىنىڭ بىلەن، — دېدى يەكچەشمە چىش ئارىلىقىدىن چىرتتىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ، — «توزغاق تەكىيە دىمىقتىسى»، «تاسما بەلۋاغ كارامىتى» قىيناقلار ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى. پۈتۈن تېنىڭ تارتىشىپ، نەپەس بوغۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئۆپكىسى پارتلاپ كەتكۈدەك بولۇپ، جان رەسمىي تۇمشۇقىغا كەلگەندە، يەل قويۇپ بېرىش ئەمەس، چوڭىنىڭ ھەممىنى قويۇۋېتىپ تامباللىرى سۈزمە خالتىسىدەك بولۇپ كەتكەنلەرنى كۆرگەن بىز.

— بۇ چاققىچە تۇتۇلغانلارنىڭ، — دېدى كۆك كۆز مىنبېڭ، — مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزىنى دۇمبالاپ، نەچچە سولىغاندىن كېيىن قويۇپ بېرەتتۇق، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئوخشىماي قالدىيا.

— بىزمۇ ئۇقمىدۇق، — يۈگلۈق قۇرت كارتتىدە كېكىرىپ قويدى، — بۇ ھامۇتكامىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

ئەتىسى چۈشتە بازار باشقۇرۇش باشلىقى ھامۇت نىياز

يەكچەشمىنى باشلاپ سولاقخانىغا كىردى. قاتارىسىغا خىش تاملىق بىر يۈرۈش ئۆيلەر قاراڭغۇ بازارچى، ھايانكەش، جازانىخور، شەخسىي ئوقەتچىلەرنى سولايدىغان يەرلىك تۈرمە ئىدى. ئەگەر تۇتۇلغانلار ئىچىدە ئىقتىسادىي مەسىلىسى ئېغىر، قانۇنغا يېتىدىغان جىنايىتى بارلار بولسا ئۇلارنى ساقچى ئىدارىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، قالغانلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى بىرنەچچە كۈن پىت - بۈرگىلەرگە يەم قىلىپ «توۋا» قىلغاندىن كېيىن قويۇۋېتىپ بېرەتتى. سەككىز كۈندىن بېرى پىت - بۈرگىلەر تالاپ، يېرىم ئاچ - يېرىم توق يۈرۈپ، بولۇپمۇ كالتەك، توقماق، قامچا، ئېغىر قىيناقتىن ئازغىنا جېنى قالغان چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى ھۆڭگىرەپ يىغلىغىنىچە ئۆمىلەپ كېلىپ، ھامۇت نىيازنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇلار بۇ چاغقىچە دەپ باقمىغان شېرىن - سۆپەت تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ يېلىنماقتا ئىدى.

— بولدى، بولدى، ھاڭگراشما، — ھامۇت نىياز قولىنى سىلكىدى، — شەھەردە ھەرقايسىڭغا ئىگە بولغۇدەك بىرەر تونۇش - بىلىشلىرىڭ بارمۇ؟ كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ئەمەلدار بولۇشى كېرەك.

چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا ۋاڭ جۈيجاڭ ھەم كېرىم مۇدىر كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قالدى. ئەلۋەتتە ۋاڭ جۈيجاڭ ئۇلارنى تونۇمايتتى. بۇلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەمدى نەزىرى ئۈستۈن، ئوقۇرى ئېگىز، ئۆزىگە توپا يۇقتۇرمايدىغان كېرىم مۇدىر بولسا ئۆزىگە داغ تېگىدىغان ئىشقا ھەرگىز يولىمايتتى. ھەتتا ئاتا - ئانىسى بولسىمۇ: «سېنى نەدىن كۆردۈم» دېيىشتىن يانمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى، شاپائەتچىسى يەنىلا كامال ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، چاۋار ئىگەمبەردى بىلەن بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن يىغلامسىراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مىرزا زاغۇنىنىڭ دېگىنىدە كامال دېگەن ھارۋىكەش بالا بار ئىدى. شۇنى چاقىرىپ بەرسەڭلا، ئۇ بىزنى تاشلاپ ھەرگىز قۇمتامغا كەتمەيدۇ.

— بولىدۇ، — ھامۇت نىياز يەكچەشمىگە قارىدى، — سەن بېرىپ ئۇ ھارۋىكەشنى دەرھال چاقىرىپ كەل.

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى. يەكچەشمە مىرزا زاغۇنىنىڭ دېگىنىگە بېرىپ كامالنى خېلى ساقلاپ تۇرۇپ، ئەمدىلا قايتماقچى بولۇشى ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. كامال ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ۋاڭ يۇڭنىڭ: «سېنى بىر كىم ئىزلەپ كېلىدۇ، دەڭدىن نېرى بولما» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. ئۇ چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىش لازىملىقىنى ئويلاپ ماڭدى، يەكچەشمە ئۇنى سولاقخانىغا باشلاپ كىرگەندە، كالتەكلىك بىر مىنبىنىڭ ئۇلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن بىللە كىردى. كامال توپىغىلا تىزلىنىپ ئولتۇرغان چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنى تونۇيالمايلا قالدى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ پېشانە، يۈز، ئېڭەكلىرى كۆكەرگەن، ئىششىغان بولۇپ، چاۋارنىڭ بىر كۆزى قان ئۇيۇپ قارىداپ كەتكەن بولسا، ئىگەمبەردىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى قاپقارا قان قاقاچلىرى بىلەن تولغانىدى، ئۇلار باشقىدىنلا يىغىنى باشلاپ، ئۆمۈلەپ كامالنىڭ ئالدىغا كەلمەكچى بولۇۋىدى، مىنبىنىڭ شارتلا ئالىيىپ، كالتىكىنى كۆتۈرۈشى ئىككىسى تەڭلا ئارقىسىغا چېكىندى. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن كۈلگۈسى كەلگەن كامال يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئىچى ئاغرىپ قالدى، ۋاڭ يۇڭ ئارقىلىق تۇتقۇزۇۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈنگەندەك بولدى. بىراق كونا كىيىم، ئەسكى ئاياغلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىۋاتقان قۇمتام دېھقانلىرى، دەپتەر، قەلەم، رېزىنكا ئاياغلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى، يىرتىق تامبال، جۇلجۇل كۆڭلەكلىك قىرى - چۆرىلەر كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ قوشۇملىرى

تۇرۇلدى. بۇ ئەسنادا يەكچەشمە چىقىپ كەتتى.
— ۋاي خۇدايىم، سىلەر... سىلەر قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار؟... — كامال راستىنلا خاپا بولغاندەك ئەلپازدا ئىدى، — تۇرقۇڭلارغا قاراپ بىقىڭلارچۇ، نېمە بولۇپ كەتتىڭلار، سەككىز كۈندىن بېرى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى.
ئۇلار توپىغا پېتىپ ئولتۇرغىنىچە «ھۆ... ھۆ... ھۆ...» دەپ يىغلىغاچ: «شۇم پېشانە ئىكەنمىز... شورپېشانە ئىكەنمىز... ئانىمىزنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن چېغىمىز - با» دېيىشىپ باشلىرىنى توختىماي چايقاپ، يۇم - يۇم ياش تۆكۈشتى. دۇنيادا بىسەۋەب ئىش بولمىسا كېرەك، ئۇلار: «ماللىرىمىزنى سەندىن قىزغىنىپ، ساڭا ئىشەنمەي مۇشۇ كۈنگە قالدۇق» دېيەلەمتى؟ « «بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگىنى راستكەن، كۆڭلىمىزنىڭ ئالىلىقى، بېشىمىزغا چىققىلى تاس قالدى...» دېيەلمىسە - يا...
— جېنىم ئۇكام بۇندىن كېيىن قەدرىڭگە يېتەيلى، — چاۋار ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىيپاپ قويدى، — بىزنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەت، بۇ يەردىكى تەلۋىلەر ئادەمنى ئۆلۈپ قالار دېمەستىن دۇمبالايدىكەن.
— ھەممە ماللىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىسمۇ مەيلى، — دېدى ئىگەمبەردى، — جېنىمىز ئامان قالسىلا بولدى، سەككىز كۈندىن بېرى ئاش - تاماق ئورنىغا تاياق يەۋاتىمىز.
— بايا مېنى ئەكەلگەن بىر كۆزلۈكنىڭ دېيىشىچە، ئىككىڭلارغا ئىگە بولۇپ، ئەپچىقىپ كېتىدىغان بىرەر ئەمەلدار بولمىسا، يۈزۈڭلارغا قارا سۈۋاپ، مەيدەڭلەر بىلەن دۈمبەڭلەرگە «كەنت ئوغرىلىرى» دېگەن خەتنى چاپلاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن، سىلەرگە ساقلىسام ئۈزۈن تۇرۇپ قالغۇدەكمەن، ئانامدىنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم.

كامال قايرىلىپ مېڭىشى بىلەنلا چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى بىر دەك ۋارقىرىشىپ كېتىشتى:

— جېنىم كامال، — ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى چوُمچوُكلاپ كەتتى، — مېنى دېمىسەڭمۇ ئوُششاق بالىلىرىمنى ئويلاپ قوي.

— كامال سەن كېتىپ قالساڭ، — دېدى چاۋار يىغلىنىپ، — بىزنىڭ توُگەشكىنىمىز شوُ، ھېلىقى ۋاڭ دەيدىغان توُنوُشوُڭغا دەپ باققان بولساڭ.

— سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى سېتىپ يۈرۈپ، نەچچە قېتىم سولاندىم، تاياق يېدىم، شوُ چاغلاردا ۋاڭ جوُيجاڭ مېنى قوُتقوُزوُپ ئەپچىقىپ، قوُمتامغا يولغا سېلىپ قويدى، — كامال ۋارقىرىدى، — ئەمدى مەن قايسى يۈزۈمنى تەڭلەپ ئوُنىڭغا يىلىنىمەن، بارمايمەن.

— سەن... سەن... بوُنداق دەپ توُرۋۋالساڭ — چاۋار ئامالسىزلىقتىن «ئوُھ» دەپ قويدى، — بىز... بىز يەنە كىمگە يىلىنارمىز؟

— قارىسىلا چاۋاراخوُن، كېرىم موُدىر سىلىنى ئۆز ئىنىسىدىنمۇ چارى كۆرىدۇ، — ئىگەمبەردى چاۋارنىڭ ئالايغانلىقىنى سەزمەي، سىر توُتقان ئىشنى ئاشكارىلىۋەتتى، — ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قانداق باشلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقى كېرەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا ھەددى ئەمەس.

— مانا، مانا، شوُنچە كارامىتىڭلار تۇرۇقلۇق، — كامال، ئوُلارنى ئاخىرى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزدى، — مەندەك ئەرزىمەس ھارۋىكەشكە يىلىنىپ يۈرگىنىڭلار نېمىسى؟

— ئوُ... ئوُ... ئەنزە ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى غىلىپاللىدى، — ئوُنى ئاۋارە قىلمىساق بولاتتى.

— ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، يېقىن بۇرادەرلىرىنىڭ بېشىغا كوُن چوُشكەندە ئەسقاتمىسا بولماس.

— كامال توغرا دەيدۇ، — ئىگەمبەردى راستىمۇ دېگەندەك قاراپ قويدى، — سەن... سەن كېرىم مۇدىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالىمىزنى ئېيت.

كەچلىك ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، كامال يۈگۈرگىنىچە ناھىيىلىك كومپىتىت قورۇسىغا كىردى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى ياش كۆچەتلىك ئورمان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە كەسىپ تۈرلىرى بويىچە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كىچىك ـ كىچىك ئايرىم قورۇلار بار ئىدى، بۇ قورۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئورنىغا يۇمىلاق كۈنگۈرە بېكىتىلگەن بولغاچقا، قورۇ ئىچىدىكى ئىشخانىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كامال ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ قورۇغا كىرىپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئەدىلىكىنى سورىدى. بىر خەنزۇ كادىر دەپ بەرگەندىن كېيىنلا ئۇ ئارقىسىغا ياندى. ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى كۆچەتلىك ئورماننىڭ ئىچىدە تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىدىغان ئاسفالت يوللار بار ئىدى، كامال ئۇ تەرەپتىكى قورۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى.

كامال بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرگەندە، ھامۇتنىياز بىلەن ۋاڭ يۈڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، كامال ھامۇتنىيازغا سالام قىلىپ، ئەدەپ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، لېكىن كېرىم مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىنى كۆرۈۋالغانلىقىنى دېدى.

— مەن سىزگە دەپ بەرگەن ھارۋىكەش بالا مۇشۇ، — دېدى ۋاڭ يۈڭ كامالغا ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ، — ئۇلار بۇنىمۇ بەك قىينىۋەتتى.

— سىنىپى كۈرەش شۇنچىلىك زىل ۋاقىتتا، — ھامۇتنىياز

ھەيرانلا قالدى، ـــ ئەجەب قورقماي ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىدىكىنا.

ـــ بايا دېدىمغۇ، ـــ ۋاڭ يۈك ئۇستەلنى چەكتى، ـــ قاتناش قۇلايسىز، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى تېلېفون ياكى ھۆججەت ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئىجراسىنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمايدۇ، تېلېفوندا سۈرۈشتە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاشۇلار قانداق دوكلات قىلسا، شۇنىڭغا «ھە» دېمەكلىكتىن باشقا چارە يوق.

ـــ بولماپتۇ، تېگىل بولماپتۇ، بۇ يەرلەر باشقا دۇنيا، ئۇ يەرلەر ئۆز بەگ، ئۆزى خانكەن ئەمەسمۇ، ـــ ھامۇتنىياز ياقىسىنى تۇتتى، ـــ مۇسادىرە قىلىنغان زاڭماللارنى مۇشۇ بالا كەنتكە ئېلىپ كېتەمدۇ؟

ـــ ئوھۇي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ـــ ۋاڭ يۈك چۆچۈپ كەتتى، ـــ ئۇ لەنتىلەر «ھەممە ئىشنى تېرىغان مۇشۇكەن» دەپ بۇنى تىرىكلا يەۋېتەر… ئادەملىرىڭىز ماشىنىدا سودا ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بەرسۇن، ئامبارنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېسىپ قويىمىز.

ۋاڭ يۈك بىلەن كامال ھامۇتنىياز بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، كۈن ئولتۇرۇپ، كەچكى سالقىنلىق باشلانغانىدى. ئۇلار مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ قىزىق دەرۋازىغا بېرىپ قالدى. لېكىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن قورسىقىنىڭ ناغرا چېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ـــ كامال، مۇشۇ ئەخمەتجان كوچىسىدا بىر تۇل خوتۇن بار. ئۇ باچكا شورپىسى قاينىتىدۇ. زاغرا چىلاپ بىر يەپ كەلمەيلىما.

ـــ ياﺋاللا بىلمەيدىغان يېرىڭىز يوقكەن، باشلىق دېگەنمۇ كاپىتالىزمنىڭ خالتا كوچىلىرىدا يۈرەمدۇ؟

ـــ ھەي، ساراڭ، بىلسەڭ باغۇ قارا، ئاشۇلارنىڭ تاﺋاملىرى مەززىلىك، تېتىملىق بولىدۇ. دۆلەت، كوللېكتىپ

# ئەكلساكان ئۆزلى (1)

ئاشخانىلىرىدىن ئاشلىق بىلىتىگە ئالغان تاماقلار قاپاقنىڭ لىشىدەك لاۋزا···

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەر كۈنى مىڭلىغان خېرىدارلار كېلىپ تۇرغاچقا، قورۇمىلىرىنى كۆرەكتە قورۇيدۇ. يېسسىۋېلەك، پېتىنگانلىرى ئالىقاندەك، قۇلاقتەك ··· گۆشنىڭ تايىنى يوق ··· داش قازاننىڭ تامىقى قانداق بومماقچىدى؟

— ئىدىيىڭىز ئەكسىيەتچىكەن ··· «سوتسىيالىزم ياخشى، كوممۇنا ياخشى··· » دەپ ناخشا ئېيتىۋاتساق.

— ناخشىنىمۇ ئېيتقاچ تۇرىمىز قارا، نەدە ياخشى يېمەكلىك بولسا ئۇنىمۇ قولدىن بەرمەيمىز. قورساقنى دەپ ئىشلىمىسەك، نېمە قىلىدۇ جاپا تارتىپ.

ئۇلار بىر قاچىدىن باچكا شورپىسىغا بىردىن زاغرا چىلاپ، مەززە قىلىپ يەۋالغاندىن كېيىن ۋاڭ يۇڭ «كارتىتىدا» كېكىرىپ «سىڭگەي··· » دەپ مەيدىسىگە بوشراق ئۇرۇپ قويدى. كامالمۇ «ئۇھ، باۋجاڭ[1] دەك تويدوما ···» دېگىنىچە قورسىقىنى سىلىدى. ئىككىسى بىللە كوچىغا چىققاندا، گۇگۇم پەردىسى ئەتراپنى كېپەنلەپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى.

— كامال، ئەتە كېرىم مۇدىر دېگەن پايىنەك باش «ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلايمەن» دەپ كەلمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى ۋاڭ يۇڭ جىددىي تەلەپپۇزدا، — لېكىن سەن ئۇنى ھەر نېمە دەپ بولسىمۇ ئەپكەلگىن، نەق مەيداندا مات قىلىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋالاي.

— سىز ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچ؟

— بىزنىڭ بىر كادىرىمىزنى «ئىستىل مەسىلىسى ئېغىر» دەپ مائاشىنى چۈشۈرۈپ، چوڭ گۇناھ يېزىپ بەك قاتتىق

① باۋجاڭ ـ تۇتۇن بېگى، ئۇچرىغان ئۆيدە بىكار تاماق يېگەچكە، قورسىقى توقلا يۈرىدۇ.

جازالىنىۋەتتى، — ۋاڭ يۈك ئاچچىقىدا دىمىغىنى قاقتى، — مەن نەچچە قېتىم بېرىپ يالۋۇرسام، مېنىڭمۇ بېشىمغا قالپاق چىنەۋاتىدۇ. دېسە، سىياسىي خاتالىق بولمىغاندىن كېيىن، نېمە قىلىدۇ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىشقا ئېسىلىۋېلىپ.

ئۇلار تۆت كوچا بەندەردە ئۆرە تۇرغىنىچە يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ يۈك سودا ئىدارىسىغا، كامال مىرزا زاغۇننىڭ دېگىنىگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ كېچە ۋاڭ يۈكنىڭ دېگەنلىرىنى ھەزىم قىلالماي، ئۇياق - بۇياققا تولغىنىپ چىققان كامال ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيىلىك كومىتېتقا يېتىپ كەلدى. ئۇ مۇدىر ئىشخانىسى ئالدىدا بىر دەم تۇرۇپ ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. ئىچىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت ئاڭلىنىشى كامال بوسۇغا ئاتلاپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، ئەمما ئېگىز بويلۇق كېرىم مۇدىر دېرىزە تەكچىسىدىكى تەشتەك گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ كامالغا قايرىلىپ قارىدى - دە، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. كېرىم مۇدىر خېلىلا قاملاشقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ پارقىراپ تۇرغان سىدام يۈزىدە قورۇق كۆرۈنمەيتتى. قىسقا ئەمما توم قاپقارا قاشلىرى ئۈستىگە قايرىلىپ تۇراتتى. سۆگەت يوپۇرمىقىدەك كۆزلىرى چوڭ، لېكىن يايما قاپاق بولۇپ، چوققىلىرىغىچە پارقىراپ تۇرغان ئاپپاقباش ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى تۈۋىگە تۇپىلاشقان چاچلىرى چارلىشىپ قالغاچقا سەل قېرىراق تەسىر بېرەتتى.

— ھە، نېمە ئىشىڭ بار؟ — كېرىم مۇدىر قارىمايلا سورىدى، — ئەتىگەندىلا كىرىپ قاپسەن؟

— بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. باشلىق، — كامال گېلىنى قىرىپ قويدى، — كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسىڭىز، سىزمۇ بىئارام بولىسىز.

— شۇنداقمۇ؟ — كېرىم مۇدىر ئاسقۇدىكى لۆڭگىدە قوللىرىنى سۈرتۈپ، جايىغا كەلدى، — ئۇنداق بولسا ئولتۇرۇپ سۆزلە.

كامال نەدىن كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ بىر قىسىم ماللارنى ھايانكەشلەرگە سېتىش جەريانىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھازىر بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىدا سولاقلىق ئىكەنلىكى، دەرھال قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىسا، ئۇلارنىڭ ئاش ـ تاماقتىن قىينىلىپ، تاياق زەربىدىن زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھۆددۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا سۆزلەپ بولۇشى، چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتكەن كېرىم: «ئەقلىنى چېلىپ ئىچكەن ئاچ كۆز دېۋەڭلەر… » دەپ تىللىۋەتتى.

— ئۇلار نېمىلەر بىلەن تۇتۇلۇپ قاپتۇ، — كېرىمنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — دېگىنە قېنى، سەنمۇ بارمىدىڭ؟

— ياق، مەن يوق، — كامال دەرھاللا جاۋاب بەردى، — چاۋاركام ئەللىك چارەك ئاشلىق، ئىگەمبەردىكام نامراتلارغا قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن يوتقان، كۆرپە، كىگىز، يەنە كەنتنىڭ ئىككى «چۇكۇ» (ئېكسپورت) گىلىمى، تېخى بوغالتىر مەتسىدىقنىڭ ئۈچ تاغار ئۆچكە تىۋىتى، ئىككى پارچە گىلەم، بەش خالتا ئاق ئوغۇتى بار ئىدى.

چۇكۇ گىلەم ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىن يەرلىك كارخانىلارغا بىر تۈتاش ماتېرىيال تارقىتىپ، گىلەم توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھېساب ـ كىتاب قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇنى شەخسلەرنىڭ توقۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن كېرىم دەسلەپتە ئاچچىققىنا كۈلدى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كۆتمەك قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، ياپما قاپاقلىرى قىسىلدى. ئۇ ئىچىدە: قارا بۇ گۇيلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى! ئۆتكەندە كەلگەندە گىلەمنىڭ

بارلىقىنى دېمىگەن ئىدىغۇ، ئۇلار مېنىڭ سورىشىمدىن قورقۇپ دېمەپتىمىدە··· دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— بەش خالتا ئاق ئوغۇتمۇ بار، دېدىڭما؟

— شۇنداق.

— ئاق ئوغۇتنى دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان تۇرسا، ئۇلار···

كېرىم مۇدىر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئايىغى چىقمىغان گېپى كامال ئۈچۈن بىر ساۋاق بولدى. ئۇ دەرھاللا سۆزلەپ كەتتى.

— مەنمۇ بىلمىدىم، ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ئۇلارنىڭ بەش، ئون خالتىلاپ ئوغۇتلىرىنى سېتىپ بېرىمەن. تۆكمەيدىغانلا ئوغۇتلارغۇ ئۇ!

— ئۇ، مۇناپىقلارغا ئاز، دەپ قوي مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن. سولاقخانىدا پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ ئۆلسۇن! ماڭە چىق!

— ئۇلارنى راست تونۇمامتىڭىز؟

— ھە، ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەب سوراپ قالدىڭا؟

— يا، دەيمىنا چاۋاركام كۆرگەن ـ بىلگەن، تونۇغان ـ تونۇمىغانىنىڭ ھەممىسىگە «كېرىم مۇدىر بىلەن ئۇنداق يېقىنمەن، مۇنداق ئاغىنىمەن ··· ياشلىقىمىز چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن··· » دەپ ماختىنىپ ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ چۈشكىدەك بولدى. سىز باشقىچە بىر نېمە داۋاتىسىز.

— نېمە؟ — كېرىم مۇدىر چۆچۈپ كەتتى، — ئۇ ··· ئۇ ··· راستىنىلا شۇنداق دېدىما؟ ماۋۇ قارا تۇڭگۇز نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاپ يۈرىدۇ ـ ھە!

— تېخى، ئاغىنەم كېرىم مۇدىر ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى، — كامال كېرىمنىڭ پۆپۈكىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى، — ئەگەر ئۇ ئۇقىدىغان بولسا سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىدۇ، دەپ

مىنىبىڭ، باشلىقلارغا قورقاق سالغان تۇرسا ···

— ما ··· ماۋۇ دەلتىنى، — كېرىم كۆكۈيۈن چىقىۋالغاندەك سەكرەپ كەتتى، — نېمە دېسە دېسۇن، بارمىغىنىم بارمىغان، قارا مېنىڭ كۆكۈمنى سىتىپ يۈرگىنىنى!

— بوپتۇ بارمىسىڭىز، — كامال ئاخىرقى ئوقنى دەللىدى، — چاۋاركام تۈگىشىدىغان بولدى ـ دە، ئەمدى···

— بولسا ئۆلسۇن، — كېرىم قوللىرىنى شىلتىدى، — بازار باشقۇرۇشنىڭ گۈندىخانىسىدا چىرىپ تۈگىسۇن.

— بازار باشقۇرۇشنىڭ گۈندىخانىسىدا ياتسا مەيلىدىغۇ، — كامال كېرىمنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئەڭ يامىنى ئۇنى ساقچى ئىدارىسىغا يوللاپ بەرمەكچى.

— ساقچى ئىدارىسىغا، — كېرىمنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — نېمىشقا؟

— ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىسا، دېلو تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن.

كېرىم ئۇستىلىگە جەينەكلىگىنىچە ئېڭىكىنى تىرەپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. بىر چاغدىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاندى ـ دە، ئاستاغىنا: «ئىسمىڭ كامالكەندە؟» دەپ قويدى. ئاندىن «هارۋىكەشمەن دېگىن» دەپ كامالغا زەن سالدى. توغرا بۇندىن ئالتە يىللار ئىلگىرى چاۋار قۇمتامنىڭ «ئامبارچى» لىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ بەر دەپ تۇرۇۋالغاچقا، كامالنىڭ قولىدىكى ئامبار هوقۇقىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپ، بۇ بالىنى هارۋىكەش قىلىپ قويغانىدى.

— كېرىم مۇدىر، چاۋاركامغا راستلا ئىگە بولمامسىز؟ — كامال ئاستاغىنا سورىدى، — ئەمدى ئۇ ساقچى ئىدارىسىدا سىزنى يەنە قانچىلىك چىشلەپ يۈرەر؟

— توختا، بىللە بارايلى، — كېرىم ئورنىدىن تۇردى، — هەي

بۇ لەنىتى بېشىمغا بىر بالا بولدىغۇ.

ئۇلار گەرچە ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىن بىللە چىققان بولسىمۇ، كېرىم بىر ھارۋىكەش بىلەن بىللە مېڭىشنى ھار ئالدى بولغاي، چوڭ كوچىدا كامالدىن ئون نەچچە قەدەم ئارقىدا كېتىۋاتاتتى. كېرەم مۇدىر يەنىلا ئىككى ئويلۇق بولۇپ، «بارغىنىم بولدىمۇ؟ بارمىسام قانداق بولار؟» دېگەندەك كاللىسىدا لىڭگىر – تاقتاق ئويناۋاتاتتى. بارسا ھۆرمەت – ئىناۋىتىگە داغ چۈشىدىغانلىقى، يۇقىرى بىلىپ قالسا ھەتتا سىياسىي ھاياتىغىمۇ قارا چېكىت قويۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بارماي دېسە، چاۋار دېگەن لۆكچەك نامىنى سېتىپ، كاسات بازاردا بىر پۇلغا ئەرزان قىلىۋېتىپ بارسا ··· ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماي بولمايدۇ – دە، ۋاي، ۋاي، ۋاي خۇدانىڭ قايسىبىر لەنەتگەردى كۈنىدە ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغان بولغىيتى؟ بۇمۇ بىر تەتۈر قىسمەتتە!

كامال كېرىم مۇدىرنى ھامۇتنىيازنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ، ئۆزى كارىدورغا چىقىپ كەتتى. ئىككى باشلىق بىر – بىرى بىلەن سۇسلا ئەھۋال سوراشتى. بېشىغا «ئىنتىزام تەكشۈرۈش» دېگەن سۆرلۈك، ھەيۋەتى چوڭ، كۈچ – قۇدرىتى چەكسىز ئەمەل تاجىسىنى كىيگەن، پېشانىسىدا مەنسەپ يۇلتۇزى چاقناپ تۇرغان كېرىم ھامۇتنىيازدەك كالتا – كۆسەي باشلىقلارنى كۆزىگە ئانچە ئىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق يوغانچىلىقىنى ھامۇتنىيازمۇ يۈتىغا پايتىما قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ تەئەددى بىلەن گەپ باشلىدى:

— قەدىناس ئاغىنىڭىزنى كۆرگىلى كەلدىڭىزمۇ؟ سىزدەك بىر جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئىنقىلابىي كادىرنىڭمۇ ئاشۇنداق ساپاسىز ئاغىنىلىرى باركىنا···

— مېنى تاپا – تەنە قىلىشقا چاقىرغانمىدىڭىز ياكى مەسىلە ھەل قىلغىلىمۇ؟ — كېرىممۇ بوش ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى، — نەرسە – كېرەكلىرىنى قاراڭغۇ بازاردا ساتىدىغانلار كۆپتۇ، بۇ

«ۋاي» دەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس.

— هامۇتنىياز سىزمۇ قاملاشمىغان ئىش قىپسىز، — ئىشىك ئېچىلىپ ۋاڭ يۈك كىرىپ كەلدى، — شۇنچىلىك كىچىك ئىشلارغىمۇ كېرىم مۇدىرنى ئاۋارە قىلغان بارمۇ؟

— بۇ كىچىك ئىشمۇ ياكى قانۇنغا تاقىشامدۇ، سىلەر كۆرۈپ بېقىڭلار.

هامۇتنىياز چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ئىقرار نامىسىنى ئۈستەلگە تاشلىدى. قىپقىزىل سۇرۇختا قول باسقان ئىقرارنامىنى يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇپ چىققان كېرىم مۇدىر كالپۇكلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى. ئاڭغىچە هامۇتنىياز ئىقرار نامىلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بولۇپ، ئىشكاپقا سالدى - دە، قولۇپلاۋەتتى.

— كەنت ئاشلىق ئامبىرىدىن شۇنچىۋالا كۆپ ئاشلىقنى ئوغرىلىغىنىنى قاراڭلار، — هامۇتنىياز ئۈستەلگە ئۇردى، — يەنە كېلىپ ئۆزى ئامبارچى!

— بۇ خۇددى توخۇ كاتىكىگە تۈلكىنى كۆزەتچىلىككە قويغاندەكلا ئىش بوپتۇ، — ۋاڭ يۈك كېرەمگە قادالدى، — سۇرۇشتۇرۇپ باقسام ئەينى يىللاردا قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى ئاتايىتەن قۇمتام كەنتىگە بېرىپ چاۋارنى ياش ئامبارچىنىڭ ئورنىغا قويۇپتىكەن. ئۇنىڭدا بۇ قارانىيەتنىڭ نېمىسى تۇتىيا بىلىنىپ كەتتىكىنە ··· ئۇلارنىڭ زادى قانداق مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشى بار؟

— سىز ··· سىز ··· نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسىز، — كېرەم مۇدىر كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — بىر قاراڭغۇ بازارچىنىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن نەدىكى ھېكايىلارنى توقۇپ چىقتىڭىز؟

— سىز ئەجەب چىچاڭشىپ كەتتىڭىزا ياكى خۇدۇكىڭىز بارمىدى؟

— يا ··· ياق، نېمە ··· نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟ ··· —

كىرىم چىداپ تۇرالمىدى، — ھامۇتنىياز ئۇ ئىپلاسلار سولانغان يەرگە مېنى ئەكىرىسىڭىز.

— بولىدۇ، — ھامۇتنىياز كارىدورغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھاي، قايسىڭلار بار، كېلىڭلار.

ھامۇتنىيازنىڭ ئاۋازى چىقىپ بولغىچە يەكچەشمە ئىشخانا بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ كېرىمنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. توۋا، ئاچچىق دېگەنمۇ يامان نېمىكەنا، كېرىم خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ماڭسا تىزلىرى پۈكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما چىشلىرى غۇچۇرلاپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، كۆز قارىچۇقلىرىدىن چېقىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ سولاقخانىغا كىرە - كىرمەيلا، يەرگە تېپىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، باشلىرىنى سىلكىپ ۋارقىراپلا كەتتى.

— ھەي، دۆلەت، خەلق ئىقتىسادىنى چىرىتىپ يەيدىغان مىتە قۇرتلار، ۋۇي زۇۋانسىز ئەبلەخلەر، سەنلەردە ئار - نومۇس دېگەن نېمىلەر بارمۇ - يوق؟ خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قاساپ پىچىقىدەك كۆڭلۈك قانداق چىدىدى، — كېرىم سىرتتا ھامۇتنىياز بىلەن ۋاڭ يۈڭنىڭ بارلىقىنى مۇسەللەپ بولغاندى، — چاۋار، مەن سېنى دېھقانلار ئارىسىدا ساۋاتى بار، ھېساب ئىشلىرىدا زېھنى ئۆتكۈر دەپ، قۇمتام كەنت رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئامبارچىلىق ۋەزىپىسىنى يۈكلىسەك، سەن ئامبار چاشقىنىدەك نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ ئىنساپسىز، ئاڭلاپ قويۇش، سىلەردەك ئوغرىلار بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق ئىلا - تەتۇرۇم يوق. ئاڭلىسام مېنىڭ كۆكۈمنى سېتىپ يۈرۈشۈپسەن، سېسىق ئاغزىڭغا مېنىڭ ئىسمىمنى ئالىدىغان بولساڭ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىمەن! مەن سەنلەرنى تونۇمايمەن…

كېرىم قاڭقىغان توپتەك سولاقخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىت قويۇش لەمپىسىنىڭ قېشىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ھامۇتنىياز بىلەن ۋاڭ يۈڭغا قاراپمۇ قويماي بېشىنى ئىچىگە

تىقىقانچە دوگىغاسلاپ كېتىۋاتاتتى. كېرىم بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، هامۇتنىياز بىلەن ۋاڭ يۇڭ كۈلۈۋەتتى. ئاگىغىچە كامالمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— چاۋار، ئىگەمبەردىلەر يېزا كادىرلىرى، قايتىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتمىسا، ئەزالارغا نورما ئاشلىق تارقاتمىسا بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ يۇڭ هامۇتنىيازغا، — شۇڭا ئۇلارنى قويۇپ بەرسىڭىز، قانداق؟

— ئەسلىدە تۇتۇلغۇنلا قويۇپ بەرمەكچى ئىدۇق، — هامۇتنىياز كامالغا قاراپ قويدى، — لېكىن بۇ ئىشقا سىز ئارىلىشىپ قالغاچقا، مەسلىھەتىڭىزنى ئالماقچى ئىدىم. مانا ئەمدى سىزنىڭ ئىگە بولغانلىقىڭىزنى ئۇلارغا ئېلان قىلىپ، ئاندىن قويۇپ بېرىمەن.

— مۇشۇ ئىشقا مېنى بورۇن قىلمىسىڭىزچۇ.

— بۇ بىر رەسمىيەت، شۇنداق قىلمىساق ئۇلار يەنە ئوغرىلىقچە ئىش قىلىۋېرىدۇ. بۇندىن كېيىن ئىگە بولىدىغان ئادەم تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ، قولىنى ئەسكىلىكتىن تارتىدۇ.

— كامال سەن ئۇلارنى بۇگۈنلا ئېلىپ كەت، ئەگەر مېنى سوراپ قالسا، «ئوغرىلىق قىلغان كەنت كادىرلىرىنى كۆرەر كۆزۈم يوق» دەيدۇ، دەپلا قوي.

— بولىدۇ، ۋاڭ جۇيجاڭ، مەنچە بولسىغۇ، ئۇ ئىككىسىنى ئاشۇ سۇلاقخانىغا مەڭگۈ بەند قىلىۋەتكۈم بار. لېكىن هامۇتنىيازكامنىڭ ئۇلارنى باققۇدەك بىكار نېنى يوقتە.

ئۇلارئۈچى تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— قانداق، بۇ قېتىمقى ئىشتىن رازى بولدۇڭمۇ؟

— رازى بولمامدىغان ۋاڭ جۇيجاڭ، — كامال كۈلدى، — لېكىنزە كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان زەپ ئەپچىل پىلان بولدى.

## يەتتىنچى باب

# ئەنسزلىك ئىچىدىكى سۆيگۈ

تەكلىماكان تىلسىم قۇملۇقلىرى ئىچىدىكى يېشىل مەرۋايىت «قۇمتام» ئوتلۇق ياز پەسلىگە قەدەم قويغانىدى. ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشىپ، تۇۋۇتگە مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۆرۈك بىلەن تەڭلا يۇمشايدىغان ئۇششاق شاپتۇل «تەكە» شاخلىرىدا مۆلۈلدەپ پېتىلىپ، ئىللىق ھىدىنى دىماغلارغا ئۇراتتى. ياپيېشىل ياپراقلار ئارىسىدىكى ساپسېرىق بېھىلەر كۈندىن ـ كۈنگە رەڭ تۇزەپ، شاخلاردىكى غۇچچىدە جىگدىلەر قىزىرىپ باغلارغا ھۆسن قوشقانىدى. قىسقىسى قۇمتامنىڭ شورتاملىق باغلىرىدىن مۇشكى ـ ئەنبەر پۇراقلىرى دەممۇ دەم ئۇرۇلسا، قۇم بارخانلىرى ئارا پېلەك تارتقان يازلىق قوغۇنلارنىڭ شەربەت ـ قىيام ھىدلىرى شامال ئەركىسى بىلەن تەڭ نە ـ نەلەرگە كېتەتتى.

نىيۇخان ئانا تەنھالىقنى بىلىندۇرمەي، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان لەيخۇا قىز بىلەن ھويلىدا، قوي قوتىنىدا، باغدا، ئېتىزدا بىللە ئىشلەيتتى. بىللە تاماق ئېتىپ يەيتتى. شەرەت ـ ئىشارىلار، تىلغا يارا بولغان سۆزلەر بىلەن مۇڭدىشاتتى. كونىلار: «خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دەپ خۇيمۇ ئوبدان دەپتىكەن. مانا لەيخۇا قىز ئۇنىڭ ھاسىسى، مۇڭدىشى، ھەمراھى، دىلكىشى بولۇپ قالدى. قاراڭ ئۆرۈككە چىقىۋالغان لەيخۇا شاخلارنى ئىرغىتىۋاتىدۇ، ئۆرۈكلەر مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ، باغ ئىچىنى گويا يۇلتۇزلار قاپلاپ

كەتكەندەك، كۆپكۆك چىملىق ئۈستىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

— ئانا ئۆرۈك ··· چۈش ··· ھە···

— ۋاي چۈشۈۋاتىدۇ ... جىق ... جىق چۈشۈۋاتىدۇ.

— جىق ··· جىق ··· چۈش ··· مە···

لەيخۇا ئەڭ ئۈچىدا قالغان ئۆرۈكلەرنىڭ ھەممىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ يەرگە چۈشتى. ئۇ نېۋىخان ئانا بىلەن سېۋەت ـ چېلەكلەرگە تېرىگەن ئۆرۈكلەرنى ھويلىغا توشۇدى. لەيخۇا شوتىغا ياماشقان نېۋىخاننىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قۇرۇغان گۈلىقاقلارنى غەلۋىردە تاسقاپ، قۇرت چۈشكەنلىرىنى شاللاپ، تاغارلاغا قاچىلىدى. نېۋىخان پەسكە چۈشۈپ سېۋەت، چېلەكلەرنى سۇنۇپ بەردى. لەيخۇا ئۆرۈكلەرنى تەكشى يېيىپ بولۇپ، بېلىنى رۇسلاپ بىردىنلا يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. قۇم بارخانلىرى ئارا ئەگىم ـ ئەگىم يوللار، يۇلغۇنلۇقلار، تۇۋۇگە بىر دەستە سايە تاشلىغان توغراقلار ··· كۆزگە چېلىقىش بىلەن بىراۋلار ··· ئەسكە چۈشتى ···

ئەنە كامال ھارۋىدا كېلىۋېتىپ لەيخۇانىڭ يۈزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋاتىدۇ ··· كۈلۈپ تۇرۇپ بۇرنىنى چىمدىپ قويىدى ··· ياڭاق چىقىپ مېغىزىنى لەيخۇانىڭ ئويماقتەك ئاغزىغا سېلىۋاتىدۇ···

خەيرىيەت! خۇاڭخې دەريا ۋادىلىرىدا بىجىق تېرىپ شۇ دېمەتلىك بولغان بۇ قىزنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىلىرىنى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا چاچقانمۇ نېمە، تەقدىر ـ قىسمەتلىرى ئۇنى يېتىلەپ زومىرەتتەك كەنت قۇمتامغا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. بىر دېھقان ئۇيغۇر يىگىتىگە ئىشقى سەۋداسىنى ساپتۇ ··· بۇنى ··· بۇنى تەڭرىمۇ راۋا كۆرەر؟ ··· نېمىشقا راۋا كۆرمەيدىكەن؟! كۆرىدۇ! ئۆزى 17 ياشلىق قىزنىڭ ئالمىدەك يۈرىكىگە ئالەمچە تاتلىق تۇيغۇلار شەربەتلىرىنى قاچىلاپ قويۇپ، ئەمدىلىكتە تېنىۋالماس؟!

— لەيخۇا بالام، نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭىز؟ — نېۋىخان ئۆگزىگە قاراپ تۇۋلىدى، — بۇ سېۋەتنى ئېلىۋېلىڭ، ئەمدى تۈگىدى.

— ئانان مەن ··· ئال··· — لەيخۇا ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋەتنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئالدى، — ئانا، كۆ ··· كۆ ··· كۆساك ئاچ ··· مەن ··· مەن چۈشە ···

— بالام كەچمۇ بوپقالدى، ئەمدى قورساقنىڭ غېمىنى قىلىلى، — نېۋىخانمۇ گەپ بىلە تەڭلا ئىشارە قىلاتتى.

ئۆگزىگە ئۆرۈكلەرنى يېيىپ بولغان لەيخۇا پەسكە چۈشۈپ، موماي بەرگەن ئاق چامغۇر، شوخلا، كۆكمۆچ، پىيازلارنى كىچىك كاساڭغا سالدى ـ دە، ئېرىقتا يۇيۇشقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار قول ـ قولچە چامغۇر، شوخلا، كۆكمۆچ سالغان ئۇماچ ئەتتى. لەيخۇا داستىخاننى سالغاندىن كېيىن بىر سىركايىغا سوقۇلغان پىننە تالقىننى ئەكېلىپ قويدى. ئاش چامغۇر، پىننىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئاچ قورساقلارنى غىدىقلاپ ئىشتىھانى ئاچاتتى. سايىدا پىشماي قالغان كۆكۈچرەك ئۆرۈكلەرنى سېلىۋەتكەچكىمۇ ئۇماچ تېخىمۇ لەززەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

— لەيخۇا، ئەتە قوناق ئوتىغىلى يىراققا بارىمىز، بولامدۇ؟ — نېۋىخان گەپ بىلەن تەڭ ئۇخلىغاننى، كۈن چىقىقاننى، ئوت ئوتىغاننى، يىراقنى كۆرستىپ ئىشارە قىلىشى قىزمۇ دەرھاللا چۈشەندى. شۇڭا ئۇ دۇ ـ دۇقلاپ ئۈچ سۆز بىلەنلا جاۋاب بەردى:

— ناڭ، سۇ ··· ئالە···

— توغرا، ياخشى.

ئادەم بالىسى ئىزدەنسە، ترىشسا، ئەستايىدىل بولسا، بۇ دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. لەيخۇا ئۇيغۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قىز. ئاشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولۇپ، تىلى ئاسانلىقچە باشقا تىلغا بويسۇنمايتتى. تەكلىماكان يېزىلىرىدا چوڭ بولغان نېۋىخانمۇ

ھازىرغىچە «خەنزۇ» دېيەلمەي «خاڭسۇ»، «خامسۇ» دەپ ئاتايتتى. مانا مۇشۇنداق ئىككى مەزلۇمە ھازىر بىر ـ بىرىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ھەر ئاماللاپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا بىر قاپاقتا سوغۇق چاي، خالتىغا نان ئالغان نېۋىخان، لەيخۇا ئوتىغۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ، قالدۇرۇق يەر ئېتىزلىقىغا مېڭىشتى. دېھقانلارنىڭ جان سانىغا قاراپ بېرىلگەن قالدۇرۇق يەرلەر ئوخشىمىغان ھالدا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتەتتى. بىراق تېرىلغۇ يەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرگەن قۇم بارخان، قۇم دۆڭلۈكلىرى ياكى توپ ـ توپ يولغۇنلۇقلار بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. نېۋىخان بىلەن لەيخۇا ئەتراپىنى ياۋا قومۇشلار قاپلاپ تۇرغان ئىككى تاختا قوناقلىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار قاپاق ۋە نان خالتىسىنى توغراق تۈۋىدىكى سايىغا قويغاندىن كېيىن، ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. كۆل رەڭ قۇملۇقلار ئارا ياپيېشىل ئېتىزلىقلار بەك ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئادەم ئولتۇرسا چۆككىدەك بولغان قوناقلىق ئېتىزىدا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتىغۇچتا ئوتاپ، قوناقنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەپ، بىردەمدىلا مونچاق ـ مونچاق تەرلەپ كەتتى. نېۋىخان ئۇچىسىدىن ئانچە ئايرىمايدىغان قېلىن پىنجىكىنى سېلىپ قىر ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. ئاسمىنى كەڭ، قۇملۇق ـ باياۋانلار ئارا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغان لەيخۇا خۇشال ئىدى. ئەگەر ئۇ تىل بىلگەن بولسا نېمىلەرنى دەپ كېتەركىن تاڭ.

ـــ ئانا، ـــ دېدى لەيخۇا قوناقنىڭ تۈپىنى تۇتۇپ، ـــ بۇ ··· بۇ ··· دادۇي ··· دادۇي···

ـــ ياق، بالام، بۇ دادۇينىڭ ئەمەس ··· بىزنىڭ قالدۇق يەر.

نېۋىخاننىڭ «بىزنىڭ» دەپ مەيدىسىگە قولىنى قويۇشى دەرھاللا چۈشەنگەن قىز ئالقىنىنى ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە قويدى.

ـــ بىز ··· بىزنىڭ ··· زىلۇدى ··· زىلۇدى···

ئۇسساپ چاڭقىغان نېۋىخان سۇ ئىچكىلى قاپاقنىڭ قېشىغا كەتتى. ياپراقلىرى توختىماي چاۋاك چېلىۋاتقان كۆپكۆك قوناقلىق ئىچىدە ئۆرە تۇرغان لەيخۇا يىراقلارغا كۆز تىكتى، ئۇ سۇزۇك ئاسمان قەھرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىننى كۆرۈپ قالدى. لاچىن قانات قاققىنىچە بىر ئۆرلەيتتى، بىر پەسىيەتتى. لەيخۇا ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قارىغىنىدا زەپمۇ شىرىن خىياللار ئۇنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى...

...لاچىن بىردىنلا پەسلەپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا چۈشتى... چۈشتى ـ دە، كامالغا ئايلاندى. قۇملۇق ئوغلى «لەيخۇا!...» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ، ھاسىراپ، يىقىلىپ قوپۇپ يېتىپ كەلدى ... كەلدى ـ دە، لەيخۇنى قۇچاقلاپ پىرقىراتتى ... قىز خۇشاللىقىدا چىرقىراپ، يىگىتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى ... ۋاي خۇدايىم ئەجەب ... ئەجەب بىر ئۇياتلىق ئىش بولدى! ... موماي قاراپ تۇرسا، كامال ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈۋالدى...

سۇ ئىچكىلى كەتكەن نېۋىخان ئانا قايتىپ كەلگەندە بىر قولىدا ئوتىغۇچ، بىر قولىدا مەڭزىنى تۇتقان قىز قوناقلىق ئىچىدە ئىزار تارتىپقىنا يەر بېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران بولغان ئانا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى:

— مەڭزىڭىزنى پاشا چىقىۋالدىما؟ — لەيخۇا ئۇقالمىغاچقا نېۋىخان پاشىنىڭ ئۇچقىنىنى دورىدى، — ۋىڭ ... ۋىڭ ... پاشا ... پاشا، ھام قىلدىما؟

— پاشا، پاشا، ... ڭى... ڭى... — لەيخۇامۇ پاشىنىڭ ئۇچقىنىنى دورىغاچ، يوغان ئېچىۋالغان ئاغزىنى بىردىنلا يۇمۇپ « ھام... » دېيىشى، نېۋىخان چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم ئاغزىنى شۇنچىۋالا يوغان ئاچقۇدەك قانداق يوغان پاشىدۇ ـ ئۇ؟

نېۋىخان غۇدۇڭشىغاچ ئىشقا تۇتۇندى، لېكىن لەيخۇا ئاغزىنى تۇتۇپ پىخخىدە كۈلۈۋەتتى.

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار توغراق تۈۋىگە بېرىپ قاپاقتىكى سوغۇق چاي بىلەن نان يېيىشتى. ئاندىن كۆن سەل يانغىچە ئارام ئېلىپ، يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر تاختا قوناقلىق ئوتىلىپ، يەنە بىر تاختىغا يۆتكەلگەندە كۈن كۆچۈم كەنتلەر ئارقىسىغا قىڭغايغان ئىدى. لېكىن بىردىنلا قۇملۇق ئىچىدىن شامال قوناقلارنى شالدىرلىتىپ، قۇملارنى توزۇتۇپ چىقىشقا باشلىدى. نېۋىخان ئانىغا تۈيۈقسىزلا جۈغ - جۈغ ئولىشىپ، قىسقا - قىسقا يۆتىلىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. لەيخۇا دەرھاللا ئۇنىڭ قىلىن جىلىتكىسىنى كىيگۈزدى.

— بايا تەرلەپ كەتكەندە سالقىسام بوپتىكەن، — دېدى نېۋىخان گەپ بىلەن تەڭ شەرەت قىلىپ، — مانا ئەمدى تۇمۇ تەگكەن چېغى.

لەيخۇا مومايىنى يۆلىگەچ ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ دالان ئۆيگە كۆرپە سېلىپ، ياستۇقنى ئېگىز قويدى - دە، مومايىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. شۇ كېچە نېۋىخان تالڭ ئاتقۇچە يۆتىلىپ، قىزىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆرستىپ بېرىشى بىلەن لەيخۇا ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تەييارلاپ، كاشكاپ قاينىتىپ ئىچۈردى. ئانىنىڭ ئەتراپىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمىگەن قىز لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ نېۋىخانىنىڭ پېشانىسىغا قوياتتى. ھېلى دولىسىنى تۇتۇپ، پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. نېۋىخانىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن ھامان قوزىلىق قوينى ئېرىقتا سۇغىرىپ ئەكىرەتتى. ساغلىقنى سېغىپ سۈتىنى پىشۇرەتتى. ئۇ دالانغا كىرىپ مومايىنى بىر يوقلىۋەتكەندىن كېيىن باغقا كىرىپ ئوت ئالاتتى. بىر كۈن كەچكىچە مومايغا قاراش، ھويلا - ئارامنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن ھېرىپ كېتەتتى. قىسقىسى ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ كۈتۈشى، ۋاقتى - ۋاقتىدا قىزىق تاماق يېگۈزۈپ، قايناق سۇ، كاشكاپ ئىچۈرۈشلىرىدىن بەشىنچى كۈنى نېۋىخان خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ

ئۇلتۇرالايدىغان بولدى

مومايىنىڭ ئوبدانلا ئوڭشىلىپ قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەن لەيخۇا بوگۇن ئەتىگەندىلا سۇ ئىسسىتىپ مومايىنىڭ بېشىنى يۇيدى. يېلىم چېچىپ تارىدى. ئۇ چارلاشقان ئازغىنا چاچلارنى چىرايلىق ئىككى ئۆرۈگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن قۇچاقلاپ قوش ياستۇققا يۆلەپ تۇرۇشى تام قوشنىسى ھەۋزىنىيازخان ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالام نېۋىخان، — ئۇ، يات قىزغا لەپپىدە قارىشى لەيخۇامۇ داسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، — كېسەل بولۇپ قاپسەن، يوقلاپمۇ كىرەلمەپتىمەن.

— ھېلىمۇ ياخشى ئىككىمىزنىڭلا ھويلا - ئارامى مەھەللىدىن ئايرىلىپ ئايرىم تۇرغىنى، — نېۋىخاننىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى، — بولمىسا ئايدا - يىلدا «ھالىڭ نىچۇك» دېيىشمۇ يوق ئوخشايدۇ

— توۋا دېگىنە، «سېنىڭ - مېنىڭ» دېيىشكىمۇ تىل كۆيىدىغان قىيامەتلىك قوشنىلاردىن تۇرساق.

— ھەۋزىنىيازخاندەك مۆڭدىشىم، دىلكىشىم بار دېسەم بېشىم كۆككە يېتەتتى. بىراقىزە پات - پات يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئوغلۇڭ ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆيىگە بېرىۋالىدىغان بولدۇڭ.

— كاتىپلىق دېگەنمۇ چىگىچىنى تاپقىنى بولمايدىغان كاللەك يېپىتەك ئىشكەن، كېلىن بالىمۇ ئىشلەيدۇ، نەۋرىلەرگە قاراپ كېلەلمىدىم، — ھەۋزىنىيازخان نېۋىخانغا ئاستا ئېگىشتى، — ھەي ئادىشىم، تومۇچۇقتەكلا كېلىن تېپىۋاپسەنغۇ، مەن يوق چاغدا كاملاخۇننىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويغان چېغىڭغۇا؟

نېۋىخان ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتقان لەيخۇانى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك، ھەۋزىنىيازخاننىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بىر مۇنچە بىر نېمىلەرنى دېگەن ئىدى. بۇ كۆڭلى تۈز مومايىنىڭ چىرايى

ۋىللىدە ئېچىلىپ، «ئوۋۇش ئەجەبكەنسەن، نېمە قوق!» دەۋەتتى.
— بۇ قىز كەلگەندىن بېرى مېنى ئازاد قىلىپ قويدى. «ئوگرە»، «قوناق چۆچۈرىسى»، «كۆمۈلەك»، «سىقماق» دېگەندەك ئاشلارنى بەخۇدۇك ئېتەلەيدۇ، — دېدى نېۋىخان سۆيۈنگەن ھالدا، — مانا مەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بەش كۈندىن بېرى ئەتراپىمدىن چۆرگىلەپ كېتەلمىدى. ھويلا - ئارام، قوي قوتان، باغۋارانىڭ ھەممە ئىشى مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىغا قالدى. ھەي ··· دەرىخا ··· ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز نامراتلىقتا چوڭ بولغان بالىلار قولى ئىشلىق بولىدىكەن.
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟
— بۇ قىزنىڭ كەتكۈسى يوق، كامالىڭمۇ قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.
— ئۇنداقتا ئىككىسىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟
— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. كامال خەنزۇچە گەپكە ئۇستا بولغاچقا ئىككىسى بىر يەرگە كەلدىيۇ گېپى توگىمەيدۇ.
— نېمىگە ئەنسىرەيتتىڭ، ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ، نىكاھ قىلدۇرۇۋەتسەڭ بولمىدىمۇ!
— توۋا دېگىنە، ئۇ قىز···
— باشقا دىندىكى قىز مۇسۇلمان يىگىتكە تەگسە ساۋاپ دەيدىكەن.
— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خەقلەر نېمىلەرنى دېيىشەر؟
— خەقلەر نېمە دېسە دېمەمدۇ، قىزىقكىنا بۇ، — ھەۋزىنىيازخان تېرىككەندەك بولدى، — كۆكۈل دېگەن ئاشۇنداق نەرسە، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا كامىلاخۇنىنىڭ دادىسىغا قېچىپ تەگكەن.
— ئىلاھىم ئاغزىڭغا مونناق چىقار، — ئىككىسى پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ھەي نېۋى، — چىقىپ كېتىۋاتقان ھەۋزىنىيازخان ئارقىسىغا قايرىلدى، — يۆلەنگۈدەك ھېماتى يوق قىزنى ھەيدىۋەتسەڭ ئەددەسسىز ئۇۋالىغا قالىسەن جۇمۇ. ئەللە نېمە دېمەيدۇ، قاغا نېمە يېمەيدۇ ··· بىر پاي كارىڭ بولمىسۇن. سېنىڭ قازىنىڭ خەقلەرنىڭ ئۆيىدە قايىنامتى.

بەش كۈندىن بېرى ئورنىدا يېتىپ زېرىكىپ قالغان نېۋىخان ھاسىسىغا تايىنىپ ھويلىغا چىقىشى ئارغامچىغا كىر يېيىۋاتقان لەيخۇا دەرھاللا كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. موماينىڭ ھەر قېتىم ئىچى پۇشقاندا، ئوغلىنى سېغىنغاندا ياكى كۈتكەندە ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان لەيخۇا ئۇنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىغا ئەچىقىپ قويدى. نېۋىخان ھاسىسىغا تايىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئەتراپقا تويماي قارىدى. ئېرىقتىكى ياۋا ئوتلار ئارىسىدا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىرقىرىغان ئاۋازى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپكۆك ئاسماندا بىر توپ كەپتەرلەر غۇڭۇلداپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. باغ ئىچىدىن جىگدىچىنىڭ «چىۋ - چىۋ··· » قىلىپ سايرىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا قارا چېكەتكىنىڭ توختىماي چىرىلدىشى ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى نېۋىخان ئانا ئۈچۈن مۇڭلۇق مۇزىكىدەك تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇنىڭ كەيپىياتى چاغ، كۆڭلى خۇشال، ۋۇجۇدىغا چاپلاشقان غەم - غۇسسىلار بىر يولدىلا يۇيۇلۇپ كەتكەندەك، پۈتۈن تېنىنى پەيدەك يېنىك ھېس قىلاتتى. توغرا، ھەۋزىنىيازخان موماي ئۇنىڭ يەلكىسىنى بېسىۋالغان بىر ئېغىر تاغنى بىر يولدىلا ھالقىتىپ چۈشۈرۈۋەتكەندەك بولدى.

لەيخۇا بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى نېۋىخاننىڭ كۆڭلىرى دەككە - دۈككىدە ئۆتتى. بۇ قىزنىڭ قورسىقىغۇ كېتىپ بارا، بىراق قارا نوپۇس دېگەن قورقۇنچلۇق قالپاقنى قانداقمۇ قىلار؟ ئۇنى كامال ئەكەلگەن ئىكەن، ئوغلىغا بۇ ئىشلارنىڭ مىزەممىتى تەگمەي

قالارمۇ؟ تېخى ئوغلى بۇ قىز بىلەن بىرەر ئىش تېرىپ قويسىچۇ!؟ قېرىغىنىدا ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغىچە ئۆلگىنى تۈزۈك ··· ۋاي - ۋۇي ئاختارمىلىقتا چالما تالاشقاندەك ھېچ ئىشتىن، ھېچ ئىش يوق بۇ نېمىدېگەن كۆپ غەم - ئەندىشە، نېمانچە قورقۇنچلۇق خىياللار!

يالغۇز ئوغلىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىغان مېھرىبان ئانا ئاشۇنداق ئەنسىز خىياللار ئىسكەنجىسىدە قالغىنىدا، ھەۋزىنىيازخان ئانىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى ئۇنى گۆرى زىنداندىن تارتىپ چىققاندەك بولدى. ئۇ: «باشقا دىندىكى قىز مۇسۇلمان يىگىتكە تەگسە ساۋاپ»، «ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋەت»، «ئەللە نېمە دېمەيدۇ، بىر پاي كارىڭ بولمىسۇن···» دېگەندەك كەسكىن گەپلىرى نېۋىخانغا يېڭىدىن يۆرەك ئاتا قىلدى. ھەۋزىنىيازخان نەلەردە يۈرۈپ، رۇستىمى داستاندەك باتۇر بولۇپ كەتتىكىنە؟ ئۇنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەن دۆلەت كادىرى بولغاچقا كۆپ ئىشلارنى بىلسە كېرەك!

نېۋىخانمۇ ئەسلىدە لەيخۇانى ھەيدىۋېتىش غەرىزى يوق. پەقەت ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا يۈرەك بولغىدەك باھانە - سەۋەب، بىرەر مەدەت يوق! شۇڭا بىرەر كاۋاك تاپالماي دىمىقىپ، تۇنجۇقۇپ تۇرغىنىدا، ھەۋزىنىيازخان مەيدىسىگە ئۇرۇپ: «يولەنگۈدەك ھىماتى يوق قىزنى ھەيدىۋەتسەڭ ئەددەسىز گۇناھ» دەپ ئۇنىڭغا تۈتقىدەك ساپاق بەردى ··· «ئەللە نېمە دېمەيدۇ، بىر پاي كارىڭ بولمىسۇن، قازىنىڭ خەقلەرنىڭكىدە قايناماتتى؟» دېگەندەك ئاقىلانە، غەزەپكار گەپلەر ئارقىلىق نېۋىخاننىڭ كۆزىنى ئاچتى.

— ئۇھ، ھەۋزىنىيازخاننىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، يېنىكلا بولۇپ قالدىما، — دېدى نېۋىخان ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۇنگە قاراپ.

راست ئاشۇ قىز بولمىغان بولسا نېۋىخان قانداقمۇ قىلارىدى؟ ئۇنىڭ كۈتۈشىدىن تېزلا ئەسلىگە كەلدى. مانا ھويلا - ئاراملار

چىنىدەك پاكىز، ئېغىلدىكى قويلار چېغىدا بۇ قىزنى كۆرسە، مەرەپ ئالدىغا يۈگۈرەيدۇ. باغدىكى قىغدەك دۆۋىلىنىشىپ كەتكەن ئۆرۈكلەرمۇ ئۆگزىلەرگە قاق سېلىندى. ئەدناسى بۇنداق ياۋاش، ئايىغى ئىتتىك، قولى چاققان كېلىننى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس!

كۈن ئولتۇرۇش بىلەن قومۇلۇق دىيارنى سالقىنلىق ئۆز قوينىغا ئالدى. لەيخۇا مومايىنى قايتۇرۇپ ئەكىرىپ، هويلىدىكى سۇپىغا يۆلەپ چىقاردى. ئاندىن كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقىسىغا ئىككى ياستۇقنى قويۇپ بەردى. بايا نېۋىخان «بۈگۈن ئاچچىق - چۈچۈككىنە ئۈگرە ئىچكۈم بار» دېگەچكە لەيخۇا كىچىك كاساڭدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. ئۇ خېمىردىن چىمدىپ ئېلىپ مومايىنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈشى، ئۇ تېتىپ بېقىپ «تۇزى ياخشى بوپتۇ» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

لەيخۇا خېمىرنى يېيىپ، ئۇششاق كەسكەندىن كېيىن، ئاشتاختا بىلەنلا ئوچاق بېشىغا ئاپاردى. قازاندا شوخلا بىلەن قىزارغان شەلپەردەك ئاش سۈيى قايناۋاتاتتى. ئۇ ئۈگرىنى ئاز - ئازدىن چېچىپ سالدى. ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوتنى پۈۋلەپ، ئۈستىگە كېۋەز شادىسىنى پۇرلاپ تىقتى. بۇ كان ئوچاق بولۇپ، ئىچى دۈپدۈگىلەك، كىچىككىنە تونۇر ئىدى. تاماق ئېتىلىپ بولغىچە تونۇر قىزىپ تەييار بولدى. لەيخۇا قازاننى دەست كۆتۈرۈپ «تۇللۇك» كە ئالغاندىن كېيىن ئالدىن يۇغۇرۇپ تەييارلاۋالغان قوناق خېمىرىنى تۆت زۇۋۇلا قىلىپ، قوناق ئۇنىدا پۇخۇنداپ كان ئوچاققا ياقتى. يېقىلغان تۆت زاغرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى بوش ئورۇنلارغا «بالا زاغرا» دىن تۆتنى چاپلاپ قويدى. مانا بۇ دېھقانلارنىڭ ئەتىكى تەييارلىقى.

— توۋا، بۇ بالىنى، بىر - ئىككى قېتىم كۆرسىتىپ بېرىۋىدىم، — پىچىرلىدى نېۋىخان، — زاغرا، توم نان (ئاق نان)، ئارپا كۆمەچلىرىنى بىر ئەپلىك ياقىدىغان بولۇپ كەتتى.

## ئەكىلماكان ئۆزلى (1)

نېۋىخان بىلەن لەيخۇا پىننە تالقىنى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان ئۇگرىسىنى ئىچىپ بولغىچە پېشانىلىرى ئۇششاق تەرلەپ كەتتى. لەيخۇا موماي بىلەن تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن قاچا ـ قۇچىلارنى قازان ئىچىگە سىلىپ يۇيدى. كان ئوچاقتىكى قىزىرىپ پىشقان زاغرىلارنى قومۇرۇپ ئالدى. ئۇ ھەممە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، مومايىنىڭ دولىسىنى تۇتقىلى سۇپىغا چىقتى.

— بىر كۈن كەچكىچە پۇسۇرلاپ يۇرۇپ ھېرىپ كەتتىڭىز بالام، — نېۋىخان قىزنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى، — توۋا كامالغا 12 كۈن بولدى. ھېچقاچان بۇنداق بولمايدىغان. ئاشۇ بالىغا بىرەر پېشكەللىك چاپلاشتىمۇ قانداق؟

مومايىنىڭ دولىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقان لەيخۇا كامالنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن قولى توختاپ قالدى. ئۇ، مومايىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تىزلاندى.

— ئانا، — ئانا دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئۆزلىشىپ قالغاندى، — مەن ··· مەن ··· ئۇك··· ئۇكلاپ، كامال ··· كامال ··· كۆ ··· كۆرۈپ···

لەيخۇا ئۇخلىغاننى ئىشارەت قىلىپ، كۆزىنى كۆرسەتتى، نېۋىخان «ھەي گاچا» دېگىنىچە كۈلۈۋەتتى.

— كامالنى چۈشەپ قاپتۇ ـ دە بۇ قىز. خۇدايىم ياخشى چۈش كۆرگىلى نېسىپ قىلغاي قىزىم، چۈشەپ قالغىنىڭغا قارىغاندا كامال بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن.

«قىزىم» دېگەن سۆزنىڭ تەكتىگە يەتكەن لەيخۇا خۇشاللىقىدا نېۋىخانىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، يۈزىگە سۈۋىدى.

— كىزىم ··· كىزىم ··· كىزىم··· — لەيخۇا بىگىز بارمىقىدا بۇرنىنى كۆرسەتتى، — مەن ··· مەن كىزىم···

— ھەئە قىزىم··· — نېۋىخان كۈلىۋەتتى. كۆزلىرىگە ياش ئالغان لەيخۇا ئۇنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى···

باغدىن يامراپ چىققان قاراڭغۇلۇق ھويلىلارنىمۇ قويىنىغا ئالدى. لەيخۇا مومايىنى ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن: «قويلارغا ئوت تاشلاپ بېرەي» دەپ سىرتقا چىقتى. ئۇ قوتان ئالدىغا دۆۋىلەپ قويغان چۆپ ھەم پۇتالغان دەرەخ شاخلىرىنى قوتانغا تاشلاپ بەردى. ئاڭغىچە كۆللى كائىناتنى نۇرغا تولدۇرغان ئايمۇ تىك كۆتۈرۈلدى. لەيخۇانىڭ بىر ئىشنى كۆڭلى تۇيغاندەك ئۆيگە كىرگۈسى كەلمىدى. ئۇ كامال كەتكەندىن بېرى موماي بىلەن بىللە ياتقاچقا، قازناق ئۆيگە ئانچە كىرمىگەن ئىدى. شۇڭا لەيخۇا قازناق ئۆيدىكى يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئەچىقىپ قاقتى، سۇپۇردى، يەنە ئەكىرىپ چىرايلىق قاتلاپ قويدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ، قويلار قوتان ئەتراپىغا چېچىۋەتكەن ئوت ـ چۆپلەرنى ئارىدا يىغىپ تۇرۇشى كامالنىڭ ئېگىز، كەڭ كۆكرەكلىك، قاملاشقان قامىتى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. لەيخۇا ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بارديۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا چىپ توختاپ، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. خاتىرجەملىك ھەم قەلبەن شادلىقنىڭ خاسىيىتىمۇ ياكى ئاپئاق ئايدىڭ كېچىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئىشقىلىپ ئاقىرىپ، ھۆسنىگە تولغان بۇ ئوماق قىزنىڭ سۈس ھاۋارەڭ نۇر ئاستىدىكى بەرنا سىيماسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان كامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى، يۇمىلاق مۈرىلىرىنى سىلاش ھەم ئەركىلىتىش كويىدا قولىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن بوشلۇقتا توختاپ قالدى ··· بىراق ئۆزىنى شەھەرگە ئاپىرىۋەتمىگەنلىكىنىڭ ئۆزى «ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى» دەپ چۈشەنگەن قىز ئاستا شىۋىرلىدى:

—— رەھمەت سىزگە كاملى ئاكا···

—— مەن ··· مەن ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي···

—— ئانام ··· ئانام··· —— لەيخۇا دېيىشكە پېتىنالمىغان بولسىمۇ، كامال ئۇقۇپ بولدى.

—— نېمە، ئانام كېسەل بولۇپ قالدىما؟

— ئەم ··· ئەمدى ··· يا ··· ياكشى، — لەيخۇا بىرىنچى قېتىم ئۈيغۇرچە گەپ قىلدى.

ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغانغان نېۋىخان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە كامال ئۆيگە كىرىپ بولدى. ئۇ دەرھاللا ئانىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— ئانا بىتاب بولۇپ قاپلا، يانلىرىدا بولالماپتىمەن.

— ھېلىمۇ ياخشى ئاشۇ قىز بوپقاپتىكەن، بولمىسا ئۆلۈكۈم ئۆيدە سېسىپ كېتىدىغان چېغى.

— ئانا ئۇنداق دېمىسىلە، ئاللا سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر بەرىدۇ···

— ئەمىسە دېگىنە قېنى، نېمانداق كېچىكىپ كەتتىڭ؟

كامال شەھەردە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قويماي سۆزلەپ بېرىشى نېۋىخان بىردىنلا قايناپ كەتتى:

— خوپ بوپتۇ، كۆپىنىڭ ھەققىنى يېگەنلەرنىڭ خۇدايىم ئاشۇنداق جاجىسىنى بېرىدۇ، — دېدى نېۋىخان ۋارقىراپ، — ئەگەر ۋاڭ دېگەن بۇرادىرىڭ ئارا تۇرمىغان بولسا ئۇ پەسەندىلەر گۇندىخانىدىن چىقالمايدىكەندە؟

نېۋىخان كامال كەتكەن 12 كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سۆزلىدى. بولۇپمۇ كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن لەيخۇانىڭ كېچە - كۈندۈزلەپ باققانلىقى، ئاش - تاماق ئېتىش، كاشكاپ قاينىتىش، تون ئىسپىلىرىدە تۇرۇپ مومايىنىڭ ھالىنى سوراپ، دورا ئىچۈرۈش، تۆكۈلگەن ئۈرۈكلەرنى قاق سېلىش، ھەتتا قويلارنى بېقىشلاردىن سېغىشلارغىچە ھەممىنى دەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ: «خۇدايىم يالغۇزلۇقۇمنى، تەنھالىقىمنى كۆرۈپ، بۇ قىزنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىپتىكەن ئەمەسمۇ··· » دېگىنىچە كۆز يېشىنى تۇتۇپ ئالالمىدى.

— ئەمدى سەن كەلدىڭ بالام، ئۇ ھەرگىز بۇ ئۆيگە كىرمەيدۇ. شۇڭا قازناقتا تاختايدا سۆكە ياساپ بەر، — نېۋىخان «ئۇھ» دەپ





قويدى، — ئەم تارتىپ بىلى ئاغرىپ قالمىسۇن، ھە، راست مېنىڭ رەھمىتىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قوي.

— بولىدۇ ئانا، — كامال پوتىسىغا تۈگۈۋالغان قەغەز بولاقنى ئانىسىغا بەردى، — بۇ ناۋاتنى ئۆزلىرىگە ئالغاچ كەلدىم. چايغا سېلىپ ئىچەلا. مەن ھازىرلا رەھمەتلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي.

ھويلا ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. كامال ئۆيدىن چىقىپلا تولغان ئايغا قارىدى. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي قالغاندەك قىلاتتى:

— «تاختاي سۆكە ياساپ بەر...» ۋاھ ئانامنىڭ ئۇنداق دېگىنى «لەيخۇانى ئېلىپ قالايلى دېگىنىدە!» ياشاپ كەتسىلە ئانا.

كامال قوللىرىنى ھاۋادا سىلكىپ، قازناق ئۆينىڭ قېشىغا كېلىشى ئىشىك ئۆزلۈكىدىنلا ئېچىلىپ كەتتى - دە، بىر نازۇك قول چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپلا ئەكىرىپ كەتتى...

— لەيخۇا، ئانام سىزگە رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قوي، دېگەنىدى، — قىز بىلەن يالغۇز قالغان كامال خۇدۇكسىنىپ قالغانىدى، — يەنە ... يەنە مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان رەھمىتىم بار...

— رەھمىتىڭىزنى، — لەيخۇا يەرگە قارىدى، — مۇشۇنداق قۇرۇقلا بىلدۈرەمسىز؟

كامال بىردىنلا خىجىللىق ئىچىدە ئۆرتەندى. دېمىسىمۇ راستقۇ؟ مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن، ئانىسى ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆلدە كۆمەچ بولغان پىداكارغا قانچىلىك قىلسا ئەرزىيدۇ - دە، ئاپلا شەھەردىن مۇشۇ قىزغا لايىق بىرەر تال نەرسە ئەپچىقسا تۈز تامىتتى! بىراق ھازىر ئۇنىڭغا قۇرۇق رەھمەتتىن باشقا نېمىسىمۇ بېرەلىسۇن؟

— كەچۈرۈڭ لەيخۇا بۇ قېتىم شەھەرگە كىرگەندە سىزگە چوقۇم سوۋغاتلىق ئېلىپ كېلىمەن.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ماڭا ئۇنداق سوۋغاتلار لازىم

ئەمەس، — لەيخۋا يەنىلا يەردىن ئۈستۈن قارىيالمىدى، — سىز دە مەشەدىلا بىرەلەيدىغان سوۋغات تورۇقلۇق ··· ئايامسىز؟

— مەن ··· مەن···

كامال تېڭىرقاپ قالغان چىغىدا، لەيخۋا ئوك مەگزىنى تۇتۇپ بەردى ··· دەسلەپتە دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشۈپ مەڭدەپ قالغان كامال كېيىن ئاستا ئېگىشتى ـ دە، قىزنىڭ ئوتلۇق ئوك مەگزىگە يىرىك لەۋلىرىنى تەگكۈزدى···

— ماڭا بۇنىڭدىن ئۆزگە سوۋغا لازىم ئەمەس ··· — قىز تىلسقىپقىنا كىلىپ، كامالنىڭ كۆكرىكىگە باش قويۇپ، ئاستاغىنا پىچىرلىدى، — كامال ئاكا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

كامال لەيخۋانىڭ ئېگىكىدىن سىلىقىنا كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى. تولۇكتىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا قىزنىڭ يۈزىدىكى تامچىلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى. تاقەتسىزلەنگەن كامال ئۇنىڭ چېچىغا ئالىقىنىنى قويۇپ بوشقىنا سىلىدى ھەم پەس ئاۋازدا:

— مەنمۇ سىزگە كۆيىمەن، — دېدى.

— كامال ئاكا مېنى بەك قىلىنىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، — لەيخۋا يۈزىنى قاچۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ئانام بىلەن قالدۇرۇق يەردىكى قوناقلىقنى ئوتىغاندا، سىز مېنىڭ مەگزىمگە سۆيۈۋالغان ئىدىڭىز···

— نېمە؟ — كامال چۆچۈپ كەتتى، — مەنما؟!

— مەن مەگزىمنى تۇتۇپلا قالدىم، ئانام مەگزىڭىزنى پاشا چېقىۋالدىمۇ، دەپ سورىۋىدى «ئەجەب يوغان بىر پاشا ھام قىلدى» دېسەم ئانام قورقۇپ كەتتى.

دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان كامالنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالغانىدى. لەيخۋا ئۆزىنىڭ تاتلىق خىيالىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋىدى، كامال قاقاقلاپ كۈلدىيۇ، شۇ ھامان

ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

— مەڭزىڭىزنى چېقىۋالغان ھېلىقى ئەجەب يوغان پاشا مەنكەنمەندە···

— خىيالىمدا بولغان ئاشۇ شېرىن ئىش نەچچە كۈندىن بېرى ئېسىمدىن زادىلا چىقمىدى. شۇڭا ئوڭۇمدا بۇ ئىش راست بولسا قانچىلىك بوپكەتتەر، دېدىم شۇ···

لەيخۇانىڭ ساددا، سەممىيلىكى ئەنە شۇنداق بالىلىق خىياللىرىدىمۇ ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كەلگەن كامال بۇرۇنقىدەكلا بۇرنىنى چىمدىپ قويدى.

— ئەتە ئەتىگەندە ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيگە تاختايدا سۆكە ياسايمىز.

— نېمىشقا؟

— ئانام سىزنىڭ بىلىگىزنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىر ئائىلە كىشىلىرى لەيخۇا قىلغان ياڭاق چېپىمدا ناشتا قىلغاندىن كېيىن كامال بىلەن لەيخۇا قازناق ئىچىدىكى تاختاي، بادرا، بورا ۋە ئات ـ ھارۋا جابدۇقلىرىنى ھويلىغا توشۇدى. كامال قازناق ئۆينى ئېتىرلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك تاختاي، بادرا ياغاچلارنى تاللاپ بىر تەرەپكە ئايرىدى. لەيخۇانىڭ تۇتۇپ بېرىشى، كامالنىڭ ھەرىدەپ كېسىشى بىلەن تاختاي بادرىلار ئۆلچەملىك كېسىلدى. ھەممە ماتېرىيال تەل بولغاندىن كېيىن ئىككىسى قازناق ئىچىنى تازىلىدى. سۇ چېچىپ تاش بىلەن چىڭداپ يەر بېتىنى تۈپتۈز قىلدى. چۈشتە ئۇلار بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ ئىككىسى قول ـ قولچە «يوبدان» ئەتتى. موماي تېتىپ بېقىپ: «يامان بالىلاركەنسىلەر» دەپ قويدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن نېۋىخان ئارام ئالغىنى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كامال بىلەن لەيخۇا ياغاچ سۆكە «قۇرۇلۇشى» نى باشلىۋەتتى. ئاۋۋال ئۇلار سۆكىنىڭ تۆت پۇتىنى

چېتىقلار ئارقىلىق تۇرغۇزۇۋېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جازىسىنى بېكىتتى. لەيخۇا ئۆلچەملىك كېسىلگەن تاختايلارنى بىر ـ بىرلەپ ئەكىرىپ بېرىشى كامال ئۇلارنى جازىغا رەتلىك قېقىپ، كۆتۈرۈلۈۋالغان يەرلەرنى كەكىدە يونۇپ، كەچكە يېقىن ئاران پۈتكۈزدى. لېكىن سۆكە خېلىلا ئىسكەتلىك، كۆركەم بولغانىدى. لەيخۇا هويلىغا يېيىۋەتكەن كىگىز، كۆرپە، يوتقان، ئەدىياللارنى ئەكىرىپ بىردەمدىلا سۆكىنى چىرايلىق جابدۇپ قويۇشتى.

— لەيخۇا مەن سىزگە كەنت تەشكىلدىن كونا گېزىتلەرنى ئەكېلىپ بېرەي، جىگدە شوخىسىدا (تىكىنى) تاملارغا مىخلايلى. كارىۋىتىڭىزغا توپا چۈشمەيدۇ.

— ماقۇل.

لەيخۇا كامالنىڭ ئىش قىلغان ۋاقىتىدىكى ئەستايىدىللىقى، چاققانلىقى، قولىنىڭ ئەپلىكلىكىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەنە شۇنداق غەيرەتلىك، ئىشچان، ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ئادەم ئىدى. بىراق ئەنخۇيدىكى ئاچارچىلىق ئۇنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، كۆڭلى قارا ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەتتا خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ تونۇمايدىغان، مېھرى ـ ۋاپاسىز ياۋايى يىرتقۇچنىڭ ئۆزىلا بولدى. ئۇ بىر چىشلەم نان، بىر كاپام تالقان ئۈچۈن لەيخۇ بىلەن شياۋمانى ئورۇپ تىلەمچىلىك كوچىلىرىغا ھەيدىۋەتكەنىدى.

— لەيخۇا جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، سۆكە كۆڭلىڭىزگە يارىمىدىما؟

— يا ··· ياق، شۇنداق خۇش بولدۇم، بۇندىن كېيىن ئادەمدەك ياشايدىغانلىقىمنى ئويلىسام، سىزگە، ئانىڭىزغا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن.

— لەيخۇا، نېمىشقا ئانام بىلەن يېتىشقا ئۇنىمايسىز؟

— كېچىلىرى ئانىڭىز بىر نېمە دەپ قالسا، ئۇقالماي خىجىل بولىدىكەنمەن.

— بۇندىن كېيىن سىزگە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتسەم بولغىدەك.

— راستىما؟

لەيخۇا خۇشاللىقىدا كامالنى قۇچاقلاۋالدى. تۇنجى قېتىم ئايال زاتىنىڭ يۇمران بەدىنى ئۆز بەدىنىگە تەگكەن، ئاياللىق تىنىقلىرى نەپەسلىرىگە ئۇرۇلغان كامالنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر قىزىق ھارارەتتىن سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. 25 يىللىق قىيامىغا يەتكەن قان، تومۇرلارنى يېرىۋەتكۈدەك مەۋج ئۇرۇپ، بىر شېرىن ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىستى ··· لەيخۇانىڭمۇ پۈتۈن بەدىنى لەرزىگە كېلىپ، سۈس تىترەۋاتاتتى···

— لەيخۇا، مەن ··· مەن چىقاي···

— نەگە بارىسىز، كەچ بولۇپ قالغاندا···

— مەن تۇنۇگۈن شەھەردىن كەلگەندىلا كەنت تەشكىلىدە دېيىشىپ قويغان. ئەترەتتىكى ئاغىنىلەر بۈگۈن يىغىلماقچى ئىدۇق.

— ئەمىسە سىز كەلگىچە ساقلايمەن···

— مەن كەچ قالسامچۇ؟

— مەيلى···

كامال كەچلىك تامىقىنى يېمەي، مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قۇم توپىلىق ئەگرى ـ توقاي يوللاردا، يۇلغۇنلۇق كوچىلاردا كېتىۋاتقىنىدا ئۆزىمۇ دەمال دەپ بېرەلمىگۈدەك پەرىشان ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا لەيخۇانىڭ سەبىي مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىنى شادلىققا تولدۇردى دېگەندىن كۆرە، غەم تاغلىرى يەلكىسىنى بېسىۋالدى، دېگەن توزۇكتەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى لەيخۇادىن ئايرىلالمايتتى. ئانىسىدىن ئىبارەت ئەڭ

خەتەرلىك توسالغۇمۇ بۇ قىزغا قايىل بولۇپ قالدى. شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەنسىزچىلىك ئورىۋالىدۇ؟ يۈرىكىمۇ پات ـ پاتلا قورقۇنچ بىلەن دۈپۈلدەيدۇ؟ راست، بۇ قىزنى ئاۋام دېھقانلارغا، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە، ئەڭ يامىنى كەنت كادىرلىرىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرەر؟ دېھقانلار: «هوي ساڭا ئەھلى مۇسۇلمان قىزى تېپىلمىدىما؟» دېيىشى ئېنىق. ئەل ـ ئاغىنىلىرى: «كامالەتكە كۆڭلۈم يوق دەپ، ياپقان قىزىڭ شۇما؟» دېسە نېمىدەپ جاۋاب بېرەر؟ كەنت كادىرلىرى «بۇ تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان قارا نوپۇس، كەلگۈندىنى، نەگە ئاپارساڭ ئاپار» دەپ، سىنىپىي كۈرەشكە تاقاپ تۇرۇۋالسا زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

كامال بېشىنى سىلكىپ، قۇم دەشتىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئايغا قاراپ چوڭقۇر تىنىدى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا، ئوي ـ خىياللىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. يېتەلمىگەنسېرى، ئەندىشە، ۋەھىمە تورلىرى چىرماۋالاتتى. ئۇ «ۋاي بولدىلا، بولغاندا كۆرمەمدىم» دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى. ھەتتا ئاچچىقىدا «يامىنى كەلسە ئانام بىلەن لەيخۇانى ئېلىپ شەھەرگە كېتىمەن، ئۇ يەردە مېنى ھارۋىكەشلىككە تەكلىپ قىلغان ئىدارىلار بارغۇ» دەيتتى.

كامال ئەنە شۇنداق يۈرەكنى خۇن قىلىدىغان ئەنسىزچىلىكلەر ئىچىدە مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۆي ئىچى يەنىلا تاماكا ئىسى بىلەن تولغان بولۇپ، ھاشىم، زۇلال، كېرىمۇللا، يار بەختى، كامالەت، ئايشەملەر كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار كامالنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھال ـ ئەھۋال سوراشتى، ئاندىن كېيىن جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. سورۇن ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان داستىخاندا قىزغۇچ قارىداپ پىشقان كېسىم ـ كېسىم كاۋا ۋە كاۋا شاپاقلىرى تۇراتتى.

— كامال، كاۋىغا ئېغىز تەگ، — دېدى مەتنىياز يوغان بىر كېسىم كاۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — شاپىقى ئانچە قاتمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ ئاغىنىلەر يەيمىز دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇزۇم

شىرىنىسىگە سېلىپ قايناتساق خېلى تاتلىق پىشىپتۇ.

— ئىككى كاۋىسىنى چاققانىغا، — زۇلال كامالغا كۆزىنى قىسىپ قويدى، — تاس قالدى، ئۆي - خوتۇن، باللىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكىنى.

ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈشى كامالمۇ چاقچاققا ياندىشتى.

— ھەي ئاغىنىلەر ئۇنداقتا بۇ كاۋا قورساق ئاغرىتقۇدەك.

— قورقما ئاداش، — دېدى يارىبەختى سېتىنى چىقىرىپ، — ئەتراپىتا نېمە تولا، قوناقلىق بىلەن يۇلغۇنلۇق...

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلكە كۆتۈرۈشتى. ئەمما كامالەت ئاچچىقلاپ قالدى.

— بولدى قىلىڭلار، — ۋارقىرىدى كامالەت، — مۇشۇ ئەرلەر بىر يەرگە يىغىلدىيۇ سەت گەپ چىققان.

كامال چاقچاق - كۈلكىلەر بىلەن بىر كېسىم كاۋىنى قوشۇقتا ئويۇپ يەپ تۈگەتتى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ خۇش خەۋىرىگە تەقەززا بولۇۋاتقانلار كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى. كامالمۇ گېلىنى قىرىپ، كارنىيىنى رۇسلىۋېلىپ گېپىنى باشلىدى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن، ئابلىز ھاكىملارنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئېۋەتىش ھەققىدە بىر قارارغا كەلگەنلىكىدىن باشلاپ، چاۋار ھەم ئىگەمبەردىلەرنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ كۆرگەن كۈنلىرىگىچە سۆزلەپ بەردى ھەم ئۇلارنىڭ بازار باشقۇرۇشنىڭ سولاقخانىسىدا كامالغا يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنغانلىرىنى، تاياق زەربىدىن يۈزلىرىنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كېرىم مۇدىرنىڭ يۈزسىزلىك بىلەن قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئەترەت كادىرلىرى ھاياجانلىنىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. گويا ھاردۇقى چىققاندەك چىرايلىرىغا كۈلكە ياماشتى.

— ھازىر ناھىيىلىك كومىتېت تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ، —

دېدى كامال ئىشەنچ بىلەن، — يېقىندىن كېيىنلا خىزمەت گۇرۇپپىسى يولغا چىقماقچى.

— بۇ قېتىم چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ تۇتۇلۇپ سولىنىشى بەك ياخشى بولدى، — زۇلالنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ئىدى، — رەھبەرلەر مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلغاندۇ؟

— ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى رەسۋاچىلىقىنى ۋاڭ جۇيجاڭ ناھىيە رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ، — دېدى كامال ئېغىر تەلەپپۇزدا، — شۇڭا لى شۇجى «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ئەۋەتىشنى قەتئىي قارارغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

— مانا بۇ، ئۆزىنىڭ پېيىدە ئۆزى ئېسىلىش دېيىلىدۇ، — ھاشىم دەرھاللا سۆز قاتتى، — بۇ قېتىم ئۇلار ئۆزلىرى ئاشكارىلىغىنى شەھەرگە كىرىپتۇ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى كەلگۈدەك، — كېرىمۇللا ھاشىمغا قارىدى، — ئۇنىڭغىمۇ كۆپ قالمىدى.

— نېمىلا بولسا كېلىدىغان بوپتۇغۇ، — كامالەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— شۇنچە يىل چىدىدۇق، — ھاشىممۇ كۈلۈمسىرىدى، — ئەمدى غېرىچى قالغاندا چىدىمىساق بولماس.

ئۇلار بۇندىن كېيىن ئەتراپتىلەردە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر قۇر مەسلىھەتلىشىپ ئالغاندىن كېيىن تارقالدى. ھاشىم بىلەن كامال باشقىلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار كەنت ئەتراپىدىن ئانچە يىراق بولمىغان «قۇم يېيىغ» دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭلۈككە يېتىپ كەلدى. «قۇم يېيىغ» ئىسمى جىسمىغا لايىق يېيىلغان قۇم بولۇپ، ئوتتۇرى ئېگىز، ئەتراپى بارغانسېرى پەسىيىپ كەتكەن خېلىلا چوڭ دۆڭلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپ - توپ، ئەمما شالاڭ ئۆسكەن يۇلغۇنلار قىزىرىپ

تۇراتتى. ئۈستى بولسا توغراقلار بىلەن قاپلىنىپ، خۇددى دېڭىزدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئارالغا ئوخشاپ قالاتتى. ھاشىم بىلەن كامال ئاپئاق ئايدىڭدا، تۆۋەنگە ئالا كۆلەڭگىلەرنى تاشلىغان بىر تۈپ توغراق ئاستىدىكى قۇمدىلا بەداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ھاشىم موخۇركا خالتىسىنى ئېلىپ تاماكا ئوراپ، سەرەڭگە چاققاندىن كېيىن كامالغا سىنچىلاپ قارىدى:

— چاندۇرۇپ قويمىغانسەن ـ ھە؟

— ئەنسىرىمەڭ ھاشىمكا، ئۇ ئىشنى بەكمۇ ھوشيارلىق بىلەن قىلدىم. چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

— ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك ئىشىنەمسەن؟ چاۋار يەرتېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان سېھىرگەر.

— ئۇلار ھەرگىز گۇمان قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىشنى پۇختا قىلدىم.

كامال شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ سىزغان سىزىقى بىلەن ئىش قىلغانلىقى، ئۇلار دەڭجا ساۋۇر مەڭلىك ۋە كامالغا ئىشەنمەي، مىرزا زاغۇنىنىڭ دېڭىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىمۇ كامالدىن يوشۇرۇنچە ماللىرىنى تاجىخان لەڭمەنىسىگىگە يۆتكىگەنلىكى ھەم شۇ يەردە بازار باشقۇرۇش تەرىپىدىن قولغا چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا، ۋاڭ جۇيجاڭ بازار باشقۇرۇشتىكىلەرگە ئالدىن خەۋەر قىپتىكەندە؟

— شۇنداق، شۇڭا زاڭ ماللار جازانىخورلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەي، يەنە ئۆزىمىزگە قالدى.

— ئۇ ماللار ھازىر نەدە؟

— سودا ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدا ساقلاپ بەرمەكچى.

— ئوبدان بوپتۇ. سېنىڭدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، — ھاشىم تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، — سەللا يوچۇق تېپىۋالسا، چاۋار سېنى يوش قويۇۋەتمەيدۇ. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاغىنىلىرىڭ

زۇلال، مەتنىيازغىمۇ تىنما.

— ھاشىمكا، ئۇلار ئىشەنچلىك باللار، ئۇلارغىمۇ ئىشەنمىسەك…

— بۇ ئىشەنمەسلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاغزى مۇسەللەسكە تەگدىيۇ، نېمىدەپ نېمە قويغىنىنى بىلمەيدۇ، — ھاشىم ئاستاغىنا پىچىرلىدى، — مېنىڭ قورقىدىغىنىم كامالەت، ئۇنىڭ ئىگەمبەردى بىلەن تۇغقانچىلىقى بار.

— ئىگەمبەردىنىڭ تاغ ئارقىسىغا ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئۆگەي سىڭلىسى كامالەتنىڭ ئانىسى بولىدىغۇ دەيمەن.

— مانا، ئېسىڭدە باركەنغۇ، كامالەتنى ئىگەمبەردى بىر مەزگىل بېقىپ، سەل بويى سوزۇلغاندە نىيىتىنى بۇزدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا كامالەت ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى.

كامال ھاشىم بىلەن خوشلىشىپ قايتقاندا تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. ئاسماندىكى شايىدەك سوزۇلغەن پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇغان ئاي گاھى - گاھىدا بۇلۇت پەردىلىرىنى قايرىپ، جامالىنى نامايان قىلاتتى. كامالنىڭ كۆز ئالدىدا: «قولۇم يۇمشاق بوپتىمۇ؟» دەپ يۈزىنى سىلاۋاتقان يۇمران قوللار … «سوۋغىتىڭىزنى ئايىماڭ» دېگىنىچە قىزىرىپ مەڭزىنى تۇتۇپ بېرىۋاتقان ئۇماققىنا بىراۋلار پەيدا بولۇشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى، تېخى نازۇك بەدەننىڭ يۇمران كۆكسىلىرىنى يېقىپ قۇچاقلىشى تەكرارلىنىۋاتقاندەك يۈرەكلىرى تەرتىپسىز سېلىپ كەتتى…

كامال ئەنە شۇنداق شېرىن - لەززەت تۇيغۇلار قۇچىقىدا كېلىۋاتقىنىدا لەيخۇا قازناق ئۆينىڭ پەنجىرىدىن ھويلىغا قارىماقتا ئىدى. ئۇ كىچىك ئالقانلىرىنى كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ، خىجىللىق ئىلكىدە كۈلۈمسىرەيتتى. تۇرۇپلا بارغانسېرى قىزىرىپ ھەم قىزىرىپ كېتىۋاتقان يۈزلىرىنى قامالايتتى. «ۋاي

خۇدايىم ماڭا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سورايتتى. مانا كامالمۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئانىسى ياتقان ئۆي تەرەپكە قارىشى قازناق ئۆيدىن بوشقىنا يۆتەل ئاۋازى كەلدى ... كامال ئىشىكنى ئېچىپ قازناق ئۆيگە قەدەم ئېلىشى لەيخۇا بىردىنلا ئۆزىنى ئاتتى ... كامال چىراغ نۇرىدا قىزنىڭ زىلۋالىشىپ كەتكەن بەرنا قەدرىگە تويماي قاراپ قالدى.

— مەن ئۆزۈم بەللىرىنى قوروپ، ئېتىكىنى پۇكۇپ قايتىدىن تىكىۋالدىم، — دېدى لەيخۇا ئۇچىسىدىكى چىت كۆڭلەكنى ئىما قىلىپ، — قانداق بوپتىمۇ؟

— بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، سىزنىڭ قولىڭىز نېمىدېگەن ئەپچىل.

— ئەمدى مېنى شەھەرگە ئاپىرىۋەتمەمسىز؟

— مەن بۇرۇن قورققان، ھازىر بېشىمغا نېمە كەلسە كۆرەي، دېگەن ئىرادىگە كەلدىم.

— بۇ يەردە قورققۇدەك نېمە بار؟

— سىز بىلمەيسىز، كەنتىمىزدە ئۈچ بۆرە بار...

— بۆرە؟ — قىز تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — چۈشەندىم ... ئەمدى قورقمامسىز؟

— سىز ئۇچۇن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن.

— كامىلى ئاكا، — قىز تولىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى...

— لەيخۇا ... لەيخۇا ... مېنىڭ جېنىم ... كىچىككىنە تومۇچۇقۇم!

ۋۇجۇدى قىيام بولۇپ ئېرىپ كەتكەن ئىككى تەن كۆزلىرىدىن چاقنىغان تەشنالىق نۇرلىرى، شېرىن ـ لەزىز ئارزۇلىرى بىلەن تەرەددۇتلەندى! ... ھەم تاقەتسىز ھالدا بىر ـ بىرىگە بىر دەقىقە يالتتىدە قارىدى ـ دە، سۆكىگە ئاستا قىڭغايدى ... تۇڭلۇكتىن قاراپ جانلىرى سۆيۈنۈۋاتقان ئاي ئىزا تارتقاندەك نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى...

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

···يوتقاننى يېرىم يېپىنغان يېرىم يالىڭاچ كامال بىلەن لەيخۇا تۇڭلۇكتىن كۆرۈنگەن ئايغا قاراپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن يۇمىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش، قۇلاقلىرى ئارقىلىق بوينىغا ساقىپ چۈشتى···

— كامىلى ئاكا! — قىز ئاستا شىۋىرلىدى.

— نېمە دەيسىز؟

— ماڭا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇپ بەرسىڭىز.

— راستما؟

— چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن.

— لەيخۇا، ھىم لەيخۇا··· — كامال تورۇسقا قارىغىنىچە ئويلاندى، — تاپتىم، لەيلىگۈل بولسۇن.

— سەل تەسرەككەن، قىسقا بولسا ياخشى بولاتتى.

— بۇ بىر گۈلنىڭ ئىسمى. «لەيلى»دېسەكمۇ بولىدۇ.

— لەيلى؟! — لەيخۇا كامالنى قۇچاقلىدى، — بۇ ئىسىم بولىدىكەن، ئۆزۈمگىمۇ ياقتى···

— راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ ··· قېنى مېنى چاقىرىپ بېقىڭا؟

— لەيلى!···

— ئەي···

— «ئەي» دېمەيسىز، «لەۋەي» دەيسىز، — كامال قايتا چاقىردى، — لەيلى!

— لەۋەي!···

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ قۇچاقلاشتى ـ دە، يوتقاننى تارتىپ پۈركىنىۋالدى···

## سەككىزىنچى باب

# سىرلىق خەۋەر

كۆنلەر كۆنلەرنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. ۋاقىت خۇددى تىلسىم قۇملۇق ئارا تىنىم تاپمايدىغان سەلكىن شامالدەك يورغىلاپ ئۆتۈپ ياشلارغا ياش، چوڭلارغا ئاپئاق چاچ، قورۇقلارنى سوۋغا قىلىپ، قېرىلارغا ئەجەل چىللاپ ئۆز ھۆنىرىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. مانا باغلاردىكى ئۆرۈكلەرمۇ ئاياغلىشىپ، تەكىلەرگە نۆۋەت كەلدى. توغرا، ۋاقىت رەھىمسىز نېمە، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە تەكە تۇرماق ئۇنىڭ يوپۇرماق - تاللىرىمۇ قاقشال شاخلارغا ئايلىنىدۇ. كۆرۈك، بىر - بىرىدىن تارتىنىپ قورۇنۇپ، قىزىرىپ يەر باقىدىغان كامال بىلەن لەيلىمۇ ئايدىڭ كېچىلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇلار توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، ياۋا قومۇشلۇقلار ئارا قۇملارغا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ مۇڭدىشاتتى. مۇڭلىرى تۈگىمىگەنسېرى قۇم دەشتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆستەڭ بويىدىكى كۆچەتلىكتە دەرەخكە يۆلەنگىنىچە ئايغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشسە، ئەتىگەنلىكلىرى باغدا تەكە ئۈزۈپ سېۋەتلەرنى تولدۇراتتى. ھازىر كامال خۇشال ئىدى. چاۋار، ئىگەمبەردىلەرگە شەھەردىكى تاياق - توقماق، گۇندىخانىنىڭ پىت - بۈرگىلىرى خېلىلا «ساۋاق» بەرگەنمۇ نېمە، شۇندىن بېرى كامال شەھەرگە ئىككى نۆۋەت كەنتىنىڭ باغلىق دان، گۈلقاق، تىۋىتلىرىنى توشۇغان بولسىمۇ ئۇلار «مېنىڭ ھاجىتىم» دېيىشمىدى. شۇڭا

# ئەكىلىماكان ئۆزلى (1)

ئۇ كەنت ماللىرىنى ئىداره، شىركەت، زاۋۇت، ئورۇقچىلىق پونكىت ... لىرىغا بەخۇدۇك ئۆتكۈزۈپ، خاتىرجەم قايتىپ كەلدى. ئۇ ھازىر شەھەرگە، پاشىلىقتا ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارسىمۇ پاتلا قايتىپ كېلىپ لەيلىگە ھەمراھ بولاتتى. لەيلى ھەققىدە ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلار ئاتايىتەن ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ: «ئانام ـ ئانام قوچاقلىغۇ ـ قوچاق··· » دېيىشەتتى. شەھەردىكى سەتچىلىكتىن كېيىن ئىگەمبەردى ئەترەتلەرگە ئانچە كۆپ بارمىغاچقا، لەيلى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. بولمىسا بۇ ئاچ كۆز ھايۋان نە ـ نەلەردىن پۇراپ كېلەتتى. ھېلىمۇ ئۇ «قۇماقتى»، «قوغۇنچى»، «جىگدىلىك» مەھەللىلىرىدىكى كونا ـ يېڭى ئاشنىلىرىنى كېچىلىرى يوقلايتتى. ھەتتا قۇمتاملىقلار ئۇنىڭ ئىككى ھاڭگا ئېشىكىنىڭ «نام ـ ئەمەلى»نىمۇ» ئوبدان بىلەتتى. ئۇ قارا ھاڭگىسىنى كۈندۈزلىرى ئەترەتلەرنى تەكشۈرگەندە مىنەتتى. خۇددى «ھاڭگاڭ بولسا چاسۇدا ھاڭرىسۇن!» دېگەندەك قارا ھاڭگا چاسۇدا ھاڭراپ، تېرپاتاغا يورغىلاپ مېڭىپ ئىگىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتى، ھۆرمەت تۆھپىسىنى ئەرشتەلا كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئىگەمبەردىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ بەگدەك ئولتۇراتتى. لېكىن بوز ھاڭگىسى ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ كېچىلىرى ماڭىدىغان بولسا ئۇنىڭ تۇياق شەپىسى تورماق پۇشقۇرغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىنى بولمايتتى. چۈنكى بوز ھاڭگا ئىگەمبەردىنىڭ ئاشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا مادا ئېشەك يولۇقۇپ قېلىپ، تاقەت قىلالماي ھاڭرىۋەتتى ـ دە، قاتتىق تاياق يەپ كەتتى. شۇندىن بېرى بوز ھاڭگا سەككىز قات تاسما قامچىنىڭ تەمىنى ئۇنتۇمىغاچقا ھەرقانچە چىرايلىق، ياش مادا ئېشەك يولۇقسىمۇ، ئىگەمبەردىنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن قورقۇپ: «ھاڭرىمىدىمغۇ ئەنە··· » دېگەندەك غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتى.

كامالنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنى ئىگەمبەردى ئىدى. ئۇ شەھۋانىي نەپسى ئۇچۇن كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە قويۇشتىن يانمايتتى. ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئولتۇرمايتتى. قۇمتاملىقلار ئۇنى «ئەركەك هايۋان» دەپ تەرىپلىشەتتى. كامالمۇ بىرەر يەرگە سەپەر قىلدىيۇ، لەيلىگە «تالا ـ تۈزلەرگە كۆپ چىقماڭ، چىقسىڭىزمۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىڭ» دەپ تاپىلايتتى. شۇڭا ئۇلار كۆپىنچە كېچىلىرى، ئايدىڭلاردا قۇم سەھراسىنى ئايلىنىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتى.

ئولتۇرۇپ كەتكەن كۈن قىزىللىقى ئاسمان سەتھىسىنى قىپقىزىل شەپەققە پۈركەپ، چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرىمۇ بىنەپشىرەڭ نۇر ئىلكىدە تاۋلانغان ئىدى. ئېگىز قۇم دۆڭلۈكىنىڭ ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشقا كامال بىلەن لەيلى پەس ئاۋازدا مۇڭدىشىۋاتاتتى.

— لەيلى، — دېدى كامال پەستىكى يۇلغۇنلۇقلارغا قاراپ، — قولۇم ـ قوشنىلار «كامال بىر قىزنى نىكاهسىز ئۆيىگە ئەكىرىۋاپتۇ» دېيىشىۋاتقۇدەك.

— خەقلەر نېمە دېسە دېمەمدۇ، بىز پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئىش قىلمىغاندىن كېيىن، — ئۆرپ ـ ئادەت، تۈزۈملەرنى چۈشەنمىگەن لەيلى تۈپتۈزلا گەپ قىلاتتى، — سىز شەھەرگە بارمىغان كۈنلەردە بىللە بولۇپ پاراڭلىشىمىز، باغدىكى كۆكتاتلىقتا ئىشلەيمىز ... بىللە تەكە ئۈزىمىز، بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە؟

— لەيلى، ئەگەر كەنت تەشكىلى ياكى دېھقانلار تەرىپىدىن بىرەر گەپ سۆز ياكى ئاۋارىچىلىق تۇغۇلۇپ قالسا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟

— نېمانداق ئادەمنى قورقۇتسىز؟ — لەيلى كامالنىڭ بىلەكلىرىنى قاماللىدى، — نېمە، سىرتتىن بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىدىڭىزما؟

— ياق، ھازىرچە ئۇنداق ئىش يوق، مەنمۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمەن.

— ئەگەر سىز بىسمىلارغا چىدىماي، سىياسىي قالپاقلاردىن قورقۇپ، — دېدى لەيلى جىددىي ھالدا، — مېنى تاشلىۋەتسىڭىز، مۇشۇ چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە يوقاپ كېتىمەن...

— مەن سىزگە مەڭگۈ ۋاپادارلىق كۆرسەتسەمچۇ؟

— زۇلۇم تاغلىرى بېسىۋالسىمۇ ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئىسمىڭىزنى چاقىرىمەن. سىزنى ئەبەدىلئەبەد ساقلايمەن.

— رەھمەت سىزگە، — كامال لەيلىنى باغرىغا باستى، — مەن سىزنى قورقۇتۇۋەتتىمغۇ دەيمەن. خۇدا ئۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلايدۇ.

ئۇلار قوم دۆڭلۈكىدىن پەسلەپ چۈشۈپ، ئېدىرلىق ئىچى بىلەن كەنتكە قايتتى. لېكىن لەيلى بىردىنلا ھۆ بولۇپ قومغا ئېگىشتى. كامال ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇشى لەيلى يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇق ھۆ بولدى.

— سىزگە نېمە زىيان قىلغاندۇ؟

— ماڭا ... ماڭا... — لەيلى كۈلدى، — ھېچنېمە زىيان قىلمىدى، شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزما؟

— نېمە؟ — كامال لەيلىنى قۇچاقلاپ پىرقىراتتى، قىز خۇشاللىقىدا چىرقىرىماقتا ئىدى.

كامالنىڭ ئىچىنى سىقىپ تۇرغان قورقۇنچقا، يەنە بىر ئۇلۇش ئەنسىزلىك قېتىلغان بولسىمۇ، لەيلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ چاندۇرمىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇمىد، ئىشەنچىسىنى ۋاڭ يۈڭغا باغلىغان بولۇپ، تاسادىپىي بىرەر دىشۋارچىلىق تۇغۇلغىدەك بولسا، لەيلىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، توي رەسمىيەتلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئىشىنى ۋاڭ يۈڭغا دېمەكچى ئىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان ئىشلارنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرغان بىر چىراغ بار ئىدى. بىراق نىياز ئانا ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. كەنت كادىرلىرىنىڭ چېنەپ تۇرغان سىياسىي قالپاقلىرى، ئاشلىق جەھەتتىن بوغۇشلىرى، دىنىي مىزانلارنىڭ پەتىۋالىرى، ئاگىسىز دېھقانلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان زەئىپ يۈرىكى تىترەپ كېتەتتى. قانداقتۇر شۇم بىر كۈنى بۇ ھويلىدا بوران چىقىدىغاندەك كۆڭلى ئۆيۈپلا تۇراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. نىياز بىلەن ھەۋزىنىيازخان غەلۋىردىكى قۇرۇغان گۈلىقاقلارنىڭ ساق ۋە قۇرتلۇقلىرىنى شاللاپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتا ئىدى.

— قانداقمۇ قىلارمەن، — نىيازخان بېشىنى چايقىدى، — بۇ ئىككىسى بىرەر ئىش تېرىپ قويارمۇ؟ ئۇلار ھەركۈنى دېگۈدەك بىللە، مانا ھازىرمۇ باغدىكى كۆكتاتلىقتا.

— ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئولتۇرماي، نىكاھ قىلدۇرۇۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ، نېماتداق غەرەز ئۇقمايدىغان خوتۇن سەن.

— دېمەككە ئاسان بايقۇشۇم، ئىگەمبەردى ئۇقۇپ قالسا «قارا نوپۇس، كەلگۈندى، سىنىپىي دۈشمەننى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ تېخى ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل قەغىزىنى ئالماي قانۇنسىز توي قىپسەن» دەپ ئاشلىق نورمىمىزنى توختىتىۋەتسە، ئۆلگىنىمىز شۇ! مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتسام، مەن قىلارمەن توققۇز، خۇدايىم قىلار ئوتتۇز دېگەندەك بۇ باللار بارغانسېرى ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىۋاتامدۇ.

— كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر، سىلىمۇ ياشلارنىڭ كۆزىگە يىڭناسقۇدەك تولا ئىلىشىۋالمىسىلا.

— ھازىر بۇ قىز سەھەر تۇرۇپ ماڭا چوڭقۇر تەزىم قىلىدۇ، — نىيازخانىنىڭ مەمنۇنلۇقى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — «ئانا

مەن تاماك ئەت»، «ئانا مەن سۇ ئەكېلە»، «ئانا مەن كويغا ئوت ئالە» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ «ئانا» دېگەن سۆز ئاغزىدىن ئانارنىڭ دانىسىدەك تۆكۈلۈپلا تۇردۇ.

— شۇڭا ئۆيگە تۆت قوشنىنى چاقىرىپ، نىكاھ - پاتىھە ئوقۇتۇۋەتسىلە.

— ئىگەمبەردى ئاڭلىسا، نېمە بالا - قازالار تېرىلىپ كېتەر.

نېۋىخان چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، باغ ئىچى بىلەنلا ھەۋزىنىيازخاننىڭ ھويلىسىغا ئۆتتى. ئۇ بىردەملىك بولسىمۇ، ئادەمگە يۈرەك بولىدىغان ۋە ئەندىشە - ۋەھىمىلەردىن خالىي قىلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. نېۋىخاننىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تېرىقتەك بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئىككى موماي بىردە ۋارقىرىشىپ، بىردە مۇلايىملىشىپ، تېخى بەزىدە خىرقىرىشىپ كۈلۈپ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. نېۋىخان باغ ئارقىلىقلا ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە كامال تىزلىرىغا قىستۇرۇۋالغان ئاتىنىڭ خامۇتىنى دەرەپشە سانجىپ تىكىپ ئولتۇراتتى. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەن نېۋىخان ئوغلىغا بىر ھازا قادىلىپ قالدى.

— ئانا، ھەۋزىنىيازخان ئانامنىڭ ئۆيگە چىققانمىدىلە؟

— شۇنداق بالام، پۇخانىم ئۆرلەپ، — نېۋىخان سۆپىغا كېلىپ ئولتۇردى، — بالام بۇ قىزنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرىمىز، زادى قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئانا ئىچلىرىنى پۇشامىسىلا، — دېدى كامال تەمكىن ھالدا، — ئەتە سودا ئىدارىسىغا قۇرۇق يەل - يېمىش يۆتكەيمەن. شەھەردىن كېلىپلا لەيلى ئىككىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ قىزىل قەغەز ئالىمىز.

— قىزىل قەغەز؟

— شۇنداق، مەن لەيلى بىلەن پۈتۈشتۇم.

— ئۇ قىزنىڭ نوپۇسى بولمىسا، ئىگەمبەردى تونۇشتۇرۇش

قىلىپ بېرەمە؟ ئىگەمبەردى تونۇشتۇرۇش قىلىپ بەرمىسە، يېزىلىق ھۆكۈمەت قىزىل قەغەزنى ھەرگىز بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق تونۇشتۇرۇش ئىگەمبەردىنىڭ تەستىقى بىلەن كېسىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ شەخسىي تامغىسى بېسىلىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي ئانا، نېمانچە كۆپ ئىگەمبەردى بۇ؟ ئۇنىسا ئۇنىدى، ئۇنىمىسا سىلىنى، لەيلىنى ئېلىپ شەھەردە بېرەر ھاڭدا ئىشلەيمەن. مېنى سايە قىلغان خېلى - خېلى يەرلەر بار.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ مەن قېرىغان چېغىمدا ھېچيەرگە بارمايمەن، — نېۋىخان راستىنلا خاپا بولدى، — بۇ ئىشنى شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە سۆزلىشەيلى، ئەتە يولغا چىقىدىكەنسەن، بالدۇرراق يات، ئۇ قىزغا ئەتە ماڭىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ قويغاچ تەخسىدىكى تەكىنى ئەكىرىپ بەر.

— ماقۇل ئانا، ئانا سىلىگە بىر مەسلىھەت، بىرەر تاغار گۈلىقاقنى سېتىپ چىقايمۇ؟

— خويمۇ ئوبدان يادىمغا سالدىڭ، ئۆگزىدە يېيىلغان قاقمۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. لەيلى ئىككىمىز بىر تاغار خۋانى ئۈرۈك، يېرىم تاغار جانانە ئۆرۈكنىڭ قېقىنى خىللاپ قويدۇق، ھەممىسى گۆشلۇك، پاكىز قاقلار، شاتراق ئۆرۈك قاقلىرىدەك ئەرزان سېتىمۇەتمە.

— ئۇقتۇم ئانا، ئۇقتۇم، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىپ، تۇتۇلۇپ، بۇ ئىشتا خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم.

— سودا - سېتىقتا داداڭنىڭ پوقىنى دورىيالمايسەن.

ئانام ئەجەب دادامنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالدا، دېگەن خىيال كاللىسىغا كەلگەن كامال بىر تەخسە تەكىنى كۆتۈرۈپ قارناق ئۆيگە كىرگەندە لەيلى جىگدە تىكىنىدە تاملارغا گېزىت مىخلاۋاتاتتى. ھەر ھالدا بۇ كىچىك كۆرۈمسىز «ھۇجرا» غا خېلىلا ئىسكەت كىرىپ قالغاندى. لەيلى «بوپتىمۇ؟» دېگەندەك ئۆي ئىچىگە بىر قاراۋېتىپ، كامالنىڭ قولىدىن بىر تەخسە

تەكىنى ئالدى. ئۇ بىر تال تەكىنى شوراپ يېيىشى شەرۋەتلىرى ئېغىزى ئەتراپىدىن شۇرقىراپ ئاقتى.

— ئانامنىڭ ئۆزگەن تەكىلىرى شۇنداق تاتلىق ھەم سۇلۇق، — دېدى لەيلى ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، — بولمىسا مەنمۇ تازا يۇمشىغانلىرىنى ئالىمەن. لېكىن···

— سىز كۆن تەگمەي، سايىدا يۇمشىغانلىرىنى ئالىسىز، شۇڭا تەمسىز.

— مۇنداق دەڭ تېخى، قول يېتىدىغان يەردىكەن دەپ، ساپلا پەستىلىرىدىكىنى ئاپتىمەن.

— لەيلى، ئەتە شەھەرگە كىرىدىغان بولدۇم. ھېلىقى ئىشنى مەن كەلگەندىن كېيىن بېجىرەيلى بولامدۇ؟

— قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ سىز بولمىسىڭىز مەن···

— پاتلا قايتىپ كېلىمەن. كوچىغا كۆپ چىقماڭ - ھە!

لەيلى ئاستا سىلجىپ كېلىپ كامالنىڭ بويىغا گىرە سالدى - دە خىجىللىق بىلەن قامەتلىك گەۋدىگە قادىلىپ قارىدى. قارىدىيۇ قىزىرىپ كەتتى ··· كامالمۇ لەيلىنى باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭ تومپىلاق، كىچىك لەۋلىرىگە تەلمۈردى ···

دۇنيادا كۈتۈشتىنمۇ ئېغىر مىنۇتلار بولمىسا كېرەك. بولۇپمۇ بىر - بىرىگە تەشنالىق بىلەن تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەك ئايرىلغاندا مىنۇتلار كۈنلەرگە، كۈنلەر يىللارغا ئۆزگىرىدۇ. قۇياشقا قارايسەن، گويا بىر ئورۇندا قېتىپ قالغاندەك، دەل - دەرەخلەر سۈكۈت ئىچىدە! «ئاھ، بۇ كۈنلەر نېمانچە ئۇزاقتۇ» دەپ نالە قىلىسەن، كۆڭلۈڭ سۇ ئىچكۈدەك جاۋاب يوق! ئۆزۈڭنى ھەر خىل ئىشلارغا جوراپ باقىسەن، يەنىلا ئىچىڭ تىت - تىت! ئەتىنىڭ كەلمىكى بەسى مۇشكۇل. يوللارغا قاراپ كۆز گۆھىرىڭ ئېقىپ تۇگەيدۇ، گويا ۋاقىت ئارقىغا ماڭغاندەك···

تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ساپ، سەممىي، ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن جەننەت ھۇزۇرىنى ئالغان لەيلى كامالنى

كۆتكەنسېرى تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى. گويا بەش يىلدەك بىلىنگەن بەش كۈن نېمانچە ئۇزاق ـ ھە؟ ئۇ خۇددى دەسسەلگەن سازاڭدەك سىلجىمىقى شۈنچىۋالا تەسمىدۇ؟ لەيلى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنى پەقەت ئىشقىلا ئۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولسام، ئۆتكەن ۋاقىت بىلىنمەيدۇ دەپ بىلەتتى. لەيلى ھويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ، باغلاردىن ئوت ئېلىۋاتىدۇ ··· بىراق كۆزلىرى يىراقلاردا··· قويلارغا ئوت سېلىپ يوللارغا قارايدۇ ··· بىراۋلار كۆرۈنمەيدۇ ··· ئېرىق بويىدا كورا، رو قاچىلارنى قۇم بىلەن ئاقارتىپ يۇيۇۋېتىپ ئېغىر ئۇھسىنىدۇ ··· «ھالىڭ نېچۈك؟» دەيدىغان ئادىمى يوق! ئەمدى قىلمىغان يەنە نېمە قالدى؟ توغرا ئېچكەركى ـ تاشقارقى ئۆي تاملىرىدىكى زەردىۋال بورىلار ئىسلىنىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇمۇ خېلى جىق ۋاقىتنى «يۈلۈك بولسۇن» دېيەلەيدۇ ··· بەزى كۈنلىرى نېۋىخان ئانا: «بولدى قىلىڭ قىزىم، ئاغرىپ قالىسىز··· » دەپ يېلىناتتى. لېكىن لەيلى كۆلۈپلا قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى.

ـــ ھەي ··· نامراتلىق ئىچىدە چوڭ بولغان كەمبەغەل باللىرى ئۈچۈن دۇنيادا جاپا ـ مۇشەققەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەسكەن، ـــ دەيتتى نېۋىخان ئانا.

كەلگەن ـ كەتكەننىڭ، پايدا ـ زىياننىڭ ھېسابىنى قىلىدىغان يەنە بىر كېچە باشلاندى. ئۇيقۇسى قاچقان لەيلى تۈگۈلۈككە قاراپ ئېغىر تىنغىنىچە تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. لېكىن سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا ئالدىدىكى ئېرىقتا يۈزلىرىنى يۇيدى. چېلەكتە سۇ ئەكىرىپ ھويلىلارغا چاچتى. سۈپۈرۈپ ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئوچاققا ئوت ياقتى. ئۇ ئەتىگەنلىك چاي تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرۇشى بامدات نامىزىنى ئۆتەپ چىققان نېۋىخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

ـــ قىزىم ئەتىگەندىلا قاپىقىم تارتىپ تۇرىدۇ، كامال بۇگۈن

# ئەكىلساكان ئۆزلى (1)

كېلىپ قالامدىكى، — دەپ قويدى.

ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئۆگزىگە چىقىپ چۈشكىچە قۇرۇغان گۈلە قاقلارنى غەلۋىردە تاسقاپ، قۇرت چۈشكەنلىرىنى شاللىدى. چۈشتىن كېيىن كۆكتاتلىقتا قىزىرىپ كەتكەن شوخلىلارنى چېلەك ـ سېۋەتلەردە ئېلىپ چىقىپ قاق يايدى. لەيلى جىگدە، ئۆرۈكنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىغا ئىلىنغەتكەن قىپقىزىل شوخلىلارغا قاراپ، ئەنخۇيىنىڭ ئورمانلىرىدىكى قىزىل يوپۇرماقلىق ئېرەنلىرىنى ئەسكە ئالدى.

ئۇلار كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغىچە كون ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى سالقىنلىق باستى. نېۋىخان ھەۋزىنىيازخاننىڭ ئۆيىگە مۇڭداشقىلى مېڭىشى، لەيلى ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا تىكىلىپ ئۇزاققىچە قارىدى. پۇتلىرى تېلىپ ئاغرىپ، ئۆگزە قىرىدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى. بۇ يەردە قۇم چۆللىرى، قۇملۇق يوللار ئايدىلەڭ كۆرۈنەتتى. لەيلى ئەنە شۇنداق تەقەززالىق بىلەن باياۋاندىكى ئۇزۇن يوللارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنىدا، شەھەردىن قايتقان كامال كەنت ئىزنالىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باسالمىدى. ئاتلارمۇ ئوقۇرنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك تېتىكلىشىپ، ھارۋىنى گۈلدۈرلەپ ئېلىپ ماڭدى. لەيلىنى سېغىنغان كامال قامچىسىنى ئويناقىنىچە ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

···خەنزۇ كەشنى خەي دەيدۇ،
تۇرۇپ ـ چامغۇرنى سەي دەيدۇ.
كىچىككىنە قارا كۆز،
قىچقارسام لەۋەي دەيدۇ···
جان دوست كىچىككىنە ياتۇخان،
قىچقارسام لەۋەي دەيدۇ···

ھارۋا چاقلىرى ئۇزلۇكسىز پىرقىراپ، ئات تۇياقلىرىدىن

قۇم ـ توپىلار چاچراۋاتقان مۇشۇ پەيتتە لەيلى قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان نېۋىخاننىڭ دولىسىنى مۇجۇپ ھەم ئاستا مۇشتىلاۋاتاتتى. ئۇ موماينىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ سىرتقا پات ـ پاتلا تاشلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن موماي بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقىدى:

— بولدى قىزىم، پاختىدەك يېنىكلەپلا قالدىم، ئەمدى سىزمۇ چىقىپ ئارام ئېلىڭ.

نېۋىخان لەيلىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇخلاش ئىشارىتىنى قىلىشى لەيلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ «خوش ئانا» دېدى ـ دە، تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ، سۆكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. بىراق ئىچى سىقىلىپ يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىچىدە: ئالتە كۈنگىچە نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ گۈلىقاقىلارنى قاراڭغۇ بازاردا سېتىپ بولغىچە جۇساۋدۇي، بازا باشقۇرۇشتىكىلەر تۇتۇپ ئالغانمىدۇ؟ سولىنىپ قالغاچقا كېلەلمەيۋاتامدۇ ـ يا، دېگەندەك ئەنسىز خىياللار ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى چىرماۋالغانىدى. قورقۇنچلۇق گۇمانلار تۇپەيلىدىن ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالغان لەيلى ھويلىغا چىقتى. غۇلاچ بويى كۆتۈرۈلگەن ئاي خۇددى ئوتلۇق شاردەك قىزىرىپ تۇراتتى. باغلار، ئۆيلەر، يىراقتىكى قۇم بارخانلىرى گىرىمسەن نۇر ئىلكىدە سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. لەيلى ھويلا ئالدىدىكى يولغا چىقىپ ئېرىق قىرىدا كامالنىڭ يولىغا قارىدى. ئەتراپ بەكمۇ جىمجىت بولۇپ، پەقەت باغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، تومۇزغىلارنىڭ ئاچچىق چىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لەيلى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيىدىغان ئېقىن ئاي نۇرىدا خۇددى ئالتۇن تالالىرىدەك ۋىلىلدايتتى. بۈگۈن كېچىمۇ ئۈمىدلىرى توزغاققا ئايلانغان لەيلى ئارقىسىغا يېنىپ سۇپا قېشىغا كېلىشى ھويلىغا كامال كىرىپ كەلدى.

— كامال!
لەيلى شامالدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاۋالدى. كامالمۇ لەيلىنى باغرىغا چىڭ باستى. قىزنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىلىدى. هويلىدىكى شەپىدىن ئويغىنىپ، تاشقارقى ئۆيگە چىققان نېۋىخان هويلا ئوتتۇرىسىدا قۇچاقلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ گەۋدىنى كۆرۈپ دەرھاللا كەينىگە ياندى.
— ئانام ئۇخلىدىمۇ، — كامال پەس ئاۋازدا سورىدى.
— كىرىپ چىقىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن.
كامال قىزنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. نېۋىخان ئۇخلىغان بولۇپ جىم يېتىۋالغان ئىدى.
— ئانا ··· ئانا مەن كەلدىم.
— ھە ··· ھە، — نېۋىخان يالغان مەڭدىگەن بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، — كەلدىڭمۇ بالام؟
— شۇنداق ئانا، ئۆزلىرى خامۇش كۆرۈنىدىلا، تەنلىرى ساقتۇ؟
— ھەي ··· جېنىم بالام، ئاشۇ قىزنىڭ غىمى بولمامدۇ، — نېۋىخان تامىقىنى چىكىلداتتى، — پاھ، پاھ نېمىدېگەن ئىشچان قىز بۇ، سەن كەتكەن ئالتە كۈندىن بېرى بىردەم - يېرىمدەم تىنىم تاپقان بولسا كاشكى.
نېۋىخان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىسەرەمجانلىقىنى كۆرۈپ دەرھاللا گېپىنى توختاتتى.
— بالام، يولدا چارچىغان ئوخشايسەن، چىقىپ ئارام ئال. مېنىڭمۇ ئۇيقۇم كەلدى.
— بولىدۇ ئانا.
كامال تاشقارقى ئۆيگە چىقىپ، ئانىسى سېلىپ قويغان ئورۇنغا يانپاشلىدى، ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا بوش خورەك تارتقان شەپىلەرنى بېرىپ، ئىچكەركى ئۆيگە قۇلاق سالدى. بىر چاغدىلا ئانىسىنىڭ پۇشۇلدىغىنىنى ئاڭلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا

دەسسىگىنىچە سىرتقا ماڭدى. كامالنىڭ چىققانلىقىنى پەنجىرىدىن كۆرۈپ بولغان لەيلى قازناق ئىشىكىنى قىيا ئاچتى. كامالنىڭ كىرىشى ئۇ ئۆزىنى ئېتىپ، كەڭ كۆكرەكلەرگە سىڭىپ كەتتى ··· كامال گېزىتكە ئورالغان بولاقنى قىزغا سۇنۇپ: «ئېچىپ كۆرۈڭ» دەپ پىچىرلىدى. لەيلى ھەيران بولغان ھالدا بولاقنى ئېچىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ چاقماقلىق ھاۋارەڭ رومال، ئەتلەس كۆڭلەك، چىرايلىق تىكىلگەن پەس پاشنىلىق ئاق ئاياغنى چىراغ يورۇقىغا يېقىن ئەپكەلدى ھەم كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا كامالنىڭ كۆكرىكىگە باش قويدى.

— كۆڭلەك بىلەن ئاياغ تىكىلىپ بولغىچە ساقلاپ كېچىكىپ قالدىم.

— بەك كايىپسىز ··· ماڭا سىز بولسىڭىزلا كۇپايە ··· بۇ نەرسىلەرنى قاراڭغۇ بازاردىن قىممەت ئالغانسىز؟

— ئۆتكەندە مەن سىزگە دەپ بەرگەن ۋاڭ جۇيجاڭ تېپىپ بەردى. ئۇ سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاچقا بۇنداق نەرسىلەرنى دۆلەت باھاسىدا ئەرزانلا ئېلىپ بېرەلەيدۇ.

— ئۇ كىشى «نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورىمىدىمۇ؟

— سورىدى، مەن «ئۆيلەنمەكچى» دېدىم.

— ئۇنداقتا مەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپسىز ـ دە؟

— ھازىرچە دېمىدىم. قېنى لەيلى بۇ كۆڭلەك، ئاياغلارنى كىيىپ بېقىڭا، سىزگە خوپ كېلەمدۇ ـ يوق، تىككۈچىلىك دۇكىنىدا سىزچىلىك بىر قىزغا ئۆلچىتىپ تىكتۈردۈم.

— سىز ··· سىز تۇرسىڭىز···

— مەن سىرتقا چىقىپ تۇراي.

— بولدى چىقماڭ، ئارقىڭىزنى قىلىپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ، مەن «بولدى» دېمىگىچە ئاچماڭ.

كامال لەيلىگە ئارقىسىنى قىلىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە، يەرگە قاراپ جىممىدە تۇردى. «بولمىدى، بولمىدى» دېگەن ئاۋاز خېلى

بىر چاقىقچە تەكرارلىنىپ، ئاخىر «بولدى» دېيىشى كامال ئارقىسىغا قايرىلىپ لەيلىنى تونۇيالمايلا قالدى. ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك، ئاق توپلەي، هاۋارەڭ هىلهىلە رومال يارىشىپ كەتكەن لەيلى قىزارغىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بادام يۈزلۈك چىرايى گۈلدەك ئېچىلغان، قاپقارا، دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلىرى چۈمپەردىدەك ياپقان، هىلهىلە رومال چىگىلگەن چۈجىدەك يۇمران ئېڭەكلىرى تولىمۇ ئوماق، كىچىكىنە لەۋلىرى ئىستىغنا بىلەن كۈلۈمسىرىگەن هالدا ياش تۆكۈۋاتاتتى. تاقەت قىلالمىغان كامال ئۇنى دەست كۆتۈرۈۋالدى:

— ئاھ، خۇدايىم بەرگەن مىنىڭ پەرىشتەم!…

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتكەندە بۇرنى قاناپتۇ دېگەن گەپنى قايسىبىر زاتى مۇبارەك دەپتىكەن؟ ئۇ ئەجەبمۇ لىللا گەپ قىپتۇ. كامال ئەنە شۇنداق چىن دىلىدىن شادلانغان، بەخت شەربەتلىرىگە كۆمۈلگەن، خۇدا بەرگەن پەرىشتەسىنى باغرىغا تاڭغان مۇشۇ كېچىدە ئىنسانىيەت بەدىنىگە چىققان مىرەزلەردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭغا ئورا كولاۋاتاتتى. گەرچە ئۇلار كامالدىن خەيرخاھلىق، ياخشىلىق، نۇرغۇن ساخاۋەت نېمەتلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا: «چايانىنىڭ چاقمىقى دۈشمەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر» دېگەن دانالار سۆزلىرى ئەلۋەتتە بەرھەقكەن.

چاۋارنىڭ گىلەملەر بىلەن جابدۇلغان هەيۋەتلىك مېهمان سارىيىدا، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار شاملار بىلەن يورۇتۇلغان شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى. شىرە ئۈستىگە نە نان – توغاچ ياكى تاتلىق – تۇرۇم، ئەدناسى يەل – يېمىشمۇ قويۇلمىغان بولۇپ، پەقەت تاماكا دۆۋىلەنگەن بىر تەخسە بىلەن كۈلدان ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان بالا تەخسىدىن ئىككىسىلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قاش – قاپاقلىرى تۈزۈلگەن هالدا، كۆك پەۋەز ئارىلاشتۇرۇلغان

ئاچچىق تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ چەككەچ چاۋارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشاۋاتاتتى:

خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىغان ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ھەم مۇشۇ باھانىدا ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش، قۇلىقىنى بۇراش، ئۇلارغا ئىززىتقۇ سۆيىنى ئىچۈرۈش ئۈچۈن چاۋار ئىككى كۈن ئالدىدا 3 ـ ئەترەت باشلىقى روزى كاتاڭ بىلەن كۆرۈشتى. گەپ ئارىلىقىدا زۇلالنىڭ بىر خالتا ئاق ئۇغۇت ئەكىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان چاۋار سۈرۈشتە قىلغان ئىدى. كامالنىڭ بۇ چاقىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەترەت باشلىقلىرىغا، دېھقانلارغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكى ئاشكارىلاندى. بۇ كامال ئۈچۈن ئىستىقبال يولى بولغىنى بىلەن چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار ئۈچۈن زاۋاللىق ئىدى! قولاقلىرىغا ھەرىلەر كىرىۋالغاندەك ۋاڭشىپ كەتكەن چاۋار بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىرقانچە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى. ئۇ، كامالنىڭ، دېھقانلارنىڭ، باللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇۋاتقانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يوللايدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار قارماقلارنى تاشلاپ، دېھقانلاردىن تېخىمۇ ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ئېرىشتى:

ــ سىلەرنى چاقىرتىپ كېلىشىم مانا مۇشۇ ۋەجىدىن بولدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ــ ھۆم ماقۇلە، ــ مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ــ كامالنىڭ «سىلەرنىڭ مۇشۇنداق ھاشار ـ سەيسەڭلەردىن جاق تويدۇم» دېگىنى بىكار ئەمەسكەندە.

ــ ئۇنداقتا، ــ ئىگەمبەردى قورقىقاندەك قىلاتتى، ــ بىز بەرگەن ئاق ئوغۇتلارنى ئەترەتلەرگە ئاپىرىپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئاق ئوغۇتلا ئەمەس، ــ چاۋار شىرەگە ئۇردى، ــ بىز تاپان ھەققى دەپ بەرگەن بۇغداي، قوناق، ئارپا، ياغلىق دان،

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

قۇرۇق يەل ـ يېمىش، يۇتقان ـ كۆرپە، كىگىزلەرگىچە ھەممىنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ.

ــــ بەك چاتاق بوپتۇ، ــــ دېدى ئىگەمبەردى ئەنسىزلىك بىلەن، ــــ ئۇ بىزنىڭ ئاچچىق ئۇچەيلىرىمىزگىچە بىلىدۇ. ئەڭ خەتەرلىكى بۇ قېتىم ھېلىقى ۋاڭ جۇيجاڭ دېگەننىڭ بىزنى قۇتقۇزۇپ چىقىشى بولدى. ئۇ كامالدىن نەچچە يىللىق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي قالارمۇ؟ ۋاڭ دېگىنى ناھىيە رەھبەرلىرىگىمۇ دەپ بولغاندۇ؟

ــــ توختاڭلار! ــــ چاۋار قولىنى كۆتۈردى، ــــ ۋاڭنىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشى كامالنىڭ بىزنىڭ سولانغىنىمىزنى بىلمەسلىكى، ئۇنىڭ كېرىم مۇدىرنى ھىيلە ئىشلىتىپ ئېلىپ كەلگەنلىكى ··· نىڭ ھەممىسى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن.

ــــ ئۇ كېرىم مۇدىرغا قانداق ھىيلە ئىشلىتىپتۇ؟ ــــ ئىگەمبەردى ئىشەنمىگەندەك ئەلپازدا سورىدى.

ــــ كېرەم مۇدىر ئەسلىدە سولاقخانىغا بېرىشنى رەت قىلغانىكەن، ــــ چاۋار كېرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن رەت قىلغانلىقىنى سىرىنى دېيىشكە تىلى بارمىدى، ــــ لېكىن كامال: «سىز ئىگە بولمىسىڭىز، ئۇلارنى ساقچى ئىدارىسى ئېلىپ كېتىپ ئەنزە تۇرغۇزىدىكەن» دەپتۇ، تېخى يەنە: «چاۋار سىزنى تونۇشۇم، ئاغىنەم، بۇرادىرىم دەپ ھەممىلا ئادەمگە سۆزلەپ نامىڭىزنى ساتتى. كېرەم مۇدىر ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى ھەرقايسىڭنى ئاق قىلىدۇ، كۆك قىلىدۇ» دەپ سىزنى سېستىتى دەپتۇ. شۇڭا كېرەم مۇدىر سولاقخانىغا كىرە ـ كىرمەي چالۋاقاپ كەتكەن گەپ. مەن سولاقخانىدا ئون كۈن يېتىش جەريانىدا، كېرەم مۇدىرنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ ئېغىزىغا ئالمىغان تۇرسام، ئىگەمبەردى ئۆزلىرى «كېرەم مۇدىرغا» دەيلى دېگەن، مەن قوشۇلمىغان ئىدىمۇ.

ــــ بۇ ··· بۇ··· ــــ ئىگەمبەردى زادىلا ئىشەنمىدى، ــــ بۇ

گەپلەرنى نەدىن ئاڭلاپ قاللا؟

— نەدىن ئاڭلىغانلىقىم مۇھىم ئەمەس، — چاۋار دېيىشنى قەتئىي رەت قىلدى، — مۇھىمى كامال بىلەن ۋاڭ بىرلىشىپ بىزنى قاپقانغا دەسسەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس، ئىللا تاۋارا مۇمكىن ئەمەس، — قولىنى شىلتىدى ئىگەمبەردى، — بىز مىرزا زاغۇننىڭ دېگىدىن ئۆتتۇرا كېچىدە ماللارنى يۆتكەپ ماڭغاندا، كامال سوۋېت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتسا، بىزنىڭ نەگە كېتىپ، نەدە تۇرغىنىمىزنىمۇ بىلمىسە، شۇڭا ئۇ 7 ـ 8 كۈنگىچە بىزنى تاپالماي جىلە بولۇپ كەتكەن گەپ. ئاخىرى ئۆزىمىز چاقىرتىپ كەلمىدۇقمۇ.

— ھەي، ئىگەمبەردى، ئىگەمبەردى، — چاۋار بېشىنى چايقىدى، — سىلىنىڭ مۇشۇ گوللىقلىرى ئاخىرى باشلىرىغا چىقىدۇ.

— ھەي جېنىم ئاكىلار، — ۋارقىرىدى مەتسىدىق، — ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، كامال ھازىر ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم بولۇپ قالدى. ئۆتكەندە ئۇ: «بەش ئەترەتكە تەئەللۇق ئات ئوغۇتىنى سىلەر ئۇچۇقلار 16 خالتىدىن بۆلۈشۈپ ئاپسىلەر» دەۋاتمامدۇ. مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى.

— ئوغۇتنى ھەر يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كامال ئەپكېلىدۇ. ئۇ ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئوغۇتلارنى ھېسابلاپ بىلىۋالغان گەپ، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — ماڭىمۇ: «بىر نەچچە پۇڭ قالدۇرۇق يەرلىرى ئېچىل داستىخىنىم ئەمەستۇ··· » دەپ سېسىق گەپ قىلدى ئەمەسمۇ.

— مېنىڭمۇ ئېسىمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — ئىگەمبەردى ئۆلارغا ئېگىشتى، — ئۇ بىر كۈنى «بۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نامراتلارغا بېرىلىدىغان نەرسىلەر تۇرسا، نومۇس قىلساڭلار بولمامدۇ؟» دەپ گۈركىرىدى.

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

— سىلىمۇ يوتقان - كۆرپىلەرنى ساتتۇرۇپ قاملاشمىغان ئىش قىلدىلا، — چاۋار ئىككىسىگە ئېگىشتى، — بىر - ئىككى قېتىم بولدى ئۇنى سودىلىقتا سالمىدۇق. ئەمدى بولدى قىلايلى.

ئىگەمبەردى «مېنىڭمۇ نەچچە ئامبار ئاشلىقىم بولسا، نېمە قىلىمەن يوتقان - كۆرپە سېتىپ» دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن بىردىنلا قورسىقى تولغاپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىدا قورسىقىنى مۇجۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، چىرايى يامغۇردا قالغان قەغەزدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاۋارنىڭ «قولچىراغ لازىممۇ؟» دېگەن گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي، ئايىغىنى كىيدى - دە، تالاغا يۈگۈردى. ھاجەتخانا ھويلىنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدا بولۇپ، باغ ئىچىدىكى يول بىلەن بارغىلى بولاتتى. قۇرۇق تولغاق بىردەم - بىردەم مۇجۇپ - مۇجۇپ تۇتۇپ تۇرغاچقا ئىگەمبەردى ھاجەتخانىغا ئىككى قېتىم كىرىپ خۇددى بىر نېمىسى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك يەنە كىرىپ ئولتۇردى. ھاجەتخانىنىڭ ئالدى تېمى بولمىغاچقا بۈك - باراقسانلىق باغ، ھەتتا ئۇ چەتتىكى پاسىل تامغا يانداپ سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ئامبارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىگەمبەردى شاخ - يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا «يالت» تىسدە يېنىپ ئۆچكەن غۇۋا يورۇقنى چېلىقتۇرۇپ قالدى. بۇ يورۇق باغنىڭ ئۇ چەت بۇلۇڭىدىكى ئامبار دېرىزىسىدىن كۆرۈنگەنىدى. چاۋارنىڭ دېيىشىچە خوتۇنى ئوغۇلخان مەتسىدىقنىڭ خوتۇنى سائادەتنىڭ ئۆيىگە كەتكەن تۇرسا، ئۇلار شىرە تۇغقانلاردىن بولغاچقا پات - پات بېرىش - كېلىش قىلاتتى. چاۋارنىڭ نە قىزى ياكى ئوغلى بولمىسا شۇنداق ئىكەن، ئامبارنى يورۇتقان زادى كىمدۇ؟

ئىگەمبەردىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، جىممىدە بولۇپ قېلىشى دېرىزىدىن يەنە «لاپلا» قىلىپ يورۇق كۆرۈنۈپ خېلىغىچە ئۆچمىدى. قورقۇش ۋە خەتەردىن قىزىقىش ئۈستۈن كەلگەن ئىگەمبەردى تام تۈۋى بىلەن ئاستا ئېگىشىپ، دېرىزە تۈۋىگە

كەلدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا دېرىزىگە قارىشى بىر قارا كۆلەڭگە سەرەڭگە چاقتى. ئامبار ئىچىدە تورۇس بىلەن تەڭ بېسىۋېتىلگەن تاغارلار ناھايىتى ئېنىق كۆرۈندى. قارا كۆلەڭگە تاغارلارنى ساناپ بارماقلىرىنى پۇكۇۋاتاتتى. ۋاي خۇدايىم. ئۇ ··· ئۇ ··· يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى خاس خادىم نەسرۇللاغۇ ··· توغرا چاۋار كېرەم توغرۇلۇق خەۋەرنى شۇنىڭدىن ئاڭلىماي قالامتى. قارا بۇ چايانىڭ يامانلىقىنى، بىزنى «ئەمدى بولدى قىلايلى» دەيدۇ. لېكىن ئامباردىكى ئاشلىقىغا خېرىدار تېپىش ئۈچۈن نەسرۇللانى چاقىرتقانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ. ئۇلار بۈگۈن بۇ ئاشلىقلار ھەققىدە چوقۇم مەسلىھەتلىشىدۇ.

ئىگەمبەردى ھېچنېمىنى كۆرمىگەن، بىلمىگەن بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى. چاۋار ۋە مەتسىدىق ئۇنى «چوقۇم زىيان قىلىدىغان، سوغۇق مىزاج مەزلۇمىنىڭ قېشىغا بېرىپ سالغان گەپ» دەپ ھەزىل قىلىشتى. ئۇلار بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن، يەنە شىرە ئەتراپىغا يىغىلىشتى.

— ئىگەمبەردىكا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن خەۋەر يوقمۇ؟

— مەتسىدىق ئۇكا ئەنسىرىمە، ھازىر ناھىيىدە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. يىغىن تۈگىگەندە قارار قىلارمىش.

— شۇ چاققىچە كامالنى كۆزدىن نېرى قىلغىلى بولماسمۇ، — دېدى چاۋار پەس ئاۋازدا، — ئۇ بىز ئۈچۈن بىر ئاپەت بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئىلىنگۈدەك بىرەر خاتالىقى بولمىسا، قانداقمۇ كۆزدىن نېرى قىلغىلى بولسۇن.

— مېنىڭچە «ئەترەتلەرگە بىردىن ئات سېتىۋال» دەپ مۇز داۋان ئارقىلىق تاغ ئارقىسىغا ئەۋەتەيلى.

— چاۋاركا، ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، — مەتسىدىق مەسخىرىلىك كۈلدى، — ئات سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاز پۇل

كەتمەيدۇ، جۇمۇلۇك.

ــ ئەترەتلەردىن بىرەر ئاتقا تۇشلۇق پۇل چىقماسمۇ؟ ــ ئىگەمبەردى مەتىسىدىققا قارىدى، ــ كەنت بوغالتىرى بولغاندىن كېيىن خەۋىرىڭدە باردۇ؟

ــ ھەممىنى كەنت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋالغان تۇرساق، ھازىر ئۇلاردا ئىسسىق جان بار. بۇ توغرۇلۇق ئەترەت باشلىقلىرى خېلى بەك قايىنمىدىمۇ.

كەنتنىڭ بۇ ئۈچ ئاتامانى نېمە دېيىشنى، قانداق قىلارىنى بىلمەي بىر پەس جىمىپ قېلىشتى. كامالنى يىراقىقا ئەۋەتىپ كۆزدىن نېرى قىلايلى، دېسە ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. بىرەر خاتالىقنى باھانە قىلىپ «تىلىسنى باغلاش» ياكى سولىتىۋېتىش ئۈچۈن كامالدىن ھېچقانداق جىنايەت ئەمەس، ئادەتتىكى نۇقسانمۇ تاپالمىدى.

ــ ھەي، مەن كامال توغرۇلۇق بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ، ــ دېدى مەتىسىدىق ئاستاغىنا، ــ ئۇ بىر خەنزۇ قىزنى ئۆيىگە نىكاھسىز ئەكىرىۋاپتۇدەك...

ــ نېمە؟ ــ ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، ــ مەن بۇنداق ئىشنى ئاڭلىمىدىمغۇ؟

ــ ئەترەتلەرگە چۈشمىسە، دېھقانلار بىلەن ئەسرا بولمىسا، چاۋار ئاچچىقى بىلەن، ــ ئاشۇنداق ھەممىدىن غاپىل قالىدىغان گەپ.

ــ بىزنىڭ خوتۇن ئەزالار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ، ــ ئىگەمبەردى غۇدۇڭشىپ قويدى، ــ ئەجەب بۇ توغرىسىدا مۆرەپمۇ قويمىدى.

ــ ئىساخان ئاچام ئەلۋەتتە دېمەيدۇ، ــ مەتىسىدىق كۈلدى، ــ چۈنكى سىلىنىڭ ھەممىلا نەرسىنىڭ تۈز ـ تەمىنى تېتىيمەن، دەپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەتلىرىنى بىلىدۇ ـ دە.

ــ مەن ... مەن ئەتىلا بېرىپ تەكشۈرىمەن ... ــ

ئىگەمبەردىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۇ خەنزۇنىڭ سىنىپىي تەركىبى، سىياسىي قىياپىتى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالى، جازالانغان، قالپاق كىيگەنلەر بارمۇ - يوق. قولىدا ئىسپات - تونۇشتۇرۇشلىرى تولۇقمۇ، تەكشۈرمەي بولمايدۇ.

— بولمايدۇ، — چاۋار ئالايدى، — بىر مەزگىل ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلى، مانا بۇ ساپاق بىز تۇتالمايۋاتقان ساپاق! ئۇلار ئىش تېرىسۇن، بولسا ئۇ قىزنىڭ قورسىقىدا قالسۇن… ئۇ چاغدا ساپاقنى قويۇۋەتمەي سورىساق كامال ئۆزلۈكىدىنلا ئورىغا چۈشىدۇ.

— توغرا، — مەتسىدىق بېشىنى گىلدىڭلاتتى، — ئاشۇ قىز ئارقىلىق كامالغا «باسقۇنچى»، «پاھىشىۋاز»، «ئىستىلىدا چىرىكلەشكەن ئۇنسۇر» دېگەندەك تاراڭغۇلارنى ئارتىپ قويغىلى بولىدۇ.

— قانۇندا ئېغىر جىنايەت، دىنىي مىزانلاردا كەچۈرگۈسىز گۇناھ نېمە بىلەمسىلەر؟ — چاۋارنىڭ كۆزلىرى يالتىرىدى، — «نىكاھسىز بالا تاپقان»، «نىكاھسىز بىر قىزنى ئۆيىگە ئەكىرىۋالغان» دېگەن مۇشۇ ئىككى ئېغىز گەپ، قانۇنغىمۇ ياتىدۇ. ئۇندىن قالسا دېھقانلارنىڭ كاللىسىدىن زىبىسىز ئۆتمەيدۇ. بۇنداق ئىشنى قىلغانلارنى «كاپىر» دېيىشىدۇ.

— ئەگەر ئۇ كېلىپ «نوپۇسقا ئېلىپ بەر» ياكى «توي خېتىغا تونۇشتۇرۇش قىلىپ بەر» دەپ تۇرۇۋالسىچۇ؟ — ئىگەمبەردى ھەر ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى، — ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— توي خېتىغا تونۇشتۇرۇش قىلىپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. توي خېتى دېمەكلىك ھۆكۈمەت نەزىرىدە قانۇنلۇق «ئەر - خوتۇن» دېمەكلىك بولىدۇ.

— ئەگەر كامال «توي خېتى» ئىشىدا چىڭ تۇرۇۋالسا، —

دېدى مەتسىدىق بىلەرمەنلىك بىلەن، — «قىزنىڭ تېگى ـ تەكتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايمىز···» دەپ كەنت تەشكىلىگە ئەكېلىپ سولاپ قويۇش كېرەك.

— مەتسىدىقنىڭ دېگىنى توغرا، — چاۋار بېشىنى لىڭشىتتى، — مانا بۇ يولۋاسنى قېقىتىپ ئۆۋىسىدىن چىقىرىش دېيىلىدۇ، غەزەپكە كەلگەن كامال چوقۇم بىر ئىش تېرىيدۇ.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق خۇددى تەقۋادار تېيىقسىمى پوق سوپۇملاردەك ئىگەمبەردىگە پەند ـ نەسىھەت، دىنىي پەتىۋالاردىن بىر مۇنچە «ساۋاق» بەرگەندىن كېيىن تارقاشتى. ئۇنىڭسىزمۇ چاۋارنىڭ بىر كۆزى دېرىزە ئارقىلىق ھويلىدا قالغانىدى.

چاۋار ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قويۇپ، ئالدىراپلا كىرىپ كەتتى. ئىگەمبەردىنىڭ كۆڭلى باغنىڭ بولۇڭىدىكى ئامبار ئۆي ھەم نەسرۇللادا قالغاچقا، ئۇ مەتسىدىققا:

— قورسىقىم يەنە ئاغرىپ كەتتى، سەن ماڭغاچ تۇرغىن، — دەپ ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ باغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. تامغا قۇلاق يېقىپ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭلاردىن باشقىسىنى ئاڭلىيالمىغان ئىگەمبەردى دوڭغاق سۆگەت ئارقىلىق ئامبار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئاستا ئۆمىلەپ ئۆگزە قىرىغا يېقىنلاشتى. ئامبار ئالدىدا چاۋار بىلەن نەسرۇللا پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. كېچە تولىمۇ جىمجىت بولۇپ، شاخ ـ يوپۇرماقلارنى شىلدىرلاتقۇدەك شامالمۇ بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— ئۇلار بىلەن گەپلىرى ئەجەب تۈگىمەي كەتتا، — نەسرۇللا ئاچچىقلاپ قالغانىدى، — مېنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، بۈگۈن ئۇلارنى چاقىرىۋالغانلىقلىرىنى كۆرمەمدىغان.

— سىلىنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىرىدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا···

— بولدى، بولدى، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — نەسرۇللا

قول سىلكىدى، ـــ مەن دېگەن باھاغا كۆنەملا ياكى كېتەمەنمۇ؟

ـــ بوپتۇ، باھاسى سىلى دېگەندەك بولسا، ئۆزلىرىگىمۇ خېلىلا نەپ قالغۇدەك، ـــ دېدى چاۋار ئۇنىڭغا تاماكا سۇنۇۋېتىپ، ـــ ئەمدى بۇنى قاچان يۆتكەپ ئېلىپ كەتمەكچى؟

ـــ مۇشۇ ئىشتا بىر تەلىپىم بار، ـــ نەسرۇللا تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، ـــ ئۆزلىرى قۇمتام كەنتىدە «قاشقىلىق» بولۇپ قالدىلا، ھەممىسىنىڭ كۆزى سىلىدە، شۇڭا ئاشلىقنى ھويلىلىرىدىن يۆتكەشنى خالىمايمەن ھەم خەتەرلىك. بۇ سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ پايدىلىق.

ـــ ئۇنداقتا؟

ـــ سىلىنىڭ ئېشەك ھارۋىلىرى ۋە ئۇلاغلىرى بولغاندىن كېيىن «قىر» دەرياسى ئېچىدە بىر چاتقاللىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ يەرگە يۆتكەپ بەرسىلە ـ قانداق؟

ـــ بولىدۇ، ئېتىممۇ، ھارۋاممۇ، يارام ئېشىكىممۇ بار، ھابىل ئىككىمىز توشۇپ بېرەيلى، ـــ دېدى چاۋار، ـــ يۆتكىگەندە ئۆزلىرى بىللە كېلەملا؟

ـــ ياق، ئۆزلىرىمۇ نەق مەيداندا تۇرمىسىلا، پەقەت يىراقتىن كۆزەتسىلە بولىدۇ. مەن ئەۋەتكەن ئادەملەر سىلىنىمۇ، مېنىمۇ تونۇمايدۇ ھەم كۆرمىگەن ... لېكىن پۇلنى ئاشلىق رەۋەندىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئالىدىلا، ئۇقتىلىما بۈگۈن دۈشەنبە، ـــ نەسرۇللا بارماقلىرىنى پۈكتى، ـــ پەيشەنبە كۈنى كېچە بولسۇن. شۇ چاققىچە ھارۋا ۋە ئادەملەرنى ۋاستىلىك تەييارلاپ بولىمەن.

ـــ ئۆزلىرى قول تىقمايدىكەندىلىدە.

نەسرۇللا ئۈندىمىدى، لېكىن ئالىيسپ قويدى.

چاۋار ئەتىسى سەھەردىلا كەنت تەشكىلىگە باردى. بۈگۈن ئەزالارنىڭ ئالدىنقى ئايلىق ئاشلىق نورمىسى ئاخىرلىشىپ، يېڭى ئايلىق نورمىسىنى ئالىدىغان كۈن بولغاچقا، ئامبار ئىچى بەك

بىسىق بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ بالدۇرراق كېلىپ ئامبار ئىچىنى سۈپۈرۈپ، رەتلەپ، تارازا، كەمچەنلەرنى تەكشۈرۈپ، تىزىملاش دەپتەرلىرىنى ئالدىن تەييارلىۋالدى. تەييارلىق ئىشلىرى تۈگىمەيلا دېھقانلار خالتا، تاغار، مايلىق قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار بىردەمدىلا تىزىلىپ ئۇزۇن بىر قاتار بولدى. ئەزالارنىڭ ئالدى ئاشلىق نورمىلىرىنى ئېلىپ قايتقىچە ھويلىدا تۈرۈپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ قاتىرى دەرۋازا ئالدىغىچە باردى. چۈشتىن بۇرۇن ئاشلىق نورمىسىنى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن كامال ئۆيگە قايتىپ كەتتى. ئىگەمبەردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆيگە ماڭدى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئامبارغا پەيدا بولدى ـ دە، قاتار ئارقىسىغا كېلىپ ئۆچىرەتتە تۇردى. ئىگەمبەردى ئۆچىرەتتە ئۇزۇن تۇرمايلا ئامبار ئىچىگە كىرىپ چاۋارغا ياردەملەشتى. بۇ يەردە مەتسىدىق ۋە ھابىللارمۇ ئاق ئاش، قارا ئاشلارنى تارتىپ، مايلارنى كەمچەنلەپ بېرىۋاتاتتى. كۈن قىيىلىش بىلەن نورمىسىنى ئالغان كامال ئۆيگە قايتىپ كەلدى. لەيلى ئۇنىڭ ئاپئاق بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ قاققان ئىدى، يەرگە تىرناقتەك قاتلانغان قەغەز يەرگە چۈشتى. ئەزەلدىن يانچۇقىدا قەغەز ساقلىمايدىغان كامال ئۈنى ئېچىپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەيران بولغىنىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قەغەزگە: «پەيشەنبە كېچىدە قۇمتاملىقنىڭ نۇرغۇن ئاشلىقى قۇمچاقارغا يۆتكىلىدۇ···» دېگەن بىر قۇرلا خەت يېزىلغان ئىدى. كامالنىڭ خەتنى ئوقۇپلا چىرايىنىڭ غەلىتە ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ كەتكەن لەيلى دەرھاللا سورىغان ئىدى، كامالمۇ خەت مەزمۇنىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردى.

ــ بۇ ··· بەك مۇھىم گەپكەن، ــ دېدى لەيلى ئەندىككەن ھالدا، ــ سىز ھېلىقى ھاشىم گۇڭ دېگەن پېشقەدەم شۇجىغا كۆرسىتىڭ. لېكىن، ھەرقانچە يېقىن كىشىلىرىڭىزگىمۇ خەت

توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماڭ.

كامال تەييار بولۇپ قالغان تاماقنىمۇ قارىماي «قوغۇنچى» مەھەللىسىگە جىددىيلەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كەڭ، ئازادە ئانارلىق ھويلىغا كىرگەندە ھاشىمنىڭ ئايالى جەننەتخان، كەچكىچە ئانار تۈپلىرىنى ئوغۇتلىغان ئېرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ كامالنى كۆرۈپلا خوتۇنىنىڭ قولىدىكى خام لۆڭگىنى ئالدى ـ دە، يۈز ـ قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆيىگە باشلىدى. جەننەتخان داستىخان سېلىپ چاي قىلماقچى بولىۋېدى، كامال ھازىرلا ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىر قىسما تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھاشىم خوتۇنىنى شەرەت بىلەن سىرتقا چىقىرىۋەتتى. ئۇ، لەيلىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۇنى مىنىبەگلار تۇتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئەمما كامال ھېچنېمە دېمەيلا، ئىككىلىك قەغەزنى چىقىرىپ ھاشىمغا تۇتقازدى. خەت مەزمۇنىنىڭ ئۇرانىغا يەتكەن بۇ پېشقەدەم شۇجىنىڭ قويۇق ئەمما چار قاشلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، كىرپىكسىز چوڭ كۆزلىرى قەيەرگىدۇر قادىلىپ قالدى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ھاشىم تەمكىن، ئىشتا پىشقان ئادەم بولۇپ، بىر ئىشلارغا ئاسان چىچىلىپ كەتمەيدىغان، ئالدىراپ ـ تىنەپ كۆزقارىشىنى بايان قىلمايدىغان، كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق، سالماقلىقى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ خەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى گۇماننى ئوتتۇرىغا قويدى:

— مېنىڭچە بۇ ئىگەمبەردىنىڭ خېتى بولۇشى مۇمكىن.

— ئىگەمبەردىنىڭ توخۇ پاچىقىدەك قوپال خېتى ماڭا بەشقولىدەك ئايان، — دېدى كامال دەرھاللا رەت قىلىپ، — بۇ دېگەن چۇمۇلىنى سىياھقا چىلاپ قويۇپ بەرگەندەك سۈۋاشما ھەم ئۇششاق تۇرسا.

— بەلكىم بالىلىرىنىڭ بىرەرسىگە يازدۇرغاندۇ.

— مەن گاراڭلا بولۇپ قالدىم، — كامالمۇ ئىنىق بىر ئۇقۇمغا كېلەلمىگەن ئىدى، — مەن ئاشلىق نورمىغا ئۆچىرەتتە تۇرغىنىمدا ئىگەمبەردى يېنىمدا كۆپ تۇرمايلا ئامبار ئىچىگە كىرىپ كەتكەن تۇرسا.

— كامال سەن ئەتە ئەتىگەندە زۇلالنىڭ ئۆيىگە كەل، شۇ يەردە بىر نەچچىمىز بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى.

— بولىدۇ، — كامال ئورنىدىن تۇردى، — ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كەلسەم بولا؟

— توختا، — ھاشىمنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىيلەشتى، — ھەي، لەيلى دېگەن قىز بىلەن چاتاقلاشما بولامدا؟ باشقىلار سەندىن قۇسۇر تاپالماي تۇرغىنىدا ئۇلارنىڭ كولىغان ئورىسىغا پۇت ساڭگىلىتىپ بەرمە. كېچىلىرى قازناق ئۆيىگىمۇ كىرمە.

— ما ··· ماقۇل.

پۈتۈن تېنى بىردىنلا ئوت بولۇپ يانغان كامال بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «مەن ··· مەن نېمە قىلىپ قويدۇم···» دەپ ئۈنلۈك تولۇۋەتتى. ھېلىمۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا ئەتراپتا ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى ئەنسىرەشلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. «يامىنى كەلسە ئانامنى، لەيلىنى ئېلىپ شەھەرگە كېتىمەن» دېگەنلىرىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن چىققان گەپلەر ئىكەنلىكى ئېنىق! مانا ئەمدى تېرىق پاتمىغان كېلىمغا ئات كاللىسى غولدۇر - غۇپ دېگەندەك لەيلىنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى ھەممە دىشۋارچىلىقنىڭ ئانىسى! بالايىئاپەتنىڭ ئاچقۇچى ئىدى! يېزىغا چۈشكەن كادىرلار بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاددىيسى يېزا ياشلىرى بولسۇن قىز - چوكانلارغا چاقچاق قىلىپ قويغانلىقى، ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى تۇتۇپ ئويناشقانلىقى، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سۆيۈۋالماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشلارمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ: «ئىستىلى بۇزۇق»،

«تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن»، «بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سېسىق ئىدىيىسى چىرمىۋالغان» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن جازالانغانلار ئازمۇ؟ مۇشۇنداق قىپقىزىل دەۋر بىلەن ھېسابلاشماي، ئاشۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئاز! خوپ بوپتۇ! ···ئەمدى كامالغا ئوخشاش بىلىپ ـ بىلمەي بالا تېپىپ قويغانلار بولسا، ئەلھۆكمىلىللا دەپ ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭماقتىن باشقا چارە يوق!

يىلتىزسىز غەم، تىزگىنسىز ۋەھىمە ئاستىدا قالغان كامال ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشى لەيلى داستىخان سېلىپ ئارپا كۆمىچى بىلەن بىر جامدا ئۇگرە ئېلىپ كەلدى. كامال ئاش ئىچمۇېتىپ، لەيلىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى. پەقەت: «ئوخشاپتىمۇ؟» ياكى «كۆمەچنى چىلاۋەرمەڭ، قازاندا ئاش بار» دېگەنلىرىدە ئۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا لەيلىگە كۆلۈپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ غەيرىي ھالىتىدىن گۇمانلانغان لەيلى نېمە بولغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ: «كەچۈرۈڭ، چارچاپ قاپتىمەن» دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كېچىچە ئەندىشە، كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران ـ چاپقۇن، لەيلىنىڭ يامان كۆنلەرگە قېلىشى قاتارلىقلارنى ئويلاپ ئۇخلالمىغان كامال ئەتىسى قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزارغان، ئۆزى خامۇش ھالدا ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلدى. خۇددى كۆتۈرەلمىسەڭ، ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك، لەيلىنىڭ قورۇما قورۇۋېتىپ «ھۆ··· » بولۇپ كەتكەن كۈنىدىن باشلاپ، موماينىڭ «ئاھ ـ ئۇھ··· » لىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. نېۋىخان قىزغا ئىشارەت قىلىپ سورىسۇدى. لەيلى بىگىز بارمىقىنى چىقىرىپ «بىر ئاي بولدى» دېگەننى ئۇقتۇردى. ئەمدى كامالغا كايىغاننىڭ پايدىسى نېمە؟ سۇ كەلگىچە تۇغان سالمىغان گۇناھ ئۆزىدە تۇرسا ··· بولىدى، چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس دېگەن گەپ بارغۇ···

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

نېۋىخان، چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ مىچچىدە ياش تۆكتى. ھازىر ۋەھىمىلىك ئوي - خىياللار كامالنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ ئۆزىنى بەزلىگۇدەك، ئۇمىد چوغلىرىنى پۇۋلىگۇدەك بىرەر تەسەللى تاپالماي، زۇلالنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى ... دەرۋازىنىڭ تاراقلىغان شەپىسىنى ئاڭلىغان زۇلال ئۆيدىن ئوخچۇپ چىققانچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى قىرقىپ قويغاندەك تەڭ بولۇپ، زۇلالنىڭ چوڭ كۆزلىرى بىلەن قاڭشارلىق بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۇرمۇشتا خېلىلا ئېپى بار يىگىت بولغاچقا، ھەر ھەپتىدە يېزىلىق ئازنە بازاردا بادرا، ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرى، مېۋە - چېۋە ۋە ئۆزى توقۇغان خام، سەگەز، خۇرجۇنلارنى سېتىپ تۇرغاچقا ھال - كۈنى ئوبدان ئىدى. كامال گىلەم ۋە گۈللۈك كىگىزلەر سېلىنغان مېھمانخانىغا كىرىپلا ھاشىم، كېرەم موللا، ياربەختى، مەتنىيازلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئايشەم، كامالەتلەرگە سۈسقىنا تەزىم قىلىپ قويدى. ئۇلار شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ، شىرە ئۈستىدىكى تەكە ۋە بالدۇر پىشىدىغان مەغەز ئالمىلارنى يېگەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۈگۈنكى يىغىن قەتئىي مەخپىي بولغاچقا، زۇلال خوتۇنى رەيھان، بىر ياشلىق ئوغلى ئەنۋەرنى قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتكەندەك قىلاتتى.

— خەتنىڭ مەزمۇنىنى ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار، — دېدى ھاشىم «تىنچ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ توغرۇلۇق مۇشۇ يەردىكىلەرلا بىلىشكە بولىدۇكى خوتۇن، بالا - چاقا، ئاتا - ئانا، قېرىنداش - تۇغقانلارغىمۇ ئېيتىشقا بولمايدۇ. كىمكى پەيشەنبە كۈنگىچە ئېغىزىنى يىغالمىسا، ئۇنى ھازىردىن باشلاپ بىر ئۆيگە سولىۋېتىپ، قاراۋۇل قويساق بولىدۇ.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. لېكىن ھاشىم قاپىقىنى

تۇرگەن هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خەتنى يازغان ئادەمنىڭ ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىنىنىڭ ئۆزى بىر سىر، — ھاشىم ھەممىگە تەكشى قارىدى، — مېنىڭ تەھلىلىمچە ئاشلىق ساتىدىغان ئادەم قۇمتاملىق بولغان تەقدىردىمۇ، يۆتكەپ ئېلىپ كېتىدىغان ئادەم بەلكى خېلىلا چوڭ ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىزنى ئاگاھلاندۇرغۇچى قاتتىق ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلغان.

— ئاشۇ ساتقۇچى ھەم ئالغۇچى تۇزكور مۇناپىقلارنى، — ياربەختى قوللىرىنى شىلتىدى، — تۇتۇۋېلىپ خەلقئالەم ئالدىدا راسا بىر سازايى قىلساق ··· دەردىمىز چىقاتتى.

— ياربەختىكا كىچىك بالىدەك تەنتەكلىك قىلماڭا، — دېدى كامالەت كۆزىدە ئۇرۇپ، — ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن كەلتۈرۈپ سالىدۇ ھەر باب بىلەن، دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟

— مېنىڭ پىشمىغان ئويۇم مۇنداق، — دېدى كامال، — ئاشلىقنى يۆتكىگىلى كېلىدىغان ھېلىقى كاتتام بىلەن ساتقۇچى نەق مەيدانغا كېلىشى ناتايىن، ئۇلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى ۋاستىلىق ئىش قىلىپ، ئادەم سالىدۇ. ئاشۇ ئادەملەرگىمۇ قانداق شارائىتتا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاشلىق يۆتكىگىلى كەلگەنلەرنى پوپالڭ كۆتۈرۈپ قاچۇرۇۋېتىشكە بولىدۇكى تۇتۇۋېلىش كويىدا بولمىساق، ئۇنىڭدا ئىش چوڭىيىپ كېتىپ، ئوغرىلىقنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئۆزىمىز ئوغرى بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— توغرا، — زۇلال دەرھاللا قوشۇلدى، — مەقسىتىمىز ئاشلىقنى سالدۇرۇۋېلىش بولسۇنكى، ئوغرى تۇتۇپ قەھرىمان بولۇش ئەمەس. ئۇندىن باشقا بارىدىغانلار نىقابلىنىپ ئالساق دەيمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، — ھاشىم دەرھاللا قوشۇلدى، — يەنە بىزنىڭ قۇمتاملىق ئەمەسلىكىمىزگە ئۇلارنى ئىشەندۇرۇش

كېرەك.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئايشەم، — ئىنقابلانغۇچىلار قومچاقار تەرەپتىن ئات سالدۇرۇپ، چوقان كۆتۈرۈپ كەلسە، ئۇلار ئاشلىقنى تاشلاپ قىر دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە ياكى يۇقىرىسىغا قاچىدۇ. بىز ئۇلارنى ئۇركۇتۇپ كەنت، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈۋېتىشىمىز كېرەك.

— ئەمىسە، — ھاشىم ھەممىسىگە قارىدى، — ئايشەم بىلەن كامالەتتىن باشقا ئالتە ئەر ئاتلانساق بولىدۇ.

— ياق، — ۋارقىرىدى ئايشەم، — مەن كامالەت بىلەن دېيىشىپ بولدۇم، بىزمۇ ئەرەنچە ياسىنىپ ئىنقابلىنىپ چىقىمىز.

— ئات ئۇستىدە تېيىلىپ ئولتۇرالماي قالارسىلەرمىكىن، — مەتنىياز چاقچاق قىلدى.

— ئېگەرگە تاقىشىپ قالىدىغان ئەرسىمىز يوق، مەزمۇت يەملەپ ئولتۇرۇمىز…

ئايشەمنىڭ نەق جاۋابى قىيىقاس - چوقان كۆتۈرۈۋەتتى. يېگىلگىنىگە تەن بەرمىگەن مەتنىياز چاقچىقىنى يەنە ئۇلىدى:

— سىرتىڭلار ئەرەنچە، ئاۋازىڭلار دۇتارنىڭ تارىدەك، قاملاشماسمىكى.

— ئاغزىمىزغا ئىككى تال گۇلىقاق سېلىۋالارمىز، — كامالەتنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ھەممىنى كۇلدۇرۇۋەتتى.

— ئاغىنىلەر، كۆپرەك بولساق، قومچاقارنىڭ مىڭبېگىلىرىكەن دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىمىز، قانداق دېدىم.

— كېرەم موللىنىڭ دېگىنىمۇ بىر ھېسابتا توغرا، — دېدى ھاشىم، — ھە، ئەترەت باشلىقى كېرەم موللا سەن ئەترىتىڭدىكى ئىككى ئاتنى جابدۇپ ئەچىقىسەن. ئەمدى بىرىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى ئايشەم ئۆزلەچۇ؟

— مېنىڭ ئەترىتىمدە ئۈچ ئات، ئىككى ئۆكۈز بار.





— ئا··· — ياربەختى بويىنىنى تولغىدى، — ئوكۇز بىلەن ئوغرى قوغلىغىنى بولامدا؟

ھەممەيلەن بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى. كامال ئەخمەت گاچىنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ كەنتتىن ئۈچ ئات ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى دېۋىدى، ئايشەم دەرھاللا قارشى چىقتى.

— مەن قوشۇلمايمەن، ئەگەر كەنت ئېغىلىدىن ئات ئېلىپ چىققانلىق خەۋەر تارقالسا، خۇددى ئوتتۇز كۈن روزى تۇتۇپ، پوقتا ئېغىز ئاچقاندەك ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.

— ئوتتۇرا كېچىدە ھەممە كىشى يەر تىڭشاپ ئۇخلايدۇ، — دېدى كامال ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — ئەخمىتىكامغا قاتتىق جېكىلەپ قويسام، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقىلى بولمايدىغان داتلاشقان قۇلۇپ دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. لېكىن ھاشىم ئاخىرىدا «خەت» توغرۇلۇق مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاش ھەققىدە قايتا ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ھەممىسى تارقاشتى.

···پەيشەنبە كۈنى ئېغىر ئەلياتقۇ بىلەن ئاتلىقلار يالغۇز - يالغۇزدىن قىر دەرياسىنىڭ قۇمچاقار پاسىلىدىكى توغراق ئورمانلىقىغا توپلاندى. ھاشىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاماكا چېكىش، سەرەڭگە چېقىش ۋە گەپلىشىش قەتئىي مەنئى قىلىندى. ئۇلار بەللىرىدىكى پوتىلىرىنى ئېلىپ يۈزلىرىنى يۆگەپ نىقابلىدى. ئايشەم بىلەن كامالەتمۇ ئەرلەردىن پەرقسىز ھالدا ياسانغانلىقى ئۈچۈن ئاتلىقلار ئارىسىدا ئايال كىشى بارلىقىنى ھېچكىم پەرق قىلالمايتتى. بۇ ئەسنادا ھاشىم مەتنىيازنى ئايغى چاققان دەپ، ئەتراپنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى. ئارىدىن خېلىلا ۋاقىت ئۆتكەندىن ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن مەتنىياز:

— دەريا ئىچىدىكى چاتقاللىقتا ئۈچ ئادەم، ئىككى ئات

قېتىلغان رىزىنكىدا چاقلىسىق چوڭ هارۋىغا بىر نىيمىلەرنى بېسىۋاتىدۇ، — دېدى پىچىرلاپ.
ئاتلىقلار هاشىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتلىرىنى يېتىلەپ، بىر — بىرلەپ چاتقاللىق تەرەپكە يۆتكەلدى. پايانسىز يالاڭلىق قىر دەرياسى ئۈستىدە يالغۇز ئاي نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئەسىرلەردىن بېرى بۇ چەكسىز قۇملۇق ساي «قىر» دەرياسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئالتىنچى ئايدىكى كەلكۈندىلا لاي ـ لاتقىلىق سۇلار چاۋار ـ چاتقاللارنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، دېرىزە ـ ئىشىك راملىرىنى، هەتتا ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئېقىتىپ كېلەتتى. ۋەهشىي سۇ يېرتقۇچ هايۋاندەك نەرە تارتىپ بىر نەچچە هەپتە ئاققاندىن كېيىن، بارا ـ بارا تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ غايىب بولاتتى.
هاشىم يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنگەن چاتقاللىقتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. مانا ئايدىڭدا هارۋىنى كۆچەپ تارتىۋاتقان ئاتلار، قامچا شىلتىۋاتقان قاپقارا كۆلەڭگىلەر قىر دەريا سايلىقىدا خۇددى قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك مىدىرلاپ يولغا چىققان ئىدى.
— تەييارلىنىڭلار، — دېدى هاشىم پەس ئاۋازدا، — هەممىمىز ئاغزىمىزنى ئېچىۋېتىپ قاتتىق چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ بىردەك ئاتلىنىمىز! ئۇلار قاچسا قوغلايمىز، ئەمما يېتىشىۋېلىشقا بولمايدۇ.
بىردەك قامچا چۇشۇپ، تېقىم بىلەن دېۋىتىلگەن ئاتلار كىرىچتىن ئۈزۈلگەن «يا» ئوقىدەك تاپىر ـ تۇپۇر قىلىشىپ «توختا!»، «توختا دەيمەن!...»، «نەگە قېچىشىسەن» دېگەندەك قالايمىقان ئاۋازلار بىردىنلا چۆل ساينى زىلزىلىگە سالدى ... ئۈچ كۆلەڭگە ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي دەريانىڭ تۆۋىنىگە قاچتى. بىردەك هەيۋە بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلار ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دېگەندە يۈگىنى بىردەك تارتىلىپ، ئايىغى ئاستىلاپ قالاتتى. ئۈچ كۆلەڭگە ئۇزاپ كېتىشى ئات ـ تۇياقلىرىنىڭ

قاراسلىغان، گۈپۈرلىگەن ئاۋازى باشقىدىنلا ئەۋجىگە چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۈچ كۆلەڭگە قۇمچاقار يېزىسىنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىرىدا غايىب بولۇشتى. ئاتلىقلار ئۇلارنى خېلى بەك يىراقتا ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ئاشلىق بېسىلغان ھارۋا قېشىغا يېتىپ كېلىشتى. ئايشەم، كامالەتلەر تاغارلارنى ساناپ «ئىككى توننىدىن كۆپرەك ئاشلىقكەن» دېيىشتى. ھاشىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەرلەر يوغان ـ يوغان يۇلغۇن شاخلىرىنى كېسىپ كېلىپ ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا ۋە ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا باغلاشتى. شاخلار، ئات ۋە ھارۋىلارنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ يوق قىلغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ سۆرەلگەن ئىزلىرىنى قالدۇراتتى. لېكىن ئەتە سەھەردىن تارتىپ ئىككى يېزا ئوتتۇرىسىدا قاتناۋاتقان ئات، ئېشەك، كالا، قوي ۋە ئادەم ئىزلىرى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تېزەك، قومىلاقلىرى يېڭىچە بىر يولنى پەيدا قىلاتتى.

— يىگىتلەر مەن مۇشۇ يەردىلا بىر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىمەن، كۆڭلىگە خوپ كەلمىگەنلەر پىكىر قىلىساڭلار بولىدۇ، — دېدى ھاشىم كەسكىنلىك بىلەن، — ئاشلىقنى ئىككىنچى ئەترەت باشلىقى كېرەم موللا نەم تارتىپ قالمىغۇدەك يەرگە يوشۇرۇپ قويسۇن، ئەتىيازلىق ئۈزۈكچىلىك ۋاقتىدا ئەزالارنى تەمىنلەيمىز. ئاتلارنىڭ بىرسى يەنە شۇلارغا تەئەللۇق بولسۇن. يەنە بىر ئات بولسا ئايشەمنىڭ بىرىنچى ئەترىتىگە قالسۇن. كېرەم موللا سەن ھارۋىنى ئەترەت تەشكىلىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقماس يېرىگە يوشۇرۇپ، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئوت ـ سامان، پىچان ياكى پاسارلارنى دۆۋىلىۋەت، چانمىغۇدەك بولسۇن. قانداق، قوشۇلامسىلەر؟

نىقابلانغان ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك «قوشۇلىمىز» دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن ئايشەم سەل قورقۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ھاشىمكا، ئاتلارنىڭ بىرەرى مىزەممىتى بولۇپ قالماس ـ

ھە؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، دۆلەتنىڭ ئىشىنى ساتقان، ئالغان مەككارلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ ئاتلارنى سۈرۈشتە قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە كۆڭۈل توختىتالمىسىڭىز، باشقا ئەترەتلەرگە بېرىۋېتەيلى.

— مۇنۇچ نېمە دەيدىغاندۇ، بۇ ئاتنى مەن ئىلچىنىڭ بازىرىدىن سېتىۋالدىم!

— ھەببەللى مۇنداق دېمەمسىز، — ھاشىم كۈلدى، — ئەمىسە ئەترەت باشلىقلىرى كېرەم موللا، ئايشەملەرنىڭ سېتىۋالغان ئاتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن!

ھاشىمنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن يىگىتلەر «مۇبارەك بولسۇن» دەپ ۋارقىراشتى. ھاشىم ئارقىدىنلا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— يىگىتلەر بۇگۈن كېچىدىكى چۇقان ـ سۈرەن ۋە «سىرلىق خەت» ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر چۇش. كىمكى بۇ چۇشنى كۆرگەنلىكىنى باشقىلارغا سۆزلىسە ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولسۇن چۇنكى قالغانلىرىمىز بۇنداق قاباھەتلىك چۇشنى كۆرمىدۇق، كۆرۈشنى ھەم خالىمايمىز، — ھاشىم غەزەپ بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى، — ياكى كۆردۇڭلارمۇ؟

— ھېچقايسىمىز كۆرمىدۇق! چۇش ۋە سىرلىق خەتنى كۆرگۈچىلەر، ھەممە ئاقىۋەتكە ئۆزلىرى جاۋاب قىلسۇن !! — ۋارقىراشتى تۇن باتۇرلىرى.

ئۆزىنىڭ ئەمگەك نېمەتلىرىنى قوغداشتا تۇنجى غەلىبىگە ئېرىشكەن قۇمتاملىقلار خۇشال ـ خۇرام كەنتىگە قايتىشتى.

## توققۇزىنچى باب

# «خەتەرلىك ئادەم»

ئۈچ كۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاۋار خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك چىرايى سارغىيىپ، يۈزىدىكى گۆشلىرى سالپىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. خوتۇنى ئوغۇلخانىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدىن ئېلىپ كەلگەن دورىلىرىمۇ ھېچ كار قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. چاۋارنى نەدىندۇر تەگكەن كېسەل ئەمەس، بەلكى زەھەرلىك خىياللار چېقىپ كېتىۋاتاتتى. تېخى بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا شەھەردە تۇتۇلۇپ، ئەللىك چارەكتىن ئارتۇق ئاشلىق، ياغلىق دان مۇسادىرە قىلىنىپ، بازار باشقۇرۇشنىڭ تويماس «داخور كالۋا» سىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭغۇ بوپتۇلا «باش - كۆزۈمنىڭ سادىقىسى» دېسۇن. لېكىن سولاقخانىدا پىت - بۈرگىلەرگە تالىنىپ، كېچىچە ئۇخلىماي چاققىنىچۇ! بۇنى ئاز دەپ ئون كۈنگىچە تاياق يېدى، خورلاندى ··· ئىتتەك كۈچۈكلەندى ··· ھېلىقى «يۈگۈلۈق قۇرت»، «يەكچەشمە»، «كۆك كۆز» لەر «مۇنۇ بەندە ئۆلۈپ قالار» دېمەي ئۇرغانلىرىچۇ! زەھىرى بىلەن سالىدىكەن، توۋا، ئۇ خۇمسىلارنىڭ «ئادەم ئۇرۇش» خۇمارى ئوخشىمامدۇ؟ چىرقىراش، ۋارقىراش، ئىڭراشلارنى ئاڭلىغانسېرى خۇش بولۇپ كۈلۈپ كېتىدىكىنا! «توزغاق تەكىيە دىمىقتىسى» ، «سىرتماق بەلۋاغ» دېگەنلىرى ئەجەبمۇ قىيناق ئۇسۇلىكەن ··· نەپسىڭ بوغۇلۇپ كۆزلىرىڭ

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

چىقىپ كەتكۈدەك پۇلتىيىپ، تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان جان بىر كېلىپ، بىر كېتىپ تۇرىدىكەن. ئاخىرى بولالماي چىڭقىلىپ، يەل قويۇۋېتىدىغان گەپكەن. بولمىسا چاۋار ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارغا يەل قويۇپ بېرىدىغان ئادەم ئەمەس! قىيناقنىڭ يامانلىقىدىن بوغۇلۇپ «تارتتىسىدا» چىقىپ كەتتىدە! ئۇ گومىنداڭنىڭ جازالاش ئەترىتىدە ئىشلىگەن چاغلىرىدا نى ـ نى قىيناق ئۇسۇللىرىنى كۆرگەن، ئۆزى باش بولۇپ قاتناشقان. لېكىن «توزغاق تەكىيە دىمىقتىسى»، «سىرتماق بەلۋاغ» دېگەنلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەن، ۋاي بولدىلا كونىلارمۇ «قىرىق يىلدا بىر قېتىم ئېشەك ئويۇنى» دەپتىكەنغۇ. بۇ چاۋارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى قېتىملىق سىناق ··· ئۇ بۇرۇن قىيناق ئارقىلىق خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئازابلىغان، داغماللاپ كۆيدۈرگەن، بېشىنى سۇغا تىقىپ تۇنجۇقتۇرغان، ئامبۇردا تىرناقلارنى سۇغۇرۇپ تارتقان، ھەتتا ۋاقىتسىز پانىيغا ئۇزىتىپ قويغان. لېكىن بۇ سىرلىق مەخپىيەتلىكنى بىر ئۆزى، بىر خۇدا بىلىدۇ! شۇ چاغلاردا ئۇ ئازابلىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى، قىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا بۇ قېتىم تەقدىر ئۇنىڭغا ئازابلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم تونۇتتى. خورلۇقنىڭ زەرداب سۈيىنى ئىچۈردى. ئۇ تاياق زەربىدىن دەھشەتلىك ۋارقىرىغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتلۇق زەنجىرلەرگە باغلىنىپ چىرقىراۋاتقانلار، داغماللانغان كۆكرىكىدىن بۇس كۆتۈرۈلۈۋاتقانلارنىڭ ئايانچلىق نالىلىرى ئايان بولدى! شۇندىلا ئۇ — «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىغا» دېگەن ئاددىي ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. بىرىنچى قېتىملىق زىيان ۋە ئازاب تەڭرىگە تۆلىگەن بەدەل بولسۇن. لېكىن ئىككى تونىدىن ئارتۇق ئاشلىقنىڭ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتكىنى كۆتۈرۈپ قويغۇسىز چوڭ زىيانغۇ! چاۋار ئۇ ئاشلىقلارنى بىر خالتىدىن، يېرىم خالتىدىن كېچىلىرى ئۆيگە

توشۇپ، ئىشىكىگە ئارتىپ ئەكېلىپ مېنىڭ چاپادا تۇپلىغان ئەمەسمىدى! بۇ ··· بۇ نەسرۇللا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ سودا تۇرسا، قانداق قىلىپ قۇمچاقارلىقلار بىلىپ قالدى؟ ئېھتىمال ئارىغا سالغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرسى تۆزكورلۇق قىلدى. تېخى نەسرۇللا دېگەن پوۋاش: «ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسى غەممازلىق① قىلىدىغان بولسا، ئانام خوتۇنۇم بولسۇن» دەپ قەسەم قىلىشۋاتىدا. تېخى ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك «تارتقان زىيىنىمنى تۆلەپ بەرمىسەڭ، كېرەم مۇدىرغا بېرىپ ئېيتىمەن» دەيدا بۇ پۆپەكباش ئوغرى! دېسەڭ دېمەمسەن، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان چاۋار ئانىسىدىن تېخى تۇغۇلمىدى! ئۆزىنىڭ كۆتى چارەك پوق تۇرۇپ، خەقنىڭكىنى ئادالامدىكىنا···

— ئاھ، خۇدا كۆرۈۋاتامسەن بۇ كېلىشمەسلىكلەرنى، نامىزىڭنى ئۆتەۋاتسام، روزى ـ رامزانلىرىڭنى تۇتۇۋاتسام، يەنە بۇ نېمە قىلىق، — چاۋار تورۇسقا قارىغىنىچە ئېغىر خورسىندى، — شەھەردىكى زىيان، خورلۇقلار ئاز كەلگەندەك، شۇنچە كۆپ ئاشلىقنىڭ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشى، تېخى نەسرۇللا دېگەن مۇتتەھەمنىڭ نورغۇن ھەق تەلەپ قىلىشى بۇ ··· بۇ سېنىڭ ئادىللىقىڭمۇ؟

تۈنۈگۈن كېچىدە يارام ئىشەككە مىنگەن نەسرۇللا ئوغرىلىقچە باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئەسلىدە بىر چوڭ ھايانكەشكە چاۋارنىڭ ئاشلىقىنى سۆزلىشىپ، سىرتىدىن شېرىنكانە ئالغان ئىدى. ئاشلىقنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى نەسرۇللانىڭ زىممىسىدە بولغاچقا ھايانكەشنىڭ بىر ئېتىنى ئارىيەت ئالدى، يەنە بىر ئاتنى ئاغىنىسى بېرىپ تۇردى. ھارۋا بولسا قۇمچاقاردىكى بىر ئەترەتنىڭ بولۇپ، نەسرۇللا «ئانامنى شەھەردىكى دوختۇرخانىغا

① غەمماز — چېقىمچى، ئايغاقچى.

ئەكىرىمەن» دېگەچكە، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خاس خادىمىغا ئىشىنىپ ھارۋىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشتى. ئەمدى ھارۋا ـ ئاتلار يوقالغاندىن كېيىن ئىگىلىرى نەسرۇللانىڭ بوسۇغىسىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلىشتى. ئۇ: «ھارۋا، ئاتلارنى شەھەردىكى دوختۇرخانا ئالدىدىن ئوغرى ئالدى، ھازىر ساقچىلار سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئەسلىي ۋەقەدىن ئۆزىنى قاچۇردى. شۇڭا ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئەسەبىيلەرچە مېڭىپ، ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ چاۋاردىن تۆلەم تەلەپ قىلدى. ئەگەر بەرمىسە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى كېرەمگە دەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

نەسرۇللانىڭ سالغان قوقاقلىرىغا چاۋارنىڭ غېرىب مويىمۇ تەۋرەپ قويمىدى. «مەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى تۇرۇپ، ئاشلىق ھايانكەشلىكى قىلغان ئىدىم» دېيەلەمدا؟ تۇز تەمى يوق تېتىقسىزا! گېپىم بار دەپلا قىلىدىكىنا.

مانا مۇشۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن كېلىشمەسلىكلەر چاۋارنى يىقىتىپ قويدى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى قىلمىغان خىيال، كەچمىگەن جاھان قالمىدى. ياكى بۇ ئىشنى بىر كىمگە تىنغىلى بولمىسا، بىر كېچە ھابىل ۋە خوتۇنى ئوغۇلخان بىلەن قىر دەرياسى ئىچىدىكى چاتقاللىقتا ئاشلىق توشۇغىنىچۇ! ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، قاراڭغۇدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، شاخ ـ تىكەنلەر يۈز ـ قوللىرىنى قانىتىپ، كۆرمىگەن ھەلەلۇكۇمنى كۆردى. ئاڭۋاقسا خۇدانىڭ كۆرسەتكىنى ماۋۇ!

ئىشىك غىيىچ قىلىپ ئېچىلىپ چاۋارنىڭ خوتۇنى ئوغۇلخان كىرىپ كەلدى. ئۇ بەدىنى تولغان، يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك، قىرىق ياشلاردىكى خوتۇن بولۇپ، قويغان ئوسمىسى ئاق سېرىق ئۆڭگە خېلىلا ياراشقان ئىدى. سەل قوڭغۇررەڭ كەلگەن قاش ـ كىرپىكلىرى، سول مەڭزىدىكى قوناقتەك مېڭى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە لاتاپەت ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سۆرۈن

چىرايىدىن بىر خىل مەنمەنلىك ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇش خۇي ـ پېئىلى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي مۇسۇلمان، كەنت باشلىقى ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن چېغى، ھويلىدا تۇرىدۇ، — دېدى ئوغۇلخان ئىرىگە ئېگىشىپ، — قانداق قىلاي؟

— «قانداق قىلاي؟»، دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ — چاۋارنىڭ قىياق كۆزلىرى خوتۇنىغا تىكىلدى، — باشلاپلا كىرمەي، ماڭە تېز، بەمەسەل.

ئوغۇلخان ساغرىسىنى چايقاپ چىقىپ كېتىپ، ئىگەمبەردىنى باشلاپ كىردى. ئوغۇلخاننىڭ قائىدىدە يوقلا بۇ قىلىقى كەنت باشلىقىغا خېلىلا تىك كەلدى بولغاي، ئۇنىڭ «ئىلتىپاتىغا» باقمايلا كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ چاۋاردىن ھال سوراۋېتىپ، «سېنىڭمۇ ۋاي ـ دادلاپ ياتىدىغان كۈنلىرىڭ بارىكەنا» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. سارغايغان چىراي، سالپايغان يۈز، ئولتۇرۇشقان كۆزلەر، مىسقالچە مادار قالمىغان بەھەيۋەت يوغان تەنلەر ئۇنىڭ خېلىلا ئېغىر تالاپەت تارتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. كونىلار: «ئاچچىق يۈتۈش، تاغ يۈتۈش» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئەلۋەتتە زىيان دېگەن ئاچچىقتە.

— نېمە كېسەل بولغانلىرى مەلۇم ئەمەسمۇ؟ — ئىگەمبەردى رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا سورىدى، — سىلى خۇدا خالىسا، مۈڭگۈزدەك ئادەم ئىدىلە.

— تۇمۇ تەگكەن بانا بولدى، — چاۋار يالغان ئىڭراپ قويدى، — بېشىم قېيىپ، ئۆزۈم قىزىپ، تاماقلىرىم قۇرۇپ، بولالمايلا قالدىم.

— كەنتنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرى بىلەن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم، — ئىگەمبەردىمۇ يالغان يۆتىلىپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كامال كۈندىلا كېلىپ مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— سىلى ئۆتكەندە ئەۋلىيادەك گەپ قىلىپتىكەنلا. ئۇ، «تــوي خېتىغا تونۇشتۇرۇش قىلىپ بەر» دەپ ئىلەشتۇرۇپلاۋەتتى.

— بولمايدۇ، — چاۋار ئاچچىقىدا بېشىنى كۆتۈردى، — ئــۇ توي خېتى ئېلىپلاۋالسا، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ تىرنىقى پاتمايدۇ. سىلى بىلەن ئۇرۇشقىنىغا قارىغاندا بۇ ئەبلەخ قىزنىڭ كۆكىنى ئۈرۈپ بولدى ... كىم بىلىدۇ، قورسىقىغا چۆچۈرىدىن بىرسى تۈگۈلۈپ بولدىمۇ.

— شۇنداق بولسىغۇ تۈز تامىتتى، — ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئويناپ كەتتى، — دىنىي جەھەتتىن بولسۇن، قانۇن، سىياسەت تەرەپتىن قارىماققا ئېلىنىپ، ھېچ ياقىغا بۆلجىيالماي قالاتتى.

— قانداق، بۇگۈنمۇ كەلگەن ئوخشىمامدۇ، چىرايلىرى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇك...

— شۇ ئەمەسمۇ ئەتىگەندىلا كەپتىكەن، مەن بىلەن ياقىلاشقىنى تاسلا قالدى. ئاخىرى «ماللارنىڭ ئوت - چۆپى قالماپتۇ، پاشىلىقتىن پىچان ئەپكەل» دەپ بۇيرۇدۇم.

— ئوبدان بوپتۇ، ئەمدى قانداق قىلاي دەيلا؟ — چاۋار ئاسانلىقچە ئوتتۇرىغا چىقمايتتى، — قېنى دەپباقسىلا، نېمە چارە - ئامالىلىرى بار؟

— سىنىپىي كۈرەش مەيداندا چىڭ تۇرۇپ ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلايمەن. شۇڭا دەرھال تەشكىلگە قايتۇرۇپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— سىنىپىي كۈرەشلا كۇپايە قىلمايدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، دىنىي مىزانلىرى بار، بۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— دۇرۇس، دۇرۇس، ئەجەبمۇ ياخشى گەپ قىللا، بولىدۇ، مەن قايتاي.

ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەتىگەن كامال بىلەن جېدەللەشكەندىلا خەنزۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغان ئىدى. لېكىن كېيىنكى ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ، چاۋارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماقچى بولدى.

ئوغۇلخان ئۇنى ھويلىدىلا ئۇزىتىپ قويدى. ئىگەمبەردى يولدا كېتىۋېتىپ تامىقىنى تامشىپ، ئىپادىسىزلا ھىجايدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: يات مىللەتنىڭ ئۆزگىچە بولىدىغاندۇ ـ ھە، دېگەن ئوي كەچكەنىدى. راست، ئىگەمبەردى خەقلەر دېگەندەك قۇمتامنىڭ سەركىسى، ئەركەك ھايۋىنى بولۇپ، ھەربىر ئايماق، ئەترەت، مەھەللىلەردە قىلمىغان ـ ئەتمىگەنلىرى قالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى قىسىر قالغان كېيىكتەك تۇل چوكان ۋە جۇۋانلار ئىدى. ئىگەمبەردىنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالسىلا ئېرى بارمۇ ـ يوقمۇ، كارى بولماي ئۇنىڭ پېيىغا چۈشەتتى. قىسقىسى، ئۇ قۇمتامدىكى قۇم بارخانلىرى، ياۋا قومۇشلۇق، قوناقلىق، يۇلغۇنلۇقلاردا يۇمىلانغان، تىزلانغان ئىزلارنى كۆپ قالدۇردى. مانا ئەمدىلىكتە ھالۋىنى كۆپ يەپ خام كېكىرىپ قالغان گاچىدەك، كۆڭلىنى ئالالىغان بىر نەچچىسىدىن باشقىلار قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاپ، ساغرىلىرىنى ئويناتسىمۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. بىراق «خەنزۇ قىزى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا باشقىچىلا جانلىنىپ، چۈمۈلىلەر كىرىۋالغاندەك بەدەنلىرى قىمىشىپ، قەيەرلىرىدۇر تەلۋىلىشىپ ئۆزىنى قويار جاي تاپالمايلا قالدى. كامالنىڭ دېيىشىچە ئۇ بىر نامرات، تىلەمچى قىزكەن. بۇنداقلارغا ئازراقلا ئىلتىپات كۆرسەتسە، «مانا مەن» دەپلا تەييار بولىدۇ ... شۇڭا كامالنى پاشىلىقتا يولغا سالغىنى ئىگەمبەردىنىڭ دانا پىلانى ئىدى.

ئىگەمبەردى شېرىن خىياللار شەرۋەتلىرىنى تامشىپ، كامالنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھويلىدىنلا «ھاي، نېۋىخان

بامۇ سىلى» دېگىنىچە ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى. موماي بىلەن داستىخاندا بىللە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان لەيلى نەگە قېچىشنى بىلەلمەي ئورنىدىن تۇرغىنىچە يەر بېقىپ تۇردى. ئىگەمبەردى قىزنىڭ تۇخۇمسىمان ئاق يۈزىگە، رومىلىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قاپقارا، قىسقا چاچلىرىغا، ھېيىقىش، تارتىنىش مۇجەسسەملەنگەن مەسۇم چىرايىغا ھاياسىزلارچە ئاچ كۆزلىرىنى تىكتى. ياھ ـ ياھ، كامالغا خۇدايىم بېرىپتۇ بۇ نازىنىننى! قارا بۇ خەنزۇ سەتەڭنىڭ ئۈزلۈقىنى! خام يەۋەتكۇدەكلا ياقلانكەنغۇ بۇ ··· كامالنىڭ ‹خەت بېرىسەن› دەپ ئۆرۈشقىنىچە باركەن ئەمەسمۇ!···

توكۇرۇكىنى تەستە غورتىتىدا يۇتقان ئىگەمبەردى شارتىلا نىۋىخانغا ئالايدى. لەيلى مومايىنىڭ كۆز ئىشارىسىنى سېزىپلا تېزلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ــــ نىۋىخان بۇ كىم؟ ــــ ئىگەمبەردىنىڭ پەيلى بۇزۇلدى، ــــ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن، تەشكىلدىن، ئامىمىدىن يوشۇرۇپ ساقلىغۇدەك قايسى سىنىپىي دۈشمەن ئۇ؟

ــــ كامال ئۆزلىرىگە دېگەندۇ!

ــــ شۇڭا كېلىشىم، ــــ ئىگەمبەردى تۇيۇقسىزلا قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ ۋارقىراپ كەتتى، ــــ سىنىپىي ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىگەمبەردىنىڭ قورقۇنچلۇق سۆزلىرىدىن يۈرىكى سېلىپ كەتكەن نىۋىخان گەپ قىلالماي تۇنجۇقۇپ كەتتى. بىر ئاز مومايىنى ھەيۋە قىلىش، ۋارقىراش، كۆز ئالايتىش ۋە سىنىپىي كۈرەش شوئارلىرى بىلەن تەنتەنە قىلغان شەھۋەتخور ئىگەمبەردى ئىچىدە: «مەن تۇرغۇچىدا بۇ يىلىكنى سەن شورامتىماڭ سولتەك··· » دەپ كامالنى تىللىدى.

ــــ ئەمدى قانداق قىلساق بولار كەنت باشلىقى، ــــ نىۋىخان يىغلامسىراپ تۇرۇپ يېلىندى، ــــ كامال باشلىقتىن يېنىپ كېلىپلا قىزىل قەغەز ئالغىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارماقچى،

ئۆزلىرى ئىككىلىك تونۇشتۇرۇش خېتى قىلىپ بەرگەن بولىسىدى.

— ئىككىلىك خەت؟ بۇ نېمە گەپ ئۆزى ـ ھە؟ — ئىگەمبەردى تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى، — بۇ بىر قارا نوپۇس، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان كەلگۈندى! سىلى ئۇنىڭ سىنىپىي تەركىبىنى بىلەملا؟ بۇرژۇئا ئۇنسۇرىنىڭ ئەۋلادىمۇ، پومېشچىكلارنىڭ پۇشتىمۇ؟ كىم بىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن تورىدىن قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىمۇ؟ تېخى ئوڭچى، بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنىڭ كۈچۈكى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ھەقىقىي سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ يەڭ ئىچىدە پىچاق ساقلاپ يۈرگەن قولچۇمىقى بولۇپ قالسا سىلىمۇ جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايلا!

نېۋىخان لەيلىگە ئارتىلغان جىنايى قالپاقلاردىن قورقۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر تال ئوغلى كامال ئۈچۈن مىچىلداپ ياش تۆكمەي، لەيلىنى ئاقلاپ ئىگەمبەردى بىلەن تاكاللاشتى:

— ئۇ نامرات ئائىلىنىڭ قىزىكەن، ئاچارچىلىق دەردىدە ئانىسى بىلەن دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

— ما گەپنىڭ ئۇزلىقىنى كۆرۈڭ، كەمبەغەل بولسا پارتىيىگە ئىشەنمەمتى! پارتىيە زامانىسىدا كىم ئاچتىن ئۆلۈپتۇ؟ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغان گەپ ··· كېسىپ ئېيتىمەنكى ئۇ بىر ئىشپىيون!

— نېمىدېگەنلىرى ئۇ، كەنت باشلىقى، — نېۋىخان چۈشىنەلمىگەن ئىدى، — ئۇ قىزنىڭ بىر چىرايلىق بۇرنى تۇرسا، نەدىمۇ ئىت بۇرۇن بولسۇن؟

— نېمە جۆيلۈۋېدىلا، ئىت بۇرۇن ئەمەس، ئىشپىيون، ئايغاقچى ئۇقتىلىمۇ؟

— ئۆز كەنت باشلىقى، ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ كېتەي، ئۇ

قىزغا…

— بولدى كاپشىمىسىلا، ئۇنى كەنت تەشكىلىگە ئاپىرىپ تېگى - تەكتىنى تەكشۈرىمىز. ئەگەر مەسىلە چىقسا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمىز. سىلىمۇ، كامالمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايلا…

باياتىن بېرى نېۇنخان بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلىگەن ۋارقىراش، تۇۋلاشلىرىنى قازناقنىڭ دېرىزە تۈۋىدە ئاڭلاۋاتقان لەيلى مۆل - مۆل ياش تۆكمەكتە ئىدى. كامالنىڭ: «كەنتىمىزدە ئۈچ بۆرە بار» دېگەن سۆزىنى يەنە: «سىز بۇ يەردىكى تۈزۈم - قائىدە، دىنىي مىزانلارنى ئۇقمايسىز… » دەپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئەسكە ئالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سۆس تىترەۋاتقان كالپۇكلىرى: «كامال … كامال… » دېگەن بىر ئىسمىنى تەكرارلايتتى. ئاڭغىچە قازناق ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئىگەمبەردى ئېڭىشىپ كىرىپ كەلدى. ئەنسىز خىياللارغا پاتقان لەيلى تام بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى. ئىگەمبەردى ئۇنىڭ يۇمران ئېڭەكلىرىنى ئىككى بارمىقىدا كۆتۈرۈپ، چىرايلىق، قارا كۆزلىرىگە، تال - تال قاشلىرى، مۇلايىم سۈزۈك يۈزلىرىگە، كىچىك ھالرەڭ لەۋلىرىگە ئۇزۇن قاراپ كېتىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى - دە، تاماكىدا قارىداپ كەتكەن قاپقارا ئاراش چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ سەتلا ھىجايدى.

ئىگەمبەردى چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھويلىغا چاۋارنىڭ لالما ئىتى ھابىل قارا مەدەك، ئىگەمبەردىنىڭ پىستە كۈچۈكى ئىمىن ئالا گەدەنلەر قوللىرىدا قىزىل كالتەك غالۋاراپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار نېۇنخاننىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىغا، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي قازناق ئۆيگە بېسىپ كىردى - دە، لەيلىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى. بۇ ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلىغان ھەۋزىنىيازخان ئانا باغ ئارقىلىقلا ھاسىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاسىسىنى چېنىگىنىچە ھويلىدىلا

هابىل بىلەن ئىمىنىنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ ئارىلىقتا هويلا ئالدىغا ئەر ـ ئايال دېھقانلار ۋە ئۇششاق باللار توپلاشتى.

— ھەي بۆكىنى ئال دېسە، بېشىنى كېسىپ كېلىدىغان نا ئەھلىلەر، مۇشۇ تۇرۇلغۇنىڭ بالىسىدەك ئاجىز قىزنى باغلىمىساڭ تەشكىلىنىڭ بىكار نېنىدىن قۇرۇق قالامتىڭ؟ هوي قارا مەدەك، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇق…

ھەۋزىنىيازخان ئېگىز، سويما باش، قارىمۇتۇق، ئورۇق مىنبىنىڭ هابىلغا هاسىسىنى شىلتىشى تاماشا كۆرۈۋاتقانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئىزاتارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتكەن هابىل ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— ئا … بولدى قىسىلا، ئادەمنىڭ لەقىمىنى چىشلەپ تارتماي… قانداق مەزلۇم بۇ؟

— دەيمەنغۇ قانداق قىلالايسەن قارا مەدەك، دوزاخ شوتىسى! — توپلاشقانلار تېخىمۇ بەك قاتتىق كۈلۈشتى، — سېنىڭ ئاشۇ ئارىدەك قوللىرىڭدىن مۇشۇ قىز قېچىپ قۇتۇلالامتى؟ ۋۇي زېدى پەس يېكەن توخۇسى!

ھەۋزىنىيازخان بىردىنلا قايرىلىپ «ئالاگەدەن» لەقەملىك ئىمىن تازغا چېچىلدى:

— ھەي ساقال تاغىقى، ئالاگەدەن پاخشەك تاز، — قاراپ تۇرغانلار ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشى، ئىمىن تەمتىرەپ كەتتى، — ئۈچ قىرلىق قىزىل كالتىكىڭنى چېنەپ كىچىككىنە قىزنىڭ جېنىنى ئالامتىڭ؟ ۋۇي ئالىقانات قىزىلكۆز ئالەكلەر … قۇمتامىنىڭ بەدىنىگە چىققان مەرەزلەر…

— پاھ، ھەۋزىنىيازخان ئاچام قەھرىمۇ ـ زەھىرىمۇ بار مەزلۇمدە، — دېدى ساقاللىق دېھقان، — قورقماي مىنبىڭلارنى تىللاۋاتقىنىنى قاراڭلار.

— ئەگەر باشقىلار بولغان بولسا، بۇ چاپارمەنلەر بىر تېپىپ بىلەن يەر چىشلەتكەن بولاتتى، — تاغار يۇدۇۋالغان ياش دېھقان

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

چىرتتىدە يەرگە تۆكۈردى، — ھەۋزىنىيازخان ئاچامنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئەمەلدار بولغاچقا قۇيرۇقىنى قىسىۋالدىدە بۇ خەق.

— جېنىم بالىلىرىم، — نېۋىخان يىغلامسىراپ ئارىغا چۈشتى، — مەن سىلەردىن خۇش بولاي، بۇ قىزنى باغلىمىغان بولساڭلار.

— ھەي قارا مەدەك ھابىل، سەن ئىمىن تاز، قىزنىڭ قولىنى يېشىۋەت دەۋاتىمەن.

— ۋاي، ۋۇي ھەۋزىنىيازخان ئاچا، ئادەمنى ئۇنداق «تاز ··· تاز··· » دەۋەمسىلە، يېشىۋەتسەك بولمىدىمۇ.

ھابىل ۋە ئىمىنلار لەيلىنىڭ قولىنى يېشىۋېتىپ، كالتەكلىرىنى چېنەپ ئۇنى ئېلىپ ماڭدى، ھويلا ئالدىدا تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ، قىستىلىشىپ مېڭىشتى. يولدا قىزىقسىنىپ، ھەيران بولۇپ قېتىلىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار كەنت تەشكىلى ھويلىسىغا كېلىپ بولغىچە خېلىلا كۆپ بىر توپ ئادەمگە ئايلاندى. لەيلى توپ ئارىسىدا بېشىنى سېلىپ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق كۆزلىرىدە قارىماقتا ئىدى. تېخى ئاپئاق ساقال دېھقانلار ئاچچىقىدا ساقاللىنى ئوچۇملىسا، بەزى ئاياللار يەڭلىرىدە، رومال ئۇچلىرىدا كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

— توۋا، توۋا، ئۇنىڭ نەرى ئايغاقچىغا ئوخشايدۇ، — بالا كۆتۈرۈۋالغان چوكان غودۇڭشىپ قويدى، — بىر ئوبدانلا قىز كەنغۇ.

— كەنت باشلىقى دېمىدىمۇ، ئۇ قېچىپ يۈرگەن قارا نوپۇس، بۇزۇق ئۇنسۇركەن، كەنتىمىزگە ئوت قويارمىش.

— ئالجىما بايىز قاپباش، — دېدى كەكە ساقال، ۋېجىككىنە

دېھقان، ــ ئۇنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىغا سېنىڭ ئالدىڭدا ئىشەنمەيدۇ. قارىماسەن ئۇنىڭ بىچارە ھالىغا.

ھويلىغا توپلىشىپ كەتكەن ئادەملەردىن سەل ئەنسىرەپ قالدىمۇ، ئىگەمبەردى ئىشخانىدىن چىققانچە ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. توپلاشقانلارمۇ ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەندىكىپ جىم بولۇشتى. ئەمما ئىگەمبەردى توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قولىنى كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان يولسىزلىقلىرىنى قائىدىگە سېلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى. قىسقىسى ئۇ سىنىپى كۈرەشنىڭ مۇرەككەپ ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى دېيىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يۈرىكىگە تۈيدۈرماي نەشتەر ئۇرماقچى ئىدى. بىراق ساۋاتىنىڭ چالىلىقى، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، سىياسەت، قانۇن، تۈزۈملەرنى چۈشەنمىگەنلىكى ۋە نۇتۇق قابىلىيىتىنىڭ كەمتۈكلۈكى تۈپەيلىدىن ئالدىڭقا سۆزلەپ ئۆزى مەسخىرىگە قالدى.

ــ بىردەم جىم تۇرۇڭلار، ھەممىمىز ھوشيار بولايلى. قايسىدۇر بىر دانا، ھوشيارلىقنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەن ... سىنىپىي كۈرەش بىر تامچە سۇدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ، سىنىپىي كۈرەش ماڭساق سايىمىزدا، ياتساق يېنىمىزدا، تاماق يېسەك چوكىمىزنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ. ھە، مانا، ھەتتا چىشلىرىمىزمۇ بىر ـ بىرىگە تېگىپ سىنىپىي كۈرەش پەيدا بولىدۇ.

ئىگەمبەردى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چىشلىرىنى «كاس ـ كاس» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىۋىدى، قاراپ تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. تېخى توپنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر كىچىك بالا ئىگەمبەردىگە قولىنى جونۇپ ۋاقىرىدى:

ــ قاراڭلار كەنت باشلىقىمىز چىشىغا چاپلىشىپ ئالغان سىنىپىي كۈرەشنى «كاس ـ كاس» چايناپ يەۋەتتى.

توپ ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئىگەمبەردى ئۆزىنىڭ

# ئەكىلىماكان ئۆزلى (1)

كۆلكىگە قالغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىقلاشنى ياكى قايتا سۆزلەشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا ھاسسا تايانغان بىر دوڭغاق موماي ئۇنى تېخىمۇ ئوخشىتىۋەتتى:

— كەنت باشلىقى، ھەممە يەردە سوكۇلداپ يۈرگىنىڭگە قارىغاندا، سىنىپىي كۈرەش دېگەن نەرسە يورغىلايدىغان بىر نېمە ئوخشىمامدۇ؟

كۆلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— ئاغزىڭغا پوق قىسماق قىرى، يورغىلايدىغانغا ئۇ سېنىڭ يىپ ئېگىرىدىغان چاقىڭ ئەمەس.

كىچىك بالا ۋە مومايىنىڭ ئوخشىتىشلىرىدىن، توپلانغانلارنىڭ ئاچچىق كۆلكىلىرىدىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىگەمبەردى توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ ئاستىلا ئىشخانا تەرەپكە مېڭىشى، كۆلكە يەنە باشلىنىپ كەتتى. ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغان چىرايلىق، قىرقىم ساقىلى بار، ئاپئاق يۈزىگە قاپقارا قاشلىرى ياراشقان ئوتتۇرا بوي بىر ئادەمنىڭ مېھرى بىلەن كۈلۈپ قاراۋاتقانلىقىنى لەيلى بىردىنلا بايقاپ قالدى. ئۇ «قورقما مەن بار» دېگەندەك مەيدىسىگە قولىنى قويۇپ بېشىنى گىلدىڭلاتتى. ئۆزىگە تېرىقتەك بولسىمۇ مەدەت بولغان لەيلى ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ ئادەم يېنىدىكىلەرگە چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىغا تۈكۈرۈپ كۆرسەتتى ـ دە، چىرايىنى تۈرگەنچە كېتىۋاتقان ئىگەمبەردىنى ئىما قىلدى. بۇ ئۇنىڭ «ئۇ ئەسكى ئادەم» دېگىنى ئىدى. شۇنىڭدىن بۇ ئادەمنىڭ كامال گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئەخمەت گاچا ئىكەنلىكىنى بىلگەن لەيلىمۇ ئەخمەتكە بىلىنەر ـ بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاڭغىچە كەينىگە يېنىپ كەلگەن ئىگەمبەردى ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى.

— ھابىل، ئىمىن سىلەر ئۇنى، — ئىگەمبەردى لەيلىنى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ چەتتىكى ئەسكى ـ تۈسكىلەر قويۇلغان

ئامبارغا سولاپ قويۇشلار. قاراڭغۇ چۇشكىچە ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭلار.

— كىچىچە نۆۋەتلىشىپ ساقلايمىزما؟ — سورىدى ھابىل، — ئۇنداقتا كىچىلىك نان قوشۇپ بەرمىسە بولماس.

— ساقلىمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئىشخانامغا كىرگىن، قۇلۇپ بېرىمەن، شۇنى سېلىۋەت.

كۈن ئولتۇرۇپ، كۆپ ئۆتمەيلا دەشتى قۇملۇق تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كەلگەن گۆگۈم پەردىسى قۇمتام كەنتىنى كېپەنلىدى. ھابىل ۋە ئىمىن ئۈچ قىرلىق كالتىكىنى تۇتۇپ، كۆرۈمسىز ئامبار ئىشىكى ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرماقتا ئىدى. يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز، تەكىيە كۆتۈرگەن نېۋىخان بىلەن ھەۋزىنىيازخان كەنت تەشكىلى ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ھابىل، ئىمىنلارنىڭ چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ، كەنت ئىچىدە قىلىۋاتقان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى دېھقانلارنى جاق تويغۇزغانىدى. شۇڭا ھەۋزىنىيازخان ئۇلارنى قەيەردە كۆرۈپ قالمىسۇن لەقىمىنى قوشۇپ تىللاپ ئاچچىقىنى چىقىراتتى. دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەننىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كاتىپ بولۇپ قالغانلىقى بۇ قەھرىلىك مومايىنىڭ تەلىيى ئىدى. بولمىسا ئۇ قىزىل كۆز لۈكچەكلەر بوۋايكەن، مومايكەن، كىچىك نارەسىدىكەن دېمەي ھەيۋىسىنى پەش قىلاتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئىككى نان قېپىنى كۆرگەن ھەۋزىنىيازخاننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— قارا مەدەك ھابىل، ھەي ئىمىن تاز، ئىشىكنى ئاچ.

— بۇ ··· بۇ ئىگەمبەردىكام ھېچ ـ ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭلا دېگەن تۇرسا.

— ھەي قۇماق تاز، سەن توپىلارغا ئېغىناپ ياتساڭ، پاخشەك كاللاڭغا پايدا قىلىدىغىنى بىلەن ئاۋۇ قىز توپىدا ياتالمايدۇ، ئۇقتۇڭما؟

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

— ئەمدى ھەۋزىنىيازخان ئاچا… — ھابىل ئارىغا چۈشتى، — بۇ مۇنداق ئىشتى دېسىلە…

— ھەي قارا مەدەك سېنىڭمۇ تىل ئىشتىكۈك كېلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ۋاي – ۋۇي خەقنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇچە، ئىشكنى ئېچىپ بېرە…

ھابىل ئىمىنغا بىر ئالىيىۋېتىپ ئىشكىنى ئاچتى. ئىككى موماي ئامبار ئىچىگە قەدەم ئېلىشى لەيلى ئۈچقاندەك كېلىپ نېۋىخاننى قۇچاقلاپ يىغلاپلا كەتتى. ئاندىن ئۇ ھەۋزىنىيازخان مومايىنى «ئانا… » دېگىنىچە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇشى مومايىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇمۇ مىسچىچىدە يىغلىدى. ئاندىن قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تەسەللى بەردى. ئىككى موماي ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىنى بىكارلاپ تازىلىدى. ئاندىن كىگىزنى سېلىپ، يوتقان – كۆرپىلەرنى قويدى. بۇزۇلغان، سۇنغان نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويىدىغان بۇ تاشلاندۇق ئامبارنىڭ نە دېرىزە ياكى پەنجىرىسى يوق بولۇپ، پەقەت تورۇستىكى تۆت چاسا تۈڭلۈكتىن چۈشكەن بىر دەستە نۇر بوغا، جاۋاڭ، تاسما، توشۇك، ئېگەر – توقۇم، ئارغامچا، توقۇناق دېگەندەك ئات ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئامبار ئىچىدىن ئاشلىغان تېرە ھىدى پۇراپ تۇرغاچقا، دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى.

ئىككى موماي نېمىلەرنىدۇر دەپ بىر ئاز كۇسۇرلاشتى. شۇڭا نېۋىخان بىر بادرا ياغاچنى ئېلىپ ئىشىككە تىرەپ تۇرۇشى لەيلى تۇيۇقسىزلا ھۆ بولۇپ ئاغزىنى تۇتتى. ئۇ ئارقا – ئارقىدىن قۇرۇق ھۆ بولۇپ، ئامباردىن چىقتى – دە، يەرگە ئېگىلىشتى. ئارقىدىن بىللە چىققان نېۋىخان ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇشى، لەيلى تېخىمۇ قاتتىق ھۆ بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئىككى موماي بىر – بىرىنىڭ كۆزلىرىگە مەنە بىلەن تىكىلىپ باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— نېۋى، بۇ قىزنىڭ قورسىقىدا بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئاستاراق گەپ قىل، — ئۇلار ئامبارغا قايتىپ كىردى، — بىر ئايدىن ئاشتى···

— بىر كېچىدىلا ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ نىكاھىنى قىلىۋەت دېسەم، تىلىڭنى چاينايسەن، — ھەۋزىنىيازخان كايىپلا كەتتى، — مانا ئوبدان بولدىمۇ، تېزىنى باسساڭ مېزى چىقتى دېگەن شۇ.

— ۋاي خۇدۇيۇم، كېچە - كېچىلەپ خىيال قىلىپ دەرمانىم قۇرۇدى، ئەمدى ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك دەپ كەلگىنىنى كۆردۇم.

ئىككى موماي ئىما - ئىشارىلار بىلەن لەيلىنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى قۇملۇق دىيار ئاسمىنىدا پىلىلدىغان تۇنجى يۇلتۇزلار پەيدا بولدى. ئارقىدىن پۈتۈن كائىناتقا قىزىل مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، يۇلتۇز تودىلىرى بىپايان كۆك ئاسماننى قاپلىدى. قىر دەرياسىنىڭ ئۇيقۇغا چۆككەن جىمجىت سايلىقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئورغىقى قول يەتكۈدەك يەردە ئېسىلىپ تۇراتتى. دەريا قىرغاقلىرىدىكى قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان توغراقلارنىڭ شاخ - غوللىرى كېچىكى تۈندە ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. ئاي، قىر دەريا ۋادىلىرىدىكى توغراق ئورمانلىرىنىڭ، شۇۋاق، چىغىرتماق، قىياق ۋە يۇلغۇن قاپلىغان چاتقاللىقلارنىڭ، كۆجۈم مەھەللىلەرنىڭ، ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس قۇملۇق يوللارنىڭ ئىزنالىرىنى سىزىپ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈۋاتاتتى. ئاغزىنى يوغان ئېچىپ سوزۇپ ئەسنىگەن ھابىل بىلەن ئىمىن ئامبار ئىشىكىدىكى قۇلۇپقا بىر قارىۋېتىپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار كىچىك ئەگۈندىن ئاشلىق ئامبىرى ۋە بوغالتىر ئىشخانىسى ئورۇنلاشقان يان ھويلىغا كىرىپ كېتىشتى. ئەخمەت گاچا تاش پەنەرنى كۆتۈرۈپ ھويلا، ئىشخانىلارنى ئارىلاپ مال ئېغىلى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئاتلارنىڭ

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئوقۇرىغا جادۇدا توغرالغان ئۇۋاق پىچان سالغاندىن كېيىن لەيلى سولانغان ئامبار ئالدىدا بىر پەس توختاپ ئىشىككە قۇلاق ياقتى. ئامبار ئىچىدىن بوشقىنا پۇشۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئەخمەت خاتىرجەم بولغاندەك كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، ھويلىنىڭ كوچا پاسىلىغا يانداش ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنى باياتىن بېرى كۆزىتىپ تۇرغان ئىگەمبەردى پىچان دۆۋىسى ئارقىسىدىن ئاستا چىقتى. ئۇ كوچىدىكى دوڭغاق ئۇجمىگە يامىشىپ چىقىپ، مال ئېغىلى ئۈستىدىكى پىچان دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. كەنت ھويلىسى گۆرۇستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. ئىگەمبەردى پاكار ئۆگزىدىن سىيرىلىپ ھويلىغا چۈشتى ـ دە، تام سايىسىنى ياقىلاپ، ئامبارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا قايتا زەن سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئاچقۇنى ئېلىپ ئامبار قولۇپىنى ئاچتى. لېكىن ئىچىدىن نېمىدۇر چىڭ تىرىلىپ تۇرغاچقا ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىگەمبەردى خېلىلا ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ ئىشىك ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— خەپ ئۆلمىگەن قېرىلار، — ئىگەمبەردى غايۋانىسىغا تىللىدى، — بۇ سەنلەرنىڭ پىلانىڭ بولماي نېمە؟

ھېچ ئامال قىلالمىغان ئىگەمبەردى ئاخىرى ئىشىك ئاستىغا قولىنى تىقىپ، بىرنەچچە قېتىم كۆچەپ كۆتۈرۈۋېدى ئىشىك ئېلىنچىكى بوسۇغا تۆشۈكىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتتى. ھەم ئىشىككە تىرەلگەن بىر نەرسىنىڭ تاراقلاپ چۈشكەنلىكى ئاڭلاندى.

ئامبار ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن گۇڭگا نۇردا لەيلىنىڭ بۇلۇڭغا چاپلىشىپ تۇرغان سىيماسى غۇۋا كۆرۈندى. ئۇ باياتىن بېرى سىرتتىن ھاسىرىغان، خىرقىرىغان ئاۋازلاردىن قورقۇپ ئۆي بۇلۇڭىغا بىرىۋالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئامبار ئىچىدىكى يۇغان گەۋدىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ، كەنت باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. لەيلىنىڭ چىرايىدىن

غەزەپ ۋە جاسارەت يېغىپ تۇرسىمۇ يەنىلا يۈرىكى پارتىلاپ كەتكۈدەك ئۇرۇپ، ئۆزى جاقىلداپ تىترەۋاتاتتى. تۈڭلۈكتىن تىك چۈشكەن نۇردا كۆز ئېقى پاختىدەك ئېچىلغان ئىگەمبەردى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىستاپ كەلدى ـ دە، قىزنىڭ تولغان بىلەكلىرىدىن كاپلا تۇتۇۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت ··· قويۇۋەت مېنى! — لەيلى خەنزۇتىلىدا قاتتىق ۋارقىرىدى، — ياق، ياق! كاملى!!···

— تولا كالدىرلىما···

خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەن ئىگەمبەردى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ۋارقىرىغاچ قىزنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. قىز بىرلا يۇلقۇنۇپ سىرتقا قاچتى. لېكىن ئىگەمبەردى ئۇنى ئارقىدىن قوغلاپ كۆتۈرگىنىچە يۇتقاننىڭ ئۈستىگە باستى. لەيلىنىڭ ئاۋازى بىردە چىقىپ، بىردە جىمىقاتتى. جان ـ جەھلى بىلەن قاتتىق ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئىگەمبەردىنىڭ ئېغىر تېنى، كۈچلۈك بىلەكلىرى قىزنى بارغانسېرى ھالسىزلاندۇرماقتا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تۇيۇقسىز بىر نەرسە شۇنداق تەگدىكى، ئۇ جان ئاچچىقىدا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. قولىدا يوغان كالتەك، كۆزلىرى چەكچەيگەن ئەخمەت گاچا ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى:

— ۋۇي ئىپلاس گاچا!···

«قارس» قىلىپ تەگكەن شاپىلاقتىن ئەخمەتنىڭ بۇرنى قاناپ، بىردەمدىلا ئاپئاق خام يەكتەك قىپقىزىل بويالدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرەپ چىقىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاجايىپ غەيرىي ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى يېرىپ ئۆتكەن ئاۋازىغا يىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى ··· قورقۇپ كەتكەن ئىگەمبەردى تاشلاندۇق مەنقۇلات ئامبىرىدىن چىققىنىچە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تىكىۋەتتى. بۇ ساراسىمىدىن يان قورۇ ئۆگزىسىدە قاراۋۇللۇقتا

## ئەكلىماكان ئوغلى (1)

تۇرغان ھابىل ئۇيغىنىپ كېتىپ كەنت تەشكىلى قورۇسىغا ئېغىشىپ قارىدى ۋە ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە ئىگەمبەردىنىڭ تامغا يامىشىپ كوچىغا سەكرىگىنىنى كۆردى. ئۇ:

— ھەي، شاپاقچى لالما ئىت، سۈيدۈك پۇرايمەن دەپ، تېزەككە تېيىلىپ پوقىقا دۇم چۈشتۈڭما؟ — دەپ ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى.

بۇ چاغدا ئەخمەت گاچا قورقۇپ كەتكەن لەيلىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قانداقتۇر ئىشارىلار بىلەن تەسەللى بەردى. لەيلىمۇ لۆڭگىسىدە ئەخمەتنىڭ قانغا بويالغان ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى سۈرتتى. ئەخمەت تاشلاندۇق مەنقۇلات ئامبىرىنىڭ ئىشىكىنى ئورنىتىپ، قىزغا قورقماسلىقنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىزنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

لەيلىگە خام تەمەددە بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىگەمبەردى كېچىچە كىرپىك قاقماي ھەممە ئامال - چارىلارنى بىر - بىرلەپ تاسقاپ چىقتى. شۇڭا ئەتىسى ئۇ بوغالتىر مەتسىدىقنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى. كېچىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغان مەتسىدىق ئۇنىڭ يامغۇر بۇلۇتىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— كەنت باشلىقى بىرەر ئىش - كۈشلىرى بارمىكىن؟

— مۇنداق ئىشتى، — ئىگەمبەردى ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئېلىپ كەلدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن «نامراتلارنى يۆلەش جەدۋىلىنى» سۈيلەۋاتىدۇ. دەرھال ئەۋەتىپ بەرسەك بولاتتى.

— بىرەر مىنىبىگدىن ئەتىلەتىن ئەۋەتىپ بېرەي.

— بولمايدۇ، — ئىگەمبەردىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — باشقا كەنتلەر ئاللىبۇرۇن تاپشۇرۇپ بوپتۇ، بىزلا قاپتىمىز، بۈگۈن كەچتىن قالمىسۇن، لېكىن مىنىبىگلارغا بۈگۈن كېچىدە ۋەزىپە بار، ئۇلاردىن ئەۋەتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

— ۋۇي، ئەمىسە كىمنى ئەۋەتىمەن؟ — مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى، چۈمچۈكلىدى، — خىزمەتنى تاشلاپ مەن بارامدىم؟

— ئەخمەت گاچا بارغۇ.

— ئۇنداقتا ماللارغا كىم قارايدۇ؟

— تۆت ئات پىچان ئەپكەلگىنى پاشلىققا كىرىپ كەتتى، — دېدى ئىگەمبەردى، — ئېغىلدا بىر ئات بىلەن بىر ئېشەك قالدى. ئۇلارنى سۇغىرىپ، پىچان تاشلاپ بېرىپ ماڭسىمۇ بولىدۇ ـ غۇ.

— ئۇلاغ بىلەن بارامدا؟

— ياق، — ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇردى، — بوز ھاڭگا ئاقساپ قاپتۇ. ئاتنى بولسا كەنتتە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا ئىشلىتىمىز، ئەخمەت گاچىنىڭ ئايىغى ئىتتىك، پىيادە بارسۇن.

ماللارنى سۇغىرىپ، ئوت بېرىپ كۈن ئولتۇرارغا يېقىن بىكار بولغان ئەخمەتنى مەتسىدىق بىر مىنبىڭ ئارقىلىق ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى بىر پارچە جەدۋەلنى تۇتقۇزۇپ، قومچاقارغا پىيادە يولغا سېلىۋەتتى. «بىر ئالۋاڭدىن قۇتۇلدۇم» دەپ يېنىك تىن ئالغان مەتسىدىق ئىشخانىسىنى قۇلۇپلاپ، كەنت سىرتىدىكى «يولغۇنلۇق» دېگەن يەرگە قاراپ ماڭدى. چاۋار ئۇنى شۇ يەردە ساقلايدىغانلىقىنى بايىلا دەپ قويغان ئىدى. «يولغۇنلۇق» ئېگىز ـ ئېگىز قۇم بارخانلىرى زىچ جايلاشقان قۇم دۆڭلۈكلىرى ئىچىدىكى يەر بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق بوك ـ باراقسان يولغۇنلار قىزىرىپ تۇراتتى.

يىراقتىن مەتسىدىقنىڭ قارىسى كۆرۈنۈش بىلەن چاۋار ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئاڭغىچە ئۇمۇ پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار قۇم بارخانلىرى ئارا ئاستا قەدەم ئالغاچ، پەس ئاۋاز پارىڭنى باشلىدى:

— ھابىلنىڭ دېيىشىچە ئىگەمبەردى ئاخشام تاۋۇزنى

پىچالماپتۇ، — چاۋار مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، — تېخى ئۇ ئەخمەت گاچىدىن كالتەك يەپتۇ.

— شۇڭا ئۇ «نامراتلارنى يۆلەش» جەدۋىلىنى سۈرۈشتە قىلىشۋاتىدۇ دېگەن باھانىدا ئەخمەت گاچىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتىكەندە، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تۇيغان.

— ئىگەمبەردى بۇگۇن كېچە يەنە «ئوۋ» غا چىقىدۇ. ئۇ كۆزلىگەن ئوۋنى ئوۋلىمىغىچە توختىمايدىغان زىناخور.

— قاراڭغۇ چۈشكىچە، — مەتسىدىق ھىجايدى،— كامال پاشىلىقتىن كېلىپ قالسا بالا ـ قازانىڭ قېپىنى يارىدۇ.

— ھەببەللى، مېنىڭمۇ ئويلاۋاتقىنىم شۇ، — چاۋار مەتسىدىققا قاراپ قويدى، — ئۇ چاغدا ئىگەمبەردى كامالنى ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— بۇ ··· بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— كېرەم مۇدىر: «ناھىيىلىك پارتكوم قۇمچاقار، ئەلئابادلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتمەكچى» دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ.

— قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا شاتىراقلىماي قالمايدۇ، دەپ ئاخىرى بۇ ئىش راستقا ئايلىنىپتۇ ـ دە.

چاۋارنىڭ بۈگۈن مەتسىدىقنى ئاتايتەن يولغۇنلۇققا چاقىرىپ كېلىشى ئىگەمبەردىنىڭ «تاۋۇزنى پىچالمىغانلىقى»نى دېيىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان خېلى كۆپ ئىشلارنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئۆيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئويلىدى، بىر ـ بىرىگە باغلىدى ··· تەھلىل قىلىپ ئىچ ـ باغرىنى ئېچىپ كۆردى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرى چوڭقۇرلاشقانسېرى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئىشتىھاسىنى بوغدى. بولۇپمۇ نەسرۇللا ئارقىلىق كېرەم مۇدىرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋەھىمە، ئەندىشە ئۇنى چىرماپ يىقىتتى ··· ئۆمرىدە بېشى ياستۇققا

يەتمىگەن چاۋار بۇ قېتىم يادىدى، سولدى. كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ نۇرى تۆكۈلۈپ چىرايىدىن خۇن قاچتى. يۈرىكىدىن مادار، جىگىرىدىن قان كەتتى! …شەھەردىكى تۇتۇلۇش، ماللىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى، كىرەم مۇدىرنى ھىيلە ئىشلىتىپ ئەپكېلىپ ۋاڭ ۋە ھامۇتنىڭ ئالدىدا مات قىلىشى، ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، يۈزىنى چۈشۈرۈشى زادى نېمە ۋەجىدىن؟! ئەڭ قورقۇنچلۇقى، «چاۋارنى ئامبارچىلىققا قويۇش، خۇددى توخۇ كاتىكىگە تۈلكىنى كۆزەتچىلىككە قويغاندەكلا ئىش بوپتۇ … سۈرۈشتۈرۈپ باقسام ئەينى يىللاردا قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى ئاتايتەن قۇمتام كەنتىگە بېرىپ، چاۋارنى ياش ئامبارچىنىڭ ئورنىغا قويۇپتىكەن. ئۇنىڭغا، بۇ قارا نىيەتنىڭ نېمىسى تۇتىيا بىلىنىپ كەتتىكىنە؟ ئۇلارنىڭ زادى قانداق مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشى بار؟!…» پاھ! بۇ مىڭ پاتمان ئۇمۇت زەربىسىغۇ! ئەجەل چىللايدىغان گەپلەرغۇ! ۋاڭ دېگەن ئەبلەخ مۇشۇ گەپلەرنى دەۋېلىش ئۇچۇنلا كىرەم مۇدىرنى ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ كەلگەن … ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھامۇتمۇ نەشتىرىنى تىقىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەن. ئۇ كىرەم مۇدىرنى چاۋارنى «سۈرۈشتە» قىلغاندىن كېيىنكى خۇلاسىمۇ؟ «ئۇلارنىڭ زادى قانداق مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشى بار» بۇ … ئادەمنى قان سىيدۈرۈۋېتىدىغان ئوغىغۇ!! بولدى بەس! چاۋارنىڭ توخۇ كاتىكىگە قويۇلغان جېسەكچى تۈلكە ئىكەنلىكىنى، ياش ئامبارچى ئورنىغا قويۇلغانلىقىنى، شۇ يىللاردىكى كىرىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ توغرا، ئۇنىڭ «سۈرۈشتە» قىلغىنى يالغان ئەمەس! قىلغاندىمۇ قات ـ قات، تىكىش ـ تىكىشلىرىگىچە قىدىرىپ باققان … كامال بولسا بۇ ئوۋچىنىڭ ئوۋ ئىتى بولۇپ، ھەممىنى يەتكۈزۈپ تۇرغان! پاھ، شۇنچە يىللاردىن بېرى پوستىغا كىرىۋېلىپ، قېنىنى سۈلۈكتەك شوراپ، يۈرىكىنى

قورتتەك غاجاپ كەلگەن كامالغا نىمانچىۋالا ئىشىنىپ كەتكەن بولغىيتتى؟ چاۋار، ئىگەمبەردىلەر شەھەرگە كىرگەن كۈنىلا ۋاڭ خەۋەر تېپىپ بولغان ··· ئۇ كامالنى ئۇخلىماي كۆزەت قىلىشنى تاپىلىغان. شۇڭا بۇ بەتبەخت تاجىخان لەشمەنىنىڭ دىگىنگىچە ئەگىشىپ كېلىپ، ۋاڭغا يەتكۈزگەن، ئۇ بولىسا بازار باشقۇرۇشنىڭ باشلىقى هاموت ئارقىلىق قاپقانغا دەسسەتكەن! ··· قىسقىسى شەھەردىكى سولىنىش، مۇسادىرە، كىرىمنى چىكىپ كۆرۈش، قىر دەريا سايلىقىدىكى نىقابلىق چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ۋاڭنىڭ پىلانى! چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ بۇندىن كېيىن كامالنى ئىشلەتمەسلىكنى بىلگەن ۋاڭ قۇمتام ئىقتىسادىنىڭ باشقا يوللار ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىشى توسۇش ئۈچۈن، قىر دەرياسى سايلىقىغا كېچە ـ كۈندۈز ئادەم قويغازغانمۇ شۇ!

— چاۋاركا جىمىپ كەتتىلىغۇ؟ — مەتسىدىق ئەندىككەن هالدا سورىدى، — ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ.

— ئۆتكەندە شەھەردە مۇسادىرە قىلىنغان ماللار ئىچىدە سېنىڭمۇ ئۈچ تاغار تىۋىت، ئىككى پارچە گىلەم، بەش خالتا ئاق ئوغۇتۇڭ بار ئىدى. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خۇددى ئۈچەي ـ باغرىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەكلا ئېچ ـ قارنىم ئېچىشىپ كەتتى.

— مېنىڭمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، — چاۋار قۇمدىلا بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى، — ئىگەمبەردىنىڭمۇ يوتقان ـ كۆرپە، كىگىزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا! ئىككى پارچە «چۇكو» گىلىمىسى پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. مۇشۇ ئىشلارنى پىلانلىغان زادى كىم؟ مۇسەللىيەلەمسەن؟

— مەن ··· مەن ئۇقالمىدىم، — مەتسىدىق دۇ دۇقلىدى، — سىلىچە بۇلارنى پىلانلىغان ئادەم بارمىدۇ؟

— بار، ئۇ چوقۇم كامال!

— نېمە؟ — مەتسىدىقنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى، — ئادەم قورقاتمىسىلا، ئۇ ··· ئۇ نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنى بىلىدىغان تۇرسا.

— بىلگەنلىكى ئۇچۇن تورنى كەڭ يايدى ··· ئاندىن ۋاڭ بىلەن بىرلىشىپ، بىزنىڭ كوكۇلىمىزدىن تۇتۇۋالدى.

چاۋار شەھەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. كامال سولاقخانىدا: «ئىككىڭلارغا ئىگە بولىدىغان ئەمەلدار بولمىسا، يۈزۈڭلارغا قارا سۈۋاپ، مەيدەڭلار بىلەن دۈمبەڭلەرگە ‹كەنت ئوغرىلىرى› دېگەن خەتنى چاپلاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، قومچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن» دېيىش ئارقىلىق ئىچىدە يىغىلىپ قالغان ھەممە ئاچچىقنى چىقارغانلىقىدىن تارتىپ، كېرەم مۇدىرغا يالغان ئېيتىپ، بازار باشقۇرۇشقا ئېلىپ كەلگەنلىرىگىچە سۆزلەپ، ئاخىرىدا ۋاڭ بىلەن بىرلىشىپ قىلغان ئىشلىرىنى دېيىشى مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى.

— چا ··· چاۋاركا ئىشلىرىمىز بەك چاتاق ··· چاتاقتەك قىلىدۇ. ئۇ بەلكى ناھىيە رەھبەرلىرىگىمۇ بىزنى چاقلاپ بولدى···

— گەپ مۇشۇ يەردە، ئۇ ئۆپكىمىزنى ئىچىمىزدە تۇرغۇزۇپ قېقىۋەتتى··· — چاۋارنىڭ چىرايى باشقىچىلا قارىداپ كەتتى، — بىراق بۇنىڭ ئامالى بار، قوقمىساقمۇ بولىدۇ.

— قا ··· قانداق ئامال؟

— بايا ئۆزۈڭ: «كامال بۇگۈن پاشلىقتىن كېلىپ قالسا بالا - قازانىڭ قېپىنى يارىدۇ» دېمىدىڭمۇ؟ ھەببەللى، — چاۋار ئاستا ئېڭىشتى، — ئىگەمبەردى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يوقاتمىسا بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ خەنزۇ قىزنى بىر قېتىم چىرقىراتمىغىچە بولدى قىلمايدۇ. ئۇ چاغدا ئىككىسى

# ئەكىلىماكان ئوغلى (1)

قىنىقماس رەقىبلەرگە ئايلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا بىز ئىگەمبەردىكامنى قوللاپ، قوڭغا ئوت قويۇپ، پۇۋلەپ بەرسەك بولىدىكەندە.

— پاھ، پاھ زەپ كاللاڭ باردە سىنىڭ، — چاۋار ئاستا پىچىرلىدى، — كامال بىز ئۇچىمىز ئۇچۇن ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم! هازىر ئۇنىڭغا خەنزۇ پاخپاق قىتىلدى. شۇڭا بۇ قىتىم ئىگەمبەردىنىڭ قولى بىلەن ئىككىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىش كېرەك.

— مۇمكىن بولارمۇ؟

— بوگۇن كېچە··· — چاۋار مەتسىدىقنىڭ قۇلىقىغا ئۇزۇن شىۋىرلىدى···

# ئونىنچى باب

## دەسلەپكى ئۆششۈك سوغۇقى

ئاتلار كۆرۈنمىگىدەك پىچان بېسىلغان ھارۋا كەنت ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، سەكە تېرەكلەر ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ، قىيپاش نۇرلىرىدا سايىلار ئۇزىراپ كەتكەندى. يولدا كەلگىچە توينى قانداق ئۆتكۈزۈش، كىملەرنى چاقىرىش، ھويلىدىكى قازناق ئۆينى رېمونت قىلىش، جابدۇش، لەيلىگە تويلۇق نېمىلەرنى ئېلىش قاتارلىق شېرىن خىياللارنى قىلىپ كەلگەن كامال كەنت تەشكىلىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ھارۋىنى پىچان بىلەنلا ئېغىل ئالدىدا توختىتىپ، شوتىغا تىرەك قويغاندىن كېيىن ئاتلارنى چىقىرىپ ئېغىلغا ئەكىرىۋەتتى. داۋاملىق ئات – ئېشەك تېزەكلىرىنى يىغىپ، تازىلاپ تۇرىدىغان ئەخمەت ئېغىلدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. لەيلىنى سېغىنغان كامال چوڭ – چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھويلىدىكى سۇپىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى «قارتىلا» قىلىپ قالدى. ئاڭغىچە باغدىن ھاسىراپ چىقىپ كەلگەن ھەۋزىنىيازخان تۈنۈگۈن كەچتە بولغان ئىشنىڭ ئۇجۇر – بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلەپ بېرىشى كامالنىڭ بىردىنلا قاپقارا، تۇم قاشلىرى قوشۇمىسىغا يىغىلىپ، مۇشتۇملىرى تۈرۈلدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ تېز – تېز نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. بىردىنلا، كېرەكسىز مەنقۇلاتلارنى ساقلايدىغان كونا ئامبار ئالدىدا قىزىل كالتىكىنى تۇتۇپ تىككىدە تۇرغان ھابىلنىڭ

مەسخىرىلىك ھېجىيىشى كۆز ئالدىغا كەلگەن كامال شارتلا كەينىگە قايرىلىپ مېڭىشى، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورققان نېۋىخان ئوغلىنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلدى:

— جېنىم بالام، جېدەل چىقارما، بولمىسا لەيلىنى ئېغىر ئاقىۋەتكە قويىسەن، مەن سەندىن خۇش بولۇپ كېتەي.

— ئانا، مەن ئۇلار بىلەن جېدەللەشمەيمەن. لېكىن لەيلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كېلەي.

ھويلىدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتكەن كامال پۈتى بىلەن ماڭدىمۇ ياكى بېشى بىلەنمۇ، قانداق تېز كەنت تەشكىلىگە كەلگىنىنى ئۆزى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئوتتۇرا تاشلاندۇق ئامبار قېشىغا يېتىپ كېلىشى ئىشىكنى توسۇپ تۇرغان ھابىل ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ھىجايدى:

— ھە، تەتىيىگىنىڭ قورسىقىدىكى بالاڭنى كۆرگىلى كەلگەنمىدىڭ؟ — دېدى ھابىل گارتتىدا كېكىرىپ قويۇپ، — مېنى «جېنىم ئاكا» دېسەڭ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىمەن.

«قارسلا» قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن ھابىل قاپىقىنى تۇتقانچە يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن ئۇچ قىرلىق قىزىل كالتەكنى تىزىغا بىرلا ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ ئۆگزىگە تاشلىۋەتكەن كامال ئامبار ئىشىكىنىمۇ غەزەپ بىلەن بىرلا تېپىپ ئېچىۋەتتى. ئۇ ئامبار ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىشى لەيلى ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— كاملى ئاكا!

— لەيلى بىر نېمە بولمىغانسىز؟

— خەپ سېنى كامال، ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام.

قوللىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن ئاران تۇرغان ھابىل كۆكىرىپ ئىششىپ چىققان قاپىقىنى تۇتقان ھالدا ۋارقىراپ - جارقىراپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى. ئۇ، يان ھويلىغا كىرىپ «ۋاي جان، ۋاي ئۆلەي··· » دەپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھاڭراپ يىغلىشى ئىككى

ياتاق ئۆيدىكى مىنبىڭلار يوگۇروشۇپ چىقىشتى. مىنبىڭلار باشلىقى مەتسېلىم ھەممىنى باشلاپ كەنت قورۇسىغا چىقىپ ئامبار ئالدىدا تۇرغان كامال بىلەن لەيلىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىشتى.

— كامال، بۇنداق قىلمىساڭ بوپتىكەن، — مەتسېلىم كامالنىڭ جۇدۇنىدىن سەل ئەندىكتى، — ئۆزۈڭگە ئىش تېپىپ ئالىسەن. بۇ دېگەن كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنىڭ بۇيرۇقى تۇرسا، مىنبىڭلاردا نېمە گۇناھ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — ھابىل ئىششىغان قاپىقىنى ھېلىمۇ تۇتۇپ تۇراتتى، — بىز بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمىز شۇ.

— مۇشۇنداق گەپ قىلساڭ سېنى ئۇرىدىغانغا ساراڭ بولۇپ قالمىدىم. نېمىگە كېلە ـ كەلمەي ئاغزىڭنى بۇزىسەن؟

— كامال ئاكا، سىز كېتىڭ، ئانامنى ئويلاپ، — لەيلى كامالنى ئىتتەردى، — ھەرگىز جېدەل چىقارماڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ لەيلى، — كامال خەنزۇچە سۆزلىگەچكە مىنبىڭلار ئۇقالمىدى، — مەن سىزنى قوغدايمەن.

— دەرھال كېتىڭ، ماڭا ھېچنېمە بولمىدى.

— مەتسېلىم، مىنبىڭلىرىڭغا دەپ قوي، — كامال قول شىلتىدى، — ئەگەر لەيلىگە بىرەر ئىش بوپقالسا، ھەممىسىنى قوي سويغاندەك سويۇۋېتىپ، بارىدىغان يەرگە قولۇمنى باغلاپ بارىمەن.

مىنبىڭلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئىپادىسىزلا جىلمىيىپ قويۇشتى. ئۇلار نېمىگە جىلمايغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. كامال لەيلىنى ئامبارغا ئەكىرىپ، قولىقىغا قىسقىلا پىچىرلىغاندىن كېيىن، تېزلا قايتىپ چىقتى. ئۇ جىگدىلىك مەھەللىسىدىن ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا كېتىۋاتاتتى. كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كۈننىڭ سېرىقى تېخى

يوقالمىغاچقا ئەتراپ ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. كامال ئاچچىقىنى باسالماي كېلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئوتتۇرا كېچىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تەقەززا بولۇۋاتقان ئىگەمبەردى پۈتنى ئالماپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بىر قېتىملا ئىش ئۆتسە، كېيىنچە كۆنۈپ قالىدۇ··· » دەپ ئويلايتتى. لەيلىنىڭ دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرى، قورۇنۇپ تۇرغان ھالىتى، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ئىگەمبەردى كالپۇكلىرىنى يالاپ، تۈكلۈك مەيدىسىنى گارت ـ گارت تاتىلايتتى. شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى يانغان كۆزلىرى بىلەن دېرىزىگە قاراپ، پاتراق كېچە بولۇشىنى تىلەيتتى.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتكە پىيادە كەتكەن ئەخمەت گاچا، — ئۇ ئاستا پىچىرلىدى، — ئەتە ئەتىگەن قايتىپ كېلەلىسە چوڭ گەپ، بۈگۈن كېچە ···

ئىگەمبەردى «بۈگۈن كېچە··· » دەپ تۇرۇشى دەرۋازا قاتتىق جالاقلاپ ئېچىلىپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ داڭقىتىپ تۇرۇپ قېلىشى كامالنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كەنت باشلىقى چىق بۇياققا ··· چىق دەيمەن ···بولمىسا ئۆيۈڭگە بېسىپ كىرىمەن!

ئىگەمبەردى ئۆيدىن چىقتىيۇ، لېكىن پېشايۋاندىن پەسكە چۈشەلمىدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا ھاسىرىغىنىچە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ۋارقىراۋاتقان كامالنىڭ پەيلى ـ ئەلپازى راستىنلا ئادەم قورققۇدەك ئىدى.

— مېنى پاشىلىقتا يولغا سېلىۋېتىپ مۇشۇنداق تۇزاق قۇرماقچىمىدىڭ؟ لەيلى قانداقمۇ سېنىڭ دۈشمەن، ئايغاقچى، بۇزۇق ئۇنسۇر بولسۇن؟ ئۇ دېگەن بىر يېتىم قىز!

ئىگەمبەردى خېلىلا قورققان بولسىمۇ، لېكىن بالدۇرلا ئاتتىن چۈشسە بولمايتتى. ئەلۋەتتە ئۇ كەنت باشلىقلىق ھەيۋىسى بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرمىسا، سېنىڭ كۈرەش، قانۇن،

سىياسەتلەر ئارقىلىق قورقۇتسا، ھەر خىل قاپاقلارنى چىنەپ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىسا، ئىگەمبەردى كۆزلىگەن رىجىلىرىگە قانداقمۇ يېتەلىسۇن! ··· شۇڭا ئۇ نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە، گىدىيىپ تۇرۇپ، قولىنى شىلتىدى:

— نېمە، سىنىپىي دۈشمەن دېگەننىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى، پېشانىسىدا تامغىسى، بەدىنىدە تىكىنى بارمىكەنا؟ ئەگەر ئۇ خامان، ئامبارلارغا ئوت قويۇپ، ماللارغا زەھەر بەرگەندىلا ئاندىن ئىشىنەمتىڭ؟ بىلىپ قوي، كەنتنىڭ پۈتۈن جاۋابكارلىقى مېنىڭ شىللىمەدە!

— كەنت باشلىقى بولساڭ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ گەپ قىل! مۇشتۇمدەك بىر قىزغا تۆھمەت قىلما.

— ھازىر ھۆكۈمەت تەكتى ئېنىق بولمىغان قارا نوپۇسلارنى تۇتۇۋاتسا، سېنىڭ ئۇنداقلارغا قانات يېپىپ، سايىۋەن بولۇپ، يوشۇرۇپ يۈرۈشۈڭدە زادى نېمە غەرىزىڭ بار؟

— سېنىڭ بۇ قالپاقلىرىڭ ماڭا ياراشمايدۇ، — كامال ئاچچىقىدا سۈپسۈر تاتىرىپ كەتكەندى، — باشقىلارنى قورقۇتالىغىنىڭ بىلەن مېنى قورقۇتالمايسەن.

— بىلىپ قوي، بۇندىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىپ. تىل بىرىكتۈرۈشۈڭگە يول قويۇلمايدۇ، — ئىگەمبەردى راستىنلا ھەيۋىسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى، — ئاناڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن تېخى!

— ئۇنداقتا سەندەك خىيانەتچى، ئوغرى بىلەن تۇتۇشۇپ باقاي ··· قېنى سەن يىغلامسەن ياكى مەنمۇ؟!

— سېنىڭ قۇرۇق پوپاڭلىرىڭدىن قورقۇپ قالىدىغان ئىگەمبەردى تېخى تۇغۇلمىدى.

— نەچچە يىللىق يېگەن ـ ئىچكەنلىرىڭنىڭ تىزىملىكىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرسام، — كامال زەھەردەك كۈلدى، — دېگەنلىرىم پوپاڭمۇ ياكى يۈرەك ـ باغرىڭنى سۇغۇرۇۋالغۇدەك

ئامبۇرمۇ شۇ چاغدا بىلىسەن…

— نېمە؟

ئىگەمبەردىنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ ئىچىدە بىر يېرى تارىسىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى چوڭ ئېچىۋېتىپ كوچىغا چىقىۋالغان كامال ئىگەمبەردىگە قولىنى شىلتىپ يەنە ۋارقىرىدى:

— سەن تولا شاشما! سەن ئىگەمبەردى شەھەردە تۇتۇلۇپ، قانۇن ئورۇنلىرىغا، رەھبەرلەرگە تازىنىڭ تۆمۈر تاغىقىدەك ئايان بولدۇڭ… سېنىڭ توقسۇنۇڭ تولدى!

كامال كېتىپ قالدى. ئىگەمبەردى پېشايۋان ئۈستىدە قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. «ئۇنىڭ قولىدا راستلا ئاشۇنداق تىزىملىك بارمىدۇ؟» دېگەن گۇمان ئۇنىڭ ئىچىدە قۇيۇن كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ ئۆيىگە كىردى. كات ئۈستىدىكى قوش ياستۇقتا يۆلەنگىنىچە تاماكا ئوراپ، سەرەڭگە چاقتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈن نىساخان بالىلارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ كامالنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. ياق، كامال قورقاق سېلىۋاتىدۇ. نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئەقىل بارمىدى؟ «تىزىملاپ مېڭىپ كەلگۈسىدە ئۇلارنى بىر ئوڭدا قوياي…» دەيدىغان خىيال بولۇپ باققانمۇ؟ ئەگەر راستلا ئاشۇنداق تىزىملىك بولغىنىدا، ئۆتكەندە شەھەردە تۇتۇلۇپ سولانغىنىدا، بىر يولدىلا كەشىسىنى توغرىلاپ قويسا بولاتتىغۇ… كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن كەتتىنىڭ بىرەر كالتە ـ كۆسەي ھوقۇقى ئۇنىڭغا تەگمەمتى… كامال ھازىر ئاشۇ خەنزۇ سەتەڭنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا جاھاندىكى ھەممە يالغاننى ئېيتىشقا، ھەتتا يەتمىش ئىككى قەسەمنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا قادىر!

ئىگەمبەردى گەرچە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان،

ئەمىنلىك بۆشۈكىدە تەۋرىنىدىغان خىيالىلارنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. ھەتتا كامال ئۇنى «تۇتۇپ بېرىدىغاندەك» سېزىممۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ كامالدىن ئۆچ ئېلىۋالغىنى غەنىيمەتتەك قىلاتتى. كۆرۈڭ بۇ كارامەتنى! كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا: «ئەخمەقلىق قىلما، جىنايەت ئۈستىگە، جىنايەت يۈكلىۋالىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇرسا، يەنە كىمدۇر بىرسى: «كېيىنچە پۇشايماندا قالما، خەنزۇ قىزنىڭ پەيزىنى سۈر··· » دەپ بەيدەيگە سالاتتى. راست گەپنى قىلغاندا زىناخورلار ئۈچۈن بىرەر پۇرسەت يارالغاندا، بېشىدا ئەزرائىل قاراپ تۇرسىمۇ، جېنى بىلەن كارى يوق، كۆزى قانداقتۇر مەزلۇمنىڭ قىزىل ئىشتىنىدا قالىدۇ ··· مانا ئىگەمبەردى ئاشۇنداق زىناخورلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن ئىدى!···

ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇرۇپ، پېشايۋانغا چىقىپلا ئاسمانغا قارىدى. ئۇ ئۇكەر يۇلتۇزنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ: ۋاقىت بوپقاپتۇ، دەپ ئويلىدى. ساندۇقتىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ئەلۋەتتە باللىقىدىن تارتىپ كۆڭلى تىلەمچىلىكتە ئۆتكەن قىزنىڭ كۆزى ئاچ بولىدۇ، ئانچە ـ مۇنچە بىر نېمە تەمە قىلماي قالارمۇ؟ دېگەن ئوي ئىگەمبەردىنىڭ يادىدىن كەچكەندى. ئۇ پۇلنى قايتىدىن ساناپ، چىرايلىق قاتلاپ مەيدە يانچۇقىغا ئاۋايلاپقىنا سېلىۋاتقاندا، بۇكىكىدە سۆگەتلىك ئاستىدا ئىككى قارا كۆلەڭگە ئۇ توغرۇلۇق ئاستا كۇسۇرلاشماقتا ئىدى. ئاي نۇرىدىن خالىي قويۇق يوپۇرماق، شاخلار ئاستىدا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئېنىق كۆرۈنمىسىمۇ ئاۋازلىرىدىن، سىياقىدىن چاۋار بىلەن ھابىل ئىكەنلىكى بىلىپ تۇراتتى.

— بۈگۈن كېچە ئىگەمبەردى بىلەن كامال ئوتتۇرىسىدا چوقۇم جېدەل چىقىدۇ، — دېدى چاۋار تاماكا ئوراۋېتىپ، — بايا

دېگەنلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم، جېدەل كۆتۈرۈلگەن ھامان، ئوت يېقىپ ۋارقىرىسام بولىدىغاندۇ؟
— ھەربىرىڭنىڭ تېز، چاققان بولسۇن، بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، نەق ۋاقتىدا ئىشنى باشلا.
چاۋار تاماكىسىنى تۈتاشتۇرۇش ئۈچۈن سەرەڭگە يېقىپ، ھابىلنىڭ كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى.
— ھەي تاياقنى خېلى بەك يەپسەن جومۇ، ئەتىگەندە ئۇنچىلىك ئەمەستى، بەك يامانلىشىپ كېتىپتۇ، — چاۋار ئىششىقنى ئاستا سىلىدى، — نېمە قىلغىنىڭغا شۇنچە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى.
— مەن ··· مەن باشقا يامان گەپ قىلمىدىم، — ھابىل قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى، — شۇ چاقچاق قىلغاندەك «تەتىيىگىننىڭ قورسىقىدىكى بالاڭنى كۆرگىلى كەلدىڭمۇ؟» دېگىنىمنى بىلىمەن، قارىسام يەردە ياتىمەن.
— نېمە؟ — چاۋار ئۇنىڭغا ئېڭىشتى، — قاپقارىسىغا يالا چاپلاپ گەپ قىلساڭ ئەلۋەتتە ئۇرىدۇ.
— مەن ··· يالا چاپلىمىدىم، ئۇ ··· ئۇ راست تۇرسا···
— ھابىل نەشە خۇمارىڭ تۇتتىمۇ نېمە، نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتىسەن.
ھابىل ئىككى مومايىنىڭ ئامبار ئۆينى تازىلاپ، ئورۇن راسلاپ بەرگەندە، لەيلىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ھۆ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەۋزىنىيازخاننىڭ: «بۇ قىزنىڭ قورسىقىدا بار ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا نېۋىسخاننىڭ «بىر ئايدىن ئاشتى» دېگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى چاۋارنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقىدىن غىل ـ پاللاپ، پارقىراپ كەتتى.
— ھەي دېۋەڭ، ئەتىگەن پاراڭلاشقاندا نېمىشقا دېمىدىڭ؟

— ئۇ ··· ئۇ ئانچە مۇھىم ئەمەسمىكىن دەپتىمەن.

— ھەي قاپاقباش، بۇ ··· بۇ دېگەن، سېنى ئۇرغان كامالنى ئۇدۇل ھەپسىگە ئاپىرىدىغان مۇھىم ئىش بۇ.

— مۇنداق دېسىلە.

— ئەمىسە ھازىر ئاغىنەڭ ئىمىن بىلەن جايىڭلارغا بېرىپ مۆكۈنۈپ يېتىڭلار، بىر كىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماڭلار، ئىگەمبەردى بەلكىم يولنىڭ چەت - ياقىلىرىدا تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقاندۇ.

چاۋار توغرا پەرەز قىلغانىدى. كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى دوڭغاق ئۇجمە ئارقىلىق ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، پەسكە قارىۋەتكەندىن كېيىن تامدىن سىيرىلىپ ھويلىغا چۈشتى. ھويلا جىمجىت بولۇپ، ئايدىڭدا نەرسىلەرنىڭ ئېنىق بولمىغان ئىزنالىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئىگەمبەردى تامنىڭ قاراڭغۇ سايىسى بىلەن ئاستا - ئاستا ئامبار ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۇ قۇلۇپنى ئېچىپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ باققان ئىدى، تۈنۈگۈن كېچىدىكىدەكلا ئىچىدىن بىر نەرسە تىرەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن بۈگۈن ئىشىكنىڭ ھېچ قىمىرلىماي تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئىچىدىكى تىرەكنى بىر كىم بېسىپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىگەمبەردى ئىشىكنىڭ ئاستىغا قول تىقىپ بىرلا كۈچەپ كۆتۈرۈپ، ئىشىك ئېلىنچىكىنى بوسۇغىدا تۆشۈكىدىن چىقىرىۋەتتى. كىشەكتىن پۇتۇنلەي ئاجراپ كەتكەن ئىشىك تاراقلاپ ئالدىغا يىقىلدى، قورقۇپ كەتكەن لەيلى ئارقىغا داجىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ھىجايغىنىچە يېقىنلىشىۋاتقان ئىگەمبەردى قىزنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قامالاپ تۇتتى - دە سۆيمەكچى بولدى. لېكىن قىز ئۈنىڭ يۈزىگە قامال سېلىشى ئىگەمبەردى يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ئۈنىڭغا ھىجايغىنىچە تەڭلىدى:

— گې، ھەي ياتۇ گېپي دەۋاتىمەن ··· چەن بېرىمەنيا، چەن ··· مانا، جىق چەنيا···

# ئەكىلساكان ئۆتلى (1)

لەيلى قولىنى بىر شىلتىش بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ قولىغا ئۆرۈشى پۇل يەرگە چۈشتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان پۇلنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، «ئاناڭنى پاسكىنا» دېگىنىچە ئۆنىڭغا ئېسىلدى. ئۆي ئىچىدە نېمىدۇر ئۆرۈلۈپ قانداقتۇر نەرسە تاراقلاپ يىقىلدى. ئىككىسى يەردىلا پۇمۇداقلىشىپ كېتىشى قىز: «ئەخمەت!···» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. ئەمما تۇغۇلۇكتىن توپىلارنى پۇرقىرىتىپ، گۈلدۈر ـ غالاپ قىلىپ ئامبار ئوتتۇرىسىغا بىر قارا كۆلەڭگە چۈشتى. ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قالدى. بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئامبۇردەك قىسىپ، لەيلىنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپ ئالدى. ئاغزىغا تەگكەن بازغاندەك مۇشت زەربىدىن ئامبار ئىشىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىگەمبەردى ئىككى موللاق ئېتىپ يەرگە دومىلا چۈشتى. ئارقىدىن بوراندەك ئېتىلىپ كەلگەن قارا كۆلەڭگە ئۇنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ بۇرنىغا كەلتۈرۈپ بىر مۇشت سىپلىشى ئاغزى ـ بۇرنى قىپقىزىل قانغا بويالغان ئىگەمبەردى ئېغىر خىرقىراپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

— كا ··· كامال ··· سەن، سەن ··· ئەر خەپ!···

— ۋۇي نومۇسسىز ئىپلاس هايۋان! بىلىپ قوي ئىتىمۇ ئۆزىنىڭ يالىقىنى قوغدايدۇ، — كامال ئۇنىڭغا خەنجەردەك قادىلىپ تۇراتتى، — ئەگەر سەن ئۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولساڭ سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن، مېنى قىلمايدۇ دېمە! قاچانكى بولسۇن، نەدىلىكىن بولسۇن پىچىقىمنى قانغا بوياپ، ئاندىن بارىدىغان يەرگە بارىمەن.

ئىگەمبەردى كاسىسى بىلەن ئارقىچە سىلجىپ، چېكىنگەنسېرى كامال ئۇنى قىستاپ كەلدى. ئەمما مال ئېغىلىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كۆرۈنگەن قىپقىزىل يالقۇن كامال بىلەن ئىگەمبەردىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئاڭغىچە كىملەرنىڭدۇر: «ئوت كەتتى!···»، «تېز ئۆچۈرەيلى··· »، «ئادەم





بارمۇ؟!» دەپ ۋارقىرىغان ئايانچلىق ئاۋازى كىچىككى تۈنىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. بۇ ئاۋاز ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلىنىپ يان قورۇدىكى ئون نەچچە مىنىبەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. مىنبەگلەرنىڭ باشلىقى مەتسېلىممۇ ئاسما مايكىسى بىلەنلا چېلەك كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى.

ــ ئوتنى قويغانلار مۇشۇلار، ئۇلارنى باغلاڭلار!

يۈزلىرى قان بىلەن بويالغان ئىگەمبەردى كامال بىلەن لەيلىگە قولىنى شىلتىشى يوپۇرۇلۇپ كەلگەن مىنبەگلەر ئۇلارنى قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاشتى ـ دە، يان قورۇغا ئېلىپ ماڭدى.

ئوت بىردەمدىلا ئۆچۈرۈلۈپ، مىنبەگلەر ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. شاپاق دوپپىسىنى ئاغزىغا تۇتۇۋالغان ئىگەمبەردى ئەمدىلا كوچىغا چىقىشى ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرغاندەكلا چاۋار ھەم مەتسىدىق كېلىپ قالدى.

ــ ۋۇي ئاغزى ـ بۇرۇنلىرى قان بىلەن بويىلىپ كېتىپتىغۇ، ــ چاۋار ئىچ ئاغرىتقان ئەلپازدا ئىدى، ــ بىر كىم بىلەن خېلى قاتتىق تۇتۇشۇپ قالغان ئوخشىمامىلا؟

ــ تايلىغىن ھېلىقى بۇزۇق ئۇنسۇر قىز بىلەن كامال بىرلىشىپ ئوت قويغاندۇر، ــ دېدى مەتسىدىق دەرھاللا، ــ ئىگەمبەردىكام شۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان گەپ.

ــ ھە، ھەئە ... شۇ ... شۇلار ئوت قويۇپ... ــ ئىگەمبەردى يۈزىنى قاچۇردى.

ــ ئۆيىگە قايتقان بىر مىنبەگدىن ئاڭلىساق، ــ چاۋار ئىگەمبەردىگە ساۋاق بېرىۋاتاتتى، ــ ئۇلار مال ئېغىلى ئۈستىدىكى پىچانغا ئوت قويۇپ تۇتۇلۇپتىغۇ. قارا نىيەتنىڭ يامانلىقىنى، ھەممە ئۇلاغلارنى بىر يولدىلا كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇپتىمەن.

ــ ئىگەمبەردىكام ئۇ قىزنى تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان

قارا نوپۇس، بەلكىم بۇزۇق ئۇنسۇر بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۆتكەندىلا ھۆكۈم قىلغان، مانا دېگەندەك بوپتۇ.

— بۇگۈن كېچىدىكى ئىشلارغا مېنىڭلار چوقۇم گۇۋاھ بولالايدۇ.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق ئىگەمبەردىنىڭ ئاغزىغا بىر مۇنچە لوقما سېلىپ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن ئارقىغا قايتىشتى. ئۇلار خېلى يەرلەرگىچە ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ ئۇندىمەي كەلگەن بولسىمۇ، مەتسىدىقنىڭ ئۆيىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە توختاشتى.

— چاۋاركا، — دېدى مەتسىدىق پاكار بويىنى تىككىسدە تۇتۇپ، — ئىگەمبەردىكام ئەتە كۈرەش يىغىنىدا ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلار.

— ئەمدى بۇنىمۇ ئېزىپ ئىچۇرۇپ يۇرىمىزمۇ، بۇ ئۆزىگە ئايانمۇ، شۇنچە پاكىت لوقمىلىرىنى چايناپ بەرگىنىمىزمۇ يېتەر.

— ھەي تاڭەي، — مەتسىدىق باش چايقىدى، — سىلى دېگەندەك ماتېرىيالنى قاتۇرۇپ يېزىپ، ساقچى ئىدارىسىغا تېلېفون بىرەلەمدىكىن تاڭ···

«ئوت قويۇش»، «نىكاھسىز بالا تېپىش»، «قانۇنسىز بىر قىزنى ئۆيىگە سولاپ زىنا قىلىش» لارنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت. ئىگەمبەردى بۇنىغۇ بىلەر؟

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. چاۋار بىر كوچا ئايلانسىلا ئۆيىگە يېتىپ باراتتى. ئۇ ئەمدىلا دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى «چاۋاركا» دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ قايرىلدى. ھابىل دەرەخلىك ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ چاۋارنىڭ ئوچۇقچىلىق يەردە سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئېرىقتىن سەكرەپ يولغا چىقىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. چاۋار كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن - بۇ بېشىغىچە راسا زەن سېلىپ

قارىغۇەتكەندىن كېيىن ئېرىقتىن ئاتلاپ دەرەخلىك ئىچىگە كىردى.

— ئۇ ئىككىسىنى قانداق قىلدىڭلار؟

— يان ھويلىدىكى ئىككى ئۆيگە ئايرىم - ئايرىم سولاپ قويدۇق. ئەتە كۆرەشكە سالىدىكەنمىز. شۇڭا ھەر خىل بوزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەتسىلىم مىنبىڭلارغا يىغىن ئاچتى.

— ئەتە يىغىن مەيدانىنى قورشاپ، ھەيۋەڭلارنى بىر كۆرسىتىڭلار، كامال بىلەن لەيلىنىڭ ئاغزىغا كۆشۈك سالمىساڭلار ئىشنى بۇزىدۇ.

— چاۋاركا، — ھابىل قويىندىن قاتلاقلىق بادامدوپپىنى ئالدى، — بۇنى لەيلى ياتقان ئامباردىن تېپىۋالدىم. كامال تۇڭلۇكتىن سەكرىگەندە چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ھەي، پەپىلىقۇش ئىستارى، — چاۋارنىڭ قارا يۈزىنى شۈملۈق قاپلىدى، — خام نەشىنى چېكىۋېرىپ دۆت كەيپە بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ بۇ دوپپىنى بەلكىم ئوت كەتكەن يەردىن تېپىۋالغانسەن؟ ئاندىن بىر نەچچە مىنبىڭلارغىمۇ كۆرسەتتىڭ تېخى...

— بۇ ... بۇ... — ھابىل چاۋارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، — توغرا، توغرا، ئاشۇ ئوت كەتكەن يەردىن تېپىۋالدىم ... ئاندىن ئىمىن تازغا كۆ ... كۆرسەتتىم...

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ. بۇ دوپپىنى ھازىرلا ئىگەمبەردىگە ئاپىرىپ بەر ... كۆرگەن - بىلگىنىڭنى قويماي سۆزلە، يەنە... — چاۋار سەل تۇرۇۋالدى، — ئىگەمبەردىگە دەپ قوي، ئەتە كۆرەش يىغىنىدا: «سىنىپىي كۆرەش چوكامىنىڭ ئۈچىدا، ئېشىمىنىڭ سۆيىدە، چىشلىرىمغا چاپلىشىپ ئالغان» دەپ لاۋزىلىشىپ يۈرمىسۇن، «ئوت قويۇش»، «نىكاھسىز بالا تېپىش»، «قانۇنسىز بىر قىزنى ئۆيگە سولاپ زىناخورلۇق

قىلىش» مانا مۇشۇلار قانچە گەۋدىلەندۈرۈپ سۆزلىسە ئەرزىيدۇ.
ھەرگىز چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ يۈرمىسۇن.

— ما ... ماقۇل... — ھابىل چاۋارنىڭ قولىغا قارىدى، — چاۋاركا...

— يەنە چېكىدىغىنىڭ قالمىغان ئوخشامدۇ؟ دوپپىنى ئاپىرىۋېتىپ كەل، بولامدۇ، ئاندىن.

— ماقۇل چاۋاركا!

بىردىنلا چىرايى ھەشقىپىچەك گۈلىدەك ئېچىلىپ كەتكەن ھابىل خۇشاللىقىدا يۈگۈرگىنىچە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت تەشكىلى قورۇسىدىكى سۆگەتكە ئېسىلغان داڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېھقانلار توپ ـ توپ كېلىشكە باشلىدى. قۇمتام باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 50 ياشلاردىن ئاشقان ئاپئاق چاچلىق باش مۇئەللىمى نۇرسىيىتمۇ قىرىقتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ مەيداندىن ئورۇن ئالدى. ھويلا ئوتتۇرىغا ئۇزۇن بادرا ياغاچلارنى بېكىتىپ، ئۇنىڭغا بورىلارنى قېقىپ سەھنە ياسالغان بولۇپ، سەھنە بېشىغا تارتىلغان قىزىل پلاكاتتا: «بۇزۇق ئۇنسۇر، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى كامال ھەمم لەيلىنى كۈرەش قىلىش، چارە كۆرۈش، يىغىنى» دېگەن خەت چاپلانغان ئىدى. سەھنىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئىگەمبەردى چاۋار، مەتسىدىق، كىچىك ئەترەت باشلىقلىرىدىن روزى كاتاڭ، ئايشەم، كېرەم موللا قاتارلىقلار قاتارىسىغا ئولتۇراتتى. مىنبەڭلار ئاغزىغا كۆشۈك تارتىپ، چىڭ باغلانغان كامال بىلەن لەيلىنى سەھنە سۇپىسىغا ئېلىپ چىقتى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ باش مۇئەللىمى نۇرسىيىت قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتايلى!»، «بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرەيلى!»، «كەنتىمىز رەھبەرلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيلى!» دېگەن بىر قاتار شوئارلارنى ئۇزۇلدۇرمەي توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ

شامالدا قالغان بوغما قاپاقتەك غوڭۇلداپ چىققان ئاۋازىغا ئۆزى قۇلىقىنى تولغاپ ئېلىپ كەلگەن كىچىك باللار، يەنە بەزى ئەر ـ ئايال دېھقانلارمۇ ئالىتاغىل توۋلاپ قويۇشتى.

ئىگەمبەردىنىڭ ئىلان قىلىشى بىلەن چاۋار، روزى كاتاڭلار پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئاۋام، خەلقنىڭ ھۆرمەت قىلىشى، بويسۇنۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ سۆزلىدى. لېكىن مەتسىدىق «ئوت قويۇش»، «نىكاھسىز بالا تېپىش»، «قانۇنسىز بىر قىزنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ زىنا قىلىش» لارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئىكەنلىكىنى يۇقىرى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى دېھقانلارنى بىردىنلا تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى. بەزىلىرى ئاستىلا كېتىپ قالماقچى بولۇشىدى، ئەتراپنى قورشىۋالغان مىنبىڭلارنىڭ سۈرلۈك ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ئۈن ـ تىنسىز باش ساڭگىلىتىپ تۇرۇشتى. ئاخىرىدا ئىگەمبەردى سەھنە ئالدىغا كېلىپ قەلەي كانايىنى قولىغا ئالدى.

— قۇمتاملىق قېرىنداشلار، كامال سىنىپى كۆرەشنى ئۇنتۇپ، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان بىر بۇزۇق ئۇنسۇرنى قانات ئېلىپ، ئۇنىڭغا «لەيلى» دېگەن ئىسمىنى قويۇپ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى قەستەن يوشۇرغان...

ئىگەمبەردى نېمە ئۈچۈندۇر گەپلىرىنى ئىشەنچلىك ھالدا قويالماي بىردە دۇدۇقلىسا، تۇرۇپلا توختاپ قالاتتى. چاۋارنىڭ يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ ياكى دىمىغىنى قېقىپ بەرگەن شەپىلىرىدىن كېيىنلا ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇلايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ چاۋار زەردە بىلەن گېلىنى قىرىپ ئالىيىشى، ئىگەمبەردى سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئەسلىدە لەيلى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ پۇشتى بولۇپ، تونۇگۇن كېچە...

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئىگەمبەردى يېنىدا تىكىلىپ ئولتۇرغان چاۋارغا قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىستىھزادىن قورقۇپ گېپىنى تەستە ئۇلىدى.

ــ ھە، تۇنۇگۈن كېچە مال ئېغىلىغا ئوت قويۇشتەك بۇزغۇنچىلىق ئۇستىدە تۇتۇلدى ··· بۇنىڭغا مىنبىگلار گۇۋاھ، مانا، ــ ئىگەمبەردى بادامدوپپىنى ئېگىز كۆتۈردى، ــ بۇ ئوت قويغان نەق مەيدانغا چۈشۈپ قالغان كامالنىڭ دوپپىسى! ئۇ بىر مىنبىگنىڭ كۆزىگە ئۇرۇپ قويۇۋەتكىنى تاس قالدى، مېنىڭ ئاغزى ـ بۇرنۇمنى قانغا بويىدى.

سەھنە ئالدىدا مىنبىگلار گەۋدىسىدىن بېسىپ تۇرغان كامال يۇلقۇنۇپ ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاغزىغا سىلىنغان كۆشۈك چىڭ تارتىلىپ تۇرغاچقا گەپ قىلالمىدى. لەيلى ھېچنېمىنى ئۇقالماي گاڭگىراپلا قالغانىدى. ئەخمەت گاچا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇڭشىيتتى. زۇلال، مەتنىياز، ياربەختى، ھاشىم، كامالەتلەر ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ھاشىمنىڭ زەھەردەك ئاچچىق قادىلىشىدىن ئەندىككەن چاۋار بىردىنلا پەسكە قارىۋالدى. بىراق ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغان ئىدى، ئىگەمبەردى قەلەي كارنايىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.

ــ قۇمتاملىق قېرىنداشلار، ھەممىمىز مۇسۇلمانمىز، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدە «نىكاھسىز بالا تېپىش» قانداق گۇناھ بولىدۇ؟

ــ گۇناھى كەبىر[1] دۇر، ــ دېھقانلار گۇررىدە توۋلاشتى.

ــ بىر قىزنى ئۆيىدە نىكاھسىز ساقلاپ، زىناخورلۇق قىلىسچۇ؟

ــ ئۆل دوزىخىدۇر!···

---

① گۇناھى كەبىر — چوڭ گۇناھ.

دېھقانلار بايىقىدىنمۇ بەكرەك ۋارقىراشتى. ئىگەمبەردىنىڭ ئاخىرقى ئىككى كەلىمە سوراق سۆزى دېھقانلارنى قايىل قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ چاقىچە كۆپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغان كامالغا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ پارتلاشقا ئازانلا تۇرغان زۇلال، مەتنىياز، ياربەختلەر دېھقانلارنىڭ: «گۇناھى كەبىرا!...»، «دوزىخىدۇرا!...» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن كېيىن هاشىمغا قارىغان ئىدى، هاشىم: «بولمايدۇ، ۋاقتى ئەمەس» دەپ بېشىنى چايقىدى.

چاۋار باشلىق ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، مىنبىگلار هاشىمنىڭ ئارقىسىغا توپلاشقان ئاكتىپ يېزا ياشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇن ـ تىنسىز كېتىپ بارغان كۈرەش خۇددى يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغان قىيان سۇدەك كۆتۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ قىل ئۈستىدە تۇرغاندا، دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرگەن نېۋىخاننىڭ ئايانچلىق ئاۋازى كۈرەش يىغىنىدىن بىزار بولغان دېھقانلارغا بىر چېقىلدۇرغۇچ بولدى. ئۇلار بىردىنلا مالىمانلىشىپ، ئۇپۇر ـ توپۇر يۇگۈرۈشۈپ نەلەرگىدۇر قىچىشتى، چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، دوق قىلىشلىرى زادىلا كارغا كەلمىدى.

— جېنىم بالام، كامال!

نېۋىخان بىرلا ۋارقىراپ ئايلىنىپ يىقىلدى. ئەتىگەندىن بېرى كەنت تەشكىلىگە بارغۇزماي تۇتۇپ تۇرغان ھەۋزىنىيازخان ئۇنى يۆلەپ تۇرۇشى زۇلال، مەتنىياز، ياربەختلەر كۆتە ـ كۆتە قىلىشىپ ئېلىپ كېتىشتى.

نېۋىخان ئانا ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئەسلىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ھەۋزىنىيازخان ئۇنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇراتتى. نېۋسخان تۈنۈگۈنكىدەك ئاللىتوۋا كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئۇرۇپ، كىملەرنىدۇر تىللاپ، قارغىمىغان بولسىمۇ، ئۇنسىز ياش تۆكۈش، پات ـ پات چوڭقۇر

ئاھ ئۆرۈپ، ھەسرەتلىك خىياللارغا پاتقاندى. ھەۋزىنىيازخان ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەچ نەسىھەت قىلاتتى.

— ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا بىئارام قىلما، خۇدايىم ئاسايىشلىقنى بېرىدۇ.

— كاملاخۇن بالامنى پاشلىقتا پالىدى. لەيلىنى بولسا مال ئېغىلدا ئىشلەشكە ئېلىپ قالدى. ئۇ ئاجىز قىز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بوي - بېشىدا بار. مال ئېغىلىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداقمۇ چىقار؟

— كەنتىمىزدىكى ئۇچ ھارامخور دوزىخىنىڭ بېشىنى يەيدىغان ۋاقتىمۇ كېپقالدى.

— ۋاي ··· ھەۋزىنىيازخان، ئۇ ئۆلگۈرلەرنى تىللاپ - قارغاپ، زاۋاللىق تىلىگىنى نەچچە يىللار بولۇپ كەتتى. يەنىلا قۇمتام دېھقانلىرىنى غاجاپ - تالاپ، بۇلاپ يەپلاۋاتىدۇ، — نېۋىخان مەيدىسىگە ئالىقىنىنى قويدى، — ئوغلۇڭ ئوبۇلھەسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن بۇ ناھەقچىلىكلەرنى دېسەڭ بولمامدۇ؟

— ۋاي جېنىم قوشنام دېمەمدىغان، ئوغلۇمنىڭ دېيىشىچە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشىگە كۆپ قالماپتىمىش.

— خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن دەپ، ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىپ مانا ياز چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئەتىۋارلىقلار قاچان كېلىدىكىن - تاڭ؟

نېۋىخان ئانا يىغلا - قاقشا بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەر كۇنى كەنت تەشكىلىگە تاماق توشۇيدىغان بولۇپ قالدى. لەيلى ئەخمەت بىلەن مال ئېغىلدا پىچان توغراش، ماللارنىڭ ئاستىنى ئادالاش، ئېغىلدا دۆۋىلىنىپ كەتكەن قىغلارنى چىقىرىش، سامان يۇيۇش، بوغۇز تەييارلاش بىلەن كۇنى ئۆتەتتى. بەزىدە ئەخمەت ئۆگزىدىن پىچان تاشلىسا، لەيلى ئۇستەڭدە ئاتلارنى تۆمۈر تاغاقتا تاراپ يۇياتتى. ئۇنىڭغا مال ئېغىلدا ئىشلەش ئۇنچىلىك

جاپالىق بىلىنمەيتتى. ئېغىر ئىشلارنى ئەخمەت قىلاتتى. بىر قېتىم لەيلى تۆمۈر ئارىدا يوغان بىر باغلام پىچاننى كۆتۈرۈشى ئەخمەت كەلگەنچە ئۇنىڭ قولىدىن ئارىنى تارتىۋېلىپ، بىر مۇنچە گۇڭگراپ، غەلىتە ئىشلارنى قىلىپ كەتتى. لەيلى ئۇنىڭ: «قورساقتىكى بالىنى ئاياڭ، ئېغىر ئىشلارنى قىلىسىڭىز خەتەرلىك» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، يىغلاپ سالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. «تۇغقانچىلىق ئوتى»، «قېرىنداشلىق مېھرى»، «ئاتا ـ ئانا كۆيۈمى» دېيىشىدىكەن. لېكىن كۆڭۈل دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمىكەنغۇ، تېرىقتەك خاپىلىقتىن كۆلدە كۆمەچ بولۇپ كېتىدىكەنسەن. ئەمما قىلدەك ياخشىلىقتىن، ئەدناسى كۆڭۈل ئىزلەپ قىلغان بىر ئېغىز سۆزدىن ئۆزۈڭنى ئەرشتە ئۇچۇپ يۈرگەندەك يېنىك ھېس قىلىدىكەنسەن. يۈرەكتىكى كىرلەر يۇيۇلۇپ، مىڭ يىللىق ھەسرەت ـ نادامەتلىرىڭ باھاردىكى ئەگىزدەك ئېرىپ نەگىدۇر سىڭىپ كېتىدىكەن. ھازىر ئەخمەت لەيلىنىڭ ئۆز قېرىندىشىدىن چارى ئاكىسى بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىلىرى لەيلى ياتقان ئامبار ئالدىغا بىر پارچە كىگىزنى تاشلاپ، يەكتىكىنى غېرىبچە يېپىنىپ، سامان تەكىينى بېشىغا قويغىنىچە لەيلىنى بېقىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئىگەمبەردى كامالنىڭ «قاچانكىن، نەدىلىكىن بولسۇن، پىچىقىمنى قانغا بويايمەن» دېگەن سۆزلىرىدىن قورقتىمۇ ياكى كامالغا قىلغان تۆھمەت ـ ياللىرىدىن ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، لەيلىگە قىلغان ئىشلىرىدىن نومۇس قىلىپ قالدى. قاراڭ، ھەممە ئادەم يەر تىڭشاپ ئۇخلاپ كەتكەن چاغ تۇرسا، ئىگەمبەردى ئوچاق كۆلۈڭگىغا يۆلىنىپ، ئۆزمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدۇ. خوتۇنى نىساخان بولسا يېنىك پۇشۇلداپ، بەزىدە بوشقىنا خورەك تارتىپ ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ. ئىگەمبەردى «ئۇھ...» دەپ سوزۇپ چوڭقۇر تىنغان ئىدى، ئۇنىڭ خورسىنغىنى نىساخاننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ

قالدى. ئۇ ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى.

— دادىسى، ئۇخلىماي نېمانداق ئېگىز - پەس تىنىپ ئولتۇرىدىلا؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئىشتىھالىرى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇلىرى قېچىپ غەلىتىلا بولۇپ قالدىلا، سىلىنى داخانغا ئوقۇتۇۋەتسەك بولامدىكىنتاڭ.

— ھەي ··· نىسا نېمانچە ساددىسەن، — ئىگەمبەردى بېشىنى توختىماي ئىرغىتتى، — مەن نېمە غەمدە، سەن نېمە كويدا؟ ئويلاپ باقە، كامال مېنىڭ قېشىمدا تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇ ئېغىلغا ئوت قويالىسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دوپپىسى ئېغىل ئەتراپىدا چۈشۈپ قالغىنى قىزىق! شۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن بېرى مېنى خىيال چېقىپ كېتىۋاتىدۇ.

— سىلىنى ئەرۋاھلار يۆلەۋاتقان چېغى···

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، مېنى ئەرۋاھلار ئەمەس، چايانلار يۆلەۋاتىدۇ.

ئىگەمبەردى ئۇچاق كۈلۈڭگىدىكى كۈلگە قاراپ، تۆھمەت بىلەن قارىلانغان كامالنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىدا، لەيلىمۇ يوتقان - كۆرپە ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، تۈڭلۈكتىكى ئايغا قاراپ، كامالنى ئەسلىمەكتە ئىدى. ئەسلىگەنسېرى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى. راست، كامال بىلەن چۆلئېرىقنىڭ شورلۇق تۈزلەڭلىكلىرىدە تونۇشقانىدى. چۆلئېرىق دېگىنىدە ئۇنى تاشلاپ قويۇپ مېڭىشى مۇشۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىغا چىدىمىغان ئىكەنده! ياق كامال، ياق ··· دۇنيادا سىزلا بولسىڭىز ··· مەن، مەن ···دوزاخقىمۇ كۆنۈپ كېتىمەن ··· تۇۋا شۇ چاغدا ھارۋىدا كېلىۋېتىپ «خوتۇنىڭىز بارمۇ؟» دەپ قېلىنلىق قىلغىنىم نېمىسى؟ تېخى «سىزدەك قامەتلىك يىگىتنىڭ خوتۇنى باردۇ، دەپ ئويلاپتىمەن» دېگەنلىرىمچۇ؟ ئەسلىدە شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭغا ··· ۋاي بولدىلا ··· بولارنى ئويلىغانسېرى كۆز ياشلىرىم

توختىمىسا!…

لەيلى ھېلىقى بىر كۈنى ئىگىز قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭداشقان ئايدىڭ كېچىنى تەرەپبال ئەسكە ئالدى. شۇ چاغدا كامال ناھايىتى تەسلىكتە: «ئەگەر كەنت تەشكىلى ياكى دېھقانلار تەرىپىدىن بىرەر گەپ ـ سۆز ياكى ئاۋارىچىلىق تۇغۇلۇپ قالسا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئىكەندە! كامال يەنە: «مەن سىزگە مەڭگۈ ۋاپادارلىق كۆرسەتسەمچۇ؟» دەپ لەيلىنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان چېغىدا، لەيلى ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «زۇلۇم تاغلىرى بېسىۋالسىمۇ ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئىسمىڭىزنى چاقىرىمەن» دېگەن ئىدى…

بىر كۈنى كەچكىچە جادۇدا پىچان توغراپ، سامان يۇيۇپ، قىغ چىقىرىپ چارچاپ كەتكەن لەيلى يوتقان ئۈستىگىلا ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزى ئىلىنىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى … كىم بىلەندۇر مۇڭدىشىۋاتقاندەك ئاستا شىۋىرلىدى. شۇنداق! ئۇ تۆت ئەتراپىنى خۇددى يامغۇر بولۇۋاتقاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم تاغلىرى قورشىۋالغان پىچان ئىگىزلىكىدە كېتىپ باراتتى. بۇ پىچانلىق قاتمۇقات قۇم دۆڭلۈكلىرى، قۇم تاغلىرى ئوتتۇرىسىدا گويا گۈزەل يارنىڭ چۈشۈپ قالغان يېشىل رومالىغا ئوخشايتتى. ئورۇپ تاشلانغان پىچان دۆۋىلىرى قاتار تۇرارمىش … يەنە تېخى ئەتراپىنى چاۋار ـ چاتقاللار ئورىۋالغان كۆرۈمسىز بىر ئۆي چوقچىيىپ كۆرۈنەرمىش … ئۆي ئالدىدا يەرنى كولاپ ياسىغان ئوچاق، ئۇنىڭ يېنىدا قارىداپ كەتكەن قۇم چۆگۈن، سىرلىرى كۆچكەن كورۇشكا، ئوتۇننىڭ كۆيۈندىلىرى، ۋە يىرتىق چاپان … قاتارلىقلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تاشلىنىپ ياتارمىش … ۋاي، توۋا، بۇ نېمە قىيامەت؟! ھېلىقى چوقچىيىپ تۇرغان ئۆي، چېچىلغان

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

نەرسىلەر بىردىنلا قىپقىزىل ئوت ئىچىدە قالدى. لەيلى: «كامال ... كامال... » دەپ زىكرى قىلغىنىچە ئوت ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى! لېكىن كامال يوق ئىدى. لەيلى قايتقاندا، ئۇ ئوت ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى سۈسۈن، توق ھالرەڭ، ئاچ قىزغۇچ ئېچىلىپ كەتكەن ھادىس گۈزەل يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن چىقىپ كەلدى! كامال بەكمۇ ئېگىز قۇملۇق ئۈستىدە ئاق يەكتىكىنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن ھالدا پەسلەرگە قاراپ ۋارقىرىماقتا ئىدى!...

— لەي ... لى!...

— كا ... مال!...

لەيلى قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ... ئۇ ئالىقانلىرىدا يۈزىنى قاماللىغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى:

— كامال ... سىز نەدە؟ مەن ... سىزنى سېغىندىم!!...

كېچىدىن كۆرگەن چۈشىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى كامالنى سېغىنغان يۈرەكنىڭ ئەلەملىك تەلپۈنۈشىمۇ ئەيتاۋۇر لەيلى ئەتىگەندىن بېرى بەكمۇ خامۇش، روھسىز، چىرايلىرى سارغايغان ھالدا، لاپاسلىق ئېغىلدا ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ توغرالغان پىچاننى غەلۋىردە تاسقاۋېتىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈلگەن قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويىدى. ھەر دائىم ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرىدىغان ئەخمەت ئوقۇرلانى تازىلاۋېتىپ، لەيلىنىڭ لاپاس تۈۋرۈكىگە بېشىنى تىرەپ، قورسىقىنى تۇتقىنىچە يىغلاۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ قانداقتۇر بىر خىيالنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى بولغاي پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

ئەخمەت گاچا كەچ تەرەپتە ئۆزى ئەتكەن ئۇماچتىن بىر قاچا كۆتۈرۈپ ئامبار ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق لەيلى «ئىچمەيمەن» دەپ ئىشارەت قىلىشى ئەخمەت كۈلۈپ:

«ئەگەر ئىچمىسىڭىز، بىر خۇش خەۋەر بار، دېمەيمەن» دېگەننى قول، ئىغىز، كۆز ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇقتۇردى. لەيلىنىڭ ئىچمەيمەن دېيىشى ئەخمەتنىڭمۇ ئايلىق ئاشلىق نورمىسى ئۇ ئايدىن ـ بۇ ئايغا ئۆزۈلۈپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ لەيلى ئۇچۇنلا ئات بوغۇزىدىن قوناق ھەم ئارپىدىن ئېلىپ تۇگمەندە تارتتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. لەيلى بۇنى ئاڭلاپ سەل قورقتى. ئەخمەت «ئاتلار سەپەرگە چىقماي دەم ئېلىۋاتقاندا بوغۇزنى قىسىپ، ئوت ـ چۆپ، پىچانغا زورلىساق بولىۋېرىدۇ. بىر چوڭ ئادەمنىڭ ئايلىق قوناق نورمىسى 26 جىڭ بولغىنى بىلەن بىر ئاتنىڭ 45 جىڭ» دەپ لەيلىنى كۆندۈرگەن ئىدى. شۇڭا خۇش خەۋەرنىڭ كويىدا قالغان لەيلى بىر ھېجىر ئۇماچنى ماختاپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئۇ «ئەمدى خۇش خەۋەرنى دەڭ» دېگەندەك ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ لەيلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئىغىلغا ئېلىپ كىردى. لەيلى چىرايلىق توقۇلغان ئىككى ئاتنى كۆرۈپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. لېكىن ئۇ ئەخمەتنىڭ بىر چوڭقۇر مەنە بىلەن كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى.

— مېنى ··· مېنى پاشىلىققا ئېلىپ بارامسىز؟ راستىلا كامالنى كۆرگىلى بارامدۇق؟

ئەخمەت بىگىز بارمىقىنى لەۋلىرىگە بېسىپ «جىم» دېگەننى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ: «قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھەممىسى ئۇخلايدۇ، ھېچكىم بىلمەيدۇ··· » دېگەن مەقسىتىنى ئىشارىلار بىلەن ئۇقتۇرۇشى لەيلى خۇشاللىقىدا «ئەخمەت ئاكا» دەپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

دېھقانلار كەچلىك تاماقلىرىنى يەپ، ئاچچىق تاماكىلىرىنى شوراپ، بىر كۈنلۈك ھاردۇقتىن يېنى يەر تارتىپ قالغان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا كەنتتىن تىۋىشسىزلا چىقىپ كەتكەن لەيلى بىلەن ئەخمەت قۇم دەشتىگە قەدەم ئېلىشى بىلەنلا ئاتلىرىنى

قويۇۋەتتى. قۇم بارخانلىرى چوققىسىغا سانجىلغان ئىگىز خادا تاياقلارنى، ئۇنىڭغا باغلانغان ئۇزۇن ـ قىسقا لاتىلارنى، قوتاز قۇيرۇقى، ئۆچكە تېرىسى تۇلۇملىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان لەيلى بۇلارنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارايتتى. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك نەرسىلەر بىپايان قۇملۇقتا ئىزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قويۇلغان يول بەلگىلىرى ئىدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىكار يېتىپ زېرىككەن ئاتلار قامچا سالمىسىمۇ، تىزلىرىدا بىقىنداپ دېۋەتمىسىمۇ تۇياقلىرىدىن قۇملارنى چاچرىتىپ چاپاتتى. ئاتلار ئەنە شۇنداق تېزلىكتە ماڭمىسىمۇ پاشىلىقتا ئوتتۇرا كېچىلىكتە يېتىپ بېرىپ، تاڭ ئاتقىچە قۇمتامغا قايتىپ كەلگىلى بولمايتتى. ئاتلار بەس ـ بەستە پۇشقۇرۇشۇپ چاپقانسېرى ئايسىز يۇلتۇزلۇق كېچىدە قۇملۇق ئارا كۆرۈنگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللەر تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى. تىنىمسىز شاماللاردىن تۈۋى ئېچىلىپ كۆرمىگىلىغان يىلتىزلار يىلانلاردەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئاجايىپ زور قۇم بارخانلىرى ··· پاخپاقلىشىپ ۋە قاقشاللىشىپ كەتكەن قەدىمىي توغراقلار ··· بوغما يىلاندەك تولغىنىشىپ ياتقان بەقەملەر ··· گويا ئاقباشلىق يالماۋۇز مومايدەك دوڭغىيىپ قالغان پاختا يۇلغۇنلار···

چاقماق ئوتىدا كۆيۈپ قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلانغان توغراق غوللىرى، ئەسىرلەر بويى دۈۋىلەنگەن ساپسېرىق قوۋزاق ئېدىرلىرى ··· كۆز يەتكۈسىز ئەجەل قۇملۇقلىرى بىر ـ بىرلەپ ئايان بولماقتا ئىدى! ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى سەل ئاستىلىغاندىلا، ئاي تۇغۇپ كائىنات تۇمانغا ئايلانغان يورۇقلۇق ئىلكىدە غۇۋا يورۇدى.

پاشىلىق تەكلىماكان ئىچىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھەم سىرلىق ماكان. قۇمچاقار، ئەلئابادتىكى بىر قانچە كەنتلەرنىڭ

بۇ يەردە يەرلىرى بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن قۇم تاغلىرى ۋە قۇم دۆڭلۈكلىرى، ئېدىرلىق، يانباغىرلار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. بىر كەنت بىلەن يەنە بىر كەنتنىڭ يەرلىرىگە بىرىش ئۈچۈنمۇ قۇملۇق داۋان ۋە توغراقلىق ئورمان، ياۋا قومۇشلۇق چاتقاللىقلىرىدىن ئېشىپ بىرەر كۈندە بارغىلى بولاتتى. ئەمما شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكىدىن بۇ يەرلەرگە ئۇزۇن يىللىق ئۆسۈملۈكلەردىن پىچان تېرىلەتتى. ھەربىر كەنت ئۆزىنىڭ پىچانلىقىغا ئەۋەتكەن زومىگەر، پومېشچىك، باي دېھقان ئائىلىلىرى بۇ يەردە باھار، ياز، كۈزگىچە، كەنتنىڭ ماللىرىنى باققاچ پىچان ئورۇيتتى. قۇم تاغلىرى ئارا يېيىلىپ ياتقان پارچە ـ پارچە بۇ يەرلەر كۆل رەڭ قۇملۇق ئارا خۇددى تۆكۈلگەن ياپيېشىل زۇمرەت پارچىلىرىغا ئوخشايتتى.

ئەخمەت بارغانسېرى تىك كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايغا قاراپ ئوتتۇرا كېچىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يېقىنلا يەردىكى كۆكۈلمەيدانلىقىنى كۆرسەتتى ـ دە «كېلىپ قالدۇق، ئاشۇ، شۇ» دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، كۆز يەتكۈسىز پىچانلىقتا ئاتلىرىدىن چۈشتى. تەكلىماكاننىڭ كۆپكۆك پاكىز ئاسمىنىدا بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي مۆئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. چاراقلىغان سانسىز يۇلتۇزلار چېچىلغان ئۈنچە ـ مارجاندەك جۇلالىنىپ، يۈرىكى رىتىمىدىن ئازغان قىزغا بەخت تىلىگەندەك قىلاتتى ... سېھىرلىك كۆكۈچ نۇر ئىلكىدە تاۋلانغان ئېگىز ـ پەس قۇم بارخانلىرى گويا دېڭىزدىكى دولقۇنغا ئوخشايتتى. ئەدناسى چەك ـ چېگراسى مەلۇم ئەمەس تىلسىملىق ئادەم تېنىنى شۈركەندۈرۈپ، كۆڭۈللەرگە قورقۇنچ سالسىمۇ، لېكىن لەيلى بىر ئالەم شادلىقى بىلەن خۇشال كۆرۈنەتتى. لەيلى بىلەن ئەخمەت ئاتلىرىنى يېتىلەپ غېرىبانە مۆكۈلىنىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئۆي ئالدىدا توختىدى. توۋا، بۇ لەيلى چۈشىدە

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

كۆرگەن ئۆينىڭ ئۆزىغۇ … ئەخمەت كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىشى لەيلى ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تاشلاپ، يېگانە ئۆيگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقىپ «يوق» ئىشارىسىنى قىلدى. ئەخمەت ئەتراپىغا نەزەر تاشلاپ، پىچانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ، لەيلىگە ئۇخلىغانىنى ئىشارە قىلغاچ، ئايدىڭدا غۇۋۋا قارىيىپ كۆرۈنگەن قېرى توغراقنى كۆرسەتتى.

لەيلى ئەخمەتكە لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇيالغاندەك بولۇپ ماڭدى. ئاندىن تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدى. كېيىن بىردىنلا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ «كامال، كامال، كامال… » دېگەن سۆزنى ئۈزمەي تەكرارلايتتى. قېرى توغراققا يېقىنلاشقانسېرى دېمى كېسىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۇچرىشىش ھاياجىنىدا تىترەيتتى. ئەتراپتا يېڭىلا چېپىلغان پىچان دۆۋىلىرى رەت ـ رەت تىزىلغان بولۇپ، شاخاراپ كەتكەن توغراق تۈۋىدە بىر باغ پىچاننى بېشىغا قويغان كامال رىۋايەتلەردىكى پالۋانلاردەك ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كويىدا كۆيگەن لەيلى ئايىغى ئاستىدىكى ئوت ـ خەسلەرنى پىسىرلىتىپ، ئاستا ـ ئاستا دەسسەپ كېلىپ كامالنىڭ بېشىدا تىزلاندى … ئۇ ھاياجان ئىزتىراپىدىن ھاسىرايتتى. ئۇنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيمايتتى. كائىناتنى ئاق خەسىدەك يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئايغا قارىغىنىچە ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى سۈزۈك ياشلارغا تولدى. چۈنكى كامالنىڭ مەيدىسىگە قونۇۋېلىپ قان شوراۋاتقان پاشىلار ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتكەن ئىدى. ئۇ كىچىك ئالىقانلىرىدا كامالنىڭ مەيدىسىنى سىلاۋاتقىنىدا بىر نەچچە تامچە ياش مۈزدەك تەرلىگەن چوڭ كۆكرەكلەر ئۈستىگە تېمىپ چۈشتى … كامال چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزىنى پاللىدە ئاچتىيۇ، دەمال ھېچ نېمىنى

ئاڭقىرالمىدى. لېكىن بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان ئارىلىقتىكى سۆيۈملۈك چىراي، تونۇش كۆزلەرنى كۆرگەندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ توۋلىۋەتتى.

— سىز؟!...

— كامال!

لەيلى تاقەتسىز ھالدا ئۆزىنى يىگىتكە ئاتتى ... كامالمۇ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى...

— جۇرۇڭ ئاي يورۇقىدا مەن سىزنى ئېنىقراق كۆرۈۋالاي، — كامال لەيلىنى دەست كۆتۈرۈشى قىزنىڭ بىلەكلىرى يىگىتنىڭ بوينىغا يىلاندەك چىرماشتى، — بۇ ... چۈشۈم ئەمەستۇ؟ ئىلاھىم چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن!

— بۇ چۈشىڭىز ئەمەس، ئاغرىدىمۇ؟ — لەيلى كامالنىڭ يۈزىنى چىمدىدى، — ئاغرىغان بولسا ئويغۇمكەن دەڭ!

— ئاغرىدى...

— قانداق سەزدىڭىزمۇ؟ — لەيلى چىمدىغان يەرنى شورىدى، — سەزگەن بولسىڭىز چۈشۈم ئەمەسكەن دەپ بىلىڭ. مەن لەيلىڭىز...

— سەزدىم ... سەزدىم ... ئۇ سىزنىڭ جىنەستىدەك كىچىك لەۋلىرىڭىز...

ئۇلار چىمەندە ئۈگدىشىۋاتقان يۇلغۇنلارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشتى. سۇپسۇزۇك تەكلىماكان ئاسمىنىنىڭ ئېگىز بىر جايىدا يالغۇز ئاي ئىككىسىگە سىنچايان قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يورۇقىدىن ھەممە يەر سۈس ھاۋا رەڭگە كىرگەن ئىدى. قېلىن ئوتلار ئارىسىدا چېكەتكىلەرنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىرىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قانداق كەلدىڭىز؟ — كامال قىزنىڭ ئالقانلىرىغا سۆيدى.

— ئەخمەت ئاكام ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆي ئالدىدا قالدى.

— بارامدۇق؟

— توختاڭ، مەن سىزنى كۆرۈپ قېلىۋالاي، — جۇپ لەۋلەر بىر ھازا بىر - بىرىدىن ئايرىلالماي، جۇپلىشىپ قېلىشتى…

— مەن سىزنى چاپادا قويدۇم، — كامال ھاسىراپ كەتكەنىدى، — مېنى كەچۈرۈڭ لەيلى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئىككىمىزلا تۆھمەت قۇربانى بولدۇق، — قىز بارماقلىرىدا يېشىنى سۈرتتى، — كامال … ھازىر … ماڭا … ئىككى ئايلىق بولۇپ قالدى…

— راستمۇ؟ — كامال لەيلىنى قاتتىق قۇچاقلىدى، — ئۇ … ئۇ … ئىككىمىزنىڭ يۈرەك پارىمىز…

— ۋاي ئاستىراق، بالىمىز مىجىلىپ كېتىدۇ…

— لەيلى … مېنىڭ لەيلىگۈلۈم، مەن ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. كەنتكە كېتىمەن، سىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئالىمەن.

— ھازىرچە سەۋر قىلىڭ. ئەگەر سىز ئۇچىنچى ئورۇم يېچانىنى، يېچانلىق ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئورۇپ بولمىغىچە كەنتكە كىرسىڭىز، ئىگەمبەردى ئاشلىق نورمىنى بەرمەسلىكنى ئۇقتۇردى. ئۇنداقتا، ئانامنى قىيناپ قويىمىز.

— سىز ئېغىلدا ئىشلەۋاتىسىز، قورساقتىن قىينىلىپ قالدىڭىزمۇ؟

— قىزىق ئىش، ئىگەمبەردى چاۋارغا: «لەيلى ئېغىلدا ئىشلەۋاتسا» دەپ ۋارقىراپ - جاقىراپ يۈرۈپ، ماڭا ئاشلىق نورمىسى بەلگىلەپ بېرىپ، ئانامغا ئايرىپ بېرىپتۇ.

— بۇ … بۇ قاراڭ چۈشەنگىنى بولمايدىغان ئادەم، ئۇ بەزىدە ھايۋان، بەزىدە ئىنسان. لەيلى، سىزنى ئېغىر ئىشلارغا قالدۇرۇشقا مەن سەۋەبچى بولدۇم.

— ئېغىر ئىشلارنى ئەخمەت ئاكام قىلىدۇ. لېكىن ئىچ ئات بەك يامانكەن، مېنى يېقىن يولاتمايدۇ.

— ئۆيدە بىر نەرسە بار، ئۇنى كىيىۋالسىڭىز «ئاقتاش»

سىزنى ئۆز كۆرىدۇ.

— راستىما؟

— مەن سىزنى ئالدامدىم؟!

كامال لەيلىنى سۆيمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا ئېڭىشىشى يېقىنلا يەردىن يۆتكەلگەن ئاۋاز كېلىپ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ ئەخمەتنىڭ «تېزراق» دېگەن شەپىسى ئىدى. كامال بىلەن لەيلى بىر ـ بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامال ئەخمەتنى قۇچاقلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئەخمەت ئاينى كۆرسىتىپ ۋاقىت قىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ـ دە، ئېتىنغا مىنىپ ئالدىدا ماڭغاچ تۇردى. كامال بىلەن لەيلى ئات يېتىلىگەچ پاراڭلىشىپ ماڭدى:

— كامال ئاكا، يېقىندا كەنتىمىزگە خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— قويۇڭا شۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى، مانا 8 ـ ئايمۇ چىقىپ كېتەي دېدى. ئۇلار كەلگەن بىلەنمۇ دېھقانلارنىڭ كەتمىنىنى چاپامدۇ ياكى ئۇچ ئەبلەخنىڭ دېپىنى چالامدۇ، ئۇقتىنى بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ جۇيجاڭمۇ كۆڭلۈمنى ياساپ قويغان چېغى.

— يۇقىرىدىن ئالايتەن ئەۋەتكەندىن كېيىن ياخشى ئادەملەرنى تاللاپ ئەۋەتەر.

— تاسادىپىي ياخشىلىرى كېلىپ قالمىسا، كۆپىنچىسى ئەمەلدارلارنىڭ ئېرىقىنى ياقىلايدۇ. شۇڭا خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ قالسا ئالدىراپ سىر بەرمەڭ.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئۆزىڭىز ئارزۇلايتىڭىزغۇ؟

— ئەمدى رايىم ياندى، — كامالنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، — ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا بىرەر قوللايدىغان كاتتىۋېشى بولمىسا، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىككىمىزگە يالا چاپلامدا؟

ئويلىنىپ بېقىڭ.

ئىككىسى پاراڭ بىلەن تۇرالغۇغا كېلىپ قالغانىدى. كامال ئۆيگە كىرىپ كېتىپ قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاپئاق تەلپەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى. لەيلى كەمچەت تۇماقتەك پەس قاسقانلىق تەلپەكنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. كامال تەلپەكنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ:

— قاراڭ يارىشىپ كەتكىنىنى، بۇنى كىيىۋېلىپ ئاقتاشنىڭ ئالدىغا بېرىۋېرىڭ، — دەپ قويدى.

— ئىچ ئاتنى ئاقتاش دەيدىكەندە.

— شۇنداق، — كامال لەيلىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېتىغا مىندۇردى، — قىلغان گەپلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ، بەك ئېھتىياتچان بولۇڭ.

— ئۇقتۇم.

— لەيلى، دەسلەپكى ئۇششۇك سوغۇقى ئۆتۈپ كەتتى، — كامال قولىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىرىدى، — ئەمدى قورقماڭ.

— ماقۇل، — لەيلىمۇ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى، — كامال ئامان بولۇڭ!

ئاق تەلپەك يارىشىپ كەتكەن قىز بارا ـ بارا ئۇزاپ، قۇم دەشتىدە غايىب بولدى…

## ئون بىرىنچى باب

# ئېغىر ۋەزىپە

تاڭ قاراڭغۇلۇقى. ئىككى قاسنىقىنى پاكار ياۋا قومۇش، يۇلغۇن قاپلىغان چۆل يولىدا بىر توپ ئېشەكلىك كىشىلەر تاپۇر - تۇپۇر قىلىشىپ، قىيقىرىل تاڭ ئۇيقۇقىغا قاراپ جېبدەللەپ كېتىۋاتاتتى. «چۆلئېرىق» سۇ ئامبىرىدا ئابلىز ھاكىم بىر كېچە مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان 17 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ يۇڭ، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئەيسايۇفلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاڭغا يېقىن تەكلىماكان ئىچكىرىسىدىكى بىر جۇپ ياقۇت «قۇمچاقار» بىلەن «ئەلئاباد» قا قاراپ يولغا چىقىشتى. كېچىچە «چۆلئېرىق» دېڭىزدە قورساقلىرى تويغان، ھاردۇقى چىققان ئېشەكلەر بىر - بىرىگە يول بەرمەي، چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ بۇك - باراقسان باغلارنى، كۆچۈم مەھەللىلەرنى، ۋادەكلىك دېھقان ئۆيلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى...

يول تالىشىپ مېڭىۋاتقان ئېشەكلەرنىڭ تۇياقلىرىدىن قۇم - توپىلار چاچرايتتى. تويا چىراي ھارغىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆمرىدە ئېشەك مىنىپ باقمىغان 24 ~ 25 ياشلار چامىسىدىكى بۇدۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك، قارا قاشلىق بىر يىگىت ئېشەك ئۈستىگە كۆنەلمەي پات - پاتلا قۇم ئۈستىگە يىقىلاتتى. يەنە ئېشەككە ئېسىلاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قوش يانچۇقلۇق گىمناستۇركا كىيگەن بولۇپ، بېلىگە كۆپ پىستانلىق

تاسما بەلۋاغ باغلىغانىدى. يىگىت ئەتراپتىكى تاڭ مەنزىرىسىگە، قىپقىزىل ئۇپۇقتا، كەنت ئىزنالىرىغا، ئېشەكلەر ھاڭراپ، توخۇلار توختىماي چىللاۋاتقان دېھقان ھويلىلىرىغا تىكىلگىنىچە قانداقتۇ ئەنسىز خىياللارغا چۆككەندەك قىلاتتى.

— شۇ چاغدا ئابلىز ھاكىمغا ماقۇل، دېمىسەم بوپتىكەن، — دېدى ئۇ ئاستا شىۋىرلاپ، — مانا ئەمدى ماڭا نېمە كۈن بۇ!

يىگىت بىردىنلا ئابلىز ھاكىم بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسكە ئالدى. بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە پراكتىكا قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى جەۋلان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ئابلىز ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىدا ھازىر بولدى. جەۋلان ھاكىمنىڭ ئاپئاق، پاكىز، ئورۇق چىرايىغا، ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنىغا، ئۇچلۇق ئېڭەك، مۇلايىم كۆزلىرىگە، شالاڭلاشقان چوقا چاچلىرىغا قاراپ «ئەللىك» ياشلاردا بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

— جەۋلان مۇئەللىم، مېنى ئېسىڭگە ئالالىغانسەن؟

— يادىمدا، مېنى «سوت مەھكىمىسىدە پراكتىكا قىلىسۇن، كېيىن شۇ يەرگە ئېلىپ قالىمىز» دېگەن ئابلىز ھاكىم سىزغۇ.

— ياخشى ئۇنتۇپ قالماپسەن، ئەمىسە ج خ ئىدارىسىدا ئىشلىگۈڭ بارمۇ؟

— كەچۈرۈڭ ھاكىم، مېنى ئىلاجى بار مەكتەپتىن ئايرىۋەتمىسىڭىز...

— ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشقا كەسىپلەرگە ئانچە قىزىقمايدىكەنسەندە؟

— قىزىقماسلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىلىققا مۇھەببىتىم بارلىقىدىن.

— بوپتۇ ئارزۇيۇڭغا ھۆرمەت قىلاي، — ھاكىم كۈلۈپ قويدى، — بۇ قېتىم چاقىرىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق، نۇتۇق قابىلىيىتىڭمۇ باركەن، ئەمدى ئوقۇغان كەسپىڭنى ئەمەلىيەتتىن

ئۆتكۈزمەسلىك بولماس.

ئابلىز ھاكىم قۇمچاقار ۋە ئەلئابادقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش، ئۇ يەردىكى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ خىزمەت تەكشۈرۈشكە بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ: «بۇ ئەلۋەتتە سىنىڭ ئوقۇغان كەسپىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتتى. جەۋلانمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھاكىمنىڭ لەۋزىنى ئىلىك ئالماي «ياق» دەۋېرىشكە يۈزى چىدىمىدى بولغاي كۆڭۈلدىكىنى قورۇنغان ھالدا دېدى:

— بولىدۇ، مەنمۇ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا چۆككۈم، ئىجتىمائىي شارائىت، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇچراشقۇم بار ئىدى، — دېدى جەۋلان ئامالسىز ئىچىدە، — لېكىن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن تاللانغان كادىرلار دەۋاتىسىز، ئۇلار مېنى «ئالۋاڭغا گالۋاڭ» نى ئەۋەتىپتۇ دەپ مەسخىرە قىلىشارمىكىن؟

— تولا كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە، — ھاكىم جەۋلاننى بىلىملىك دەپ چوڭ بىلەتتى، — ئۇلارنىڭ سىياسىي قانۇن جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيىسى سەنچىلىك بولۇشى ناتايىن...

... ئېشەكلەر پۇشقۇرۇشۇپ، يول تالىشىپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ كېتىۋاتاتتى. كادىرلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ، بەزىلىرى يەرگە چۈشۈپ پىيادە مېڭىشاتتى. جەۋلان ئۇلارغا قاراپ «ۋاي بولدىلا، كەلگەندە كۆرەرمەن» دەپ ئۆزىنى بەزلىسىمۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن كەيپىياتى بىردىنلا سۇسلاپ كېتەتتى. تېخى قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ، دېگەندەك ئابلىز ھاكىمنىڭ ئۇزىتىش يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرى ئەسكە چۈشسىلا جەۋلاننى سوغۇق تەر باساتتى:

— «قۇمچاقار ۋە ئەلئاباد تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە

جايلاشقان، قاتناش قولايسىز، ھۆكۈمەت نەزىرىدىن يىراق يېزىلار. ئۆلكە ئازاد بولۇپ بىر قېتىممۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى كىرگەن. 10 يىل ئۆتكەندە سىلەر كىرىۋاتىسىلەر، ۋەزىپەڭلار مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، كادىرلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئىستىللىرى، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىگىلەش مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىسىلەر، ئۇ يەرلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، خىزمەتتە ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن…»

جەۋلان ئويلىغانسېرى ئەنسىز خىياللار ئۇنى چىرمىۋالغاچقا، ئېشەكتە كېتىۋاتقان كادىرلارغا قارىدى. ھازىر ئۇلارمۇ مۈگدىگەندەك جىمىپ قېلىشقانىدى. قارا ھاڭگىغا مىنگەن ۋاڭ يۇڭ كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭغا سوغدىشىپلا بوز ھاڭگىدا كېلىۋاتقان 42 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، قاپقارا قوشما قاشلىق ئەيسايوف باشلىرىنى چۆكۈرۈپ جىمجىت كېتىۋاتقان گۇرۇپپا ئەزالىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ئاغىنىلەر، ئابلىز ھاكىمنىڭ كېچىدىن بەرگەن زىياپىتى ئېغىر كەلدىمۇ نېمە؟ چۆلئېرىق سۇ ئامبىرىدىن قوزغالغاندىن بېرى ئېشەك ئۈستىدە ئۇخلاپ كېلىۋاتىسىلەر؟

ــ ئاخشام زىياپەتتە يېگەن، ــ دېدى ۋاڭ يۇڭ ئۇيغۇر تىلىدا، ــ گۆشگىردە، كاۋاپ، مانتىلارنى كۆشەۋاتامسىلەر ـ يە؟

ئەتراپتىن «ياق، ياق!» دېگەن ئۇيقۇلۇق غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىدرىس ئىسىملىك پاكار، دىقماق، سېرىق چىراي، بۇرنى پاناق بىر كادىر خىڭشىلدىغىنىچە گەپ باشلىدى:

ــ ئەيسايوفكا مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىپ ئىچىم سۈرۈپ قاپتۇ دېسە.

— تونۇر كاۋىپى بىلەن گۆشگىردە ئىسسىق كېلىپ شاتىراقلاپ قاپسەندە.

ھەممىسى بىردەك كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بولۇپمۇ ياغاچ تۆگىلاردىكى، — دېدى بادامدوپپىلىق زايىت دەيدىغان ئوقۇتقۇچى، — قىزىل ئۈزۈم ھارىقى بەك بولەنكەن ئەمەسمۇ.

— ھېجىرلاپ ئىچكىنى تۈرۈپتىمىلار، — ۋاڭ يۈك ئارقىغا قايرىلدى، — سىلەردىن ھەزەر ئېيلەپ قالدىم، قانداق دېدىم ئەيسايۇف.

— شۇ ئەمەسمۇ، كونىلار: «مۇت زەھەر بولسا يۇت» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن.

— ئەيسايۇفكا «مۇت، زەھەر بولسا يۇت» دېگەن قانداق گەپ ئۇ.

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭما شاماللىق، «بىكارغا بەرسە، زەھەر بولسىمۇ يەيدۇ» دېگەن گەپ.

كۈن چۈش بولۇپ، جەزىرىمە چۆل تونۇردەك قىزىۋاتقان تومۇز ئىسسىقتا خىزمەت گۈرۈپپىسىدىكىلەر بىر قانچە توپ قېرى توغراقلار گىرەلىشىپ كۆكىرىپ تۇرغان سايىغا كېلىپ ئىشەكلىرىدىن چۈشۈشتى. ئۇلار توقۇم، ئۇچىلىق، خورجۇنلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، پاكار ئۆسكەن قومۇشلۇققا قويۇپ بېرىشى، ئىشەكلەر كورۇسلىتىپ قومۇش يېيىشكە باشلىدى. ئىسسىقتا قىزىرىپ، تەرلەپ كەتكەن كادىرلار كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ، بەزىلىرى ئاسما مايكىلىرىنى سىلىۋېتىپ ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا يۈز - بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. جەۋلان ئۆزى يالغۇز بىر توپ يۇلغۇن دالدىسىدا سۇدانىدىكى سوغۇق چېيىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالغان ۋاڭ يۈك ھۆل لۆڭگىسىنى بېشىغا ئارتىپ يېتىپ كەلدى.

— ھە، داشۆسىنىڭ (ستۇدېنت) تۇرۇپلا سېنى غەم بېسىۋالدىغۇ، چىشى ئاغرىق ئادەمدەك چىرايىڭ ئېچىلمايدۇ.

— ئەيسايۇفكام، — دېدى شاتىراقلاپ قالغان ئىدرىس، — رومان، ھېكايە، چۆچەكلەرگە ھېرىسمەن ئادەم بولغاچقا، يول بويى ئۇنى سۆزلىتىپلا كېلىۋاتىدۇ. بىزمۇ تۇتۇلۇپ قالمىغان. نېمە بولدىكى تاڭ.

— سەپەردىلا ئەمەس، — ئوقۇتقۇچى زايىت گەپ قىستۇردى، — ناھىيىلىك مېھمانخانىدا ئىككى كېچە ياتقاندىمۇ بىزنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتكەنىدى. تۇرۇپلا تۇتۇلۇپ قالدىغۇ.

— مەن سېنى «شامالىلىق» دېگىنىمگە خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ ـ يا، — ئەيسايۇفمۇ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، — تۇنجى قېتىم مائارىپ ئىدارىسىغا كىرىپ مېنىڭ قېشىمنى ماختاپ «بوپ قالىدىكەنسىز جۇمۇڭ» دېگەن ۋاقتىدا ئۆزۈڭ «مەن شامالىلىق» دېمىگەنمىدىڭ.

— «شامالىلىق» ئەمەس «شىمالىلىق» دەڭا، — جەۋلان كۈلۈپ سالدى، — سىلەر نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭلار؟ ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، ئامما شۇ خىزمەت تەجرىبەم يوق، بىر ئاز ئەنسىرەپ تۇرىمەن.

— جەۋلان راست گەپ قىلدى، — دېدى ۋاڭ يۈڭ، — ھاكىم سۆزلىگەن چېغىدىلا ئۇ سەل ئەنسىرەپ قالغانىدى. ھېچقىسى يوق، سەن دېگەن سىياسىي قانۇندا ئوقۇغان، ئاشۇ بىلىمىڭ بىلەن خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيسەن.

— خىزمەت دېگەننى قارا، شامالىلىق، چامغۇرنى توغرىغاندەك كارت ـ كارت كېسىپ ئىشلەيمىز، — ئەيسايۇف قىزىقچىلىق قىلىشنى باشلىدى، — ئەمما ئىت چاشقان تۇتىمەن دېگەندەك تۇرمۇشتىكى ھېلىقىدەك ئىشلارغا چېپىلىپ ئالمىساڭلا بولدى.

— قايسى ھېلىقىدەك ئىشلار ئۇ، — جەۋلان راستلا بىلەلمىگەن ئىدى، — گەپنى ئېنىقراق قىلىڭە.

— شۇنىمۇ ئۇقالمىدىڭمۇ؟ — ئەيسايۇف كۈلدى، — قوناقلىقتا، كېۋەزلىككە كىرىپ كەتكەنلەرنى تۇتۇۋالىدىغان، ئىككى ئائىلىنى جېدەلگە سېلىپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلما دېگەنلىك.

ئۇلتۇرغانلار ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشتى.

— ئۇنداقتا ناشايان ئىشلارنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سالىدىكەنمىز دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇركۇتۇۋەت ھە، مانا.

— قانداق قىلىپ؟

— «تاخۇ تاخ» دەپ ۋارقىرىساڭ، «ئادەم باركەن» دەپ كېتىپ قالىدۇ.

سالقىنداپ ئولتۇرغانلار قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— شۇمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بوپتۇ، — جەۋلاننىڭ چىرايى تۇرۇلدى، — يامان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆرمەسكە سالسا، تېخى ئۇلارنى ئۈركۈتۈش باھانىسىدا شەپە بەرسە.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىلەر قورساقلىرىنى تۇتۇشتى.

— كۈلۈشمەڭلار، — دېدى ئەيسايۇف ۋارقىراپ، — ئۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يەل - يېمىشلىرى شېرىنلىق بولغاچقا قىز - چوكانلىرى ئۈز ھەم شۇللۇق. شۇڭا بىر يىل ئىچىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇجىلىرىدىن ئۈچى ئالمىشىپ بولدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — جەۋلان ھەيرانلا قالغاندى، — قېنى دەڭا؟

— چۈنكى كۈپكۈندۈزدىلا ھاللاك قىسماقتا دەسسىدى، — ئەيسايۇف جەۋلانغا قايرىلدى، — بولۇپمۇ سەن گۇلراق كۆرۈنىسەن، قاشلىرىڭغىچە تەكشى ماڭلاي چاچ، قۇلاق ئاستىغىچە سېكىلەك چاچ قويغان قىز - چوكانلاردىن ھېزى بول!

قاتتىق كۈلكىدىن بەزى كادىرلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش

چىقىپ كەتتى.

— ئەيسايۇفكا «هاللاڭ قىسماق» دېگەن نېمە ئۇ؟

— بۇ ··· قارا ئۇكا، سېنىڭ شىمال تەرەپلىرىڭدە، «هاللاڭ قىسماق» دېگەننى «ئوچۇق»، «ئاشكارا» قويۇلغان قاپقان دېيىشى مۇمكىن.

— ئەيسايۇفنىڭ دېگەنلىرى چاقچاق ئەمەس، — دېدى ۋاڭ يۇڭ جىددىي هالدا، — سىلەرنىڭ هەممىڭلار ياش، مانا شۇنداق هاللاڭ قىسماقلاردىن هوشيار بولۇڭلار. بەزى ئايىنىغان ئۇنسۇرلار قىز - چوكانلاردىن ئىبارەت «قىسماق» لارنى يوللىرىڭلارغا قويۇشى مۇمكىن ··· لېكىن قىسماققا دەسسىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى هەرگىز كەچۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى كىچىككىنە تۇرمۇش ئىستىلى سەۋەبىدىن ياخشى ئادەملەر ئەدەپ يەپ، يامان ئادەملەر تەنتەنە قىلىشى مۇمكىن. هەتتا كۈرەش يۆنىلىشى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدىغان زور خاتالىق يۈز بېرىدۇ···

هاردۇقى چىقىپ سەل ئارام ئېلىۋالغان كادىرلار ئېشەكلىرىنى توقۇشۇپ يولغا چىقىشتى. كۆك ئوتقا تويۇنغان ئۇلاغلارمۇ خېلىلا تېتىكلىشىپ، تېز هەم سىلىق يورغىلايتتى. ئۇلار «قاغا شورلۇقى» نىڭ ئاپئاق شورلۇق تۇزلەڭلىكلىرىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئېشەكلەر بىر - بىرىگە يول بېرىشمەي، بىر - بىرىنىڭ پاچاقلىرىغا ئېغىز سېلىشىپ يورغىلىماقتا ئىدى. يىراق - يىراقلاردا كۆكۈچ كەنت ئىزنالىرى، سارغۇچ توغراق ئورمانلىقلىرى، قىزارغان يۇلغۇنلۇقلار، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا سۇس سۆسۈنرەڭ قۇملۇقلار كۆزگە چېلىقاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى «قاغا شورلۇقى» غا كەلدۇق دەپ ۋارقىرىشى هەممە بىردەم ئاپئاق لىباس يېپىنغان كەڭ دالاغا قاراشتى.

— هەي جەۋلان، — جەۋلاننىڭ ئېغىزىنى ئاچالماي قالغان ئەيسايۇف يەنە گەپ كوچىلىدى، — ئابلىز هاكىم سېنى «هاماڭلا

ئاداش» دېسە، سەن: «ھارمىدىم، ئىشەكتە كەلدىم» دەيسىيا.

بىر دەملىك جىمىپ قالغان سەپەرچىلەر كۈلكىنى يەنە باشلىۋەتتى.

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟

— «ياخشىدى ھاكىم» دېمەمسەن. قارا ئۇكا بۇندىن كېيىن بىرسى سېنى «ھارمىغايلا»، «ھارمىسىلا»، «ھارماڭ» دېگۇدەك بولسا «ياخشىدى» دەيسەن. بۇ سېنىڭ سالامغا جاۋاب قايتۇرغىنىڭ بولىدۇ.

— ئەيسايۇفكا نەچچە كۈندىن بېرى ئۆگىتىپلا كېلىۋاتىسىز، بىراق مەن ھە دېسىلا ئۇنتۇپ قالىمەن. ئەمىسە دەڭا «پەپىلىقۇش دېۋەڭ» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟

— ئەمىسە قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، بىر كىم ئۆمۈلاقمان ئۆگىتىپ تۇرسا، ئۆمۈلاقمان ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادەمنى «پەپىلىقۇش دېۋەڭ» دەيمىز.

كۈلكە يەنە باشلاندى.

— ئەيسايۇفكا ئەمىسە «ئۆمۈلاقمان» دېگىنى نېمە دېگىنى؟

كۈلكە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئۇلاغ يولىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەرگە چۈشۈپ پىيادە ماڭسا، ھورۇنلىرى ئېشەكتىن چۈشمەي ئولتۇراتتى. ھەتتا ئېشەكنىڭ پۇتلىرى قۇمغا پېتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن موللاق ئېتىپ يىقىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى.

— جەۋلان بۇ قۇملۇق يولنى قىسقارتساق قانداق؟ — دېدى ئەيسايۇف ھاسىراپ، — مەن ساڭا «ھاللاڭ»، «پەپىلىقۇش دېۋەڭ»، «ئۆمۈلاقمان» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىسى دەپ بەردىم. ئەمدى سەن ماڭا بىر ھېكايىغا قەرزدار، قېنى ھازىرلا تۆلىۋەت.

— ئۇنداقتا، «چاھار دەرۋىش» نى سۆزلەپ بېرەي.

— «چاھار دەرۋىش» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئادەم

چۇشەنگۈدەك دېمەمسەن؟

— «چاھار دەرۋىش» يەنى «ئۈچ قەلەندەر» دېگەن گەپنىمۇ بىلەلمىگەن ئادەمنى بىز «ئالىجۇقا سارالى» دەيمىز.

— پاھ، پاھ شاماللىق نېسى قويمايسەندە!

— بۇرادەرلەر، — ۋاڭ يۇڭ قاتتىق ۋاقىرىدى، — ھەممىڭلار يەرگە چۈشۈپ ئېشەكلەرنى يېتىلەپ مېڭىڭلار، «قۇم قاينام» داۋىنىغا كەلدۇق!

«قۇم قاينام» نىڭ توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان پورپاڭ قۇملۇقى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئېشەكلىرىنى يېتىلەپ قۇم داۋانلىرىغا يامىشاتتى، ياماشقانسېرى قۇم بىلەن تەڭ كەينىگە ئاقاتتى. بەزىلىرى كۆڭلەكلىرىنى بېشىغا ئارتىپ، يەنە بەزىلىرى بېلىگە باغلاپ ئورىۋالغان بولسا، بىرنەچچىلىرى قۇمغا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ ھاسىرايتتى ··· تەرگە چىلىشىپ قالغان جەۋلان قۇمدا پۇتلىرىنى ئۆزۈن سوزۇپ، يوتا، تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى ··· ئۇ، ئۇخدىسىغا ياتقان ئەيسايۇفنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى.

— ئەيسايۇفكا قۇمچاقار، ئەلئابادلار بىزدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتامدۇ - قانداق؟

— تولا ئۇندەرەپ كەتمە شامالىق، ئالدىمىزغا تېخى يەنە بىر ئاش پىشىمدەك ماڭىمىز، تۇرە، باشقىلار ئۇزاپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي مۇشۇنچىلىك جاپالارنى تارتقانغا تۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قانچىلىك رولى بولار؟···

جەۋلان خىزمەت گۇرۇپپىسى توغرۇلۇق دەرگۇمانىدا بولۇۋاتقاندا، ئىگەمبەردىنىڭ مېھمانخانىسى تاماكا ئىسىغا تولغان ئىدى. چوڭ تەخسىگە دۆۋىلەپ قويغان كۆك تاماكا بارغانسېرى ئازلاپ، كۈلدان ئورنىدىكى يەنە بىر تەخسە كۈلگە توشۇۋاتاتتى. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار خۇددى ئاچچىقىنى تاماكىدىن ئېلىۋاتقاندەك، ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ، ئورىغانلىرىنى

بىرنەچچە قېتىم شوراپلا تۇگىتەتتى.

— خىزمەت گۇرۇپپىسى تۈنۈگۈن يولغا چىقىپتۇ، — دېدى چاۋار تاماكىسىنى شورىغاچ، — ئۇلار بۈگۈن كەچ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېتىپ كېلىدۇ. ئاڭلىدىڭلارمۇ ئىگەمبەرداخۇن؟

— شۇنداق، مەنمۇ ئاڭلىدىم، — ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قالغانىدى، — ئۇلار ئاخىرى دېگىنىنى قىلدى.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى كاتتىلار خىزمىتىدىن دوكلات قىلىش، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم ھەرىكەت نىزاملىرىنى تۈزگىچە بىرنەچچە كۈن ئۆتىدۇ.

— چاۋاركامنىڭ بولغىنىمۇ، — دېدى مەتسىدىق، — پالتا چۈشكىچە كۆتەك دەم ئالغاندەك بىزمۇ ئۆزىمىزنى تەڭشەپ ئالغىنىمىز تۈزۈك.

— ئىگەمبەرداخۇن كامالىنىغۇ پاشىلىقتا پالىدىلا، ئەمدى ئاۋۇ خەنزۇ قىزىنى كۆزدىن يوقاتسىلا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — چاۋارنىڭ گېپى مىخ قاققاندەك قاتتىق ئىدى، — ئەگەر خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇ قىز بىلەن ئۇچراشسا، بىر ئاي ئاتقان پاختىمىز بىر يىكچە بولماي قالىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— ئەمدى ئۇ قىزدىن، — چاۋار مەتسىدىققا قاراپ قويدى، — تەمەيلىرىنى يىغىۋالسىلا.

— يوغسۇ، يوغسۇ...

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىنلىق دېگەندەك چاۋار، مەتسىدىقلار ئىگەمبەردىگە «تەمەيلىرىنى ئۈزسىلە... » دېمىگەن تەقدىردىمۇ لەيلى توغرىسىدا ئۇنىڭ بېشى قېتىپ تۇراتتى. بىر ئەمەس ئىككى قېتىم زوتالىق قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىنى ئاز دەپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدىيۇ، لەيلىنىڭ داد ئېتىپ ئىگەمبەردىنى رەسۋايىئالەم قىلىشى ئېنىقلا ئىدى. بۇ يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىدى دېگەن گەپ شۇدە! «دىۋانە دېگەن ئازراق پۇلنىڭ قارىسىنى كۆرسە كۆنىدۇ» دېگەن خام تەمەدە قىلغان

ئىشىنى كۆرمەمدىغان. تۇۋا، ئۇ كامالنى قىرىق يىللىق مۇرەببىسىدەك كۆرىدىكىنا!

ئىگەمبەردى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ، يەردىن بېشىنى ئالالماي، ئاقىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرسىلا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بولۇپ كېتەتتى. ئادەتتە سىياسىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە سورىغان سوئاللارغا ئۇتتۇرلۇق جاۋاب بەرگىنى بىلەن ساقال ئېڭەككە تاقاشقاندا ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەش ئېيتقۇسىزلا نومۇستە! يەنە كېلىپ بىر كەنت باشلىقى دەڭا! شۇڭا لەيلىنى ئەڭ بولمىغاندا نېۋىخانىنىڭ قېشىغا كەتكۇزۇۋەتمىسە قۇلاق تىنچىمىغۇدەك.

ئىگەمبەردى شۇ كۇنى كەچكە يېقىن كەنت تەشكىلىگە كېلىپ لەيلىنى مال ئېغىلىدىن تاپتى. ئەخمەت مال ئايغىدىن چىققان تېزەكلەرنى كۇرەكتە يىغىپ دۆۋىلەۋاتاتتى. لەيلى ئوقۇرلارنى پاكىز سۇپۇرۇپ، توغرالغان پىچاننى غەلۋىرىدە تاسقاپ ئاتلارغا تۆكۈپ بېرىۋاتاتتى. لەيلى قەيەرگە ماڭسا ئىگەمبەردىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي مېڭىپ، پەس ئاۋازدا يېلىنماقتا ئىدى.

— ھەي ياتۇخان پاڭزاخۇيچۇ بولامدا ①؟ — ئىگەمبەردى ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — ھازىرلا خۇيچۇ ـ ھە؟ مەن تۇڭيى بولدۇم.②

— نى تۇڭيى، ۋو بۇتۇڭيى③، — ئەخمەت باشمالتىقىنى چىقىرىپ ھىجايدى، — ۋو بۇخۇيچۇ.④

— ھەي لەيلىخان ياتۇ ... خۇيچۇ قىلىڭە ـ ھە، كامال ماما ساقلاۋاتىدۇ⑤.

---

① ھەي قىزچاق ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ بولامدۇ؟

② ھازىرلا قايتىپ كېتىڭ. مەن قوشۇلدۇم.

③ سەن قوشۇلغىنىڭ بىلەن مەن قوشۇلمايمەن.

④ مەن كەتمەيمەن.

⑤ ... ھەي لەيلىخان قىزچاق قايتىپ كېتىڭە ـ ھە، كامالنىڭ ئانىسى ساقلاۋاتىدۇ.

لەيلىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن ئىگەمبەردى ئالدىراپ ـ تېنەپ نېۋىخاننىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. موماي ھاسىسىغا تايانغىنىچە ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كەنت باشلىقىنى كوچىدا كېلىۋاتقاندىلا تونۇغان بولسىمۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ئىش ئىگەمبەردىگە خېلىلا تەس كەلدى. لېكىن ئىچىگە يۇتماي بولمىدى. چۈنكى كامالغا قىلغان يۈزسىزلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ جىقلا بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، نېۋىخان قېتىغىمۇ ئالماي خىيالىي ئولتۇراتتى.

ــ مەن سىلىگە نېمە دېسەم بولا، ــ ئىگەمبەردى قوللىرىنى يايدى، ــ كەلگۈسى كېلىنلىرىنى يانلىرىغا ئەكېلىۋالسىلا دېسەممۇ پىسەنتلىرىگە ئالمايدىلىغۇ؟

ــ مېنىڭ ئەكەلگۈم يوق ئەمەس، ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن؟

ــ نېمىشقا ئەمدى؟

ــ «ھازىر كەتكۈزەلمەي قالغىنى بىلەن، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەتكەن ھامان، مېنى يەنە ئەكېلىۋالىدۇ» دەيدۇ.

ــ ئا ... شۇ چاغدا بىر گەپ بولمامدۇ، ــ ئىگەمبەردى جىددىيلىشىپ قالغاندى، ــ لەيلىخاننىڭ يۈز ـ ئېڭەكلىرىگە چۈشكەن قوڭۇر داغلارنى كۆردىلىمۇ؟ قورسىقى بولسا پۈۋدىگەن دوۋساقتەك كۆندىن ـ كۈنگە يوغىناۋاتسا.

ــ ئوغۇ شۇنداق، لەيلىنىڭ قورسىقىغا ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالدى.

ــ ھەببەللى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلىپ قالسا، كامالنى تۇتۇپ كەتمەسما؟ قېرىغان چاغلىرىدا ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ چىدالاملا؟

ــ شۇنداقما قىلاما؟

ــ ئەمىسە، لەيلىنىڭ قورسىقىدىكى بالا قانۇنلۇقما؟ ــ ئىگەمبەردى ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ يەرگە تەپتى، ــ سىلىگە راست

گەپنى قىلسام خىزمەت گۇرۇپپىسى بوگۇن كەچكىچە كېلىپ بولىدۇ.

ئىگەمبەردى يالغان ئېيتمىغان ئىدى. كەچ گۇگۇم بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ، توپا چىراي، ھارغىن ھالدا قومچاقار رايونلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان كوچىغا كىرىپ كېلىشتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى تۆمۈرچىلىك، ساتىراشخانا، ناۋايخانا، سەكسەنخالتا يايمىلىرى، يېزىلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى سودا دۇكان، ئاشخانىلىرى شۇنداقلا يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، «ئازنە بازار» دەپ ئاتىلاتتى. بىر توپ ئېشەكلەرنىڭ تاپۇر ـ تۇپۇرلىرىدىن چۆچۈگەن ئىتلار ھويلا، كوچىلاردىن قاۋاپ چىقماقتا ئىدى. قومچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلانغان بىر توپ يېزا كادىرلىرى يىراقتىنلا كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ چاۋاكنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 54 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك، قارا قاشتاشتىن ئويۇلغان بۇتتەك سۇرلۇك ئادەم بارنىياز يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، 36 ياشلاردىكى يۇملاق يۈز ئادەم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ئوبۇلھەسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ياندىشىپلا تۇرغان 52 ياشلاردىكى توغۇرلۇق، يالپا يۈز، كۆزى كىچىك، قاش ـ كىرپىكنىڭ تايىنى يوق، قاپىقى ئۇششۇق ئادەم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خاس خادىمى (تې پەيىۇەن) نەسرۇللا ئىدى. ئۇندىن باشقا ھۆكۈمەت ۋە پارتكومنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە كادىرلار بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرىمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ تۇرۇشاتتى. بارنىياز باشلىق بارلىق يېزا كادىرلىرى ۋاڭ يۈك، ئەيساﻳﯘفلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتى ھەم «ھارمىغايلا»، «ھارمىسىلا»، «ھارماڭ» ، «ياخشىتى» دېگەن سۆزلەر بىر ھازا تەكرارلىنىپ تۇردى.

ئىككى كۈنلۈك ئېغىر سەپەردىن چارچاپ ھالى قالمىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرلىرى كەچلىك ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپلا يېتىپ قىلىشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدىكى «كادىرلار مېھمانخانىسى» ئەلىياتقۇ ۋاقتى بولماي تۇرۇپلا جىمجىت سۈكۈتكە چۆمدى. پەقەت مېھمانخانا مۇلازىملىرىنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغان شەپىسى، ئۆزئارا گۇدۇڭلاشقانلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەيسايۇفنىڭ ئۆگزىلەرنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك خورىكى بولغاچقا ئۇ يالغۇز ياتاققا ئورۇنلاشتى. قالغانلار ئىككى كىشىلىك ياتاقلارغا بۆلۈنگەن ئىدى. جەۋلان ۋاڭ يۈگنى بىردەم ساقلاپ بېقىپ، ئۇ كىرمىگەندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئاستى. ئاندىن پايپىقىنى داسقا چىلاپ يۇيۇپ تۇرۇشى ۋاڭ يۈگ كىرىپ كەلدى.

— ياتاقلارنى تەكشۈرۈپ كەلدىم. ھەممىسى لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ، — دېدى ۋاڭ يۈگ كوڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، — سەنمۇ تېزراق يات، ئەتە قىلىدىغان ئىش تولا.

— ۋاڭ يۈگ ئاكا، ھېلىقى قارا قاشتاشتىن ئويۇلغان بۇتقىلا ئوخشايدىغان باشلىق بارنىياز ئەجەب سۇرلۇك ئادەمكىنا.

— شۇڭا ئۇنى «بارى بۇت» دېيىشىدىكەن، تېخى ئۇنىڭ «ئۈچ يىلدا بىر كۈلمەس» دەيدىغان لەقىمىمۇ باركەن.

— ئۇنداقتا «ھالالىڭ قىسماق» قا دەسسەيدىغانلاردىن ئەمەس دەڭا؟

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ۋاڭ يۈگ ئارقىدىن:

— ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى، لېكىن ھەربىر سۆزنى مىخ قاققاندەك قىلىغىنىنى كۆرگەنسەن، — دەپ قويدى.

— ئۇنىڭ ئەلپازىدىن، — دېدى جەۋلان ئىچىدىكىنى يوشۇرماي، — خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن ئانچە خۇشى يوقتەك ئالامەت چىقىپ تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — ۋاڭ يۈگ كۈلۈپ قويدى، —

# ئەكلىماكان ئۆلى (1)

بۇنداق ھۆكۈمەت نەزىرىدىن يىراق، ئاسمىنى كەڭ قۇملۇقتا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ ئەركىن يۈرگەن ئادەم «ئۇ ياقتا ئۆت»، «بۇ ياقتا تۇر… » دەيدىغانلارنى خالىمايدۇ ـ دە.

— ئۇنداقتا كېيىنكى خىزمەتلەردە بىزگە پۇتلىكاشاڭ بولارمۇ؟

— خىزمەتتە پىشقان قاغجالما كادىرلاردەك گەپ قىلىپ كەتتىڭا، — دېدى ۋاڭ يۇڭ، — لېكىن شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى دۇنيادا مەنپەئەتتىن رەھىمسىز ۋە شېرىن كۈچ بولمايدۇ. بارنىياز بېشىدىكى تاجىسىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ بىزگە كۆچۈكلىنىدۇ…

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ ئۇ سوغۇق بۇت؟

— بىزنىڭ يۇقىرىغا قانداق دوكلات قىلىشىمىز ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ، — ۋاڭ يۇڭ كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسخانىسى ئادەم بىلەن تولدى. قاتىرىسىغا قويۇلغان ئۇستەللەرنىڭ بىر تەرىپىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى، يەنە بىر تەرىپىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئورۇن ئالدى. بارنىياز قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كىرىم ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمەتلىرىدىكى قولغا كەلگەن نەتىجىلەر، ئىگىلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار، بۇندىن كېيىنكى پىلانلار ھەققىدە قىسقىچە توختالدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ پات ـ پاتلا ئىككى يېنىدىكى ۋاڭ يۇڭ ۋە ئەيسايۇفلارغا پىچىرلاپ كۈلۈپ قوياتتى. بارنىيازنىڭ ئارقىسىدىن كاتىپ ئوبۇلھەسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ دوكلاتى تۈگىگەن ھامان قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى.

— يولداشلار، — دېدى ۋاڭ يۇڭ يىغىن مەيدانىغا تەكشى

قاراپ، — بارنىياز شۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى. ئوبۇلھەسەن ئومۇمىي ئىشلار ھەققىدە توختالدى. مەنمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يېزا كادىرلىرى بىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى دېيىشتى، بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىمىز.

ۋاڭ يۇڭنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىدىن ھەيران قالغان كۆپچىلىك بىردىنلا قىزغىن چاۋاك ياڭرىتىۋەتتى. شۇڭا بارنىياز 50 ـ يىللاردىكى يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكەتلىرىدە ۋاڭ يۇڭنىڭ قۇمچاقاردا ئۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكى، قۇمتام كەنتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشى كۆپچىلىك ئۇنى تەبرىكلەپ قايتىدىن چاۋاك چېلىشتى. بۇ ئەسنادا بارنىياز ئەيسايۇفنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغان ئىدى. ئۇ باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە قارىدى:

— ئاغىنىلەر، — ئەيسايۇف قولىنى كۆتۈردى، — بۈگۈن ئازنە بولغاچقا، «ئازنە بازار» قىزىپ كېتىپتۇ، ئايلانساق قانداق؟

كۆپچىلىك «بولىدۇ!» دەپ بىردەك تۇۋلاشتى ـ دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. باياتىن بېرى بازار تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار، ۋاڭ ـ چۇڭ، شاۋ ـ شۇۋلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىدىن ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغان كادىرلار دەرھاللا ھويلىغا چىقىشتى. ئۇلار بارنىياز، ئوبۇلھەسەننىڭ يول باشلىشى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. كەڭ ۋە ئۇزۇن كەتكەن بىر چوڭ كوچا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ چاڭ ـ توزان بازار ئۈستىنى سۈس ماناندەك قاپلىغان ئىدى.

— بۇ بازارغا، — دېدى بارنىياز پەخىرلەنگەن ھالدا، — قۇمچاقار، ئەلئاباد بازىرىدىنلا ئەمەس بەلكى «ئاياغقۇم» دىكى

«يامۇنبۇك»، «هوڭ»، «يىقىلغان توغراق» قاتارلىق كەنت ـ ئايماقلاردىنمۇ ئادەملەر كېلىدۇ.

— بۇ يەردە بازار باشقۇرۇش، جۇسادۇي دېگەن نېمىلەر يوقمۇ؟ — سورىدى جەۋلان، — قارىسام بازاردا ھەممىلا نەرسە تېپىلىدىكەن.

— دېھقانلار شەھەر ئاھالىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى ئوبۇلھەسەن، — گۈلىقاق، جىگدە، ياڭاق، بېھى، ئانار، شاپتۇل قېقى، مونەكلىرىنى ئەكىرىپ سېتىپ، چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت، تامباللىق، باللىرىنىڭ دەپتەر ـ قېرىنداشلىرىنى ھەل قىلمىسا بولامدۇ! شۇڭا بارنىيازكام جۇسادۇينى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەپتىدە بىر كۈن بولىدىغان ئازنە بازارنى ئەركىن قويۇپ بەردى.

— بىزدە بازار باشقۇرۇش، مىنىڭ ئەترەتلىرى قۇرۇلغان، — بارنىياز كۈلۈپ قويدى، — ئۇلارنىڭ بازار تەرتىپىنى ساقلاش رولى بار. بۇ قېتىم سىلەر كەلدىڭلار، «كاپىتالىزم خۇسۇسىيلىقىنى تىرىلدۈرگەن» جىنايىتىمدىن ھېساب بېرىدىغان ئوخشايمەن.

ھەممىسى بىردەك كۈلۈشتى. دەرۋەقە بازار ئىچى «پوش ـ پوش» دەيمۇ ماڭغىلى بولمايدىغان ئادەم قاينىمىغا ئايلانغان ئىدى. كىشىلەر ۋارقىرىشاتتى، توۋلىشاتتى. ھەر خىل رەڭلىك زەدىۋال بورا بېسىلغان ئۆي ھارۋىلىرى، ئۇزۇن بادىرىلارنى ئىككى ئۇچىدىن بوغۇپ كۆتۈرۈۋالغان دېھقانلار، تاشتۇز ئارتىلغان ئېشەكلەر، گىلەم ۋە خىلمۇخىل بويالغان ماتارلارنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان خالتاپلار، باقىقاللار ...بازارنى باشلىرىغا كىيىشكەندى:

— ھوي تەلپەك، تات ھارۋاڭنى...

— ھەي مەللە تون سەن نەدە، بادراڭ نەدە؟

— ئاپلا ماۋۇ شاپاق دوپپىنى، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇقتەك

يولنى توسۇپ تۇرۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟
— ھەي ئالاگەدەن، ئېشىكىڭنىڭ سۆڭگىچىنى بۇرا دەيمەن…
بۇ ئالىتاغىل ئاۋازلارغا جور بولۇپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، قويلار مەرەپ، كالىلار مۆرىشەتتى. بازار ئوتتۇرىسىدا ئوغلىقىغا تارتىشىپ، تىرەجەپ تۇرۇۋاتقان جاغىل ئۆچكە ساقىلىدىن تارتقانسېرى كىچىك بالا يىغلىغاندەك ئاچچىق چىرقىرايتتى. ئات ـ ئۇلاغ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان تېزەك كۇكۇنى ۋە ھەر خىل ئاچچىق پۇراقلارنى دىماغلارغا ئۇرۇپ، خۇددى يامغۇر بۇلۇتىدەك بازار ئۈستىگە كۆتۈرۈلەتتى ۋە يەنە ئاستا ـ ئاستا قاش ـ كىرپىك، ساقال ـ بۇرۇتلارغا، ئۇزۇن ـ قىسقا يەكتەكلەر ئۈستىگە، كىندىككىچە ئوچۇق تۇرغان تۇكلۇك مەيدىلەرگە قونۇپ، بىر قەۋەت ئاق توپا بازارچىلارنى كۆمۈپ تاشلايتتى…
بارنىياز شۇجى، كاتىپ ئوبۇلھەسەننىڭ يول باشلىشى بىلەن كادىرلار بازار ئايلىنىپ يۈرەتتى. دېھقانلار كادىرلارغا سالام ـ سەھەت قىلىشاتتى. ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى، مۆمىن بەندە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قورۇنۇپ، ھىجىيىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بىچارىلەرچە بويۇن قىسىپ تۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ بارنىيازنى كۆرگەن ھامان دەرھال يول چېتىگە چىقىپ ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ، قول قوشتۇرۇپ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكىچە باش ئېگىپ تۇراتتى. كادىرلار يەل ـ يېمىش قاتارلىرىغا كېلىشى بىلەن ۋاڭ ـ چۇڭنىڭ دەستىدە گاراڭلا بولۇپ قېلىشتى:
— ھەي، ھەي، كۆك شاپتۇل، كۆك شاپتۇل! بىر جام شەرۋەتى بار كۆك شاپتۇل! شاببۇل، تېز بول … تۇگەيدۇ شاپتۇل…
— مىياڭسال … شاپتۇلنىڭ خنۋانىسى سېرىق مىياڭسال! شۆپۈكىنى ئال، ئېتىنى ئاغزىڭغا سال … تامىقىڭنى ياريدۇ، خۇددى ھەسەل ـ بال!

— ھەي يېمىش جىگدە، نان جىگدە، قىز ـ چوكاننىڭ بوينىدىكى مارجانمۇ؟ ئۆزئارا چاڭنىڭ مەيدىسىدىكى كەھرىۋامۇ؟!

ئۇلار كاۋا بازىرى قاتىرىغا كېلىش بىلەن تولىمۇ مەززىلىك بىر پۇراق گۇپۇلدەپ پۇراپ، ھەممىسىنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ تولدۇردى! خېرىدارلار «ماڭا بىر كېسىم»، «يەنە بىر شاپاق»، «يوغانراق كەسسەڭچۇ!» دېيىشكىنىچە ئۆرە تۇرۇپ، ئۆكچىسىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، توپىغىلا تىزلىنىپ يېمەكتە ئىدى. تونۇردا پىشۇرۇلغان كاۋىلارنىڭ ئىچىگە كەپتەر باچكىسى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنى خېرىدارلار دورىلىق دەپ يېيىشەتتى. قاسقاندا دۇملەپ تەييار قىلغىنى ئالتۇندەك ساپسېرىق تاۋلىنىپ ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. قىزغۇچ قارا ۋە قوڭۇر رەڭدە پارقىراپ تۇرغىنى ئۈزۈم شىرىنىسىدە پىشۇرغان كاۋا بولغاچقا، ئىللىق پۇرىقى كاۋا بازىرىنى بىر ئالغان ئىدى. جەۋلان كاۋىلارغا قاراپ تۈيدۇرماي يۇتۇنۇشىدى، ئەيسايۇف كۆرۈپ قېلىپ، بارنىيازنىڭ قولىغا پىچىرلىدى.

كادىرلار ئايلىنىپ يۈرۈپ بازارنىڭ ئەڭ قايناق ئوتتۇرىغا كېلىشى بىردىنلا ئالىمان ئارىسىدا قۇيماقتەك قورۇلغان قاپقارا يۈزىنى قىزغۇچ چىگىش ساقال باسقان جارچى قولىنى تۇتۇپ، ئاسمانغا قاراپ جار سالدى:

— ئەيھۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ خاس! ھۇسەيىن قارىي، كېرەم پاششا غازىنىڭ سول قولىقى كېسىلگەن، بىر كۆزىدە ئېقى بار، بوز ھاڭگىسى ئۇلاغ بازىرىدىن يوقالدىلەر! خەۋەر قىلغۇچىلارغا بىر چارەك بۇغداي، ئىششەك قوناق، ئىمشەك ئارپا ھەم ئىككى قىر خام سۈيۈنچىسى باردۇر!...

جارچى «ئەيھۇھەنناس» دېگىنىچە ئالىمان ئارىسىدا ئۈزاپ كەتتى. ئۇنىڭ مەدداھتەك قولىقىنى تۇتۇپ، ئاسمانغا قاراپ ۋارقىراشلىرىغا ھەيران قالغان جەۋلان جارچىغا بويۇنداپ تىكىلىپلا قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىلا ئاڭلانغان بوغۇق —

خىرقىراق ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى:

— چىش تارتىمەن، چىش تارتىمەن ... شامال دارىغان، قوقاق چاپلاشقان چىشلارنى جىن - شاياتۇنلىرى بىلەن قوشۇپ تارتىمەن!

جەۋلان بويۇنلىرىغىچە تۈك قاپلاپ كەتكەن چىش تارتقۇچىنىڭ كىر، مەينەت يەكتىكىگە، بېلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان داتلاشقان يوغان ئامبۇرىغا، قان يۇقى ئۇچلۇق تۆمۈر زىخقا، تۇرتەكلەنگەن زەي يىپقا قاراپ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. چۈنكى قان چىشقا كىرمەك سىلىپ نۇرغۇن چىشلار تارتىلغاچقا، زەي يىپ قان يۇقىدىن قۇڭۇر رەڭگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. جەۋلان «ھۆ» بولۇپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى. بىراق بازارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش كۆڭۈلسىز، سەت يەرلىرىنى ئالىيىشىل كىيىنگەن بەرنا قىزلارنىڭ زەپمۇ تولغان ھۆسنى كامالى يېپىپ كېتەتتى. ماڭلاي ۋە سېكىلەك چاچلىرى ياراشقان، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا ئاق تەڭگىلەر ئېسىلغان، قايرىلما قاشلىرى، ئوسما سۈيىدە چېكىلگەن مەڭلىرى، ئاپتاپتا كۆيگەن قىزىل يۈزلەرگە قوشلاپ ھۆسن قوشقان ھەر خىل چىت كۆڭلەكلەر، ئوشۇقلىرىغىچە كەڭ قىزىل، يېشىل تاۋار ئىشتانلارنى كىيگەن قىزلار قول تۇتۇشۇپ، رەستىنى بىر ئالغان ھالدا بازار ئارىلايتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ چىرايلىق، ئوتلۇق كۆزلىرىدە بىر سېھرىي كۈچ يېلىنجاپ، يۈرەكلەرگە خەنجەردەك قادىلاتتى. قىزلار ئىچىدە كېتىۋاتقان بىر گۈزەل نازىنىن قىز جەۋلانغا سول قېشىنى لىككىدە سەكرىتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويۇشى جەۋلان قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. يول چېتىدە «دوغا» ئىچىپ سەگىدەپ ئولتۇرغان ۋاڭ يۈك، ئەيسايۇف، بارنىياز، ئوبۇلھەسەن، نەسرۇللالار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى، ئەمما لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئايال پەرەنجىسىنى يىرىم قايرىپ ۋاڭ يۈك، ئەيسايۇف، جەۋلانلارغا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن،

پەرەنجىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى. بۇنداق يۇزىگە پەرەنجە تارتقان، نېپىز قارا روماللاردا كۆزىنى ئېچىپ قويۇپ، قالغان يەرلىرىنى يۆگىۋالغان قىز - چوكانلارمۇ كۆپ ئىدى. بىراق جەۋلان بۇ ئايالنى يەل - يېمىش ۋە كاۋا بازىرى قاتارلىرىدىمۇ كۆرگەندەك قىلدى. ئۇ پەرەنجىسىنى قايرىپ لەپپىدە قارىغاندا، جەۋلان: «پاھ، ئەجەب ئوماق تۇرۇپ رۇپاشكىنا، ئەمما ئۇيغۇرغا ئانچە ئوخشىمايدىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ پەرەنجىسىنى قايرىپ بىر قارىدى - دە، بازارنىڭ ئۇ بېشىغا يۇرۇپ كەتتى. ئەمما باققال سېۋەتى ئالدىدا شاپتۇل شۇپۇلاپ يەۋاتقان دوغلاققىنا، پاكار بىر ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى…

بىز باشتىلا سۇرەتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئازنا بازارنىڭ ئىككى تەرىپى تۆمۈرچىلىك، تاقچىلىق، قەلەيچىلىك، سەكسەنخالتا، ساتىراشخانا، ئاشخانا، ئەسكى - تۇسكى، كونا - يېڭىلارنى ساتىدىغان دوكانلار ۋە ۋادەكلىك پاكار ئۆيلەر بولۇپ، ئوڭ قاسناقتىكى قاتارلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ياۋا قومۇش، باراقسان يۇلغۇن تۇپلىرى قاپلاپ كەتكەن ئېگىز قۇم دۆڭلۈكى چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كادىرلار بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆي ھەم دۇكانلار ئارىلىقىدىكى تارچۇق يول بىلەن ئارقىغا ئۆتۈپلا، ۋاڭ يۇڭ، ئەيسايۇفلارنىڭ قاپاقلىرى تۇرۇلۇپ تۇرۇپلا قالدى. كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋەتكەن توپ - توپ ئادەملەر ھېچنېمىنى سەزمەي قىزىرىپ كەتكەن يالاڭ مەيدىلىرىگە، تىزلىرىغا قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ قىمار ئويناۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرسى قاتتىق ۋاقىرىدى:

— كادىرلار كەلدى، قېچىڭلار!

قىمارۋازلار ئوشۇقلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى، ۋاڭ يۇڭ بىلەن ئەيسايۇف تەڭلا بارنىيازغا قارىغان ئىدى، ئۇ قىزىرىپ يەرگە قارىدى. بۇنىڭدىن ئەندىككەن كاتىپ ئوبۇلھەسەن يەردىكى

چىچىلغان پۇل ۋە ئويۇنچۇقلارنى تەرگەچ ئاستا چۈشەندۈردى:

— بالىلارنىڭ كۆپلىرى ئوقۇغۇچىلار، بارنىياز شۇجى ئۇلارغا نۇرغۇن قېتىم يىغىن ئېچىپ تەربىيە بەردى، تەنقىدلىدى، ھەتتا «مائاشىڭنى تۇتىمىز» دەپ قورقۇتۇپمۇ باقتى. لېكىن ئۇلار قىلغۇلۇقنى قىلىپلا تۇردى.

— قۇمچاقار، ئەلئابادتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىپ كۇرس ئاچايلى. بۇنىڭغا ئەيسايوف ئىككىمىز مەسئۇل بولىمىز.

— بولىدۇ، — بارنىياز دەرھاللا قوشۇلدى، — كاتىپ دەرھال ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈۋەتسۇن.

— بۇ قېتىم ئۆستۈرىدىغاننى ئۆستۈرىمىز، جازالايدىغاننى جازالايمىز، — دېدى ئەيسايوف، — ئاڭلىسام بالىلارنى ئۇرۇپ سېيىپ قىلىپ قويغان ئوقۇغۇچىلارمۇ باركەن.

— قولاقتا ئۇرۇپ پاڭ بولۇپ قالغان، ئالىقىنىغا پالاق بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ، جاراھىتى يىرىڭلاپ، قولى تۇتماس بولۇپ قالغانلارمۇ بار.

— ئوبۇلھەسەننىڭ سۆزلىرىدە قىلچە مۇبالىغە يوق، — بارنىياز تەمكىن ھالدا سۆزلەۋاتاتتى، — قىشتا قۇمتام باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى باش مۇئەللىم نۇرسېيىت دەرسكە كېچىكىپ قالغان بىر ئوقۇغۇچىنى مەشكە ئولتۇرغۇزۇپ ساغرا تېرىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ، — ۋاڭ يۇڭنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى قانداق بولدى؟

— بارنىياز شۇجى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالاتتى.

— ئۇ ئوقۇتقۇچىنى جازالىدىڭلارمۇ، — ئەيسايوف دەرھاللا سورىدى.

— جازالىغان بىلەن، — بارنىياز باش چايقىدى، — بىزدە

ئوقۇتقۇچى قىس تۇرسا، باللارنى كىم ئوقۇتىدۇ؟

ئەتىسى ئەتىگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىدا ئىككى تەرەپ كادىرلارنىڭ باش قوشقان يىغىنى ئېچىلدى. كاتىپ ئوبۇلھەسەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىرقەدەر ئېغىر دەپ قارالغان كەنت، باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن خىزمەت گۇرۇپپىسى رەھبەرلىكى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىپ، جايلارغا چۈشۈرىدىغان كادىرلار ئىسملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ۋاڭ يۈڭ قۇمچاقار، ئەلئاباد يېزىلىرىدا ئىشلەۋاتقان 128 ئوقۇتقۇچىنى يىغىپ كۇرس ئېچىپ ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش، ئۆستۈرۈش، جازالاش، بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. ئەيسايۇپ قۇمچاقار بازار باشقۇرۇش رايونىغا چۈشىدۇ. بىزدىن ئۈچ كادىر ياردەملىشىدۇ، — ئوبۇلھەسەن ھەممىگە تەكشى قارىدى، — خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئىدرىس مۇھەممەت «ھوڭ»، «يامانبۇك» كەنتلىرىنى تۇتۇپ ئىشلەيدۇ. بىزدىن چىقىرىلغان تۆت ئادەم ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئوقۇتقۇچى زايىت «يىقىلغان توغراق»، «شىپاڭ» دىن ئىبارەت ئىككى كەنتنىڭ سىنىپىي كۆرەشكە ئائىت كۆرۈلگەن مەسىلىلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بىزدىن ئۈچ ئادەم ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ. ئەمدى جەۋلان ئەلى بولسا ئەلئاباد يېزىسىنىڭ قۇمتام كەنتىگە بەلگىلەندى. رەھبەرلىك ئۇنىڭ يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، ئۇنىڭغا مۇستەقىل ئىشلەش شارائىتى يارىتىپ بېرىلدى.

ئوبۇلھەسەن كەنت، باشقۇرۇش رايون ۋە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىغا تەقسىم قىلىنغان، سەپلەنگەن كادىرلار ئىسمىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. خاس خادىم

نەسرۇللا بېشى چۈشۈپ كەتكەن جەۋلانغا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ ئاغزىنى غەلىتىلا مايماقلاشتۇردى. ئۇ ئىچىدە: «چاۋارنىڭ ئالدىنىدا، قىپيالىڭاچ بولۇپ، بىر قولۇڭدا ئالدىڭنى، يەنە بىر قولۇڭدا كەينىڭنى ئوچۇمداپ كەلمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي» دەپ خىرقىراپ كۈلدى. بۇ چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قانچىلىغان كادىرلىرىمۇ جەۋلانغا قاراپ كۇسۇرلاشماقتا ئىدى.

نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بار، پىشقان، يېتىلگەن، تىوختالغان كادىرلار تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دىۋانىدەك بىر كەنتكە ئەۋەتكىنىگە قورسىقى كۆپكەن جەۋلان يىغىن تۈگىگىچە ئارانلا چىداپ ئولتۇردى. يىغىن ئاخىرلىشىپ كادىرلار مەجلىسخانىدىن چىقىشقا باشلىدى. لېكىن چۈشلۈك تاماققا يەنە بىرەر سائەتتەك بار ئىدى. جەۋلان ئوبۇلھەسەننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بىللە كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىقنى سېزىپ بولغان ئوبۇلھەسەن ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىمۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئەپكەلدى. جەۋلان ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ئايلىق پراكتىكىغا كەلگەنلىكى، خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ يوقلۇقى توغرۇلۇق خېلىلا قايناپ سۆزلىدى. بىراق ئوبۇلھەسەن ئۇنىڭغا ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا بەزى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چۈشەندۈردى.

— جەۋلان، مەن ئۆزۈم قۇمتاملىق. لېكىن كىشىلەر قۇمتامنى «يېرىلمايدىغان بەز كۆتەك» دېيىشىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ.

— ئۇنداقتا مەندەك ئىش كۆرمىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تاماشامنى كۆرگىلى ئەۋەتەمدىكەن؟ — جەۋلان جىددىيلىشىپ قالغانىدى، — سىز تىزىملىكنى ئېلان قىلىۋاتقاندا كادىرلار ماڭا قاراپ بىكارغا كۇسۇرلاشماپتىكەندە!

باشقىلار ئۇنىمىسا، مېنى يۇمشاق باش كۆرگەن چېغى.
— سىزنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىش باشلىقىمىز ۋاڭ يۇكىنىڭ ئىرادىسى.
— ۋاڭ يۇكىنىڭ؟ ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمىغىدەك.
— سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ، — ئوبۇلھەسەن بەكمۇ تەمكىن ئىدى، — مېنىڭچە ئۇنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بار. ھازىر مەن قۇمتامنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويااي.
— قېنى سۆزلەڭ.
ئوبۇلھەسەن چاۋار ھەققىدە ئازراق توختىلىپ، ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى قىسقىچە سۈرەتلەپ بەردى. ئۇ ھاشىم گۇڭ دېگەن سابىق شۇجىنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلىگەندە ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي خېلى بەك ھاياجانلاندى. قىسقىسى ئۇ قۇمتام كەنتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئاددىي تىللار بىلەن شەرھلىدى.
— ھەق بولسۇن، ناھەق بولسۇن، ھاشىم گۇڭ دېگەن ئادەم جازالانغان تۇرسا، ماڭا ياردەمدە بولاما؟ — جەۋلان ئېرىمەي تۇراتتى، — قېنى ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ؟
— سىز بارنىياز شۇجى بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارسىڭىزلا، ئۇ يۇمشايدۇ، — ئوبۇلھەسەن جەۋلاننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ھاشىم جازالانغان ۋاقىتىدا بارنىياز شۇجى يۆتكىلىپ كەلمىگەن ئىدى. كېيىن ئۇ ئاڭلاپ ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، خاس خادىم نەسرۇللا شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن كېرەم شۇجى بىلەن بىرلىشىپ «ھاشىمنىڭ ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇشقا بولمايدۇ…» دەپ تۇرۇۋالدى.
— ئۇنداقتا بارنىياز ھەم سىز ھاشىمنىڭ تۆھمەت قۇربانى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەنسىلەر دە؟
— بۇ ھەممىگە ئايان. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار

خىيانەت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھاشىمدەك تۇسالغۇنى قەستلەش ئارقىلىق يوق قىلغان گەپ.

— سىز دېگەن ھېلىقى ئۈچ ئەبلەخ، — دېدى جەۋلان مىختەك قادىلىپ، — «جازالانغان بۇزۇق ئۇنسۇرنى بىزدىن ئۆچ ئېلىشقا قۇتراتتى» دەپ ماڭىمۇ تۆھمەت قىلىسىچۇ؟

— ۋاي - ۋوي، ۋاڭ يۈك سىزگە بىكارغا ئىشەنمەپتىكەن، نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلايسىز، — ئوبۇلھەسەن جەۋلانغا قايىللىق بىلەن تىكىلدى، — سىز قورقماي: «ھاشىم قۇمتامدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، ئىشەنمىسەڭلار يېزىلىق پارتكومدىن ئېنىقلاڭلار» دەڭ، چۈنكى بارنىياز ئىچكى جەھەتتىن ھاشىمنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساقلاپ قالغان.

— ھاشىمنىڭ ئىشلىرى ئېنىق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلار قول سالالمايسىلەر؟

— سىز بۇنى قۇمتامدا ئىشلەش جەريانىدا ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز.

ئوبۇلھەسەننىڭ ئىشخانىسىدىن ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ چىققان جەۋلان قۇمچاقار رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، بارنىياز بىلەن ۋاڭ يۈك سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ يۈك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا:

— جەۋلان نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. ئىككىمىز كەچتە پاراڭلىشايلى بولامدۇ؟ — دېدى. جەۋلانمۇ ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە، ئاستىلا چىقىپ كەتتى.

ھەربىر كەنت، باشقۇرۇش رايون، مەيدانلارغا تەقسىم قىلىنغان كادىرلار نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ھارۋىلارغا بېسىپ بىر - بىرلەپ يولغا چىقماقتا ئىدى. لېكىن ۋاڭ يۈك جەۋلاننى «ساڭا گەپ بار» دەپ ماڭدۇرمىغان ئىدى.

## تەكلىماكان ئوغلى (1)

شۇڭا ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئازنە بازار رەستىلىرىنى ئايلىنىپ، تاماق سىڭدۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ تۇرۇشى ۋاڭ يۈخمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ ياتاقتا پاراڭلىشىشنى بىئەپ كۆردىمۇ «جۇر» دېگەندەك، بېشىدا سىرتنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار هويلىغا چىققاندا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي بۇك ياغاقلىقلار ئۈستىگە قونغانىدى. ئۇنىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرىدا ۋاڭ يۈك بىلەن جەۋلاننىڭ سىيماسى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىختىيارسىز هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ باغقا قەدەم ئالدى. باغنىڭ ئەتراپى كۆك سىرلانغان رېشاتكا بىلەن ئاهادا قىلىنغان بولۇپ، باغدىكى شاپتۇل، ئامۇت، نەشپۈت، بېهى، ئالا راهەتلەر ۋە يول ـ يول باراڭلاردىكى خىلمۇخىل ساپ ئۈزۈملەر ئاي نۇرىدا قىزىل، سېرىق، قارا مەرۋايىتلاردەك پارقىرايتتى. نىل رەڭلىك سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، سامانيولى يورۇققا ئايلانغان تۇماندەك ئاقىرىپ ئۆپۈق تامان سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. ۋاڭ يۈك بىلەن جەۋلان باغ ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللاردا پاراڭلاشقاچ ئاستا كېتىۋاتاتتى.

— راستىنى دېسەم سىزنى قۇمتاغقا ئەۋەتىشنى مانا مەن بېكىتكەن، — دېدى ۋاڭ يۈك راست گېپىنى قىلىپ، — توغرا، باشقىلار ئۇ يەرنىڭ نامىنى ئاڭلاپلا قورقتى. ياشلار دېگەن ئەڭ قىيىن هەم جاپالىق يەرلەردە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى، تاۋلىنىشى لازىم. شۇندىلا ئۇ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن بىر پارچە كېرەكلىك پولاتقا ئايلىنالايدۇ.

— سىز ⋯ سىز مېنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟

— سىزنى ج خ ئىدارىسىغا، سوت مەهكىمىسىگە تەكلىپ قىلغان ئابلىز هاكىم، لى شۇجىلار سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىشتى. ئاندىن ناهىيىلىك مېهمانخانىدا ئىككى كۈن ماتېرىيال، هۆججەت ئۆگىنىش جەريانىدا كۆزقاراش،

نۇتۇقلىرىڭنى ئاڭلىدىم. چۈلئېرىق سۇ ئامبىرىدىكى ئابلىز ھاكىمنىڭ زىياپىتىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرلىرىڭ ھەممىنى تاڭ قالدۇردى. ئۇندىن قالسا سەپەر جەريانىدا سۆزلىگەن ئاجايىپ ۋەقەلىرىڭ ··· سېنى چۈشىنىشىمگە يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ساڭا بەردىم.

— نەچچە كۈنلەردىن بېرى مېنى تەتقىق قىلىپسىزدە؟

— ئۆگەنگەن، بىلگەنلىرىڭ، ئوقۇغان، كۆرگەنلىرىڭ، ئاڭلىغان ۋە تەسەۋۋۇرلىرىڭ سېنى خېلىلا مۇستەھكەم ئادەم قىلىپ يېتىلدۇرگەن! — ۋاڭ يۈڭ جەۋلانىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — مۇبادا قۇمتامىنىڭ قىز - چوكانلىرىغا ئالدىنىپلا كەتمىسەڭ، ھېس قىلىشىمچە سەن ئۇنداق - مۇنداق مۇتتەھەملەرگە بوزەك بولىدىغان ئادەم ئەمەس!

— ۋاڭ جۈيجاڭ، شۇنداقتىمۇ سەل ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى جەۋلان سەل خاپا بولغان تەلەپپۇزدا، — ئەڭ بولمىغاندىمۇ يەرلىك كادىرلاردىن بىر قانچىنى قوشۇپ بەرسىڭىز بولاتتى.

— مەن سېنى، سۆزلەشكىنى نېمە ئۈچۈن باغقا ئەپچىقتىم، بىلەمسەن؟

— پاراڭلاشقىلى شۇ.

— قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا شامالىلىق، — ۋاڭ يۈڭنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلىدى، — يەرلىكتىكلەرنىڭ قۇمتامىنىڭ ئىشىغا «قۇم ئارىلاشتۇرۇش» تىن ئېھتىيات قىلىدىم. ئۇ چاغدا قانداقمۇ دادىل ئىشلىيەلەيسەن؟ ھەممە ئىشىڭدىن قۇسۇر چىقىرىپ، پۇت - قولۇڭنى باغلاپ قويسا، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايسەن.

— مۇنداق دەڭ، سىياسىئون دېگەن باشقا گەپتە.

— سەن بېرىپلا ھاشىم گۈڭ دېگەن ئادەمنى ئىزلە، ئۇ ساڭا ھەقىقىي مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولالايدۇ.

— يەنە شۇ ھاشىم گۈڭ، سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟

# تەكلىماكان ئۈنلى (1)

— بۇ توغرۇلۇق مەن ساڭا ياتاقتا كېچىچە سۆزلەپ بېرىمەن. قورقماي ئىشلە، يۈرىكىڭ مەن.

— ۋاڭ زۇجاڭ سىزمۇ ئەيسايۇفتەك «يۈرىكىڭ مەن» دەيسىز، ۋاقتى كەلگەندە بۇ سۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا قاراڭغۇ بازار نەرخىدە ساتىمەن.

— مانا، مانا مۇشۇنداق ھىيلە ـ مىكىرىگە تويۇنغان پىكىرلىرىڭدىن سېنىڭ قانچىلىك قاغدالما ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

— ۋاڭ يۇڭ ئاكا، ئۇنىمۇ دېدىدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق. لېكىن چۈجىنى كۈزدە ساناڭ دەپتىكەن، — دېدى جەۋلان ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، — يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتسەمچۇ؟

— يەل قويۇۋەتمىگەن ئادەم بەل قويۇۋەتمەيدۇ، — ئىككىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى، — مەن ساڭا يەنە بىر ھارۋىكەش بالا ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن.

ئۇلار پارك قىلغاچ باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىشتى…

## ئون ئىككىنچى باب

# ئۆمىدلەر چېچەكلىگەندە ...

كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدىن ئەتىگەندىلا يۈگۈرۈپ چىققان مەتسىدىق ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىردە ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، جىگدىلىك مەھەللىسىگە قاراپ ئالدىراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى دۈپدۈگىلەك سېمىز يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن، جوتۇ سېپىدەك قىسقا پۇتلىرىنىڭ غىلدىرلاپ تېز مىڭىشلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇ تېلېفوندىن كەلگەن خەۋەرنى دېيىشكە ئالدىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىنى يېقىن دەپ جىگدىلىك مەھەللىسىگە يۈگۈرگەن ئىدى. مەتسىدىق ئىگەمبەردىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپمۇ يۈرمەي بىر ئىتتەرگەنچە ئۇسۇپلا كىردى. توخۇ كاتىكىدىن تۇخۇم تېرىۋاتقان ئىگەمبەردى دەرۋازىنىڭ تاراقلىشىدىن چۆچۈپ كاتەكتىن چىقتى. ئەمما پېشايۋان لىمىدىن ئېسىلىپ تۇرغان قەپەستىكى قىزىل پوكانلىق كەكلىك ۋاقىلداپ شۇنداق قاتتىق سايرىۋەتتىكى دەھشەت قورقۇپ كەتكەن مەتسىدىق يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ قەپەسكە «تۇفى» دەپ تۈكۈرۈۋېدى، تۈكۈرۈك يېنىپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە چۈشتى:

— يائاللا، بۇ گۈينىڭ ئاۋازىنىڭ يامانلىقى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يېرىۋەتكۈدەك ۋارقىرايدۇ.

— بولدى، بولدى، كەكلىك بىلەمۇ ئۇرۇشقۇلۇقمۇ، قېنى

نېمە ئىشتى؟

ـــ خاس خادىم نەسرۇللادىن تېلېفون كەلدى، ـــ ئىگەمبەردى دەرھاللا دەرۋازىنى ياپتى، ـــ بىزگە كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى تېخى ئوقۇش پۈتكۈزمىگەن ئوقۇغۇچىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيدىغان شاماللىقمىش!

ـــ نېمە، ـــ ئىگەمبەردى ھاياجانلاندى، ـــ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم ياندىماپتىما؟

ـــ نەدىكىنى، يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئۇنىماپتۇ.

ـــ پاھ، ياخشى ئىش بوپتۇ! ـــ ئىگەمبەردى مۇشتۇمىنى ئالىقىنىغا ئۇردى، ـــ بۇ خۇش خەۋەرنى ھازىرلا چاۋارغا يەتكۈزەيلى.

ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككىسى پالاق ـ پۇلۇقلا دەرۋازا ئالدىغا ئالدىراپ چىقىشتى. لېكىن مەتسىدىق ئىگەمبەردىنىڭ ئىككى قولىدىكى تۇخۇمغا قاراپ: «بۇ ··· بۇ نېمە گەپ؟» دېيىشى ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن كەنت باشلىقى ئېڭىشكىنىچە ھويلىغا كىرىپ تۇخۇمنى پېشايۋانغا قويۇپلا كەينىگە ياندى. ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار دەرۋازىنى يېپىپ مېڭىشى كەكلىك باشقىدىنلا ۋاقىلداپ سايراپ كەتتى. بۇنداق كەكلىكتىن چاۋارنىڭ ئۆيىدە بىر جۈپ بار ئىدى. ئۇلار زېرىككەن كۆنلىرى بىر قەپەستىكى كەكلىكنىڭ مېكىيىنىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى كەكلىك خورىزىنى سوقۇشتۇرۇپ كۆڭۈللىرىنى ئاچاتتى. مېكىياننى تالىشىش ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغان كەكلىكلەر قانغا بويىلىپ، مەيداندا يىقىلىپ قالغىچە ئۇرۇشاتتى. چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى ھەم كەكلىك خۇمارلار: «پاھ، يالاڭ تاياق»، «قانات ھامپا» ، «جۈپ تېپىك»، «تاقلاپ ئۇرۇش ···» دېيىشىپ ئىككى كەكلىكنىڭ چوقۇشلىرىغا باھا بېرىشەتتى.

ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىق ئوچۇق دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە چاۋار قەپەستىكى كەكلىككە دان تاشلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرادىرىنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپلا «ئۆيدە ئادەم بار» دېگەندەك پىشايىۋان تەرەپنى كۆزدە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى باغقا باشلىدى، شاخاراپ كەتكەن بىرنەچچە تۈپ قوتۇر ئامۇتنىڭ ئاستىدىكى كاتقا گىلەم ھەم كۆرپە سېلىقلىق بولۇپ، يۆلىنىپ ئارام ئالىدىغان بىرنەچچە ياستۇقمۇ بار ئىدى. مەتسىدىق كاتقا چىقىپ بولغىچە چوڭ لېگەندىكى ساپسېرىق پىشىپ يېتىلگەن بىر دانە يوغان ئامۇتنى ئېلىپ، مەيدىسىگە ئاچە - مۇنچە سۈرتۈپلا يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئاغزىدىكى لىقمۇلىق لوقمىنى ئۇ قوۋۇزىدىن بۇ قوۋۇزىغا يۆتكەن يۇتۇپ بولغىچە كۆزلىرى چىقىپ كەتكۇدەك ئالىيىپ كەتتى. خۇش خەۋەرنىڭ ئىگىسى شۇ بولغاندىن كېيىن قالغانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. بىردەمدىلا جۇدۇنى ئۆرلىگەن چاۋار ھۆرپەيگىنىچە ۋارقىرىدى:

— ھەي ئاچ پاقا، قويە قولۇڭدىكىنى! — چاۋار مەتسىدىقنىڭ قولىدىكى يېرىم ئامۇتنى شارتلا تارتىۋېلىپ لېگەنگە تاشلىدى، — بىز سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ قاچانغىچە ئولتۇرىمىز؟ ئامۇت ئاناڭنىڭ قېشىغا قېچىپ كېتەمتى ھېشىق.

چاۋارنىڭ قارا چىرايى قوڭۇردەك قىزارغاندا ھەركىم ئۇنىڭ زەھەردەك ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەندىككەن ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىق زۇۋانىنى يىغىپ، خۇددى مۈشۈكنى كۆرگەن قۇشقاچلاردەك جىمىپ كەتتى.

— گەپ قىلمامسەن؟ — چاۋارنىڭ ۋارقىرىشىدىن مەتسىدىق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، — خۇددى خوتۇنۇڭ قوشكېزەك ئوغۇل تۇغقاندەك غالۋاراپ كېلىسەن ··· ھە، دېگىنە نېمە ئىشتى؟

مەتسىدىق دۇدۇقلاپ، گەپلىرىدىن ئېزىپ، دېمەكچى

بولغانلىرىنى ئارانلا سۆزلەپ تۈگەتتى. بىر ھازا جىمىپ كەتكەن چاۋارنىڭ چىرايىدىكى قارا بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى.

— بۇنداق خەۋەرنى ئىلىپ كەلگەن ئادەم كىلە ـ كەلمەي گىلى بىلەن قالماي، — چاۋار سەل پەسكارىغا چۈشتى، — دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، ئاندىن باشقىغا قول سوزسا بولىدۇ، مانا بۇ ئادىمىلىك! خاپا بولما، سەل قوپاللىق قىلىپ قويدۇم.

چاۋارنىڭ ئاخىرقى ئۆزرە سورىشىدىن ئىگەمبەردى چاۋارنى تېخىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن مەتسىدىقنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ دېيەلمىگەن گەپلىرىنى باشلىدى:

— قۇمتامغا كېلىدىغان كادىر تېخى ئوقۇش پۈتكۈزمىگەن كىچىككىنە بالىكەن ئەمەسمۇ.

— ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان، ئەمچەكنى مەممە دەيدىغان بالا دېسىلە! — دەشىنەم يېگىنىم بەش نان يېگىنىم دەپ بىلىدىغان مەتسىدىق بىردەمدىلا ئاھانەتنى ئۇنۇتتى، — مانتا كۆرمىگەن ھابدال قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ، دېگەندەك بىرەر دىغىراپ قالغان چوكاننى «ھايت» لا دەپ قويساق، بۇنداق ياش نېمىلەر بېشىچە شۆڭغۇيدى ـ دە، چىققۇسى كەلمەيدۇ. ھا ··· ھا ··· ھا···

— بۇنداق خىزمەت تەجرىبىسى يوق سويما، — ئىگەمبەردى چاۋارنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى، — بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قاراپ، سىزغان سىزىقىمىزدىن چىقماي ئىشلىمىسە، قۇمتامنىڭ ئوي ـ چۇقۇرىنى نەدىن بىلسۇن؟

— ئۇ ئەبلەخ تۈك چىقمىغان باچكا بولامدۇ ياكى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۈكۈلداۋاتقان چۈجە بولامدۇ، بەرىبىر بىزنى كوچىلىغىنى، چۇقچىلىغىنى، قۇسۇر تاپقىلى كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئادىمى. سۇنى كۆرمەي ئىشتان سالمايلى، — چاۋار قولىنى شىلتىپ دېرىزىنى كۆرسەتتى، — ئەگەر ئۇ خەنزۇ

قىزنى كۆرۈپ قالسا، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ بىرىنچى بولۇپ كامال ئاشكارىلىنىدۇ! ئۇ چاغدا تۆگەشكىنىمىز شۇ.

— ۋاي ئاللا، مەن ··· مەن، ئۇلۇشكۈن، — مەتسىدىق گاچىلىشىپ كەتتى، — ئازنە بازاردا لەيلىنى كۆردۈم···

مەتسىدىق ئازنە بازارغا سودىلىقىقا بېرىپ، يۈزىگە پەرەنجە تارتقان، ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىپ نىقابلانغان لەيلىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى قاياققا ماڭسا شۇ يەرگە بارغانلىقى، كېيىن ئۇ دەڭجاغا 20 تىيىن تۆلەپ كەنتنىڭ ئىچ ئېتى ئاقتاشقا مىنىپ قىر دەريا سايلىقىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. قورققانلىقىدىن ئاغزى ئوچۇقلا قالغان چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى بۇ خەۋەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— مەتسىدىق، بىزنى تولا كولدۇرلاتما، — چاۋار مىختەك تىكىلدى، — بۇ ··· ئوينىشىدىغان گەپ ئەمەس.

— مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، — مەتسىدىق توۋلىدى، — بىرىنچى قېتىمدا كاۋا بازىرىدا ئۇ پەرەنجىسىنى قايرىپ خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا قاراۋاتقاندا، مەن كاۋا يەۋېتىپ كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ نەگە بارسا ئارقىسىدىن ماڭدىم.

— ھۆم توغرا، — دېدى چاۋار كەسكىن ھالدا، — ئازنە كۈنى مەن ئەتىگەندە ئامبارغا كەلگىنىمدە، ئەخمەت ئېغىلدا ئاقتاشنى توقۇۋېتىپتىكەن.

كەنتنىڭ ئۈچ ئاتامانى خىلىغىچە ئۈن ـ تىن قىلماي، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردى. «لەيلىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى كۆزىتىشى، ئىزدىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ئاياقتىكى قېتىقتەك ئايان بولغاچقا، ئۇلار قورققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېلىشتى.

## ئەكلىساكال ئۆتلى (1)

ــ هەي دېۋەڭ ئۇلۇشكۇنكى ئىشنى بۇگۈن دەۋاتامسەن؟

ــ چاۋاركا، شۇ كۈنى كەچتە بازاردىن كېلىپ، ئانامنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلاپ چوڭ ئۆيگە كەتكەنىدىم. تېخى ھېلىراقتا كەلگەن تۇرسام.

ــ ئىگەمبەرداخۇن، ئۇ پاخپاق خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى نېمىشقا ئىزلىگەندۇ؟ ــ چاۋارنىڭ تۇكۇرۇكلىرى چاچرىدى، ــ ئۇ جەزمەن بىرىنچىدىن ئىگەمبەردىنىڭ كامالغا قارا چاپلاپ پاشلىقىقا سۇرگۈن قىلىنغىنى، ئىككىنچىدىن ئېغىر ئاياغ قىزغا چېقىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۈچىنچىدىن، بىز ئۈچىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغىلى ئاتايتەن قۇمچاقارغا بارغان.

ــ ۋاي خۇدايىم، ــ مەتسىدىقنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، ــ راست بۇ ئالۋاستى خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلسە، ئىش تېرىغۇدەك، ئىگەمبەردىكا، چاۋاركامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانلا، ئەمدى ئۇنىڭ تۇزىنى تېتىيمەن دېمەي دەرھال كۆزدىن يوقاتسىلا.

ــ ها ··· ماقۇل، ــ ئىگەمبەردى بېشىنى گىلدىڭلاتتى، ــ ئەتىدىن باشلاپ ئامبار ئۆينىڭ ئىشكىگە قۇلۇپ سېلىپ، ئۇنى سىرتقا چىقارمايلى.

ــ پاھ، پاھ، ئەقىللىرىگە ئاپىرىن! ــ چاۋار غەزەپ بىلەن دىمىغىنى قاقتى، ــ ئۇ ھاجەتخانىغا چىقماسمۇ، زېرىكىپ ئىشىكنى قاقماسمۇ، يەنە كېلىپ تەشكىل قورۇسىدا! تاسادىپىي خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ ياكى قولىقى ئاڭلاپ قالسىچۇ؟ ئەمدى ئۇ قىزغا خام تەمەدە بولمىسىلا ··· ئاڭلىغانلا ئۇنىڭ يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى؟

ــ ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، مەن ··· مەن ئۇنى كەنت تەشكىلىدىن ··· زادى يوقىتاي.

ــ ئەڭ ياخشىسى ئۇ قىزنى نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە

ھەيدىۋەتسىلە ··· ئۆزلىرى بىر - ئىككى كۈن ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ، ئايرىپ تاشلىۋەتسىلىمۇ بولىدۇ.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى، — دېدى مەتىسدىق، — قاچان كېلىدىكەن؟

— كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، ئەخمەت گاچا ئۇلاغ ئېلىپ كەتكەن.

— نېمە، بۈگۈن؟ — چاۋارنىڭ كۆزلىرى غىلىپاللىدى، — ئۇ كېلىپ قالسا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە، يا ··· ياق، ئەڭ ئەپلىك چارە مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرسىلا، لەيلىنى كۆزدىن يوقاتقىچە بىرەر ھەپتە سىرتتا تۇرسۇن.

تېخى كەلمىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى توغرۇلۇق ئۇلار ئەنە شۇنداق ساراسىمىغا چۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلىشىپ، قانداقتۇ پىلانلار تۈزۈشۈپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە يارام ئېشەككە مىنگەن جەۋلان قىر دەريا سايلىقىدا كېلىۋېتىپ، قارشى قىرغاقتىكى ئەلئاباد يېزىسىنىڭ گۈڭگا ئورمان ئىزنىلىرىغا تىكىلمەكتە ئىدى. ئەخمەت گاچا ھوشيار، چېچەن ئادەم بولغاچقا گۇللۈك كۆرپە سېلىنغان ئېشەكنى سۇ ئويۇپ كەتكەن كاتاڭلاردىن، پورپاڭ قۇم دۆۋىلىرىدىن بىر ئەپلىك ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى ھەم بەزى - بەزىدە جەۋلانغا قاراپ غەلىتىلا ھىجىيىپ قوياتتى. قۇياش بىپايان قۇم دېڭىزىغا قىڭغايماقتا ئىدى. قۇم بارخانلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇپ ئىسسىق ھەم قىزىق شامال يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. بۇ كەڭرى سايلىقتا قۇرۇغان قامغاق، قومۇش پۆپۈكى توزۇندىلىرى ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. جەۋلان ئېشەكتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈۋالدى. ئەخمەت يولنىڭ يىراقلىقىنى، ھېرىپ قالىدىغانلىقىنى ئىما - ئىشارىلار بىلەن ئۇقتۇرۇپ، جەۋلاننى ئېشەككە مىنىۋېلىشقا زورلىغان بولسىمۇ ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

ئېشەكنىڭ قومۇش يوپۇرمىقىدەك قۇلاقلىرىدىن، سىلىق

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

بويۇنلىرىدىن ئۆتكۈر ھىدلىق ئاچچىق تەر ئاقىۋاتقاندىلا ئۇلار ئەلئابادنىڭ ھالرەڭ يۇلغۇن چېچەكلىرى قاپلىغان قۇم تۆپىلىق قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. جەۋلان ئارقىسىغا قايرىلىپ بۇ كەڭ لېكىن سۇسىز دەرياغا قاراپ تەرلىرىنى سۇرتتى. ئەخمەت گاچا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، سۇنىڭ شارقىرىشىنى، كۆپۈكىنى، ئادەملەرنىڭ دەريادىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى ئاغزىدا پۈۋلىگەندەك، قوللىرىدا، كۆزلىرىدە، غەيرىي ئاۋازلاردا ئىما ـ ئىشارىلارنى قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن جەۋلان كۈلۈپ قويدى.

— ئۇقتۇم، ھەر يىلى كەلكۈن پەسلىدە قىيان دەھشەتلىك ھۆركىرەپ كېلىدىكەن. ئۇ چاغدا ئادەملەر تۇلۇم بىلەن ئۆتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ھا، ھى … ھا … ئە … ئە … بە… — ئەخمەت باشمالتىقىنى چىقىرىپ جەۋلاننى ماختىدى.

ئۇلار مەھەللىگە كىرىپ ئۇزۇن ماڭمايلا قۇمتام كەنت تەشكىللىگە يېتىپ كەلدى. ئەخمەت ئىشەكنى يېتىلەپ ئىچىلغا كىرىپ كەتتى. جەۋلان سومكىسىنى تۇتقىنىچە ئالدىدىكى ئاقارتىلمىغان لاي سۇۋاق ئىشخانىلارغا، قىڭغىيىپ تۇرغان ئۇزۇم بارىڭىغا قارىدى. ياخشى تارىلىپ باراڭغا ئېلىنمىغان تاللارنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى، كاللەك ـ كاللەك ساپ ئۇزۇملىرى ئاپئاق توپا ۋە تۇغ باغلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت سۇغىرىلمىغانمۇ نېمە، يوپۇرماقلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن سولىشىپ كەتكەندى. جەۋلان دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى لاپاسلىق مال ئېغىلىغا، سول تەرەپتىكى پاكار، كۆرۈمسىز، بىر يۈرۈش ئۆيلەرگە زەن سالدى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە قوشقاناتلىق ئەگۈندىن يان ھويلىغا ئۆتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. يان ھويلىدىكى ئېگىز كۈنگۈرىلىك ئاشلىق ئامبارلىرى، بوغالتىر ئىشخانىسى، مىنبەگلەرنىڭ ياتاقلىرى

كەنت تەشكىلى ھويلىسىغا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەسنادا ئوتتۇرىدىكى ئىشخانىسىدىن ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار چىقىپ كەلدى. خام خەسە ئاق كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان، چەت، چۆرىسى مايلاشقان شاپاق دوپپىلىق تەتۈر ئۇستىخان، سارغۇچ چاڭگا ساقال ئىگەمبەردى قولىنى سوزغانچە ھىجىيىپ كەلدى.

— ھارمىغايلا.

— ياخشىدى.

ئىگەمبەردىنىڭ ئارقىسىدىن چاۋار، مەتسىدىقلار كېلىپ، سۇسلا سالاملىشىپ، بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇردى. ئەمما كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى قىزغىن، چىرايىدىمۇ ھېچقانداق غەيرىي ئالامەت كۆرۈلمىگەن ھالدا خۇش چىراي ئەھۋاللىشىپ كەتتى:

— قارىسام سەل ھايال بولۇپ قاللا، — دېدى ئىگەمبەردى، — شۇڭا ئەنسىرەپ سايىتتىن بارنىياز شۇجىغا تېلېفون سوقتۇم. رەنجىمەيلا خالىزىم بولۇپ ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن.

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىكام بولىدىكەندە؟

— خوش، بۇ كىشى، — ئىگەمبەردى چاۋارنى كۆرسەتتى، — كەنتىمىزنىڭ ئامبارچىسى چاۋار زايىت بولىدۇ. بۇ دىقماق يىگىت بولسا بوغالتىر مەتسىدىق رەجەپ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇچۇڭلار قۇمتام كەنتىنىڭ ئاتامانلىرىكەنسىدە. لەر؟ ...

تۇنجى يۈز كۆرۈشكەن بۇ تۆت كىشەندە كۆلگەننى دورىغاندەك كۈلۈشتى. شۇنداقتىمۇ ئىگەمبەردى قورۇنغان ھالدا:

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۆزلىرىنىڭ يولىيورۇقلىرىغا موھتاج بىز، — دەپ قويدى.

بۇ چاغدا لاپاس تىگىدە ئەخمەت گاچا ئاق تەلپەك كىيىۋالغان

بىر ئايالغا نېمىدۇر دەپ قولىلىرىنى شىلتىپ، ھەر خىل ئىشارىلارنى قىلىۋاتاتتى. گەرچە جەۋلان ئۇلارغا دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ چىرايلىرى غەلىتىلا ئۆزگىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشقانىدى. بۇنىڭدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئىنگەمبەردى دەرھاللا جەۋلاننىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ باشلىدى:

— تەشكىلدىكى ئىشخانا ھەم ياتاقلىرىنى سۇۋىغان ئىدۇق. تېخى قۇرۇمىدى. شۇڭا ئۆزلەنىڭ تاماق، ياتاق ئىشلىرىنى ۋاقتىنچە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردۇق. جۇسىلە، سىلىنى ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

باياتىن بېرى لاپاس تېگىدە ئەخمەت بىلەن تاكاللاشقانىدەك قىلغان لەيلى جەۋلاننىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرگەن ھالدا، ئاتىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. لېكىن شۇ ھامان چاۋار، ئىنگەمبەردى، مەتسىدىق، جەۋلانلارنىڭ كۈلۈشكەنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن قاپاقلىرى مىززىدە تۈرۈلدى ـ دە، كامالنىڭ: «خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ قالسا ئالدىراپ سىر بەرمەڭ ... ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئەمەلدارلارنىڭ ئىرىقىنى ياقىلايدۇ ... بۇ گېپىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ... » دېگەن سۆزلىرى ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى.

— ئۇ ... ئۇ ... يالغۇزكەن ... تېخى ئوقۇغۇچى بالا تۇرسا ... قانداقمۇ بولا؟ ...

ئۈمىدلىرى توزانغا ئايلانغان لەيلى ياش تۆكۈپ تۇرغىنىدا، ئىنگەمبەردى جەۋلاننى ئەتراپى شاپتۇل، ئامۇت، جىگدىلەر قورشىۋالغان، دەرۋازىسىمۇ يوق، ئاق توپىلاڭ ھويلىغا باشلاپ كەلدى. دېرىزىلىرىدىن سارغىيىپ كەتكەن خام قەغەزلەر ساڭگىلىشىپ تۇرغان بىرقانچە لاي سۇۋاق سىنىپلار، ھويلا ئوتتۇرىسىدا قىڭغىيىپ قالغان يالغۇز گار بۇ ھويلىنىڭ مەكتەپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر قاتار كۆرۈمسىز

سىنىپلارنىڭ ئەڭ چەتتىكى، ئىشىكىگە پارچە كىگىزلەر قېقىلغان ئۆي ئالدىغا كەلدى.

— مۇئەللىم، هاي نۇرسىيىت مۇئەللىم!

ئىگەمبەردى خىرقىراپ ۋارقىرىشى، ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن ئىشىك «غىيىق» قىلىپ ئېچىلىپ، ئورۇق، ئېگىز، چارساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، 53 ـ 54 ياشلاردىكى تاتىراڭغۇ بىر ئادەم چىقىپلا خۇشامەتنى باشلىۋەتتى:

— هامىغايلا كەنت باشلىقى، ساخاۋەتچى شاپائەتچىمىز، — ئۇ ئارقىدىنلا جەۋلانغا پۇكۇلدى، — هامىسىلا كادىرىمىز؟ قېنى ئۆيگە كىرىلى.

نۇرسىيىت هەربىر هامىسىلا دېگەندە نەچچە پۇكۇلۇپ، نەچچە ئېگىلىپ، ياغلىما گەپلەر بىلەن كەنت باشلىقىغا خۇشامەت قىلىۋاتقاندا 17 ـ 18 ياشلار چامىسىدىكى چىرايىدا قان دىدارى يوق بىر قىز ئىشىك بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىگەمبەردىگە پوسۇقىدە كۈلۈپ قويدى. ئىگەمبەردىمۇ نۇرسىيىتنىڭ مۈرىسىدىن ئۇنىڭغا لەپپىدە كۆز تاشلىدى. بۇ غەلىتە كۆز بېقىشلارغا مۇئەللىم پەسەنت قىلمىغىنى بىلەن جەۋلاننىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— نۇرسىيىت مۇئەللىم، كادىرىمىزغا ئاتايتەن بىر ئىشخانىنى تەييارلىۋىدۇق. لېكىن سۇۋاقلىرى قۇرۇمىدى. شۇڭا كادىرىمىزنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك تاماق ـ ياتقىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرسىلا، كەنت ئامبىرىدىن ئۇن، ماي، گۈنجا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— ئا ··· نېمە دېگەنلىرى ساخاۋەتچىمىز، هېلىمۇ بېشىمىزنى سىلاپ كېلىۋاتىدىلا.

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بوسىلىرى، — ئىگەمبەردى جەۋلانغا كۆچۈكلەندى، — تەشكىلدە بېجىرىدىغان ئاز ـ تولا ئىشلىرىم بار ئىدى.

— بولىدۇ، بارىۋەرسىلە.

نۇرسىيىت مۇئەللىم جەۋلاننى ئۆيگە باشلاپ، كىگىز سېلىنغان سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئاڭغىچە ھېلىقى قىز دەررۇلا تۆرگە كۆرپە سېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخاننى يايدى. تارنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، بەلكىم ئۇ ئاشخانا بولسا كېرەك، تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ ئىشتىھانى غىدىقلايتتى. ھازىر كۈن ئولتۇرغان چاغ بولغاچقا، ئۇلار كەچلىك تاماق تەييارلىغاندەك قىلاتتى. كىچىككىنە ئوماققىنا كېسەل چىراي قىز بىردەمدىلا جەۋلاننىڭ ئالدىغا جامدا [1]، نۇرسىيىتنىڭ ئالدىغا ئاياقتا [2] كومۇلەك [3] ئاش كەلتۈردى.

— قېنى ئالسىلا كادىرىمىز، ماشايىخلىرىمىز، — نۇرسىيىت ئالىقانلىرىنى يايدى، — ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە دەپتىكەن.

ئۇلار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىرىنى يۆۋلەپ ئىچىشكە باشلىدى. بىراق جەۋلان تاردا قول قوشتۇرۇپ، ئۆرە تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، غىقلا بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ خىجىل بولغان ھالدا: «قېنى قىزلىرىمۇ كەلسۇن» دېۋىدى. قىز بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. نۇرسىيىت بولسا قوشۇقىنى ئاياق قىرىغا يۆلەپ قويۇپ، چار تۈكلەر قاپلاپ كەتكەن ئاغزىنى ئالىقىنىدا سۈرتۈپ ھىجايدى:

— ئۇ ··· ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ···

— خوتۇنۇم؟!

«ئالە شەرىڭنى موللاقارىي» جەۋلان ئۆزىگە ئۆزى كايىدى. «ساڭا كىم قويۇپتۇ ئاتىكاچىلىقنى، كومۇلىكىڭنى خولۇپلىتىپ ئىچىۋەرسەڭچۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە. يەنە بىر تەرەپتىن ماۋۇ چارباش

① جام — ئاپقۇر چىنىگە ئوخشايدىغان ياغاچ قاچا.
② ئاياق — ياپىلاق پەس قىرلىق ياغاچ قاچا.
③ كومۇلەك — قوناق خېمىردا قىلىدىغان تاماق.

قىرىنىڭ ئۈيالماي، قىزارماي، ئاغزىغا تولدۇرۇپ، نەۋرىسىدەك بىر قىزنى «خوتۇنۇم» دەۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەيتتى.

— سەن بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ — ئىگەمبەردى خوتۇنىغا زەردە بىلەن گۈركىرىدى، — ماڭ كادىرىمىزنىڭ ياتىقىنى تەييارلا.

ئايال ئىتائەتمەنلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. جەۋلان تاماق يېيىلىپ بولغۇچە زۇۋان سۈرمىدى. نۇرسېيىت ئاياقنى كۆتۈرۈپ كومۇلەكنىڭ ئۇماچتەك قويۇق سۈيىنى كارنىيىغا قۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، ياغاچ قوشۇقنى ئاياق ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ پاكىزلىدى، قوشۇقنى يالىدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ قىلىن قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، پىلدىرلاپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىنى جەۋلانغا تىكتى:

— ياتاق ئۆينى كۆرۈپ باقامىلىكىن؟

— بولىدۇ، — دېدى جەۋلان پوشكالدەك پوكۇلۇپ ئولتۇرۇشتىن ئازاد بولغىنىغا خۇش بولۇپ.

نۇرسېيىت جەۋلاننى باشلاپ مەكتەپ ھويلىسىنى تۇغرا كېسىپ، سىنىپ قاتارلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئامۇت، جىگدە، ئۆرۈك كۆچەتلىرى بوكىدە قاپلاپ تۇرغان كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئايالى بۇلۇڭغا قويۇلغان كارىۋاتنى سۈپۈرۈپ - تازىلاپ جەۋلانغا تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆي ئەسلىدە مەكتەپنىڭ مۇلۇك ئامبىرى بولسا كېرەك، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سۇنۇق پارتا، كونا دوسكا ۋە بىر نەچچە ئەبجەق ئورۇندۇقلار دۆۋىلىنىۋېتىلگەنىدى.

— مەكتىپىمىزدە ئۆي كەمچىل، — دېدى نۇرسېيىت چارلىشىپ كەتكەن ئۆسكىلەك ساقاللىرىنى تاتىلاپ، — بىرىنچى سىنىپتىن بىرى بار، يەنە بىر سىنىپ «قوشما تەلىم» سىنىپى.

— «قوشما تەلىم؟»

— شۇنداق، 13 بالا ئىككىنچى سىنىپ، توققۇز بالا ئۈچىنچى

# ئەكىلىماكان ئوغلى (1)

سىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل تەييارلىق بىلەن دەرس ئۆتۈلىدۇ. يەنە بىر خانىم بار. ئۇ بىرىنچى سىنىپقا مەسئۇل. ئىككىمىز ئەتىگەندە ئىككى سائەت بالا يىغىمىز. ھە مەزلۇم، سەن نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ چىقىپ كەت بۇ يەردىن، ئەرلەر بار يەردە ساڭا سوۋۇتۇپ قويۇپتىمۇ، — نۇرسېيىتنىڭ بىر ھۆرپىيىشى بىلەن ئايال غىپپىدە چىقىپ كەتتى، — كۈنىگە بەش سائەت مەشغۇلاتىمىز بار. ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت كەنت ۋە كىچىك ئەترەتلەرگە ئەمگەككە بارىمىز، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئوغۇت توپلايمىز.

جەۋلان نۇرسېيىتنىڭ «دوكلات» نى ئاخىرغىچە ئاڭلىغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان قوپاللىقى سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىزلا بىر سوئالنى سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— 54 ياشقا…

— باللىرى يوقمۇ؟

— ھى… ھى … ھى … توققۇز خوتۇن ئالدىم، بالا يۈزى كۆرمىدىم. خۇدايىم مېنى بالىدىن ئېيتمىغان ئوخشايدۇ…

— «بالا بەرسەم، قىزىق مەشكە ئولتۇرغۇزۇپ ساغرىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن» دەپ بەلكىم بەرمىگەندۇ!

بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن جەۋلاننىڭ نەشتەردەك قادالغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغان نۇرسېيىت دىمىققاندەك، كۆزلىرى غىل ـ پاللىدى ۋە سەتلا ھىجىيىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەركەك هايۋان، — دېدى جەۋلان نۇرسېيىتنىڭ ئارقىسىدىن، — ھېسسىياتسىز مەخلۇق، نومۇس قىلماي توققۇز خوتۇن ئالدىم دەۋاتقىنىنى…

جەۋلان پۇت ـ قوللىرىنى يۇيۇپ كارىۋاتقا يانپاشلىدى، ئۇ





ئۆزىنىڭ خېلىلا چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇيقۇ تۇمانلىرى ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىۋاتقان بولسىمۇ، تېزەك ۋە كۆكۈن ھىدلىرى دىماغىنى ئېچىشتۇرىدىغان قۇم تopilیق يوللار، «چۆلئېرىق» نىڭ نەم ۋە زەي پۇراپ تۇرىدىغان مەھەللىلىرى، قاغا شورلۇقنىڭ ئاپئاق شورلۇق تۇزلەڭلىكلىرى، پاكار قومۇشلۇقلار، قۇمتامنىڭ ھەيۋەتلىك داۋانلىرى، تاپۇر – تۇپۇر قىلىشىپ بىر – بىرىگە يول بەرمەي قارا تەرگە چۆمگەن ئېشەكلەر، قىمار ئويناۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىن خىرە – شىرە ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن بىردىنلا ئىگەمبەردىنىڭ گىدىيىپ تۇرغان يوغان گەۋدىسى، پوتىسىغا گىرە سېلىۋالغان تۆكلۈك قوللىرى، ساپسېرىق قاتمال يۈزىدىكى چوڭ بۇرۇتى، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى ئۇششاق قىزىل مۇدۇرچاقلار كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ چاۋار، مەتسىدىقتا ئوخشىمايدىغان سىلىق – سىپايە مۇئامىلىرى جەۋلانىنىڭ كۆڭلىدە مەۋھۇم بىر سوئالنى پەيدا قىلىپ قويدى. ئۇ: «بۇ زادى قانداق ئادەم؟» دەپ ئويلاۋاتقىنىدا ئىگەمبەردى كامالنىڭ يېقىن ئاغىنىسى زۇلال بىلەن بۇككىدە ئېرىق بويىدا ئولتۇراتتى. كەچ گۇگۇم ۋاقتى بولغاچقا ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقمايتتى. ئۇ ئىككىسى جىمجىت سۈكۈتتە خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرۈپ، زۇلالغا قارىدى:

— ئەسلىدە مەن كامالنى پاشىلىقتىن ياندۇرۇپ چىقاي دېگەنىدىم، — ئىگەمبەردى شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — قارىسام لەيلى ئېغىر بوي بولۇپ قالدى. ئەگەر خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرىمىزنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، بۇ قانۇنىي خاتالىق ھېسابلىنىپ، كامالنى تۇتۇپ بېرىشى ئېنىقلا تۇرىدۇ.

— بۇنداق ھارامدىن بالا تېپىشنى دېھقانلىرىمىزمۇ دىنغا

ئاسىيلىق دەپ قارايدۇ، ـــ دېدى زۇلال تەڭلىك ئىچىدە، ـــ بۇنى مەن ئويلاپ يۈرگىلى خېلى بولۇپ قالدى.

ـــ زۇلال سەن كامالنىڭ جانجىگەر ئاغىنىسى، دەپباقە سېنىڭچە قانداق قىلساق بولا؟

ـــ كامالنى هازىرچە پاشىلىقتىن ئەپچىقماي تۇرساق بولامىكىن؟ ـــ زۇلال بىر قارارغا كەلگەندەك، قىلاتتى، ـــ ئەگەر كامالنى تۇتۇپ كەتسە، نېۋىخان ئانىمىزنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئەمما كەلگەن كادىر ئۇنىڭ پاشىلىققا سۈرگۈن قىلىنغىنىنى هامان ئاڭلايدۇ.

ـــ ئۇ چاغدا ھەممىمىز، ـــ ئىگەمبەردى زۇلالنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ـــ بىر خەنزۇ قىزىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق خاتالىقى ئۈچۈن پاشىلىققا كىرگۈزگەن ئىدۇق. لېكىن ئۇ تاغ ئارقىسىغا قېچىپ كېتىپتۇ، دېمەيمىزمۇ؟

ـــ بۇمۇ بولغۇدەك.

ـــ ئەمىسە كەنت ياشلىرى، دېھقانلىرى سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈۋەت. مەن نېۋىخاننىڭ قېشىغا باراي.

ئىگەمبەردى كېتىپ قالدى. ئېغىر روھسىزلانغان زۇلال يۈرىكى مۇجۇلغان هالدا ئاستا پىچىرلىدى:

ـــ تۈگىدى ··· ھەممە ئىش تۈگىدى ··· بىر ئادەمنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن پۈتۈن قۇمتام دېھقانلىرى خورلۇق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدى···

ئىگەمبەردى زۇلالدىن ئايرىلىپ نېۋىخاننىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەلدى. موماي نامازشامنى ئۆتەپ بولۇپ، ئەمدىلا هويلىغا چىققان ئىدى، ئۇ كەنت باشلىقىنى كۆرۈپ كەينىگە يېنىپلا، ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى. ئىگەمبەردى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى يەردىلا بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى:





— نېۋىخان ئاچا، توغرا، مەن بەزى ئىشلارنى خاتا قىلدىم، — ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازى مۇلايىم ئىدى، — بىراق ھازىر ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلالايمەنكى، مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن سىلىگە مەسلىھەت سالغىلى كەلدىم.

ئىگەمبەردى كامالنىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئېغىر ئاقىۋەتنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغا، ئىسلام دىنىنىڭ مىزانلىرىغا سېلىپ، ئەمەلىي مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۇنى قايىل قىلىپ قويدى. ھەتتا ئىگەمبەردى زۇلالنىڭ كامال ھەققىدە دېگەنلىرىنى، كۆرسەتكەن پىلانلىرىنىمۇ ئالا قويماي سۆزلىدى. زۇلالغا ئۆز ئوغلىدەك ئىشىنىدىغان نېۋىخان ئوغلى كامالنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە لەيلىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكەلمەكچى بولدى.

— نېۋىخان ئاچا، خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى كېلىپ بولدى، — دېدى ئىگەمبەردى ئېچىنغان تەلەپپۇزدا، — شۇڭا ئېغىر بويلىرىنى يېنىك قىلىپ ھازىرلا لەيلىنىڭ قېشىغا بارسىلا، ئىلاجى بار قايتۇرۇپ ئەپكەلسىلە، ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقلىرى ئۆزلىرىگە ئايان.

نېۋىخان كېچىنى كېچە دېمەي كەنت تەشكىلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ كەچتە قوناق ئۇگرىسى ئەتكەچكە بىر كورا ئالغاچ كەلگەن ئىدى. تېخى ئەلياتقۇ ۋاقتى بولمىغاچقا، ئەخمەت تاش پەنەرنى كۆتۈرۈپ، ئېغىلدا ماللارغا ئوت سېلىپ يۈرەتتى. چەتتىكى تاشلاندۇق ئامبار ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولغاچقا، ئىچىدىكى قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نېۋىخان ئامبارغا كورىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە، لەيلى ياغاچ تارغاقتا چېچىنى تاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغانچە موماينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. نېۋىخان كورىنى ئۇنىڭغا بېرىپ «ئىسسىقىدا ئىچىۋال» دېگەننى ئىشارەت قىلىشى

## ئەكلىماكان ئۈنلى (1)

لەيلىمۇ كورىنى يەرگە قويۇپ ئېڭىشكىنىچە خۇلۇپىلىتىپ ئىچكىلى تۇردى. قىز تامىقىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، موماي گەپ بىلەن ئىشارە قىلىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. بىراق لەيلى بېشىنى چايقاپ زادىلا ئۇنىمىدى.

— ئانا ··· مەن ··· كەتمە ··· مېنى ··· ئۇ ··· ئەكېلە···

— دېگىنىڭىز توغرا قىزىم، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەتسە، ئۇلار سىزنى يەنە ئەكېلىدۇ. ئەمىسە بالام، — نېۋىخان گەپ ھەم ئىشارە بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ، — خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرغا كۆرۈنمىگىن، كامال توغرۇلۇق گەپ قىلمىغىن··· — نېۋىخان لەيلىنىڭ قورسىقىنى كۆرسەتتى، — بۇنى بىلىپ قالسا كامالنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

نېۋىخان ئانىنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن لەيلى ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئەچىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئىككى ياشنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، روي بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ بۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ۋە سىرلىق تۈس ئېلىپ كەتكىنىگە ئەقلى يەتمىگەن لەيلى قانداق قىلارىنى بىلمەي قالدى. نېۋىخاننىڭ، كامالنىڭ، كەنت باشلىقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماي، جەۋلانغا ھەممە - ھەممىنى دېگۈسى كەلدى. بىراق ئىش ياخشىلىققا تارتىسىغۇ مەيلى، يامىنىغا تارتىپ قالسا، كامالدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بەختسىزلىك يۈز بېرەتتى. ئۇ چاغدا نېۋىخان ئانىغا، كامالغا قانداقمۇ يۈز كېلەلىسۇن؟ راست بۇ يەرلەردە كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى قانۇن، تۈزۈم، سىياسەتكەن ئەمەسمۇ··· ئىككى تاش ئارىلىقىدا قالغان لەيلى «زادى قانداق قىلسام بولا؟» دەپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كېچىدە ھاشىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان زۇلال، مەتنىياز، كېرەم موللا، ياربەختى، ئايشەم، كامالەتلەر جەۋلان ھەققىدە ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىپ ھارغاندىلا جىمىقتى. ھاشىم ئۇلارغا قانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئوغۇشسىزلىك ئىچىدە قالغان ياشلار ئۇنىڭ

نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى…

— بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭلار، — ۋارقىرىدى هاشىم، — جەۋلان ئۈرۈمچىدە سىياسىي ـ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەنكەن. ئۇ بالا ھەققىدە ئوشۇقچە ئويلىنىپ كەتتىڭلارمۇ، قانداق؟

— ئويلاپ بېقىڭا، هاشىمكا، — دېدى زۇلال، — سىزنىمۇ يوچۇق قالدۇرماي موللاق ئاتقۇزغان ئاشۇ جىن ـ ئالۋاستىلارغا تەڭ كېلەلەمۇ؟

— هېچقانداق خىزمەتتە پىشمىغان ئوقۇغۇچى تۇرسا، — مەتنىياز خېلىلا قايناپ قالدى، — ئۇ … ئۇ چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقتەك شىر، يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ ئالدىدا ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان قوزىنىڭ ئۆزىلىغۇ…

— ئەزەلدىن پېشانىمىز تەتۈر، تەقدىرىمىز كاج ئوخشايدۇ.

— راست دەيسىز، ئايشەم ئاچا، — كامالەتنىڭ چىرايلىق قاشلىرى قوشۇمىسىغا يىغىلغان ئىدى، — نەچچە يىللاردىن بېرى خىزىرنى كۈتكەندەك ساقلىغان قۇتقازغۇچىمىز سالپاڭ قۇلاق توشقاننىڭ ئۆزىكەنغۇ، زۇلالكا، سىز ئۇنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەتنىياز ئىككىمىز مەكتەپكە بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلدۇق. گەپ ـ سۆزىگە قارىغاندا راست پىشقان قاغدالمىدەك قىلىدۇ، لېكىنزە ئۆزى كېلىشكەن، شەھەر يىگىتلىرىگە ئوخشايدىكەن.

— مۇنداق دەڭ… — كامالەت بىردىنلا بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالدى.

— گەپنى مېغىز چاققاندەك چۈرۈك قىلغىنىغا قارىغاندا، — مەتنىياز قوشۇمچە قىلدى، — شىماللىق بالىدەك قىلىدۇ. لېكىن بۇنداق شەھەرلىكلەر بىزدەك سەھراھ ـ قۇملۇقتىكى دېھقانلارنىڭ قەدرىگە يېتەمدۇ؟

— ئەمىسە ئاغىنىلەر كامال توغرۇلۇق گېپىمىز بىر يەردىن چىقسۇن، — دېدى زۇلال جىددىي تەلەپپۇزدا، — دېھقانلارنىڭمۇ

ئويلىغىنىنى بىزگە ئوخشاشكەن. كىمكى كامالنى ئاشكارىلاپ قويسا، ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولسۇن.

ـــ سىلەر بەك نادانلىق قىلىۋاتىسىلەر، ـــ هاشىم رەنجىگەن هالدا ۋارقىرىدى، ـــ يۇقىرىمۇ بىر ئىشنى ئويلاپ ئەۋەتكەندۇ، ئېتىلمىغان تاشمۇ قاڭشارنى يارىدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ.

ـــ بۇ تاش قاڭقىپ كېلىپ مېنىڭ بېشىمغا تەگمىسۇن. ئاستا كېتىۋالاي.

يار بەختى ئورنىدىن تۇرۇشى كېرىم موللىمۇ تۇردى. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. هاشىم ئىچىدە: ئىست دېھقان خەق دېگەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاخىرىدا ماڭغان كامالەتكە قاراپ:

ـــ قىزىم، بۇ كېچىدە قورقامسىزكىن، مۇشۇ يەردىلا قونۇپ قېلىڭ، ـــ دېۋىدى كامالەت كۈلۈپ:

ـــ قورقمايمەن، كېچە ئايدىڭ تۇرسا، ـــ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كوچىلار راستىلا ئاپئاق يورۇق ئىدى. يول بويىدىكى سەگۈ تېرەكلەر خۇددى بىر پۈتىنى قانتى ئاستىغا يوشۇرۇۋالغان تۇرنىلارغا ئوخشايتتى. كامالەت ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدىن پەسلەرگە قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، كۆرۈنگەن ئايغا بىر پەس تىكىلىپ تۇردى. ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «سىياسىي ـ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن»، «گەپنى مېغىز چاققاندەك قىلغىنىغا قارىغاندا شىماللىق بالا ئوخشايدۇ»، «ئۆزى كېلىشكەن، شەهەر يىگىتلىرىگە ئوخشايدىكەن» دېگەن گەپلەر تەكرارلىنىپلا تۇردى. ياشلىقتىكى هەۋەسلەر سۇ چاچقانىرى يالقۇنلاپ كېتىدىغان ئۇلۇغ ئوتقا ئوخشايدىكەن. كامالەتتە جەۋلانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىستىكى بىردەمدىلا قومۇشلۇقتا چۆشكەن ئوتتەك تۇتەپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى قورقۇش، ئەندىشىلەرنىڭ ئورنىنى قىزىقىش، يەنە قانداقتۇر هېس ـ تۇيغۇلار ئىگىلىگەن ئىدى ··· كامالەت كېتىۋېتىپ: ئەگەر ئۇخلاپ قالغان بولسىچۇ؟ دېگەننى كۆڭلىدىن

ئۆتكۈزۈۋېتىپ، نېمە ئۈچۈندۇر پىققىدە كۈلۈۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە جەۋلاننى بىر ئامالالاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئويى كەلگەنىدى.

كامالەت دەرۋازىسى، نە ئاھادا تاملىرىمۇ بولمىغان مەكتەپ ھويلىسىغا مېڭىۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ چەتتىكى كېرەكسىز مەنقۇلات ئامبىرىغا ئاستا يېقىنلىشىپ يەرلىك سىېرىق قەغەز چاپلانغان دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ بارمىقىنى ھۆللەپ قەغەزنى دۈپدۈگىلەك تېشىۋەتتى. لېكىن ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋازدىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. كامالەت قەستەن قاتتىق چۈشكۈرۈۋېدى، ئۆي ئىچىدىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغىنى، شاپۇر - شۇپۇر شەپىلەر ئاڭلىنىشى بىلەن ئۇ دەرھاللا ئېرىق بويىدىكى يوغان بىر توپ سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. ئاڭغىچە ئۆي ئىچى يورۇپ، ئىشىك ئېچىلدى - دە، ئاق ئىچ كىيىم كىيگەن، چاچلىرى پاخپايغان بىر كۆلەڭگە چىقتى. ئۇ ياتىقى ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— نۇرسىيىت مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى تالاغا چىقىپتىكەندە، لېكىن چۈشكۈرگەن ئاۋازى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلاندى...

قارا كۆلەڭگە ياتىقىغا كىرىپ كېتىشى كامالەت يەنە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. جەۋلان ئۇخلىغىچە كۆرگەن ماتېرىياللىرىنى كارىۋاتنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدىن يىغىپ، باش تەرىپىدىكى پارتا ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇ چايداندا كۆرۈشكىغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچىشى، ئاغزى كۆيۈپ دەرھاللا كۆرۈشكىنى پارتىغا قويدى - دە، ئالقىنىدا كالپۇكلىرىغا ئۇردى. كامالەت ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي كۈلۈۋەتكەن ئىدى. جەۋلان چۆچۈپ ئارقىغا قايرىلدى. ئاڭغىچە كامالەت كۆچەتلىك ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

كامالەت ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغان قىز ئەمەس ئىدى. ئۇ

# ئەكلىماكان ئوغلى (١)

جەۋلاننىڭ ھەقىقىي سىياقى، چىراي شەكلى، كۆز قاشلىرىغىچە ئېنىق كۆرۈشنى خالايتتى. شۇڭا ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە بېغىرەڭ ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەندوپپا كىيىپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى ئۆششاق ئۆرۈپ، پاكىز يۇيۇنۇپ مەكتەپ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، بىر ئېشەككە يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتقان نۇرسېيىت، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە جەۋلان مەكتەپتىن چىقىپ، چوڭ يولدا توختاشتى. نۇرسېيىت قۇمچاقاردا ئېچىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا ماڭغان ئىدى. ئۇ جەۋلان بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنىغا قارىدى:

— نايىمگۇل، مەن كەتكەندىن كېيىن كادىرىمىزنىڭ قورسىقىنى ئاچ ـ توق قويۇپ يۈرمە. كەچ تەرەپلەردە شەھەرلىكلەر پۇت ـ قولىنى يۇماي ئورۇنغا كىرمەيدۇ. ئىسسىق سۇ راسلاپ بەر. ئورۇن ـ يوتقانلىرىنى سېلىپ، ئۆيلىرىنى تازىلاپ تۇر.

— ئۇنى دېمىسىلىمۇ بىلىمەن، — دېدى نايىمگۇل جەۋلانغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، — خاتىرجەم بولۇپ ماڭغۇەرسىلە.

— ئورۇنلىرىمنى ئۆزۈم سېلىپ، ئۆيىنىمۇ ئۆزۈم تازىلايمەن، — دېدى جەۋلان قىزىرىپ، — پەقەت تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىلا بولدى. مەنمۇ مەكتەپتە ئۇزۇن تۇرالمايمەن.

نۇرسېيىت ئېشەكنى «خىخە شاۋۇچى» دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى. نايىمگۇل ناز بىلەن تولغىنىپ، «چۈشتە نېمە يەيلا؟» دېۋىدى، جەۋلان «سىز نېمە يېسىڭىز مەنمۇ شۇ» دېگىنىچە چوڭ يول بويلاپ ماڭدى. دەرەخلىك ئېچىگە كىرىۋالغان كامالەت نايىمگۇلگە بىر پەس ئالىيىپ قارىغاندىن كېيىن، جەۋلاننىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنمەس مېڭىپ ئىزىغا چۈشتى. جەۋلان يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن نېمىدۇر سورىغان ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا نەنىدۇر كۆرسىتىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. يول

بويى سوراپ مېڭىش ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، جەۋلان «قوغۇنچى» مەھەللىسىگە كېلىپ، ھاشىمنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى بىرنەچچە قېتىم شاراقلاتتى. كەتمەن بىلەن ئانارلىقنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان ھاشىم «ھە، مانا» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچتى ـ دە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاشىمكا، ئوبدان تۇرغانسىز؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟

— ياخشى، ياخشى، قېنى ئۆيگە كىرىلى.

— پاھ ھويلىڭىزنى جەننەت دېسە بولغۇدەك ... ھەممە مېۋە بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەممىسى تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۈچ يىلدىن بېرى راسا بولاققا كىردى.

— چۈشەندىم، — جەۋلان ھاشىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، — ئۇنىڭ ئالدىدا سىز «گوڭ» لەقىمىڭىزگە لايىق «گوڭ» ئىدىڭىز. شۇڭا خەلق خىزمىتى بىلەن ئۆز ئىشىڭىزغا يېتىشەلمىگەن. كېيىن «گوڭ» لەقىمىڭىزنى توپا باستى، شۇنداققۇ؟

— بۇ ... بۇ ... سىز؟!

— يەر ئىسلاھاتىدا سىز پارتىيىگە كىردىڭىز. شۇ چاغدا يەر ئىسلاھاتى كادىرى ۋاڭ زۇجاڭ سىزنىڭ قولىڭىزنى ئىگىز كۆتۈرۈپ: «قۇمتامدا تۇنجى بولۇپ (گوڭ) فامىلىلىك مايسىدىن بىرسى بىخلىنىپ قەد كۆتۈردى» دەپتىكەن راستمۇ؟

— سىز ... بۇ قۇملۇق يۇرتقا قەدەم ئالا ـ ئالمايلا ھەممىنى بىلىپ بوپسىز. قېنى ئۆيگە كىرىلى. ھەي، خوتۇن ئېزىز مېھماندىن بىرسى كەلدى. يەل ـ يېمىشلىرىڭ بولسا...

— ئەينى يىللاردا سىزگە گۇرۇپپا باشلىقى بولغان ۋاڭ يوڭ ھازىر بىزگە گۇرۇپپا باشلىقى. ئۇ سىزگە سالام ئېيتتى.

— شۇنداقمۇ؟

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

ئۇلار پېشايۋان پەلەمپىيىگە قەدەم ئالغاندا كامالەت دەرۋازا يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە بويۇنداپ قاراۋاتاتتى. ھاشىمنىڭ ئايالى جەننەتخانىنىڭ لېگەن ـ تەخسىلەردە شاپتۇل، ئۈزۈم، تىلىم قوغۇنلارنى ئەكىرىۋاتقانىقىنى كۆرۈپ، دەرھاللا ياردەملەشمەكچى بولدىيۇ، «چاقىرمىغان مېھمانىنىڭ سوغۇق زەللىدىن پەرقى يوق» دېگەن دېھقانلارنىڭ گېپىنى ئويلاپ توختاپ قالدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن كامالەت كەتمەكچى بولدى. بىراق يەنىلا قايتىپ كېلىپ، دەرۋازا يوچۇقىدىن ھويلىغا زەن سېلىپ قاردى:

— قوشامغا كېلىپلا ھاشىمكامنى ئىزلىگىنىگە قارىغاندا، — كامالەت ئاستا پىچىرلىدى، — ئۇ بوش ئادەم ئەمەس ··· ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقاندۇ؟ توغرا، زۇلال، مەتنىيازكاملار بىلەن بىللە كىرسەمچۇ؟

كامالەت يۈگۈرگەنچە زۇلالنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاشىم بىلەن جەۋلانىنىڭ سۆھبىتى راسا قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار شىرەدىكى كۆك ئۈزۈم، قىزىل سايۋا، شاپتۇل، گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان تىلىم قوغۇنلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قول ئۇزىتىپمۇ قويۇشمايتتى. سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى تۆھمەت بىلەن جازالانغان ئەنزە ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ھاشىمنىڭ «كالا ئوغرىسى» بولۇپ قېلىش ئىشىدا مەسىلە ئىنتايىن چىگىش ھەم مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ساتتار قىمارغا كۆنۈۋېلىپ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئېلىپ كېتىدىغان كېچىسى باشقىلار تەرىپىدىن قاچۇرۇۋېتىلدى. ساتتار شۇ قاچقانچە، قوم تۈۋى دېگەن يەرگە بېرىپ مەلۇم بىر ئادەمنى ساقلىدى، دېگەندەك كىمدۇر بىرسى ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. كالىنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭغان ساتتار ئارقىدىن

قوغلاپ كەلگەن مەتسىدىق باشلىق مىنبېگىلارنى كۆرۈپلا كالىنى تاشلاپ بېرىپ، قاچقانچە قوملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

— ئوغلىڭىزنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان ئاغىنىلىرى بارمىدى؟ — سورىدى جەۋلان.

— مەسىلە مۇشۇ يەردە، كالىنى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئىزى بىزنىڭ دەرۋازىدىن باشلىنىپ، يەنە قايتىپ، بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن.

— ئۇنىڭ ئىزىدىن كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭلارمۇ؟

— ئۇ ئىز يازدىن بېرى ساندۇقتا تۇرغان مېنىڭ ئايىغىم... — هاشىم ئېغىر خورسىندى، — بۇ ئاياغ كالا يوقلىرىغا مىلىنىپ، چىلىدە بۇلغىنىپ ئۆگزەمگە قانداق چىقىپ قالدى؟ بۇ بىر سىر ... شۇڭا ئۇلار: «هاشىم ئوغلىغا تاماق ئاپىرىپ بەرگەندە خەت كىرگۈزگەن. ئاندىن يولدا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن كالىنى ئۆزى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ بېرىپ، ئوغلىنى قاچۇرۇۋەتكەن... » دەپ هۆكۈم چىقىرىشتى. ھەتتا كالىنىڭ بوينىغا باغلىغىنى بىزنىڭ ئاغامچا ئىدى.

— ئۇنداقتا، سىزنى ئوغلىڭىز قەستلىگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ ئايىغىڭىزنى كىمگىدۇر ئاپىرىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئوغلۇم ئۇنچىۋالا قارا كۆڭۈل بالا ئەمەس، — دېدى هاشىم، — ئايالىممۇ ئوغلۇمنىڭ بىر ئايدىن بېرى ئۆيگە كىرمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن تۇرسا.

— كېرەم شۇجى بىلەن خاس خادىم نەسرۇللانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان يەرلىرىڭىز بارمىدى؟

— مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كېرەم شۇجىنىڭ چاۋار بىلەن ئىلپەتچىلىكى بار. ئاڭلىسام چاۋار پات ـ پاتلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئۇنى ـ بۇنى ئاپىرىپ يوقلايدىكەن.

— مۇنداق دەڭ، — جەۋلان ئويغا پاتتى، — هاشىمكا بۇ قېتىم مېنىڭ پىلانىمدا سىزنىڭمۇ ئەنزىڭىز بار.

— ئۆزىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بايا سىز ھېلىقى ئۈچ ئادەمنى يەلماۋۇزدەك تەسۋىرلەۋەتتىڭىز. بولۇپمۇ چاۋارنى. ئۇ قارام ھېلىگەر بولسا، مەن ئىلمىي ھېلىگەر ... قېنى بىر تۇتۇشۇپ باقاي، — جەۋلان ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ قويدى، — لېكىن سىلەر دوست تارتىشىپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھاشىمكا، سىز ماڭا يۆلەك بولالامسىز؟

ھاشىم گەپ قىلغىنى تەمشىلىپ تۇرۇشى ھويلىدا زۇلال، مەتنىياز، كامالەتلەرنىڭ جەننەتخان ئانىدىن ھال سورىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ھاشىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلاپ كىردى. جەۋلان بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ تۇرۇشى ئايشەم، كېرەم موللا، يار بەختىلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى. ئۆينىڭ ئىچى ئوپپۇر - توپپۇر بولۇشۇپ، ئورنىدىن تۇرغان جەۋلان بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈش باشلاندى. ئاندىن ھەممىسى كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. ھاشىم زۇلال، مەتنىياز، كېرەم موللا، يار بەختى، ئايشەملەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى. جەۋلانمۇ ھەركىمنىڭ ئىسمىنى، ئەمىلىنى ئاڭلىغاندا باش ئېگىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ھاشىم ئاخىرىدا گۈلدەك ياسىنىپ ئولتۇرغان كامالەتنى خۇددى كۆز - كۆز قىلغاندەك ئايرىم تونۇشتۇردى:

— جەۋلان قارىڭا، كامالەتخان، كېرىم موللىنىڭ بوغالتىرى بولىدۇ. بۇ قىزنىڭ ھۆسنىنى ھۆرلەرگە، پەزىلىتىنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاتسا ئارتۇقچە بولماس دەيمەن.

— ھاشىمكا، باياتىن بېرى كۆڭلۈمدە بۇ قىزنى، — جەۋلان تىكىلىپ قارىغان ئىدى. كامالەت تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، — «قۇملۇق گۈلى» دەپ تەرىپلىسە بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم.

ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بۇ «قۇملۇق گۈلىگە»، — دېدى ھاشىم چاقچاقنى





چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، — جەننەتنىڭ غۇلمانلىرىدىن بىرنى تېپىپ بېرىمەن، دەپ ھازىرغىچە ئامالىنى قىلالمايۋاتىمەن.

— ئەمىسە ھاشىمكا، — جەۋلان كامالەتنىڭ ھوۋسىن - جامالىغا تىكىلدى، — ئاشۇ غۇلمانلار نامزاتىغا مېنىمۇ كىرگۈزۈپ قويۇڭ، خۇدايىم «ئال قۇلۇم» دەۋەتسە ئەجەب ئەمەس…!

كۆلكە خۇددى ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك ئەۋجىگە چىقتى. بۇ چاقچاقچە كۆڭۈلگە تالىق، چاقچاق، ھەزىللەرنى ئاڭلىسا ئاچچىقلايدىغان ياكى ئورنىدىن تۇرغانچە چىقىپ كېتىدىغان كامالەت بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر، ئاشۇ ئاكا، ئاچا، تاغا، ھەم ئاتا سىياق دوستلىرىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. ئۇ تۈنجى قېتىم ئەجەب بىر ھالەتلىرىنى سېزىپ ئولتۇراتتى. خۇددى يۈرىكى ئېرىپ قىيام بولۇۋاتقاندەك، پۈتۈن تېنى زەپمۇ سىرلىق ھارارەتتىن قىزىپ، باغرىنى سوغۇق بىر يەرگە ياققۇسى كېلىۋاتقاندەك … كىمنىڭدۇر بويىنغا ئېسىلىپ، قانغۇچە يىغلىغۇسى كەلگەندەك … كىملەرنىدۇر سېغىنىۋاتقاندەك … شېرىن ھەم ئازابلىق تۇيغۇلار ئۇنى سىلايتتى، نوقۇيتتى … ئەركىلىتىپ تۇرۇپ چىمدايتتى … ئۇ كۆڭلىدە «بۇ نېمە ئىشتۇ، ماڭا نېمە بولدى؟» دەپ يۈرىكىدىن سورايتتى. ئالىمدەك يۈرەك بولسا: «سەرراپلارنىڭ زەر خەزىنىلىرىدە ئۇچرىمايدىغان … ئەتتارلارنىڭ ئىنجۇ - يالتىراق ھەميانلىرىدىن تاپقىلى بولمايدىغان … جاھان گۈزەللىرىنىڭ زىبۇ زىننەت، مۇشكى - ئەنبەر ساندۇقلىرىدا ئەسلا بولمايدىغان … بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەتتۇر…» دەپ جاۋاب بەردى. كامالەت مۇھەببەت نۇرلىرىدا چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن قارىدى … لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى نۇر بۆشۈكىدە بۆلىنىپ قالغانىدى…

— ھەممىڭلار بىلەن تونۇشا - تونۇشمايلا چاقچاقلىشىپ كەتتىم. بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، — جەۋلان ھەممىسىگە

# تەكلىماكان ئۆرنى (1)

مېھىر بىلەن قارىدى، ــ ئەمدى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرمىساممۇ سىلەر مېنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچى، ئۈچ ئايلىق پراكتىكىغا كەلگەن پراكتىكانت ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بولدۇڭلار. ئەمدى مېنى شەھەرنىڭ مىشچان يىگىتى دەمسىلەر، ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان قوزا، ھەتتا سالپاڭ قۇلاق توشقان دەمسىلەر، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ...لېكىن شۇنى ئۇنتۇماڭلار، بىر چىمدىم تۇز بىر قاپاق چايغا تېتىيالايدۇ، ياڭاقتەك تاش مېڭىلىغان ياڭاقنى چىقىۋېتەلەيدۇ ... سىلەر نېمىشقا ھاشىمكامغا قاراۋېرىسىلەر، بۇندىن كېيىن توپلىشىپ غەيۋەت قىلغاندا دېرىزە تۈۋى، ئىشىك ئالدىلىرىغا ھېزى بولۇڭلار. ماڭا ئوخشاش ئايغاقچىلار ھاشىمكامنى ئىزدىگەن بولۇپ ھەممىنى ئاڭلاۋالىدۇ...

ئۆي ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىسى نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كېتىشتى.

ــ ئاغىنىلەر، دوستلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنى بىر ماختىۋالدىم، ــ جەۋلان ئىنتايىن تەمكىن ئىدى، ــ لېكىن ئۇن نەچچە داپەندە دېپىنى توختاتمىسا، پېرىخون پىرقىراپ ئويناۋەرگەندەك، سىلەرمۇ مېنىڭ ئارقامدىن دۈرۈت ئوقۇپ بەرمىسەڭلا، مەنمۇ مەيداندا «چاغلىقكەنلا» بولۇپ قالارمەن.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، بىر ھازاغىچە شاۋ ـ شۇۋ بېسىلمىدى. كامالەت پات ـ پاتلا جەۋلانغا قاراتتىيۇ، يەنە شۇ ھامان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. تولا كۈلۈپ ئىچىدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇغان زۇلال كۆڭلىدىكىنى دېدى:

ــ تۇز كۆڭۈل، ئۆز سۆزلۈك ئىكەنسىز...

ــ سىزنىڭ تۇرقىڭىزنىڭ ئۆزى، ــ دېدى كامالەت قىزىرىپ يەر باققىنىچە، ــ ئېچىقلىق بىر خاتىرىكەن.

ــ مانا بۇ رومانتىك باھا بولدى.

جەۋلاننىڭ بۇ سۆزىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— كامالەت شەھەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن قىز، — دېدى مەتنىياز — شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كىتاب پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

— ئۆگۈنلۈككە كەنت بويىچە «سىنىپىي قاپقاقنى ئېچىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى» ئاچىمىز. ھەممىڭلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، قۇمتام كەنتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — جەۋلان بىردىنلا ۋاڭ يۈڭنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى، — مۇشۇ كەنتتە كامال دېگەن بىر ھارۋىكەش بالا بار دەپ ئاڭلىغان ئىدىمغۇ.

سورۇندىكىلەر دەرھاللا بىر - بىرىگە قارىشىپ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. جەۋلان ئۇلارنىڭ بىردىنلا ئۇجۇقۇپ قېلىشلىرىدىن، چىرايلىرىنىڭ ئۆمسۆرۈن بولۇشلىرىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. شۇڭا بۇ ھەقتە قايتا كوچىلاپ يۈرمىدى. ئەمما زۇلال بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ئاستا جاۋاب بەردى:

— بار ئىدى، بىر قىزغا چېقىلىپ قويغاچقا، پاشىلىق دېگەن يەرگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە كىرگۈزگەن ··· لېكىن ··· ئۇ··· قېچىپ كېتىپتۇ···

ئاچچىق بىلەن چوڭقۇر تىنغان ھاشىمنىڭ كۆڭلىدىن: ھەي ··· ئۇمىدلەر ئەمدى چېچەكلىگەندە ··· قىلىۋاتقان يۈزسىزلىكىمىزنى كۆرۈڭ··· دېگەن ئوي ئاستا سۆرۈلۈپ ئۆتتى···

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئەنسىز ئۆتكەن بىر كېچە

كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنى بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ياكى غەيرىي خىياللار ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدىيۇ، مۇرا ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۈزمەي تاماكا چېكەتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ بىر تەخسە كۆك تاماكىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ تاماكا ئورايتتى. كۆلۈڭدىكى كۆلگە تۆكۈرەتتى. تاماكىسىنى قاقاتتى، ئاھ ئۇراتتى. تۇرۇپلا «ئاناڭنى··· » دەپ كىمنىدۇر غايىۋانىسىغا تىللايتتى. ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلگەن، چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان، غەزەپتىن چىشلىرى غۇرۇچلىغان ھالدا تاماكىسىنى شورايتتى. قويۇق ئىس پۇرقىراپ تورۇسقا كۆتۈرۈلەتتى. ئاندىن ئوچۇق دېرىزە ئارقىلىق سىرتقا ئاقاتتى.

كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى تېكە قۇمتام كەنتىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق تېكىسى ئىدى. ئۇ 47 - 48 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى، يوغان گەۋدىسىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن قوپاللىق، قاراملىق چىقىپ تۇرىدىغان مەنمەنچى ئادەم! بولۇپمۇ كەنتنىڭ پېشقەدەم شۇجىسى ھاشىمنى ئاغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇ ئامبارچى چاۋار چاياننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، قۇمتامنى ئالىقىنىدىكى ياڭاقتەك ئوينىتىۋاتاتتى. بۇ چاققىچە ئۇنىڭغا قاش كۆتۈرۈپ قارايدىغان، ھۆرۈ - پۆرۈ دەپ تىلىنى چاينايدىغان ئادەم چىقمىغان ئىدى!

بىراق جەۋلان دېگەن تۈكباش ئۆياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن ئىگەمبەردىگە پۈت قويۇۋاتىدا، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ دەۋاتقان گەپلىرىنى قارا!

تۈنۈگۈن قۇمتام كەنتى بويىچە «قاپقاقنى ئېچىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى. لېكىن جەۋلاننىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئىگەمبەردىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ، يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى. يىغىن مەيدانى، جەۋلاننىڭ نۇتقى، دېھقانلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن نامايان بولۇش بىلەن كۆلۈڭغا «تۈفى» دەپ تۈكۈرۈشى كۆل پۈررىدە توزۇپ، يۈزلىرىگە ياماشتى···

···بادرا ياغاچلاردا توساپ ياسالغان سەھنە، سەھنە بېشىدىكى «قۇمتام كەنتى قاپقاپنى ئېچىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل پلاكات يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. سەھنىدە چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختى، روزى كاتاڭ، ئايشەم، كامالەت قاتارلىق كىچىك ئەترەت كادىرلىرى ئولتۇراتتى. نەچچە يۈزلىگەن دېھقانلار جەۋلاننىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە خۇشاللىق، ئۈمىد، مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى···

— قېرىنداشلار! — جەۋلان قولىغا قەلەي كارنايىنى ئالمايلا ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — يەرلەر قۇرۇق قوزۇقنى قېقىپ قويسا كۆكلىگىدەك مۇنبەت! ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋا يىلدىن ـ يىلغا ئېشىۋاتسا، بولۇپمۇ ۋىلايەتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، يەنە نېمە ئۈچۈن دېھقانلىرىمىز دارامەت ئېلىش ئۆياقتا تۇرسۇن يىلدىن ـ يىلغا قەرزگە بوغۇلىدۇ، نامراتلىشىدۇ؟! ···بۇ نېمە ئۈچۈن؟! — بىردىنلا چاۋاكلار چېلىنىپ، كەنت تەشكىلى زىلزىلىگە كەلدى، — سىلەرنىڭ ئەمگەك نېمەتلىرىڭلار زادى نەگە كەتتى؟!

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

بۇ قېتىم چاۋاك بىلەن تەڭ چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى! ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار ئورنىدا قىمىشىپ ئولتۇرالماي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئىگەمبەردىنىڭ بىر كۆزى قازناق ئامبارنىڭ قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكىدە قالغانىدى. قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ھابىل بىلەن ئىمىنىنىڭ ئۇزۇن كالتەكلىرىنى پات ـ پاتلا ئىشىككە ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىغاندا لەيلىنىڭ «چىقىمەن» دەپ غەلۋە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەگەر ئۇ چىقىپلا قالسا ئىشنى بۇلغايتتى، دەرھەقىقەت بۇ قىز راستتىنلا باشقا بالا بولۇۋاتاتتى. ئىگەمبەردى سەھنىدىن تۇيدۇرماي چۈشۈپ ھابىلنى چاقىردى. ئۇنىڭغا:

— نېۋىخاننى ئامبارغا كىرگۈزۈۋەت. ئاۋۇ ئىپلاس، پاسكىنىغا «خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرىغا كۆرۈنگۈچى بولما، بولمىسا كاملنى تۇتۇپ كېتىدۇ» دەپ زوۋانىنى جىمىقتۇرسۇن، — دەپ قويۇپ سەھنىگە يېنىپ چىقتى···

··· — ئۇھ ··· ۋاي، خۇدايىم، قانداقمۇ قىلغۇلۇق؟! — مورا ئوچاق كۇلۇكىدا ئولتۇرغان ئىگەمبەردى تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا تاماكا ئورىدى، — قارا بۇ تۇكباشنىڭ يامانلىقىنى! «ئىشلىگەن نېمەتلىرىڭلا زادى نەگە كەتتى؟» دەپ قۇمتاملىقىنى قۇترىتىۋاتقىنىنى، «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ··· » سەن سويما بۇ قۇملۇق يۇرتتا مەڭگۇ قالامتىڭ؟!

يىغىن ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ، ئوڭ ـ سېپىنى تاپالمايلا قالغان ئىگەمبەردى زادى قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ ئويلىدى. ئۇ ئۆكىزىگە چىقىۋېلىپ جەۋلانى ھەپتە تىللىغىنى بىلەن ئۇنىڭغا ھۆپۈپمۇ ئوسۇرۇپ قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ۋاقتى كەلگەندە دېھقانلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆي ئىچىنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن يانمايتتى. كۆرۈنۈشتە ياۋاش، مۆمىن، ئاغىزىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان مۇلايىم دېھقانمۇ بىرەر ئىش مەنپەئىتىگە تاقىلىپ كەلگەندە ئۇ ھەممە نىقابلىرىنى

سىلىقۇيتىپ، قىپيالىڭاچ سۇغا سەكرەشتىن قورقمايتتى. جىنىغا تاقىلىپ كەلگەندە قۇشقاچ چىغىدا ئادەم چوقۇيدۇ. ئۇۋىسىدا ئولتۇرۇۋالسا چۇمۇلىمۇ ئادەمنى سەكرىتىۋەتكۇدەك چاقىدۇ. شۇڭا قورۇق تىللاش، ھەيۋە قىلىش، باتناپ ئولتۇرۇۋېلىش نە ھاجەت، سۇ كەلگىچە تۇغان سال، دەپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىكار ئېيتمىغان.

ئىگەمبەردى بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاماكا قالدۇقىنى ئوچاق كۇلىڭىغا تاشلىدى. ئاندىن ئۇ بارماقلىرىنى پۇكۇپ نېمىلەرنىدۇر ساناشقا باشلىدى ··· ساناقتىن ئېزىپ كەتسە كۆپكۆك كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ قايتىدىن بارماقلىرىنى پۇكتى. ئاندىن باغ تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— نىساخان، هاي مەزلۇم.

— ئۇ، مانا مەن، — نىساخان باغدىن بىر ياستۇقنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەلدى، — نېمە ئىشتى مۇسۇلمان، باغدىكى كاتتا ئۇخلاپ قاپتىمەن دېسە.

— مەزلۇم سەن هازىرلا «قۇماقتى» كەنتىگە ماڭ، ئۇكاڭ بەردىقۇل بۈگۈن كېچە هارۋىسىنى ئېلىپ كەلسۇن.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان تۇرسا، شۇنچە ئۈندەرەپ نېمە كەپتۇ؟

— ھەي پاخپاق، پۇلۇق، مەن دېگەندەك قىل، قويۇق - سۇيۇقىنى سوراپ، تولا قولتۇقۇمنى تەرلەتمە.

— ناھىيىدىن كەلگەن ھېلىقى گېپى باش سويمەك ئولغۇماچ سىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەستەغپۇرۇللا.

— بوپتۇ. بوپتۇ، تە بولمىسىلا، مەن هازىرلا قۇماقتىغا ماڭاي، ئۆزلىرى قويلارغا يەم بېرىۋېتەلا.

— ھەي، جۇۋاينىمەك كەتكۇر، قويلىرىڭ بىرەر كېچە يەم يېمىگەنگە ئۆلمەيدۇ. مەن هازىرلا چاۋار، مەتسىدىقلارنى تاپىمسام

بولمايدۇ. مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار.
نىساخان چىقىپ كەتتى. ئىگەمبەردى بەس ـ بەس بىلەن مەرەۋاتقان قويلارغا ئوت سېلىپ بېرىپ ئاندىن مېڭىش ئۈچۈن قوتان تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا يولنىڭ چەت ـ ياقىلىرى، دەرەخ دالدىلىرىدا كېلىۋاتقان چاۋار بىلەن مەتسىدىق پەس ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىپ، غۇدۇرشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى.
ـــ ئىگەمبەردى ئىككىنىڭ جەۋلاننى «كىچىك بالىكەن» دەپ خۇددى ئېشىكنىڭ ئىككىنى تەخەيلەپ بەرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىشتىنىڭ. مانا ئەمدى ئۇنىڭ مۇڭگۈزى چىقتى.
ـــ چاۋاركا، باشقا كادىر بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا قاراپ باقمايمىزمۇ؟
ئۇلار ئالدىدا كېلىۋاتقان قارا سايىنى كۆرۈپ، دەرھاللا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. ھېلىقى سايە ئۆزاپ، كۆرۈنمەي قالغاندىلا ئاستا تىمىسقىلاپ يولغا چىقتى.
ـــ بۇ نىساخان كاپ ـ كاپ ئوخشىمامدۇ؟ ـــ دېدى چاۋار نىساخان كەتكەن تەرەپكە قاراپ، ـــ بۇ كېچىدە نەگە بارىدىغاندۇ؟
ـــ دۇنيا دەپسىنىسىنى يوشۇرىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلىشىۋاتقاندۇ، ـــ مەتسىدىق گەپ قىلىۋېتىپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى، ـــ ئىگەمبەردىكام راستىلا ئۆپكىسى يوق ئادەمدە، خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى كېلىپ بولۇشى ئىشتىنى قوغىدا تۇرمايۋاتىدۇ.
ـــ ئۇنىڭدا قورۇق بوي بار، جىگىرى يوق، بىرلا زىناخورلۇقتا يارايدۇ.
ئۇلار پاراڭ بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغاندى. مەتسىدىق كوچىنىڭ باش ـ ئايىغىغا قارىغۇەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى قاقتى. دەرۋازا ئىككىنچى قېتىم قېقىلىشى ئىگەمبەردى شاپۇر ـ شۇپۇر يېتىپ كەلدىدە، دەرۋازىنى ئاچتى:

— مەن سىلەرنى ئىزدەپ تۇراتتىم. قولىقىڭلار قىزىغاندەك ئۆزۈڭلار كېلىپ قالدىڭلار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلى.

ئۇلار ئىككىسىنى ئۆيگە باشلاپ قويغان ئىگەمبەردى كوچىنىڭ ھەممە تەرىپىگە زەن سېلىۋېتىپ ئاندىن دەرۋازىغا كىلىتاننى سالدىدە، ئۆيگە كىردى. ئىگەمبەردى تاشقارقى ئۆيدىن بىر لېگەندە ئۈزۈم، يەنە بىر لېگەندە تىلىنغان قوغۇن ئېلىپ چىقىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يېمىشلەرگە تاۋى يوقتەك شىرەگە قارىماي بىر - بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇشاتتى. مەتسىدىق «سەپەرۋەرلىك يىغىنى» دىن كېيىنكى ئىشلارنى راۋاجىنى سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىدىن ئۆزى قورقۇپ، كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇمۇ ھەربىر سۆز ئارىلىقىدا «كەنت باشلىقى ئىشلار چاتاقتەك تۇرىدۇ...» دېسە چاۋار: «چاتاقتەك ئەمەس، بەك چاتاق» دەپ لوقما سالاتتى. بولۇپمۇ تۈنۈگۈن ئاخشام جەۋلاننىڭ بەش كىشىلىك ئاكتىپلار ھەيئەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كىرىپ، كىرىم - چىقىم تالونلىرىنى نومۇرى، سانى ۋە تۈرلىرى بويىچە تىزىملاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىگەمبەردى خۇددى قوقاسقا ئولتۇرغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— ھە، ئىگەمبەرداخۇن، — چاۋار تەئەددى بىلەن گەپ باشلىدى، — «ئىش كۆرمىگەن خام بالا» دەۋاتمىلا، ئۇلار ئامباردىكى ئاشلىقنىڭ كىرىم - چىقىمى، ئامبار مۈلۈك ھېسابىنىمۇ تەكشۈرۈپ، تىزىملاپ، ھېسابات دەپتەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ھوم، — ئىگەمبەردى ئېڭىكىنى قاماللىدى، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خەۋىرى كەلگەندىلا مەن سىلەرگە نېمىدېگەن؟

— ھۆججەتلەرنىغۇ سىلى دېگەندەك توغرىلاپ، يالغان ئىگىلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا ئىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپمۇ قويغان، — دېدى مەتسىدىق قورققان ئەلپازدا، — لېكىن

ھاشىم: «كىم بىلىدۇ، بۇ ھۆججەتلەرگە قانچىلىك ئۇسما قويۇلدى» دېسە، جەۋلان دېگەن پاقلانباش نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر: «ھاشىمكا، خاتىرجەم بولۇڭ، ھۆججەتلەر كەنت، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتكىچە ئۆزگەرتىلىسمۇ، بۇلارنىڭ ئەسلىسىنى خاتىرلەپ ماڭغان ئادەم بار···» دەۋاتامدا···

چاۋار، ئىگەمبەردىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكىگە، مەسخىرىگە، يىغىغا، غەزەپكە ياكى قورققانغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالامەتلەر پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە سارائىلاردەك تىكىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسىنىڭ كۆڭلىگە «كامال» دېگەن ئىسىم بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن ئىدى. گەرچە ئۇلار قانۇن ۋە دىنىي مىزانلار ئارقىلىق ۋاقىتىنچە باشقىلارنى ئۆز كېيىنكىگە سالغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۇزاققا بارماي بۇ كېمە پاچاقلىنىپ ئىچىدىكى ھىيلە ـ مىكرى، سۇيىقەست ۋە ئالدامچىلىق زەھەر ـ زۇقۇملىرىدا كۆز بويىغان سېھىرگەرلىكلەر ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ھازىر ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىدىغان ئىككىلا ئادەم بار، ئۇ بولسىمۇ كامال ۋە لەيلى!

چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار كۆزلىرى بىلەن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى دېيىشىپ بولدى:

— مەن ··· مەن ئەتە سەھەرلا پاشىلىقتا كىرىپ كامال بىلەن سۆزلىشىمەن، — دېدى ئىگەمبەردى تىترىگەن ھالدا، — ئۇنى يىراق بىر يەرگە كەتكۈزۈۋېتىش كېرەك.

— ئەتە ئەمەس، — چاۋار چىش ئارىلىقلىرىدىن شىۋىرلىدى، — ھازىرلا!···

— بۇ تۈرقىدا كەنت ئېتىنى توقۇپ ماڭسام، ھەممىنى گۇمانغا···

— ياق، مېنىڭ قاشقا تورۇقۇمنىڭ قەدىمى چوڭ، يورغىسى تېز ··· ھەقىقىي قۇملۇق ئېتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا پۇتلىرى كويۇشۇپ قېتىپ قالغانىدى. ئەگەمبەردى ئاق خەسە كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، يەكتەكنى كىيدى ـ دە، بېلىگە قارا پوتىسىنى باغلىدى. ئۇ بىرقانچە نانىنى قاتلاپ پوتىسىغا تۈگكەندىن كېيىن چاۋار، مەتسىدىقلار بىلەن چىقىپ كەتتى. ئەگەمبەردى پاشىلىققا ئىرادە قىلغان مۇشۇ كېچىدە كەنت تەشكىلى ئىشخانىسى ئۈچ يەرگە يېقىلغان قارا چىراغ نۇرىدا ساغۇچ يورۇپ تۇراتتى. ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، كېرەم موللا، ئايشەم، كامالەت، ياربەختى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق يېزا ياشلىرى ھەم «قاپقاقنى ئېچىش» ئاۋانگارتلىرى ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. جەۋلان ئوقۇۋاتقان ماتېرىيالنى ئۈستەلگە قويۇپ، كۆپچىلىككە قارىدى:

— يولداشلار، سىلەر قۇمتام كەنتىنىڭ كىچىك ئەترەت كادىرلىرى ھەم ئاكتىپلار قوشۇنى، قۇمتامنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ئېچىشتا سىلەر يادرولۇق كۈچ! — دېدى جەۋلان تەمكىن ھالدا، — بىز ئۈچ كۈندىن بېرى ھۆججەت ئۆگىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى ئىگىلىدۇق، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردۇق. كىمكى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە سەل قاراپ، مەسىلە كۆرۈلسە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە شۇ…

جەۋلاننىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىچكەركى ئىشخانىدىكى پىرقىراتما تېلېفون ئۈنلۈك جاراڭلاپ كەتتى. جەۋلان كۆپچىلىككە «كەچۈرۈڭلار» دەپ قويۇپ تېلېفوننى ئالدى. بۇ ئىككى ئىشخانا ئىچكەركى، تاشقارقى بولغاچقا، ئۇ تەرەپتىكى گەپ ـ سۆزلەر بۇ تەرەپتىكىلەرگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھازىرقى قۇمتام ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي پەيتىدە يۇقىرىدىن كېلىدىغان تېلېفون، خەت ۋە خەۋەرلەر ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئايلانغانىدى. شۇڭا ئۆگىنىشتىكىلەرنىڭ زېھنىياتى ئىچكەركى

## تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئۆيدىكى تېلېفون خەۋىرىگە مەركەزلەشتى. جەۋلان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا تۇتۇپلا «ھە، ۋاڭ جۇيجاڭمۇسىز؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ئۇ رەسمىي سۆزلىشىشكە باشلىدى:

— ۋاڭ جۇيجاڭ، كامالنى سۈرۈشتە قىلدىم. لېكىن ئۇ بىر قىز بىلەن چاتاق تېرىپ قويۇپ، پاشىلىق دېگەن يەرگە ئەمگەككە كىرگۈزگەن ئىكەن، شۇ يەردىن قېچىپ كېتىپتۇ، چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ھېيلىسى بولمىسۇن، دەمسىز؟ مېنى تەكشۈرۈپ كۆرمىدى دەپ گۇمان قىلىۋاتامسىز؟ تەكشۈردۈم! سىز بۇرۇنلا كامال دېگەن تىرىك شاھىت، دېگەنتىڭىز. ئەمما، نېمە ئامال ۋاڭ جۇيجاڭ، ئۇنىڭ پاشىلىقتىن قېچىپ كەتكىنىنى بىر قېتىملىق يىغىندا ھەممە يېزا ئاكتىپلىرى دېگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ دۈشمىنى ئەمەستۇ؟ نېمە؟ ھاشىمدىن دەمسىز؟ ئاشۇ يىغىندا ھاشىمكامۇ بار، باشقىلارنى ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بىر كوممۇنىست ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنى بىلە!...

زۇلال كامال توغرۇلۇق سۆزلىگەندىلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى يالغان ئېچىنىش، ئاۋازىدىكى ياسالمىلىق كۆز قارىچۇقلىرىدىكى مىكىر ئۇچقۇنلىرىنى سېزىپ بولغان جەۋلان كامالنىڭ پاجىئەسىگە گۇمان بىلەن قارىغان ئىدى. ئەلۋەتتە يېزا پاشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كامالنىڭ دوستلىرى ئىكەن، ئۇنىڭغا قانات يېيىشى تەبىئىي ھال. بىراق ئۇ بىر قىز بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يوشۇرۇپ ساقلاشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەكتە. بۇ ئىشلاردىن قورسىقى كۆپكەن جەۋلان «تېلېفون ئويۇنى» نى پەيدا قىلىپ، ۋاڭ يۇگىنىڭ سۆزلىرىنى قەستەن تەكرارلاپ، ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاشكارا قويۇپ، ئۆگىنىش مەيدانىدىكىلەرگە ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە قامچا ئۇرماقتا ئىدى:

— كامالدا ھەرقانچە ئېغىر جىنايەت بولۇپ، قانۇننىڭ

جازاسى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندىمۇ، ــ جەۋلان «تېلېفون ئويۇنى» نى داۋاملاشتۇردى، ــ ئاشۇ بىر ئادەمنىڭ مەنپەئىتىنى پۈتۈن قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ساختىلىق قىلغان ئادەمنى قانداقمۇ كوممۇنىست دېگىلى بولسۇن! سىزنىڭ ھېچ ئىشەنگۈڭىز كەلمىسە، ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ بېقىڭ. نېمە، نېمە؟ ئۇ بالا نەچچە يىللاردىن بېرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۈتكەن، ئۆزى يول مېڭىپ ئەجىر سىڭدۈرگەن دېدىڭىزما؟ بۇ تەرەپلىرىدىن مەن خەۋەرسىز كەنمەن. يېزا ئاكتىپلىرى ماڭا دېمىگەن. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن دەۋاتامسىز؟ توغرا، مەنمۇ ھاشىمكام، كەنتنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن زۇلال، مەتنىياز، كېرىموللا، ياربەختى، ئايشەم، كامالەتلەر ۋىجدانى بىلەن گەپ قىلدى دەپ ئىشىنىمەن. نېمە ـ نېمە؟ قايتىدىن دەڭا ئاڭلىيالمىدىم. ھە، ھە، ئىسىت، قۇمتامدىكى پارازىت قۇرتلارنىڭ نەچچە يىللىق قىلمىشلىرىنى بىلىدىغان بىر شاھىتتىن ئايرىلىپ قاپتىمىز دېدىڭىزما؟ ...شۇ ئەمەسمۇ، ئامال قانچە؟

بۇنى «تېلېفوندا سۆزلىشىش» دېگەندىن كۆرە، «يالىڭاچ قامچا» دېگەن تۈزۈكتەك قىلاتتى. بۇ قامچا ئالدى بىلەن ھاشىمنىڭ، ئۇندىن قالسا زۇلال قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا تەگدى. «كوممۇنىست» نىڭ بۇرچى ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا، ھاشىمنىڭ پۈتۈن بەدىنى يەرگە كىرىپ كەتكەندەك ئازابلاندى. ئۇ سۇيىقەست، تۆھمەت بىلەن «كالا ئوغرىسى» بولۇپ ئەمىلىدىن قالغاندىمۇ ئۇنچىلىك شەرمەندە بولمىغان ئىدى. زۇلال 28 بېشىغىچە غۇرۇرىغا يۇندى چاچىدىغان بۇنداق ئىزا ـ ئاھانەتنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. «ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ دۈشمىنى ئەمەستۇ··· »، «ئۇلار ۋىجدانى بىلەن گەپ قىلدى دەپ ئىشىنىمەن» دېگەن بۇ گەپلەر بەجايىكى ۋىجدان سىرتمىقىدەك زۇلالنى بوغۇپ، يۈرىكىنى لەختە قان قىلدى.

## ئەكىلماكان ئوغلى (1)

جەۋلان قايتىپ كىرگىنىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، جەۋلانغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. لېكىن كامالەت ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا چىرمىلىپ قالغان پەرۋانىغا ئوخشاش شېرىن خىيال قايناملىرىغا شۇڭغۇپ نەلەردىدۇر ئېقىپ يۈرەتتى ··· ئۇ جەۋلان تارقىتىپ بەرگەن ماتېرىيالنى ئۇستەلگە قويۇپ شۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلىسىمۇ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. بىراق ئۆزى قاتمۇقات قۇم تاغلىرى، تارغاقتەك تارالغان يانباغىرلار، چوڭقۇر جىلغىلاردا بىر يىگىت بىلەن قوغلىشىپ ۋە سۆسۈنرەڭ ئېچىلغان يۇلغۇنلۇقلاردا يومىداقلىشىپ، چىمەنلىكلەردە يۇمىلىناتتى ··· شادلىقتىن ۋارقىرايتتى ··· چىرقىرايتتى ··· ئۇلار قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قوچاقلىشىپ قۇملۇق يانباغىرىدىن پەسكە يۇمىلاپ چۈشتى ··· ئاجايىپ پىنھان قۇم قاپتاللىرى ئىچىدە كامالەت يىگىتنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ، ناز بىلەن سورىدى:

— سىز ··· جەننەتتىن چىققان غۇلمان بولامسىز؟

— شۇنداق! سىزنى خۇدايىم ماڭا «ئال قولۇم» دەپ بېرىۋەتتى···

— سىز مېنى سۆيەمسىز؟

— سۆيىمەتتىكى ··· سۆيىمەن ··· نېمىشقا سۆيمىگۈدەكمەن···

كامالەت بويۇنداپ، يىگىت ئېگىشىپ تۇرۇشى ھېلىقى غۇلمان تۇيۇقسىزلا غايىب بولدى. كامالەت ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— غۇلمان!!···

··· كەنت ئىشخانىسىدا جىمجىت ماتېرىيال كۆرۈۋاتقانلار قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا كامالەتكە قاراشتى. ئارقىدىن ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەكلا قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. شېرىن

خىيالىنىڭ سېھىرىي كۈچى بىلەن «غۇلمان!» دەپ ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغان كامالەت يۈزىنى قامالىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— كۈلۈشمەڭلار، — دېدى ھاشىم خامۇش ھالىتىدىن يېشىلمەي، — ئۇ مۇگدەپ قىلىپ چۈشىدە غۇلمان يىگىتنى كۆرگەن چېغى…

— جەۋلانمۇ غۇلمانلارنىڭ نامزاتىدا بار ئىدى، — مەتنىياز ئاغزىغا كەلگەننى ياندۇرمىدى، — شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۆتكەنكى چاقچاقتىن كېيىن، — ياربەختى كۈلۈپ قويدى، — بۇ قىز جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالدى.

ھاشىم، مەتنىياز، يار بەختىلەرنىڭ گەپلىرىگە ھېچكىم كۈلمىدى. جەۋلاننىڭ تېلېفوندا دېگەن گەپلىرى ئەقلى - ھوشى جايىدا، غۇرۇرى ئۈستۈن، بىلىشلىكى بار ئادەم ئۈچۈن ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتەنگۈدەك بېشارەت ئىدى. ھاشىم، زۇلاللار ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، قىلغاندىمۇ قۇمتاملىقتا يۈز كېلەلمەيدىغان، جەۋلانغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان، كەچۈرۈش تەس بولغان تۆۋەن يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ھاشىمدىن باشقىلىرى يەنىلا كامال توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى.

— ئۆگىنىشىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — جەۋلان ئورنىدىن تۇردى، — گۇرۇپپا باشلىقلىرى ھەم ھاشىمكام قېپقالسۇن، ئازىراق گەپ بار.

ئۇلار قۇمتامنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمى ھەم ئامبار ھېسابلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تالونلارنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان، پەرداز قىلىنغانلىرى بارمۇ، يوق ياكى ئۆزگەرتىلىپ باشقىدىن ياسالغانلىرى قانچىلىك؟ بۇلارنى ئېنىقلىماي بولمايتتى. يەنە، يىللاردىن بېرى سىرتقا سېتىلغان ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋا، قوشۇمچە كىرىم

## ئەكلىماكان ئۆغلى (1)

مەھسۇلاتلىرى زادى قانچىلىك، ھازىرقى كىرىم تالونلىرى بىلەن بالانس بولامدۇ، يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە ئىدى. ئەڭ مۇھىم ۋە چىگىش ئىش كىچىك ئەترەتلەر ئەمەلىي ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، قۇمتام كەنتىنى باققۇچىلار ھېسابلىناتتى. ئۇلار كەنت تەشكىلىگە قانچىلىك نەرسە ئۆتكۈزدى ھەم كەنتتىن نېمىلەرنى ئالدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھېسابات تالونلىرىدا بار. ئەگەر ھېساب تەكشۈرگۈچىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كەلمىسە، ھېسابات تالونلىرى ھەم دەپتەرلىرى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇلار قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەش توغرۇلۇق كىلىشىۋالغاندىن كېيىن ھاشىم بەزى ئىشلارنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى:

— بەزى كىچىك ئەترەت باشلىقلىرى چاۋارلارنىڭ قول چۇماقلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر ئۇلار كەنت بىلەن كىچىك ئەترەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى بىرلەشمە تالونلارنى ئۆزگەرتىپ ئوخشاش قىلىۋالسا، ئوتتۇرىدىكى خىيانەتنى ئېنىقلىماق تەس بولىدۇ.

— مەنمۇ ئاشۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ سىلەرنى ئېلىپ قېلىشىم، — دېدى جەۋلان.

— ئۇنداق بولسا، — زۇلال جەۋلانغا قارىدى، — ئەتە سەھەردىلا بىز بۆلۈنۈپ كىچىك ئەترەتلەرگە بارايلى.

ئەتىسى سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا پاشىلىقتىن قايتىپ كەلگەن ئىگەمبەردى قاشقا تورۇقنى يېتىلەپ، ئۇدۇللا چاۋارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى. كېچىچە ئىگەمبەردىنى كۈتۈپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان چاۋار كەشىسىنى شاقىلدىتىپ يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇ كوچىغا تازا زەن سېلىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقاپ، قارا تەرگە چىلىشىپ قالغان قاشقا تورۇقنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار ئېغىلغا ئاتنى قاڭتۇرۇپ باغلىۋەتكەندىن كېيىن، شۇ يەردىلا پاراڭلاشتى.

چۈنكى ئۆيدە ئوغۇلخان بولۇپ، چاۋار ھەرقانداق كىچىك ئىشلارغىمۇ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئىگەمبەردىنىڭ چىرايىغا قاراپلا خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن چاۋار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— ئىشلار جايىدا بولدى، — پىچىرلىدى ئىگەمبەردى، — مەن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بارلىق ئاقىۋەتلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا كېتىش قارارىغا كەلدى. لېكىن شەرتى ئۈچ ياكى تۆت ئايدىن كېيىن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن. لەيلى ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلىدىلا، دەيدۇ.

— مەيلى، — چاۋار خۇشاللىقىدا تېزلا قوشۇلدى، — ئاڭغىچە خىزمەت گۇرۇپپىسى دېگەن رودىپايلار كېتىپ بولىدۇ. يەنىچۇ؟

— ھە، يەنە 500 يۈەن پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

— مۇنداق بولسۇن، ئۈچىمىز 100 يۈەندىن 300 يۈەن پۇل، 50 جىڭ ئاشلىق بېلىتى تەييارلاپ ئاپىرىپ بېرەيلى، — چاۋارنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — پاھ پاھ، ئەجەب ياخشى ئىش بولدى، كاماللا كۆزدىن يوقالسا، ئاۋۇ پاخپاق خەنزۇ قىز بېشى يوق يىلاندەك بولۇپ قالىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە كىچىك ئەترەتلەرگە ھېساب ئېنىقلىغىلى كەتكەن جەۋلان، ھاشىم، زۇلال، مەتنىيازلار چۈشتىن كېيىن يەنە كەنت ئىشخانىسىغا توپلاندى. ئۇلار بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلغاچقا ھەرقايسىسى ئۆز خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىپ، يولۇققان ۋە ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈپچە مۇزاكىرە قىلىشتى. ئاندىن بۇندىن كېيىنكى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، يەنە خىزمەت تەقسىم قىلىشىۋالدى.

— جەۋلان، — مەتنىياز ئۇنىڭغا قارىدى، — مەتسىدىق بىلەن چاۋارنىڭ ھېسابات تالونلىرىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھەممىنى كۆرۈپ بولالمىدىم. بۇگۈن كېچىچە يەنە كۆرىمەن، تالونلارنىڭ ئىچىدە ئاق ھۆججەت، شۇنداقلا گۇمانلىق تالونلارمۇ باركەن. ئۇلارنى تۆتىمىز كۆرۈپ بىر نېمە دەيلى.

— كەنتكە قاچان كۆچۈپ كېلىسىز؟ — زۇلال تەرەپبا سوراپ قالدى، — مەن سىزدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم. نۇرسېيىت مۇئەللىم ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا، ئۇنىڭ خوتۇنى ياش ھەم چىرايلىق، ئەمدى ... ئالىمادىس...

— زۇلال توغرا دەيدۇ، — دېدى ھاشىم، — خەقلەر گەپ تاپقىلى ئارانلا تۇرىدۇ.

— مېنى ھالالىق قىسماقتا دەسسەۋالمىسۇن دېمەكچىمۇسىلەر، — ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى، — خاتىرجەم بولۇڭلار، ھالالىق قىسماق يولۇقسا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىمەن. ئەمدى كۆچۈش مەسىلىسىدە، ئىگەمبەردى تامىقىمنى بىرەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغىچە ياتقاچ تۇرمىسام ئاچ قالارمەن.

— تاماقنىمۇ غەم قىلامسىز، — دېدى زۇلال دەررۇلا، — مانا مۇشۇ ئۈچىمىزنىڭ قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ئۇلار كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەنە كىچىك ئەترەتلەرگە مېڭىشتى. چالا ساۋات ئەترەت باشلىقلىرى، بوغالتىرلىرى، مالىيەلىرىنىڭ تۇتقان دەپتەرلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك قالايمىقان، رەتسىز، خەتلىرىنى ئوقۇغىلى بولمايدىغان كىگىز كىتابىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاياغ - ئۇچىنى بىلگىلى بولمايدىغان گادىرماش ھېسابلارنى تەكشۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قېلىشتى. ئۇلار پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغ تېگىدە بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن خەت ۋە سانلارغا تىكىلىپ ئولتۇرغانلىرىدا پۇچقىقىغا پىت چۈشۈپ

ئولتۇرالمايلا قالغان چاۋار، مەتسىدىقلار يەنىلا قاراڭغۇ سايىلاردا، دەرەخ، تام دالدىلىرىدا، تىمىسقىلاپ ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. ئۆيدە نىساخان ۋە ئۇششاق باللار بولغاچقا، ئۇلار قارا چىراغنى يېقىپ قويۇپ باغدىكى كاتتا ئولتۇرۇپ كۇسۇر - كۇسۇرنى باشلىدى.

— ئۇلار بەش كىشىلىك ھېسابات تەكشۈرۈش گۇرۇپپا ھەيئىتى سايلاپ چىقتى، — گەپ باشلىدى چاۋار، — ئەمدى تىغ ئۇچىنى كىچىك ئەترەت كادىرلىرىغا قارىتىشى تۇرغانلا گەپ.

— ھەممىمىزنىڭ كىچىك ئەترەتلەر ئىقتىسادى بىلەن چېتىشلىق يەرلىرىمىز خېلىلا بار. بولۇپمۇ ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن...

— ئىگەمبەردىكا، مېنىڭچە ھېلىقى كىچىك ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرى بىرەر - ئىككى ئاي يوقاپ كەتسە بەكمۇ ياخشى بولاتتى، بولمىسا...

— بولسىغۇ قۇمتاملىقنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتقان بولسا، — چاۋارنىڭ كۆزلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى، — خام خىيالنى تولا قىلماي بۇگۇن كېچىلا كىچىك ئەترەتتىكى روزى كاتاڭدەك ئادەملەر بىلەن ئۇچراشمىساق زادى بولمايدۇ. كۇندۇزى گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىمىز، ھە، كەنت باشلىقى كامالنى يولغا سالغىلى پاشلىققا قاچان كىرىمىز؟

— بۇ چاققىچە مېڭىپ بولاتتىم، — دېدى ئىگەمبەردى قورققان تەرزدە، — لېكىن مەتسىدىقاخۇن ئۆزىگە تېگىشلىك پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتىنى بەرمەي...

— نېمە؟ — چاۋار كۆز پاختىلىرىنى يالتىرىتىپ بىرلا ھۆرپەيگەن ئىدى. مەتسىدىق قورققىنىدىن ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ كالپۇكلىرى تىترىگەن ھالدا ئارانلا دۇدۇقلىدى:

— مەن ... مەن ... تەييا ... تەييارلاپ قويغان ... ئەتە ...

# ئەكىلماكان ئوغلى (1)

ئەتە ئەتىگەندىلا···

— بىز ھازىر قىلىچ تىغىدا دار ئويۇنى ئويناۋاتىمىز، تېرىقتەك سەۋەنلىك ئۆتۈلدىمۇ تۈگەشكىنىمىز شۇ! — دېدى چاۋار زەردە بىلەن، — جەۋلاننىڭ: «سىلەرنىڭ ئىشلىگەن ئەمگەك نېمەتلىرىڭلار زادى نەگە كەتتى؟!» دېگەن سۆزى بىزگە ئېلان قىلىنغان جەڭ! تۇنجى قېتىم ئېتىلغان ئوق! ···بۇ جەڭدىكى ھايات ـ ماماتلىق تەقدىرىمىزنى بىرلا كىشى قۇتقۇزالىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ نۇرسېيىت مۇئەللىمنىڭ 17 ياشلىق چىرايلىق خوتۇنى نايىمگۈل···

— نېمە؟! — ئىگەمبەردىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى، — ئۇ ··· ئۇ···

— نېمانداق تويماس ئادەم سىلى، — چاۋارنىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچراپ كەتتى، — مەھەللە، ئايماقلاردىكى ئاشنىلىرى يېتىپ ئاشامدا؟ نۇرسېيىت نايىمگۈلنى نىكاھ قىلىپ ئەكەلگەن بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ مېغىزىنى سىلى چېقىپ كەلدىلە ··· قىمارۋازنىڭمۇ چوتۇرى بارغۇ، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، بىرەرنى سەدىقە قىلالمامدىلا؟!

ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىقنىڭ بىردىنلا يۈرىكى سېلىپ، جىممىدە بولۇۋالدى. چۈنكى چاۋارنىڭ دەھشەتلىك ئاچچىقى كەلگەندىلا ئوڭ قولى يانپېشىدىكى غىلاپلىق پىچاققا يۈگۈرەيتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇنىڭ پىچاق دەستىسىنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ، كۆز قارىچۇقلىرى زەھەر ئۇيۇتمىسىدەك قېتىپ قالغانىدى.

— مەن ··· مەن ··· نا ··· نايىمگۈلگە دەي ··· چوقۇم دەيمەن··· — ئىگەمبەردى خۇشامىتىنى بىلدۈردى. لېكىن چاۋار مەتسىدىققا قاراپ چىش ئارىلىقلىرىدىن قىسىپ تۇرۇپ، شۇنداق شىۋىرلىدىكى، مەتسىدىقنىڭ چىرايى قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىدەك ئاقىرىپ كەتتى:

— سەن ··· سەن ئىت پاكارنىڭ كاساپىتىدىن بىز بىر قەدەم كىچىكىپ قالساقچۇ؟ ···ئۇلار بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ كامالنى قايمۇقتۇرسىچۇ؟ ··· سەن ··· سەن··· — چاۋار دەھشەتلىك قاتتىق ۋارقىراش بىلەن تەڭ بېشىمۇ تەڭلا سىلكىندى، — سەن بىزگە ئارا تۇرالامتىڭ، خۇمپەر!···

— چا ··· چاۋاركا ··· خا ··· خاپا ··· بولماڭا··· — مەتسىدىق ۋارىردە يىغلىۋەتتى، — مەن ··· مەن خاتا قىپتىمەن···

باشقىلارنىڭ ئازابىدىن كۆڭۈل خۇشى تاپىدىغان، ئۆمرى رەزىللىك، ئەسكىلىك، ياۋۇزلۇق ھەم قانخورلۇق بىلەن ئۆتكەن ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەزرائىلنىڭ تۈكى بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. بۇنىڭ قانچىلىكى راست، بۇ نامەلۇم، بىراق چاۋارنىڭ ئىششىپ قالغاندەك قارا يۈزىدىن، ئەينەك ساقىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان كۆز قارىچۇقلىرىدىن، تەر ھىدى كەتمەيدىغان سېمىز گەۋدىسىدىن ھەتتا كۆپكۆك كالپۇكلىرىغىچە ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك بىر خىل سۇر ئەلەڭلەپ تۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ بىرەر خەۋپنى كۆڭلى تۇيغاندەك دەمسۇدەم جىددىيلىشىپ، نېمىسىگىدۇر ھۆرپىيىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياشاش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ «بىز بىر قەدەم كېچىكىپ قالساقچۇ··· » دەپ ۋەھىمىلىك ۋارقىراۋاتقان مۇشۇ قاراڭغۇ تۈن كېچىدە ئەخمەت گاچا پۇختا توقۇلغان «ئاقتاش» ئاتقا لەيلىنى يۆلەپ مىندۇرۇۋاتاتتى. رومىلىدا چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يۆگەپ، كۆڭلەك ئېتەكلىرىنى تىزلىرىغا باستۇرۇپ، ئىخچام، چاققان بولۇۋالغان بۇ قىزغا ئەخمەت ئىشارىلەر ئارقىلىق نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. لەيلىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، «ماقۇل» جاۋابىنى قىلاتتى:

— ئەخمەت ئاكا خاتىرجەم بولۇڭ، كامالغا «كەنتىمىزگە خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى كەلدى» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن.

# ئەكلىماكان ئوغلى (1)

ئـەخمەتنىـڭ قول، كۆز، يـۈزلـرىدە هـەر خـىل ئـىپادىلـەرنـى بـىلدۈرۈشـى ئـۆزىگە يـادا بـولـۇپ كـەتكـەن لـەيلـى ئـۇنـىڭ يـەنـە نېمىلـەرنى گۇڭراپ، ئـىما ـ ئـىشارىلارنى قـىلـىشـىنـى دەرهالـلا چۈشەندى.

ـــ تاڭ ئاتقىچە قايتىپ كېلىمەن، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، پاشىلىقنىڭ قۇملۇق يول بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىمەن.

كامال پاشىلىقتا پالانغاندىن بېرى ئەخمەت بىلەن بىر قېتىم، ئۆزى يالغۇز بىر قېتىم پاشىلىققا كىرىپ ئاقتاشقا پۈختا، يوللارنى بەلگىلەپ مېڭىشتا هوشيار بولۇپ قالغان لەيلى كەنت پاسىلىدىن چىقىپ كەتكىچە تىۋىش چىقارماي ماڭغان بولسىمۇ قۇملۇق چۆلگە كىرگەن هامان ئاتنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. داۋاملىق كېچىدە ئاتلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كېلىشكە كۆنۈپ كەتكەن ئاقتاش كېچىكىپ قالسا، ئەخمەتنىڭ ئالدىدا ئۇززىلىك بولۇپ قالىدىغاندەك، چۆلگە كىرگەن هامان ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەيتتى.

پايانسىز قۇملۇقتا بوران چىقىۋاتاتتى. «ئاقتاش» شىددەت بىلەن چېپىپ كېلىپ ئېگىز قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدە تۇياقلىرىدىن قۇملارنى چاچرىتىپ ۋە تىلغاپ، ئىككى پۇتىنى تىك كۆتۈرۈپ تەك بولدى ـ دە، قاتتىق كىشنەۋەتتى. لەيلى بەلگە خادىلارغا كۆز تىكىپ، «يولدىن ئاداشماپتىمەن» دېگەندەك كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن قۇم بارخانلىرى ئارا غايىب بولدى...

قۇم دەشتى، بوران ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى! قۇملار گوياكى دېڭىز داۋلىرىدەك كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شاپىدە ئېتىزلارغا تۆكۈلەتتى. قامغاق، يەنە قانداقتۇر يۇملاق تىكەن شادىلىرى يانپاش غول، ئېدىرلاردىن ئۈچۈپ، داۋانلارغا يۇمىلاپ چىقىپ كېتەتتى ... پاخپاق توغراق، قاقشال يۇلغۇنلار توختىماي شالدىرلاپ، تۈن قۇشلىرى ناگان ـ ناگاندا ئەنسىز چىرقىراپ ئۆتەتتى ... بىپايان قۇملۇق هەم قۇم بارخانلىرى تۇمان ئىچىدە

غايىب بولغاندەك توپا ـ توزاڭ ئىچىدە قالغاندى. بارخانلاردىن قوزغىلىپ كۆتۈرۈلگەن قۇم لىباسلىرى پەلەك قەھرىدە پىرقىراپ، يەنە شىددەت بىلەن چۈشۈپ يەرگە ئۆرۈلەتتى. خۇددى پايانسىز چۆلدە كىملەرنىدۇر قوغلاۋاتقاندەك يەر بېغىرلاپ ئۇچۇۋاتقان توپ ـ توپ قۇملار ئارا بىر ئاق ئات خۇددى ئاق كەپتەردەك گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى. مانا بۇ يار ئۇچۇن ھەممە ـ ھەممىنى ئۇنتۇغان لەيلى ئىدى

ئاقتاش يېرىم كېچىگە قالماي پاشىلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي يەنىلا چاپماقتا ئىدى. لەيلى ئىتتىك كېتىۋاتقان ئاتتىن ئىرغىپ پىچان ئېگىزلىكىغا سەكرەپ چۈشتى. ئۇ چالغىدا غۇلاچ تاشلاپ پىچان چېپىۋاتقان قارا كۆرۈم گەۋدىگە قاراپ يۈگۈرىگىنىچە ۋارقىرىدى:

— كا ··· مال··· !···

لەيلى پۈتلىشىپ يىقىلىپ، قوپۇندەك يۈگرەپ كېلىۋاتاتتى···

— كا ··· مال!···

— لەي ··· لى!···

كامال چالغىنى تاشلىۋېتىپ، لەيلىگە قاراپ يۈگۈردى ··· ئۇلار چەكسىز پىچان ئېگىزلىقىدا بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى! پاشىلىقنىڭ ئەتراپىنى قەدىمىي قەلئە قورغانلىرىدەك قورشاپ تۇرغان ئېگىز قۇم تاغلىرىنى ئېغىر قارا بۇلۇتلار بېسىۋالغان بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ كۆن پاتار رۇمجەكلىرىدە يالت ـ يۇلت چاقماق چېقىلدى ··· ئارقىدىن گۇلدۇرلىگەن، قاراسلىغان گۇلدۇرماما ئاۋازلىرى ياڭرىدى. بىپايان قۇملۇق ئاسمىنىدا ئارقا ـ ئارقىدىن چېقىلغان چاقماق چەت ـ چېتى ئايان بولماس قۇملۇقنى ئاپئاق نۇرغا تولدۇرۇپ، بىر جۈپ گەۋدىنى دەممۇدەم تاش ھەيكەللەردەك تاۋلىدى···

كامال لەيلىنى غېرىبانە، كۆرۈمسىز ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيدە تۆت تام ۋە تورۇستىن بىر دەستە نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

توغلۇكتىن باشقا نەرسە يوق دېگۈدەك ئىدى. قارىداپ كەتكەن قۇم چوڭگۇن، ئىسلاپ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان كورا، تۇزلۇق قاپاق، ئالىقاندەك دۆشە، نەچچە يېرى يامالغان سۇپرا، نوغۇچ دېگەندەك نەرسىلەر ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا تۇرغاچقا، كۆزگە ئانچە چېلىقمايتتى. ئەمما كونا يوتقان ـ كۆرپىلەر تىزىپ قويۇلغان كىگىزنىڭ ئاستىغا ياۋا قوموش ۋە ئوت ـ خەسلەر قېلىن سېلىنغاچقا، يۇمشاق ۋە دەسسىسە پىرىسلاپ تۇراتتى.

كامال بىلەن لەيلى بىر ئاش پىشىمدەك تاكاللاشتى. ھەر ئىككىلىسى كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قويماي دېيىشتى. كامال ئىگەمبەردىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقى، ئىككىسىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغانلىقىنى، شۇڭا خىزمەت گۇرۇپپىسى كېتىپ بولغىچە ئاقسۇدا 3 ـ 4 ئاي تۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنچە چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلالمىغان لەيلى ئاخىر پەردىشەپنى يىرتىپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى چىقاردى:

— قانۇننىڭ ئېغىر جازاسى «باسقۇنچىلىق» قا قارىتىلىدۇ، — لەيلى ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — بىز ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىن ئۆزىمىزنى تۇتۇپ ئالالمىدۇق. بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى!

— بىراق لەيلى، بىزنىڭ يۇرتلاردا ئۇنداق قارىماي، قارىغۇيۇقلا تۇتۇپ سولايدۇ، ئۇ چاغدا ئانام بىلەن ئىككىڭلار، يەنە تېخى بالىمىز جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قالىسىلەر.

— ئەگەر شۇنداق قىلسا، — لەيلى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مانا مەن ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ قانۇن، دىكتاتورا ئورۇنلىرىغا ئۆزۈم بارىمەن.

ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتاتتى، ئەگەر لەيلى دەرھال يولغا چىقمىسا، ئەخمەت گاچا چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ھەتتا مىنبىگلارنىڭ قىيناقلىرىغا قالاتتى. ئاخىرى لەيلى يىغلاپ تۇرۇپ، كامالنىڭ يۈرىكىگە تەگكۈدەك گەپلەرنى

قىلىپ ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى. كامالمۇ ياش تۆككەن هالدا لەيلىنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— سىنىپىي كۆرەش ئەڭ مۇرەككەپ بولغان قۇمتامغا بىر ئوقۇغۇچىنى ئەۋەتكەن بولسا، — دېدى كامال ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا، — يېزىلىق هۆكۈمەتتە، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىچىدە يۆلەنچۈكلىرى خېلىلا كۈچلۈككەن … بولىدۇ. لەيلى مەن سىز دېگەندەك هېچيەرگە بارماي، لېكىن سىزمۇ مېنىڭ تەلىپىمگە رازى بولۇشىڭىز كېرەك.

— قېنى دەڭ، — لەيلى ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن قارىدى، — سىز ئاقسۇغا كەتمىسىڭىزلا مەن ھەممىگە رازى بولاي.

— سىز هازىر جەۋلانغا ئېغىز ئاچماڭ هەم ئۇنىڭغا كۆرۈنمەڭ … زۆلال، مەتنىياز، هاشىمكاملارغا دەپ قويۇڭ، ئۇلار مېنى بۇرۇنقىدەكلا «قېچىپ كەتتى» دېسۇن.

— كامال، جېنىم كامال، — لەيلى يىغلىدى، — مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ سىز كېيىن چوقۇم قاتتىق پۇشايماندا قالىسىز.

— چاۋار هاشىمكامدەك پىشقان بىر كوممۇنىستنى تىرىكلا يۇتۇۋەتكەن يەردە قوزىدەك بىر ئوقۇغۇچىنى چاينىماي يۇركۇۋېتىدۇ، مېنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن كۈتكەنلىرىم بىكار بولدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتۈلگەن ئىش مېنى ئۇدۇل گۇندىخانىغا ئاپىرىدۇ.

لەيلى تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە يولغا چىقىپ، ئەتىگەنلىكى تاڭ ئاپئاق يورۇپ كەتكەندە كەنت ئىچىگە كىرىپ كەلدى، ئۇ كەنت تەشكىلى ئالدىدىكى كوچىغا كىرگەندە ئاشلىق ئامبار ئۆگزىسىدە قىزىل كالتەك تۇتۇپ تۇرغان هابىل پەسكە قاراپ ئۇنى كۆردى. لەيلى هويلىغا كىرىپ ئاتنى ئەخمەتكە تاپشۇرۇۋاتقاندىمۇ ئۇ يەنىلا تىكىلىپ تۇراتتى. هابىلنىڭ كۆرۈپ قېلىشى خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا بىر كۈن

## تەكلىماكان تۈنلى (1)

كەچكىچە چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالغان لەيلى كەچكە يېقىن ئاق تەلپەكنى كىيىپ ئېغىلغا كەلدى. ئۇ ئوقۇرلارنىڭ ئىچىنى سۈپۈرۈپ، ئاندىن بوغۇزنى غەلۋىردە تاسقاپ ئوقۇرلارغا قويۇپ بولغىچە قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇمۇ پاتىراق قاراڭغۇ چۈشۈشىنى تىلەيتتى. شۇنداق بولغاندىلا جەۋلاننىڭ كۆزىگە چېلىقمايتتى.

تەشكىل ئىشخانىسى سارغۇچ قىزىل نۇردا يورۇپ، دېرىزىدىن جەۋلاننىڭ قارا سايىسى كۆرۈندى. لاپاستىن پىچان چۈشۈرۈۋاتقان ئەخمەت قولىدا تۆمۈر ئارا تۇتقان ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ لەيلىگە يورۇق دېرىزىنى كۆرسىتىپ: «جەۋلان يالغۇز، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ھەممىنى دېگىن» دېگەن مەقسىتىنى قول ۋە كۆز ئىشارىلىرى بىلەن ئۇقتۇردى. لېكىن كامالنىڭ تۈنۈگۈن كېچە دېگەنلىرى لەيلىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا ئۇ قەتئىي رەت قىلدى. بىراق ئەخمەت جاھىللىقىغا ئېلىپ، قانداقتۇر ئىشارىلار ۋە گۇڭشىراشلار بىلەن ئۇنىڭغا بېسىم قىلىۋاتاتتى. تەڭلىكتە قالغان لەيلى: «كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ··· » دەپ ئىككىلىنىپ قېلىشى كامال ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك، ھەتتا «لەيلى ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇماڭ، بىز كېلىشكەن ئەمەسمۇ، جەۋلانغا ئېغىز ئاچماڭ، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەڭ» دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئىدى، ئەخمەت «ئەمىسە مەن كىرىمەن!» دېگەن مەنىدە مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قولىدىكى ئارىسىنى پىچانغا غەزەپ بىلەن سانجىدى ـ دە، ئېغىلدىن قاڭقىپ چىقىپ كەتتى. لەيلى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قوللىرىغا ئېسىلغان بولسىمۇ ئەخمەت پىسەنتمۇ قىلماي كېتىپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىشخانا دېرىزىسىدىن قارىغان ئىدى. جەۋلان شام يورۇقىدا بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئۈستەلگە يېيىلغان تالونلارنى سىلىشتۇرۇپ، بەزىلىرىنى بىر ـ بىرىگە جەملىسە، بەزىلىرىنىڭ نومۇر ۋە ئاي ـ كۈنلىرىنى خاتىرىسىگە يازاتتى. بەزى تالونلارغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن تىكىلىپ قاپاقلىرى

تۇرۇلسە، بەزىلىرىنى شام يورۇقىغا يېقىن ئەپكېلىپ، بېشىنى چايقاپ تامىقىنى چاكىلدىتاتتى. پۈتۈن زېھنىياتى ھېساب تەكشۈرۈشكە مەركەزلەشكەن جەۋلان ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئەخمەت گاچا پالاقلاپ كىرگەنچە ئۈستەل ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، غەلىتە ئاۋازلاردا ۋە ئىما ـ ئىشارىلاردا نېمىلەرنىدۇر ۋارقىرايتتى. قوللىرىنى باش ئۈستىدە سىلكىپ، يەرگە تېپەتتى ... كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ، ئېڭەكلىرىنى قاماللايتتى. قىسقىسى ئۇنىڭ غەيرىي ھەرىكەتلىرى جەۋلاننى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئەخمەت بىر ھازا قايناپ ـ تېشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆمسۈرۈن چىرايى، غەزەپلىنىشى، ھاياجانلىنىشى جەۋلان ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى. ئۇ خىيال بىلەن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ قاپقاقلارنى ئېچىۋەتتى ... كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىدە سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پىلىلدىشاتتى. ئون تۆت كۈنلۈك كامالىغا يەتمىگەن پۇچۇق ئاي پەسلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى:

— بۇ مېيىپ مالچى نېمە دېمەكچىدۇ؟ ئۇ نېمانداق جىددىيلىشىدۇ، — جەۋلان ئاستا پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ قېشىنى كۆرسىتىپ يىغلىغاندەك قىلىشى ئايالنى بىلدۈرسە كېرەك. ئېڭىكىنى سىلاپ غەزەپلىنىشى مەلۇم ئەردىن شىكايەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئۇنداقتا ھارۋىكەشنى دوراپ يۈزىگە مۇشت تەڭلىشى بۇ نېمىدېگەن ئۆزى! ئەستاغپۇللا تازىمۇ تەس بولدىغۇ.

جەۋلان قول سائىتىگە قارىغاندىن كېيىن، ياتاقتا كۆرۈش ئۈچۈن ئۈستەلدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ پوپكىغا سالدى. ئۇ ئىشخانا ئىشىكىنى تاقاپ ھويلىغا چىقتى. كېچە يوپيورۇق ئايدىڭ بولۇپ، تال بوستان ئاستىدا ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەيتتى. لاپاسلىق مال ئېغىلى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان پىچان، قوناق پاسىرى، زىغىر پاخىلى قۇم بارخانلىرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى لايسۇۋاق ئاددىي ئۆيلەر ئالدىدا كونا ساپال،

تىرنا، تولۇق تاش ۋە بۇزۇلغان شامالدۇرغۇچلۇق بوغداي تازىلاش ماشىنىلىرى ئۇيەر - بۇيەردە چېچىلىپ ياتاتتى. جەۋلان بىر كونا ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كىگىز سېلىپ، يەكتەكنى غېرىبچە يېپىنىپ ياتقان ئەخمەتنى كۆرۈپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— قازناقتىكى كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى ساقلاپ يېتىپتۇ - دە بۇ بايقۇش، شۇنچە مىنىڭلار تۇرغۇچىدا مۇشۇ مېيىپ ئادەمنى قاراتقىنى قويغىنىنى كۆرمەمدىغان.

جەۋلان قازناق ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئەمدىلا دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزى قازناق ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر كۆلەڭگىگە چۈشۈپ، دەرھاللا تام سايىسىغا يوشۇرۇندى. قارا كۆلەڭگە نەگىدۇر دوڭغىياتتى. بىردە ئەتراپىغا چۆچۈپ قارايتتى ھەم قوللىرىنى سىلكىپ غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلسا، تۇرۇپلا تۇڭلۇك تۆشۈكىگە ئېڭىشىپ، بىر ھازا بېشىنى كۆتۈرمەي غۇدۇڭشىيتتى. جەۋلان تام ياقىلاپ كېلىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— كىم سەن؟ ئۆگزىدە نېمىش قىلىسەن؟

كۆلەڭگە پالاق - پۇلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كوچىغا گۈپپىدە سەكرىگىنى ئاڭلاندى. بۇ سىرلىق ئىشتىن كۆڭلى ئۆيگەن جەۋلان دەرۋازىنى ئېچىپ كوچىغا چىقتى. كوچا تىمتاسچىلىق بولۇپ، ئاي نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئاي نۇرىغا چۆمگەن بۇ جىمجىتلىق بىر خىل سۈرلۈك ئىدى. جەۋلان ئىچىدە ئەتىلا كەنت تەشكىلىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالمىسام بولمىغۇدەك، تەشكىل بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىقكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بۈگۈن چۈشتە زۇلال بىلەن مەتنىيازمۇ: «ئەمدى كۆچۈپ كەلمىسىڭىز، كۆدە - كۆپىڭىزگە ئۆزىڭىزنى ئوراپ كۆتۈرۈپ ئەپكېلىمىز» دېيىشتى. تېخى بايىلا كەلگەن كامالەت: «ئېرى يوق خوتۇن بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرۇشتىن نومۇس

قىلماسسىز، ئىگەمبەردىكامنىڭ كەينىگە سۈرۈشىمۇ سىزنى خاتالاشتۇرۇش ··· ئاشلىق نورمىڭىزنى ھاشىمكام ياكى زۇلالكاملارنىڭ ئائىلىسىگە قىيتىۋەتسىڭىز بولمىدىمۇ!» دەپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ خېلىلا خاپا بولۇپ كەتتى. ئەجەب ـ ھە! بۇ قىز كۆزۈمگە نېمانداق ئىسسىق كۆرۈنىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نۇقسانسىز چىرايلىقلىقى مېنى ئەسىر قىلىۋالدىمۇ ـ يە؟

جەۋلان كېتىۋېتىپ پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى. چۈنكى ئۆتكەندە ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ «غۇلمان!···» دەپ ۋارقىرىۋېتىشى ھەممىنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. كامالەت راست دەيدۇ، نايىمگۈل دېگەن چوكان بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرۇۋەرگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر قانچە كۈنلەردىن بېرى خۇددى ماراپ تۇرغاندەكلا جەۋلاننىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. قاچا، چوكا، قوشۇق سۇنغان بولۇپ، قوللىرىنى قەستەن سۇۋايدۇ. تېخى بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى ياتىقىمىغا يەل ـ يېمىش، چاي ئەكىرگەن بولۇپ بىر چاغلارغىچە ئولتۇرۇۋالىدىغان خۇينى چىقىرىۋالدى. جەۋلان «ئەمدى چىقىپ ئۇخلاڭ» دېمىگىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى. تېخى ئۇلۇشكۈن ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا كىرىپ، «جەۋلان ئاكا ھېرىپ كەتكەنسىز، يۆت ـ قوللىرىڭىزنى تۇتۇپ قويايمۇ» دەپ تۇرۇۋېلاۋالدى. شەيتىنى ۋەسۋەسىگە سالغان جەۋلاننىڭ تومۇر، سۆڭەك، پەيلىرى بىردىنلا تەرەددۇتلىنىپ، يۈرىكى شامدەك ئېرىپ كەتكىنى تاسلا قالدى. بىراق ۋاڭ يۈگىنىڭ: «خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىستىلدا چىرىكلىشى قەتئىي كەچۈرۈلمەيدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. يەنە كېلىپ نايىمگۈلنى كىرگۈزگىنى ھەم جەۋلاننىڭ نەپسىنى يىغىپ ئالالماسلىقىنى شەيتانى لەئىنىدىن تىلەۋاتقانلار بارلىقىنى ھەتتا ئىشىك ئالدىدا ماراپ تۇرغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭدىكى ياۋايى ھەۋەسلەر خۇددى باھاردىكى مامكاپ گۈلىدەك پۇرۇردە توزۇپ كەتتى. ياق، ياق!

قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالىقاندەك يەرگە تېگىشكىلى بولمايدۇ!...

بايىلا كېلىپ جەۋلاننى ئاگاھلاندۇرغان كامالەت كەنت تەشكىلىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيىگە كەتكۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئىچى سىقىلاتتى. كىمگىدۇر بىرسىگە ئېسىلىپ يىغلىغۇسى، پۇخادىن چىققۇچە دەرد تۆككۈسى، قايسىدۇر بىر باغرىتاشنى تىللاپ، غەيۋىتىنى قىلغۇسى كېلەتتى. قىزىق ئىش، ئۇنى زادى كىم رەنجىتكەندۇ؟ قايسىبىر تاش بېغىر دىلىغا ئازار بەرگەندۇ؟ مۇشۇنداق جازىبىلىك لاتاپەتلىك ساھىبىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغانلار بۇ دۇنيادا روناق تاپماس، بىر نېنى ئىككى، كېپىنى تىزىدىن ئاشماس! ...ئۇنىڭ نۇقسانسىز بىر يۇلتۇز ئىكەنلىكىگە راست، بۇنىڭغا ئۇلۇغ - ئۇششاق، ھەتتا بۆشۈكتىكى سەبىيلەرمۇ گۇۋاھ! ...بۇنداق ئوچۇق چىراي، مۇلايىم، رەڭگى - رۇخسارى دائىما پاكىز يورۇيدىغان، مەسۇم سەنەمدىن بۇ دىياردا يەنە قانچىسى باردۇ؟! بولسىمۇ بولار، لېكىن ئۇنىڭدەك ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ساددا - سەمىمىيلىكى، ئوماق دومسىيىشلىرى، كىرپىكىنى قېقىپ جىلمىيىشلىرى، تاتلىق كۈلگەندە ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان چوڭقۇر زىنىخلىرى، قېلىن ھەم ئۇزۇن كىرپىكلەر دالدىسىدا خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىدىن ئۇنى ھەرقانداق ئەركەك زات خام يەۋالغۇسى كېلەتتى.

كۆزلىرى ياش يۇقى كامالەت ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، يۇمشاققىنا چىملىقتا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى. چوڭ يول خۇددى قول يەتكۈدەك يەردە بولسىمۇ، ئېگىز ئۆسكەن ئەمەن، سۇتلىگەن، ياۋا كەندىر، لويلا، قىزىل قورايلار دالدىسىدا ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. كامالەت ئاي يورۇقىدا ئۇنچە - مەرۋايىتلاردەك ۋىلىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە جەۋلاننىڭ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالماقتا ئىدى:

— «بۇ قىزنى قۇملۇق گۈلى» دەپ تەرپلىسە بولغۇدەك...

— «ھاشىمكا ئاشۇ غۇلمانلار نامزاتىغا مىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويۇڭ، خۇدايىم ئال قۇلۇم» دەۋەتسە ئەجەب ئەمەس...

— مۇشۇ گەپلەرنى ئاشۇ جەۋلان دېگەن باغرى تاش دېگەن ئىدى، — پىچىرلىدى كامالەت، — ئەمدى، ئادەمنى ئۆمۈلدۈرۈپ قويۇپ، خىيالىي يۇرىدىيا ··· «غۇلمانلار نامزاتىغا مىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويۇڭ» دېگىنى «كامالەتنى ياخشى كۆرىدىغانلار قاتارىدا مەنمۇ بار··· » دېگىنى بولماي نېمە؟ ··· ئۇنىڭ، «ئال قۇلۇم، دەۋەتسە» دېگىنى «كامالەتنى ماڭا بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس» دېگىنىغۇ، ئۇنداقتا ئۇ؟!...

بىردەمدىلا ئۇمىد چىراغلىرى ۋۇللىدە يانغان قىز قىزىرىپ، ئۇياتقىنىسى كەلگەندەك يۇزىنى ئالىقانلىرىدا توستى. لېكىن يولدىن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى كۆلەڭگە ئۆيلىرىگە ئايرىلىدىغان يول ئاچىلىدا توختاشتى. كامالەت ئاستا بويۇنداپ قارىدى. ئۇلار كىچىك ئەترەت ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈشتىن قايتقان زۇلال بىلەن مەتنىياز ئىدى.

— نايىمگۈل توغرۇلۇق جەۋلاننى ئەسكەرتىپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى، — دېدى مەتنىياز، — بىراق ئىگەمبەردىنىڭ كۆزى قىيارمۇ؟

— ئىگەمبەردىنىڭ ئاشنىسى تۇرسا، دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق.

— ۋاقتى كەلگەندە شەيتانمۇ قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرىدۇ، دېگەننى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ — زۇلالنىڭ گەپلىرى بەكمۇ ئېنىق ئىدى، — ئۇلار جەۋلاننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېلىغۇ ئاشنىسىكەن، قىزى ھەتتا خوتۇنىنىمۇ ئىشقا سېلىشتىن يانمايدۇ...

— ھاشىمكام جەۋلاننى «ئۇنداق - مۇنداق ھىيلە - مىكىرگە ئالدىنىدىغان بالا ئەمەستەك قىلىدۇ» دەپ ئاشۇرۇۋەتتىمۇ

قانداق؟

— ئويلاپ باقە، مەتنىياز، جەۋلان 25 ياشلاردىكى ئۆيلەنمىگەن بەردەم يىگىت تۇرسا ··· مىياڭلاپ، سۇۋۇنۇپ كەلگەن، چىرايلىق ئاسلانغا ئامراقلىقى كەلمەيدىغان كىم بار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە نايىمگۇل دېگەن تۇرۇلغۇنىڭ بالىسىدەك تۇرسا ··· بولدى، ۋاقىت خېلى بولۇپ قاپتۇ، قايتىلى.

ئۇلار خوشلىشىپ ئىككىسى ئىككى يولغا قايرىلىپ مېڭىشتى. لېكىن كامالەتنىڭ قۇلىقىدا ئۇلارنىڭ ھېلىلا قىلغان سۆزلىرى، بولۇپمۇ «نايىمگۇل تۇرۇلغۇنىڭ بالىسىدەك تۇرسا···»، «سۇۋۇنۇپ، مىياڭلاپ كەلگەن چىرايلىق ئاسلانغا ئامراقلىقى كەلمەيدىغان كىم بار؟» دېگەن سۆزلەر قۇلىقىدا تەكرارلىنىش بىلەن كامالەتنىڭ يۈرىكىنى كۆنداشلىق ئىسكەنجىلىرى ئالىقىنىغا ئېلىپ سىقتى. بۇ ئاچچىق ۋە نومۇسلۇق ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كامالەت ئۆستەڭ بويىدىكى بۇكلۇكتىن چىقىپ مەكتەپ تەرەپكە يول ئالدى.

دۇنيادا ئاياللاردەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ تائىپە ئاز تېپىلسا كېرەك. ئادەتتە ئۇلار كۈندۈزىمۇ، يالغۇز قالغانلىرىدا «تىرىنقىدە» قىلغان شەپىدىن قورقۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ. ئەرلىرىگە تاپا - تەنە قىلىشىپ ئارام بەرمەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئاياللىق مەنپەئىتىگە، ئاياللىق غۇرۇرىغا، ئاياللىق ئىززەت - نەپسىگە شىكەستە يېتىدىغان بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلا - ئاڭلىماي ئۇلار شىر، يولۋاسقا ئايلىنىدۇ. قاراڭ، ئادەتتە قۇرت - قوڭغۇزدىن قورقۇپ چىرقىرايدىغان كامالەت مۇشۇ سۇرلۇك جىمجىت تۈندە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قاراڭغۇ بېغىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېرىق بويىدىكى چوڭ بىر تۇپ تېرەك ئارقىسىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ ئەتراپىغا ئوغرىلىقچە قارىدى. ئەمما يۈرىكى خۇددى قولاق تۇۋىدە دومباق چېلىنىۋاتقاندەك «گۇم ··· گۇم ··· گۇم··· » قىلىپ ئۇراتتى.

ئارىدىن ئانچە كۆپ ئۆتمىدى بولغاي ھېلىقى «تورۇلغۇنىڭ بالىسى»، «چىرايلىق ئوماق ئاسلان» ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ كۆكسىلىرىنىڭ كۆپ يېرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق ئاسما مايكا، چوڭ يوتىلىرى «مانا مەن» دەپ تۇرغان ئاق كالتە ئىشتان كىيىۋالغاچقا، يىراقتىن ئۇ، «قىيپالىڭاچ» تەك كۆرۈنەتتى. نايىمگۈل جەۋلاننىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكتىكى قۇلۇپقا قارىغاندىن كېيىن، مەكتەپ ئالدىدىكى يولغا كېلىپ ساقلىدى. ئۇ ئانچە كۆپ ساقلىمايلا، پوپكىسىنى قولتۇقلىغان جەۋلان مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. نايىمگۈل شىپىقاپ كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

بەدىنىگە ھەم يېپىشىپ كەلگەن ئاپئاق ئىچ كىيىملەر ئىچىدە ئۇنىڭ مۇڭگۈزدەك چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسى، دۈپدۈگىلەك ساغرىسى، ئىنچىكە بەللىرى، ئۇزۇن، چىرايلىق يوتىلىرى شۇنچىلىك روشەن ئىدىكى، بەئەينى يالىڭاچتەكلا كۆرۈنەتتى. كامالەت خۇددى يىلپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بوغۇپ قويغۇسى كەلدى. ئەمما نايىمگۈل ناز بىلەن سوۋۇنۇپ، جەۋلاننىڭ قولىنى تۇتتى:

— جەۋلان ئاكا، مۇزلاپ كەتتىم، ياتىقىڭىزغا ئەكىرىپ ئىسسىتىپ قويۇڭا...

— ياتىقىمدا نېمىش بار سىزگە، — جەۋلان قولىنى شارتلا تارتىۋالدى...

— سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى...

— گېپىڭىز بولسا ئەتە كەنت تەشكىلىگە بېرىپ دەڭ. ھازىر دەرھال ئۆيىڭىزگە كىرىپ كېتىڭ، — جەۋلان قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، — ئېرىڭىز بولمىسا كېچىدە نېمىگە يالىڭاچ يۈرۈيسىز؟ يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز قۇمتام دېھقانلىرىنى يىغىپ، كۈرەش قىلىپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىڭىزگە قازان قارىسى سۈۋاپ سازايە قىلىمىز. ئۇ

چاغدا سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئادەملىرىڭىزمۇ قۇتقۇزالمايدۇ.

— ما ··· ماقۇل··· — نايىمگۇل قورقۇپ كەتتى، — ئەمدى ··· ئەمدى ··· ھەرگىز ··· ھەرگىز···

نايىمگۇل ئارقىچە مېڭىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا جەۋلان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرە بىلەن كۈلدى ــ دە، ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. كامالەت جەۋلاننىڭ ئىشىكى گۇپپىدە يېپىلغاندىن كېيىن مەيدىسىگە ئالىقىنىنى قويۇپ، كۈلۈمسىرىدى:

— رەھمەت جەۋلان، — كامالەت ئايغا قارىدى، — شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز مېنىڭ···

كامالەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بېغى ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقتى ــ دە، ئالدى ــ ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىۋېتىپ «جەۋلان سىز نېمىدېگەن ياخشى» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ جەۋلاندىن ئاشۇنداق سۆيۈنۈپ كېتىۋاتقىنىدا، جەۋلان پۈتىنى يۇيغان داستىكى يۇندىنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئۇ، تەرەپپال مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆچەتلىكتە «ۋال ــ ۋۇل» يانغان تاماكا ئوتىنى كۆرۈپ قالدى ــ دە، «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىشى ئۇ شۇ ھامان كۆچەتلىك ئىچىدە غايىب بولدى. تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان جەۋلان سىرلىق بىر ئىشنىڭ تېگە يەتكەندەك، نايىمگۇلنىڭ ئۆيىگە قاراپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كارىۋىتىدا يانپاشلىدى. كەچتىن باشلاپ يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا قايتىدىن پەيدا بولدى:

«بايا ئەخمەت گاچا چىپچىلغاندەك، ئاچچىقلىغاندەك ئەجەب بىر ئىما ــ ئىشارىلارنى قىلىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ زادى ماڭا نېمە دېمەكچىدۇ؟ راست، كەنت ئۆگزىسىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن قانداق ئادەم؟ ئۇ قارناق ئامبار ئۆگزىسىدە

نېمە قىلماقچى؟ ئوت قويۇشنى پىلانلاپ كەلمىگەندۇ! تېخى ھازىرلا كوچىتلىكتە تاماكا چەككەن ئادەم بۇ تۈن نىسپىدە، مەكتەپ بېغىدا نېمىش قىلىدۇ؟ ئۇ مېنى پايلاپ يۈرگەن چاۋار، ئىگەمبەردى ياكى مەتسىدىق بولۇشى مۇمكىن. توغرا، ئۇلار مېنى ھاللاڭ قىسماقتا دەسسىتىپ تۇتۇۋالماقچى ئىكەندە! قارا بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھىيلىسىنى ⋯ نەچچە كۈندىن بېرى نايمگۈلنىڭ ئۆرۈنۈشلىرى بىكار ئەمەسكەندە! بۈگۈن بۇ يەمچۈكنى يالىڭاچلاپ تاشلىغىننى كۆرەيمۇ! مەن قۇمتامغا كېلىپلا جىنلارنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ بۇندىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟⋯

جەۋلان سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشىك ئاچقۇچىغا قول ئۇزىتىپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئەگەر ھېلىقى «سىرلىق» ئادەملەر يېقىن ئەتراپتا بولۇپ قالسا، ئۇلار بىلەن يۈزتۇرا ئۇچرىشىپ قېلىش خەتەرلىك ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەن بۇ ئەبلەخلەر ھەر خىل قارامىلىقلارنى قىلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا جەۋلان دېرىزىگە چاپلانغان سامان قەغىزنىڭ يىرتىلغان يېرىدە سىرتقا قارىدى. بۇ قېتىم كوچىتلىكتىكى چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدە بىر كىمنىڭ مىدىراۋاتقان قاپقارا بېشى كۆرۈندى. جەۋلان ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بىر چاغدىلا ھېلىقى قاپقارا باش لەڭشىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىشكىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، يەنە ئەتراپىغا قاراپ تۇرسېيتىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى بوش قاقتى ۋە پەس ئاۋازدا «مەن» دەپ شىۋىرلىدى. ئۇنىڭ بەستىدىن، خىرقىراپ چىققان ئاۋازىدىن ئىگەمبەردى ئىكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى. ئاڭغىچە ئىشىك ئېچىلىپ ئىگەمبەردى ئۆيگە لىپپىدە ئۆزىنى ئالدى.

— ئەسلىدە قوش بالىسىنىڭ كويىدا يۈرگەن ئوغرى مۇشۇككەندە! — جەۋلان مەسخىرىلىك كۈلدى، — ئۇستىگە

## تەكلىماكان ئۆزلى (1)

بىسىپ كىرىپ رەسۋا قىلايمۇ بۇ زىناخورلارنى!

شۇ دەقىقىدە جەۋلاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەيسايۇفنىڭ ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى:

— «ھەي شاماللىق، ئۆپكەڭنى بېسىۋال، بۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن زىناخورنىڭ خوتۇنى، بالىلىرى، ئۇنى كۇتۇۋالغان بۇزۇقنىڭ ئېرى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما، ئىككى ئائىلىنى ۋەيران قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە··· »

— ھەي ... ي، ناشايان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، سۈكۈت قىلغىنى بولمايدىكەن···

— ھەي شاماللىق ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — ئەيسايۇفنىڭ ئاۋازى يەنە جاراڭلىدى، — «تاخۇ تاخ» دەپ ئۇركۇتۇۋەت.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ، — جەۋلان خاپا بولدى، — بۇ كېچىدە ھەممە توخۇلار قونداقتا تۇرسا، قايسى توخۇنى ئۇركۇتىمەنكىن···

جەۋلان ئورنىغا كىرىپ يېتىۋېتىپ ئاستا غۇدۇڭشىپ قويدى.

— ئەجەب ئەنسىز بىر كېچە بولدا···

## ئون تۆتىنچى باب

# تەشۋىشلىك مۇھەببەت

ئىگەمبەردى بىلەن نايىمگۈل سۇپا ئۈستىدىكى كۆرپىدىلا يالىڭاچ ياتاتتى. چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇلارنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغاچقا، يوغان تۈكلۈك قارا ئۆمچۈك كىچىككىنە ئالما قۇرتىنى چاڭگاللاۋالغاندەك غەلىتە كۆرۈنۈشنى پەرق ئەتمەك تەس ئەمەس ئىدى. ساغۇچ چىگىش ساقال ئىگەمبەردى بەدەنلىرى ئۇقادەك ئاپئاق، چۇمۇلىدەك نازۇك، تالى مەجنۇندەك ئەۋرىشىم نايىمگۈلنى چۇپۇر باسقان مەيدىسىگە تىڭىپ ئاستا گەپ قىلىۋاتاتتى:

— ھەي، نايىم بىرنەچچە ئىغىز غۇدۇڭشىپ قويۇپلا يېنىپ كىردىڭا. مەن ساڭا، بۇ مېنىڭ تەقدىرىمگە باغلىق چوڭ ئىش دېمىگەنمىدىم.

— ئۇ ... ئۇ مېنى تىللاپ بەشپۇچۇق قىلىۋەتتى.

— نېمىدەپ؟

— «سېنى بۇنداق قىلىشقا كۇشكۇرتكەن كىم؟ يەنە مۇشۇنداق قىلساڭ دېھقانلارنى يىغىپ كۆرەشكە سالىمىز. يۈزۈڭگە قارا سۇۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، سازايى قىلىمىز» دەپ شۇنداق قورقۇتۇۋەتتى.

— شۇنداق دېدىما؟ — ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى ئەندىشىلىك پىلدىرلىدى، — پاھ ئۇ سېپىدا قوروپ قالغان خەمەككىنا. تاس

قاپتۇق پوقنىڭ پۈپۈكىنى بۇزۇپ قويغىلى!

ئىگەمبەردىنىڭ ئېسىدىن ئېمىدۇر كەچتى بولغاي، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. ئاڭغىچە ئىچ كىيىملىرىنى كىيىشكە ئۈلگۈرگەن نايىمگۈل: «ئانام بىلەن دادامنىڭ بىر ھاجىتى باركەن» دېيىشى، ئۇ قوپاللىق بىلەن: «يائاللا ھەر قېتىمدا بىر ھاجىتىڭ چىقىپ تۇرىدۇ سېنىڭ، ھازىر ئالدىرايمەن··· » دېگىنىچە تاپىسىغا چۇشۇپ بولدى. ئۇ چىقىپ كېتىدىغان چېغىدا: «بۈندىن كېيىن جەۋلانغا سۇۋاشما، بەك خەتەرلىك» دەپ قويدى. ئىگەمبەردىنىڭ بۇنداق نازىنىنىنى «يېرىم يولدا» تاشلاپ قويۇپ مېڭىشى تۇنجى قېتىم ھېسابلىناتتى. بۈگۈن كېچە ئىساخانىڭ ئۆكىسى بەردىقۇل بىلەن ئۆيدىكى بىر قىسىم نەرسىلەرنى قوماقتىغا يۆتكىمەكچى بولۇشقان ئىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى توپىلاڭ يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا، يول چېتىدىكى بۈككىدە ئازغان ئارقىسىدىن چاۋار بىلەن مەتسىدىق تۇيۇقسىزلا شالدىرلاپ چىقىشى ئىگەمبەردى قورققىنىدىن ئارقىسىغا نەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. ئۇلار ئەتراپىغا زەن سالغاندىن كېيىن ئاشۇ ئازغان گۈلى ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈنكى ئىشىمىز سۇغا چىلاشتى، — دېدى ئىگەمبەردى روھسىز ھالدا، — جەۋلان بوش نەرسە ئەمەسكەن.

ئىگەمبەردى نايىمگۈلدىن ئاڭلىغان ھەم ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى كۆسۈرلىغانچە سۆزلەپ بېرىۋىدى، چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى. ئۇلار خېلىغىچە پۇشاڭشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چاۋارنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا ئالىيىپ، قوللىرىنى شىلتىدى:

— مەن ھەر قايسىڭغا ئوخشاش كالا ـ كومشا، ئەقلىنى ئېشەك قىلىپ مىنىدىغان ساراڭلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن! لەيلى دېگەن پاخپاق پاشىلىققا بېرىپتۇ، تۇنۇگۈن

سەھەردىلا ھابىل كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى، — چاۋار ئىگەمبەردىگە قادالدى، — سىلى ··· سىلى زادى، يەنە نېمىگە ساقلايلا؟ كامال كەنتكە كېلىپ چاۋىمىزنى يايغىچىما؟

— مەتسىدىق ئۆزىگە تېگىشلىك پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتىنى تېخى ئەكېلىپ بەرمىسە.

قۇمدىلا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرغان چاۋار ئۇدۇلىدىكى مەتسىدىقنىڭ مەيدىسىگە بىر تەپكەن ئىدى، ئۇ ئارقىغا موللاق ئېتىپ يۇمىلانغىنىچە پەستىكى ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى. غەزىپىدىن يانمىغان چاۋار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن قامااللاپ دەس كۆتۈرۈۋىدى، مەتسىدىقنىڭ ئاغزى خۇددى كاككۇك بالىسىنىڭ ئاغزىدەك مايماق ئېچىلىپ زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. ئاڭغىچە ئىگەمبەردى كېلىپ ئۇنى ئاجرىتىۋالدى. مەتسىدىق دەھشەت قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئۇنى توختىماي «ھېق» تۇتقىلى تۇردى.

— لەيلى پاشلىققا نېمە ئۈچۈن كىردى بىلەمسىلەر؟ — چاۋارنىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىدى، — خىزمەت گۇرۇپپىسى يېڭى كەلگەندە، ئۇ ئىقابلىنىپ ئازنە بازارغا بېرىپ ئۇلارنى كۆزەتكەن تۇرسا، پاشلىققا نېمە سەۋەبتىن كىرىدىغانلىقى ئېنىققۇ!

— پۇلغۇ بار. لېكىن ئاشلىق بېلىتى بولمىغاچقا، — دېدى مەتسىدىق ئېسەدەپ، — سائادەت يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاشلىق پونكىتىغا بىلەتكە تېگىشكىنى ئاشلىق ئېلىپ كەتكەن.

— ئاشلىق بېلىتىنى ئەتە كەچكىچە نەدىن بولسا تاپ، — ئىگەمبەردى چاۋارغا كۆچۈكلىنىپ قاراپ قويدى، — مەن گۇگۇم بىلەنلا پاشلىققا ماڭاي، بولدى چاۋاراخۇن ئۆزلىرىنى تولا ئۇپىراتمىسىلا، ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتەر.

— ئەگەر كامال ئاقسۇغا كېتىشتىن يالتىيىپلا ئالمىسا، — چاۋار سەل پەسكويغا چۈشتى، — مەن ئىككىڭلارنىڭ ئايىغىدا

ئۆمىلەشكە رازى ···

ئۆلار سوغۇقلا خوشلاشتى، خوتۇنى نىساخاننىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئىگەمبەردى ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆي ھارۋىسى، ئىككى ئېشەك تۇراتتى. نىساخان ئۇكىسى بەردىقۇل بىلەن چوڭ ـ كىچىك تاغار، ماي قاچىلانغان قاپاق، ھەر خىل يوتقان ـ كۆرپە، گىلەم، ساندۇقلارنى ھارۋىغا بېسىپ، ئېشەككە ئارتىۋاتاتتى.

ــــ ئاچا، يېزنەم مۇشۇنداق ئۇندەرەش ۋاقىتىدا نەگە كەتكەندۇ؟ ــــ بەردىقۇل كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ قويدى، ــــ مانا تاڭمۇ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ــــ ئەنئەڭنى كۈرسۈك ئىت، يەنە بىر قانجۇق بىلەن ئىلىشىپ قالغاندۇ، ــــ نىساخان شالاققىدە تۈكۈردى، ــــ مانا ئىككىنچى قېتىم يۆتكەشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ــــ توۋا، بېشىدا قازان قايناۋاتسا، سۆيدۈك پۈراپ يۈرىدىكىنا، ئەنە ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ.

ئىگەمبەردى كېلىشى بىلەن نىساخان، بەردىقۇل ئىككىسى تەڭلا ئالىيىپ دىمىغىنى قاقتى. لېكىن ئۇ ئۇلاردىن بەتتەررەك ئۆزىنى ئالدىراش كۆرسىتىپ گۈركىرىدى:

ــــ بۈگۈن بىر كېچە ئەترەت باشلىقلىرى ھەم بەزى دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. قېنى تېز بولايلى.

ئىگەمبەردى نىساخان بىلەن بەردىقۇلنى قومۇلقىغا يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا ھويلىغا قايتىپ كىردى. ئۇ ئېغىزىقا سۇ تەڭشەپ قوي قوتىنى قېشىدىكى يەم ـ خەشەك ئامبىرىغا كەتتى. ئىگەمبەردى يۈيۈنۈپ چىققاندا، قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى. ئۇ چاي دەملەشكىمۇ تاقەت قىلالماي، نىساخان تۈنۈگۈن كەچ ئەكىرىپ قويغان قىزىل ئۈزۈم ھەم يۇمشاق ئارپا كۆمىچى بىلەن قورسىقىنى پومىلىدى. ئاندىن دالان ئۆينىڭ سۇپىسىغىلا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىگەمبەردى ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا قۇماقتىغا كەتكەن نىساخان قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇششاق توغرالغان شاپاق ۋە ئۈزۈم ئۇۋاقلىرىغا كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ قويلارغا يەم نەپپارلاۋاتاتتى. تۈنۈگۈن كېچە نايىمگۈلنى يېرىم يالىڭاچ قىلىپ ئوينىغان ئويۇنىدىن سەل خۇدۇكسىنىپ قالغان ئىگەمبەردى خىزمەتنى باھانە قىلىپ جەۋلاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى. ئەلۋەتتە «سېنى كۈشكۈرتكەن كىم؟» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولغاچقا، ئىگەمبەردى كەنت تەشكىلىگە كېلىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. جەۋلان ئۈستەلگە يېيىۋەتكەن ھەر خىل تالونلارنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە گېزىتنى يېيىپ ئۈستىگە چوتنى (سۇەنپەن) باستۇرۇپ قويدى.

— كەسلە كەنت باشلىقى، قېنى ئولتۇرسىلا، مەن سىلىنى ئىزلەپ بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم.

— كادىرىمىزنىڭ ماڭا نېمە ھاجىتى چۈشتىكىن؟

جەۋلان تۈنۈگۈن كېچە ئۆگزىدە بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ سىرلىق ۋە غەلىتە ئىكەنلىكىنى، جەۋلان «كىم سەن؟» دېيىشى كوچىغا سەكرەپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشى ئىگەمبەردىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قىزغۇچ چاڭگا ساقىلىنى تارتىپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

— ئۇ ··· ئۇ بەلكىم، ئۇ ··· ئۇلاغلىرىغا پىچان ياكى پاسار ئوغرىلىغىلى كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن.

— پىچان بىلەن پاسار ئات ئېغىلىنىڭ ئۈستىدىكى لاپاستا تۇرسا، بۇ تەرەپتىكى پاكار ئۆگزىدە نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇ زادى نېمە ئۆي؟

— ئات، ئۇ ··· ئۇلاغ، ھا ··· هارۋا جابدۇقلىرى قويۇلغان قازناق ئامبار···

— ئامبار؟ ئەجەب مەن ئۇقمايدىكەنمەنا، بىر كۆرۈپ باقسام بولغۇدەك.

— مەن ··· ئامبار دەپ ساپتىمەن، — ئىگەمبەردى چۆچۈپ كەتتى، — ساپلا بۇزۇلغان، سۇنغان بىر نېمىلەر، كۆرگىچىلىكى يوق.

— ئىگەمبەردىكا، مەن بىرنەچچە كۈن بولدى، ئەترەتلەرنى ئايلىنىپ كېلەلمىدىم. ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— مەن بولغاندىن كېيىن خاتىرجەم خىزمەتلىرنى قىلىۋەرسىلە، — دېدى ئىگەمبەردى، — بەزى ئەترەتلەر قوناق چېپىپ خامانغا يىيىۋاتىدۇ. بەزى ئەترەتلەر كۈزگى بۇغداي تېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ماڭا تاپشۇرىدىغان ئىش - پىشلار بارمىكىن؟

جەۋلان ئىگەمبەردىنىڭ ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكى، ئاخشامقى تېتىقسىز ئويۇنلىرىنىڭ چانغان - چانمىغانلىقىنى، قۇرغان تۇزاقلىرى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن نايمىگۈلنىڭ پەيزىنى ئۆزى سۇرگەنلىكى قاتارلىق رەسۋاچىلىقلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. جەۋلان ئۇنىڭ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇرغان چۈپۈرلۈق يۈزىگە قاراپ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ئىچىدە: «مەن بىلەن ئوينىششىڭ ئەرزەنگە توختىمايدىغانلىقىنى بىلىپ قوي» دېدى.

— تاپشۇرىدىغان ۋەزىپە ياكى يىغىن بولۇپ قالسا مەن سىلىنى چاقىرىمەن، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قارىسىلا ئىگەمبەردىكا، ئاخشام غەلىتىلا چۈش كۆرۈپتىمەن، ئەتىگەندىن بېرى كاللامغا كىرىپلاۋالدى دېسىلە.

— يالغۇز يېتىپ قارا بېسىپ قالدىمۇ - يە؟

— شۇنداقمىكىن تاڭ، بىر بۇرادىرىم مېنىڭ بېشىمغا ئوت قويۇۋەتمەكچى بولۇپ، ھەدەپ ئوت پۈركۈگىدەك، ئاچچىقىمدا بىر پەشۋا ئېتىشىم قولىدىكى ئوت ئۆزىنىڭ بېشىغا تۇتىشىپ كەتتى. خۇدايا توۋا ئۇ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ

كەتتى دېسە، مەن ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئاقىۋىتىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. سەن ئىنتايىن ئەقىلسىز ئىكەنسەن» دېگۈدەكمەن.

— بولىدۇ، مەن چىقاي.

ئىگەمبەردى تۇنجۇقۇپلا كەتتى. ئۇ جەۋلانىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندا مونچاق ـ مونچاق تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، پېشانە، يۈز، بويۇنلىرىدىن ئېقىۋاتاتتى. ئۇنى بىر خىل ئەنسىزلىك ئورىۋالدى. جەۋلانىنىڭ سۆز ئويۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى ھەممىسىنى بىلىپ بولغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. ئايمگۈلنى يالىڭاچلاپ «سەتەڭلەر ھىيلىسى» نى ئىشلەتكەنلىكى، بىراق بۇ ئامالنىڭ بىر پەشۋاغا يارىمىغانلىقى، ھەتتا ھېلىقى «بۇرادىرى» نىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا، بىر چوكاننىڭ قوينىدا «ئۇسسۇل» ئوينىغانلىقىنى چۆشكە باغلاپ دەۋالدى. شۇنداق بەكمۇ ئەپچىل بىگىز تىقتى ··· تېخى: «ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ قوي، ئەقلىڭنى ئىشقا سال» دەپ بېشارەت بەردى. بۇ يېنىكلىك بىلەن چېقىلىدىغان ئادەم ئەمەسكەن. ئەگەر ئۇ كامالنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالسا، يوشۇرۇنغىدەك چاشقان توشۇكىمۇ تېپىلماي قالغۇدەك.

بۈگۈن كەچتىلا پاشىلىقتا بېرىپ، كامالنى ئاقسۇغا يولغا سېلىۋەتمىسەم بولمىدى، دېگەن ئويىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىگەمبەردى جىگدىلىك مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان يول ئېغىزىغا كەلگەندە زۇلال بىلەن مەتنىيازغا ئۇچراپ قالدى. ئىگەمبەردى ئۇلارغا سالام قىلغاچ ئالدىنى توستى:

— ئۇكىلىرىم، ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز بەك ئوبدان بولدى. سىلەر كەنتىمىزنىڭ سەر خىل باللىرى، ئەسلىدە سىلەرنى ئۈستۈرۈش ئويۇممۇ بار ئىدى. ئاڭغىچە خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ قالدى، — ئىگەمبەردى ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىۋالدى، — ئۇلار بەربىر كېتىدۇ. يەنىلا بىز قالىمىز. شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولغىنىمىز تۈزۈك. دېھقانلارغا بىسىم

قىلماقلار، بولۇپمۇ ئاغىنەڭلار كامالنى ئاياغلار ··· ئۇنى پاشىلىققا كىرگۈزۈۋېتىپ ياخشى قىپتىكەنمەن. بولمىسا «تېگى ــ تەكتى ئېنىق بولمىغان قارا نوپۇس، گۇمانلىق خەنزۇنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ، قانۇنسىز بالا تاپقان··· » دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ! ئۇ چاغدا نېۋىخان ئانىغا يۈز كېلەلەمسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئىگەمبەردى مۇشۇ گەپلىرىنى دەۋېلىش ئۈچۈنلا، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقاندەك ئېچىدىكىنى قانداق تېز دەۋالغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلا كېتىپ قالدى. زۇلال بىلەن مەتنىياز بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يولغا راۋان بولدى. ئەسلىدە ئۇلار دېھقانلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقات ئۇلاردىكى قاتماللىق، خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە كامال توغرۇلۇق ھاشىم بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن جەۋلان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. زۇلال بىلەن مەتنىيازنىڭ يولدا كەلگىچە كامال توغرۇلۇق دېيىشكەنلىرىمۇ، ئىگەمبەردىنىڭ دېگەنلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ــ مەتنىياز قانداقىمۇ قىلارمىز؟ ــ دېدى زۇلال كېتىۋېتىپ، ــ جەۋلان ۋاڭ جۈيجاڭ دېگەن بىلەن كامال توغرۇلۇق تېلېفوندا سۆزلەشكەندىن بېرى، خۇددى بىر كىم يۈزۈمگە نىجاسەت سۇۋاپ قويغاندەك بېشىمنى كۆتۈرەلمەيلا قالدىم، دېسە.

ــ راست دەيسەن، ــ مەتنىيازمۇ ئەتراپىغا ئېغىر نەزەر تاشلىدى، ــ «ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قۇمتاملىقنىڭ دۈشمىنى ئەمەستۇ»، «كەنتنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن زۇلال، مەتنىياز ··· قاتارلىقلار ۋىجدانى بىلەن گەپ قىلدى، دەپ ئىشىنىمەن» دېگەندە ئىشخاندىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدۇم، ھەقىقەتەن ھەممىمىز ۋىجدانسىز تۇزكورلارنىڭ ئىشىنى قىلدۇق.

ــ بۇ گەپلەر ئاز كەلگەندەك، ــ زۇلالنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ

كەتكەنىدى، — دەسلەپتە خىزمەتلەر يۈرۈشكەندەك قىلىشۋىدى، ئەمدى دېھقانلار بىزنى كۆرسە قاچىدىغان، گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى.

— بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچى بولغان بىزنىڭ 4 - ئەترەتنىڭ باشلىقى ساۋۇر، 3 - ئەترەتنىڭ باشلىقى روزى كاتاڭ، بوغالتىرى بەكرى سونجاقلارنىڭ بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىشى يامان بولدى.

— ھەي مەتنىياز دەپياقە، كامال نېمە ئۈچۈن «مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارماڭلار» دەپ ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندۇ؟

— ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار، بىرىنچىسى جەۋلانغا ئىشىنەلمىدى، ئىككىنچىسى قانۇنسىز بالا تېپىپ قويغانلىقتىن قورقۇپ قالدى. بۇ ئىش مېنىمۇ ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

— ئەمىسە بىزمۇ كامالنىڭ ئىسمىنى چىقارماي تۇرايلى، — دېدى زۇلال چوڭقۇر تىنىپ، — ئەسلىدە مەن بارلىق ئۈمىدنى لەيلىگە باغلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇمۇ جىم بولۇۋالدى.

— بۇ قىز ھەر قېتىم پاشلىقنى كىرگەندە كامالغا جىق يېلىنىپتۇ، چۈشەندۈرۈپتۇ، بىراق كامال: «قانۇن بەربىر ئىككىمىزنى جازالايدۇ، شۇڭا كۈتۈپ باقىلى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

زۇلال بىلەن مەتنىياز كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان پاراڭلارنى قىلىشقاچ ھاشىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئوچۇق دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە ھاشىم باغدا مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتاتتى. ئۇ كەتمەننى تاشلاپ كېلىپ ئىككىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، قىر ئۈستىدە ئولتۇردى. ئاندىن ھاشىم ئۇلارغا قەغەز سۇنۇپ، تاماكا خالتىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدى. ئىككى ئاغىنە تاماكا ئورىغاچ بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن زۇلال گەپ باشلىدى. ئۇ يولدا كەلگىچە سۆزلىشىپ كەلگەن ئىشلارنى قىسقىغىنا بايان قىلىپ، «زادى قانداق قىلىش كېرەك» دېگەندەك ئۈمىدتە ئىككىسىنىڭ

كۆزلىرىگە قارىدى. ھاشىم قۇمچاقارغا بېرىپ ۋاڭ يۈك بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەندىن بېرى، نومۇس ۋە خىجىللىقتىن كوچىلارغىمۇ ئىشەنچلىك چىقالماس بولۇپ قالدى. پراكتىكىغا كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى ئانىسى - دادىسى كۆرمىگەن قۇملۇق چۆللەردە خورلانغان دېھقانلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتسا، ئۇنىڭغا ھەمقان، قانات ۋە مەدەت بولماي، ئەكسىچە يامانلارغا يان تاياق بولۇشتەك كۆڭۈل قارىلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟! ئۇلار بىر قانچە يىللاردىن بېرى قۇمتاملىق يارانلار بىلەن بىر نىيەتتە بىر - بىرىنىڭ دەردى - ھالىغا يېتىپ، مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتمىگەنمىدى؟ گەرچە ھاشىم ۋاڭ يۈگىنىڭ ئالدىدا كامال توغرۇلۇق ئوشۇقچە بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدانىنى، ئىنساپىنى قۇرتلار غاجىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ جەۋلاننىڭ تېلېفوندا: «بىر كوممۇنىست ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنى بىلە··· »، «بىر ئادەمنىڭ مەنپەئىتىنى پۈتۈن قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، ساختىلىق قىلغان ئادەمنى قانداقمۇ كوممۇنىست دېگىلى بولسۇن!» دېگەن سۆزلىرى ھاشىمنىڭ ئىنسانىي بۇرچىغا، ئادىمىيلىك ۋىجدانىغا، ئەرلىك غۇرۇرىغا سانجىلدى. دېمىسىمۇ راستقۇ، بىر خالىسانە پىداكار خورلۇق، ئازاب، كەمسىتىش، يۇقسۇزلۇقتىن قۇتقۇزىمەن دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقسا «ياق، بىز شۇنى خالايتتۇق··· » دەپ بوينىنى قىسىپ تۇرۇش نېمىدېگەن بىچارىلىك! كەمبەغەللىك، نامراتلىققا قارىغاندا، بىچارىلىك مىڭ مىراتەم نومۇس ۋە ئەيىب! چۈنكى بىچارىلىك، ئادىمىيلىكنى، ئىنسانىي پەزىلىتىنى، ۋىجدان - غۇرۇرىنى يۇندى ئەۋرەزلىرىگە تاشلىغاندىن كېيىنكى قىپيالىڭاچ روھىي قۇلدۇر!···

— بىز كامالنى ئاشكارىلايلى، جەۋلاننى ئالدىمايلى، — دېدى ھاشىم تاماكىسىنى قاتتىق شوراۋېتىپ، — بۇ بالا كەنتىمىز

ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتىدۇ.

— ھاشىمكا بىزمۇ مۇشۇ توغرۇلۇق كەلدۇق، — زۇلال بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، — جەۋلانىنىڭ جاپاسىنى دېسەك، ھەممىنى دېگۈمىز بار. لېكىن نېۋىخان ئانىمىز، كامال، لەيلىلەر قورقۇپ، ئەنسىرەپ بىزگە يېلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز كامالنى ئاشكارىلاپ، قانۇنىي جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىساقمۇ تەلىيىمىز، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان بولسا، بىر ئۆمۈر ئۆزىمىزنى كەچۈرەلمەيمىز.

— مەڭگۈ يۇيۇلماس بىر ئازابنى يۈكلىۋالىمىز، — مەتنىياز ئاستاغىنا قوشۇپ قويدى.

— ھازىر چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار نۇرغۇن پاكىتلارنى ئۆزگەرتىپ، يوقىتىپ، ئۆچۈرۈپ، ئويدۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ قىسىرىق چىقمىغۇدەك قىلىۋاتقاچقا بىزگە بارلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى ھاشىم ئاچچىقى بىلەن، — ھەتتا بەزى ئەترەت باشلىقلىرىنى قاچۇرۇۋەتتى. ھازىر جەۋلان بۆسۈش ئېغىزى قىلغۇدەك بىرەر كاۋاك تاپالماي ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولدى. لېكىن بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ…

— ھاشىمكا، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىمىدۇق ئەمەس، بىراق يەنىلا نېۋىخان ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئېغىز ئاچالمايۋاتىمىز.

— زۇلال توغرا دەيدۇ، — دېدى مەتنىياز، — لەيلى پاشلىقتا نەچچە قېتىم بېرىپ كامالغا دېمىسەڭ - ئەتمىگىنى قالمىدى. بىراق ئۇ قېرى ئانىسىدىن، ئېغىر ئاياغ لەيلىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئۆتۈنۈۋاتسا.

— ھاشىمكا، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، يەنە بىر مەزگىل قاراپ باقساق، — زۇلال يېلىنىدى، — مەسىلە ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ھەممىمىز كامالنى مەجبۇرلىساق.

ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلانغان ھاشىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ،

بىشىنى چايقىدى. ھەتتا ئاچچىقىدا ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىتىپمۇ چىقمىدى. تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان زۆلال بىلەن مەتنىيازمۇ بىشىنى ساڭگىلىتىپ كەنت تەشكىلىگە قاراپ كېتىشۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە بولۇپمۇ چاۋارلار «قېنى قانداق قىلالايسەن؟» دېگەندەك ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرماي يۇرۇۋاتقان، دېھقانلار كۈندىن ـ كۈنگە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىشۋاتقان، خىزمەتلەر تۇرغۇن ھالەتتە قېلىشۋاتقاندا، ھاشىم، زۆلال، مەتنىياز قاتارلىق يېزا ئاكتىپلىرى جەۋلاننىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قېلىشۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ جەۋلان بىرەر يىپ ئۇچى، تۇتقۇدەك ساپاق ياكى بوسۇش ئىغىزىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بارلىق تالونلارنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكشۈرۈپ بىرەر يوچۇق ئىزدەيتتى. چۈنكى بۇ ئۈچ ھىيلىگەر تۇلكە ئاللىبۇرۇنلا يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتناپ، تالون، ھۆججەت، ئاق ھۆججەت، ئېلىم ـ بېرىملارنى توغرىلاپ، گەپ ئۆگىتىپ، ئارىلىقتىن قىسىرىق چىقمىغۇدەك قىلىۋەتكەنىدى. شۇنداق بولىسىمۇ جەۋلاننىڭ تىنىق سۇدەك جىمجىت ئىشلەۋاتقانلىقى، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ سوئال ـ سوراق سورىمىغانلىقى، نەزىرىگە ئىلمىغاندەك كۆزدىن سېلىۋەتكەنلىكى چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن، كۈندۈزلىرى ئىشتىھادىن مەھرۇم قىلىۋاتاتتى. پەقەت ناگان ـ ناگاندا كېلىپ ئاشلىق ساڭ، گىلەم كارخانىسى، مەتسىدىقنىڭ مەنقۇلات ئامبىرى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشى، ئۇنى، بۇنى سوراپ قويۇشى، قوشۇمچە كىرىم، ياغلىق دان، چارۋىچىلىقتا دائىر ئىقتىسادىي كىرىم ـ چىقىم تالونلىرىنى كۆرسىتىپ، گويا ھېچ نېمە بىلمىگەندەك ئاسماقچىلاپ سوراپ قويۇشلىرى ئۇلارنىڭ تۇيۇقىدىن تارتىپ، مۇڭگۈزىگىچە سىرقىرىتىۋەتتى. چۈنكى سورالغان، ئېنىقلىماقچى بولغان، سېلىشتۇرما قىلىنغان سان، خەت، ۋاقىت، تامغا،

تۈرلەرگىچە چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ نەزىرىدە ھېلىلا پارتلايدىغان بومبا، يار ئالدىغان قىيان، تۇتەپ كېتىدىغان ئوتتەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئاشۇ تۈرلەرنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى، ئۆزگەرگەن بەلگىلىرىنى جەۋلاننىڭ سېزىۋالغانلىقى ئېنىقلا ئىدى.

زۇلال بىلەن مەتنىياز خۇددى مېھماندارچىلىققا بېرىپ ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىلاردەك خۇدۇكسىنىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جەۋلان يەنىلا ئىنچىكە تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، چىراغ نۇرىغا تۇتۇپ ئۆچۈرۈلگەن، ئۆزگەرتىلگەن بۇرۇنقى خەت، سان، ۋاقىتلارنىڭ ئەسلىي ئىزناسىنى كۆرۈش، خاتىرىلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ كىرگەنلەرگە باش كۆتۈرۈپ لەپپىدە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، ئىشلىرىڭلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، — دېدى زۇلال يەرگە قاراپ، — بۆسۈش ئېغىزى قىلىمىز دېگەن 3 ~ 4 ئەترەتلەرنىڭ باشلىقى - بوغالتىرلىرى قېچىپ كېتىپتۇ.

— دېھقانلار: «خىزمەت گۇرۇپپىسى بىزنى كادىرلارغا يامان قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى شەھەرگە كېتەرمىكىن» دېگەن ئەندىشىدىكەن.

— مەن بۇنىڭدىن گۇمان قىلمايمەن، زۇلال، — دېدى جەۋلان تەمكىن ھالدا، — بىز ئېلىشماقچى بولغان كۈشەندىلەرنىڭ پۇچقىقىغا پىت چۈشتى. ئۇلار قورققىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ كېچىلەردە دېھقانلارغا قورقاق سېلىۋاتىدۇ. بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ! ھەم تاتلىق ۋەدىلەرنى بېرىۋاتىدۇ.

— جەۋلان، — مەتنىياز ئۇستەلگە يېيىۋەتكەن تالونلارغا ئېگىلىشتى، — تالونلاردا مەسىلە باردەك قىلامدۇ؟

— بولغاندىمۇ ئېغىر، مەن قومچاقارغا بېرىپ كەلمەكچى. مېڭىشنىڭ ئالدىدا بىر يىغىن ئېچىۋالايلى، — جەۋلان چارچاپ

قالغاندەك قىلاتتى، ـــ چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتىسدىقلار سىلەرنى قاچانغىچە شۇلۇپ يەيدۇ؟ مەن بۇلارنى ھامىنى يەر چىشلىتىمەن. سىلەر ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى بىلىسىلەر، لېكىن نېمىشقىدۇر ئېيتقۇڭلار كەلمەيۋاتىدۇ.

جەۋلاننىڭ سۆزلىرىدىن قىزىرىپ يەرگە قارىغان زۇلال بايىلا ئىگەمبەردىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئەسكە ئالدى. يەنە نېۋىخان ئانىنىڭ «جېنىم بالىلىرىم، كامالنى ھەپىسگە ئەكىرىپ كەتسە مەن، لەيلى، بالا ئۈچىمىز قاندىق كۈنلەرگە قالارمىز؟ شۇڭا ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ھەرگىز دېمىسەڭلار...» دەپ يىغلىغان ۋاقتىدا تۆكۈلگەن ئۈنچىدەك ياشلار كۆز ئالدىغا كەلدى. تېخى كامالنىڭ لەيلىگە دېگەن گەپلىرىچۇ؟ شۇنداق ئىكەن، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالدىغا ماڭسا ئات ئۆلىدىغان، كەينىگە قايتساڭ ھارۋا ئۇرۇلىدىغان، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە توغرا ۋە ئاسايىشلىق يول زادى قايسى؟!

ـــ زۇلال، مەتنىياز، سىلەر باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ـــ جەۋلان ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان ئىدى، ئۇلار دەرھاللا يەرگە قارىۋالدى، ـــ ھەممىڭلار دېھقانلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە، يىغىنغا ئۆلگۈرۈپ كېلىڭلار، مېنىڭ ئەتە بىر كۈنلۈك جىددىي ئىشىم بار، ئۇنى تۈگىتىۋالمىسام قۇمچاقاردىكى يىغىندا يەرگە قاراپ قالىمەن.

ـــ ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە يىغىندىن كېيىن ماڭىدىغان ئوخشايسىز؟ ـــ سورىدى مەتنىياز، ـــ بولىدۇ، بىز باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈپ قويايلى.

زۇلال، مەتنىيازلار باشلىرىنى سالغان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. لېكىن جەۋلان شۇ كۈنى كەچكىچە ئىشلىدى. كەچلىك تامىقىنى يان قورۇدىكى مىنبىگلار ئاشخانىسىدىن يەپ يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھازىر ئۇ كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇلاقلىق تېلېفون ئورنىتىلغان

كىچىك بۆلۈمدە يېتىپ قوپاتتى.

كەنت تەشكىلى قورۇسى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن بولۇپ، پەقەت جەۋلان ئىشلەۋاتقان ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىلا يورۇپ تۇراتتى. پايانسىز قوم دەشتىدىن ئۇرۇپ تۇرىدىغان سەلكىن شامالمۇ نەلەرگىدۇر سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى. دەرۋەقە بوگۈنكى كېچە تولىمۇ سىرلىق ۋە سۈرلۈك سۈكۈتقا چۆمگەن ئىدى! «قوم يېيىغ» بويلاپ كېتىۋاتقان بەش ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلغان يوكنىڭ ئېغىرلىقىدىن قومىلۇقتا مۇدۇرۇپ ئارانلا ماڭاتتى. شۇنداقتىمۇ مەتسىدىق ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى سائادەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قامچىلاپ ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى ھەم ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپىغا قارايتتى. يەنە تېخى كەنت سىرتىدىكى قوم بارخانلىرى ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن «يۇلغۇنلۇق» دېگەن چاتقاللىقتا چاۋار ھەم ھابىل قارامىدەك ئىككىسى بىر ئۆي ھارۋىسى، ئۈچ ئېشەكتە تاغار، ساندۇق، گىلەملەرنى كىگىزلەردە ئوراپ يۆتكەۋاتاتتى. يەنە مۇشۇ جىمجىت كېچىدە پاشىلىقتا ماڭغان ئىگەمبەردى چاۋارنىڭ قاشقا تورۇقىغا قامچە سېلىپ ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاڭ سۈزۈلگىچە چاۋار، مەتسىدىقلارغا خوش خەۋەر يەتكۈزمىسە بولمايتتى.

ئادەمنىڭ روھى چۈشسە، ئېتىمۇ چاپالماس بوپقالىدۇ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئىگەمبەردى ئەتىسى تاڭ سەھەر تۇرماق، چۈشلەر بىلەن سالپىيىپ يېنىپ كەلدى. ئۇ قاشقا تورۇقنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان چاۋار بىلەن مەتسىدىق تېرىسىكىنىدىن بوغۇلۇپ قالاي دېگەندى. ئىگەمبەردىنىڭ سولىشىپ كەتكەن ھالىتى، پۇرۇشۇپ سارغايغان چىرايى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ گەپ قىلىپ بولغىچە چاۋار ئۆينى ئىشارەت قىلىپ «ئادەم بار» دېگەننى بىلدۈردى ھەم «كەچ گۆگۈم بىلەن قوم يېيىغدا ئۈچرىشايلى» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئىگەمبەردى بېشىنى

سالغىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ خوتۇنى نىساخان ئېلىپ كەلگەن بىرقاچا شويلىدىن بىرنەچچە قوشۇق ئېلىپلا بولدى قىلدى. ئۇنىڭ گېلىدىن ئاش تۇرماق تىرىقمۇ ئۆتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پاشىلىقتا تاڭ ئاتقىچە يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، كامال ئاقسۇغا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تاش چىشلەپ تۇرىۋالدى. ھەتتا 300 سوم پۇل، 50 جىڭ ئاشلىق بېلىتىگە قاراپمۇ قويمىدى. ئىگەمبەردى:

— بوپتۇ، ئۇزۇڭ دېگەندەك 500 سوم پۇل، ئۈچ ئايلىق 90 جىڭ ئاشلىق بېلىتى ئەكېلىپ بېرەي، — دېسىمۇ كامال قېتىغىمۇ ئالمىدى.

ئىگەمبەردىنىڭ لەيلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىسى كەلدى. ئۇ پاشىلىقتا كىرىپلا كامالنى بىر پىرقىرتىپ قويۇۋەتكەندەك ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئەگەر كامال 2 ـ 3 ئاي يوقاپ كەتكەن تەقدىردە كېلىۋاتقان بوراندىن ئامان قېلىشلا ئەمەس، چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالاتتى. ھەي تەتۈر پەلەك! «بىر تىلەمچى قىزنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟» دەپ سەل قارىغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئۇنىڭ بۇنداق ئوتقۇيرۇقى، زۇۋاندار، تۇرگۇنلىكىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا، كامالنى پاشىلىققا ھەيدىگەندىن كېيىنلا ئۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتكۈلۈككەن ئەمەسمۇ! قارا ئۇنىڭ يامانلىقىنى، بىر ئوبدان كېچىككە كىرگەن كامالنى تەرسا ئېشەككىلا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتا!... ئەمدى ئۇ جەۋلاننى ئىزدىشى، ئۇنىڭغا ھەممە بولغان ئىشلارنى دەپ، دەرد تۆكۈشى تۇرغانلا گەپ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ... بۇ پاخپاق كامالنى ئاشكارىلاپ قويسىلا تۈگەشكىنىمىز شۇ ... ئۇنى دىنغا، قانۇنغا باغلاپ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ھەتتا يارۇ بۇرادەرلىرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىنىمىز بىكارلا بولىدىغان بولدى. توۋا، توۋا، نەدىنمۇ ئۇندى بۇ قانجۇق!

تاققا ـ تۇققا ئەنسىز خىياللار بىلەن كەچ بولۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالغان ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنى نىساخاننىمۇ ئۇندىمەي ئاستىلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ قوم توپىلىق يوللاردا خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەي كېتىۋاتقىنىدا، ھاشىم يولۇقۇپ قالدى. ئۇلار سۇسقىنا ئېگىلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆتۈشۈپ كەتتى. ھاشىم كەنت كوچىسىغا قايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە ئارقىغا قايرىلىپ قارىغان ئىدى، ئىگەمبەردىمۇ تەڭلا ئارقىسىغا قارىدى ـ دە، قوم يېيىغ تەرەپكە كېتىپ قالدى. بۇ كېچىدە قوم يېيىغ تەرەپتە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن ھاشىم كەنت تەشكىلىگە قەدەم ئالدى ـ دە ئاستىلا ئەخمەت گاچىنىڭ غېرىبانە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا لەيلى پاشلىققا ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىدى. ئەخمەت گاچا ھاشىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئىشارىلار بىلەن بىرمۇ بىر چۈشەندى. ھاشىممۇ باشلىرىنى سىلكىپ، قوللىرىنى شىلتىپ قاش ـ كۆزلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلىگەنسېرى چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان لەيلىمۇ «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ھاشىم ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ، ئاق يول تىلىدى.

ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇچىسىغا قارا ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا ئاق تەلپەك كىيىپ، بېلىگە رومال باغلىغان لەيلى ۋە ئېگەرلەنگەن ئاق ئاتنى يېتىلىگەن ئەخمەت ئىككىسى كەنت تەشكىلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئەخمەت قىزىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرگەندىن كېيىن، لەيلى ئاتقا قامچا ئۇرۇشى «ئاقتاش» كىرىچىدىن ئايرىلغان «يا» ئوقىدەك چېپىپ، كۆز ـ يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

«ئاقتاش» بىردەمدىلا كەنتنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قوم يېيىغقا يېتىپ كەلدى. بۇ يوللار ئاتقا بەكمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، بوجىسىنى تارتمىسىمۇ ئۆزىلا يەر چاپچىپ قوملۇق ئېچىگە

كىرىپ كېتەتتى. ئات توپ ـ توپ يۇلغۇن چاقغاللىقىغا كىلە ـ كەلمەيلا قۇمدىلا ئولتۇرغان ئۈچ ئادەم دەرھاللا ئۆزلىرىنى يۇلغۇن دالدىلىرىغا ئالدى. يىراقتىنلا غەيرىي شەپىنى سەزگەن ئات خارتىلداپ ئۈركۈگەن بولسىمۇ، تىككىدە ئۆرىدەپ تەك بولدى ـ دە، قاتتىق كىشنىگىنىچە قۇملۇققا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا يۇلغۇن ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىققان چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار كىلىشىۋالغاندەكلا «لەيلى··· » دېيىشتى. باياتىن بېرى قايناۋاتقان چاۋار بىردىنلا پارتلىدى:

ـــ مانا كۆردۈڭلارما؟ بۇ پاسكىنا قانجۇق كامالنىڭ قوڭىغا ئوت قويغىلى ماڭدى ··· بۇ ھاشىم دېگەن كونا داشقالنىڭ پىلانى!

ـــ كامالنى ئاقسۇدىن يالتايتقان تۇرسا، ـــ دېدى مەتسىدىق، ـــ پاشىلىققا يەنە نېمىگە كىرىدىغاندۇ؟

ـــ ھەي، قاپاقباش سارالڭ، شۇنىڭغىما ئەقلىڭ يەتمىدىما، ئەمدى كامالغا «ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ، ئۈچ ئادەمنى گۆرىگە تىق··· » دېيىش ئۈچۈن بارمامدا! ـــ چاۋار ۋارقىرىغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى، ـــ ئىگەمبەرداخۇن ئەمدى ئاۋۇ ئاشناڭلار بىلەن بىرلىشىپ بىزنى تۇتۇپ بېرىشلا قالدى. ئويلاپ بېقىڭلار، ئازنە بازارغا بېرىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئىزلىگىنىمۇ شۇ!··· ئاقسۇغا كەتمەكچى بولغان كامالنى قايمۇقتۇرغىنىمۇ شۇ!! ··· ئۇنى قۇترىتىپ بىزگە قارشى قويغىنىمۇ شۇ! شۇ!! ···شۇ !!! بىز ئۈچىمىز ئاشۇ دىۋانىنىڭ قولىدا ۋەيران بولامدۇق؟! ئىگەمبەرداخۇن زادى قاندا قىلىدىلا؟

ـــ ئۇنى نېۋىخاننىڭ ئۆيىگە كەت دەپ يالۋۇردۇم، يېلىندىم، كۆچۈكلەندىم ··· يەنە نېمە قىل دەيسىلەر مېنى؟ ـــ ئىگەمبەردىمۇ چېچىلىپ قالدى، ـــ ئۇنى قۇمتامغا مەن پەيدا قىلغاندەك كوكۇلامغا نېمانچە ئېسىلىۋالسىلەر؟

ـــ ئۇنى نېۋىسخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىش بىلەن ئىش پۈتەمدا؟ ـــ چاۋارنىڭ كۆزلىرى بىردەمدىلا قان قۇيغاندەك

قىزىرىپ كەتتى، — ئۇنىڭ تۈزىنى تېتىيمەن، دەپ ئېلىپ قالمىغان بولسىلا، بۇگۈنكى ئاقىۋەت يۈز بېرەمتى؟ ...كەنتتىكى كۆرەش يىغىنىدىن كېيىنلا شەھەرگە ئاپىرىپ تاشلاۋەتكۈلۈكتى.

— ئۇنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىشىنى كىم بىلىپتۇ؟ — ئىگەمبەردى قۇمغا پاقىلدىتىپ ئۇردى، — مەن ... مەنمۇ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

— ئۇ قەلەندەر ھازىر جەۋلان بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن پەيت ھازىرلاۋاتىدۇ، — ۋارقىرىدى چاۋار، — كۆرۈشتىيۇ ئۆزى بىلەن كامالنىڭ تۆھمەت ئارقىلىق جازالانغانلىقىنى پاش قىلىدۇ، ئۇ چاغدا بىزگە قارىغاندا سىلىگە گۇناھنىڭ يوغان بېشى ئارتىلىشى ئېنىقلىغۇ!

— ئىگەمبەردىكا نەچچە يىلدىن بېرى، — دېدى مەتسىدىق تېگىنى ئويلىمايلا، — قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى كامال ئارقىلىق شەھەردە پۇل قىلمىدىلا.

— سىلەردەك بوغالتىر، ئامبارچىلاردىن ئاشقىنى ماڭا تەگكەندۇ؟ — ئىگەمبەردىمۇ بوش كەلمىدى، — ئىككىڭلارنىڭ تاپقان پۇلاڭلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭكى ياماقچە بولالمايدۇ. ئەمدى «كىم چىچتى، غېرىب چىچتى، يەرنى يېرىپ چىچتى» دەپ ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزۈڭلار ئاق بالىخان بولۇپ، قىرغا چىقماقچىمۇ؟

— ئاغزىڭنى باس ئىت پاكار، — چاۋار مەتسىدىقنى تىللىۋەتتى، — ھازىر «كىم ئاز ساتتى، كىم كۆپ ئالدى» نى چوقۇلايدىغان ۋاقىت ئەمەس! گەپنىڭ پوسكاللىسى لەيلىنىڭ بىزنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتقانلىقى.

— خەپ ئەخمەت گاچا، ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام، — ئىگەمبەردىنىڭ چىشلىرى كىرىشتى، — ئاشۇ مۇناپىق لەيلىنى پاشىلىققا كۆندۈرمىگەن بولسا، مۇشۇ خاپىلىقلار يوق.

— ئىگەمبەرداخۇن ئەمدى پىچاقلىرىنىڭ ئۆتۈشى ناتايىن، —

چاۋار قولىنى شىلتىدى، — ئەخمەتنىڭ ئەدىپىنى بەرسىلە، ھاڭراپ جەۋلاننى ئىزلىسە، ئۇنداقتا لەيلىنى ئىككى قولىلاپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرى تاپشۇرغان بولماملا؟

— چاۋاركا، بىز بۇنداق تالاشقىنى تۇرساق، تاڭ ئېتىپ كەتكۈدەك، مېنىڭ كاللامغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ.

ئۈچ كاللا بىر يەرگە كېلىشى مەتىسىدىق پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىدى. لېكىن ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە «يامان جاڭگال؟» — ئىگەمبەردى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — مەن ··· مەن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. ئوتتۇنغا كىرگەنلەرمۇ ئېزىپ، چىقالماي جېنىدىن ئايرىلغان تۇرسا ··· بۇ ··· بۇ ئادەم قەستلەشقۇ.

— ئۇنىڭ تىرىك يۈرۈشى سىلىنىڭ ھەم بىزنىڭ ئەجىلىمىز، بۇنى بىلەملا؟

— مەتىسىدىق، تولا ھەددىڭدىن ئاشما، — ئىگەمبەردى بىگىز بارمىقىنى مەتىسىدىقنىڭ كۆزىگە قادىدى، — سېنىڭ كاللاڭ جايىدىمۇ ياكى ئىلىشىپ قالدىڭمۇ؟

— ئىگەمبەرداخۇن، سىلىمۇ تولا شاشمىسىلا، — چاۋار ئوتتۇرىغا چۈشتى، — مەتىسىدىق بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئانچە قورقۇنچىمىز يوق. لەيلىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن كېچىلەردە قۇترىغان كىم؟ نېۋىخانىغا بېسىم ئىشلىتىپ قورقۇتقان كىم؟ نايىمگۈل ئارقىلىق جەۋلاننى پاتقاققا مىلىمەكچى بولغان ئادەم يەنە سىلى! لەيلىگە باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان باسقۇنچى بۇ ئۆزلىرىگە ئايان! شەھۋانىي نەپسىلىرىنى قاندۇرالماي ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاپ، ئاغزىغا كۆشۈك سېلىپ كۆرەش قىلىشنى پىلانلىغان ئادەم ئەخمەت گاچا ئەمەستۇ؟ ئەمدى دەپباقسىلا، مۇشۇ قاتمۇ قات جىنايەتلەر ئۈچۈن قانچە قېتىم ئېتىلار؟! شۇڭا لەيلىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك

قىلىدىغان ئادەم نەق سىلى!

— بولدى، بولدى، — ئىگەمبەردى ئالىقانلىرىنى يايغاچ ئارقىغا چېكىندى، — مېنىڭ ئاغزىم لىق قان بولسىمۇ، سىلەرگە پۈركۈمەيمەن ··· ئەمما جىنايەت يولىغا مېنى باشلىيالمايسىلەر!

ئىگەمبەردى يوغان - يوغان چامداپ قوم بارخانلىرى ئارا غايىب بولدى. مەتسىدىق ئۇنى توسۇماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشى چاۋار ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئۇ كېتىۋەرسۇن، بۇنداق خوتۇنپۈرۈشلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ···

— ئۇ ··· ئۇ بىزنى···

— مۇمكىن ئەمەس، — چاۋار ئاچچىقىنا كۈلدى، — ئۆزىنىڭ كۆتى نەچچە چارەك پوق تۇرۇپ، باشقىلارغا كۆتۈڭ پوقكەن دېيەلەمدا؟ ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلى، جەۋلانىنىڭ قۇمچاقارغا بېرىشى ئىشەنچلىكمۇ؟

— شۇنداق، ئەتە ماڭىمىش، ئاڭلىسام نەچچە كۈنلۈك يېغىن بار ئوخشايدۇ.

تەكلىماكان ئاسمىنى سەرراپ خەزىنىلىرىدىن تۆكۈلگەن كېپەك ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تولغان ئىدى. بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي ئۇلارنىڭ ئىچىدە زەر ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يۈرگەن پەرىشتىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ سىرلارغا شاھىت بولغان نۇرلىرى قۇملۇق دەشتىنى كۆكۈچ گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق قۇملۇق ئېتىزلار ئارا ئايلىنىپ، خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشتى.

ھەق گەپنى قىلغاندا، كامال ھەم لەيلى قۇمتامدا ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نىمە ئۈچۈندۇر چاۋارنىڭ قورقۇنچىسى ئۆزگىچە بولۇپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەن،

# تەكلىماكان ئۈنلى (1)

كامال، لەيلىلەرنىڭ ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدىغان، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي، تۇغلۇكتىن كۆك ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرىدىغان، ئۆزىچىلا نېمىلەرنىدۇر دەيدىغان، نەلەرگىدۇر ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارايدىغان، سەپرا مىجەز، مىجەزى ئۆمىسە، ئۇندىمەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكرى – خىيالى ھازىرقى مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئۆتۈۋاتقان، مەئىشەتلىك ھاياتىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ئىدى. ھەر يىلى يازلىق ھەم كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ھەر خىل ئاشلىقلار بىلەن تورۇسقىچە تولۇپ تۇرىدىغان شۇنچە چوڭ ئامبارلار ئۇنىڭ «ئىچىل داستىخىنى»، «ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئىشىكى» بولۇپ كەلدى. مۇشۇنداق تۈگىمەس – پۈتمەس خەزىنىگە نەدىكى ھارۋىكەش ھەم دىۋانە سوغۇق قولىنى سوزسا، چاۋارنىڭ يۈرىكى قانداق چىدايدۇ. «بوپتىلا بۇ كونا دۇنيا كىملەردىن قالمىغان» دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەمىنلىك تاپالمايدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان! بۇ چاققىچە خۇدا ئۇنى خۇددى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئامان – ئېسەن، بەخىرامان ساقلاپ كەلدى. ئەگەر بۇ قېتىم تەقدىردىن ئىبارەت كاللەك يېپى قولىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۈگۈچ، چىگىش، ئۇلاقلىرىغىچە چۇۋۇلۇپ كېتەتتى ... ئۇ چاغدا چاۋار مەئىشەت خەزىنىلىرى تۇرماق، ئىت جېنىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا: «بۇ دۇنيادا يا سەن تۇرىسەن، يا مەن تۇرىمەن... » دېگەن ئىرادىگە كەلمىگىچە ئۇنىڭغا چىقىش يولى نەدە تۇرۇپتۇ؟!

تۈن نىسپىدىن ئۆتتى. قۇم چۆللۈكى گىرىمسەن، كۆكۈچ ئاي نۇرىدا سېھىرلىك تىلسىماتتەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ھەربىر تۈپ قەدىمىي توغراق، شاخاراپ كەتكەن بەقەم، ئاپئاق پاختا يۇلغۇن، ئاستى كۇننەگىلىشىپ كەتكەن بارخانلار تېگىدىكى چىگىش يىلتىزلار، نەدىندۇر ئاڭلانغان ھۇۋقۇشنىڭ «ھۇۋ ... ھۇۋ... »

دەپ سايرىغان شۇم ئاۋازى يۈرەكلەرگە ئەنسىزلىك تىرنىقىنى پاتۇراتتى. مەتسىدىق قورقۇپقىنا ئەتراپىغا قاراپ قويدى. بولۇپمۇ چاۋار ئېزىپ ئىچۈرگەن ئېغىر ئاقىۋەتلەردىن ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى تىترەپ، ئۆزىنىڭ نەپەس تىۋىشىدىنمۇ چۆچۈپ تۇراتتى.

— دېگەنلىرىمنى ئاڭقىرالىدىڭمۇ، مەتسىدىق؟ — چاۋارنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى، — سەن جىگەرلىك يىگىتسەن، ھەرگىز ئىگەمىبەردىدەك لامزەللىگە ئوخشىمايسەن.

— ئاڭقىرالىدىم ··· ئۇقتۇم ··· ئەمدى، ئەمدى، — مەتسىدىقنىڭ ئاۋازى غەلىتىلا چىقتى، — ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ.

— ئەمىسە بىز دەسلەپتە···

چاۋار مەتسىدىقنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاۋاتقاندا، ئاسماندىكى ئاي قۇمتاغلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پاشىلىقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كونا، غېرىبانە يالغۇز ئۆي، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبىلار، پىچان دۆۋىلىرى، توغراق غولىغا يۆلەپ قويغان چالغا، قارىداپ كەتكەن ئوچاق، ئېگىزلىقتا سېلىنغان يىرتىق كىگىز، سامان تەكيىلەر مۆڭلانغاندەك كۆرۈنەتتى. پۈتىدا پۈرمە چورۇق، تىزلىرىغىچە ئورالغان گوجەي ئىچىگە ئىشتان پۈشقاقلىرى كىرگۈزۈلگەن، چاك ياقىلىق ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئىچىۋېتىلگەن، چۇشۇرۇلگەن قاپقارا چېچى، كىرپىدەك ئېگىزلاشقان كامال بىر تۈپ توغراق يېنىدا لەيلىگە تەتۈر قاراپ خاپا ھالدا ئېغىر تىنىپ تۇراتتى. لەيلى شارتلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، جىددىي تەلەپپۇزدا قوللىرىنى شىلتىدى:

— سىز ئۆزىڭىزدىن ئەنسىرەپ، قۇمتام دېھقانلىرىنى ئۈچ يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدا مەڭگۈ قالدۇرماقچىمۇ؟ ئۆزى ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن! — لەيلى كامالنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى، — مەن سىزنىڭ جاسارىتىڭىزنى، ئەرلىك غۇرۇرىڭىز، پاك ۋۇجۇدىڭىزنى

ياخشى كۆرگەن!

— مەن ئۆزۈمنى ئويلىغىنىم يوق، لەيلى، — كامال ۋىجدانىنى ئۆرتىگەندەك گەپلەردىن سەل يۈمشىدى، — ئانام ياشنىپ قالغان تۇرسا، سىز بولسىڭىز ئىغىر بوي ··· ئالىمادىس ئىشلار تەتۈرسىگە ئايلانسا···

— سىز ئانامدىن ئەنسىرىمەڭ، مانا مەن ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئالىمەن.

— لەيلى، رەھمەت، — كامالنىڭ كۆزلىرىگە ياش يۈگۈردى، — سىزنىڭ ماڭا بولغان ئەقىدىلىرىڭىزگە، ۋاپادارلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. بىراق سىزنى جاپاغا قويغۇم يوق.

— ئەمىسە قۇمتامدىكى بىچارە، ياۋاش دېھقانلار مەڭگۈ خارلانسا بولىۋېرەمدا؟ كۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كىملەر شۈنچىلىك نامرات قىلىۋەتتى؟

— ئاھ خۇدا، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسام تىلىم بۇنداق تۇتۇلۇپ قالارمىدى؟ ئۇ مۇناپىقلار ئەركىن - يايراپ يۈرەرمىدى؟

— سىز پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ — لەيلى قىزىرىپ قورسىقىنى تۇتتى، — مەن بىر ئاجىزە تۇرۇپ ھېچنېمىدىن قورقماي يۈرسەم···

لەيلى ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. كامال دەرھال بېرىپ ئۇنى باغرىغا باستى.

— خاپا بولماڭ لەيلى، مەن ··· مەن ئەسلىدە ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. مەن تېخى «ئاتا بولىدىغان بولدۇم» دەپ جېنىمغا پاتماي يۈرسەم، قانداقمۇ پۇشايمان قىلاي؟

— كامال سىز پەقەت يامان تەرىپىنىلا ئويلاۋاتىسىز، ئەگەر راستىنىلا يەرلىك سىياسەت غالىب كېلىپ، سىزگە بىرەر پېشكەللىك يەتسە، مەن ھەممە گۇناھنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئۇنى مەن مەجبۇرلىغان دەپ سىزنى قۇتقۇزۇپ، تۇرمىگە ئۆزۈم

بارىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلمىسام مېنى ئادەم دېمەڭ.

— لەيلى ··· لەيلى ··· بولدى گەپ قىلماڭ، — كامال لەيلىنى بارىغا تېخىمۇ چىڭ باستى، — مېنى ··· مېنى بەكمۇ نومۇستا ئۆلتۈردىڭىزغۇ، بولدى، سىلەر قانداق ئورۇنلاشتۇرساڭلا مەن رازى. بېرىپ ھاشىمكام، زۇلال، مەتنىيازلارغا ئېيتىڭ.

— كامال ··· كامال··· — لەيلى كامالنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، — ھەرگىز سىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ. جەۋلان سىياسىي قانۇندا ئوقۇغان يىگىتكەن، سىزنى جازالاش ئەمەس، بەلكىم خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ مۇكاپاتلىشى مۇمكىن.

— ماڭا مۇكاپات، شان - شۆھرەتنىڭ كېرىكى يوق. پەقەت سىزنىلا ماڭا بېرىۋەتسە شۇ چوڭ مۇكاپات.

كامالنىڭ ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى، ئەرلىك شۆھرىتىنى نومۇس ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ئاخىرى ئۆز كېپىگە كىرگۈزگەن لەيلى «ئاقتاش» نى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە كەنتكە يېتىپ كەلدى. ئەخمەت گاچا قىزىرىپ كېلىۋاتقان كۈنچىقىش تەرەپكە قارىغانسېرى جىددىيلىشىپ، دەرۋازا ئالدىدا، ئالدى - كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ يىراقتىنلا ئاق ئات، ئاق تەلپەكنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قولىنى پۇلاڭلاتتى. لەيلى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا، چولۇۋۇرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى - دە: «ھاشىمكام قايتىپ كەلگەندە، مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ دەپ تاپىلىغان» دېگەن مەقسىتىنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇرۇشى ئەخمەتمۇ: «بىلىمەن، دەرھال بېرىمەن» دەپ قولىدا ئىشارە قىلدى. لەيلى رومىلىدا يۈز - بويۇنلىرىنى يۆگەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قوغۇنچى مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىشى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ھاشىم «لەيلى» دەپ پىچىرلاپ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى. ئۇ قىزنى ئۆيگە باشلىغان ئىدى، لەيلى مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي زادىلا ئۇنىمىدى.

# ئەگىلماكان ئۆتلى (1)

ئەتىگەن سەھەردىلا ئاڭلىغان خۇش خەۋەردىن بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ھاشىم ئالدىراپ تۇرغان لەيلىنىڭ پېشانىسىغا بوشقىنا سۆيۈپ قويۇپ، يولغا سېلىپ قويدى. ئۇ جەنئەتخان ئېتىپ بەرگەن ياڭاق چېپىسىغا زاغرا چىلاپ يەپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، كەنت تەشكىلىگە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كامال ـ لەيلىلەر توغرۇلۇق ھازىرلا جەۋلانغا دېگۈسى كەلدى. لېكىن يىغىنغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ پىكرىنى چاچماسلىق، جىددىيلەشتۈرۈپ قويماسلىقنى ئويلاپ دېمەسلىك قارارىغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ «شەپە» بېرىپ جەۋلاننى خۇشال قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ھاشىم كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە جەۋلان، زۇلال، مەتنىياز، كېرەم موللا، ياربەختى، ئايشەم، كامالەت قاتارلىق 7 ~ 8 دەك ئەترەت كادىرلىرى ھەم بىرقانچە ئاكتىپ ياشلار يىغىلىپ بولغانىدى.

— ھەممىڭلار ماڭا بىر يېرىم ئېچىلىپ قالغاندەك قارايسىلەرغۇ؟ — دېدى ھاشىم ئىشەنچلىك ھالدا، — بۈگۈنكى كېچىكىشىم «يوللۇق كېچىكىش»، چۈنكى مەن بۈندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىشتىن بىرنى قىلىۋېتىپ كەلدىم. سىلەرگە كېيىن دەپ بېرىمەن.

— راست، ھاشىمكام يىغىلىش، يىغىن، پائالىيەتلەرگە پەقەتلا كېچىكمەيتتى، — جەۋلان دەرھاللا ئىزاھلىدى، — خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن كېچىككەن بولسا، بىز ئۇنى كەچۈردۇق.

بۈگۈنكى بۇ يىغىلىشنى يىغىن، مەجلىس، سۆھبەتمۇ دېگىلى بولمايتتى. پەقەت جەۋلان قۇمچاقارغا مېڭىش ئالدىدىكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنداقلا بۇ چاقىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىن قىسقىغىنا دوكلات بېرىش ئىدى. جەۋلان تەمكىن ھالدا «قاپقاقنى ئېچىش» چوڭ ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ خىزمەتلىرىنىڭ ئىجرا

قىلىنىش ئەھۋالى، بۇنىدىن كېيىنكى ئىشلەشكە تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە چوڭ ئىشخانا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتكەنىدى. ھازىر ماتېرىيال، ھۆججەت، مەركەزلەرنىڭ يىزىلارغا ئائىت تەرجىمە ماقالىسى، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ئۆگىنىپ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ ئەمدىلا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش باسقۇچىغا قەدەم قويغانىدى. بۇنىڭدا تالون، ھۆججەتلەرنى سېلىشتۇرۇش، دېھقانلاردىن ئېنىقلاش، پىكىر ئېلىش، گۇمانلىق تالون ۋە ئاق ھۆججەتلەرنى رايون، ناھىيە، شەھەر، ھەتتا ۋىلايەت ئاتلاپ تەكشۈرۈش، نەقلەشتۈرۈش، ئاخىرىدا بېكىتىش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەلۋەتتە بۇ بىر جەريان بولۇپ، بىر قانچە گۇرۇپپىلار تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىش تەلەپ قىلىناتتى. جەۋلان ئومۇمىي ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى:

— «دېھقانلار ئارقىغا يېنىۋالدى»، «گەپ قىلمايۋاتىدۇ»، «بىزگە گۇمان بىلەن قاراۋاتىدۇ» دەپ ئۇلارغا بېسىم قىلمايلى، مەجبۇرلىغان ئىشتىن ياخشى ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقمايدۇ. ماڭا ئىشەنمەي مۇھىم مەسىلىلەرنى سىر تۇتۇۋاتقان ئاكتىپلىرىمىز توغرۇلۇق ئۇلاردىن رەنجىسەك توغرا بولامدۇ؟ — زۇلال، مەتنىياز قاتارلىقلار قىزىرىپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى، — مەن قۇمتاملىق دېھقانلارغا شۇنداق ۋەدە بېرەلەيمەنكى، قۇمتامنىڭ يىلىكىنى شوراپ كەلگەن سۈلۈكلەرنى يوق قىلمىغۇچە ھەرگىز كەتمەيمەن.

ئولتۇرغانلار بىردىنلا چاۋاك چېلىۋەتتى.

— ئۇلار زاڭ ماللارنى يۆتكەۋاتىدۇ، تىقىشتۇرۇۋاتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ ئادەملەر خەلققە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرىدۇ ··· ۋە قۇمتاملىقتىن

ئەپۇ سورايدۇ···

چاۋاك تىخىمۇ قاتتىق ئۇرۇلۇپ، خىلىغىچە توختىمىدى.

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — جەۋلاننىڭ چىرايى تەمكىن ئىدى، — بۇ كۇنلەرگە ئۇزۇن قالمىدى، ئەگەر ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام مەن سالپاڭ قۇلاق توشقان، ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان قونچاق بولۇپ قالامدىمەن.

كۆلكە قايتىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. لېكىن كامالەت بىلەن مەتنىياز ھۆپپىدە ئېسىلىپ يەرگە قاراشتى.

— يولداشلار گېپىم سەل ئۇزىراپ كەتتى، — جەۋلان كامالەتكە لەپپىدە قاراپ قويدى، — مەن يىغىنغا كەتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاش خىزمىتىگە يەنىلا زۇلال بىلەن مەتنىياز، ئومۇمىي ئىشلارغا ھاشىمكام مەسئۇل بولىدۇ ···

— مەن نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەي دەۋاتىمەن، — ھاشىم ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇدى، — جەۋلان ئىنىمىز شۇنچىلىك ئىرادىگە كەلگەن يەردە بىز قۇمتاملىقلار قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدۇق. جەۋلان بۇ قېتىم يىغىندىن قايتىپ كەلگەندە، يېڭىچە غەيرەت - شىجائەتكە تولغان قۇمتاملىقلارنى كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز، شۇنداقمۇ؟

ئولتۇرغانلار ئىشەنچ بىلەن «شۇنداق» دەپ ۋارقىراشتى. ئاندىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ جەۋلانغا قول بېرىپ بىر - بىرلەپ خوشلاشتى. پوپكىسىنى قولتۇقلىغان جەۋلاننى ئۇزىتىپ ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، ياربەختى، كېرىمۇللا، ئايشەم قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھويلىغا چىقىشتى. ئەخمەت گاچا ئاق ئات «ئاقتاش»نى ئېگەرلەپ ئۇلارغا ساقلاپ تۇراتتى. جەۋلان ئەتراپىغا قاراپ كۆزلىرىدە بىركىمنى ئىزلەۋاتقانلىقىنى سەل چاندۇرۇپ قويدى. باشقىلار يوشۇرۇن شەرەتلىشىپ ئاستا كۇسۇرلاشتى. ھاشىممۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

— كامالەت ھازىرلا ئىشخانىدا بار ئىدى، — ھاشىم ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — نەگە كەتكەندۇ بۇ قىز؟

— خەير - خوش، — جەۋلان ئېتىغا مىندى، — ھەممىڭلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۇتۇقلۇق بولسۇن.

ئۇلار جەۋلاننى ئۇزىتىپ، دەرۋازا ئالدىغىچە چىقىشتى. ئاندىن «ئاقتاش» كەنت كوچىسىدىن ئۇزاپ كەتكىچە قاراپ تۇرۇشتى. جەۋلان ئېتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، خىيال بىلەن ئاستا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ھاشىمنىڭ «يوللۇق كېچىكىش»، «كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىشتىن بىرنى قىلىۋەتتىم» دېگەن سۆزلىرى ئېسىدىن كەچكەن جەۋلاننىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد نۇرى يانغاندەك بولدى. ئۇ قۇمتاملىق كادىرلارنىڭ ئاكتىپلارنىڭ بۇچاققىچە كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقان قانداقتۇ چىگىش بىر ئىشنىڭ ھەل بولغانلىقىنى جەزملىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ھاشىم ئىشەنچلىك ھالدا: «جەۋلان قايتىپ كەلگەندە يېڭىچە غەيرەت - شىجائەتكە تولغان قۇمتاملىقلارنى كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز··· » دېيەلمىگەن بولاتتى. ئېھتىمال بىر قىزغا چېقىلىپ قويۇپ، پاشىلىقتا سۈرگۈن قىلىنغان ھەم شۇ يەردىن قېچىپ كەتكەن كامال ھەققىدىكى ئىشلار بولسا كېرەك.

جەۋلان قۇمتام كەنتىنىڭ قىر دەريا سايلىقىغا پەسلەپ چۈشۈپ كېتىدىغان يولدا قوملارنى توزۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. قىرغاق بويلاپ توغراق، يۇلغۇن، مۇشا، سەندىلەچ ۋە جىگدە قاتارلىق ھەر خىل دەرەخلەر دەريا سايلىقىغا ئېگىشىپ تۇراتتى. جەۋلان: كامال راستتىنلا ۋالڭ يۇلڭ ئېيتقاندەك شۇنچە مۇھىم ئادەممىدۇ؟ دېگەن خىيالدا كېتىۋاتقىنىدا بىر تۈپ پاخپاق توغراق ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان كامالەت ئاتنىڭ ئالدىدا توغرا تۇردى. ئات بىردىنلا ئۈركۈپ، بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا داجىدى - دە، ئاندىن خارتىلداپ توختىدى.

— كامالەت تاس قالدىڭىز - ھە، ئاتتىن يىقىتىۋەتكىلى، — جەۋلان ئاتتىن چۈشتى.
— ئۈششۈق، يىقىلىپ كەتكەن بولسىڭىز خوپ بوپتىكەن.
— ئەگەر قاتتىق يىقىلىپ كېتىپ···
— بولدى، دېمەڭ، — كامالەت جەۋلاننىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — قالايمىقان گەپ قىلسا، ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كېتىدۇ.
— سىز نېمانچە ئەنسىرەپ كېتەتتىڭىز، — جەۋلان قىزنى قەستەن گەپكە سالدى، — مەن سىزنىڭ ھېچنېمىڭىز بولمىسام، يە.
— سىز دېگەن، مەن ئۈچۈن جەننەتتىن چىققان غۇلمان.
— ئۆتكەندە ئىشخانىدا مۇگدەپ قىلىپ «غۇلمان» دېگىنىڭىز بىكار ئەمەسكەندە؟
— شۇ چاغدا، — كامالەت ئالىقانلىرىدا كۆزلىرىنى توستى، — بولدى، دېمەيمەن···
— دېمەمسىز؟ — جەۋلان ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ تەمشەلدى، — ئەگەر دېمىسىڭىز، كېتىمەن جۇمۇڭ.
— ئۇ چاغدا سىز، — كامالەت تەتۈر قارىۋالدى، — سىز مېنى سۆيۈۋېلىپ قېچىپ كەتتىڭىز···
— مەنما؟··· — جەۋلان كۈلۈۋەتتى، — ئۈششۈق دېگەن ئۆزىڭىزكەن.
— ئۇ ··· ئۇ دېگەن خىيال ··· چۈش ··· سۆيگۈزسەم سۆيەرسىز، غۇلمانجان بايقۇش ··· — كامالەت ئاستا شىۋىرلىدى، — جەۋلان، قاچان قايتىپ كېلىسىز؟
— ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن، — جەۋلانمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ئورنۇمغا باشقا بىرسىنى بەلگىلەپتۇ.
— يالغان ··· يالغان ··· ئالدامچى، — قىز جەۋلاننىڭ مەيدىسىگە بوشقىنا ئۇردى.
— راست خوتۇنۇم تېلېفون قىلىپتۇ، باللار كېسەل بولۇپ

قالغان ئوخشايدۇ.

— مېنى ئالداۋاتىسىز، ئوقۇغۇچى دېگەنىنىڭمۇ خوتۇنى بولامدۇ؟ يەنە تېخى «بالىلار» دەپ كەتكىنىنى.

— راست دەيمەن، خوتۇن، تۆت بالام بار…

— نېمە؟، — كامالەت قىزىرىپ كەتتى، — ۋاي خۇدايىم ئەجەب بىر بولۇپ كېتىۋاتىمەنا…

— نېمىشقا؟

— هازىر … هازىر … مېنى «خوتۇن» دېدىڭىزغۇ؟

— راستما؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ.

جەۋلان بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، چۈنكى ئۇ ۋاڭ يۇڭنىڭ «قۇمتامنىڭ قىز - چوكانلىرىغا ئالدىنىپلا كەتمىسەڭ… » دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالغانىدى. تېخى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەيسايۇفمۇ: «قىسماقتا دەسسىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى قەتئىي كەچۈرۈلمەيدۇ…» دەپ ئاگاهلاندۇرغانىدى.

— كامالەت مەن ماڭاي، يىغىنغا كېچىكىپ قالسام بولمايدۇ.

— ئەمىسە بۇنى ئالغاچ كېتىڭ، — كامالەت قولياغلىقتا ئورالغان نەرسىنى جەۋلاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇ تۇخۇملارنى كېچىدىن ئۇخلىماي پىشۇرۇپ بوياپ چىقتىم. خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمدەك قىپقىزىل دەڭا.

كامالەت تېلىقىپقىنا كېلىپ جەۋلاننىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئەركىلىتىشى، باغرىغا چىڭ بېسىشىنى، ھەتتا يىرىك لەۋلىرىنى مەڭزىلىرىگە تەگكۈزۈشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغانىدى، لېكىن يۈرىكى ئېغىپ تۇرغان جەۋلان «خوش» مۇ دېمەي ئېتىغا مىندى، كۆزلىرىگە لىپمۇلىق سۈزۈك ياشلار تولغان ئېپپەتلىك قىز ئارقىسىغا قايرىلىپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. جەۋلان قىزنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ راستتىنلا تەشۋىشلىك مۇھەببەت بولدى. ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمىغىدەك …

جەۋلان ئىتتىغا مىنىپ قۇمچاقار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋاتقاندا «ئۆزۈمنى تارتىپ ئالالمىسامچۇ؟!» دېگەن ئوي يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۈيۈپ قالدى.

## ئون بەشىنچى باب

# قۇملۇقتەك بىپايان كۆڭۈل

ئېغىر ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ، قۇمتام ئاسمىنى سۇۋارى تۇتۇلۇپ كەتكەچكە ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. كۆزىدىن باشقا يېرىنى قارا لاتىدا يۆگىۋالغان ئىككى ئادەم ئاتلىرىنى قاترىتىپ كەنت تەشكىلىنىڭ قوم توپىلىق كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار لاپاسلىق ئېغىلىنىڭ تېمىغا ئېڭىشىپ قالغان دوڭغاق ئۇجمىگە ئاتلىرىنى باغلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئۇجمىگە يامىشىپ ئۆگزىگە چىقتى ـ دە، دۆۋىلەنگەن پىچان دالدىسىغا زوڭزايغىنىچە كەنت قورۇسىنى خېلىغىچە كۆزىتىپ تۇرۇشتى. ھويلا ئىچى جىمجىت سۇكۇناتقا چۆمگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ نىقابلانغان ئېگىز ۋە تەمبەل بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر پاكار ئادەم دەرۋازا يېنىدىكى شورتامدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار پاسىل تامنىڭ قاراڭغۇ دالدىلىرىدا شەپە چىقارماي، ئېڭىشكىنىچە تاشلاندۇق ئامبارغا يېقىنلاشتى. ئىشىك ئالدىغا سېلىنغان بىر پارچە كىگىزدە ئەخمەت گاچا بېشىغا سامان تەكىيە قويۇپ، يەكتىكىنى يېپىنىپ، ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ئۇخلاۋاتتى. ئامبار ئىچىدىنمۇ لەيلىنىڭ بوش پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نىقابلانغان ئىككى ئادەم شەرەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، كىگىزنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ پەسكە تارتىشى ئۇيقۇلۇقتا دەسلەپتە ھېچنېمىنى سەزمىگەن ئەخمەت گاچا بىردىنلا كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ: «ھە، بە، بە ··· كې، كا ··· تا

تى، تا··· » دەپ غەلىتە ئاۋازدا ۋارقىراپ نىقابلانغان ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشى يەنە بىرسى قىسقىغىنا توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سېلىپ ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەخمەت گاچىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان لەيلى ئامبار ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ، ئەخمەت ياتقان يەرگە قارىشى، ئىككى نىقابلىق ئادەم بېسىپ كىرگەنچە ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى ـ دە، دەرھاللا ئاغزىغا خام لۆڭگىنى پۇرلاپ تىقتى. ئاندىن پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ، كۆزىنى تېڭىۋەتتى.

— ئەخمەت گاچىنىڭ تامبال بېغىدىن دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئال، — دېدى تەمبەل نىقابلىق ئادەم پىچىرلاپ، — تېز بول.

نىقابلىق پاكار ھوشسىز ياتقان ئەخمەتنىڭ ئىشتانبېغىغا باغلانغان ئاچقۇچنى ئېلىپ تۇرۇشى يەنە بىر نىقابلىق لەيلىنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئىشلار شۇنچىلىك تېز ھەم چاققان بولدىكى، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى. بۇ ئەسنادا باياتىن بېرى ئامبار ئۆگزىسىدە ماراپ ياتقان ھابىل شوتا ئارقىلىق پەسلەپ چۈشتى. ئۇ تامغا يۆلەكلىك سۇپۇرگە بىلەن دەرۋازا ئالدىدىكى ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن، ھويلا ئىچىدىكى ئىزلارنىمۇ سۈپۈرۈپ ئۆچۈردى. ئۇ قولۇپ تۆشۈكىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان ئاچقۇچنى ئېلىپ، دەرۋازىغا قۇلۇپ سالغاندىن كېيىن، ئارقىچىلاپ مېڭىپ، ئۆز ئىزىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئەخمەتنىڭ ئىشتانبېغىغا باغلاپ قويۇپ، شوتا ئارقىلىق يان قورۇ ئۆگزىسىگە چىقىپ كەتتى. ھابىل يىراقلارغا قانچە تىكىلىپ قارىغان بولسىمۇ نىقابلىق ئىككى ئاتلىقنى كۆرەلمىدى. بۇ چاغدا ئۇلار بىپايان قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئاتلار بەس ـ بەستە يول تالىشىپ، قۇملۇق ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلىمەكتە ئىدى. تەمبەل نىقابلىق پۇت ـ قوللىرى

باغلانغان لەيلىنى ئالدىغا خورجۇنىدەك ئارتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر خىلىدا ئىگىراپ ياتقىنىغا قارىغاندا، قارشىلىق قىلغۇدەك مادارىمۇ قالمىغان ئىدى.

— تاڭ سوزۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى تەمبەل نىقابلىق.

— ھېلىمۇ خېلىلا ئۇزاپ كەتتۇق، — پاكار نىقابلىق قورقۇپقىنا ئارقىسىغا قاراپ قويدى، — مەشەگىلا تاشلىۋەتسەكچۇ؟

— بولمايدۇ، بىرقانچە بارخاننى ئايلىنىپ «ئېزىتقۇ 8 …» يولىنى سىلىپ قويايلى.

— ئۆمۈر بويى ماڭسىمۇ چىقالمايدىغان «ئېزىتقۇ 8…» بۇ پاخپاقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان بولدىدە.

تەكىماكان قۇم چۆللۈكىنىڭ نە بېشى، نە ئاخىرى يوق، يېپىلىپ ياتاتتى. قەدىمكى توغراقلار، يۇلغۇنلۇقلار، يىللارسېرى قۇۋزاقلىرى تۆكۈلۈپ، قاقشالغا ئايلانغان توغراق غوللىرى، قانداقتۇر تىكەنلىك گىياھلار ئۇ يەر، بۇ يەردە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. نىقابلىق ئىككى ئادەم قارا تەرگە چىلىشىپ قالغان ئاتلىرىنى قەھرى بىلەن قامچىلاپ خېلى كۆپ بارخانلارنى «8» يۆنىلىشى بويىچە بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ قالايمىقان ئىزلارنى سالغاندىن كېيىن، لەيلىنى بوراندا سۇنغان بىر تۈپ توغراق يېنىغا تاشلىۋەتتى. ئەگەر لەيلى «8» يۆنىلىشى بويىچە چۈشكەن ئىزلارنى بويلاپ ماڭغىنىدا، مەڭگۈ بىر دائىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ كېتەلمەيتتى.

— ئەمدى قايتىلى، — دېدى پاكار ئادەم ئېتىنى قايرىپ، — ئۇ بىر كېچە ماڭسىلا ئاشلىقتىن، سۇدىن قىيىنىلىپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ. ئاندىن تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرگەن قۇملار ئاستىدا قالىدۇ.

— ئارقىمىزغا قايتىشقا بولمايدۇ، ئالدىمىزغا يەنە مېڭىپ «يامان جاڭگال» ئارقىلىق «قۇم يېيىغ» قا چىقايلى، — تەمبەل

ىنقابىلىق قامچىسىنى يەردە ياتقان لەيلىگە چىپىندى، — ئۇ نەدىن كېلىپ، قەيەرگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەي قالسۇن.

ئىككى ىنقابىلىق ئادەم قۇم دەشتىگە ئىچكىرىلەپ ئات سېلىپ كىرىپ كېتىشۋاتقاندا، ئەخمەت گاچىا ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى. لېكىن شۇ ھامان ئىڭراپ يىقىلدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاققان قان بويۇن، دۈمبە، ياقىلىرىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن ئىدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ، ئىلەڭ ـ سىلەڭ ئامبارغا كىرىپلا غەلىتە ئاۋازدا يىغلىۋەتتى. لەيلىنىڭ يوقلىقى ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈپ، ئاغرىۋاتقان يەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئەخمەت ئات ئېغىلىغا كېلىپ، تاشپەنەرنى ياندۇرۇپ، ئاندىن «تورۇق» ئاتنىڭ ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇقنى سېلىپ، ناھايىتى تەستە ئېگەرلەپ توقۇدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ تۆگە لوكىلىرىدەك بارخانلىرى بىنەپشەرەڭ نۇر ئىلكىدە تاۋلاندى. ئۇلارنىڭ كۆز يەتكۈسىز ئىزنالىرى خۇددى دېڭىزدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. پۈت ـ قوللىرى باغلىنىپ، كۆزى تېڭىلغان لەيلى ئارقىچە سىلجىپ كېلىپ يىقىلغان توغراققا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ، توغراقنىڭ يىرىك قوۋزاقلىرىغا بېشىنى سۈۋاپ كۆزىگە تېڭىلغان قارا لاتىنى سۈغۇرۇپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، قۇملۇقتىن بالقىغان قۇياش نۇرىدا كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى. بىر چاغدىلا ئۇ ئالدىدىكى پايانسىز قۇملۇقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاغزىغا كەپلەنگەن كىر لۆڭگىنى تىزىدا قىسىپ تارتىپ يۇرۇپ ئۇنىمۇ تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئالدىدە «ئۇھ… » دېگىنىچە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ توغراق غولىغا يۆلەندى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن ساقىپ چۈشكەن قان يۈزىدە يول ـ يول قېتىشىپ قالغانىدى. لەيلى بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئېگىشىپ پۇتىغا يۆگەلگەن ئارقانىنى چىشى بىلەن چىشلەپ، توغراقنىڭ پۇتاقلىرىغا ئىلىندۇرۇپ تارتىپ بىردەمدىلا چىلىق ـ چىلىق

تەرلەپ كەتتى. بىراق ئارقىغا قايرىپ باغلانغان قولىنى يېشەلمىگەن لەيلى قولى باغلاقلىق ھالدا ئات ئىزلىرىنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ كۈن تىك كۆتۈرۈلگىچە مېڭىپ ھېچ ھالى قالمىغاندىلا بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. ئۇنىڭ يۈز ـ بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ قۇم دەشتىدىن كۈندۈزى چىقىپ كەتمىسە، كېچىگە قالدىيۇ ھەر خىل خەتەرلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورققان لەيلى يەنە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. چەكسىز قۇملۇق بارغانسېرى قىزىپ ئۇنىڭ يۈزىنى گۈلخان ئوتىدەك كۆيدۈرۈپ، ئۇسسۇزلۇق، قورساق ئاچلىق قىيىنىماقتا ئىدى. ئۇ ماڭە ـ ماڭە، يۈگۈر ـ يۈگۈر پۇتلىرى تېلىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ، مادارى قالمىغاندىلا ئۆزى ئارام ئالغان يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ قالدى ... ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا ئەتراپىغا قارىدى. راست، ئالدىدىكى ياۋا قومۇش قاپلىغان پەس ئېدىرلىق، پاخپاق توغراقلار، بۆرە تاۋۇز پىلەكلىرى باغاشلىغان قۇم دۆڭلۈكلىرى، ھەتتا ئولتۇرغان ئىزلىرىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ قورققىنىدىن ئارامىۇ ئالماي يەنە يۈگۈردى ...

قولى باغلاقلىق لەيلى قۇملۇقلار ئارا غايىب بولغاندا، ئەخمەت گاچا «تورۇق» نى قاترىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋلىرى، ئېڭەك ـ بويۇنلىرى، ئاق خەسسە كۆڭلەكلىرىنى بويىۋەتكەن قان قاپقارا قېتىشىپ كەتكەن بولۇپ، قورقۇنچلۇق تۇرقىدىن بەئەينى بىرنەچچە ئادەمنى بوغۇزلىۋەتكەن قاتىلغىلا ئوخشايتتى. ئەخمەت پات ـ پاتلا ئاتتىن چۈشۈپ يولدىكى تېزەكلەرگە، تۇياق ئىزلىرىغا زەن سالاتتى. ئۇ تورۇپىلا قولنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى.

ئەخمەت گاچا بارخانلار باغىرلىرى، قۇملۇق جىلغىلار، توغراق ئورمانلىقلىرى، يۇلغۇنلۇق چاتقاللىرى، بەزىدە ياۋا قومۇشلۇقلاردا جىدەللەپ چاپاتتى. بەزىدە ئاتتىن چۈشۈپ

ئەتراپىنى كۆزىتەتتى. قىزىق قۇمغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشايتتى. تەرەپبال ئۇ ئات تېزەكلىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، تېزەكلەرگە ياغاچ سانجىپ، پۇراپ بېقىپ بىر ئىشنى سەزگەندەك كۈلۈمسىرىدى. ئەخمەت قۇملۇقلار ئارا لەيلىنى ئىزلەپ يۈرگەندە كەنت تەشكىلى ئىچىگە بىر توپ دېھقانلار يىغىلىۋالغان بولۇپ، لەيلى ياتقان ئامبارنىڭ ئىشىكى چوڭ ئېچىقلىق تۇراتتى. ئۈچ قىرلىق كالتەك تۇتقان بىر قانچىلىغان مىنبەگلار ئارىسىدا ھابىل قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراۋاتاتتى.

— كۆردۈڭلارمۇ خالايىقلار، لەيلى كېچىدە قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا قاچامتى ـ ھە؟

كەنت دەرۋازىسىنىڭ ئارقىسىدا چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ ماراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ئىمىن تازمۇ خۇشامەتىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇنىنىڭ بارچە چىرقىراشقا باشلىدى:

— بۇ چوقۇم كامالنىڭ ئىشى. لەيلىنى ئاشۇ ئەپقاچتى! زادى ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس ئېمىلەرتى!

ئىمىن يەنە قانداقتۇر يالغانلارنى توقۇماقچى بولۇپ تۇرۇشى داستىخان قولتۇقلىغان نېۋىخان ئانا تەشكىل قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىمىننىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغاچقا، توپ ئارىسىغا كىرىپلا ئۇنىڭغا تىل سالدى:

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ۋۇي شۇم ئېغىز تاز، مېنىڭ بالام ئۇنداق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس.

— ۋاي ـ ۋۇي ئىشەنمىسىلە مەيلى، — ئىمىن غۇدۇراپ قويدى، — ئەمما ئۇنداق ئادەم تىللىمىسىلا.

— تىلىدا تىكەن ئېرىپ يۈرۈيدىغان نەشكەش تاز، — نېۋىخان قولىنى شىلتىدى، — ئۆزۈڭگە ھېزى بول، كامال، دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىسا، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

كامالنىڭ مۇشتۇمىنى بىر قېتىم تېتىغان ھابىل ئاستىلا يان

قورۇغا كىرىپ كەتتى. باشقا مىنبەڭلارمۇ بىر - بىرلەپ يوقالدى. ئاڭغىچە دېھقانلار نېۋىخانغا تەسەللى بەرگەچ ئۇلارمۇ تارقالدى. نېۋىخان ئانا داستىخاندىكى تۇگۇنچەكنى قولتۇقلىغان پېتى ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، قوغۇنچى مەھەللىسىدىكى ھاشىمنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى - دە، يىغلامسىرىغان ھالدا گەپ باشلىدى:

— بىر كېچىدىلا جىن ئەپقاچقاندەك لەيلى بىلەن ئەخمەتاخۇن يوقاپ كەتتى، — دېدى نېۋىخان پېشايۋان پەشتىقىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئەتىگەن ياڭاق چېپى قىلىپ كەلسەم يوق، مانا چۈشتە يوبدان ئاش ئېتىپ ئەكەلدىم. يەنە يوق.

— ئۇلار پاشىلىقتا كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تاڭ سۈزۈلگىچە كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ، — ھاشىممۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغانىدى، — مەنمۇ كەنتكە بارغان، ئەخمەتنى ھېچ يەردىن تاپالماي ئاتلارنى ئۆزۈم سۇغاردىم. ئاندىن مىنبەڭلارغا پىچان تاشلاپ بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ كەلدىم.

— مەن ئۇلاردىن بەكمۇ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن ھاشىماخۇن، — نېۋىخان يىغلاپ سالدى، — بىر ئىش يۈز بەرگەندەكلا كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.

— ئىككى كۈندىن بېرى گۈرۈپپىلارغا بۆلۈنۈپ، كېچىلىك ئەترەتلەرنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرۈۋاتقاچقا كەنت تەشكىلىگىمۇ كېلەلمىدۇق.

— ئىمىن تازنىڭ گېپىگە تۇرۇپلا ئىشەنگۈم كېلىپ قالىدۇ، — دېدى نېۋىخان چوڭقۇر ئۇھسىنىپ، — كامال لەيلىنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنمىدۇ - يا.

— ئەگەر ئۇلار قاچقان تەقدىردە، — ھاشىم ئويلىنىپ قالدى، — ئەخمەت نېمىشقا يوقاپ كېتىدۇ. چاۋار، ئىگەمبەردىلەر كامالنى ئاشكارىلاپ قويمىسۇن، دېگەن غەرەزدە لەيلىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدىمۇ - يە؟

— مېنىڭمۇ كاللامنى قۇچىمىچاڭ قىلىۋەتكىنى شۇ ئەمەسمۇ.

— بۇگۈن كەچكىچە قاراپ باقىلى، ئاندىن بۇ ئىشنى ئاشكارىلايلى، — دېدى هاشىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقتىن ئەنسىرەپ، — ئەمما شۇ چاققىچە خۇپىيانە تۇتايلى.

هاشىمنىڭ سۆزلىرىدىن، چىرايىنىڭ ئۆمسۆرۈنلىكىدىن كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان نېۋىخان يۈرىكى سىقىلغان هالدا قورۇدىن چىقىپ كەتتى. لەيلى بىلەن ئەخمەتنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن جىددىيلىشىپ قالغان هاشىممۇ دەرهاللا زۇلالنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ يەردە مەتنىيازمۇ بار ئىدى. ئۇلار هويلىدىكى تال بوستان ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتىلا ئولتۇرۇپ بۇ ۋەقە هەققىدە پەرەزلىرىنى، ئويلىغانلىرىنى قويۇشتى.

— كامالنىڭ بۇ قېتىمقى غەيرەتكە كېلىشى، لەيلىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئەجرىدىن بولدى، — زۇلالنىڭ غەزىپى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — شۇڭا ئۇنىڭغا قەست قىلغۇچىلار يەنىلا كەنتىمىزدىكى خىيانەتچىلەر!

— توغرا، — دېدى مەتنىياز كەسكىن هالدا، — بىرىنچى بولۇپ ئىگەمبەردى، ئۇنىڭ لەيلىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئاز ئەمەس.

— مەنمۇ شۇنداق ئويدا، — هاشىممۇ مەتنىيازنىڭ پىكرىگە دەرهاللا قوشۇلدى، — كامال لەيلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلسە، كەنت ئىچىدە چوقۇم قان تۆكۈلىدۇ ··· ئۇ ئالدى بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ.

— لېكىن بۇ قېتىمقى لەيلىنىڭ يوقاپ كېتىشىدە ئىگەمبەردىنىڭ قولى يوق!

زۇلالنىڭ كەسكىن هالدا چىقارغان خۇلاسىسىدىن هاشىم بىلەن مەتنىياز دەرهاللا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قىلىشتى. لېكىن ئۇنىڭ تەمكىن هالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئۇلارنىمۇ قايىل

قىلىپ قويۇشتى. لەيلى ئاخشام ئوتتۇرا كىچە بىلەن يوقالغان. ھويلىدىكى نەق مەيداننى كىمدۇر بىرى سۈپۈرۈپ يوقاتقاندىن كېيىن، شوتا ئارقىلىق ئاشلىق ئامبىرى ئۆگزىسىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن تۈنۈگۈن كەچتە بىر خالتا ياغلىق داننى كۆتۈرگەن ئىگەمبەردى ماي تاتقۇزۇش ئۈچۈن زۇلالنىڭ دادىسىنىڭ جۇۋازخانىسىغا كىتىپ بارغاندا، زۇلال: «ماي تاتقۇزىدىغانلار بەك كۆپ، بۈگۈن نۆۋەت تەگمەسمىكى» دېگەندە ئۇ: «ئۆيدە بىر تىيىممۇ ماي قالماپتۇ، كىچىچە ئولتۇرۇپ بولسىمۇ تاتقۇزمىسام، خوتۇننىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالىمەن» دەپ كىتىپ قالدى. سەھەرلىكتە مىيىنى تاتقۇزۇپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن زۇلال ئىچىدە: بۈرۈنقى ھەيۋەڭ قالماپتۇ ـ دە... دەپ ئويلىدى. زۇلالنىڭ دادىسىمۇ: «كەنت باشلىقى ھورىدىن چۈشۈپتۇ، بىر كىچە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندىلا مىيىنى تارتىپ كەتتى...» دېدى. بۇ ئەلۋەتتە كىچىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەدە ئۇنىڭ يوقلۇقىغا ئىسپات بولالايتتى. ھاشىم بىلەن مەتنىياز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنداقتا گۇمان چاۋار بىلەن مەتسىدىققا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن چاۋاردىن گەپ ئالماق قىيىدام كەككە ساپ تاپماقتىنمۇ تەسكە توختايتتى. بەلكىم ئۇ ھازىر مەتسىدىقتەك گول بەندىنىمۇ ھىيلە ـ مىكىر قازىنىدا قاينىتىپ بەز كۆتەككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ئېنىقلا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھېچقانداق ئىسپاتسىز چاۋار بىلەن ئېلىشقاندا، ئۆزلىرىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك ئاقىۋەتكە قالاتتى.

ـــ مىنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، ـــ دېدى ھاشىم ئېغىر تەلەپپۇزدا، ـــ بۇ ئىشتا ئىگەمبەردىنىڭ قولى بولمىغان تەقدىردىمۇ بىزنى بەزى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقساق.

زۇلال بىلەن مەتنىياز ھاشىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

بىلگەچكە، ئۆلار دەرھاللا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كوچىغا چىقىشتى. ھەممىسىنىڭ ئوي ـ خىيالى لەيلىنىڭ تەقدىرىدە بولغاچقا، يول بويى ھەركىم ئۆز پەرەزلىرى بىلەن جىمجىت مېڭىشتى. جىگدىلىك مەھەللىسىگە كىرىپ كەلگەندىلا، گەپنى نەدىن باشلاشنى، نىمىلەرنى دېيىشنى مەسلىھەتلىشىۋالدى. مەتنىياز دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاراقلىتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىگەمبەردى پەيدا بولدى. ئۇ ئېگىلىپ، پوكۇلۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە «ئۆيلەر تىنچىق، سالقىندىراق ئولتۇرايلى» دېدى ـ دە، ئۇلارنى باغقا باشلىدى. ئۇلار بىرنەچچە تۇپ ئامۇت ئاستىدىكى چوڭ كاتتا ئولتۇرۇشتى. ساپسېرىق پىشىپ كەتكەن ئامۇتلار شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلاپ تۇراتتى. باغدىكى بېھى، ئانار، ئاپئاق يېتىلگەن نان جىگدىسى، تاللاردا ئېسىلىپ تۇرغان رەڭگارەڭ ساپ ئۈزۈملەر راسا مەي باغلاپ پىشقان ئىدى. ئىگەمبەردى بىردەمدىلا بىر لېگەن ئامۇتنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھاشىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بولۇشى، ئىگەمبەردى: « بايىلا نېۋىخان ئاچام كەپتىكەن. شۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىم» دەپ قويدى. ھاشىمنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە تۇنجۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن سەل مىدىراپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن گەپ باشلىدى:

ـــ توغرا، مەن لەيلىگە بەزى ئەسكىلىكلەرنى قىلدىم، شۇڭا مەندىن گۇمان قىلىشىڭلار تامامەن يوللۇق، ـــ تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىگەمبەردى جىمىپ قالدى، ـــ لېكىن لەيلىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن مېنىڭ راستىنلا خەۋىرىم يوق. بايا نېۋىخان بوراندەك ياش تۆكۈپ كەپتىكەن، ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى. بىلگەن بولسام ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويماتتىم.

ـــ كامالغا قىلىنغان تۆھمەتتىنمۇ خەۋەرلىرى يوققۇ دەيمەن؟ قېنى قىزىپ ئېيتالماي تۇرغان مەتنىياز لەيلىگە

مۇناسىۋەتسىزلا سوئالنى سورىغان ئىدى، ئىگەمبەردى ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ھاشىم دەرھاللا گەپنى تارتىۋالدى.

— بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىدىغان باسقۇچ تېخى ئالدىمىزدا، شۇ چاقىچە ئىگەمبەرداخۇن ئۆيقۇسىنى ئاچامدۇ ـ يوق. بۇ ئۆزىگە باغلىق.

— ئىگەمبەردىكا، — زۇلال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — لەيلى مەسىلىسىدە گۇمانلىرىمۇ يوقمۇ؟

— ئەمدى ... بۇ... — ئىگەمبەردى بىردەم تۇرۇۋالدى، — بۇ ... يېنىكلىك بىلەن بىر كىمگە ئارتىپ قويىدىغان ئىش ئەمەس، جاۋابكارلىقى ئېغىر مەسىلە.

— لەيلىنىڭ يوقاپ كېتىش مەسىلىسىدە ئالدىلىرىغا بىر قېتىم كەلدۇق، — دېدى مەتنىياز قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئۆزلىرىگە يۇقتۇرمىدىلا، كېيىن تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قالسا ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە.

— ئەمدى ... ئەمدى باشقىلار بىرەر ئىشنى قىلسا، — ئىگەمبەردى غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — ئۆزگىلەردىن خۇپپىيە تۈتۈشى ئېنىقسۇ، باشقىلارغا: «بىز مۇنداق ئەسكى ئىش قىلماقچى» دەپ يۈرمەس؟

— بولىدۇ، بىز قايتىلى، — ھاشىم ئورنىدىن تۇرۇشى زۇلال بىلەن مەتنىيازمۇ كاتتىن چۈشتى، — شۇ نەرسە ئەسلىرىدە بولسۇنكى، ھەر قېتىم يوشۇرغان ئىشلىرى خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق بولۇپ توقۇلۇپ، ھۆكۈمەت كەچۈرمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىلا.

ھاشىم، زۇلال، مەتنىيازلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغىچە چىققان ئىگەمبەردى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورقىنىدىن غورتىدە يۆتىلىپ، تولىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ھەي چاۋار، ھەي چاۋار، نېمىدېگەن قاپىيۈرەك ئادەمسەن!

هاشىمنى قەستلەش پىلانىڭدىنلا مەن سەندىن ھەزەر ئەيلىگەن. مانا ئەمدى بىر قىزنىڭ بېشىغا چىقىپسەندە!

ئىگەمبەردى لەيلىنىڭ تەقدىرىدىن ئېچىنىپ باش چايقاۋاتقاندا، لەيلىنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ كېتىۋاتقان ئەخمەت قىز ئايلانغان قۇم بارخانلىرىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ قۇمغا يوغان قىلىپ «8» سانىنى يېزىپ، بىگىز بارمىقىنى سەككىز ئۈستىدىن ماڭدۇرۇپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. چۈنكى بۇ «8» يۆنىلىشى بويىنچە ماڭغاندا، ئىزلار تەكرارلىنىۋەرگەچكە، ھەرقانداق بەردەم ئادەمنىمۇ ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى، لېكىن بىر دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئەخمەت ئېتىغا مىندى ـ دە، قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئات تۇياقلىرىدىن قۇملار چاچرايتتى. ئۇ بىر قانچىلىغان قۇم دۆڭلۈكلىرى، ئېدىرلىق، چاتقاللىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۇيۇقسىزلا ناھايىتى ئېنىق بولغان ئاتلارنىڭ ھەم لەيلىنىڭ ئىزىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ پېشانە، بويۇنلىرىدىن ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى يەكتەكنىڭ پېشىدە سۈرتۈۋېتىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. كۈن بارخانلار چوققىلىرىغا باش قويغان بولسىمۇ، بىپايان قۇم چۆللۈكى يەنىلا ئۆپ ئىسسىق ئىدى. قىزىق شامال دەممۇ دەم ئۆرلەپ تۇراتتى. ئېتىنىڭ بويۇن ۋە قولاق تۈۋلىرىدىن قارا تەر قۇيۇلۇۋاتقان ئەخمەت جىددەللەپ ئىز قوغلاۋاتاتتى. ئۇ «8» يۆنىلىشى بويىچە ئات سىلىپ كېتىۋاتقاندا، لەيلى بارخانلارنى ئايلىنىپ يەنە ھېلىقى يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ سەھەردىن تارتىپ كەچكىچە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. لەيلى ئۆزىنى قۇملارغا ئېتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ھېلىھەم باغلاقلىق بولغاچقا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆككە باقىنىچە: «كا ··· ما··· ل!··· » دەپ نالە قىلدى. لەيلىنىڭ يۈز ـ بويۇنلىرى تەر، ياش، قان داغلىرى ۋە قۇم ـ توپىلار بىلەن ئالا پاساق بولۇپ كەتكەنىدى. ئات ئىزلىرىنىڭ

چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان لەيلى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن مادارى قۇرۇغان بولسىمۇ، ئات ئىزلىرىنى بويلاپ يەنە يۈگۈردى. بىراق قوللىرى باغلاقلىق بولغاچقا سەنتۈرۈلۈپ ـ پۈتلىشىپ يۈگۈرۈشكە ئەپسىز بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ يىلاندەك تولغىنىپ، يەر بېغىرلاپ ياتقان بىر تۈپ بەقەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى قولى بوغۇلۇپ، چىڭقىلىپ كەتكەچكە ئاغرىقتا چىديالماي ئىڭرايتتى. تۇيۇقسىزلا بەقەم غولىدىكى ئىلمەك پۇتاقتا كۆزى چۈشۈپ قالغان لەيلى ئارقىچىلاپ سىلجىپ كېلىپ قولى باغلانغان ئارغامچىنى پۇتاققا ئىلىندۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم كۈچەپ تارتىشى ئاغرىق ئازابىدا چىرقىرىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم كۈچىگەن ئىدى. ئارقان سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول بېغىشلىرىنىڭ، بارماق، بىلەكلىرىنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ قان تەپچىرەپ چىقتى. لەيلى قانلىق قوللىرىنى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقىنىڭ ئۈستىگە ئالدى ـ دە، ئايانچلىق ۋارقىراپ قۇمدىلا يېتىپ قالدى.

كۈن قىپقىزىل ئوت شارىدەك بارخانلار ئارقىسىغا ئولتۇردى. ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىلەڭ ـ سىلەڭ بولۇپ قالغان لەيلى خۇددى مەست ئادەمدەك يىغلايتتى، قوپاتتى. سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ تىزلىنىپ قالاتتى. ھەتتا ئۇ ئۆمىلەپ ماڭغان بولسىمۇ ئاخىرى بولالماي دۈپدۈگىلەك قامغاق تۈۋىگىلا يىقىلدى. ئۇ قىزغۇچ شەپەق قاپلىغان ئاسمانغا قارىغىنىچە كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى.

ــ كا ··· مال ··· سىز ··· سىز نەدە؟ مەن ··· ئەمدى بالىڭىز بىلەن كېتىدىغان بولدۇم···

يانباغىر دۆڭلۈكتە ياتقان لەيلى پەس قۇم جىلغىسىدا بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ غەلىتە ئاۋازدا كېلىۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە كۆرۈپ قالدى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئەخمەت ئاكام!···»

دەپ پىچىرلىدى. ئاندىن قۇم دۆڭلۈكىدىن پەسكە قاراپ يۇمىلاندى:

— ئەخمەت ئاكا!...

لەيلى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئايلىنىپ يىقىلدى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن ئەخمەت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشى لەيلى ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى. ئەخمەتنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

قۇملۇق قاپتاللاردىن يامرىغان قاراڭغۇلۇق بارا - بارا قويۇقلىشىپ، يىراقتىكى كەنت ئىزنالىرى كۆرۈنمەي قالدى. لەيلى مىنگەن ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئەخمەت قۇمتام ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەندە كەنت ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئاچقۇچ ئۆزىنىڭ ئىشتانبېغىغا باغلاقلىق بولغاچقا دارۋازا ئىچىگە قولۇپ سېلىنمىغان ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئاززاقلا ئېچىپ لەيلىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىۋېتىپ ئاندىن ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلىدى. ئەخمەت لەيلىنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئاق چامغۇر توغراپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئوچاققا ئوت ياقتى. ئۇ بىردەمدىلا ئۇماچ ئېتىپ لەيلىگە زورلاپ يۇرۇپ ئىككى ئاياق ئۇماچ ئىچۈردى. ئىسسىق تاماقتىن كېيىن لەيلى خېلىلا ئەسلىگە كەلدى. ئەخمەت خام لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى، يۈزى ۋە قوللىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ تازىلىدى. ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ئارام تېپىپ قالغان قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئەخمەت قوللىرى، كۆزلىرى، غەلىتە ئاۋازلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. لەيلىنىڭ باش، يۈز ۋە قوللىرىدىكى جاراھەتلىرى ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئەخمەت تاشلاندۇق تاختايلاردىن ياسىۋالغان قوپال، كۆرۈمسىز، سىرلانغان ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئەڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان چۈچىلىق، يۇمشاق

قارا رومالنى سۆغۇرۇۋالدى ھەم تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ قارا رومالغا پايلىمىغاندەك، ئۇنىڭدىن كەچۇرۇم سوراۋاتقاندەك ئۇزۇن قاراپ كەتتى ـ دە، كۆزلىرى ياشقا تولدى. راست ئۇ ھازىرغىچە ئۇنتالمىغان، قەلب سارايلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىدا ساقلانغان تاتلىق ئەمما ئازابلىق ئەسكىلىكلىرىدىن خوشلىشىۋاتقاندەك رومالنى سۆيدى ۋە ياشلىق كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاندىن ئۇنى بىرنەچچە پارچە قىلىپ يىرتتى!…

ئەخمەت لەيلىنىڭ ئىككى قولى ۋە بېشىنى تېڭىپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. لەيلى ئامبار ئۆيىگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، بېشى قېيىپ سامان تەكىيىگە يەنە يىقىلدى. ئەخمەت «ياتقىنىڭىز خەتەرلىك» دېگەننى ئىشارەت قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئۆزى بولسا ئىشىك ئالدىدا ياتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەخمەت بىر پارچە كىگىز، مايلىشىپ، پارقىراپ كەتكەن توزغاق تەكىيە ۋە يەكتەكنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا ئورۇن سالدى. ئۇنىڭ قوينىدا يىرتىلغان رومالنىڭ بىر پارچىسى بار ئىدى. قولىدىكى رومال پارچىسىغا قارىغانسېرى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرى دەممۇ دەم ياشقا تولۇۋاتقان ئەخمەت كىگىز ئۈستىدە بەدەشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا قارىدى … كەنت ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي شاخاراپ كەتكەن ياڭاقلار ئارىسىدىن ماراپ، ھويلىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. نىل رەڭلىك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرغاندەك قىلاتتى … ئەخمەت بىپايان كائىناتتىكى ئاشۇ ئۇنچە ـ دۇرلارغا قارىغىنىچە قارا يەرگە ئەمەس يۇرىكىگە دەپنە قىلىنغان مەرھۇمە نۇربانۇمنى ئەسكە ئالدى … ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئۇزۇن قارا تاۋار كۆڭلەك ھەم مۇشۇ رومال ئاشۇ ناتىۋاندىن قالغان يالدامىا ئەمەسمىدى! كۆڭلەك ۋە رومال 15 ـ 16 يىللاردىن بېرى

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئەخمەتنىڭ قەلب بوستانلىرىنى ياشنىتىپ، كۆڭۈل چىرىغىنى ئۆچۈرمەي يورىكىنى پۈتۈن، پىغانلىرىنى تۈتۈن قىلىپ كەلگەن بايلىقى ئىككەنلىكى راست! ئۇنىڭ پىغانى ئۆرلەپ، ياكى چۈشلىرىدە بىراۋلار ئايان بولغىنىدا ئۇ بۇ رومالنى پۈرايتتى … قارا تاۋار كۆڭلەكنى كۆزلىرىگە سۈرتەتتى، مۈگدىشاتتى. تەكلىماكان ئانا ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئاشۇ بەرنا لەۋەنىنىڭ نامسىز، نىشانسىز قەبرىسىگە ئاتاپ دۇئا قىلاتتى … ھەتتا گاھىدا قۇم دەشتىگە كىرىپ، كۆز ياشلىرى بىلەن قۇم – توپىلارنى نەمدەيتتى…

توغرا، بۇ تەۋەررۇكلەرنى لەيلى بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم ئۇچىسىغا كىيىپ، رومالدا يۈزلىرىنى ئوراپ ئازنە بازارغا بېرىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۆرۈپ كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئەخمەت قارا لىباس ئىچىدىكى لەيلىنى كۆرۈپ: «ئاھ، نۇربانۇم، بۇ سىزمۇ؟» دېگىنىچە تاسلا قالدى ھەم بىر كېچە يىغلاپ چىقتى! ئۇ بۇگۈن كېچە رومالنى ئەمەس يۈرەك پارىسىنى يىرتتى! ھاياتىنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى بولغان رومالنى پارە – پارە قىلدى! ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟!، ئۇنىڭ قايقاراڭغۇ كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرغان شام چىرىغى ئۆچكەندەك ئازابلانغان تۇرسا!!

1946 – يىللىرى بولسا كېرەك، «شال توغراق» مەھەللىسىدىكى ۋاسىل بەگ قامچىسىدىن قان، كۆزلىرىدىن زەھەر تامىدىغان «بەگ» بولۇپ، پۈتۈن – سۈرۈك ئەلئاباد يېزىسى ئۇنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئادا بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە، مال ئېغىللىرىدا، باغۋاران، ھويلىلىرىدا ئىشلەۋاتقان يىللىقچى، يالانما دېھقان، چاكارلىرىنى «گەدەنكەش»، «ئوغرى»، «قىزىل پاچاق» دېگەندەك باھانە – سەۋەبلەردە دوتەي ياملۇ[1]، شەن ياملۇلار[2] غا سولىتىۋېتىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك

① دوتەي ياملۇ — ۋىلايەتلىك تۈرمە.
② شەن ياملۇ — ناھىيىلىك تۈرمە.





يۇرۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ بەش خوتۇنى بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى، بەرنا ئاياللىرىنى «ياڭاق قاقىدۇ»، «كېۋەز پۇتايدۇ»، «گىلەم يىپى ئېگىرىدۇ» دېگەندەك مىكىرلەر بىلەن بۇلاپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەيدىۋېتەتتى...

ۋاسىل بەگنىڭ لاپاسلىق ئېغىللىرىدا ئېتىز ئىشلىرىغا سالىدىغان 13 ئات، 9 ئۆكۈز ۋە مىنىك ئېتىدىن ئۈچى بولۇپ، بۇلارنى 25 ياشلىق ئەخمەت بېقىپ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ۋاسىل بەگنىڭ «ئىچكەركى» ۋە «تاشقارقى» دەپ ئىككى چوڭ قورۇسى بار ئىدى. ئاياغ ـ چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تال بوستانلىق ئىچكەركى قورۇدا بىر داش قازاندا مەدىكار ئاياللار ئەتىگەندە قايىنىتىپ قويغان ئۇماچ بىر كۈن كەچكىچە قىسماق باغلاپ ساپسېرىق ئۇيۇپ تۇراتتى. ئوچاق ئالدىدىلا ئۆچكە ۋە قوي قوتانلىرى بولغاچقا توپ ـ توپ چىۋىنلەر گاژىلداپ قازان بېشىدىن نېرى كەتمەيتتى. قورسىقى ئاچقان ئىشلەمچىلەر ئاياغ ـ جاملىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ يوغان ياغاچ چۆمۈچتە ئۇسۇپ، «ئىش ھەققى» لىرىنى ئېلىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئەخمەت قازاندىن بىر جام ئۇماچ ئۇسۇپ تۇرۇشى ۋاسىل بەگنىڭ تۆتىنچى خوتۇنى گۈلۋەرىخاننىڭ يالغۇز قىزى نۇربانۇم پەيدا بولۇپ قالدى. گۈلۋەرىخان ۋاسىل بەگنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نۇربانۇم يالتىراپ تۇرغان قارا تاۋار كۆڭلەك كىيىپ، قارا يىپەك رومالدا يۈز ـ بويۇنلىرىنى ئوراپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك مەسۇم يۈزى خۇددى قاپقارا قولياغلىقتا ئورالغان غەزىمەت ئالمىسىدەك ئاپئاق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. يۇمران لەۋلىرىمۇ پاتۇرۇپ قويغان ئىككى تال قىزىل مارجانغىلا ئوخشايتتى. سۇرمە تارتقاندەك سۇس كۆكىرىپ تۇرىدىغان بادام قاپاقلىرى، ئەگرى كىرپىكلىرى چوڭ

كۆزلىرىنى تېخىمۇ روشەن جۇلالاندۇرۇۋەتكەنىدى. قىسقىسى چېھرى ـ رۇخسارى، ئېڭەك، كۆزلىرى، مەڭزىلىرىگىچە يۇمىلاق بۇ قىز گەرچە 17 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما 11 ـ 12 ياشلاردىكى نارەسىدە قىزلاردەك ئوماق ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا بوي جۇغى چىرايلىق، قاش ـ كۆزلىرى ئاق يۈزىگە خوپ ياراشقان، خۇش پېئىل، شېرىن سۇخەن ئات باقار ئەخمەتكە بىرەر يىلدىن بېرى يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرەتتى.

ئەخمەت بىر جام ئۇماچنى ئىلىپ كەينىگە يېنىشى نۇربانۇم ئۇنى ئۈيىلىپقىنا چاقىردى. ئەخمەت دەرھاللا كەينىگە قايرىلدىيۇ، لېكىن قىزنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىمىدى.

ــ ئەخمەت ئاكا، ــ قىز يۈزىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئەخمەتكە ئالەم يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى، ــ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

ــ ياخشى سىڭلىم ... يا ... ياق ... خېنىم، ــ ئەخمەت يەنىلا قىزغا قارىيالمىدى، ــ ئىشىڭىز بارمىدى؟

ــ ماڭا ... ماڭا ئات مىنىشنى ئۆگىتىپ قويامسىز؟

ــ نېمە؟ ــ ئەخمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى، ــ بۇ ... بولماسمىكى، قىز بالا ئات مىنسە قانداق بولىدۇ؟

ــ ئانام رەھمەتلىكنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىپار خېنىممۇ ئات مىنىپ جەڭ قىلىپتۇكەنغۇ، ــ نۇربانۇم دىنىي ساۋاق ئالغان تالىپە ئىدى، ــ بۇنداق مىساللار جىق، مەن مىنسەم بولمامدىكەن؟

ــ مېنىڭ ئۇلاردىن خەۋىرىم يوقكەن، خېنىم، ــ قىزغا لەپپىدە قارىغان ئەخمەتنىڭ ۋۇجۇدى مومدەك ئېرىپ كەتتى، ــ ئەگەرئات مىنگىنىڭىزنى بېگىم بىلىپ قالسا...

ــ دادام داۋاملىق كەنتتە تۇرامتى، ئۇ سېلىق يىغىپ ئايلاپ ـ ئايلاپ ئەلئەبادنى ئايلىنىپ كەلمىسە، ــ نۇربانۇم ئەخمەتنىڭ

بىلىكىنى تۇتۇپ ئەركىلىدى، — ۋاي - ۋۇي ئەخمەت ئاكا، ئۇنداق قىلماڭا.

— خېنىم ... با ... باشقىلار كۆرۈپ قالسا... — ئەخمەت ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى، — سەت تۇرىدۇ.

— ئەخمەت ئاكا...

ئۇماق قىزنىڭ يېلىنىش ۋە ئىلتىجا بىلەن باققان كۆزلىرىنىڭ نەملىك يالقۇنى ئەخمەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شېرىن ئازاب ئوتىدا ئۆرتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ، قىزنىڭ مەيلىنى ياندۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ خېنىم، مەن كېچىلىرى مېنىڭ ئاتلىرىنى مەھەللىنىڭ سىرتىدا سۇۋۇتۇپ ئايلاندۇرىمەن. شۇ چاغدا چىقالىسىڭىز ... مەن ... مەن ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى.

— رەھمەت ئەخمەت ئاكا...

نۇربانۇم ئەخمەتنىڭ ئىشتا پىشقان كۇچلۇك بىلەكلىرىنى ئۇچلىدى ھەم ئوتلۇق كۆزلىرىدە بېقىپ، ئەجەب تاتلىق ۋە لەزىز بىر تەبەسسۇم ئاتا قىلدى.

شائىرلار سۆيۈنۈپ مەدھىيىلىگەن ئاق كېچە ئىدى. شال توغراق مەھەللىسىنىڭ سىرتىدىكى پاكار - پاكار قۇم دۆڭلۈكلىرى چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇق مەيدان «ئۇۋۇلىق» تا ئەخمەت ئات ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغان نۇربانۇمنى ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. تولغان ئاي ئەتراپنى شۇنچىلىك يورۇتۇۋەتكەن ئىدىكى، دۆڭلۈكلەردىكى كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، چۆل كىرپىسى، كېلەر، لەڭمەنتاقتاقلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئۇۋۇلىرى ھەممىلا يەردە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ «ئۇۋۇلىق» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىمۇ غەلۋىردەك ئۆتمىتۆشۈك ئۇۋۇلارنىڭ كۆپ

ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. نۇربانۇمدىن ئەيمىنىپ تۇرغان ئەخمەت ئۇنىڭ بىلىدىن بوشقىنا قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى چولپۇرنى «ئوڭغا تارتىڭ، سولغا قايرىڭ» دەپ قوياتتى. بەزىدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئات باشقۇرۇشنى ئۆگىتەتتى. نۇربانۇم ئېيتقۇسىز خۇشال بولسىمۇ، يەنە قورقۇپمۇ تۇراتتى.

— ئەخمەت ئاكا، مېنى چىڭ تۇتۇڭ··· — يىلىندى قىز، — نېمانداق قوللىرىڭىز تىترەيدۇ؟

نۇربانۇمنىڭ «چىڭراق قۇچاقلاڭ» دېيىشكە تىلى بارماي «چىڭ تۇتۇڭ» دەۋاتقانلىقىنى ئەخمەت چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا دادىل بولالمايتتى. تۇنجى قېتىم پەرىشتىدەك قىزنى قۇچاقلاۋاتقان ئەخمەتنىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز سېلىپ، ۋۇجۇدى سۇس تىترەۋاتاتتى. پۈتۈن تېنى بارغانسېرى ئوتلۇق ھارارەت ئىلكىدە قالغان 25 ياشلىق يىگىت ئاخىرى بولالماي قالدى.

— نۇربانۇم، — ئۇ قىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلىدى، — مەن يەرگە چۈشۈپ ئاتنى يېتىلەپ ماڭاي، ھازىر خېلىلا كۆنۈپ قالغانسىز؟

— يىقىلىپ چۈشسەمچۇ؟

— ھەرگىز يىقىلمايسىز، مەن يېنىڭىزدا تۇرسام.

ئۇلار شۇ كېچىسى ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بېسىقىپ، كەنت ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمگەندە قايتىپ كېلىشتى. نۇربانۇم ئىچكەركى قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈمزارلىق بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىش ئالدىدا ئەخمەتنىڭ قولىنى ئەيمىنىپكىنە تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن «خوش» دەپ قويۇپ پاكار تال بوستانلار تېگىدە غايىب بولدى. ئەمما شۇ كېچە ئەخمەت خام خىياللار تېگىدە

ئېزىلىپ خېلىغىچە ئۇخلالمىدى! ئۇ ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە گاراڭلا يۈردى. نۇربانۇمنىڭ تاتلىق كۈلۈشلىرى، قولىنى تۇتۇپ تەلمۈرۈپ قاراشلىرى، «چىڭراق تۇتۇڭ» دېگەندىكى يېلىنىشلىرى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. شۇڭا ئۇ ئېغىلدىكى ماللارنىڭ يەم ـ خەشەك، يېچانلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ ئوقۇر، غۇلاقلارغا تەڭشەپ بەرگەندىن كېيىن ئىككى مىنىك ئېتىنى يېتىلەپ «ئۇۋۇتلىق» قا يۈرۈپ كەتتى. ئايمۇ نازىنىن قىزنىڭ ھۆسنى ـ كامالىغا تەقەززا بولغاندەك بالدۇرلا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئەخمەت بىر ئاتنىڭ يۈتىغا چېتىق سېلىپ، ياۋا قومۇشلۇققا قويۇپ بېرىپ تۈرۈشى قۇملۇقلار ئارا قارا لىباسلىق قىز يىراقتىن كۆرۈندى. ئۇ كېلەر ـ كەلمەيلا ئەخمەتنىڭ يۈرىكى سېلىپ، بوش تىترەشكە باشلىدى. ھەم قورقۇپقىنا ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

ـــ ئەخمەت ئاكا، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، ـــ قىز يۈگۈرۈپ كەلگەچكە ھاسىراپ كەتكەنىدى ـــ خاپا بولدىڭىزما؟

ـــ يا ⋯ ياق مەنمۇ ھازىرلا كەلدىم.

ئەخمەت نۇربانۇمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، كۆرپە سېلىنغان ئېگەرگە ئالدى. نۇربانۇم كۆڭلەك ئېتەكلىرىنى تىزلىرىغا باستۇرۇپ بولۇپ، ئەخمەتكە كۈلۈپ قويدى.

ـــ ئەخمەت ئاكا، بۈگۈن ئېگەرگە كۆرپە ساپسىز ـ ھە، ـــ قىزنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى، ـــ رەھمەت سىزگە!

ـــ مەن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ ياندا ماڭىمەن، ـــ دېدى ئەخمەت بوغۇلۇپقىنا، ـــ سىز تونۇغۇن ئۆگەتكەن بويىچە قايسى تەرەپكە ماڭغۇڭىز كەلسە بوجىنى شۇياققا تارتىڭ.

ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋاتقان بەشىنچى كۈنى بۇ ئىككى ناتىۋان بىر ـ بىرىگە خېلىلا ئېچەكىشىپ قالغاچقىمۇ كۆڭۈلگە تالىق گەپلىرىنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدى. ئۇلار بۇ كېچە

قوڭغۇراق تىكەن، قامغاق، شىۋاق، بۆرە تاۋۇزلىرى، يەنە قانداقتۇر تۇكلۇك غوللۇق سېسىق ئوت قاپلىغان چاتقاللىقلاردىن ئۆتۈپ ئۇۋىلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. ئاتنى بەزىدە يېتىلەپ، بەزىدە يورغىغا سىلىپ قويۇپ، ئۆزى يېنىدا قاتراپ كېتىۋاتقان ئەخمەت قىزنىڭ: «ئەخمەت ئاكا نېمىشقا ئۆيلەنمەيسىز؟»، «ئاتا ـ ئانىڭىز بارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا: «ئۆيلەنگۈم يوق»، «ئاتا ـ ئانام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپ مېنى بىر موماي بېقىپ چوڭ قىلغان··· » دېگەندەك قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. ئەخمەت «نۇربانۇمنىڭ ئانىسى باغۇەن يىگىت بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ، قامچا زەربىدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، نۇربانۇمدىن كوچىلاپ سوراپ باققان ئىدى، ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان قىز يىغلىۋەتتى:

···گۈلۈەرىخان، ئەلئابادتىكى مۆتىۋەر زات ئاباھاجىنىڭ ئۈچىنچى قىزى بولۇپ، دادىسىدىن دىنىي بىلىم ئالغان تالىپە قىز ئىدى. ئۇ، دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىۋېلىپ ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشنى ھەتتا ئۇ «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ۋامۇق ـ ھۇزرا»، «پەرھات ـ شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇغاچقا ئۇنىڭغا ياد دېگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

گۈلۈەرىخان راسا رەسىدىلىك بوسۇغىلىرىغا قەدەم ئېلىپ، ھۆسنى ـ كامالى، پەزىلىتى ئەلئابادتا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن كۈنلەردە 48 ياشلىق ۋاسىل بەگ ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئەلچى كىرگۈزدى. ئاباھاجى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن قىزىنى ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش چوڭ زالىم بەگكە بېرىشنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇنىڭ يېقىن ـ يورۇق، ھەقەمسايىلىرى كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەرنى، ئېغىر پاجىئەلەرنى دېيىشىپ مەسلىھەت

بېرىشتى. دېمىسىمۇ ۋاسىل بەگ گۈلۋەرىخاننى ياخشىلىق بىلەنمۇ، يامانلىق بىلەنمۇ بەرىبىر قولىغا كىرگۈزەلەيتتى. ئاباھاجىغا ھەر خىل جىنايەتلەرنى ئارتىپ، دوتەي يامۇلغا سولىتىۋېتىپ، گۈندىخانىدا ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىشتىن يانمايتتى. ھەتتا ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ روزغارىنى ئۆز ئىلكىگە تەسەررۇپ قىلىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى!

خەيرىيەت گۈلۋەرىخان ھاسىل بەگنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئەمەس، بەلكى تۆتىنچى خوتۇنلۇققا كەلگەنلىكىنى بىلگىنىدە خورلۇق ئىسكەنجىسىدە بوغۇلدى، ئازابلاندى. يۈرىكى قانغا تولدى! كېيىنكى يىلى نۇربانۇم توغۇلدى. قىزى ئەمدىلا تەم ـ تۇم مېڭىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ۋاسىل بەگ كۆچارلىق بەشىنچى خوتۇننى نىكاھلاپ ئەمرىگە ئالدى. شۇندىن كېيىن ۋاسىل بەگنىڭ ئايىغى شالاڭلاپ، گۈلۋەرىخاننىڭ ھۇجرىسىنى ئانچە يوقلىمايدىغان بولدى ... ئايلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، قۇم توزانلىرىنى سۈرۈپ ماڭغان شاماللاردەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى. نۇربانۇممۇ ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغىچە بەش ياشقا كىرىپ قالدى. كۆتۈرۈپ سېلىنغان بۇ ئۆيلەر، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان جەننەتتەك باغلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بەجايىكى زىندان ئىدى. بەزىدە ئۇ شۇنچىلىك زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ كېتەتتىكى، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بولسىمۇ پاراڭلاشقۇسى، ئۇلارغا ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى تۆككۈسى كېلەتتى. بىراق ئۇچار قۇش، ھايۋانلاردىنمۇ كۈنلەيدىغان ۋاسىل بەگ باغقا قارىغان دېرىزە قاپقاقلىرىنىمۇ ئېچىشقا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكى قىزىغا كەچكىچە كىتاب ئوقۇپ بېرىش، چۆچەك سۆزلەپ بېرىش ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى،

يۈرىكىدىكى ئاچچىق زەرداپلىرىنى ئۆنتۈلدۈراتتى. بەزىدە گۈلۋەرىخان ئايلاپ ــ ئايلاپ يوقاپ كېتىدىغان بەگنى ئەسكە ئېلىپ: ئۆنىڭ كۈچارلىق خوتۇننى ئالغىنىمۇ ياخشى بولدى، بەگنىڭ بەتبەشىرە، ياۋۇز تەلەتىگە كىم خۇشتار··· دەپ ئويلايتتى.

گۈلۋەرىخان بىر كۈنى قىزى نۇربانۇمنى ئۇخلىتىۋېتىپ، دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئاچتى ــ دە، پەستىكى باغقا قارىدى. بۇ ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، يازلىق مېۋىلەر شىرنە باغلاپ پىشقان، ئۈلارنىڭ مۇشكى ــ ئەنبەردەك مەززىلىك ھىدلىرىنى ئىللىق سەلكىنلەر نە ــ نە لەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقان چىرايلىق يازلار ئىدى. گۈلۋەرىخان تەرەپپال باغدا ئاق، قىزىل غەزىمەت ئالمىلىرىنى سېۋەتكە تېرىپ يۈرگەن باغۋەن يىگىت مىرزا ھەلىمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بېشىغا بادامدوپپا، ئۈچىسىغا ئاق خامدىن تىكىلگەن چاك ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بېلىگە چىت پوتا باغلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ توم قاشلىرى بىلەن قاپقارا بۈرۈتى بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىنى ئاپئاپتەك ئېچىپ تۇراتتى. مىرزا ھەلىم ئۆرۈك پىششىقىدا مۇشۇ دېرىزىدىن بىر سېۋەت ئۆرۈك سۇنۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان چېقىنلار يۈزلىرىنى قىزارتىپ، نەپەسلىرىنى تېزلەشتۈرۈپ ··· بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىشتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ يەنە بىر سېۋەت ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىپلا كىردى:

ـــ خېنىم ئۆزلىرىدەك تاتلىق ۋە چىرايلىق ئۆرۈككەن، ـــ دەپ كۈلۈپ تۇراتتى. قورقۇپ كەتكەن گۈلۋەرىخان ئۇنى دەرھاللا دېرىزىدىن چۈشۈرۈۋەتتى:

ـــ سىزنىڭ يۈرىكىڭىز نېمانداق چوڭ، مىرزاھەلىم ئاكا، ـــ

گۈلۈەرىخان ئالدىراپ پىچىرلىدى، — بۇ ئىشىڭىزنى چاكارلار كۆرۈپ قالسا، بەگ ئىككىمىزنى ساق قويمايدۇ.

— بەگ ھەر كۈنى مېغىزىنى چېقىۋاتقان دېھقان قىزلىرى ئازمۇ؟ — پەستە تۇرغان مىرزاھەلىممۇ پىچىرلىدى، — سىزدەك بىر پەرىشتەنى خورلاۋاتقىنىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ ··· بەش خوتۇنى تۇرۇپ ئۇ قېرىنىڭ نەپسى نېمىدېگەن يامان! تۇۋا دەيمەن بۇ جاھانغا! بەزىلەر ئالمىلىق باغقا كىرىپ تالالاپ ئۈزگەن··· بىزدەكلەر دەشتى چۆلدە چاڭقاپ يۈرگەن!···

ئۇلارنىڭ دېيىشكەنلىرى پەقەت شۇلا بولدى. گۈلۈەرىخان دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىۋەتتى··· ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ گۈلۈەرىخانىنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، ئۇ نامەلۇم بىر ئوت ئىچىدە قالغاندەك كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىزار ئىدى. كۈندۈزلىرى تەگسىز خىياللارغا چىرمىلىپ قالاتتى. مىرزاھەلىمنىڭ سىياقى كۆزئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى ··· مانا ئاشۇ ئۆرۈك پىششىقىدىن تارتىپ ئېچىلمىغان دېرىزە قاپقاقلىرى بۈگۈن ئېچىلىش بىلەن مىرزاھەلىمنىڭ يەنە كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان!

— گۈلۈەرى خېنىم تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق!

— مەن ھەر كۈنى بۇ يەرنى چۆرگىلەپ، — دېدى مىرزا ھەلىم يەرگە قارىغىنىچە، — ئۈمىدلىرىم چېچەكتەك توزۇغان ئىدى، لېكىن كېچىدىن كۆرگەن چۈشۈم مېنى بۈگۈن بۇ يەرگە يەنە ئېلىپ كەلدى.

— قانداق چۈش كۆرۈپسىز، كۈندۈزى چۈش ئۆرۈسە يامان بولمىش، شۇنداقتىمۇ سورىغۇم كەلدى.

— سىز ··· سىز مەندىن، — مىرزاھەلىم قىزىرىپ كەتتى، — «باغدىن ئالما تالالاپ ئۈزەلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغۇدەكسىز ··· مەن «بىر ئالمىغا كۆزۈم چۈشكەن، بىراق قولۇم يەتمەيۋاتىدۇ···» دېسەم، سىز «ئەمىسە شاخنى ئېگىپ بەرسەم بولغۇدەك ···» دېگۈدەكسىز···

— قولىڭىز··· — گۈلۋەرىخانىمۇ قىزاردى، — ئەمدى يېتىدۇ···

دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرى يېپىلدى ··· ئەمما شۇ كېچىسى مىرزاھەلىم دېرىزە قاپقاقلىرىنى چەككەن ئىدى، قاپقاقلار تىۋىشسىزلا ئېچىلدى ··· شۇندىن باشلاپ دېرىزە تۈۋىگە بىر چىغىر يول پەيدا بولۇپ قالدى ··· ئۇلارنىڭ مۇڭلىرى تۈگىمەي، يىل ئۆرۈلۈپ يەنە يازلار كەلدى. ھازىر گۈلۋەرىخانىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالغان ھاياتىنى بىر چىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ باغۋەن يىگىت مىرزا ھەلىم بولۇپ، ئۇنىڭ تاتلىق ئەركىلىتىشلىرى، قىزىق ھەزىل ـ چاقچاقلىرى، ئاپئاق تاڭلار ئاتقۇچە پىچىرلاشلىرى گۈلۋەرىخانىنىڭ گۈل سىيماسىنى يايرىتىپ، قەلب بوستانلىرىنى ياشنىتىۋەتتى ··· ئەمما «شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، ئاخىرلاشمايدىغان زىياپەت» دېگەندەك گۈلۋەرىخانىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قېلىشى ھەر ئىككىسىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇلار 6 ياشلىق نۇربانۇمنى ئېلىپ تاغ ئارقىسىغا قېچىپ كەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىرىنى سېزىپ قالغان چاكارلاردىن بىرسى يەتكۈزۈپ قويغاچقا، ۋاسىل بەگ ئالدىبۇرۇن ئايغاقچىلارنى ئەتراپقا قويۇۋەتكەن ئىدى. بىر كېچىسى مىرزاھەلىم ئېغىلدىكى ئاتلاردىن ئىككىسىنى توقۇپ، قىزىنى يېتىلەپ چىققان گۈلۋەرىخانىنى ئاتقا مىنگۈزۈش

ئارىلىقىدا، كالتەك كۆتۈرگەن بەش ـ ئالتە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. قىزىغا كۆزى قىيمىغان گۈلۋەرىخان قاتتىق ۋارقىرىدى:

— مىرزاھەلىم قېچىڭ ··· تېز قېچىڭ!···

مىرزاھەلىم ئاتقا بىر قامچا ئۇردى ـ دە، كالتەكچىلەر ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ۋاسىل بەگ گۈلۋەرىخاننى ھۇجرىسىغا سولاپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تاقاپ، ئۆزى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە قامچىلىدى. تىتىلىپ كەتكەن كۆڭلەكلەردىن قان يامراپ چىقىپ يەرگە سالغان گىلەملەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. شۇندىن باشلاپ ۋاسىل بەگ ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە پەيدا بولاتتىدە گۈلۋەرىخاننى قامچىلايتتى. ئۇ قۇم دەشتىدىن مىرزاھەلىمنى تۇتالمىغاچقا ئاچچىقىنى خوتۇنىدىن ئالاتتى. قامچا زەربىدىن پۈتۈن بەدىنى تىتىلىپ، يىرىڭداپ كەتكەن گۈلۋەرىخان ئارىدىن بىر ئايمۇ ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ جان ئۈزىدىغان كېچىسى ئالتە ياشتىن ئاشقان قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قىزىم نۇربانۇم، سەللا چوڭ بولۇۋالسىڭىز، بۇ گۆرى زىنداندىن بىر ئامالىلاپ كېتىڭ ··· ۋاسىل بەگ ئادەم قىياپىتىدىكى ئالۋاستى ··· — دەپ كۆز يۇمدى···

···«ئۇۋۇلىق» جاڭگاللىقىدا نۇربانۇمغا ئات مىنىشنى ئۆگىتىۋاتقان ئەخمەت «ئۇھ» دېگىنىچە چوڭقۇر تىنىدى. ئۇ نۇربانۇمنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئات مىنىشنى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ··· ئەخمەت قىزنى كۆتۈرۈپ ئاتتىن چۈشۈرگەندە ئۇنىڭمۇ يۈزلىرى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەخمەت ئاكا، — نۇربانۇم ئېسەدەپ كەتتى، — مەن بۇ

گەپلەرنى سىزگە نېمە ئۈچۈن دېگەنلىكىمنى بىلدىڭىزمۇ؟

— بىلدىم، — ئەخمەت بېشىنى لىڭشىتتى، — ئىچىڭىزنىڭ بۇنچىلىك دەردكە تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، سىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

— راستىما؟ — قىز ئەخمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — بىلەمسىز ئەخمەت ئاكا، مەن سىزنى بىر يىلدىن بېرى غايىۋانە سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن.

— بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئەخمەت ئاتلارنى يېتىلەپ كېلىۋېتىپ، — ئەمدى قايتىلى، ئەتە كېلەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— پۈتۈن بىر كۈن ئېغىل تازىلايمەن، پىچان توغرايمەن.

— ئەمىسە مەن ئۆگۈنلۈككە كەچتە چوقۇم كېلىمەن. ئەخمەت ئاكا مېنى ئالدىماڭ.

ئەتىسى ئەخمەت بىر كۈن كەچكىچە قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي ساراڭدەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا نۇربانۇمنى، يەنە كېلىپ قامچىسىدىن قان تامىدىغان ۋاسىل بەگنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقۇدەك يۈرەك يوق ئىدى! بىراق ئۇ 15 يېشىدا چاكار بولۇپ كەلگەندىن بېرى، بۇ قەسىردە نېمە خوۋلۇق كۆردى! پەقەت بىر قاچا ئوماچنىڭ قۇلى بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە، ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتى، ئۇنىڭ ئېغىلدىكى ئات، كالا، ئېشەكلەردەكمۇ قەدرى ـ قىممىتى بولمىسا ـ يا! زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەخمەت نۇربانۇمسىز ياشاشنىڭ مەڭگۈلۈك ئازاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ 4 ـ 5 كۈن ھەمراھ بولۇش بىلەن ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەس بولۇپ قالدى ··· ئەمما ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى خۇددى كالا مۈڭگۈزىدە قىزىلگۈل ئېچىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندەك ئەخمەقلىق ئىدى!، «ۋاي بولدىلا، ئۇنتۇلۇپ

كېتەر··· » دەي دېسە، يۈرىكى يىغلايتتى ··· قەلبى ئۆرتىنەتتى ··· پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن «ياق! ··· ياق !!···» دېگەن ندا ئاڭلىناتتى!

ــ ياق! بۇ خۇدا بەرگەن بىر قېتىملىق ئامەت! ــ پىچىرلىدى ئەخمەت نەلەرگىدۇر قاراپ، ــ مەن «مەلىكەم» نى بۇ زىنداندىن چوقۇم قۇتقۇزىمەن، بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمانىم يوق!!···

ئەخمەت ئەتىسى كەچتە ئاتلىرىنى يېتىلەپ «ئۈۋۈلىق»قا يېتىپ كەلگەندە، قوم دۆڭلۈكلىرى ئارقىسىدىن نۇربانۇمنىڭ غۇنچە بويى كۆتۈرۈلدى. ئۇ، ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، خۇشاللىقىدا گۈل يۈزلىرىدىن قەترىلەر ساقىدى. ئەخمەت قىزنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرگەندىن كېيىن، ئۈۋۈلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرى تۈگىمەيتتى. نۇربانۇمنىڭ پاكىز ئېتىقادى، ساپ ئىمانى بىلەن قەسەم قىلىشلىرى، يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنىشلىرى ئۇنىڭ ئەخمەتكە بولغان ۋاپادارلىقىدىن بېشارەت بەردى! ئاتلار بىر دۆڭلۈككە كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن توختىدى. ئەخمەت ئىككى قولىنى سۇنۇشى نۇربانۇم ئۆزىنى تۇيۇقسىزلا ئېتىشى ئىككىسى تەڭلا يۇمشاق قۇملۇققا يىقىلدى. يانمۇيان ياتقان ئىككى تەن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ، باشلىرى تېخىمۇ يېقىنلاشتى ··· دۇپدۇگىلەك يۇمران لەۋلەر ئۈستىگە بۇرۇتلىرى ئېگىزلاشقان يىرىك لەۋلەر چىڭ ھىملەشتى ··· ئۇزاق سۆيۈشتىن ھاسىراپ كەتكەن قىز ئۇڭدىسىغا بولدى ـ دە، تاۋار كۆڭلىكىنىڭ توپچىلىرىنى يېشىۋەتتى···

خېلى ۋاقىتلارغىچە شايىدەك بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاي ئاستا سۇزۇلۇپ چىقتى. ئۇ قۇملۇقتا بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ ياتقان ئىككى ناتىۋاننىڭ كۆزلىرىدىكى يالتىرىغان ياشلارنى كۆرۈپ:«ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دېگەندەك ئەنسىزلىك

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى:

— مېنىڭ ... مېنىڭ... — نۇربانۇمنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن ساقىغان ياش يۇمشاق قۇمغا تامماقتا ئىدى، — ۋاسىل بەگدەك پۇشتىپاناھىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغىنىمغا ئاللاغا ئەرزى - دەردىم كۆپ!

— تەقدىرى ئەزەل قادىلىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق بەسى مۇشكۈل! — دېدى ئەخمەت تەسەللى بېرىپ، — كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ.

ئۇلار ۋاسىل بەگنىڭ زۇلمەتلىك قەسىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتىنى مەسلىھەتلىشىپ ئالغاندىن كېيىن ئۆۋىلىقتىن ئايرىلدى.

نۇربانۇم ئىككى كۈنگىچە كېيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بوپىلىدى. نان - توغاچلارنىمۇ يېتەرلىك ئالدى. ئەخمەتمۇ ئىككى مىنىك ئېتىنى ئىككى كۈنگىچە قوناق بىلەنلا بوغۇز تەييارلاپ باقتى. يەنە بىر بوغماق قاپاق بىلەن تېرە تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ يوشۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى كېچىدە بوپسا، قاپاق، تۇلۇم، نانلارنى ئاتقا غانجۇغىلاپ، ئوتتۇرا كېچە بىلەن يولغا چىقىشتى. ئاتلار قىر دەريا ئىچىدىكى ئۆلاغ يوللىرى بىلەن مېڭىپ، پاشىلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن سانسىزلىغان قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنى قىزىل نۇر ئىلكىدە تاۋلىغان قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈپ، كۆپكۆك قۇملۇق قوقاستەك قىزىغاندا، ئەخمەت بىلەن نۇربانۇم ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بوپىدىكى نان، قاپاقتىكى سۇدا قوساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. بۇ يوللار ئۇلارغا ناتونۇش بولغاچقىمۇ پەقەت تۆگە، ئات، قېچىر ئىزلىرىغا ۋە قۇرۇغان تېزەكلەرگە قاراپ يەنە ئىلگىرىلىدى. ئىككىنچى كۈنى چۈش





پىشىن بىلەن دەھشەتلىك ئېگىز ۋە ئالامەت زور قۇم تاغلىرى يامرىلىغا كېلىپ بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن «ئانامتاش» داۋىنىغا ياماشتى. بۇ داۋاندا ئۇلاغ مىنىپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، ئېڭىشىپ، قوللىرىدا قۇمغا تايىنىپ، ھەتتا ئۆمىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر داۋاننىڭ قاپ بەللىرىدە ھېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، يېتىپ قالمىغاندا، يېرىم كۈندىن ئارتۇق پىيادە يۈرۈپ ئاندىن ئانامتاش داۋىنىنىڭ ئاخىرقى چوققىسىغا يېتىپ بارالايتتى. بۇ چوققا تولىمۇ ئېگىز بولۇپ، بۇلۇتلار يانباغىرلاردا لەيلەپ يۈرگەچكە، ئادەم ئۆزىنى ئەرش پەللىسىگە چىققاندەك ھېس قىلاتتى. چوققىدىن ئۇ تەرەپتىكى جەھەننەم چوڭقۇرلۇقىغا قارىغاندا سۈس مانانىلار ئارىسىدىن كۆرۈنگەن كۈرمىڭلىغان قۇم بارخانلىرى، بەجايىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتەك چەكسىز ئايان بولاتتى.

نۇربانۇم كىچىككىنە ئۆمرىدە دەرد ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ نادامەتنىڭ تەمىنى تېتىغان بولسىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھەر 10 ـ 15 قەدەمدە بىر ئارام ئېلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تەرلەپ پىشىپ يېرىم كۈنلۈك مۇساپىنى بىر كۈندە مېڭىپ، داۋان چوققىسىغا چىققاندا، پۈتۈن كائىناتقا ئەينەك ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، ئاسمان سەتھىسى پىلىلدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئىدى. نۇربانۇم بوپىسىنى بېشىغا قويۇپ يېتىشى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما بىردەمدىلا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئەخمەت جىددىيلىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. قىزنى بىر ـ ئىككى قېتىم ئويغاتقان بولسىمۇ، ئۇ: «بىردەم يېتىۋالايچۇ» دەپ يېلىناتتى. دېمىسىمۇ نۇربانۇمنىڭ پۇت ـ قوللىرى، بەللىرى خۇددى ئۇگە ـ ئۇگىسىدىن ئاجراپ

كەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

قۇم تاغلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش پېشانە، يۈزلىرىنى كۆيدۈرگەندىلا نۇربانۇم ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئۇلار كىچىككەن ئىدى. داۋان غولىدا 6 ـ 7 ئاتلىقلار ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي، ئاتلىرىنى توختىماي قامچىلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەخمەت نۇربانۇمنىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە ئاتقا مىندۈردى. ئۇ «بوپام» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئەخمەت «قويۇۋەت بولدى» دېدى ـ دە، ئاتنىڭ تېقىمىغا قامچا ئۇردى. ئۆزىمۇ، پەسكە قاراپ ئۇچقاندەك ئېتىنى قويۇۋەتتى. لېكىن نۇربانۇم ئاتنى تېز چاپتۇرالمىغاچقا، ئۇزۇنغا بارمايلا، ئاتلىقلار ئارىسىدا قورشىلىپ قالدى…

ئەخمەت، نۇربانۇملار تۇتۇلغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ۋاسىل بەگنىڭ چوڭ قورۇسىغا ئادەملەر توپلاشتى. بىر تۈپ ئۈجمە سايىسىغا قويۇلغان چوڭ كاتقا تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ۋاسىل بەگ هويلا ئوتتۇرىسىغا تىزلاندۇرۇپ قويۇلغان ئەخمەتكە قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇراتتى. سارغۇچ چۇنچەن يەكتەك، شايى پوتا، ئاق يىپەك شاپاق دوپپا ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتىپ، چار ساقاللىرى غەزەپتىن تىترەيتتى. هويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كالتەك، قامچا ۋە تاياق تۇتقان چاپارمەنلەرنىڭ قاتتىق باغلانغان ئەخمەتنى تىرىكلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازى يامان ئىدى. چوقۇر چىراي هەم پاناق بۇرۇن ئىككى چاكار نۇربانۇمنىڭ بىلەكلىرىدىن قاماللاپ چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

— هەي تۇزكور، — ۋاسىل بەگ چارساقاللىرىنى تۇتاملىدى، — 15 يېشىڭدىن تارتىپ بېقىپ، شۇ دېمەتلىك قىلىپ قويسام، سەندىن كەلگەن راپائەت شۇما؟

— بەگ ئاتا، — ئەخمەت بېشىنى كۆتۈردى، — 10 يىلدىن

بىرى بىر قاچا ئۇماچىنىڭ قۇلى بولۇپ خىزمەتلىرىنى قىلىپ كەلدىم. مەن سىلىدىن ھېچقانداق ھەققىيات تەلەپ قىلمىدىم.

— بېشىڭنى پەس قىل دىۋانە، — بىر چاپارمەن ئەخمەتكە قامچا سالدى، — بەگ ئاتامغا تىكىلىپ قارىغان كۆزلىرىڭنى ئويۇۋېتىمەن.

— ئەخمەتنى ئۇرما، ۋۇي خوتۇنىنىڭ مالىيى! — نۇربانۇم قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئۇنىڭسىزمۇ، سەن لالما ئىت بىر پارچە سۆڭەكتىن قۇرۇق قالمايسەن!

— ئاغزىڭنى يۇم، شەپشەك، — ۋاسىل بەگ قولىنى شىلتىدى، — ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق بولغاندەك سەنمۇ ئاناڭغا ئوخشاش ئاتباقار چاكارغا سەۋدايى بولدۇڭ، ۋۇي نومۇسسىز…

نۇربانۇم بولجۇنۇپ يەنە گەپ قىلماقچى بولىۋىدى، پاناق بىلەن چوقۇر ئۇنىڭ ئاغزىنى قامالاپ تۇتۇۋالدى.

— تېخى «ھەققىيات» دېگەندەك يوچۇنلا گەپ قىلىسەنغۇ، ئېشەكنىڭ تايى، — ۋاسىل بەگ قامچىسىنى گىلەمگە ئۇردى، — مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا يېگەنلىرىڭ - ئىچكەنلىرىڭ پوكىنىڭنى ئەستىما ئەبلەخ.

— ئالماقنىڭ بەرمىكى بار بېگىم، — ئەخمەتنىڭ ھەممىدىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەندەك قىلاتتى، — مەن ئۆزۈم يالغۇز نەچچە چاكارنىڭ ئىشىنى قىلىپ كەلدىم، لېكىن سىلىدىن سادا چىقمىدى. شۇڭا قىزلىرىنى ئېلىپ قاچتىم.

— ئۆز خىلىڭ بويىچە پايتىمىسىنى سۆرەپ يۈرگەن پىتلىقتىن بىرەرىنى تاپقان بولساڭ، مەن ئېلىپ بەرمەسمىدىم.

— بېگىم سىلىدە يۈرەك، كۆڭۈل، ئەقىدە، ۋاپادارلىق، ئېتىقاد دېگەن نەرسە يوق! پەقەت قۇللىرىدىكى قامچىلا بار. ئۇنىڭ ئارقىلىق ھەممىنى بويسۇندۇردىلا، قامچا بىلەن ئېگىلىگەن

نەرسىنىڭ ئېتىبارى، مەززىسى، مەنىسى بولمايدۇ، — ئەخمەتتە بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دېگەن ئىراده بار ئىدى، — مەن كۆڭلۈمنىڭ سۆيۈنۈشى بىلەن قىزلىرىغا ئاشىق بولدۇم، نۇربانۇممۇ مېنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمغا ئىشىنىپ مەيلىنى ماڭا بەردى.

— ئەمىسە ئۇنى يولدىن ئازدۇرغان سەن ئىكەنسەندە؟

— شۇنداق، بېگىم.

— يالغان، — نۇربانۇم بولجۇنۇپ ۋارقىرىدى، — ئەخمەتنى ئازدۇرغىنى مەن ··· مەن ئۇنىڭغا: «ئانامنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن، ئالۋاستى قاتىلنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى» دەپ يىلىندىم.

— زۇۋانىڭنى يىغ قانجۇق، — ۋاسىل بەگ ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى، — جەرەستاندا ھايا ـ نومۇسنى ئۇنۇتقان تىلىڭنى كېسىۋەتمەي يەنە!

— كەس، كەسمەمسەن قېنى، — نۇربانۇم تۇتۇپ تۇرغانلارنى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى، — سېنىڭ ياۋۇزلۇقۇڭنى ئەھلى ـ جامائەت كۆرسۇن!

— ئۇنىڭ زۇۋانىغا بىر نېمە تىقىڭلار، — ۋاسىل بەگ غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى، — ھەي چوقۇر، ۋۇي ئىت پاناق قامچىنىڭ تەمىنى تېتىغۇڭ كېلىپ قالدىمۇ؟

چوقۇر بىلەن پاناق نۇربانۇمنىڭ ئاغزىغا ماتا لۆڭگىنى پۇرلاپ تىقىپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىۋەتتى.

— ھەي تۇزكۇر مۇناپىق، — ۋاسىل بەگ قامچىسىنى كاتىنىڭ گىرۋىكىگە ئۇردى، — قىزىمنى ھەم ئىككى ئېتىمنى ئوغرىلاپ قاچقان گۇناھىڭ ئۈچۈن ئەمدى دوتەي يامۇل گۇندىپايلىرىنىڭ قىيناق ھەم سوراقلىرىدا ئۆل.

— ئەگەر شۇنداق قىلمىدىغان بولساڭ، — نۇربانۇم بېشىنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق سىلكىپ ئاغزىدىكى لاتىنى چىقىرىۋەتتى، — پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئۇسۇپ ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن ··· ئىشەنمەمسەن؟ قارا ئەمىسە.

نۇربانۇم بىر سىلكىنىپ ئىككى چاكار قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ يۈگۈرگەن ئىدى، ئاڭغىچە چوقۇر بىلەن پاناھ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ ئاغزىغا لاتىنى تېخىمۇ چىڭ كەپلەپ تىقىۋەتتى. ساقىلىنى تۇتاملاپ بىر هازا تۇرۇپ كەتكەن ۋاسىل بەگ قەھر - غەزەپ بىلەن ئەخمەتكە قادالدى.

— هەي بەدىرەك، گۇناھىڭغا ئىقرار ئىكەنسەن، ئەمدى گۈندىخانىدا پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ ئۆل!

— هەي بەگ، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق! بەرىبىر بىر ئۆلۈم!! — ھەممىنى بېشىغا ئېلىپ قويغان ئەخمەت ئورنىدىن دەست تۇردى، — بىراق سەن قانداق ئۆلۈمدە ئۆلەرسەن؟ ئاۋامنىڭ قارغىش، لەنەتلىرى ئاستىدا قان قۇسۇپ ئۆلىسەن! ··· سېنىڭ ئاجىزلارغا سالغان زۇلۇملىرىڭ ئازمۇ؟

— بۇنىڭ تىلىنى كېسىڭلار! — جالاقلاپ تىترەۋاتقان ۋاسىل قامچىسىنى شىلتىدى، — تېز بولۇش، بۇ توڭگۇزنىڭ شۇم تىلىنى مەن بىر كۆرەي!

چاپارمەنلەردىن بىر قانچىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلگىنىچە، ئەخمەتنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى. ئات تاقىلايدىغان ئامبۇرنى يانپىشىغا ئېسىۋالغان قاپقارا ساقاللىق بىرسى ئۇنىڭ مەيدىسىگە دەسسىلاپ تۇرۇشى، ئىككى چاپارمەن ئەخمەتنىڭ ئاغزىنى كېرىپ ئاچتى ··· ساقاللىق ئامبۇرغا قىسىۋالغان تىلىنى بىرلا تارتىپ سوزۇپ چىقىرىشى يەنە بىرسى شارتلا كېسىۋەتتى! ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتقان ئەخمەتنى چاپارمەنلەر قوللىرىدىن

## تەكلىماكان ئوغلى (1)

سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا نۇربانۇم ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى...

قانسىراپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ئەخمەتنى «ئۇۋۇلىق» نىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ تاشلىۋېتىشتى. ئۇنى جىگدىلىك مەھەللىسىدىكى ئىگەمبەردى كۆتۈرۈپ ئەپكېلىپ يوشۇرۇن باقتى. ئەخمەت تىلسىز بولۇپ ساقىيىپ قويىقاندا، نۇربانۇم تەكلىماكان چۆللۈكى ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتكىنىگە 18 كۈن بولغانىدى. ئەخمەت ئۇنى ئىزدەپ قۇم چۆللۈككە كىرىپ كەتتى. ئۇ گەرچە قارا تاۋار كۆڭلەك ۋە قارا رومال ئورالغان بوپىنى ئاناماتاش داۋىنىدىن تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، نۇربانۇمنى تاپالمىدى...

ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئۆلكە ئازاد بولدى. قان قەرزگە بوغۇلغان ۋاسىل بەگكە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۇنى دېھقانلارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇۋۇلىق جاڭگاللىقىدا ئاتتى! ئۇنىڭ ئۆلۈكى بىر كۈن كەچكىچە قۇملۇقتا سېسىپ ياتتى. كۆپكۆك چىۋىنلەر ئولىشىپ، ئۇنىڭغا يېپىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم تاشلاپ كۆمۈپ قويۇشقا ھېچكىم كەلمىدى. ئەمما ئەخمەت ئۇنى كېچىسى كۆتۈرۈپ كېلىپ يۇيۇپ ـ تاراپ، ئاق ماتاغا يۆگەپ قۇملۇققا كۆمۈۋەتتى...

... ئايدىڭ كېچە! لەيلىنى قوغداپ ئولتۇرغان ئەخمەت ئايغا تىكىلگىنىچە تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى!...

## ئون ئالتىنچى باب

# تۆندىكى سىرلىق ھۇۋقۇشلار

هاشىم ئەتىگەندىلا نىيازخانىنىڭ كۆجۈم ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، موماي قوتان ئەتراپىغا چىچىلىپ كەتكەن ئوت ـ خەسلەرنى سۈپۈرۈۋاتاتتى. ئۇ سۈپۈرگىنى تاشلاپ: «ھاشىماخۇن لەيلىدىن خەۋەر بارمۇ؟» دېگەچ ھاسىراپ يېتىپ كەلدى ھەم ئۆيگە باشلىغان ئىدى، ھاشىم ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سۇپىدىلا ئولتۇردى. ئۇ لەيلىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى باشقىچە ياساپ دېگەن بولسىمۇ، نىيازخان قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، پاشىلىققا بېرىپ كامىلاخۇننى كۆرۈپ كەلگەن بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، — نىيازخان ئورنىدىن تۇردى، — مەن ھازىرلا تاماق ئېتىپ ئاپىراي.

— نىيازخان ئاچا، — ھاشىم كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — بۇگۈنچە تاماق ئېتىپ ئاپارمىسىلا ھەم «لەيلى تېپىلدى» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىسىلا، قىسقىسى كۆرۈشمىسىلە.

— نېمانداق ئادەمنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان گەپلەرنى قىلىدىغانلا ھاشىماخۇن.

— جەۋلان كېلىپ بولغىچە لەيلىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمىسۇن ئۇقتىلىما؟ ئەمدى ئۇنىڭ نېرى ـ بېرىسىنى چۇقچىلاپ يۈرمىسىلە.

— گەپلىرىگە قارىغاندا، لەيلى پاشىلىقتا كىرمەپتۇ. ئۇ چوقۇم بىر پېشكەللىككە يولۇقۇپتۇ.

— لەيلى هايات بولغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ، — هاشىم سەل تىترىكىپ قالدى، — ئەسلىدە سىلىگىمۇ دېمەكچى ئەمەستىم، لېكىن لەيلى «ئانام ئەنسىرەپ كېتىدۇ» دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئاتايتەن كېلىشىم.

هاشىم ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە كەنت ۋە كىچىك ئەترەت كادىرلىرى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۈگۈن ئەتىگەن مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشنى تونۇگۈنلا مەسلىھەتلىشىپ ئالغانىدى. ئۇلار لەيلىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىزلىگەندە، دېھقانلار ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىپ قويياتتى. شۇڭا هاشىم بۈگۈن سەھەردىلا تەشكىلگە كېلىپ تىنىڭ ـ تىنچلاپ باقماقچى بولدى. ئەمما بېشى تېڭىلغان ئەخمەتنىڭ ئىشىك ئالدىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئاغقان هالدا ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا سۆزلەشتى. ئاندىن ياتاققا كىرىپ لەيلى بىلەن كۆرۈشۈپ ھەممە ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قىزغا، جەۋلان كەلگىچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىكنى تاپىلاپ چىقىپ كەتكەنىدى. هاشىم مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمسوللا، ياربەختى، ئايشەم ۋە كامالەتلەر جىددىيلەشكەن هالدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار هاشىمنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىك ئىپادىنى كۆرۈپ تېخىمۇ سۈكۈتكە چۆمۈشتى. هاشىم ئەخمەت بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، لەيلىنىڭ بېشىغا كەلگەن قورقۇنچلۇق پاجىئە، ئۇنى تۈن يېرىمىدىن باشلاپ، ئەتىسى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئىزلىگەنلىكى قاتارلىق جەريانلارنى ھەم ھەر ئىككىسىنىڭ يۈز، باش، قوللىرىنىڭ تېڭىلغانلىقىنى سۆزلىگەندە ئولتۇرغانلار قورقۇش،

غەزەپ ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتسا، بەزىلىرى بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلەشتى.

— يولداشلار، لەيلى توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىمىز مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، — ھاشىم جىددىي تەلەپپۇزدا ئەسكەرتتى، — ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىشىشىنىڭ سەۋەبى ھەممىمىزگە ئايان. شۇڭا بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، بېكىتىش، تۆلتىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل بولساق.

— لەيلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كامالمۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى، — دېدى زۇلال، — ئۇ توغرۇلۇق ھەممىمىز جەۋلان كەلگەن ھامان ئاشكارىلاش قارارىغا كەلدۇق.

— كامالنىڭمۇ كىندىك قېنى قۇمتامغا تۆكۈلگەن، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن قۇربان بەرسە نېمە بوپتۇ؟

— ئايشەمخان ئاچا، — دېدى مەتنىياز لەپپىدە قاراپ، — ئۇنى قۇربان بېرىشكە چىقىرىۋەتمەيلى. جەۋلانغا ھەممىمىز دەيلى، ئۇ ۋىلايەت، ناھىيىدىكى ۋالىي، شۇجى، ھاكىم دېگەندەك كاتتىلار بىلەن ئاداش - ئايماقلاردەك گەپلىشەلەيدىكەن ئەمەسمۇ.

مەتنىيازنىڭ سۆزىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەمما يارىبەختى كۈلكە بىلەن چاتىقى يوق ۋارقىراپلا ئورنىدىن تۇردى:

— پارتىيىنىڭ سىياسىتىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن كامالنىڭ ئىشتانغا چىقىرىپ قويغان يېرى باردە…

كامالەتنىڭ سۆزىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئاغىنىلەر نېمىدىن ئەنسىرەيمىز، — دېدى كېرىمولىلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كامالەت غۇلمان ئاكىسىغا تاتلىقىنا بىرلا

كۆلۈپ بەرسە، نەچچە كامالنى قوتقۇزۇپ ئالمامدۇ!

— ئەسكى، — قاتتىق كۈتۈرۈلگەن كۆلكىدىن كامالەت قىزىرىپ كەتتى، — سا پوقى يەۋالغان سارالاڭ…

— يولداشلار چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، كامال توغرۇلۇق مەن جەۋلان بىلەن سۆزلىشىمەن، — دېدى ھاشىم تەمكىن ھالدا، — لەيلىنىڭ دېيىشىچە ئۇنى ئېلىپ قاچقان ئادەملەرنىڭ بىرسى تەمبەل، ئېگىز ئادەممىش، يەنە بىرسى بولسا پاكار دىقماق ئوخشايدۇ.

— تەمبەل، ئېگىز دېگىنى چاۋار! — بىرنەچچىسى بىردەكلا ۋارقىراشتى. ئۇلار «چاۋار» دېگەن ئىسىمنى ئۇنىلۈك ۋارقىراۋاتقاندا، چاۋار پېشايۋاندىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان ئەتلەس كۆرپە، ماموق ياستۇقلاردا خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلانغىنىچە ئېگىشىۋالغان مەتسىدىق لىيگەندىكى قوغۇننى خۇددى بىر كىم تارتىۋالىدىغاندەك شالاپلىتىپ يىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا گەپكە تۇتۇنغان چاغدا، دەرۋازا غارىلداپ ئېچىلىپ چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئوغۇلخان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قېشىغا قويۇۋالغان دەمدەدەك ئوسمىسىغا ھەيران قالغان قەپەستىكى كەكلىك ۋاقاقلاپ كۆلۈپ كەتتى…

— خوتۇن تويغا كەتكەنتىڭ، ئەجەب تېز قايتىپ كەپسەنغۇ؟

— كۆڭلەك بولماي كەتكۇر جۇۋاينىمەك، تەرلىتىپ، قىزىتىپ ئۆلتۈردىغۇ، خوتۇنلار ئارىسىدا ئولتۇرالمايلا قالدىم.

— ھەي ئەقلىنى چېلىپ ئىچكەن دەۋەك، مۇشۇ ئىسسىقتىمۇ دۇخاۋا كۆڭلەك كىيگەن بارمۇ؟ — چاۋار مەسخىرىلىك ھىجايدى، — ھە، تويدا بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياقەي، ھېچقانداق گەپ كالىچى يوققۇ…

— راستما؟ — چاۋار تامغا يۆلىنىپ، كۆزى چەكچەيدى، —

مەھەللە ـ كويلاردا كوسور ـ كوسور، قولاق ياقتى گەپلەر چىقىپ تۇراتتىغۇ؟

ــــ ياقەي، ھېچقانداق سۆز ـ چۆچەك ئاڭلىمىدىم.

سورالغان گەپلەرنى پەرۋايىغىمۇ ئالمىغان ئوغۇلخان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق بىر ـ بىرىگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ بىسەرەمجان كۆزلىرىدىن قورقۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــــ مەتسىدىق ئەھۋال چاتاقتەك قىلامدۇ ـ نېمە؟ ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئەخمەت گاچا لەيلىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ، غوۋغا كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟

ــــ تۈنۈگۈن سەھەردە ھابىل، ئىمىنلار «لەيلى قېچىپتۇ··· » دەپ داۋراڭ سېلىشتى، ــــ ئاسانلا قورقىدىغان مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى غىلىپاللىدى، ــــ راست، ئەترەت كادىرلىرى، ئاكتىپلاردا ئەجەب بىرەر ئىنكاس يوقا!

ئۆلارنىڭ كوسور ـ كوسورلىرى ئۆيدىكى تاراق ـ تۇرۇق، ئاياغ تىۋىشىدىن دەرھاللا جىمىدى. ئوغۇلخان دوخاۋا كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، نېپىز شىپىڭ كۆڭلەك كىيىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ: «مەن ماڭدىم» دەپ تاكاسلاپ دەرۋازىدىن چىقىشى ھابىل ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ پېشايۋانغا چىقماي پەلەمپەي يېنىدىلا توختىدى. ئۇ كەنت تەشكىلىدە ھېچقانداق ئىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى، پەقەت ھاشىمنىڭ ئەخمەت بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نېۋىخان قىبرىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بولۇپ، لېگەندىكى قوغۇندىن بىر تىلىم ئالدى. ھابىلنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچبىر قانائەت تاپالمىغان چاۋار ئاسماقچىلاپ كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى:

ــــ «لەيلى يوقاپ كەتتى» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر

بولۇنمىدىما؟

— مەن يان قورۇننىڭ ئۆگزىسىدە تۇرسام، شۇنچە يىراقتىن گەپنى قانداق ئاڭلايمەن؟

— كەنت كادىرلىرى، ئاكتىپلىرى ئوپۇر - توپۇر بولۇشمىدىما؟

— كەنت ئىچى مازارلىقتەك جىمجىت···

— مەتسىدىق، ئەھۋال نورمال ئەمەس، — دېدى چاۋار ھابىل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — بۇنداق جىمجىتچىلىقنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر ئاپەت بار. ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئاكتىپلار شۇنچە چوڭ ئىش يۈز بەرسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنچە خاتىرجەم ··· بۇ ھاشىم دېگەن قېرى قاغىدالمىنىڭ مىكرى!

— چاۋاركا، ئادەم قورقۇتماڭە، — مەتسىدىق قورققىنىدىن غورتتىدە يۇتۇندى، — بىرەر ئىشقۇ بوپقالماس.

— بولسىمۇ جەۋلان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولىدۇ، — چاۋارنىڭ پال كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — ئۇ قاچان قايتىپ كەلگۇدەك؟

— نەسرۇللاكامدىن تېلېفون كەلدى. يىغىن تۈنۈگۈن كەچ تۈگەپتۇ.

— ئۇنداقتا بۈگۈن قايتىپ كەلگۇدەك، — چاۋار خىيال بىلەن بۇرنىنى كوچىلىدى، — جەۋلانغۇ لەيلىنى تونۇمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەھۋالنى ئۇقسىلا، سۈرۈشتە قىلىدۇ. بىز «ئۇقمايمىز» بىلەن كۇپايىلىنىمىز. بىرەر كىمنى چىشلەپ تارتمايمىز، گۇمانىمىزنىمۇ قويمايمىز. لەيلىنىڭ دۈشمىنىنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلسە، ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

— توغرا، ئىگەمبەردى خامانىنىڭ مومىسىدەك چوقچىيىپ چىقىدۇ، — مەتسىدىق ھىجايدى، — بىراق جەۋلان كامالىنى

بىلىپ قالدىيۇ چاتاق.

— شۇنداق، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. كامال جەۋلان ئۇچۇن تېپىلغۇسىز بىر گۆھەر ... شۇڭا...

چاۋار ھەم مەتسىدىق جەۋلان ھەققىدە مۇلاھىزىلىرىنى دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىشۋاتقاندا، ئات يېتىلىگەن جەۋلان ۋاڭ يۇڭ بىلەن قومچاقار ئازنە بازىرىدىن ئۆتۈپ، قىر دەريا ساھىللىرىگە كېلىپ قالغانىدى.

جەۋلان ئۈچ كۈنلۈك يىغىندىن خېلىلا تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. ھەربىر ئەترەت، باشقۇرۇش رايونى، مەيدانلارغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسئۇللىرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىدىن جەۋلان نېمىنى توغرا قىلغانلىقى، قايسى ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئىشلىيەلمىگەنلىكى، بۇندىن كېيىن قايسى تۈردىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تۈنۈگۈن ۋاڭ يۇڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇندىن كېيىنكى باسقۇچتا بېجىرىشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ھەققىدىكى يوليورۇقمۇ جەۋلان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يول كۆرسەتكۈچ بولدى. ئەمما جەۋلاننىڭ دوكلاتى خىزمەت گۇرۇپپا رەھبەرلىكى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇڭا ۋاڭ يۇڭ تۈنۈگۈن كەچ ماڭماقچى بولغان جەۋلاننى ئېلىپ قالغانىدى. ئۇلار قومتامنىڭ قاتمال ۋەزىيىتى، ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر، تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشۋالدى. ۋاڭ يۇڭ پات ئارىدا شەھەرگە قايتمىسا بولمايتتى، ناھىيىلىك كومىتېت ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا

ئەۋەتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتكەن ئىدى. لېكىن ۋاڭ يۈك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىگەچكە، ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتىپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىڭدىن ئون كۈنلۈك مۆھلەت سورىدى. دەرۋەقە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىكى مەسىلىلەر ئېغىر بولۇپ، قانۇنغا ياتمىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەگەر ياردەمچىسى نەسرۇللاغا تاشلاپ كەتسە جازالاش ئاساس بولۇپ قېلىپ، خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلار سەپتىن ئايرىلىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ قالاتتى. خاس خادىم نەسرۇللا ھە دېسە «زەربە بېرىش» ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشنى تەكىتلەيتتى. بۇنداق شارائىتتى قىيىن قۇملۇق دىياردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۈل خىزمەت ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا «ئاگاھلاندۇرۇش»، «بىر يىللىق، ئىككى يىللىق سىناق»، «كىچىك گۇناھ، چوڭ گۇناھ» بېرىش دېگەندەك «ھوشىنى تېپىۋېلىش» چارىسىنى قوللانمىسا بولمايتتى. ھېسسىياتقا بېرىلىپ جازالىغان بىلەن نۇرغۇنلىغان دېھقان باللىرى ئوقۇشسىز قالاتتى. شۇڭا ۋاڭ يۈك كۇرسىنى بىر ھەپتە ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى قويۇپ بەرمىسە، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دەرس باشلاشقا تەسىر يېتەتتى. جەۋلان ئۇنىڭ قايتمىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى. ئۇلار قىر دەريا قىرغاقلىرىغا كېلىپ، بە ھەيۋەت سۈسىز دەريا ساھىللىرىگە نەزەر تاشلىدى:

— بولدى ۋاڭ زۇجاڭ مېنى قۇمتامغىچە ئۇزىتىپ بارامسىز ـ يە، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ قويۇپ.

— مېنىڭمۇ شۇنداق بارغۇم بار، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى نەسرۇللاغا تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ، — ۋاڭ يۈك خىزمەت گۆرۈپپىسىغا كۆزى قىيالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، —

ئەيسايۇفنى ئەكېلىۋالاي دېسەم بازار باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئىشى تېخىمۇ جىددىي، ھاشىم بىلەن كامالنى راستىنلا كۆرگۈم كەلدى.

— لېكىن كامال يوقتە.

— سەن ئاخشاملىرى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تىڭ ـ تىڭلاپ باقسالڭ قانداق؟ ئۇنىڭ ئانىسى نېمە دەيدۇ؟

— نېۋىخان ئانىمۇ «پاشىلىقتا پالىغان، شۇ يەردىن قېچىپ كېتىپتۇ» دەيدۇ.

— ئۇنداقتا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان بىر زىل ئىش بولغاچقا، ئۇلار پىكىر بىرلىكىگە كېلىۋالغان.

— توغرا، مېنىڭ كۆڭلۇمدىكىنى دېدىڭىز، مەنمۇ شۇنداق گۇمانغا كەلگەن ئىدىم.

— جەۋلان دوكلاتىڭغا قارىغاندا قۇمتامنىڭ ۋەزىيىتى بىر ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر كەن، — دېدى ۋاڭ يۈڭ ئويلانغان ھالدا، — شۇڭا كەنت ئاكتىپلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىل. ئۇلار بىلەن سىرداشلاردىن بول، لېكىن ئاددىي، قوپال ئۇسۇللاردىن، بۇيرۇقۋازلىقتىن، بېسىم ئىشلىتىشتىن ساقلان.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، مەن توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىغان ئوخشىمامسىز؟

— «كىمكى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە سەل قاراپ، مەسىلە كۆرۈلسە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە شۇ كىشى ئىگە بولىدۇ ...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئادەم قورقۇتساڭ، سېنىڭ ئارقاڭدىن كىم ئەگىشىدۇ؟

— توۋا، بۇ گەپلەرمۇ يېتىپ كەپتۇ ـ دە!

— قېنى ئاتقا مىن، — ۋاڭ يۈڭ جەۋلاننىڭ قولتۇقىدىن

يۆلىدى، ــ ھەرقانداق ئىشقا يولۇقساڭ ئېھتىياتچان، سالماق بول، ئەقلىڭنى ئىشلەت، ھېسسىياتقا بېرىلمە ... قىز ـ چوكانلارغا نەزىرىڭنى سالما ... بالايىئاپەت شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

ــ ۋاڭ زوجاڭ كۆرۈشكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالماس.

ــ ياقەي، ئوقۇتقۇچىلار كورسى تارقالغاندىن كېيىن قومتامغا چوقۇم بارىمەن.

جەۋلان ئېتىنى دېۋىتىپ سۇسىز قىر دەريا سايلىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى. قىرغاقتا تۇرغان ۋاڭ يۇڭ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. جەۋلانمۇ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى ـ دە، ئىچىدە «ياخشى ئادەم» دەپ قويدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش، گومىنداڭغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋاڭ يۇڭ شىنجاڭغا كىرگەندە 35 ياشلاردىكى «پەيجاڭ» دەرىجىلىك ھەربىي ئىدى. ھەربىي كادىرلارنى يەرلىكتىكى خىزمەتلەرگە ئالماشتۇرۇپ يولغا سالغاندا، ۋاڭ يۇڭ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ تەكلىماكان ئىچىدىكى قۇملۇق كەنت قۇمتامغا كېلىپ يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇرۇشلاردا بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن ۋاڭ يۇڭ دېھقانلار بىلەن ئۇماچ ئىچىپ، سوغۇق سۇدا زاغرا يەپ دەردىگە دەرمان، ھالىغا مۇڭ بولۇپ ئاۋام ئىچىگە بىلىقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ دىلكەشلىكىدىن سۆيۈنگەن دېھقانلار ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك باغرىغا ئالدى. ئۇ كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ۋاڭ يۇڭ ماۋجۇشىنىڭ: «يەرلىك مىللەتچىلىك خاتا، چوڭ خەنزۇچىلىق ئۇنىڭدىن بەك خاتا، تۆۋەنگە خىزمەتكە

بارغان كادىرلار، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلغان ھەقىقىي خەنزۇ كادىرلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ ئىدارىسىدا بولسۇن ياكى تۆۋەنگە چۈشسۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرسە ئۇيغۇر، خەنزۇلار ئىچىدە خەنزۇ بولالايتتى...

خىيال بىلەن يولنىڭ قاچانلاردا قىسقىراپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغان جەۋلان چوڭ ئېچىۋېتىلگەن كەنت تەشكىلى دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپىغا قارىغان بولسىمۇ ئەخمەت ھېچيەردە كۆرۈنمىدى. شۇڭا جەۋلان ئېتىنى يېتىلەپ ئېغىل قېشىغا كەلدى. لېكىن لاپاس ئاستىدا رومىلىنى بوينىغا چۈشۈرۈۋالغان، بېشى، قوللىرى قارا لاتىدا تېڭىلغان، چاچلىرى مۈرىلىرى ئەتراپىدا يېيىلىپ تۇرغان چوكانىنىڭ جادۇدا پىچان توغراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدا توختىدى.

بۇ يەردە ھەرگىز چاچ كەسمەيدۇ. ھەتتا كىچىك قىزلارمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇپ، ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ، ئەجەبا بۇ ئايال!... دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچكەن جەۋلان ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سالدى. قىسقا چاچ ئايال جەۋلاننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي بىر قولىدا جادۇنى باساتتى. يەنە بىر قولىدا پىچاننى تۇتاملاپ جادۇ بېسىغان توغرىلايتتى.

— ئەخمەت نەگە كەتتى؟

چۆچۈپ كەتكەن قىز شارتلا بۇرۇلۇپ جەۋلانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن تۇخۇمدەك ئاق يۈزى، قاپقارا تۇز قاشلىرى، سۈزۈك پېشانىسى مونچاق ـ مونچاق تەرلىگەن بولۇپ، قىياقتەك كۆزلىرى ئۇركۈگەن قۇشتەك چەكچىيىپ تۇراتتى. تېگى ئاقۇچ، سۈس كۆك گۈللۈك چىت كۆڭلەك ئۇنىڭ زىلۋا

قەددىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما يۈزىدىكى قوڭۇر داغلار ھەم قورسىقىنىڭ دومبىيىپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

«ئۇ ئۇيغۇر قىزى ئەمەسكەن ... توغرا، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ بۇ؟ قانداق بولۇپ ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالدىكىنە؟...» دېگەن سوئال كاللىسىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەن جەۋلان ئۇنىڭغا خەنزۇ تىلى بويىچە گەپ قىلدى:

— پەرىزىمچە سىز خەنزۇ قىزىغۇ دەيمەن؟ بۇ قۇملۇقتا نېمە ئىش قىلىسىز؟

قىز لاپاس تۇۋۇرۈكىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى. ئۇنى يان قورۇدىكى مىنبىگلار قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان ئۆگزىگە نۆۋەت ئالمىشىپ چىققان قارا مەدەك ھابىل كۆرۈپ قالدى. لەيلىنى «قاچتى» دەپ داۋراڭ سالغانلارنىڭ بىرسى شۇ بولغاچقىمۇ قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ دۆۋىلەنگەن زىغىر پاخىلىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ جەۋلان بىلەن ئىككىسىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

— بولدى يىغلىماڭ، — دېدى جەۋلان قىزغا زەن سېلىپ، — قانداق گېپىڭىز بولسا قورقماي ماڭا دەڭ.

— سىز ... سىز يۇقىرىدىن كەلگەن ياخشى كادىر، — قىز ئىتتىك كەلگىنىچە جەۋلاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى، — سىز كامالنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئا ... قانداق قىلىق بۇ؟ — جەۋلان قىزنى يۆلىگەچ، بىر ئىشنى ئەسكە ئالدى، — كامال؟! كامال دېدىڭىزما؟

— شۇنداق كەنت تەشكىلىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ھارۋىكەش كامال...

— پاشلىقتىن قېچىپ كەتكەن كامالما؟ جۇرۇڭ ئىشخانىغا كىرىپ سۆزلىشەيلى.

ھارۋىكەش كامالنىڭ دېرىكىنى ئالغان جەۋلان گويا تىلسىملىق خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئەسنادا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئەخمەت قىزغا نېمىلەرنىدۇر ئىشارە قىلىپ، باشمالتىقىنى چىقىرىپ جەۋلاننى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى چۇلغۇۋۇرنى ئېلىپ ئاتنى ئېغىلغا ئېلىپ ماڭدى. جەۋلان قىزنىڭ قارا لاتىدا ئورالغان بىلەك، قوللىرىغا، تېخى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوخشاشلا لاتىدا تېڭىلغان باشلىرىغا قاراپ، نېمىدەپ ئويلىشىنى ياكى پەرەز قىلىشنى بىلمەيلا قالدى.

— ئەمىسە، مەن ماللارغا بوغۇز بېرىۋېتەي.

قىز لاپاس تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويغان ئاق قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن، تىك قاسقانلىق تەلپەكنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىشى ئۇنىڭ تۇخۇمدەك يۈزىگە شۇنداق يارىشىپ كەتتىكى، ئۇ ئوماق باللارغىلا ئوخشاپ قالدى. جەۋلان ئۇنىڭغا زوقلىنىپ كۈلۈۋەتتى:

— پاھ، تەلپەك سىزگە بەك ياراشتى جۇمۇ.

— ئىچ ئات بەك شاش، كامال بىلەن ئەخمەت ئاكامدىن باشقىسىنى يېنىغا يولاتمايدۇ، — قىز چېكە چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن تەلپەك ئاستىغا قىستۇردى، — كامال «بۇ تەلپەكنى كىيىۋالسىڭىز سىزنى تونۇيدۇ… » دېگەنىدى.

راستتىنلا ئات كامالنىڭ ھىدىنى ھىدلىغاندەك ماڭا ئەركىلەپ، يۈزۈمگە تۇمشۇقىنى سۈۋاپ كېتىدۇ.

قىز توغرالغان پىچاننى تاسقاش ئۈچۈن غەلۋىرنى قولىغا ئېلىشى ئەخمەت ئۇنىڭ بېشىدىكى تەلپەكنى بىلەن قولىدىكى

غەلۋىرنى تارتىۋالدى. ئۇ: «سەن كېتىۋەر، ئۆزۈم قىلىمەن» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ قىزنىڭ دولىسىدىن ئىتتەردى. جەۋلان ئۇنى ئىشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، قىز مىنبىڭلار ئۆگزىسىگە قاراپلا قورقۇپ كەتتى. چۈنكى قارا مەدەك ھابىل ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ، شوتا ئارقىلىق ھاپىلا ـ شاپىلا يەرگە چۈشۈپ يان دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ھابىل خوجايىنىغا ھەر قېتىم خەۋەر يەتكۈزۈش ئارقىلىق نەشە پۇلىغا ئېرىشىپ دەندەپ قالغاچقىمۇ، يولىنىڭ ئوي ـ چۇقۇرى بىلەنمۇ چاتىقى يوق، ئەلەڭلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى خەۋەرنىڭ ئادەتتىكى خەۋەرلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى لەيلىنىڭ بۇلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بولغاچقا، ئەلۋەتتە تېرىك لەيلىنىڭ خەۋىرى چاۋارنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ھابىل دەرۋازىنى تاراقلىتىپ، پالاقلاپ كىرگىنىچە، بوسۇغا گۇندىسىغا پۈتلىشىپ ھويلا ئوتتۇرىسىغا دۈملا يىقىلدى. قىزىل تۇمشۇق، قىزىل پوكانلىق كەكلىككە چىمدىپ دان سېلىپ، بىر ياقتىن ھوشقىتقاچ ئۇنى ئەركىلىتىۋاتقان چاۋارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەم پۈشاڭشىپ ۋارقىراپلا كەتتى.

— ھەي سويماباش قارا مەدەك، پەپىلىقۇش سارالڭ، ئادەمنى شۇنچىمۇ چۆچۈتۈۋېتەمسەن، نېمىگە شۇنچە ئۇندەرەش؟

— مەن ··· مەن لەيلىنى كۆ ··· كۆردۈم ··· ئۇ ··· ئۇ ھازىر···

— نېمە؟ — چاۋارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلىدى، — نېمە دېدىڭ؟

— لەي ··· لەيلى، جەۋلان ··· جەۋلان بىلەن كۆرۈشتى ··· ئۇ، ئۇلار ھازىر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— لەيلى؟! — ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى بىر نۇقتىدا قېتىپ قىلىپ ئاستا شىۋىرلىدى، — ئۇ ··· «يامان جاڭگال» دىن قانداقمۇ يول تېپىپ كەلگەندۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! زىنھار مۇمكىن ئەمەس! ياكى ئوتۇنچىلار قۇتۇلدۇرۇۋالدىمۇ؟ توغرا ئەخمەت گاچا! ··· لەنىتى ئىپلاس گاچا···

— چا ··· چاۋاركا، نېمە ··· نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

— ھېچ ··· ھېچنېمە ··· سەن ··· سەن جەۋلان بىلەن ھېلىقى قانجۇق نېمە دېيىشىۋاتىدۇ. بىر ئامالىنى قىلىپ ئاڭلا، ھازىر ··· ھازىرلا ماڭ!، — ۋارقىرىدى — خەپ ئىگەمبەردى! ئاخىرى بىزنى گۆرى زىندانغا سۆرەپ ئاپىرىدىغان بولدۇڭ.

پالاق - پۇلۇق يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ھابىل يول بويى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۇگۈرۈپ كەنت تەشكىلى قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئەخمەت كىرگەن - چىققانلارغا زەن سالغاچ غەلۋىردە قوناق تاسقاۋاتاتتى. ھابىل ئۇنىڭغا ئالسىپ قويۇپ ئارقىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى. جەۋلان ئىشخانا ۋە ياتاق قىلغان بىر يۇرۇش پاكار ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا كەنت تەشكىلىنىڭ چوڭ مېۋىلىك بېغى بولۇپ، ئىشخانىنىڭ ئارقا دېرىزىسى ئاشۇ باغقا قارايتتى. شۇڭا ھابىل ئارقا كوچىلار بىلەن باغ تېمىنى ياقىلاپ ماڭدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز جەۋلان خەنزۇ قىزىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چاي قويدى. ئاندىن ئىسمى، ئەسلىي ئىسمى، يېشى، يۇرتى قاتارلىقلارنى سوراپ تۇرۇشى ئىشخانىغا ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، كېرەم موللا، يار بەختى، ئايشەملەر كىرىپ جەۋلان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ جارقىرىشىپ كېتىشتى.

— سىز كەلگەندىن بېرى ئۇچرىشالمىغان لەيلىنى مەن بۈگۈن قەستەن ئېغىلغا ئورۇنلاشتۇردۇم، — دېدى ھاشىم

باشقىلارغا «شۇنداقمۇ؟» دەپ قويۇپ، — لەيلى ئەستايىدىل سىردىشىشنىڭ، نۇرغۇن چىگىش ئىشلار يېشىلىدۇ. ئاندىن قېپقالغانلىرىنى بىز سۆزلەپ بېرىمىز.

ئۇلار خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن جەۋلان ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، لەيلىگە «قېنى چاي ئىچىڭ» دەپ قويدى.

لەيلى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. جەۋلان ئۇنىڭغا لۆڭگىسىنى سۇنۇپ بېرىپ، «تېتىكرەك بولۇڭ» دەپ تەسەللى بېرىشى ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن جەۋلانغا قارىدى:

— ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولغان قەھەتچىلىكتىن خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟

— بار، ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا ئۇلار ئۈچۈن ئىئانە توپلىغان ئىدۇق، — دېدى جەۋلان، — قەھەتچىلىك ئەڭ ئېغىر بولغان ئۆلكە ئەنخۇيغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، ھەر يىلى بولۇۋاتقان كەلكۈن، مۆلدۈر ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەنخۇي خەلقى يىلدىن - يىلغا ئېغىر كۈلپەتلەر ئىچىدە قالدى، — لەيلى چوڭقۇر خورسىندى، — بىزنىڭ ئائىلىمىز ئەسلىدىمۇ غورىگىل ياشاپ كەلگەن كەمبەغەللەردىن ئىدى. ئانام بىلەن دادام سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ ئەترەتتە ئىشلەپ بىز تۆت بالىنى باقاتتى. مەن بالىلارنىڭ چوڭى ئىدىم، يىلدىن - يىلغا گەدىنىمىزگە ئارتىلىۋەرگەن قەرز دادامنى سەپرا مىجەز، تېرىتەك، ئاچچىقى يامان قىلىۋەتتى...

...ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خۇڭخې دەرياسى دېلتىسى ئەتراپىغا ئانچە يىراق بولمىغان «پاقىلىق» يېزىسى ئىسمى - جىسمىغا لايىق پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئۈزۈلمەيدىغان سازلىق، يېكەنلىكلىرى تولا، پاشا - كۇمۇتىلىرى ئەلۋەتتە، بىر خىل زەي ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان يېزا ئىدى. ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان

ئورۇق، قاتاڭغۇر، قارىمۇتۇققىنا، لى تيەنخېنىڭ قىزىل توپىلىق يارلىقلار ئۈستىگە جايلاشقان ئالىقاندەك قورۇسى بىلەن ئۈچ ئېغىز ئۆي ۋە يەر ئاستى سەي ـ كۆكتات ئامبىرى بار ئىدى. تاختا تاش ياتقۇزۇلغان قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر توپ چىلان بۇ ئائىلىنىڭ پەخىرلىنىدىغان بايلىقى ھېسابلىناتتى. بۇ قورسىقى يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۇرتىمۇ «خەلق كوممۇناسى ياخشى» دېگەن ناخشىنى ئۇنىڭ بارچە تولاپ ئېيتىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. كوممۇنانىڭ يەرلىرى «ۋاي» دەپ كەتكۈدەك ئۇنۇملۇك يەرلەر بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قورساقنى گوللاپ ئەتمىيازغا ئۇلىشىۋالغىلى بولاتتى. بىراق بىرنەچچە يىللاردىن بېرى بولۇۋاتقان كەلكۈن ئاپىتى ئەنخۇي يېزىلىرىنى خۇددى تولا سىغىپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئۆچكىنىڭ يېلىنىدەك قىلىپ قويدى. مىڭ بىر جاپادا، بىر تال ـ بىر تالدىن كۆچۈرگەن شال مايسىلىرى، بۇغداي، قوناقلار بىر كېچىدىلا لاي ئاستىدا قېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنەتلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. بارلىق چوڭ ئەترەت ئامبارلىرى قۇرۇقدىلىنىپ، چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. قىسقىسى «پاقىلىق» يېزىسى دېھقانلىرىنى قانداقتۇر يامان ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئەسلىدە لى تيەنخې ئىش دېسە چېپىپ تارتىدىغان، ئاش دېسە چوكىنى تارتىدىغان ھۇرۇن، سوبۇ دېھقانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئورۇق، قاتاڭغۇر، چىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر ئەرنىڭ كۈچ ـ مادارىنى ئېيتىمىز ـ مېھنەت، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر رىيازەتلىرى شوراپ قاق سەنەم قىلىپ قويغانلىقى راست. گەپنى ئۇدۇللا قىلغاندا ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىشلىدى ... ئىشلىدى ... يەنە ئىشلىدى. لېكىن قورسىقى تويغۇدەك نانغا،

## تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئۈچىسىدىن ئىشىنغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمىدى! بىچارە خوتۇنمۇ ئېرى بىلەن تاڭنى تونگە ئۇلاپ ئىشتىزدىن كىرمىدى. ئېغىر ئەمگەك، غەم ـ قايغۇ، يوقسۇزلۇق، جاپا ـ مۇشەققەت ئېخى ئەللىككە كىرمىگەن بۇ ئانىنىڭ چاچلىرىنى ئاپئاق ئاقارتىۋەتتى. پاھ بۇ نېمىدېگەن تەڭلىك ھەم خىجالەتچىلىك! بۇياققا قارىسا بويىغا يېتىپ قالغان قىزى لەيخۇا، ئۇ ياققا قارىسا 15 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان لى شياۋما، ئېخى ئۇستىبىشىنىڭ تايىنى يوق، ئەسكى يوتقان ئىچىدە شۈمشەرەپ، قورقۇشۇپ ياتقان 7 ـ 8 ياشلاردىكى ئىككى بالىسى، ھەتتا ئاشۇ كەم سۆز، ئوچۇق چىراي خوتۇنىمۇ ئۆزىگە جىن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە باشلانغان سەپرا، تەتۇر، تىرتەك مىجەزى بارا ـ بارا ئۆرلەپ تەلۋە، ئەسەبىي، ساراڭ، غالجىرغا ئايلاندى. ئۇ ۋارقىراش ـ جارقىراش، تىللاش، ئۇرۇشتىن كۆڭلىگە تەسكىن تاپسا كېرەك، ھېچبىر باھانە ـ سەۋەبسىز خوتۇن ـ بالىلىرىغا تىل سالاتتى، ھېچ ئايانمايلا ئۇراتتى.

— ۋۇي يەپ تويماس ئوپقانلار، بۆرە كۈچۈكلىرى، ئاچ كۆز ھارامىلىقلار، پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك يېيىشىپ مېنى رۇدۇلاشتۇرۇۋەتتىڭ، نەگە بىرىپ كۈنۈڭنى ئالساڭ ئال ··· يوقىلىش كۆزۈمدىن···

بۇلتۇر ئاپەت تېخىمۇ ئېغىر بولىدى. ئادەملەر تاغدىكى ياۋا كۆكتات تۇرماق ئۆمىلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتتى. لى تيەنخېنىڭ ئائىلىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي لى ئانا ئالتە جاننىڭ نەچچە ۋاخلىق تامىقىغا چىقىش قىلالمايدىغان بىر ئايلىق نورما ئاشلىقنى ئەترەتتىن ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا قوناق پۈگىنى، تاتلىقياڭيۇنىڭ پىلەكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاران ئۇون كۈنگە يەتكۈزدى. بىر كۈنى لى ئانا تاغقا ياۋا كۆكتات كولىغىلى

چىقىپ كەتكەندە لى تيەنخې قىزى لى لەيخۋا بىلەن ئوغلى لى شياۋمانىڭ قولىغا سېۋەت تۇتقۇزۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا قىستىدى:

— سودا رەستىلىرىگە، دۇكانلارغا، ئاشخانىلارغا، پويىز ئىستانسىلىرىغا، ماشىنا بېكەتلىرىگە بېرىپ يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىش، كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بوسۇغىلىرىغا باش ئۇرۇش ···

— دادا، — قورقۇپ تىترەۋاتقان لەيخۋا دادىسىنىڭ قولىدىكى تاياققا قارىدى، — هازىر ··· هازىر ··· هەممىلا يەردە ئاچارچىلىق تۇرسا ···

— ئەمىسە مېنى يېيىشەمسەن؟ — لى تيەنخېنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ قارىسى خۇددى گوداڭدىكى قارا مارجاندەك پىلدىرلىدى، — ئەترەتكە بارسام كادىرلار: «كەنتتە ئادەم قالمىدى، ھەممىسى تارقاپ كېتىشتى، سەنلەرمۇ كېتىش، بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشامسەن» دەۋاتسا، زادى مەن دېگەندەك قىلىشامسەن - يوق؟

لى تيەنخېنىڭ قولىدىكى تاياق بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلدى. ئاچا - ئىنى ئىككىسى چىرقىراشقىنىچە سىرتقا قېچىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ بوسۇغىلىرىغا پېشانىلىرىنى ئۇرۇپ يىلىناتتى. بەزىلەر ئىچ ئاغرىتىپ قارىسا، يەنە بەزىلەر تومشۇقلىرىنى ئوچلاپ تىللايتتى. ئۇلار بارمىغان دۇكان، ماگىزىن، ئاشخانا، ئىدارە ھويلىلىرى قالمىدى. ئاخىرى كەچكە يېقىن لەيخۋا بىلەن شياۋما سولتىيىپ قايتقىنىچە قارا سىرلانغان دەرۋازا ئىچىگە كىرىشى ئېتىلىپ كەلگەن بۆرە ئىت ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ كوچىغا قوغلاپ كەلدى - دە، شياۋمانىڭ پاچىقىغا ئېسىلدى. لەيخۋا يەرگە

ئېگىشىپ قولىغا تاش ئېلىشى ئىت كەينىگە يېنىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن شىياۋمانىڭ پاچىقىدىن قان شورقىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنى تاڭغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىغان قىز يولدىكى توپىنى ئوچۇمداپ ئېلىپ، جاراھەتكە باستى.

ئۇلار گۇگۇم بىلەن تەڭ قولتۇقلىشىپ ئۆيگە كىرگەندە ئانىسى ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. دادىسى بولسا تامغا يۆلەنگىنىچە چار چاچلىرىنى قاماللاپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئىككى ئۇكىسىنىڭ بورا ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن لەيخۇا چىرقىراپ يىغلىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ···

··· جەۋلاننىڭ ئىشخانىسى تىمتاسچىلىق ئىچىدە بىر پەس جىمىپ كەتتى. چۈنكى لەيلىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزلىيەلمەي قالغانىدى. بىر چاغدىلا ئۇ ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ بوغۇلۇپ - تېلىقىپ يىغلىۋەتتى.

لەيلى سۆزلەۋاتقان ئاشۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر دۆلىتىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كەلگەن يىللاردا يۈز بەرگەن ئىدى! زوراۋان دۆلەتلەر يۈزسىزلەرچە توختامنى يىرتىپ تاشلاپ ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، جۇڭگونىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. زىيان مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزنى قەرز قايتۇرۇشقا قىستاپ، ئەقلىگە سىغمايدىغان بېسىملارنى ئىشلەتتى. جۇڭگو خەلقى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئۆزلىرى يېمەي، ئىچمەي، كىيمەي قەرز قايتۇرماقتا ئىدى. جەۋلان، لەيلى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن پاجىئەدىن ئانا ۋەتەن زىمىنىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغنى كۆرگەندەك بولدى.

— لەيلى، سەۋر قىلىڭ، — دېدى جەۋلان تەسەللى بېرىپ، — بولدى يىغلىماڭ، بېشىڭىزغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەپتۇ.

جەۋلانىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ئىشخانىغا نېۋىخان موماي داستىخانغا ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى قولتۇقلىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. جەۋلان بۇ مومايىنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاچقا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشى، لەيلى: «ئانا!...» دېگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. مومايمۇ قىزنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويۇپ، سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋاي جېنىم بالام، ئەنسىرىتىپ ئۆلتۈردۈڭغۇ، قوللىرىڭغا نېمە بولدى؟

نېۋىخان لەيلىنىڭ تېڭىلغان قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، سىلىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ جەۋلاننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى:

— ئەسسالام، كادىر بالام، ئامان - ئېسەن تۇردىلىمىكى؟

— ئۆزلىرى ئوبدان تۇرغانلا چوڭ ئانا، قېنى ئورۇندۇققا كەلسىلە.

— ئەمدى كادىر خوجام، بالام كاملاخۇن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ گۇناھ قىلىپ سالدى، — موماي تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك گەپ باشلىدى، — شۇنداقتىمۇ مۇشۇ قىزىمنىڭ قورسىقىدىكى نارەسىدە ئۈچۈن بولسىمۇ بالامنى تۇتۇپ بەرمىسەڭلا. ئۇ ... ئۇ مېنىڭ يالغۇزۇم، جىگىرىم! بالام ھەپسىدە يېتىپ قالسا، تىرىك ئۆلگىنىم شۇ! ئۇ چاغدا بۇ قىزىم بالىسى بىلەن ھالى نېچۇك بولار؟

— خاتىرجەم بولسىلا چوڭ ئانا، بىز كاملاخۇننى تۇتۇپ بېرىمىز دەۋاتقىنىمىز يوققۇ، — جەۋلان مەسىلىنىڭ تەكتىگە يېتىشۋاتاتتى، — ئىككى ياش بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى قانۇن توغرا بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن بىلەن كامىلاخۇننى كۆرەش قىلىپ پاشىلىقتا پالىۋەتتى، — مومايىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى، — ئېغىر بوي بولۇپ قالغان لەيلىنى مال ئېغىلىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى لەيلىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ.

— ئۇلارنىڭ توينى قىلىۋەتسىلە ئىش پۈتمىدىمۇ؟

— بولسىغۇ شۇنداق قىلساق تۈز تامىتتى. لېكىن كەنت باشلىقى ئۇنىمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— قارا نوپۇس، تېگى - تەكتى ئېنىق ئەمەس، سىنىپىي دۈشمەن، ئايغاقچى، بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ قورقاق سالىدۇ···

— نېمە؟، — جەۋلان كۆلۈۋەتتى، — بۇنچىلا كۆپ قالپاقلار ئاستىدا بۇ قىز ھېلىمۇ مىجىلىپ كەتمەپتۇ.

— ئانا!

لەيلى ئەندىكىپ تۇۋلاپ سېلىپ، باغ دېرىزىسىنى ئىشارە قىلدى. جەۋلانمۇ دەرھاللا قاراپ، دېرىزە ئارقىسىدا بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپ قېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىشى ھېلىقى قارا سايە يەل - يېمىش كۆچەتلىرى ئارىسىدىن شالدىرلاپ قېچىپ كەتتى. بۇ سىرلىق ئىشتىن قورقۇپ قالغان موماي ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ چوقۇم ئىگەمبەردى، چاۋارلارنىڭ ئايغاقچىسى ھابىل قارا مەدەك ياكى ئىمىن تاز، — موماي قورقۇپقىنا دېرىزىگە قارىۋالدى، — كادىر غوجام، مېنىڭ دېگەنلىرىم ئىگەمبەردىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسىكەن، بولمىسا يەيدىغىنىمىز چۆللەردە، ئىچىدىغىنىمىز كۆللەردە بولۇپ كېتىمىز.

جەۋلان بىلەن لەيلى مومايىنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا

چىقتى. كەنت ھويلىسىنى گۈگۈم پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان نېۋىخاننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان جەۋلاننى ئەنسىز خىياللار تورى چىرمىۋالدى:

قۇمتامدىكى ئىشلار ئۈنچىۋالا ئاددىي ئەمەسكەن. كەنت باشلىقىنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن ئۇلار نېمانچە ئەندىكىدۇ، قورقىدۇ، ۋەھىمىگە چۈشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار لەيلىنى مال ئېغىلىدا ئىشلىتىپ كامالنى سۈرگۈن قىلىدۇ؟ بۇ ھەرگىز تۇرمۇشتىكى ئىشلار تۆپەيلىدىن بولغان ئەمەس. ۋاڭ يۈگۈنىڭ «كامالنى بىر ئاماللاپ تاپ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن...

جەۋلان لەيلىنى باشلاپ ئىشخانىغا كىرىپ كېتىشى نېۋىخان ئانىمۇ كەنت دەرۋازىسىدىن كوچىغا چىقتى. ئۇ چوڭ يولدىن ئۆيىگە قايرىلىدىغان كوچا دوقمۇشىغا كېلىشى ئىگەمبەردى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. چۆچۈپ كەتكەن نېۋىخان قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئۇنڭغا ھومىيىۋالدى. ئىمىن تازدىن لەيلىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ جەۋلان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككىسىنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىگەمبەردىنىڭ ساغرىسىغا مىرەز چىققاندەك ئولتۇرالمايلا قالدى. خۇددى ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان بولغىنىدەك «لەيلى جەۋلانغا نېمىلەرنى دېگەندۇ؟» دېگەندەك قورقۇنچلۇق گۇمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ يېمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ نېۋىخانغا كۈچۈكلىنىپ ھىجايدى.

— نېۋىخان ئاچا، ياخشى - يامان بولساقمۇ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن قۇمتاملىقمىز، — دېدى ئىگەمبەردى يېلىنغان ھالدا، — ئەلۋەتتە جەۋلانمۇ بۇ قۇم باسقان يۇرتتا مەڭگۈ تۇرمايدۇ.

— ئىگەمبەردىخۇن، گەپنى تولا ئەگىتمەي، پوسكاللىسىنى

دېسىلە، مېنىڭ زېھنىم گال خوتۇنمەن.
— ئەمدى ··· ئەمدى نېۋىخان ئاچا، مەن ··· مەن دېمىسەمۇ ئۆزلىرىگە ئايان···
— ئەمىسە كۆڭۈللىرىدىكىنى دېسەم، لەيلىنىڭ سىلى توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىدىلىغۇ دەيمەن···
— مانا ··· مانا ··· دانا مەزلۇمدە ئۆزلىرى···
— ئۇلار ئىككىسى خەنزۇچە سۆزلەشتى ··· مەن ھېچنېمىنى ئۇقالمىدىم ··· لېكىن زەن قويۇپ تىڭشىسام، سىلىنىڭ ئىسملىرى بىرەر قېتىممۇ چىقمىدى···
— شۇنداقمۇ؟ — ئىگەمبەردى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەستى، — مەنغۇ شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بەزى قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم، ئەمدى شۇ ··· لەيلىخان كۆڭلىگە ئالمىسا بوپتىكەن.
— ماقۇل، ئىگەمبەرداخۇن، مەن ئەتە تاماق ئاپارغاندا دەپ قوياي.
نېۋىخان «خوش» مۇ دېمەي كېتىپ قالدى. يول دوقمۇشىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان ئىگەمبەردى ئاستا غۇدۇڭشىدى:
— بۇ قىسماق قېرىغا ھال كىرىپ قاپتۇ دېسە، «دەپ قوياي» دەپ مېنى كىچىك بالىدەك ئوينىتىۋاتقىنىنى قارا. كىم بىلىدۇ، كامال توغرۇلۇق ھەممىنى دەپ بولدۇڭمۇ تېخى.
ئىگەمبەردى يەنە نېمىلەرنىدۇر كوتۇلدىغاچ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا لەيلىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئۇ: «ماڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، يامان نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، تۆھمەت بىلەن كامالنى پاشىلىقا، مېنى ئېغىلغا پالىدى··· » دېيىشتىن باشقا، ئۇنىڭ خورجۇن —

قاچىسىدا يەنە قانچىلىك گەپلەر بولسۇن! ئىقتىسادىي ئىشلاردىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق. شۇڭا جەۋلان كامالغا كۆز تىكىپ بولغىچە، دەرھال پاشىلىققا كىرىپ ئۇنى بىرنەچچە ئاي بىرەر يەرگە كېتىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىپ كۆزدىن يوقاتمىسا، نەچچە يىللىق پايتىمىلار بىر يولدىلا سۆرۈلۈپ چىقىپ ئۇدۇل ھەپسىنىڭ قاراڭغۇ گۇندىخانىلىرىغا سۆرەپ بارىدۇ! توۋا، نېمىشقىمۇ ھەممە ئىشتا «ئالدى پەش» لىك قىلغان بولغىيتتى. مانا ئەمدى چاۋار، مەتسىدىقتەك چىلبۆرىلەر بىر چەتتە قېلىپ، ئىگەمبەردىدەك ئەخمەق تېكىنىڭ تۆگىنىڭ كولدۇرمىسىدەك كۆزگە چېلىقىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

ئىگەمبەردى پاشىلىققا قايتا كىرىش ئىشىنى چاۋار، مەتسىدىقلار بىلەن ئەتە مەسلىھەتلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشى بولجالىق ئىچىدىن چىققان ئىككى كۆلەڭگە ئېرىقتىن لىككىدە ئاتلاپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ ئەلپازى بۇزۇق بولۇپ، كۆزلىرىدىن زەھەر خەندىلىك تېمىپ تۇراتتى. ئۇلار «قۇم يېيىمغ» دىكى «پارك»دىن كېيىن ئەسرا بولۇشمىغان ۋە بىر ـ بىرىگە ماي تارتىشىپ يۈرۈشەتتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ بۆرە جۈۋىلىرىنى كىيىشىپ كېلىشى لەيلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ جەۋلان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى.

— مەن ··· مەن سىلەرنى ئەتە ئىزلىمەكچى ئىدىم، — ئىگەمبەردى چاۋارنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان تەرىدىن ئەيمەندى، — راست، راست دەۋاتىمەن.

— ئەتە ئەمەس ھازىرلا ··· ئۇقتۇڭلىما ھازىرلا، — چاۋارنىڭ غەزىپىنىڭ كەلگەنلىكى غىلاپلىق پىچىقىنىڭ دەستىسىنى

تۇتۇشىدىن بىلىندى، ــ ھەممە ئىشنى تېرىپ قويۇپ، قېتىڭلارغا كەلمەيدىيا.

ــ ئەمىسە، ئۆيگە كىرىلى، ــ ئىگەمبەردىنى سەل قورقۇنچ باستى، ــ بۇ يەر سۆزلىشىشكە بىئەپرەك تۇرىدۇ.

ــ ئىگەمبەردىكا ئۆيگە كىرمەيلى، نىساخان ئاچام گۇمانسىراپ قالار، ــ دېدى مەتسىدىق سالا قىلىپ، ــ ماۋۇ بولجالىق ئىچىگە كىرىپ، ئازىراق بىر نېمە دېيىشۋالايلى.

ئۇلار ئىككىسى ئىگەمبەردىنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ، قولىدىن تارتىپ بولجالىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىردى. بۇ يەرگە جىگدىلىك مەھەللىسىنىڭ چوڭ يولى ۋە قوغۇنچى، قۇماقتى، شال توغراق مەھەللىلىرىگە ئاپىرىدىغان تارماق يوللارمۇ يىراق ئىدى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق شاخ ـ پۇتاقلىرى چاتالماي چاتقاللىقتا ئايلىنىپ قالغان پاخپاق كۆچەتلىككە كېلىپ توختىتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە قوناق بەرمەي ئىگەمبەردىنى ئەيىبلەپ كەتتى. خەنزۇ قىزىنىڭ تۇزىنى تېتىش ئۈچۈن ئۇنى ھەيدىۋەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئۇمىد ئۈزەلمەي كەنت ئىغىلىغا ئېلىپ قىلىپ چوڭ خەتەرگە يول ئاچقانلىقى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە ئۇلارنى تۆھمەت ئارقىلىق جازالاپ ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كۆچەيتىۋەتكەنلىكى قاتارلىق شالدىر ـ شاپىلاقنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ قويۇپ، ئىگەمبەردىنى رەسۋالا قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراش، تىللاش، جىمىلەش ۋە سېسىق گەپلىرىگە تاقەت قىلالمىغان ئىگەمبەردىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدىدە، توقۇمنى قارنىغا ئالدى:

ــ ھەرقايسىڭ لەيلىنى «يامان جاڭگال» غا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، مانا ئەمدى قايتىپ كەلسە، ئاچچىقىڭنى مېنىڭدىن ئېلىشامسەن؟

— ھەي ئىگەمبەردى لەيلىنى كىم يامان جاڭگال قوغلۇقىغا تاشلىۋېتىپتۇ، — چاۋارنىڭ تۇكۇرۇكلىرى چاچراپ كەتتى، — تاشلىۋەتكەن ئادەم نەق ئۆزۈڭلار! پېشانىلىرىنى سىلاپ باقسىلا، لەيلىگە يامان نىيەتتە بولغان، تۆھمەت قىلغان، ناھەق جازالىغان سىلىمۇ ـ بىزمۇ؟

— نېمە، مەنما؟ — ئىگەمبەردى پۇشاڭشىپ كەتتى، — ئۆتكەندە ئىككىڭلارنىڭ پىلانىنى ئاڭلىمىسامكەن كاشكى...

— ئىگەمبەردىكا، بىر ـ بىرىمىزنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، — مەتسىدىق سەل ئەنسىرەپ قالدى، — كىم بىلىدۇ. لەيلى پاشلىقتا بېرىپ كامالنى كۆرۈپ كەلدىمۇ، ياكى باشقا يەردىكى ئۇلپەتلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى باردىمۇ؟

— ئۇنىڭ باشقا يەردە قانداقمۇ ئۇلپەتلىرى بولسۇن، ئەقلىگە سىغمايدىغان قىلمايلى مەتسىدىقاخۇن.

— «قارا نوپۇس دېگەن، ئايغاقچى، ئىشپىيون، بۇزۇق ئۇنسۇر بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گەپنى ئۆزلىرى قىلغان، — چاۋار بېشىنى سىلكىدى، — شۇنداق ئىكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇلپەتلىرى بولماي قالارما؟

— بولدى، بولدى، ئاختارمىلىقتا چالما تالاشمايلى، — دېدى مەتسىدىق پەس ئاۋازدا، — لەيلى جەۋلان بىلەن كۆرۈشتى. ئىشلارنىڭ مىزى چۇۋۇلۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئىگەمبەردىكا، ئۆزلىرى كەنت باشلىقى بولغاندىن كېيىن بىرەر چارىسىنى قىلمىسلا بولماس.

— بۇ ئىشتا مەنمۇ سىلەردىن بەكرەك بىئارام بولۇۋاتىمەن، — ئىگەمبەردى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — مەن نېۋىخان ئاچامدىن ئۇقتۇم، لەيلى بىزنىڭ ئىسمىلىرىمىزنى تىلغا ئالماپتۇ، پەقەت

ئۆزىنىڭ سەرسانلىق، تىلەمچىلىك ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن چېغى.

— بىراق لەيلى، كامالنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دېمەي قالارما؟ ئۇ چاغدا كامال…

— چاۋاراخۇن، مېنىڭمۇ ئەنسىرەۋاتقىنىم شۇ، — ئىگەمبەردى گېلىنى قىرىپ قويدى، — ئەسلىدە مەن ئەتە سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پاشىلىققا يەنە كىرمەكچى ئىدىم.

— بۇ قېتىم ئىشەنچلىرى بارمۇ؟ — چاۋار تىكىلىپ قارىدى، — قېنى دەپباقسىلا، سىلىنىڭ نېمە ئامال - چارىلىرى بار.

— مەن مىڭ سوم پۇل، بىر ئايلىق ئاشلىق بېلىتى چىقىراي، — ئىگەمبەردى ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قالغاندى، — سىلەر ھەربىرىڭلار 500 يۈەن پۇل،30 جىڭدىن ئاشلىق بېلىتى تەييارلىساڭلار، ئىككى مىڭ سوم پۇل، 3 ئايلىق ئاشلىق بېلىتىنى كۆرسە، ئەلۋەتتە رازى بولارمىكى دەيمەن.

— مانا دەسلەپتە 500 يۈەن تەلەپ قىلسا ئىنجىقلاپ ئارقىغا سۈرگەننىڭ كاشىلىسى بۇ، — چاۋار مەتسىدىققا ئالايدى، — بوپتۇ، كامال رازى بولسىلا بېرەيلى. شۇنىمۇ دەپ قويay، كامال كەتكىلى ئۇنىسىلا، مېنىڭ قاشقا تورۇقۇمغا مىندۈرۈپ يولغا سېلىۋەتسىلە.

— نېمە؟ — مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — قا … قاشقا تورۇققا كۆزلىرى قانداقمۇ قىيار؟!

— قانداق قىلىمەن؟ — چاۋار زەردە بىلەن گۆلەيدى، — جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس دېگەن گەپ بارغۇ.

— كامال، — دېدى ئىگەمبەردى روھسىز ھالدا، — قاشقا تورۇقنىڭ يورغىسى سىلىق، ئايىغى تېز، قەدىمى چوڭ دەپ

ماختايتتى، ئەمدى مەندە ئىشەنچ پەيدا بولدى.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق پۇل ۋە بىلەتنى تەييارلاپ، قاشقا تورۇقنى توقۇپ، بىرىنچى توخۇ چىللىغاندا، ئىشىك ئالدىدا ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئىگەمبەردى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە چاۋارنىڭ: «لەيلى كامالنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دېمەي قالارما» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزى قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ ۋە باغقا قارىغان دېرىزە كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن كەينىگە يېنىپلا كەنت تەشكىلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. لېكىن قەيەردىدۇر ھۇۋ ··· ھۇۋ ··· ھۇۋ ··· دەپ ھۇۋلىغان ھۇۋقۇش، ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقتەك تۈن قۇشلىرىغا شۇملۇق تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى ···

## ئون يەتتىنچى باب

# لەيلىنىڭ كۆشەندىلىرى

جىمجىت كېچە ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي قۇمتام كەنتى تەشكىللىنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. يان قورۇ ئۆگزىسىدە ئاشلىق ئامبار، مەنقۇلات ئامبىرى، گىلەم كارخانىسى ۋە بوغالتىر ئىشخانىلىرىنى ساقلاۋاتقان ئىككى مىنىبىگنىڭ كالتىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېگىپ يۈرگەن سايىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھويلا ئوتتۇرىسىغا ئورۇن سېلىنىۋالغان ئەخمەت گاچا كىگىزدە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە كەنت ئىشخانىسىنىڭ يورۇپ تۇرغان دېرىزىسىگە پات ـ پاتلا قاراپ قوياتتى. ئۇستەلگە تىكلەپ قويۇلغان چىراغدىكى قوش شام خاتىرە يېزىۋاتقان جەۋلان بىلەن كەچمىشلىرىنى بايان قىلىۋاتقان لەيلىنى روشەن يورۇتۇپ تۇراتتى. لەيلىنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتكىنى جەۋلاننىڭ ئېگىلىپ يۈلەپ تىڭشاۋاتقان، ئېگىشىپ خەت يېزىۋاتقان سايىلىرى ئەخمەتكە شادلىق ئاتا قىلاتتى. ئۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ دېرىزىنى كۆرسىتەتتى، بىر نەرسىلەرنى گۈگراپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كېتەتتى.

— بېشىڭىزغا ھەقىقەتەن ئېغىر مۇسىبەتلەر كەپتۇ، — دېدى جەۋلان لەيلىگە خەيرخاھلىق بىلەن قاراپ، — ئىككى ئۇكىڭىز ئۆلۈپ، ئۇچىنچى كۈنى دادىڭىز ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋاپتۇ،

ھەپتە ئۆتكەندە ئانىڭىز ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ ··· پاھ كەلگۈلۈك سىزگىلا كەپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى سىزگە ھەمراھ بولغىدەك ئۇكىڭىز شياۋما باركەن.

— ئانام ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا بىزنى «يەۋالسۇن» دەپ قىسىنىپ ساقلاپ قويغان بىر چوڭ چىنە تاتلىقياڭيۇ ئۇنى بىلەن ئىككى باش غولپىيازنى ئوچاق ئۈستىگە تىزىپ قويۇپتۇ··· — لەيلى بۇ قۇلداپ يىغلىۋەتتى، — شۇندىن باشلاپ ئىنىم ئىككىمىز يۇرت ئارىلاپ تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا يۈرۈپ كەتتۇق···

···چاققانغىنا يۈك - تاقىنى دۈمبىسىگە چىگىۋالغان لى شياۋما بىلەن لى لەيخۇا بوران ئۇچۇپ تۇرغان شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتاتتى. جۇلدۇر كىيىملىك دېۋانىلار ماكچايغان پاسكىنا قاچىلىرىنى تەڭلىشىپ ئۆزىدىنمۇ بەتتەر ئاۋارىلەردىن بىر نەرسە تىلەيتتى. قاپقارا ئورۇق قوللىرىنى سوزاتتى. يول بويلىرىدا يېتىپ قالغان قارىغۇچىسىز بوۋاي - مومايلار، تاشلاندۇق بالىلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. پويىز ئىستانسىسى گوياكى قىيامەت قايىم بولغاندەك پاتىپاراق ئىدى. توپ - توپ ئۇششاق بالىلار پويىز دېرىزىسىدىن تاشلانغان بىر پارچە قاتتىق نان ياكى مېۋە قالدۇقلىرىنى تالىشىپ جان تىكىپ ئېلىشاتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن ماز چاپانلارنى، ئەسكى - تۈسكىلەرنى ئارتىۋالغان، كۆتۈرۈۋالغان مىڭلىغان ئادەملەر پويىز كېلىشى بىلەن ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي قىيان سۈدەك ئۆزلىرىنى ۋاگونلارغا ئۇراتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن چاتىقى بولمايتتى. ئۇلار ئىشىكلىرىنى قوغداۋاتقان ساقچى، پويىز مۇلازىملىرىنى خۇددى كەلكۈندىكى غازاڭدەك ئېقىتىپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ھەممىنىڭ ئوي - خىيالى پويىزنىڭ ئىشىكى ياكى دېرىزىسى

## تەكلىماكان ئۆلۈمى (1)

بولسۇن كىرىۋېلىپ، ئۆزى بىلمەيدىغان قەيەرگىدۇر كەتسىلا ئاراملىق تاپىدىغاندەك قىلىشاتتى. توۋا، ئاشۇ ئانىسى كۆرمىگەن، دادىسى كۆرمىگەن يات يەرلەرنىڭ ئاسمىنىدىن چەلپەك ياغامدىغاندۇ؟! ئېرىقلىرىدا سۈت ۋە شەربەتلەر ئېقىپ تۇرسا كاشكى!

لى لەيخۇا بىلەن لى شياۋما بىر ـ بىرىگە باقماي ۋاگونلارغا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇراتتى، ئادەملەرنىڭ گەجگە، مۈرە، باشلىرىغا دەسسەپ دېرىزىلەرگە ئېسىلاتتى ··· كىملەردۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، قولى يەتسە ئۇراتتى ··· مانا بۇ ئەينى يىللاردا زوراۋان دۆلەتلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرگەن زۇلۇم ئاسارەتلىرى ئىدى!

پويىز گۈدۈك بېرىپ كېتىپ قالدى. لېكىن لى شياۋما ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. لەيخۇا پويىزغا چىقىش سۈپىتىنىڭ ئۈبېشىدىن ـ بۇ بېشىغا يۈگۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـــ ئۇكام! ··· ئۇكام شياۋما ··· ئۇكام لى شياۋما!!···

لەيخۇا سېمونت تۇۋرۈككە يۆلەنگىنىچە يىغلىۋەتتى. بىر كۈن ئۇكىسى شياۋمانى ئىزلەپ تاپالمىغاندىن كېيىن پويىزغا بىر ئاماللاپ چىقىۋالدى، ئاندىن ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان يۇرتلارغا، قىسقىسى رىزقى چېچىلغان مەنزىللەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كېچە ـ كۈندۈزلەر ئالمىشىپ تۇراتتى. پويىز «بۇقىسى» بىر سوستاپنى سۆرەپ نەگىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى ۋاگون چېتىلىدىغان پىنھان ئورۇندا دېرىزە ئەينىكىگە يۈزىنى يېقىپ ئولتۇرغانى لى لەيخۇا نادامەت ئىچىدە ئۆرتىنىپ، تۇغۇلغان تۇپراقلىرىدىن بارغانچە ئۇزاپ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا باقاتتى. پاراكەندە كۆڭلى تورۇپلا بەخت روجەكلىرىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتىيۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ پايانسىز ۋە تۇۋسىز

قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىقرار ئىدى!

بەزى ھاللاردا ئادەمنىڭ چىرايلىق بولۇشىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالىدىكەن. لەيخۇا ھەرقايسى شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدا ئۆتەڭلەردە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىرىدە بەزىلەر ئۇنىڭغا پۇل تەڭلەپ، ئۆيەر - بۆيەرلىرىگە قول سوزاتتى. قانداقتۇر بەتبەشىرە لۈكچەكلەر ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىپلاس تەلەپلەرنى قوياتتى. شۇڭا ئۇ ئەسكى - تۈسكىلەر ئارىسىدىن تېپىۋالغان پاختىلىق قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، چاچلىرىنى ئىچىگە يۇرلاپ تىقىپ، يۈزىگە قارا - قۇرۇملارنى سۈۋاپ، ئۈچىسىغا ئىت تالىشىۋەتكەندەك جۇل - جۇل كىيىملەرنى كىيىپ قەلەندەر ئوغۇل بالىغا ئوخشىدى. شۇنداقتىمۇ پويىز ساقچىلىرىنىڭ دۈمبا - تېپىكلىرى... ۋاگونلاردىن تاشلىنىپ چۆل ئۆتەڭلىرىدە يېتىمسىراپ قالغانلىرى ... ئاشخانىلاردا مۇلازىملارنىڭ پاسكىنا سۈپۈرگە، مايلىق دەسماللاردا ئۇرۇپ خورلىغانلىرى ... قىش - زىمىستانلاردا ئاشخانا ئوچاقلىرىنىڭ كۈلىگە پۇتىنى تىقىپ ياتقانلىرى ... لەيخۇانىڭ كىچىككىنە ھاياتىدا مەڭگۈ ئۆنتۈلماس داغدەك خاتىرە بولۇپ قالدى!

...ئىشخانا ئىشىكىنىڭ تاكىلداپ ئۇرۇلۇشىدىن لەيلىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. جەۋلان «كىم؟» دېگەچ چىقىشى كامالەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئىشىكتىن يىراقلاشتۇردى:

— مەن ئىزدىمىسەم، سىز مېنى ئويلاپمۇ قويمايسىز - ھە؟ بىز كۆرۈشمىگىنى بۈگۈن تۆت كۈن بولدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ۋىيىيەي دەۋاتقان گېپىنى، مېنىڭ كۆرگۈم كەلگەنلىكىنى بىلمىدىڭىزما؟

— مانا مېنى كۆردىڭىز، ئەمدى كېتىڭ، مەن خىزمەت

ئىشلەۋاتىمەن.

— ۋاي - ۋۇي ئۇ خوتۇننىڭ گەپلىرى تۈگىمىدۇ - يوق، مېنىڭ ئۇچىنچى قېتىم كېلىشىم.

— «ئۇ خوتۇن» دېگەن قانداق قوپال گەپ ئۇ؟ مۇشۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقتىما؟ لەيلى تېخى 18 ياشتا ··· تېتىقسىز ئىبارىلەر ھەرقانداق گۈزەلنىمۇ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇقتىڭىزما؟

— بولدىلا خاپا بولماڭ، — كامالەت خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، — ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ خىزمەت ئىشلىشىمگە كاشىلا قىلماڭ، كېچىلەردە ئىزلەپمۇ كەلمەڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز ئاچچىقىم كېلىپ قالىدۇ.

جەۋلان قايرىلىپلا ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ لەيلىنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىز ھەقىقەتەن كۆپ زىيارەت چېكىپسىز، قېنى سۆزلەڭ، بۇ تەرەپلەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— سەرسانلىق ھايات ئاخىر مېنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇچىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ جۇدۇن - چاپقۇنلار پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى. لېكىن كۈنلىرىم يۇرتۇمدىكىگە قارىغاندا ياخشى ئىدى، — لەيلى جەۋلانغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — قولۇم پۇلمۇ كۆرەتتى. ھەتتا بۇ يەرنىڭ تۆكۈلگەن ئەخلەتلىرىدىنمۇ بىر خىل مەمۇرچىلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما تۆتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاقۇنلارنى يىغىۋېلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا قېچىپ يۈردۈم. بىر كۈنى سەندۇقىي چوڭ يول ئەتراپىدىكى بىر ئاشخانا ئالدىدا تۇرغان يۈك ماشىنىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ماشىنىغا بېسىلغان يۈك

خېلىلا كۆپ بولۇپ، بىرزېنت بىلەن يۆگەپ باغلىۋېتىلگەنلىكىگە قارىغاندا ئۇزۇن سەپەرگە ماڭىدىغاندەك قىلاتتى...

يۈك ماشىنىسى چەكسىز كەتكەن چۆلدە كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان لەيخۇا لەپەڭلەپ تۇرغان بىرېزېنتنى قايرىپ سىرتقا قارىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شوپۇر ئۆتەڭلەردە توختاپ تاماق يەيتتى. لېكىن لەيخۇا چۈشمەيتتى. كۆرۈمسىز چۆل بېكەتلىرىدە قوناتتى. ئۇ يەنىلا جايىدىلا ئۇخلايتتى. ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز ئۆتتى. لەيخۇانىڭ قورسىقى ئېچىپ، مەيدىسى ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. شوپۇر ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى كىچىك يېزا بازىرىدىكى ئاشخانا ئالدىدا توختاتتى. ئۇيغۇر شوپۇر ئاشخانىغا كىرىپ كېتىشى لەيخۇامۇ «ئۇۋىسى» دىن چۈشتى. ئۇ ئاشخانىغا كىرگەندە شوپۇر هورنان بىلەن ياڭيۇ قورۇمىسى يەۋاتاتتى. لەيخۇا جوزىلاردىكى قالدۇق يېمەكلىكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كۇرۇشكىسىغا سېلىۋاتقاندا، ئاشخانا خوجايىنى پارچە هورنانلارنى ئەچىقىپ ئۇنىڭ خالتىسىغا سېلىپ بەردى. ئۇ ئەسنادا شوپۇر ئۇستام خەنزۇ تىلىدا ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ھەي بالا، مە.

لەيخۇا چۆچۈپ قارىشى شوپۇر ئۇستام ئۇنىڭغا تەخسىدە ئېشىپ قالغان قورۇما ھەم بىر يېرىم ھورناننى تەڭلىدى. لېكىن لەيخۇانىڭ كۆزى شوپۇردىلا قالغانىدى. ئەگەر تاماكىسىنى چېكىپ بولسا چىقىپ كېتەتتى. شۇڭا يېگىنىنى يەپ، سىركايدىكى چاينى ئىچىۋېتىپ، شوپۇردىن بۇرۇن چىقىپ كەتتى.

ماشىنا شاراقلاپ تۇرغان تاشيولدا شىغىللارنى چاچرىتىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. لەيخۇا يوشۇرۇن سەپەر قىلىغانىنىڭ

# تەكلىماكان ئۇنلى (1)

يەتتىنچى كۈنى ياپپېشىل شاللىقلار، بۆك ـ باراقسان ياڭاقلىقلار، كۆجۈم باغلار، بولجالىق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان زەپمۇ مېھرى ئىللىق بىر يۇرتقا كېلىپ قالدى. ئۇ بىرپېزېنتنى قايرىپ ئەتراپىغا تويماي قارىدى: ھويلىسىدىكى تال بوستانلاردا ئېسىلىپ تۇرغان كۆپكۆك غورا ساپلىرىنى، يول بويلىرىدا سېتىلىۋاتقان ياڭاق، گۈلسىقاق، جىگدە، چىلان، سونەكلەرنى، ۋارقىرىشىۋاتقان دۇغاپچى، لەڭپۇڭچى، ناۋايلارنى كۆرگەن لەيخۇانىڭ ھاياجاندىن كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— توۋا، مۇنداقمۇ خاتىرجەم يۇرتلار باركەنا! بۇ يەرلەردە قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق بولمىدىمىكىنە؟ ياكى تەڭرىم بۇ يەرلەرگە ئۆزگىچە شاپائەت ئاتا قىلغانمۇ؟

··· لەيلى سۆزلەۋېتىپ، باغ تەرەپتىكى دېرىزىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى!

— قارالڭ!

جەۋلان قاراپلا، دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان، بىر داپيۈز چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. لېكىن ئۇ شۇ ھامان يۈزىنى ئېلىپ قاچتى. جەۋلان دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئاچقاندا، غۇۋا كۆرۈنگەن ئېگىز، گەۋدىلىك، تەتۈر ئۇستىخان ساينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى. ئۇ مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— لەيلى بىلەن بولغان سۆھبەت جىنلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋەتتىمۇ قانداق؟ ئۇلار نېمىگە شۇنچىلىك خاتىرجەم بولالمايدۇ؟

— ئۇ بايا مارىغان ئادەمغۇ دەيمەن، — لەيلى ئەندىككەن ھالدا سورىدى، — چوقۇم شۇ.

— ياق، بايىقىسى ئوغرى مۈشۈك ئىدى. ھازىرقىسى لالما ئىتكەن، — دېدى جەۋلان زەردە بىلەن، — لەيلى ئەمدى سىز

كامال بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىڭىزنى دەپ بېرەلەمسىز؟

— ماقۇل، — قىز قىزىرىپ ئايىغى ئاستىغا قارىدى، — بىزنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز بەك تاسادىپىي بولغان.

… بۇ يۇرتتا لەيلىنىڭ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدىكىدىنمۇ ئوبدان ئۆتكەن بولسىمۇ بىراق ئەسكى - تۈسكى، مەينەت كىيىملەرگە ئۇۋۇلاپ كەتكەن پىت ئۇنى كېچە - كۈندۈز چېقىپ ئازابلىماقتا ئىدى. گەرچە بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تومۇز ئىسسىقلار باشلانغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يەنىلا مازلىرى تىتىلىپ، ساڭگىلىشىپ تۇرغان قاتمۇقات يىرتىق كىيىملەر، بېشىدا قېلىن قولاقچا بولۇپ، چاچلىرى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىدەك كاللەكلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ سۇغا چۈشكۈدەك بىرەر پىنھان سۇ بويىنى ئىزلەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ماڭدى. لەيخۇا بىر قانچە مەھەللە، شاللىق، سازلىق ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن ئۆتۈپ كۈن قايرىلغاندا، يىراقتىكى قۇم دۆڭلۈكلىرىنى كۆرۈپ شۇ ياققا قاراپ ماڭدى. قۇم دۆڭلۈكلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يېكەن، يۇمشاق مىسىل، قومۇشلار بىلەن قاپلانغان بىر ئېقىننى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ھالرەڭ ئېچىلغان يۇلغۇنلار دالدىسىدا كىيىملىرىنى سېلىپ قىزىق قۇمغا يايدى. ئاندىن ئۆزى سۇغا ئەندىكىپكىنە كىردى. ئۇنىڭ يۇملاق، چىرايلىق مۈرىلىرى، سىلىق بىلەكلىرى، يۇمران چوڭ يوتىلىرى پىت ئازابىدا قوتۇر بولۇپ كەتكەنىدى…

كۈن ئاستا - ئاستا قىڭغىيىپ، ئاپئاق پۆپۈكلۈك قومۇشلۇقلار ئۈستىگە باش قويدى. بىر كۈن يول مېڭىپ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن لەيخۇا چالا - بۇلا يۇيۇنۇپ،

# تەكلىماكان ئۆتلى (١)

کیملرنی کیدی ـ ده، ئیگز قۇم دۆڭلۆکی ئۈستگه چقىپ پەسکه قاریدی. شورلۇق تۆزلەڭلکنىڭ ئوتتۆرسدىکی ئۆلاغ یولدا تۆت ئات قیتلغان ریزنکا چاقلق چوڭ هارۋا کیتۋاتاتتی. قولغا قامچا تۆتقان، ئیگز، قامەتلك، کۆکرەکلری کەڭ، بیشغا کۆك شاپاق دوپپا کیگەن یاش هارۋىکەش یگت هارۋا شوتسدا ئولتۆرۆپ، مۆڭلۆق ناخشا ئیتۋاتاتتی. ئۆنىڭ قاپقارا قوشۆما قاشلری، ئۆزۆن کرپکلك چوڭ کۆزلری، قاڭشارلق بۆرنی بەکمۆ چرایلق بولۆپ، چرایدن ئاق کۆڭۆل، سەممیلکی چقپ تۆراتتی. ئۆ کۆك ئاسمانغا قارغنچە، قۆلقنی تۆتۆپ، ناخشسنی پەلەکلەرگە یاڭرتپ داۋام ئەتمەکتە ئدی:

…دەشتی ـ قۆملۆق هەمراهىم،
توغراقلار دوست ـ قایاشم.
سرداش ماڭا یۆلغۆنلار،
ساخاۋەتچم قۆیاشم…
ئله، ناتۆان یگتمەن…

کۆز ئیچپلا کۆرگنم،
بیپایان تەکلماکان.
سڭگەچ کندك قانلرم،
بەك سۆیۆملۆك بۆ ماکان…
ئله، نەسلی قۆملۆق ئوغلمەن…

— پۆهۆي ناخشا تیکستنی یادا بلدکەنسز ـ هە، — جەۋلان کۆلۆۋەتتی، — سز قالتسکەنسز جۆمۆڭ.

— كامال ئۆگىتىپ قويغان، — لەيخۇا خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى، — مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسەممۇ يادلىۋالغان.

— ئۇنداقتا سىزنى كەنتكە ھارۋىكەش كامال ئېلىپ كەپتىكەندە؟ سىز ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟ كامالچۇ؟

— مەن ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن سۆيىمەن، ئۇمۇ مېنى يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ!

— ئانىسىچۇ؟

— ئۇ دەسلەپتە خاپا بولغان، ھازىر ماڭا ئۆز ئانامدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى كۆردىڭىزغۇ؟

لەيلى بىلەن كامال بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش جەريانىدا، چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىلىرىغا كۆشۈك سېلىپ كۈرەشكە تارتىلغان ۋە جازالانغانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولغىچە لەيلى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمىدى. ئۇ پاشىلىقتا ئوغرىلىقچە ئىككى قېتىم كىرىپ كامال بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنىمۇ دەۋەتتى. لېكىن ئىگەمبەردىنىڭ يامان نىيەتتە قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن ھېچنېمە دېمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بەزىدە توختاپ قېلىپ، يەنە بەزىدە دۇدۇقلاشلىرىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان جەۋلان ئۇدۇللا سورىدى:

— كامال 20 كۈنلەر ئىلگىرى سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كېچىدە كەلدى شۇنداقمۇ؟

— ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق ئىش بولمىدى.

— سىز مېنى ئالدىماڭ، — جەۋلان قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — سىلەر تۈڭلۈك ئارقىلىق سۆزلەشتىڭلار شۇنداققۇ؟

— ئۇ ··· ئۇ ئەمەس ··· راستىنلا ئۇ ئەمەس.

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

— ئەمىسە ئۇ كىم؟

لەيلى جىمىپ كەتتى. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە دېيەلمەيۋاتقان، دېيىشكە پېتىنالمايۋاتقان قورقۇنچىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغان جەۋلان قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— سىز كامال بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمەن دېسىڭىز، راست گەپنى قىلىڭ.

— ئۇ ··· ئۇ كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى!

— ئىگەمبەردى؟

لەيلى ئىگەمبەردىنىڭ ئۆزىنى زورلۇق بىلەن كەنت تەشكىلىگە ئەكىلىۋېلىپ ئىككى قېتىم باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، دەسلەپتە ئەخمەت، كېيىن كامال قۇتقۇزۇۋالغانلىقى، شۇ تۈپەيلىدىن، «بۇزغۇنچىلىق ئۇستىدە تۇتۇلغان سىنىپىي دۈشمەن» بولۇپ قالغانلىقى قاتارلىق جەريانلارنى سۆزلەپ بېرىشى جەۋلاننىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ، ئۇستەلگە بىر ئۇردى:

— قارا، بۇ ئەبلەخنى، بالىسىدەك قىزغا نىيىتىنى بۇزغىنىنى، — جەۋلان ئورنىدىن دەست تۇردى، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا، كامالنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئەتىدىن باشلاپ مال ئېغىلىغا كەلمەڭ، موماىدىن خەۋەر ئېلىڭ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

جەۋلاننىڭ ئىشخانا دېرىزىسىدىكى يورۇق ئۆچۈپ، ئۇلار هويلىغا چىققاندا، يان قورۇ ئۆگزىسىدە ماراپ ياتقان هابىلمۇ شوتىدىن پەسلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ يان دەرۋازا ئارقىلىق كوچىغا چىقىپ، بىر تۈپ سۆگەت ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. جەۋلان بىلەن لەيلى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇن سېلىپ، ئۆزى

كىگىز ئۇستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تېخى ئۇخلىمىغان ئەخمەتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. لەيلى:

— ئۇ مېنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئەگەر ئەخمەت ئاكام بولمىغان بولسا، مەن ئاللىبۇرۇنلا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتەتتىم، — دېدى.

جەۋلان بىلەن لەيلى جىگدە، تەتۈر سۆگەت ۋە ئۇجمە دەرەخلىرى بىلەن بۆكىدە قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يولدا كېتىۋاتقىنىدا، لەيلى بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى:

— جەۋلان ئاكا، مەن ··· مەن كامالنىڭ ئۆيىگە بارسام بولماسمىكىن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئىگەمبەردىنى يەنە كېلەرمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟

— ياق، ئۇ ئادەم ھازىر ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇپ قالدى، بىراق باشقىلار···

ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر تۈپ ئازغان گۈلىگە قادىلىپ قالغان لەيلى باش ئىشارىسى قىلدى، جەۋلان قاراپلا ئازغان ئارقىسىدىكى شەپىنى سېزىپ قالدى ـ دە، «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى كۆلەڭگە ئالدىراپ قاچتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، قاراڭغۇدا شالاپلاپ قىرغاققا چىقىپلا نەگىدۇر تىكىۋەتتى.

— ھەرىنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك قوتراپلا كەتتىغۇ بۇلار، — دېدى جەۋلان خىيال بىلەن، — ئېيتىڭا لەيلى، باشقىلار، دېگىنىڭىز زادى كىملەر؟ سىز مەندىن يەنە بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز.

— مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. «باشقىلار»

دېيىشىمدە بىرسىنىڭ بەستى يوغان، قورساقلىق، يەنە بىرسى پاكار ھەم دىقماق ئىككى نىقابلانغان ئادەم…

لەيلى جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىنغا كەتكەن كېچىسى يۈز بەرگەن ۋاقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشى جەۋلاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، لەيلىنىڭ قارا لاتىدا تېڭىلغا باش ۋە قوللىرىغا تىكىلدى.

— بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن بايا دېمىدىڭىز؟

— خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنمۇ مەن. نەچچە قېتىم پاشىلىققا كىرىپ كامالغا نەسىھەت قىلغانمۇ مەن. «بۇ ئادەملەر نېمانداق قورقانچاق، قۇل مىجەز» دەپ دېھقانلارنى ئەيىبلىگەنمۇ مەن … لېكىن سىز بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئۆزۈمنى بىلمەيمەن، تۇيۇقسىزلا «خىزمەت گۇرۇپپىسى كېتىپ قالسا، كامال، نېۋىخان ئانام ئۈچىمىزنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالارمۇ؟» دېگەن ئويى كاللامغا كىرىۋالدى. ئاندىن كامالنىڭ: «ئېھتىياتچان بولۇڭ، يېنىكلىك قىلماڭ، خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ كۆپلىرى ئەمەلدارلارنىڭ ئېرىقىنى ياقىلاپ، كەتمىنىنى چاپىدۇ… » دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كېلىۋالدى. ھەتتا «سۆھبەتلەشكىنى كىرگىنىم توغرا بولدىمۇ ياكى خاتا» دېگەن ئويغىمۇ كېپىقالدىم.

— پۇھۇي كاللىڭىز نېمانچە مۇرەككەپ سىزنىڭ، لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى دېرىزىدىن مارىغانلار خوجايىنلىرىغا يەتكۈزمەي قالارما؟ زادى نېمە ئۈچۈن ئۇلار سىز بىلەنلا قالىدۇ؟ سەۋەبى نېمە؟

— ئەسلىدە ئىگەمبەردى كامالغا پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى بېرىپ ئاقسۇغا قاچۇرۇۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈرگەن، — دېدى لەيلى، — لېكىن مەن ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىشنىڭ قۇمتام

دېھقانلىرىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى سۆزلەپ كەتكىلى قويمىدىم. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنى مەسىلە پاش قىلىشقا ماقۇل كەلتۈردۈم. ھەتتا خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇمچاقارغا يېتىپ كەلگەندە، مەن ئاتايتەن بېرىپ سىلەرنى كۆزەتتىم. بۇ خەۋەرنى كامال، ئەخمەت، ھاشىمكاملارغا يەتكۈزدۈم.

— ئېسىمگە كەلدى، — جەۋلانىنىڭ كۆز ئالدىغا بىر سىيما كەلدى، — ھېلىقى قاپقارا تاۋار كۆڭلەك كىيىپ، قارا رومال ئارتىپ، قارا پەرەنجە تارتقان سىز ئىكەنسىزدە؟

— پەرىزىڭىز توغرا، خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرى ئازنە بازارنى ئايلىنىپ يۈرگەندە سىز ماڭا بىر - ئىككى قېتىم دىققەت قىلغىنىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— خىيانەتچىلەر «ھەممە قۇتراتقۇلۇقنى قىلىۋاتقىنى لەيلى» دەپ بىلىدىكەندە؟

— شۇنداق، ئۇلار مېنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرمىغاندا، كامالمۇ پاش بولمايدۇ. كامال پاش بولمىسا، ئۇلارمۇ بۇ قېتىمقى ئۆتكەلدىن ساق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

جەۋلانىنىڭ كۆزئالدىغا بىردىنلا بايىقى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن سايىنىڭ چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرنىڭ ئاتايەن ئەۋەتكەن ئىزباقار ئىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ لەيلىنىڭ قۇلىقىغا جىقلا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىغان ئىدى، ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. شۇندىلا ئۇلار نېۋىخان ئانىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۆستەڭدە سۇغا پېشىلىپ كەتكەن ھېلىقى كۆلەڭگە ھۆل تامباللىرىنى شالدىرلىتىپ يۈگۈرگىنىچە چاۋارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى ئەنسىز ئۇرۇشقا باشلىدى. ھابىلنىڭ خەۋىرىگە ساقلاپ ئولتۇرغان چاۋار بىلەن مەتسىدىق دەرھاللا پېشايۋاندا پەيدا

بولدى. ئۇ ئىككىسى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەرۋازا تۈۋىگە كېلىشتى. چاۋار پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى:
— هابىلمۇ سەن؟
— مەن شۇ، جەۋلان لەيلىنى نېۋىخان دەللىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.
— ئۇلار يولدا نېمىلەرنى دېيىشتى؟
— يامان جىق گەپلەرنى قىلىشتى.
— هەي پەپىلىقۇش ئىستارى، ئاشۇ جىققىدە سۆزلىرىدە زادى نېمە دېيىشتى؟
— مەن نېمە بىلەي، ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئۇقمىسام، يە...
— يوقال، هابدال دىۋانە! خام نەشىنى تولا چېكىپ كالللىسى ئېلىشىپ قالغان دېۋەڭ، — هابىلنىڭ شىپىلداپ كەتكىنىنى بىلگەن چاۋار مەتسىدىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — بىز دېگەندەك بوپتۇ، ئاتلارنى توقۇيلى.
...تۈن يېرىم بولۇپ قالغان چاغ. ئاي ئورمانلار ئىزنىلىرىغا باش قويغان بولۇپ، ئەتراپ سۈس هاۋارەڭ نۇر ئىلكىدە يورۇپ تۇراتتى. ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەپ تۇرغان بۆك ـ باراقسان كوچىدىن پوتىلىرىدا يۈزلىرىنى ئورىۋالغان ئىككى ئاتلىق ئادەم پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سىياقى، ئاۋازلىرىدىن چاۋار هەم مەتسىدىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.
— چاۋاركا ئۇنى تاغارغا تىقىپ چىقىقچە ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ كەتسە نېۋىخان بىلەن قوشنىسى هەۋزىنىيازخان ئويغىنىپ قالامدۇ؟ بولۇپمۇ هەۋزىنىيازخان بەك يامان خوتۇن! مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەك قورقىمەن.
— هەۋزىنىيازخان قومچاقاردىكى ئوغلىنىڭ ئۆيىدىكەن.





ئەمما سەن دېگەندەك كىرىپلا لەيلىنىڭ ئاغزىغا بىر نېمە كەپلەيلى، ئەڭ ياخشىسى بىر كالتەك بىلەن ئايلاندۇرۇۋېتەيلى.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق نېۋىخان، ھەۋزىنىيازخاننىڭ مەھەللىسىدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان قورۇلىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار بىر ئاز پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، مەتسىدىق يول چېتىدىكى دەرەخ، يۇلغۇن دالدىلىرىدا ئېگىشىپ ماڭغىنىچە نېۋىخاننىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ قازناق ئۆيگە تىۋش چىقارماي يېقىنلىشىپ، ئىشىككە قۇلاق ياقتى. ئاندىن ئاستا كەينىگە يېنىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يولغا چىقىپلا چاۋارنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى ـ دە، ھاسىراپ پىچىرلىدى:

— ئۇ ··· ئۇ قىز قازناق ئۆيدە ئۇخلاۋېتىپتۇ.

— ياخشى، سەن ئەمدى يول چېتىدىكى ياڭاققا چىقىپ قاراپ باق. لەيلى ھېلىقى ئىشنى دېگەن ـ دېمىگەنلىكىنى ئۆگزىدىن بىلگىلى بولىدۇ···

— نېمە ئۆگزىدىن؟

— ھەي دېۋەڭ ئەگەر ئۇلار «يامان جاڭگال» دىكى ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا، ئۆگزىگە پايلاقچى قويىدۇ···

— راست بۇ تەرىپىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن.

مەتسىدىق مىدىقلاپ يۈگۈرگىنىچە يول چېتىدىكى يوغان بىر تۈپ دوڭغاق ياڭاق قېشىغا كەلدى. ئۇ ھېچ كۈچىمەيلا پۇتاق ۋە يىرىك قوۋزاقلارغا دەسسەپ، شاخلارغا ئېسىلىپ خېلىلا ئۆرلىگەندىن كېيىن، قورققىنىدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى تاسلا قالدى. ئۇ چۈنكى ئۆگزىدە ئۈچ ئادەم ماراپ دۈم ياتاتتى ···

مەتسىدىق ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈپ قاچتى ـ دە، ئۆزىگە ساقلاپ تۇرغان چاۋارغىمۇ گەپ قىلماي ئېتىغا مىنىپلا

قامچا سالدى. ئۇنىڭ ئۆمسۈرۈن ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن چاۋارمۇ خۇددى بىر كىم قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئېتىغا مىندى ـ دە، ئىگىۋەتتى. ئۇلار مەھەللىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىنلا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ يۈزلىرىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىۋەتتى.

— تا ··· تاس قاپتۇقتە، قاپقانغا چۈشكىلى،— دېدى مەتسىدىق ھاسىرىغىنىچە، — ئۆگزىدە ئۈچ ئادەم يەر بېغىرلاپ ماراپ ياتامدۇ، قورققىنىمدىن ياڭاقتىن موللاق ئاتقىلى تاسلا قالدىم.

— جەۋلان دېگەن بۇ تۈكۋاش بەك يامان نېمىكەن، — چاۋارنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — ئۇ لەيلىنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق بىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەندەك قىلىپ، بىر يولدىلا قاپقانغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ ـ دە.

— چاۋاركا، بۇ قىز بەرىبىر جەۋلان بىلەن كۆرۈشۈپ بولدى، — دېدى مەتسىدىق، — بىراق ئۇ بىز ئىككىمىز توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيدۇ. ئەمدىكى چوڭ خەۋپ كامال.

— توغرا دېدىڭ،— چاۋار كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ قويدى،— بىرىنچى توخۇچىللاشقىمۇ ئاز قالدى. بىز دەرھال قايتىپ ئىگەمبەردىنى پاشىلىقتا يولغا سالايلى.

— ئىككى مىڭ سوم پۇل، ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېلىتى، تېخى بىر ئات، بۇلار ئاز دۇنيا ئەمەستە، — مەتسىدىق تامىقىنى چېكىلداتتى، — ناھايىتى شۇ 2 ـ 3 ئاي ئويناپ كەل دېگەنلا گەپقۇ.

— ھېھسي، — چاۋار دىمىغىنى قاقتى، — ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئاتنى ياكى پۇلنى ھەسلەپ قايتۇرۇۋالىمەن، كامالدەك سولتەككە بوزەك بولىدىغان چاۋار تېخى تۇغۇلمىدى.

بارلىق ئۈمىدىنى ئىگەمبەردىگە باغلىغان چاۋار ھەم مەتسىدىق





ئىككىسى قۇم يېيىغ ئارقىلىق ئۆيلىرىگە قايتىۋاتقاندا، ئۆگزىگە يوشۇرۇنغان جەۋلان، زۇلال، مەتنىيازلار «پىلان» لىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىغا ئىچى ئېچىشقان ھالدا ئۆگزىدىن ھويلىغا چۈشۈشتى. ئاڭغىچە قازناق ئۆيدىكى لەيلى بىلەن نېۋىخان چىقتى. جەۋلان ئۇلارغا بىللە يېتىپ قېلىشنى ئېيتىپ چوڭ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن زۇلال بىلەن مەتنىيازغا «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى. ھەر ئۈچىلىسى چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ قۇۋ، ھىيلىگەر نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، لېكىن بۇنچىلىك ھوشيار، ئەقىللىق، تادانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. بولۇپمۇ چاۋارنىڭ قۇۋلۇق، شۇملۇق ۋە رەزىللىكتە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان پېرىخون ئىكەنلىكىنى، بۇنداق رەقىبكە ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن تاقابىل تۇرمىغاندا، ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان جەۋلان بۇندىن كېيىنكى قەدەملىرىنى قانداق ئېلىش ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— زۇلال، مەتنىياز سىلەر ھازىرلا ھاشىمكامنىڭ قېشىغا بېرىپ، — جەۋلان بىردىنلا پىكرىدىن يالتايدى، — بولدى مىنىڭلار باشلىقى مەتسېلىم بىلەن ئۆزۈملا كۆرۈشەي.

— نېۋىخان ئاچامنىڭ ھويلىسىغا مىنىڭلاردىن قاراۋۇل قويماقچىمۇ؟ — سورىدى زۇلال، — ئۇنداق كەنت، كىچىك ئەترەت كادىرلىرى دېگەندىن كۆرە، سىزنىڭ دېگىنىڭىز مەتسېلىمدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. مەتسېلىم ئەلۋەتتە سىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ.

— زۇلال توغرا دەيدۇ، — مەتنىيازمۇ دەرھاللا قوشۇلدى، — مەتسېلىمگە ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دەڭ.

زۇلال بىلەن مەتنىياز جەۋلاننى ياتقىغا ئاپىرىپ قويۇپ،

## ئەكلىماكان ئۆلى (1)

ئىشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ تەرەپكە ۋە ئالدى دېرىزە ئەتراپىغا قويۇلغان مىنبىگۈلارغا «ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش» ھەققىدە تەربىيە بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. جەۋلان ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ مىنبىگۈلار باشلىقى مەتسېلىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق يان ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

جەۋلان ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ، چىشىنى چوتكىلاپ تۇرۇشى ئىگەمبەردىنىڭ ئايالى نىساخان ۋات ـ ۋات نېمىلەرنىدۇر ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە تورۇسقا قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. جەۋلان ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ياڭۇرۇپ، يېلىنىپ توختىتالماي ئاچچىقىدا بىر ۋارقىرىغان ئىدى، نىساخان چىپپىلا توختىدى. لېكىن ئۇ يەرگە ئۆزىنى پالاققىدە تاشلاپ ھۆۋلاپ يىغلىغىلى تۇردى.

— جېنىمغىنا كادىرىمىز، بىزگىمۇ ئوڭ كۆزلىرىدە قالاپ قويسىلا، ئۇششاق باللىرىمىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن شاپائەت قولىلىرىنى سوزسىلا، ھىممەتلىرىنى ئايىمىسىلا، — نىساخان «گېپىم تەسىر قىلىۋاتامدۇ» دېگەندەك ئوغرىلىقچە قاراپ قويىدى، — بىزنىڭ ئادەمگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، چۆچۈرىدەك بەش بالامنى سىلى باقامىلا؟ ھازىر ئۇنىڭ گېلىدىن نان ئۆتمەيدۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئاھ ـ ئۇھقىلا چۇشۇپ قالدى. ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم ئاسقىپلا تۇرىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا باللىرىمنىڭ ئۇۋالى سىلىنىڭ جانلىرىغا قادىلىپ قالارا!

— ئا... قانداق گەپ ئۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

— ياق تۇرمايمەن دېدىم، تۇرمايمەن، سىلى ئىگەمبەردىنى تېپىپ بەرمىسىلە، مۇشۇ يەرگە كاسامنى چاپلاپ ئولتۇرغىنىم ـ

ئولتۇرغان···

جەۋلاننىڭ يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ قالدى. دەرۋەقە ئىگەمبەردى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ياكى پايانسىز قۇملۇقتا يوقاپ كەتسە چاۋار، مەتسىدىق ۋە ئۇلارنىڭ ـ يۇقىرى تۆۋەندىكى دۇمباقچى، كانايچىلىرىغا تېپىلغۇسىز ئىش بولىدۇ ـ دە! ئۇنداقتا قۇمتامدىكى خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، كۆپ يەپ ـ كۆپ ئىگىلەشنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىسادىي كورىشىمۇ ئېغىر تەسىر يېتەتتى. شۇڭا جەۋلان ئەندىكىپكىنە سورىدى:

— نېمە، ئىگەمبەردىنى يوق دېدىلىما؟ قاچاندىن بېرى يوق؟

— ئاخشام بىر كېچە كىرمىدى. مانا تاڭ ئاتتى، يەنە يوق···

— ئىگەمبەردىكامنىڭ پات ـ پاتلا سىرتلاردا قونۇپ قالىدىغان ئادەتلىرىمۇ بامىشكەنغۇ، — جەۋلان ئەگىتمە گەپلەر بىلەن سۈلكەت قىلدى، — بەلكىم شۇنداقراق يەرلەردە قونۇپ قالغاندۇ؟

— ۋا جېنىم كادىرىمىز، ئەندامىسىدىن ھەسەل تامىدىغان ياخپاق بولسىمۇ، تاڭ ئاتقىچە شالتاقتا پېتىپ ياتمايتتى، — نىساخان سېسىقىنى چىقاردى، — مەن شۇنچە يىللار ئۇنىڭ قوينىدا يېتىپ ئۇنى بىلمەمتىم. ھەددە قىلمەنكى ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولدى. سىلى ئۇنى قورقۇتۇپ، ئولغۇماش سېلىپ، چوققىسىدىن بېسىپ يۈرىكىنى يېمىسىلە مۇشۇ ئىش يوق!

— ياھ، گەپلىرى بەك يوغانغۇ؟ — ئىشىك بوسۇغىسىدا پەيدا بولغان ھاشىم، ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن تىكىلدى، — ھازىرقى گەپلىرىنى يەنە بىر دېسىلە؟ سىلىگە ئوخشاش ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقان ئادەمنى تاپالماي يۈرەتتىم. ھاي مەتسېلىم، مىنبىگىلىرىڭنى ئېلىپ كەل.

— ھاي ـ ھاي ھاشىماخۇن، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، مەن

يوق يەپتىمەن، — نىساخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مىنىبىڭلارنى ھەرگىز چىللىمىسىلا، خۇدايىم بەندەم دېسە مىنىبىڭدەك تەلۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشنى نېسىپ قىلمىسۇن، ئادەمنى كونا مازنى ساۋىغاندەك ساۋاپ، شال ئېرىزىدىغان سوقىدەك گۇمباڭشىتىپ سوقۇپ بەشپۇچۇق قىلىۋېتىدۇ دېسىلە، بوۋاق چاغدا ئەمگەن ئوغۇز سۈتىمۇ بۇرنىمىزدىن پىلىق ـ پىلىق ئاقىدىيا.

نىساخان پالاقلاپ چىقىپ كەتتى. ھاشىم بىلەن جەۋلان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— پاھ ـ پاھ، بۇ خوتۇننىڭ ئاجىزلىقىنى راسا بىلىدىكەنسىز، ھاشىمكا.

— بۇ خوتۇن ئۆتۈپ كەتكەن داغۇلا، پوپاڭ، باراڭ كۆرستىشكە ئۇستا، بولۇپمۇ سىزدەك تىللىمايدىغان، قوپاللىق قىلالمايدىغان، ئۇرالمايدىغان ئىلمىي ئادەملەر بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالسا چەللىدە ئات چاپتۇرىدۇ.

— ھاشىمكا، ئىگەمبەردى ئۇ؟

— ئا ... شۇنىڭغا ئىشەندىڭىزما؟ ئىگەمبەردى دېگەن ئاچچىقى يامان، جېنى بوش بىر نېمە، — ھاشىم كۈلدى، — ئۇنىڭدا ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋالغۇدەك غەيرەت ـ شىجائەت نېمە قىلسۇن. بىرەر ئاشنىسىنىڭ قويىندا ھەلەق بولۇپ ياتقاندۇ!

ئىگەمبەردى خوتۇنى دېگەندەك ياكى جەۋلان، ھاشىملارنىڭ پەرزلىرىدەك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنى، بىپايان قۇملۇقتا غايىب بولغىنى ياكى ئاشنىسىنىڭ ھۇجرىسىدا بىرەر لەززەت سۈرۈۋاتقىنىمۇ يوق. ئۇ ھازىر پاشلىقتا كامال بىلەن خۇددى كىرىشىپ قالغان خورازلاردەك بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىشىپ، ئېغىز ئۇشاڭلاپ، دىمىغىنى قېقىپ تاكاللاشماقتا ئىدى. يىراق

مانانلار ئارىسىدىن «ئانامتاش» داۋىنى بولۇتلار ئۈستىدە تولىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. قوم تاغلىرى بىلەن قورشالغان كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىكنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدىكى چوقچايغان پىچان دۆۋىلىرى خۇددى تۆگە لوكىلىرىغا ئوخشايتتى. كامالنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان تام ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئىگەمبەردى مىنىپ كەلگەن قاشقا توروق ئوتلاپ يۈرەتتى. ھەربىرسى بىر باغ پىچان ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىگەمبەردى بىلەن كامال قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ھالدا يەر بېقىپ تۇراتتى. سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىنى ھەر ئىككىسىنىڭ بەدرەڭ چىرايىدىن بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

— لەيلىگە يامان نىيەتتە بولغانلىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، بىزگە «مال ئېغىلغا ئوت قويۇپ تۇتۇلدى» دېگەن تۆھمەتنى ئارتتىلا، — كامال تىرىككەن ئەلپازدا سۆزلەۋاتاتتى، — ئاشۇ كىچىككىنە قىزنىڭ ئاغزىغا كۆشۈك سېلىپ كۈرەشكە سالدىلا ھەم مال ئېغىلىدا ئېغىر بوي قىزنى ئىشلەتتىلە، خىزمەت گۇرۇپپىسى جازا بەرسىمۇ سىلىچىلىك قىلا! بولدى ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— كامال جاھىللىق قىلما، توغرا مەندىن ئۆتتى. ئەمما تۆھمەت قىلسامۇ، جازالىسامۇ ئۆز يۇرتۇڭدا قىلدىم، — ئىگەمبەردى ئېغىر نەزەردە قاراپ قويدى، — لېكىن خىزمەت گۇرۇپپىسى: «بىر قىزنى قانۇنسىز ئەكىرىۋالغان»، «ھارامدىن بالا تاپقان»، «سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇغان» دېگەن گەپنى كۆپ تەكرارلاۋاتىدۇ، گېپىنىڭ ئۇرانىدىن سېنى چوڭ شەھەرلەردىكى تۈرمىلەرگە تاشلايدىغان ئەلپازى بار.

— نېمە قىلسا قىلسۇن، قېرى ئانامنى، ئېغىر بوي لەيلىنى تاشلاپ كەتمەيمەن.

— كامال ئىنى، جاھىللىق قىلما، مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، بىرنەچچە ئاي ياقا يۇرتلارنى ئايلىنىپ، ئوينىاپ كەلدى، كېيىنچە پۇشايمانىدا قالما، ئىككى مىڭ سوم پۇل، ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېلىتى ساڭا ئازادە يېتىدۇ.

— ماڭا قانچىلىك شاپائەت قىلىپ كەتكەنلىرى ئۈچۈن سىلىگە ئىششەي، — كامال ئەرشتە، بەكمۇسۇس كۆرۈنۈۋاتقان ئانامتاش داۋىنىغا تىكىلدى، — بولدى، جەۋلان ئادەم ئېمەس. جازالىسىمۇ ھەق - ناھەقنى ئايرىپ ئاندىن جازالا.

— ئۇنداقتا بىزنىمۇ قۇربانلىق قوي قىلىۋېتىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— مانا ئەمدى راست گەپلىرىنى قىلدىلا، — كامال ئاچچىق كۈلدى، — سىلىنىڭ مېنى قاچۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىرىمۇ مېنى، ئانامنى، لەيلىنى ئويلىغانلىقتىن بولغان ئەمەس، بەلكى يىللاردىن بېرى كوللېكتىپتىن ئىگىلىۋالغان ھارام دۇنيالىرىنى ساقلاپ قېلىش شۇنداقمۇ؟

— كامال ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئورمانغا ئوت كەتسە ھۆل - قۇرۇقنىڭ ھەممىسى كۆيىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، سىلى مېنى ئوت ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ بولغۇچە، ئۆزۈم سەكرەيمەن، — كامال غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — سىلىمۇ بالدۇرراق ھوشلىرىنى تاپسىلا، چۈنكى قىڭغىر قىلساڭ قىرىق يىلدىمۇ تۇتۇلىسەن، دېگەن گەپ بار.

ئەتىگەندىن تارتىپ تاكاللاشقان ئىگەمبەردى بىلەن كامال قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى تۇيماي چۈش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىگەمبەردى يېلىناتتى، قورقاق سالاتتى، ھەتتا قانداقتۇر نەرسىلەرنى ۋەدە قىلاتتى. لېكىن ئۇ زادىلا ئېرىمەيتتى. ھېچ ئامالى قالمىغان ئىگەمبەردى ئاخىرقى كوزىرنى مەيدانغا ئاتتى.

ئۇ بولسىمۇ كامال ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قاشقا تورۇقنى ۋەدە قىلدى. ھەتتا چاۋارنىڭ «ئىنىمىز كامالغا ئاتىدىم» دېگەن سۆزىنىمۇ يەتكۈزدى. كامال شۇنچىلىك ئۇچقۇر، يورغىسى سىلىق، قەدىمى چوڭ قاشقا تورۇقنى بەرگەنلىكىگە ئىشىنەلمەي، ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان ئىدى. ئۇ: «ئىشىنەلمىسەڭ قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەمىسە كۆز ئالدىمدا مىنىپ يولغا چىق، مەن كەتتكە پىيادە قايتاي» دېدى.

قاشقا تورۇق، ئىككى مىڭ سوم پۇل (بىر كادىرنىڭ 3 ~ 4 يىللىق مائاشى)، ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېلەتتى، بۇ ئەلۋەتتە ئاز مەئىشەت ئەمەس ··· شەھەر كۆرۈپ 2 ـ 3 ئاي ئويناپ كەلسىلا بولىدىكەنغۇ ··· ھەممە نەرسە شۇنىڭ بولىدىكەن.

كامال تېگىرقاپ خېلىغىچە ئۇندىمەي جىم تۇرۇۋالدى. ئەگەر ئۇ بىر قارارغا كەلسىلا ئات، پۇل، ئاشلىق بېلەتتى ئۇنىڭ بولىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ كۈشەندىلىرى ئۆتكەلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەڭ بولمىغاندىمۇ يېرىم ـ يارتا ئۇچۇقدىلىپ ئەمەللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. قىسقىسى ئاشۇ ھارام مەئىشەت ئۈچۈن، سۈلۈكلەر قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ قېنىنى مەڭگۈ شوراش ئىمتىيازىغا ئېرىشىدۇ. كامال ئات، پۇل، ئاشلىق بېلەتتىگە قۇمتاملىق يارانلارنى سېتىۋېتىدۇ···

«سىز قۇمتام دېھقانلىرىنى ئۈچ يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدا مەڭگۈ قالدۇرماقچىمۇ؟ ئۆزى ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن! ···»

ياھ، بۇ تىغدەك ئىتتىك، زەھەردەك ئاچچىق، مىڭ پاتمان گۈرزىدەك ئېغىر گەپلەرنى قىلىۋاتقىنى كىم؟ كامالنى بۇنداق ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلالىغان قايسى قاپيۈرەك ئۇ؟!

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

شۇنداق! لەيلى توپتوغرا كامالنىڭ ۋىجدان تارازىسىغا تىكىلىپ تۇراتتى. لەيلى بۇ سۆزلەرنى دېگىنىگىمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. شۇ چاغدا ئۇ كامالنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنىڭ جاسارىتىڭىزنى، ئەرلىك غۇرۇرىڭىز، پاك ۋۇجۇدىڭىزنى ياخشى كۆرگەن! — دېگەن ئىدى.

— ئىگەمبەردىكا، ھېلىغۇ بىر ئات، ئىككى مىڭ سوم پۇل، ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېلىتىكەن، — چاي تاشتەك قاتقان كامال ئورنىدىن تۇردى، — تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىدەك ئالتۇننى دۆۋىلەپ بەرسىلىمۇ ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— بۇ گەپچە، — ئىگەمبەردىمۇ ئورنىدىن تۇردى، — توقۇمنى قارنىڭغا ئاپسەندە؟

— ئويلاپ باقسام يىللاردىن بېرى ئۇچۇقلارنى سەمرىتىپ كەپتىمەن. ئەمدى قۇمتام دېھقانلىرىغا ئاسىيلىق قىلمايمەن، — كامال بولۇتلار ئارىسىدىن سۇس كۆرۈنگەن ئانامتاش داۋىنىغا قارىدى، — پىچانغا كىرگەن مىنبىڭلاردىن ئاڭلىدىم، چاۋار، مەتسىدىقلار لەيلىنى «يامان جاڭگال» قۇملۇقىدا ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. چاۋارغا دەپ قويسىلا. بۇ ھېسابىنى ئالماي قويمايمەن. سىلىمۇ لەيلى بىلەن ئىككىمىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتمىدىلە، ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا، ئاچچىقى كەلگەندە توشقانمۇ ئادەم چىشلەيدۇ.

— راست دەيسەن، تېرىككەن ئىت تامدىن سەكرەيدۇ، دېگەن گەپمۇ بار.

— مۇشۇ ھالغا قېلىپمۇ، تېخى سەكرەشتىن گەپ ئېچىۋاتامىلا؟ — كامال غەزەپلىك يۈزىنى ئىگەمبەردىنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەپكەلدى، — بىلىپ قويسىلا،ئۇنداق لالما ئىتنىڭ سەكرىگەن پۇتلىرىنى ئۇشتۇۋېتىمەن!

— ئە ... ئەجەب، تۇخۇمدىن ساق، سېغىزخاندىن ئاق ئادەمدەك سۆزلەيسىنا، — ئىگەمبەردى تاتىرىپ كەتكەندى، — ئۇنتۇپ قالما، بىز قايسى خالتا كوچىدا پوق دەسسىگەن بولساق، سەنمۇ شۇ كوچىدا بار...

كامال قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— مېنىڭ ئانام ئىمانى كامىل ئايال. ھەرقايسىلىرىدەك ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي گېلىغا ئۇرۇۋەرمەيدۇ. سىلەر يولۇڭلارنى راۋان قىلىش ئۈچۈن ماڭا بەرگەن ھارام مەئىشەتلەرگە ۋاقتى كەلگەندە دېھقانلار، ئەترەتلەر، ئەترەت باشلىقلىرى شاھىت بولالايدۇ.

كامالنىڭ مىخ قاققاندەك قىلغان سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئىگەمبەردى لاسسىدا بوشىشىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ چالغىسىنى مۇرىسىگە ئېلىپ لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ كېتىۋاتقان كامالنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ، ئېتىنى يېتىلەپ قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىگەمبەردىنىڭ نېمە سەۋەبتىندۇر دىمىغى زىڭىلدە ئېچىشىپ كۆز جىيەكلىرى ئەتراپىدا سوزۇك ياشلار پەيدا بولدى. ئۇ قۇمتامدا كىم ئىدى؟ ئەمدى كىم بوپقالدى؟ ئۇنىڭ پىچىقىنىڭ ئالدى ـ كەينى ھەتتا دەستىسىمۇ كېسەتتى ئەمەسمۇ؟ قۇمتام دېھقانلىرى تۇرماق ياشانغان مۆتىۋەرلەر، ھاجىملار، تەقۋادار سوپۇملار ئۇنىڭ ئالدىدىن سالام ـ سەھەتسىز ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن ئىدى! ھېچكىم بويۇنتاۋلۇق قىلىپ باققان ئەمەس! ھەم بويۇنتاۋلۇق قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. «ئىگەمبەرداخۇن»، «ئىگەمبەردىكا»، «كەنت باشلىقى» دېسە ھەممە ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئاتاتتى. بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتىدا ۋاڭ يۇڭ ئۇنى «ئاكتىپلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى»، «يەر ئۆلچەش، تەقسىملەش

گۇرۇپپىسىنىڭ گۇڭ باشقۇرغۇچىسى» قىلىپ بېكىتىپ قويغان ئاشۇ چاغلار ئەجەب كۆڭۈللۈك ئىدى. قورساق «ۋاي» دېگۇدەك تويۇپ كەتمىسىمۇ، ئۇ چاغدىكى ئەڭنىڭ ياماڭغان ھەم يىرتىق بولسىمۇ، ئادەمدەك قەدىر - قىممىتىنىڭ بولىدىغان! يىغىن ۋە يىغىلىشلاردا تۆت ئېغىز ماختالساڭ، بېشىڭ كۆككە يەتكۇدەك روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدۇڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتەتتى. ئەگەر ئالىقاندەك تەقدىرنامە ئېلىپ قالساڭغۇ ئۆيۈڭنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇپ، ئىشقا چىقماي قاراپ ئولتۇرغۇڭ كېلەتتى...

يەر ئىسلاھاتى كادىرى ۋاڭ يۇڭ ئۇنى «ھەمكارلىق گۇرۇپپا» باشلىقى قىلىپ قويغاندا، ئۇ قانچىلىك خۇشال بولمىغان ئىدى! توغرا، ئۇ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، «ئاكتىپلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى»، «يەر تەقسىملەش، ئۆلچەش گۇرۇپپىسىنىڭ (گۇڭ) باشقۇرغۇچىسى» مانا ئەمدى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلار قۇرۇلۇش بىلەن «ھەمكارلىق گۇرۇپپا باشلىقى» بولدى. توۋا، خۇدايىم بەرسە مۇنداقمۇ قوش - قوشلاپ بېرەمدۇ؟ ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەن ئىگەمبەردى ئەمەل ئېتىغا مىنىپلا كېلىۋاتىدۇ - دېسە، ئۇنىڭ بۇنداق خامانىنىڭ موما ياغىچىدەك كۆزگە چېلىقىپ قېلىشى ئەخمەت گاچىنىڭ ساخاۋىتىدىن بولدى، دېيىلسە ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. زالىم پومېشچىك زومىگەر ۋاسىل بەگ ئەخمەتنىڭ تىلىنى كېسىپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە تاشلىۋەتكەندە، ئىگەمبەردى ئۇنى كېچىسى ئوغرىلىقچە ئۆيىگە ئەكېلىپ باقتى. ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇلغاندا، ئىسلاھات مېۋىلىرىدىن بىر ئېشەك، بىر ساپال ۋە ئوزۇقلۇق بېرىپ ئۇنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ بىرسىگە كىرگۈزۈپ قويدى. كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندا ئەخمەتنى مال باقار قىلىپ قويۇپ ئۇنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى. ئىگەمبەردىنىڭ

بۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلىرى خېلىلا كۆپ بولۇپ، نامرات يارانلارنىڭ، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئۆيلىرىنى يوقلاپ، بىرەر - ئىككى چارەك ئاشلىق، بىرەر ئۇلاغ ئوتۇن، كىگىز - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېشىنى سىلايتتى. بەزىدە ئىككى - ئۈچ قىر خامنى كۆتۈرۈپ بېرىپ: «تامباللىرىنىڭ تايىنى قالماپتۇ، تىكىپ كىيىۋالسىلا» دەيتتى. توۋا، شۇ چاغدىكى ئىگەمبەردى زادى نەگە كەتتى؟! دەشتى قۇملۇقلار ئۇنى يۇتۇپ كېتىپ «ئاچ كۆز، زىناخور، قارا كۆڭۈل» ئىگەمبەردىدىن بىرنى چىقىرىپ بەرمىگەندۇ؟

ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلار ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن ساقىپ، بويۇنلىرىغا ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. شۇنداق! ئۇ ئاشۇ غەمسىز، ئەندىشىسىز چاغلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ يۈرىكى ئەلەمزىدە بولۇۋاتاتتى. ۋاي، دەرىخا! ···ئادەم دېگەن ئەجەب نازۇك نېمىكىنا، خۇدايىم بىر كاللەك ئالتۇن بەرسە قورقۇنچىدا كېچىچە ئۇخلالمايدىكەن ··· ھۆرمەت - تەۋسىيىنى قىلىپ داملاپ قويسا جېنى ياشىرىپ، تېنىگە سىغماي قالىدىكەن! كونىلارنىڭ: «ھايۋان تۇياقتىن سەمرەر، ئادەم قۇلاقتىن ···» دېگىنى شۇكەندە.

ئىگەمبەردى قايسى شۇم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ خاتىرجەم، سائادەتلىك، تاتلىق كۈنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى؟ ئۇ بۇ سوئالنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالغىنىدا، كېرەم شۇجى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ چاۋارنى كۇچارلىق تۇغقىنىم دەپ قۇمتامغا ئۇندۇردى. دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتى بولغان ئاشلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. چاۋار ئامبار ھوقۇقىنى ئېلىپ بىر - ئىككى يىلغا قالمايلا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

ئاشلىقتا خىيانەت قىلىپ، ئازنە بازاردىن كەلگەن ھايانكەشلەرگە ساتتى. كەنت شۇجىسى ھاشىم ياش ئاكتىپلار بىلەن قىر دەريا ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ ئۇلارنى تۇتتى ھەم ئاشلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى خاس خادىم نەسرۇللاغا تاپشۇرۇپ بەردى. ھايانكەشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كېيىن چاۋار كېچىلىرى ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، ھاشىملارنىڭ ئۆيلىرىگە تاغارلاپ ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن ھاشىم خوتۇنىدىن ئالغان ھامان بىر تاغار ئاشلىقنى ئارتىپ ئەكېلىپ، ئامبارغا قايتۇرۇۋەتتى. كەنت يىغىنلىرىدا تەنقىدلىدى. «بۇندىن كېيىن يەنە تەكرارلانسا، يېزىلىق ھۆكۈمەت، ھەتتا ناھىيىگە دوكلات قىلىمەن» دەپ ئاگاھلاندۇردى. شۇندىن باشلاپ ھاشىم چاۋارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى.

ئىگەمبەردى ھەر قېتىمدا ھاشىمنى «كالا ئوغرىسى» قىلىپ قويۇش سۇيىقەستىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. دېھقانلار، دىكتاتورا خادىملىرى، ھۆكۈمەت كادىرلىرىمۇ ھېچقانداق قىسىرىق چىقىرالمىغىدەك پاكىتلار ئالدىدا ھاشىممۇ غىڭ قىلالمىغان تۇرسا! ئىگەمبەردى بۇ زەھەرلىك چاياندىن ھەزەر ئەيلىدى. ھاشىمنىڭ تەقدىرىدەك پاجىئەگە قېلىشتىن قورقتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپتە چاۋار سۇنغان «نېمەت» لەرنى ئاز ــ ئازدىن ئالغان بولسا، كېيىنچە كەنتنىڭ ئاشلىق ــ پاختا، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل ــ يېمىش، گىلەم، ئۆچكە تىۋىتى، چارۋىچىلىق قاتارلىق كىرىملىرىنى بۆلۈشۈش دەرىجىسىگە يەتتى. تالون يىرتىش، ئۆزگەرتىش، ساختا ھۆججەت ياساش قاتارلىق «ھۈنەر» لەرنى ئۆگەتتى. ئاستا ــ ئاستا پاتقاققا پاتقان ئىگەمبەردى مانا ئەمدى پۈتىنى ئەمەس، ئۆزىنى تارتىپ

چىقىرالمايدىغان خەتەرلىك ھاڭغا كېلىپ قالدى.

ئىگەمبەردى ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن پۇشايمانلىق كەچمىشلەرنى ئويان ئويلا، بويان ئويلا، ئەينى يىللاردا ھاشىمنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى. بۇنىڭغا نە چارە بولسۇن، ئۇ ھازىر دېھقانلارنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا تىغ كۆتۈرۈۋاتىدۇ. كېچىلىرى تىمىسقىلاپ، ھىيلە ـ مىكىر يوللىرىنى ئىزلەۋاتىدۇ ... يەنە تېخى ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشىۋاتىدۇ ... كامالنىڭ دېگەنلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن تېنى جۇغۇلداپ قورقۇۋاتىدۇ ... ئۇ زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟

ئاتنى قامچىلىماي، دېۋىتمەي مىنىپ كەلگەن ئىگەمبەردى كەنت ئىچىگە كىرگەندە گۈگۈم چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ چاۋارنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، چاۋار بىلەن مەتسىدىق ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايلىرىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ھەممە شۇم خەۋەر كۆڭلىگە ئايان بولغان چاۋارنىڭ ئوڭ قولى سۇس تىترەپ يانپىشىدىكى غىلاپلىق پىچاق ئۇستىدە ئوينايتتى...

— چاۋاركا ئۆيگە كىرەمدۇق ياكى باغقا؟

مەتسىدىقنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. لېكىن ئىگەمبەردى بېشىنى ئەستە كۆتۈرۈپ چاۋارنىڭ خۇنۇك ۋە زەھەر ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان يۈزىگە قورقۇپقىنا قارىدى.

— مەتسىدىق ھېچ يەرگە كىرمەيلى، مەن مەشەدىنلا قايتاي، بۇلارنى ئېلىپ قال، — ئىگەمبەردى پۇل، ئاشلىق بېلىتى ھەم ئاتنىڭ چولۋۇرىنى تۇتقۇزدى، — مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

— ئۇ ... ئۇ شۇنچە كۆپ نەرسىگە ئۇنىمىغان ئىكەن، —

# تەكلىماكان ئوغلى (1)

چاۋار چىش ئارىلىقىدىن شىۋىرلىدى، — بىز بىلەن بەل تۇتۇشۇش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە!

— شۇنداق، ئۇ: «يىللاردىن بېرى ئۇچۇقلارنى سەمرىتىپ كەلدىم، ئەمدى قۇمتاملىقتا ئاسىيلىق قىلمايمەن» دەيدۇ، — تېلىقىپقىنا دەرۋازا تەرەپكە سىلجىغان ئىگەمبەردى ئارقىسىغا قايرىلمايلا مۇنداق دېدى، — كامال لەيلىنىڭ «يامان جاڭگالدىكى» پاجىئەسىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ: «چاۋارغا دەپ قويىسىلا، بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن» دېگەن گەپنى قىلدى.

ئىگەمبەردى چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ، بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يېنىككىنە نەپەس ئالدى. چۈنكى ئۇ كامالنىڭ سۆزىنى دېيىش ئارقىلىق لەيلىنىڭ ھەقىقىي دۇشمەنلىرىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى دەۋېلىپ يېپىپسىنىك بولۇپ قالدى.

كىتاب ئىسمى: تەكلىماكان ئوغلى (1)
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.75
نەشرى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 10000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—5469—0603—4
باھاسى: 95.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5469-0603-4

(民文) 定价 (上、下): 95.00 元